تۆلگەن قاسىمبېكوۋ
( قىرغىزىستان )

# سۇنغان قىلىچ

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

سۇنغان قىلىچ

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات : ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

سۇنغان قىلىچ

ISBN 978-7-5371-0677-1
9 787537 106771 >



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۆلگەن قاسىمبېكوف ( قىرغىزىستان )

# سۇنغان قىلىچ

( تارىخىي رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىكىم ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ

# سۇنغان قىلىچ

(تارىخىي رومان)

ئاپتورى: **تۆلەگەن قاسىمبېكوف**

تەرجىمە قىلغۇچىلار: **دولقۇن، مەخپۇرەت**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar@126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 17.625
2008 ـ يىلى 4 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 4 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 − 7 − 5371 − 0677 − 1
باھاسى: 32.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# بىرىنچى قىسىم

## 1

1865 ـ يىل.

گېنېرال چېرنىيايېف تاقىر دۆڭلۈكتە بىر كۆزلۈك دۇربۇنى بىلەن ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇراتتى. بۇ يەردىن ئۇنىڭغا بىپايان دالىلارلا ئەمەس، يىراقتا غەپلەت بېسىپ ياتقان ناتونۇش تاشكەنت شەھىرىنىڭ سېپىللىرى، دەل ـ دەرەخلىك قىشلاقلىرى، ساي بويلىرىدىكى شىلدىرلاپ تۇرغان قومۇشلۇقلار ۋە سەلدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان سان ـ ساناقسىز ئەسكەرلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ كەينىدىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان پىيادىلەر كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئاياغ ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلار ئاسمان ـ پەلەككە ئۆرلەپ، يەنە قايتىدىن مايسىلار، يېشىل ياپراقلارنىڭ ئۈستىگە قوناتتى. يىراقتا ئاتلار كىشنەيتتى. كىشنەلەرنىڭ چۇقان ـ سۈرەنلىرى قۇلاقنى ياراتتى. قوقانلىقلارنىڭ بۇ قەدەر پۇختا تەييارلىق بىلەن كېلىشىنى گېنېرال ئويلىمىغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئاق سېرىق يۈزىدىن ھېچقانداق قورقۇش ئالامەتلىرى سېزىلمەيتتى. ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشقا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. شۇڭا، ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك، قوڭۇر بۇرۇتىنى سىلاپ مەغرۇرانە قاراپ تۇراتتى. بۇنداق ئەگرى قىلىچ تۇتقانلارنى ئۇ بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىمۇ؟ ئۇنىڭ تېز ئاتار مىلتىق بىلەن قوراللانغان بىر يېرىم

مىڭ ئەسكىرى ۋە ياۋروپاغا يۈرۈش قىلىشقا يارايدىغان پۇختا زەمبىرەكلىرى تۇرۇقلۇق، نېمىدىن قورقسۇن! ئۇنىڭ قورقۇشقا ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىدى.

شۇ ئارىلىقتا، قوقانلىقلارنىڭ لەشكەربېشىمۇ ئەپلىك بىر تۆپىلىككە يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئاق ئارغىمىقىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، بىپايان دالىلارغا، ئېدىرلارنى بويلاپ، قولاي جايلارنى تاللاپ بۆلۈنۈپ كېلىۋاتقان قوشۇنلىرىنىڭ باش ۋە ئاخىرىغا كۆز سېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇيقۇسىزلىقتىن بولسا كېرەك، يۈزىدىكى قورۇقلارمۇ كۆپەيگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇچىسىدىكى قارا كىمخابتىن تىكىلگەن يېڭى يوق، ئەستەرسىز يېپىنچىسى ئاتنىڭ ساغرىسىدا يۇرلىشىپ، بۇ ۋىجىك قېرىنى تېخىمۇ كۆرۈمسىز قىلىپ قويغانىدى. «قۇشنى يىرتقۇچ قىلغان تىرنىقى، ئادەمنى سىرلىق قىلغان مەنسىپى» دېگەندەك، بۇ كۆرۈمسىز قېرى ئەتراپىدا تۇرغان نۆكەرلىرى بىلەن مۇھاپىزەتچىلىرىگە كۆز قىرىدىلا قاراپ قوياتتى. بىرەرى بىلەن سۆزلەشمەيتتى ياكى بىرەرى بىلەنمۇ مەسلىھەتلەشمەيتتى. ئۇ قولىنى پېشانىسىگە ئېلىپ، كۈندىن دالدا قىلىپ، تۆت ئەتراپنى كۆزىتەتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ ئوڭ ۋە سول قاناتقا ئىشارەتلەرنى قىلىپ، زۆرۈر بۇيرۇقلارنى بېرىپ تۇراتتى.

ئۈچ كۈندىن بېرى قاتتىق تەييارلىقلارنى كۆرۈپ، بىر - بىرىدىن يوشۇرۇنچە ئىش ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئاستا - ئاستا بىر - بىرىگە يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئاتلىقلار يوللىرىنى تېز - تېز ئۆزگەرتىپ، بىردەم يورغىلاپ، بىردەم ئاستىلاپ ئالغا سىلجىماقتا ئىدى. گېنېرال چېرنىيايېفنىڭ بىر بۆلۈك قىسىملىرى ناغرا - دۇمباقلارنىڭ ساداسى ئاستىدا ئۆزلىرىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىپ، كۈنپېتىش تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئاتلاندى ۋە زەمبىرەكلەرنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازلى-

رى بىلەن تەڭ قوقانلىقلارنىڭ سول قانىتىنى بۆسۈپ ئۆتتى. ئوخشاش ئاق كىيىم كىيىۋالغان سولداتلار ئوق يەتكۈدەك مۇسا-پىگە يېتىپ بېرىپلا سەپ تارتىپ، تەڭلا جەڭگە كىردى.

ئىككەك گۆشلىرى تارتىشىپ، قانغا تولغان كۆزلىرى چەك-چەيگەن لەشكەربېشى قولىدىكى قامچىسى بىلەن پېشانىسىنى تى-رەپ خىيالغا پاتتى. نۆكەرلەر ھەيران بولۇپ، كېيىنكى ئىشلار قانداق بولار، دېگەندەك، يەر ئاستىدىن لەشكەربېشىغا قارىشىپ، جىمجىت ھالەتتە ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ تۇراتتى. نىھايەت، لەشكەربېشى زۇۋانغا كەلدى:

— چېرناي پاشا قىلىچۋازلىقتىن قېچىپ، ئوقى يېتىدىغان ئارىلىقتىن بىزنى قىرماقچى ئوخشايدۇ!

ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغان ئابدۇمۆمىنبەك بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ كاپىرنىڭ نىيىتى شۇنداق ئوخشايدۇ، تەقسىر! — دېدى. لەشكەربېشى ئويلىنىپ قالدى، قانغا تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بارغانسېرى ھالقىسىمان شەكىلدە قىسىپ كېلىۋات-قان دۈشمەنلەرنى كۆرۈپ تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى ۋە:

— ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار! — دەپ ئاستا بۇيرۇق بەردى.

ئۇ، زەمبىرەكلەردىن يامغۇردەك ئېتىلىۋاتقان ئوقلارغا قا-رىماي، سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۆسۈپ كىرىپ، ھەممە دۈشمەننى بىرمۇ بىر قىلىچ ئاستىدىن ئۆتكۈزمەكچىدى. شۇنداق قىلسا، گېنېرال چېرنىيايېف تۆمۈر قورشاۋدا قالاتتى. شۇنداق قىلغىلى بولارمۇ؟ بۇنى گېنېرال سېزىپ قالدىمۇ ياكى بىرەرى ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە بىرنېمە دېدىمۇ، ئۇ تېپىرلاپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ، تاقىتى تاق بولدى. ئەمدى ئۇ، سول قاناتقا يۈگۈرۈلدى.

گېنېرال چېرنىيايېف دۇربۇنىنى كۆزىدىن ئالدى، ئەتراپىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى، ئارىلىقنى كۆڭلىدە مۆلچەرلەپ

كۆردى ـ دە، يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئاتلىق كازاك ئەسكەرلىرىگە
ئىككى قاناتقا تەڭلا ئوق ئېتىپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى
بەردى. ئۇنىڭ مەقسىتى، قوقانلىقلار تىپىلىشىپ جەڭگە كىرىپ
قالسا، ئۇلارنى ئېتىپ تۇرۇپ كەينىگە چېكىنىش ۋە شۇ يول
بىلەن قوقان لەشكەرلىرىنى زەمبىرەك ئوقىغا يەم قىلىپ، ئاندىن
قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئىدى. گېنېرال دۇربۇننى يەنە قولىغا
ئالدى. قىزىل كىيىم كىيىۋالغان لەشكەرلەر دۇربۇننى يەنە
قولىغا ئالدى. قىزىل كىيىم كىيىۋالغان لەشكەرلەر ئۇياق ـ
بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى ۋە جۈڭگوچە كىچىك زەمبىرەكلىرىنى تۆپە-
لىكلەرگە ئورنىتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇلاردىن نېرىراقتا،
لەشكەرلەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە بىر توپ مەرگەنلەر پىلتىلىق
مىلتىقلىرىدىن تېز- تېز ئوق ئۈزۈپ تۇرۇشاتتى. بۇلار قايسى
تەرەپنى نىشانغا ئېلىۋاتقاندۇر؟ گېنېرال بىلەلمىدى. ئۇ ئۆز
ئالدىدىكى خىللانغان پىيادىلەر روتىسىنى كۆزدىن كەچۈردى،
يىقىلغان ياكى سەپتىن چۈشۈپ قالغانلار كۆرۈنمەيتتى. ئۇ دۇر-
بۇننى يەنە كۆزىگە تۇتتى، ئەمدى قوقانلىقلارنىڭ ئاساسىي قوشۇ-
نى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تاقىر دۆڭلەر... بىر توپ
ئاتلىقلار... ئاستا ـ ئاستا سول قاناتقا باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى...
گېنېرال ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان ئاق ئاتلىققا تىكىلدى.

— ئالىمقۇل... داڭق چىقارغان لەشكەر بېشى... دەل
ئۆزى! ...— دېدى ئاق سېرىق يۈزلۈك، قېنىق كۆك كۆزلىرى
يېنىپ تۇرغان گېنېرال، — ھا، ھا... ئالدىنقى قىسىمغا ئۆزى
كەپتۇ ـ دە! ...

ئاق ئارغىماق مىنگەن لەشكەربېشى ئەتراپىكى خىللانغان
قوشۇنلىرىنى ئوقتىن قاچۇرۇش ئۈچۈن بىرئاز كەينىگە چېكىد-
ىنىشكە بۇيرۇق بەردى ـ دە، ئۆزى بىرمۇنچە چارلىغۇچىلارنى
باشلاپ، گېنېرال چېرنىيايېفنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى قىسىملىرىنىڭ
ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى. ئوقلار ۋىژىلداپ كېلىپ ئەتراپلىرىغا



www.uyghurkitap.com

چۇشۇشكە باشلىدى. ئارغىماق پۇشقۇرۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ
قىلىپ، يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ يات كىشىلەر ئىكەنلىكى-
نى بىلگەندەك، ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ تېپىچەكلەشكە باشلى-
دى. لەشكەربېشى ئېتىغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى ۋە
تىزگىنىنى بىر ئاز بوشىتىپ، ئۈزەڭگىدە تىك تۇردى ـ دە،
قىلىچىنى ئويناتقان پېتى چۇقان سېلىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇ
دۈشمەنلەرنى بىردىنلا ئۆزىگە قاراتتى. ئېلىشىش قىزىپ كەتتى.
جۇڭگو زەمبىرەكلىرى تىنماي ئېتىلىپ تۇراتتى. لېكىن، رۇس
زەمبىرەكلىرى ئالدىدا ئۇ ھېچ نەرسە ئەمەس ئىدى. ئوقلار مۆل-
چەرگە يېتىپ بارالمىسىمۇ، لەشكەرلەر ئۈستىگە ئۇستىلەپ
ئېتىۋېرەتتى. لەشكەربېشى بىر تۆپىلىككە چىقتى. دەل شۇ ۋا-
قىتتا، ئۇنىڭغا يېقىن يەردە تۇرغان بىر لەشكەرنىڭ ئېتى ئۈركۈپ
كېتىپ، لەشكەر موللاق ئېتىپ چۈشتى. ئۇ ئاتنىڭ ئاستىدا
قالدى. بۇنى كۆرۈپ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. پەقەت
لەشكەربېشىلا خۇددى ئۆلۈم ئىزدەپ كەلگەندەك، جاھىللىق بى-
لەن ئېتىنى ئوينىتىپ جەڭگە كىرىپ كەتتى.

گېنېرال چېرنىيايېف ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى. لەشكەربې-
شى ئۇنىڭغا ئالدىراڭغۇ يىگىتتەك كۆرۈندى. ئۇ دۇربۇنىنى كۆ-
زىدىن ئېلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— توۋا، شەرقتە ئوققا كۆكرىكىنى تۇتۇپ بېرىش ئادىتى
تېخىچە بار ئىكەن ـ دە! ئوق باتۇرنى ئاياپ قوياتتىمۇ؟ ئاۋۇ
لەشكەربېشى ئۆلۈمگە قاراپ كېلىۋاتىدىغۇ! ... — دېدى.

— مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ ئادەم بەسىز دېگەن كىچىك بىر
كۆچمەنچى ئۇرۇقىدىن چىققان، — دەپ چۈشەندۇرۇشكە باشلىدى
گېنېرالغا يېقىن تۇرغان، ھەربىي كىيىم كىيىۋالغان بىر شەرق-
شۇناس، — قوقان خەلقىنىڭ تىنىم تاپمايدىغان، ئۇرۇشخۇمار
باشلامچىسى ۋە رەھبىرى دەل شۇ كىشى، بۇ مۇكچەيگەن قېرى
ئۆزئارا پېتىشالماي، ئۇرۇش ـ تالاش قىلىپ پارچىلىنىپ كەت-

www.uyghurkitap.com

كەن ئۈرۈقلىرىنى ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئۇستاتلىق بىلەن ئۈچ يىل ئىچىدە قايتىدىن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئۈرۈش ماھىرلى-رىدىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقتى.

بۇ سۆزلەر گېنېرالغا ياقمىدى. ئۇ قارشى تەرەپنى كۆزەت-كەن بولۇپ، ئۆزىچە غۇدۇراپ قويدى:

— ئەمدى كېچىكىپ قاپتۇ، قانچە ئۈرۈنغان بىلەن قۇرۇق چۇقان سېلىپ، مەيدىسىنى ئوققا تۇتۇپ بېرىشتىن باشقا ئىش يوق!

— ھە، بۇنىسى ئېنىق.

گېنېرال يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ، ئاپئاق قولياغلىقى بىلەن يۈزىنى سۈرتتى ۋە قوڭۇر بۇرۇتىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئاق ئاتلىقلار توپىغا زەمبىرەك بىلەن زەربە بېرىش بۇيرۇقىنى بەردى.

— قېنى، باتۇرلۇقۇڭنى كۆرەي...

ئۇ دۇربۇنىنى كۆزىگە يەنىمۇ يېقىنراق تۇتتى. شۇ تاپتا، ئۇ زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ دەھشەتلىك پارتلىشى ئاۋۇ تۆپىلىكنى چاڭ ـ توزانغا پۈركەپ، يەر ـ زېمىننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىشنى، ئاق ئارغىماقنىڭ كىشنەپ، ئالدىراڭغۇ ئىگىسىنى ئېلىپ قېچىشىنى تاماشا قىلغۇسى كەلدى. لېكىن ... ئاق ئارغى-ماق تۆپىلىكتە كۆرۈنمەيتتى! گېنېرال چېرنىيايىف كۆزىنى سۈرتۈپ يەنە قارىدى، ئۇنىڭغا ھەممىلا يەرنى قاپلاپ كەتكەن كۆك ياتاق بىلەن قارىيىپ كەتكەن ئاتنىڭ ئۆلۈكلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. دەل شۇ پەيتتە، ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن قىستاپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن قوشۇن پەيدا بولدى.

— قېرى تۈلكە بىزنى ئالدىماقچى بوپتۇ ـ دە! ئۇ بىزنى قورشىۋالماقچى ئوخشايدۇ! — دېدى گېنېرال چېرنىيايىف، — ئارقىغا چېكىنىڭلار! تېز!

ئالاقىچى بۇيرۇقنى ئالدىنقى پىيادىلەر روتىسىغا يەتكۈزدى. گېنېرالنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەنىدى، بىراق قارارىدىن يەنە

تېزلا يېنىۋالدى ۋە ئىشەنچ بىلەن ئەتراپتىكىلەرگە مۇنداق دېدى:

— تېز! زەمبىرەكلەرنى توختاتماي ئېتىڭلار، مەن ئۇلارنىڭ ئوققا مەيدىسىنى تۇتۇپ ئېتىلىپ كېلىدىغان ئادىتى بار، دېگەن ئەمەسمىدىم، مەيلى ئالا چاپانلىرىدىن ئوق ئۆتمەيدىغان بولسا، يېقىنلاپ كېلىشىۋەرسۇن!

گېنېرال ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان توپنىڭ يەنىمۇ يېقىنلاپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. لېكىن ئۇ يەنە تەشۋىشلىنىپ قالدى. مۇبادا، قوقانلىقلار زەمبىرەكلەرنىڭ كەينىدىن چىقىپ قالسىچۇ؟...

خۇددى شۇ خىيال قوقانلىقلارنىڭ لەشكەربېشىنىڭمۇ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماقتا ئىدى. دۈشمەننىڭ بىر قانىتىنى كۆزدىن قاچۇرماي، قاتتىق قامال قىلىپ زەربە بېرىش، مۆلچەرلىگەن نىشاندىن چالغىتىپ، قىلىچۋازلىق قىلىشقا مەجبۇرلاش... ھە، بۇنىڭ ئۈچۈن يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان ئوققا بەرداشلىق بېرىش كېرەك. شۇنىڭغا چىدىغاندا، يا غەلىبە قازىنىسەن، يا خەستەك توزۇپ قىرىلىسەن! قېچىپ نەگە باراتتىڭ؟ قاچانغىچە قېچىپ يۈرىسەن؟... ئۇ، كۆز ئالدىدا بولىدىغان جەڭنى ئويلاپ، بىر يەردە جىم تۇرالمايتتى. ئۇ ھەربىر لەشكەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ چۈشەندۈرەتتى ۋە تەق بولۇپ، جەڭگە كىرىشكە سەپەرۋەر قىلاتتى.

— تۇت، ھاي، تۇت! بۆرە تۇزاققا چۈشتى. ئۆزى كېلىپ ئىلىندى. تۇت، ھاي! ئورىۋېلىڭلار!... يەر بىلەن يەكسان قىلىڭلار!...

سانسىزلىغان قوشۇن بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بوراندەك شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن سەپ گېنېرال چېرنىيايېفنىڭ سول تەرىپىنى بۆسۈپ كىردى. تەۋەككۈلچىلىككە ئۆگىنىپ قالغان لەشكەرلەر خۇددى ياۋا ئاتتەك ھەر تەرەپكە چاپچىپ، ئەجەل قانىتى ئاستىدا قىلىچلىرىنى ئويىنىتىپ، ئاتلىقلاردىن خېلىلا

www.uyghurkitap.com

ئالدىدا كېتىپ باراتتى. «تۆت، ھاي! تۆت! ئۇر! چاپ!...» بۇ چۇقانلاردىن ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كەلگەندى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن ئۇچقۇنلار چاقنايتتى. گېنېرال چېرنىيايېفنىڭ تۆپىلىكلەرگە جايلاشتۇرۇلغان زەمبىرەكلىرى تەڭلا ئوت ئېچىپ، يولنى توسۇپ قويدى. ئوق تەگكەن ئارغىماقلار ئۆلۈكلەرنىڭ ئاستىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ، ئۆدۈل كەلگەن تەرەپكە قاچاتتى. بەزى ئاتلار يېرىم جان بولۇپ، ئۆزەڭگىدە ساڭگىلاپ قالغان ئىگىلىرىنى سۆرەپ كېتىپ باراتتى. قان ۋە ئوق - دورىلارنىڭ قاڭسىق ھىدى ئەتراپنى قاپلىدى.

— تۆت، ھاي! تۆت! قورشىۋېلىڭلار! يەر بىلەن يەكسان قىلىڭلار! تۆت، ھاي! تۆت! بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى مەدەت بەرسۇن! تۆت، ھاي! تۆت!...

لەشكەربېشىنىڭ ئاۋازى گاھ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىسا، گاھ نەپەسنى بوغىدىغان چاڭ - توزان ئىچىدە زەئىپلىشىپ كېتەتتى. بەزىدە بولسا، قەلەندەرنىڭ غەمكىن قوشىقىدەك قان ۋە ئوق - دورىلار بىلەن ئارىلىشىپ، ھاۋادا ياڭرايتتى.

گېنېرال چېرنىيايېف قوغدىنىشقا بۇيرۇق بەردى. كازاكلار ئاتتىن چۈشۈپ، باشقا پىيادىلەر بىلەن بىللە يەر بېغىرلاپ، مىلتىق بىلەن ئۆزلىرىنى ھىمايە قىلغاچ، ئاستا - ئاستا كەينىگە چېكىندى. قوقانلىقلار قىرغىنغا پىسەنت قىلماي، قەيسەرلىك بىلەن سەلدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. تەكەببۇرانە ھېجىيىپ تۇرغان گېنېرال چېرنىيايېفنىڭ چىرايى تاتىرىشقا باشلىدى. ئوق قانچىلىك قالدىكىن؟ قوقانلىقلار يەنە قانچىلىك بەرداشلىق بېرەر؟ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان لەشكەرلەر گېنېرالنى دەككە - دۈككىگە سېلىپ قويدى.

لەشكەربېشى پۈتۈن جەڭ داۋامىدا، پەقەت بىرلا مۇھاپىزەتچىسى بىلەن قالغانىدى. قارا ئاتقا مىنىۋالغان، رەڭگىرويى سوغۇق ۋە مۇھاپىزەتچى ئۆز باشلىقىنىڭ كەينىدىن سايىدەكلا ئەگى-

شىپ يۇرەتتى. ئۇ لېۋىنى چىڭ چىشلىگەن هالدا لەشكەربېشىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. قولىدىكى قارا پىلتىلىق مىلتىقنىڭ پىلتىسىنى بىر دەممۇ ئۆچۈرمەيتتى. لەشكەربېشى چاڭ - توزان ئىچىدە ئارغىماقلىرىنى چاپتۇرۇپ، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، شىددەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ كېتىۋاتقان قوشۇنغا قاراپ:

— ئال، هاي! ئال! — دەپ قاتتىق چۇقان سېلىپ، كېيىن ئۆزىنى توختىتىۋالدى. مۇهاپىزەتچى ئەتراپقا پات - پات سەپسالاتتى. ئۇنىڭ سارغۇچ كۆزلىرى يىراقلارغا تىكىلگەنىدى. نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇ بىردىنلا ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇنىڭغا هېچكىم دىققەت قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنى قارا ئېتىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ، مىلتىقىنى ئاتنىڭ يالىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس ئاشۇرۇپ نىشانغا توغرىلىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تېز - تېز سوقاتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىدىن چۆچۈپ مىلتىقىنى يەنە چۈشۈرۈۋالدى ۋە ئەتراپىنى باشقىدىن كۆزەتتى. ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن، مىلتىقىنى قايتىدىن ئاتنىڭ يالىغا قويۇپ، نىشانغا توغرىلىدى... مىلتىقنىڭ ۋاڭىلدىغان ئاۋازى بىلەن تەڭ لەشكەربېشىنىڭ گەۋدىسى بىر دەرەپكە ئېغىپ قالدى. ئۇ بېشىنى ئاستا - ئاستا كەينىگە بۇرىدى ۋە ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە قاراپلا قالدى. مۇهاپىزەتچىنىڭ ئوغرى كۆزلىرى پارقىراپ، قوللىرى تىترەيتتى، بەللىرىمۇ مۈكچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى ۋە كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچماقچى بولدى. لەشكەربېشى بىر ئاز ئېسىگە كەلدى، لەۋلىرى قانسىراپ كەتكەنىدى. ئۇ خىرقىراپ تۇرۇپ مۇهاپىزەتچىنى ياردەمگە چاقىردى. مۇهاپىزەتچى جاۋاب قايتۇرمىدى، ئۇ هودۇقۇپ، تەمتىرەپ ئېتىغا مىندى - دە، چاقماق تېزلىكىدە قېچىپ كەتتى.

لەشكەربېشىنىڭ كۆڭلى ئايىندى، ئۇ ئۆزىنىڭ ياردار بولغانلىقىنى بىلدى. قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئاق ئارغىمىقىنىڭ كۇ-

مۇشتەك يالىلىرىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، قىلىچ قولىدىن چۇشۇپ كەتتى، ئېگىشىپ قىلىچىنى ئالماقچى بولىۋىدى، دەرمانسىزلىنىپ، ئاتتىن چۇشۇپ كەتتى. ئاق ئارغىماق تېپىچەكلەپ، ئۆرۈدەپ، بىر ئايلىنىپ توختاپ قالدى. لەشكەر بېشى ئۆزەڭگىگە ئېسىلىپ ئۆرە بولماقچى بولدى، پېشانىسىدىن قارا تەر قۇيۇلاتتى، لەۋلىرىدىن ئاققان قان كۆكرىكىگە سىرغىپ چۇشكەنىدى. ئۆزەڭگە قولىدىن چىقىپ كەتتى، يەنە يەرگە يىقىلدى...

ئارغىماق قان ھىدىدىن ئۈركۈدىمۇ ئەيتاۋۇر، تىزگىنىنى سۆرەپ ئاستا مېڭىپ كەتتى.

«ئاھ، تەقدىرنىڭ ئويۇنى! ... ئالىمقۇل خاننىڭ ئاتىدارى ئەمەسمىدى؟ پۈتۈن يۇرت، مەھەللىنىڭ باشلىقى مەن، دەپ يۈرگەن ئەمەسمىدى؟ ئەھلى ـ دانىشمەنلەرنى تاللاپ، دوست ـ بۇرادەرلەرنى كۆپەيتكەن ئەمەسمىدى؟! ئەمدى قېنى ئۇلار؟ ئۇلار قەيەرگە كېتىشتى؟ ھالىدىن كەتكەندە قولتۇقىدىن يۆلەيدىغان بىرەر ئادەم چىقمىسا ـ ھە؟ ...»

ئۇ جەينىكىگە تايىنىپ ئاخىرقى قېتىم بېشىنى كۆتۈردى، قانىتى سۇنغان بۈركۈتتەك يىراقلارغا، يورۇق ئالەمگە ئارمان بىلەن تىكىلدى. كۆزىگە پۈتۈن يەرنى ئوت قاپلاپ كەتكەندەك قىپقىزىل كۆرۈندى، ئوت ـ چۆپلەر، تاغۇ تاشلار ئوت ئىچىدە قالغاندەك، ئۇستىخانلىرى بۆرتۈپ چىققان قارا قوللارمۇ ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. شىددەتلىك ئېتىلىۋاتقان ئوققا قارشى ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك لەشكەرلەرمۇ بىردىنلا قاچىدىغان يەر تاپالماي، ھەر تەرەپكە پېتىراپ، ئوت ئارىسىدا قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بېشى ئېغىرلىشىپ، كۆزىگە قان قۇيۇلغانىدى.

بىرنەچچە لەشكەربېشى خېلى ئارقىدا ئات يالىلىرىغا چاپلىشىۋېلىپ، جەڭ مەيدانىنى كۆزىتىۋاتاتتى، بىردىن ئۇلارنىڭ كۆزىگە تىزگىن سۆرەپ يۈرگەن ئىگىسىز ئاق ئارغىماق كۆرۈن-

دى. بۇ تۇيۇقسىز ئەھۋالدىن ھەممىسىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئارىدا كىمدۇر بىرىنىڭ:

— ياپىرەي، بۇ نېمە گەپ؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاتنى كۆردى، ئۇلار ئۇلىشىپ كېلىپ، ئارغىماقنى تۇتۇۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن ھەرخىل خىياللار كەچتى، بىر - بىرىگە گۇمان بىلەن قارىشاتتى. لېكىن ئاۋاز چىقارمايتتى. ئاھ، خانىمىزنىڭ ئەركىسى، قەيەردىسەن؟ نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ - ھە؟! لەشكەرلەر ئاق ئارغىماق كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى.

ئالىمقۇل ئىككى تۇپ ياتتاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈم ياتاتتى. ئەتراپتىكى تۇپراقلار قانغا بويىلىپ كەتكەنىدى. لەشكەرلەر ئۇنى ئوڭدىسىغا ياتقۇزدى.

ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قاراپ تۇرغان ئەڭ يېقىن ئادىمى ئابدۇمۆمىنبەك ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. بىردىنلا قاتتىق يىغا كۆتۈرۈلۈپ، يەنە بېسىلدى. ئۇلار يەنە نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. بەزىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي ياش ئاقاتتى، بەزىلەر ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈيتتى، يەنە بەزىلەر لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ قويۇپ، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىشنى ئويلايتتى.

— ئوق كەينىدىن تېگىپتۇ.

— ئوقنى كىم ئاتتى؟ قاياقتىن ئاتتى؟

ئابدۇمۆمىنبەك ئۆزىنى تۇتالماي يەرنى مۇشتلايتتى:

— بىر كۆز يەنە بىر كۆزگە دۈشمەن، دېگەن شۇمۇ؟! بىز نېمە كۈنلەرگە قالدۇق - ھە؟! مۇھاپىزەتچىلەر قېنى؟ ئۇ نان قېپىلارنى تۇتۇڭلار، بىرىنىمۇ قويماي تۇتۇپ كېلىڭلار!

لېكىن ھېلىقى تەلەتى سۈرۈن مۇھاپىزەتچى تېپىلمىدى. شۇ تاپتا، ئۇ ئاتنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، ئۇدۇل تاشكەنتكە قاراپ كېتىپ باراتتى.

بۇ شۇم خەۋەر پۈتۈن قوشۇنغا شامالدەك تارقالدى. شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىۋاتقان لەشكەرلەر ئىختىيارسىز ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىشقا باشلىدى. مىڭبېشى ۋە يۈزبېشىلار دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بىر - بىرىدىن گۇمان قىلىشاتتى ھەم ئېھتىيات قىلىشاتتى. ئەمدى كىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدۇ؟ كىمنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىدۇ؟ ھېچكىم مۇنداق قىلايلى، دەپ ئوتتۇرىغا چىقمىدى. جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇ قوشۇن مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، سەركەردىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

قوشۇننىڭ ئالدى گېنېرال چېرنيايېفنىڭ كەينى تەرىپىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. چاقماقتەك ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلار توساتتىن سۇسلىشىپ، شامال باشقا تەرەپكە ئۆرۈپ كېتىۋاتقان تۇماندەك، جەڭ مەيدانىدىن چەتلەپ كېتىپ باراتتى. ئەڭ ئالدىدىكى قوشۇن يارىدەمسىز قالدى، تاش ئاتسا يېتىدىغان ئارىلىقتا ئېتىلىۋاتقان ئوقلاردىن لەشكەرلەر ئۈجمىدەك تۆكۈلۈپ كەتتى.

گېنېرال چېرنيايېف ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋالدى. ئۇ ئەمدى قايتا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييارلاندى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇمنى قاياقتىن باشلىساق بولاركىن؟ ئۇ دۇربۇننى كۆزىگە يېقىن ئاپىرىپ، ھۇجۇم قىلىش قولايلىق بولغان يەرلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەپسىلىي كۆزىتىشكە باشلىدى. ئەمدى گۇمانغا ئاساس قالمىغانىدى. ھەربىر دۆڭنىڭ كەينىدە ئۇششاق - ئۇششاق ياپراقچىلار پەيدا بولۇپ، كانايىنىڭ بىرخىل رىتىمدىكى ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. گېنېرال ھېلىلا زىچ توپلىنىپ، شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇ قوشۇننىڭ بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ، تۇغ - ئەلەملەرنىڭ ئارقىسىدىن ھەر تەرەپكە چېچىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى. بولارغا نېمە بولدى؟ مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، لەشكەربېشىنىڭ قوشۇنلىرىنى تاشلاپ كېتىشى ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىشقۇ؟! گېنېرال



www.uyghurkitap.com

ئىشەنمەيتتى. قېرى تۈلكە يەنە بىر ھىيلىگەرلىك قىلماقچى ئوخشايدۇ؟!

«بۇلارغا زادى نېمە بولدى؟ — گېنېرال چېرنىيايېف دۇربۇندىن كۆزىنى ئالماي، ئۆز - ئۆزىگە سوئال قوياتتى، — كۆرۈپ قوي، شەرق دېگەن مانا مۇشۇ! ھەر ۋاقىت كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىسەن!»

دۇربۇندا، ئويناقلاپ يۈرگەن ئاق ئارغىماق زادىلا كۆرۈنمەيتتى.

## 2

يېشىل جىلغا...

بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قويۇق قومۇشزارلىق، ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر ھەممىلا يەرنى پۈركىگەنىدى، ئېگىز - پەس ئۆسكەن ياۋا ئېدىلەر، مامكاپلار سەلكىن شامالدا يەڭگىل تەۋرىنەتتى. ئەمەنىنىڭ مىس رەڭلىك باشلىرى ئاپتاپتا تاۋلىناتتى. گۈل - گىياھلارنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى، رەڭدار كېپىنەكلەر بىردەم ئېگىزگە كۆتۈرۈلەتتى، كېيىن يەنە ئاستا قونۇپ نېمىدىندۇر ئۈركۈگەندەك يەنە ئۇچۇپ، ساپ ھاۋادا سەيلە - تاماشا قىلىشاتتى. بۇ يەرنىڭ جىمجىتلىقىنى پەقەت ئاق قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى بۇزۇپ تۇراتتى.

تەڭرىبەردى يېشىل ئېدىرنى بويلاپ، يالغۇز ئاياغ يولدىن تايچىقى بار نەسىللىك بايتىلىنى يېتەكلەپ جىلغا تەرەپكە چۈشۈپ كېلىۋاتاتتى.

يېشىل جىلغىنىڭ بىر چېتىدە، يۇلۇچىلار سايىداپ، ئارام ئېلىپ ئۆتىدىغان بىر تۈپ شاتۇت دەرىخى باراقسانلاپ كەتكەنىدى. قوچقارنىڭ مۈڭگۈزىدەك توم، ئەگرى - بۈگرى شاخلىرى قويۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. ھېچقانداق شامال بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ يو-

پۈرماقلىرى ئاستا مىدىرلاپ، شىلدىر ـ شىلدىر ئاۋاز چىقى-
راتتى.
تەگرىبەردى بايتىلىنىڭ ئەيلىنى بوشاتتى، ئىغىزدۇرۇقىنى
چىقىرىۋەتتى ۋە ئىگەرگە غانجۇغىلاپ قويغان قىمىز بار تۇلۇمنى
يېشىۋېلىپ، ئاتنى ياۋا بېدىلىككە قويۇپ بەردى. ئۆزى شاتۇتنىڭ
يېنىغا كېلىپ، تۇلۇمنى بىر شاخقا ئىلدى ـ دە، دەرەخنىڭ
ئاستىدا سايىداپ ئولتۇردى. قويۇق شاخلارنىڭ ئارىسىدىن ئۈر-
كۈگەن ئىككى قۇشقاچ پۇررىدە ئۇچۇپ چىقىپ، يەنە بىر پەستىن
كېيىن شاخقا قونۇپ، چۇرۇلداپ سايراشقا باشلىدى. تەگرىبەردى
قۇشقاچلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئېگىز ئاسماندا ئەركىن
پەرۋاز قىلىشلىرىنى تاماشا قىلىپ، ئادەتتى بويىچە بوۋايلارغا خاس
بولغان بىر خىل ھېسسىياتتا ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ئۆمرى ۋە تۇرمۇ-
شىغا شۈكۈر ئېيتىپ، ئارپىلىققا كۆز تاشلىدى. بۇ ئارپىلار
قاچان پىشاركىن؟ ئۇ بۈگۈن ئارپىلىرىدىن خەۋەر ئالغىلى بۇ
يەرگە كەلگەنىدى.
يەرلەر ۋاقتىدا ھەيدىلىپ، ۋاقتىدا سۇغىرىلغاچقا، سۇغا
قانغان ۋە تازا تولۇق باشاقلانغان ئارپىلار باشلىرىنى كۆتۈرەل-
مەي، بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى ئېگىلىپ قالغانىدى. قىلتىرىقلى-
رى ئالتۇن رەڭگە كىرىپ، دانلىرىمۇ خېلى قېتىشىپ قالغان-
دى. بوۋاينىڭ قارىغانسېرى مەستلىكى كېلىپ، خۇشاللىقىدىن
كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ بىر باش ئارپىنى ئۈزۈۋېلىپ،
ئالىقىنىدا ئېزىپ، ئۇنىڭ يىرىك، ياپيېشىل دانلىرىنى پۈتۈن
ئىشتىياقى بىلەن بىرمۇ بىر كۆزىتىپ چىقتى ۋە بېشىنى لىڭشى-
تىپ ئۆز ـ ئۆزىگە: «پاھ! تونۇگۇنلا تېخى مايسا ئىدى، مانا
بۈگۈن پىشايلا دەپ قاپتۇ. خۇدا خالىسا، يەنە بىرەر ھەپتىدىن
كېيىن ئورغاق سېلىپ، يىغىۋالساق بولغۇدەك» دېدى.
ئۇ قولىدىكى دانلارنى تاشلىۋەتكۈسى كەلمەي، باشقىدىن
تازىلاپ، خۇددى ناس چەككەندەك ئاغزىغا ئاتتى. بوۋاينىڭ نەزە-

رى يىراقلارغا تىكىلدى. بوۋاي تۆت ئەتراپنى قورغاندەك ئوراپ تۇرغان قارلىق چوققىلارغا، كۈمۈش رەڭ بۇلۇتلارغا ۋە تاغنىڭ ئارقىغا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قارايتتى. ئۇ ئالقىنىدىكى ئارپىنىڭ قاسىراقلىرىنى قېقىۋېتىپ، تېخى تولۇق تەم كىرىپ كەتمىگەن دانلارنى چايناپ تامشىغاچ، قوللىرىنى بېلىگە تىرىگىنىچە ئارپىلىقنى ئايلاندى.

ئۇ ئورۇق، ئەمما بوي - تۇرقى ئېگىز كەلگەن، چاچ - ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن كىشى ئىدى. ساقىلىغا تۇتىشىپ كەتكەن بويۇن تۈكلىرىمۇ ئاقىرىپ، ئاپئاق قىروغا ئوخشىشىپ قالغانىدى. توم ۋە ئۇزۇن ئۆسكەن قاشلىرى قاپقارا ئىدى، يۈزلىرى سارغۇچ، قورۇقلىرى يېقىملىق كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەم قارىماققا ئەقىللىق، سالاپەتلىك ئىدى.

يۇقىرى تەرەپتىن ئاتلىق بىر كىشى شاتۇت تەرەپكە كېلىۋاتاتتى. بۇ كىمدۇر؟ بوۋاي كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، ئاتتىن چۈشۈۋاتقان بۇ ئادەمگە زەن سېلىپ قارىدى ۋە ئالدىرىماي ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. ئۇ دەستىلەپ باغلاپ قويۇلغان ئاتقا قارىدى، تونۇيالمىدى. ئاتنىڭ ئىگىسى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ سۇغا قاراپ تۇراتتى، قامچىسىنى پۈكلەپ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، كەينىگە بۇرۇلدى ۋە بوۋاينى كۆرۈپ ئالدىغا كەلدى. بوۋاي دەسلەپ سەل چۆچۈپرەك، بىلىنەر - بىلىنمەي سالام بەردى، كېيىن بۇ ئادەمنى تونۇپ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتى:

— ھوي، ئوۋچى سارباي ئىكەنسەنغۇ؟ كەل، كەل... ئولتۇر... قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سېنى؟ — تەڭرىبەردى سۆزلىگەچ ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان مېھماننىڭ ئاستىغا دەرەخكە ئىلىپ قويغان ئۆچكە تېرىسىنى سېلىپ بېرىپ، ئۆزى داق يەرگىلا تىزلىنىپ ئولتۇردى، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرىدا قىزىپ كەتكەن يەر بوۋاينىڭ تىزىغا خۇشياقتى، — ساربايىم... كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتىڭ،

خوش، يول بولسۇن؟...
ساربباي سېرىق ساقاللىرى شالاڭ ئۆسكەن، پېشانىسى بۆر-
تۈپ چىققان، قاتمال كىشى ئىدى. ئۇستىدىكى رەڭگى ئۆڭۈپ
كەتكەن قەشقەرچە چاپىنى، كەڭ گۆللۈك ئىشتىنى ئۆزىگە تولىمۇ
ياراشقانىدى. پۇتىغا كارۋانچە ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى، قولىدا كۆ-
مۈش ساپلىق قامچىسى بار ئىدى.

— بىكارچىلىق، تەڭرىبەردى ئاكا، بۇركۇتۇم قېرىپ قې-
لىپ، ئوۋچىلىقىم ئوڭدىن كەلمەيۋاتىدۇ...

— بىكار بولۇپ قالغان بولساڭ، يېقىندا ئارپىلىرىم پىشى-
دۇ، كېلىپ ئورىشىپ بەر! — دېدى تەڭرىبەردى خۇشال بولغان
هالدا، — بۇركۇتۇڭنى ماۋۇ شاتۇتقا قوندۇرۇپ قويساق، قۇش-
قاچلار بۇ ئەتراپقا زادىلا كېلەلمەيدۇ!

سارىبايمۇ ئۇنىڭغا يارىشا كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— بۇركۇتۇمنىڭ كۆنلۈك ھەققى نەچچىدىن توختاركىن،
تەڭرىبەردى ئاكا؟

— تەڭ شېرىك بولىمىز.

— ئۇنداقتا بۇركۇتۇمنى ھەريىلى شاتۇتنىڭ شېخىغا قوندۇ-
رۇپ قويۇپ، مېھنىتىڭىزگە شېرىك بولۇۋېرىدىكەنمەن - دە،
تەڭرىبەردى ئاكا!

— مەيلى...

— ھا، ھا، ھا! ئۇنداقتا، ھېچ كۈچ سەرپ قىلمايلا ئۆيۈمدە
يېتىپ، بالا - چاقىلىرىمنى بېقىۋېرسەم بولغۇدەك.

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. كېيىن تەڭرىبەردى ئۆ-
زۈن قارا قاراشلىرىنى يىمىرىپ تۇرۇپ:

— ھەي، سارىبايىم ... — دېدى خورسىنىپ، —
تىرىكچىلىك ئاسان ئەمەس. ئارپىلارغا تېـﻣ كىرىپ قاپتۇ، ئاز
- تولا قىرقىپ، باللارغا بىر نەرسە قىلىپ بەرسەم، دېگەن ئويدا
بۇياققا كەلگەنىدىم. ھەركۈنى كېلىپ قاراپ تۇرمىساڭ بولمايدۇ،

مال ـ پال كىرىپ ۋەيران قىلىۋېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەيدىكەن ئادەم. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاۋۇ قارا ئېدىرنىڭ ئۇ تەرىپى ئاۋۇل، بۇ تەرىپى تاشلىق. ھە، شۇنداق قىلمىساق ئىشلىرىمىز ئەپلەشمەيدۇ، بالىلارغا يېگۈدەك بىر نەرسە بولامدىكىن دېدۇق...

— ھە، شۇنداق، تەجرىبەردى ئاكا، تىرىكچىلىك ـ دە، نېمىلا دېگەنبىلەن دېھقانچىلىق ئوڭاي ئەمەس.

چارۋىچىلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يېگىسىنى، سۇلارنىڭ سۈزۈكىنى، سالقىن ھاۋالىق يەرلەرنى ئىزدەپ، كۆچۈپ يۈرگەن بۇ قەبىلىدە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى. دېھقانچىلىقنىڭ قەدرىگە يەرنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان، ھەربىر تال ئۇرۇقنىڭ لەززىتىنى ئاللايدىغان كىشىلا يېتىدۇ. بەزى كىشىلەر ساربايغا ئوخشاش ئېتىنى ئەگەشتۇرۇۋېلىپ، قاپقان قۇرىدۇ ياكى قۇش بىلەن ئوۋ قىلىدۇ. بۇنى ئۇلار: «تەقدىرنىڭ ئەمرى بىلەن شۇنداق بولغان» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. سارباي ئوۋچى بايا تەجرىبەردىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا ھېلىقى گەپنى دەپ قويدى. بولمىسا كەڭ داللاردا خالىغان نەرسىلىرىنى تۇتۇپ، ئولجا قىلىپ، تۇرمۇشتا قاتتىقلىق كۆرمەي، كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق يۈرۈپ كەلگەن، ئۆز ئىشىغا ماھىر سارباي ئوۋچىنىڭ بۇنداق ۋاقىتتا دېھقاندىن ئۆزىنى پەس تۇتۇشقا ئەسلا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. «بىزنىڭ رىزقىمىزنى ئاللا تاغقا چاچقان!» دەيتتى ئۇ. بۇ ئۇنىڭ تىرىكچىلىك پەلسەپىسى ئىدى. ھازىرغىچە، تۇرمۇشتا ھېچنېمىدىن قىسىلماي كېلىۋاتقان ئوۋچى قولىدىكى كومۇش دەستىلىك قامچىسىنى ئوينىتىپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى.

— سىزدەك كۆپنى كۆرگەن، كۆپ يۈرگەن كىشى كۆپ ئەمەس، شۇڭا، سىزنى كۆرۈپ ئۆتەي دېدىم، تەجرىبەردى ئاكا.

— خۇدا مەقسىتىڭگە يەتكۈزسۇن، سارباي...

— قۇرۇق قول كېلىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى ... — سارباي

گۈللۈك خۇرۇم مىشكاپنى ئاختۇرۇپ، چىرايلىق بىر پارچە تېرى-
نى بوۋاينىڭ ئالدىغا تاشلىدى، — ئۈچرىشىشىمىزنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن. بۇ سۇلەيسۇندە بىر تۇماق تىكىپ كېيىۋالارسىز.

تەڭرىبەردى تېرىنى ئېلىشنى ياكى ئالماسلىقنى بىلەلمەي دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى. سارىباي بولسا بوۋايغا كۆز قىرىدا قاراپ، سوۋغىسى بىلەن بوۋاينى مەمنۇن قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىمۇ خۇشال كۈلۈپ ئولتۇراتتى.

— تونجى ياغقان قاردىن كېيىن ئوۋغا چىقىۋىدىم... شۇ چاغدىكى ئولجام... ناچار بولسىمۇ، كۆڭلۈم، تەڭرىبەردى ئاكا.

تەڭرىبەردى ئورنىدىن تۇردى، كۈل رەڭ سۇلەيسۇن تېرىسىنى تۇمشۇقىدىن تۇتۇپ سىلكىدى، ئۇياق - بۇيىقىغا ئۆرۈپ قارىدى، تېرىنىڭ بويى ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئىدى، قۇيرۇقى يەرگە تېگىپ تۇراتتى، كۈمۈش رەڭ مويلىرى تاۋلىنىپ، تېرىنى تېخىمۇ كۆركەم كۆرسىتەتتى.

— ناچار دېگىنىڭ شۇ بولسا! — دېدى تەڭرىبەردى كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — تۇماققا زايە بولۇپ كەتكۈدەك، ھە، مانا قارا... نېمىدېگەن چوڭ... تۇماقنىڭ كېيىنچە ئامالى بولۇپ قالار، بۇنى جۇۋىغا ياقا قىلدۇرسام بولغۇدەك.

— ئۇمۇ بولىدۇ، تەڭرىبەردى ئاكا، تۇماقنىڭ چاچىسى بىر تۇلكە.

تەڭرىبەردى تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. ئۇلار تۇلۇمنى ئۆرە قىلىپ، ئېغىزى بىلەنلا نۆۋەتلىشىپ ئىچىشكە باشلىدى، كۆڭۈللىرى يايراپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇردى. پاراڭ سېغىنىپ قالغان تەڭرىبەردى كۈن پېتىپ كەتكەنگە قەدەر سارىباينى قويۇپ بەرمىدى.

كۈن پاتاي دېگەندە، سارىباي ئورنىدىن تۇردى:

— ئەمدى مەن قايتاي، تەڭرىبەردى ئاكا، مانا بۈگۈن ئۇچ-رىشتۇق، بۇمۇ غەنىيمەت...

تەڭرىبەردى سۆھبەتدىشىنى قويۇۋەتكۈسى كەلمەي:

— راستىنلا قايتامسەن، سارىبايىم… ئۆيگە كىرمەي، مۇشۇ ئىچكەن قېتىق بىلەنلا قايتامسەن؟ — دېدى.

— رەھمەت! يېمىگەن - ئىچمىگەن ئۆيمۇ؟ ئامانلا بولساق، كۆپ پاراڭلىشىمىز تېخى، تەڭرىبەردى ئاكا.

تەڭرىبەردى ئېڭىكىنى سىلاپ، خۇشاللىقىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالدى:

— بوپتۇ، سارىبايىم… — دېدى ئۇ ۋە مېھماننى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۇردى، — بىر قىزىل كۆز تاغىمىز بار ئىدى، دەپ ئەسلەپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن رەھمەت، ئۇكام. خۇدا مەدەت بەرسۇن، سەن مېنى قوللىساڭ، خۇدا سېنى قوللايدۇ. ئەمدى… قۇرۇق قول قايتىدىغان بولدۇڭ. دانلىرىمىز تېخى پىشمىدى، ئاستىڭدا ئېتىڭ بار ئىكەن، زىرائەتلىرىمىز پىشقاندا بىر كېلىپ كەتكىن، ئېتىڭغا يەم - خەشەك بىلەن قىشتا بوز ياسىغىلى ئارپا، تېرىق ئەكېتەرسەن، خەير خوش، سارىباي!…

— ھەممىمىز ئامان بولايلى … — دېدى سارىباي كېتىۋېتىپ، — ياخشى قېلىڭ. تەڭرىبەردى ئاكا!…

سارىباي يۈرۈپ كەتتى، تەڭرىبەردى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توۋلاپ يۈرۈپ يەنە جېكىدى:

— شۇنداق قىل، سارىباي! بىر كېلىپ كەتكىن، يادىڭدىن چىقارما، سارىباي! …

تەڭرىبەردى كەينىگە يېنىپ، شاتۇتنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويغان كۆككۈچ سۇلەيسۇن تېرىسىنى قولىغا ئېلىپ، قايتىدىن كۆرۈشكە باشلىدى. سوۋغىنىڭ ئورنىغا سوۋغا قايتۇرۇلىدۇ. سوۋغا چاكىنا بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. سوۋغا - سالامنى قايتۇرۇش جەمەتىمىزنىڭ ئەزەلدىن قىلىپ كېلىۋاتقان قائىدە - يوسۇنى ۋە ئىزچىل ئادىتى. تەڭرىبەردى سوۋغىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن، بىر تاغار دان بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، سارىباي

بۇنىڭغا رازى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قويدى.

قۇياش تاغ كەينىگە پېتىپ، بۇ يېشىل جىلغىغا كەچكى سالقىن چۈشۈشكە باشلىدى.

## 3

غايىب ئوقلاردىن ئۈركۈپ، جىددىي پەيتتە لەشكەر بېشىدىن ئايرىلىپ قالغان بەش يۈز يىگىت خۇددى ئۇۋۇسىغا ئوۋچى كەلگەنلىكىنى تۇيۇپ قالغان بۆركۈتلەردەك توزۇپ، ئاتا ــ ئانا، سۆيۈملۈك يار، بالا ــ چاقا، ئانا دىيار نەدىسەن دېيىشىپ، كېچە ــ كۈندۈز ئات چاپتۇرۇپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن تاغلار يىراقتىن خۇددى ئۆز جانجىگەرلىرىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقان، ئاق رومال ئارتىۋالغان ئانىلارغا ئوخشىشاتتى. يەكتەكلىرى بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن، تېقىملىرى ئېگەرگە پېتىپ كەتكەن، ئاتلىرى قارا تەرگە چۆمگەن لەشكەرلەر تاشكەنتتىن چىققىنىغا يەتتە كۈن بولغاندا، ئېدىرلىقلارنى بويلاپ يايلاققا يېتىپ كېلىشتى. مەھەللىلەر جىمجىت ئىدى. ئەل قاياققا كەتتى؟

قىشلاقلاردا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئوچاقلاردا ئوتلار ئۆچۈپ كەتكەن. كونا كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئورنىدا قوزۇقلاردىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىغانىدى. سالقىن شامال قۇرۇپ كەتكەن ئوت ــ چۆپلەرنى شىلدىرلىتىپ ئوينايتتى. سايلىقتىن سېغىزغاننىڭ شاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى... بۇ يەردە مانا شۇلاردىن باشقا ئىنس ــ جىن يوق بولۇپ، ئەتراپ جىمجىت ئىدى.

بۇ يەرنىڭ كىشىلىرى ئوتلىرى مول، سۇلىرى كۆپ يايلاقلارنى ئىزدەپ كۆچۈپ كېتىشكەنىدى. لەشكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكىنى ئەمدىلا ھېس قىلىشتى، ئۇلار ئاتلىرىنى چۈشەپ، ئوتلاققا قويۇپ بېرىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن

بىرى مۇگدەك بېسىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى.

تۇن يېرىمىدىن ئۆتكەنىدى. گۇلكىشى يېشىل جىلغىدىن سەھەردە يولغا چىقىپ، سالقىندا يولۇم ئاۋۇيدۇ، دەپ تېزلىكتە كېلىۋاتاتتى. ئۇ بىر دۆڭدىن چىقىۋاتقاندا، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئادەملەرنىڭ شەپىسىنى، ئاتلارنىڭ كىرت - كىرت قىلىپ ئوتلاۋاتقان ئاۋازىنى ئېنىق ئاڭلىدى، ئەتراپتا يېتىۋاتقان گۇلخانلارنى كۆردى. بۇ كونا ئوتلاققا كېلىپ ماكانلاشقان كىملەردۇر؟ گۇلكىشىنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. ئۇنىڭغا بۇ يەرگە خۇددى قاراقچىلار كېلىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ، بەدىنىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى.

كۆزەتچىلەر ئۇنى بىر توپ يىگىتلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرپىدە يانپاشقىلاپ ياتقان كىشىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. ھېلىقى كىشى ئۇنىڭغا يەۋېتىدىغاندەك تىكىلدى، لېكىن گەپ قىلمىدى. بېشىغا ئورىۋالغان قىزىل بەلبېغى، توق يېشىل كەمزۇلى، پۇتىدىكى بۇلغار ئۆتۈكى ۋە بېلىگە ئېسىۋالغان ئەگرى قىلىچى ئوتتۇز ياشلارغا كىرىپ قالغان، قاپىقى تۈرۈلۈپ تۇرغان بۇ كىشىنى خېلىلا سالاپەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

گۇلكىشى ئۇنى دەرھال تونۇۋالدى: بېكنەزەر! ئۇ سالام بەردى. بېكنەزەر ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇدى ئېھتىمالىم، ئۇنىڭغا يالت قىلىپ بىر قاراپ، بايىقى سۆرۈن تەلەتىنى ئۆزگەرتتى. گۇلكىشى ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ:

— بېكنەزەر! سادىغاڭ كېتەي... يىگىتلەرنىڭ پىرى، ئامان - ئېسەن قايتتىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بېكنەزەر ئۆز قېرىندىشى گۇلكىشىنىڭ قولىنى مەھكەم قىستى ۋە ئۇنى باغرىغا بېسىپ ھال - ئەھۋال سورىدى:

— گۇل ئاكا! ھال - ئەھۋاللار قانداق؟ ئەل ئىچى تىنچمۇ؟...

— شۈكرى! شۈكرى! ئەل تىنچ، ئۆزۈڭلارنىڭ ساق -

سالامەت قايتىپ كەلگىنىڭلار ناھايىتى ياخشى بوپتۇ.

بېكنەزەر سەل يېنىكلىگەندەك بولۇپ، مۇلايىمغىنا كۈلدى:

— گۈل ئاكا، يول بولسۇن، بۇنچىۋالا سەھەردە قاياقا ماڭغانىدىڭىز؟

— تىرىكچىلىكنىڭ غېمى، بېكنەزەر، بازارغا كېتىپ بارىمەن.

— ئارپىلار پىشىپ قالغاندۇر؟

— ھەئە، يەنە بىر-ئىككى ھەپتىدە پىشىپ قالىدۇ. باللار ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمىزمۇ قىمىزنى بەك سېغىنىپ كېتىپتۇق، ئاخىر تاقىتىمىز تاق بولۇپ، تاغدىن بىر تاپ ئارچىنى كۆمۈر قىلغانىدىم، ئىككى - ئۈچ ئائىلىگە ئوزۇق قىلغۇدەك گۆرۈچ تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئاتقا ئارتىپ كېتىۋاتىمەن.

— تەڭرىبەردى تاغامنىڭ ئۆيى قەيەردە؟

— بۇلاق بويىدا، بۇ يىل ھەممىمىز شۇ يەردە تۇردۇق. تەڭرىبەردى ئاكا ئارپىسىنى ئارىلاپ، جىلغا بويىدا يۈرىدۇ.

بېكنەزەرنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن ئۇ:

— گۈل ئاكا، قايتىڭ، مۇشۇ يەردىنلا ئارقىڭىزغا قايتىڭ، — دېدى ئاستاغىنا.

گۈلكىشى سەۋەبىنى سورىمايلا:

— مەيلى ... — دەپ قويدى. بېكنەزەر باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە تۇراتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنلا، ئەتراپتا تۇرغان باشقا يىگىتلەرمۇ گۈلكىشى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشكە باشلىدى.

— گۈل ئاكا، بىزنىڭ مەھەللىمىز قايسى تەرەپكە كۆچۈپ كەتتى؟

— بىزنىڭكىچۇ، گۈل ئاكا؟

— بۇ يىل ئوت - چۆپ قانداقراق؟ ماللار سېمىزمۇ؟



www.uyghurkitap.com

— تىنچلىقمۇ؟ ئامانلىقمۇ؟

گۇلكىشى يامغۇردەك يېغىۋاتقان بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەيتتى، لېكىن كۆڭلى غەش ئىدى. بېكىنەزەرنىڭ بۇ يەردىن قايتىشىنىڭ، دېگەن سۆزى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئاز - تولا بىر نەرسە تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئالاھىدە يولغا چىقىپ، ئەمدى قىشلاققا قۇرۇق قول قانداق قايتىمەن، دېگەن خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلاتتى. ئۇ يىگىتلەرنىڭ سوئاللىرىدىن ئاران دېگەندەك قۇتۇلدى، شۇ چاغدىلا ئېتى يادىغا كەلدى.

— ھوي، مېنىڭ ئېتىم قاياققا كەتتى؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئەنسىرەپ، — ئەسكەرلەردىن بىرەرى مىنىپ كەتكەن بولمىسۇن يەنە؟

— قاياققا مىنىپ كېتەتتى؟ شۇ ئەتراپتا ئوتلاپ يۈرگەندۇر، قاراپ باقايلى...

گۇلكىشى سېرىق ئېتىنى چوڭ يولنىڭ يېنىدىكى پەسلىكتىن تاپتى. ئۇستىگە ئارتىپ قويغان كۆمزۇر بىر تەرەپكە ئېغىپ، تىزگىنىگە ئىلىشىپ قالغانلىقتىن، قوزغىلالماي تۇراتتى، ئات ئىگىسىنى كۆرۈپلا كىشنەپ كەتتى.

ئېگىز ئاسماندا ئەگرى قىلىچتەك ئېسىلىپ تۇرغان ئاي بىر پارچە بۇلۇتنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. گۇلخاننىڭ ئاخىرقى كۈچسىز نۇرلىرى بېكىنەزەرنىڭ ئەلەملىك چىرايىنى بىردە يورۇتۇپ، بىردە كۆلەڭگە تاشلايتتى.

— بېكىنەزەر ئاكا، سىزنى پەنساد[①] كۈتۈۋاتىدۇ ... — دېدى بىر يىگىت گۇلخانغا يېقىنلىشىپ. بېكىنەزەرنىڭ قاپىقى يەنە سېلىنندى، ئۇنچىقمىدى. چاقىرىپ كەلگەن يىگىت جاۋاب كۈتۈپ بىرئاز ساقلاپ تۇرغاندىن كېيىن، نائۈمىد كېتىپ قالدى.

— ئاتلار تەييارمۇ؟ — دېدى بېكىنەزەر ئۆز يىگىتلىرىگە.

---

① پەنساد — خانلىق دەۋرلەردە ئەسكەر باشلىقلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋانلاردىن بىرى ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان كىشى.

www.uyghurkitap.com

— تەييار، بېكنەزەر ئاكا...

بېكنەزەر ئورنىدىن تۇردى. ئەشىم قارا قاشقا تۇلپارنى ئەكەلدى. بېكنەزەر ئاتقا مىنمەي، نىرىراقتا پالىلداپ يېنىۋاتقان گۇلخان تەرەپكە قاراپ تېز - تېز مېڭىپ كەتتى. ئەشىم بىر قولىدا ئۆزىنىڭ ئېتىنى، يەنە بىر قولىدا قارا قاشقىنى يېتىلەپ بېكنەزەرنىڭ كەينىدىن ماڭدى. قالغان يىگىتلەرمۇ بەزىلىرى ئاتلىق، بەزىلىرى پىيادە كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

بېكنەزەر كەلگەندە، ئەتراپتىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يول بەردى. گۇلخانىنىڭ تۆرىدىكى كىمخاب چاپىنىنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان كىشىلا ئۆز ئورنىدا مىدىرلىماي ئولتۇرۇۋەردى. ئۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن، ئورۇق كىشى بولۇپ، ماش گۈرۈچ ساقىلى شالاڭ ئىدى. يوغان قالپىقى ئوت - چۆپ ئۈستىدە تۇراتتى. بېشىدا قىزىل مەخمەل دوپپىسى بار ئىدى. بۇ، قوقان خانلىقىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق، ھەربىي ساھەدە پەنساد نامىنى ئالغان ئابىل تۆرە دېگەن كىشى ئىدى. ئەتراپتىكىلەر ئۈن - تىنىشسىز جىم ئولتۇرۇشاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئابىل تۆرە بېكنەزەرنىڭ كەلگەنلىكىنى ئەمدى بىلگەندەك، بىر ئاز مىدىرلاپ قويدى.

— بۇياققا كەل! ... باتۇر ... — دېدى ئۇ قولىنى تىزىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ.

— چاقىرتقانىكەنسىز، پەنساد ئاكا؟

ئابىل تۆرە بېكنەزەرگە كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ، ئالدىرىماي:

— باتۇر ... — دەپ ھەييارلىق بىلەن سۆزىنى باشلىدى، — بىر ئاز سۆزۈم بار، مۇشۇنداق ئېغىر ۋاقىتلاردا مەسلىھەتلىشىپ ئىش قىلغىنىمىز ياخشى، كېڭەش قىلايلى...

بېكنەزەر گۇلخانىنىڭ بۇ تەرىپىدە تىز چۆكۈپ ئولتۇردى.

— قۇلىقىم سىزدە.

ئابىل تۆرە نېمىدىندۇر خاتىرجەملىنىپ ئولتۇرغاندەك قىلا-تتى. ئۇ بېكىنەزەرگە يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ قاراپ قويدى.

— نائىناق ئائىلىدىن پەيز كېتەر، دېگەن گەپ بار. ئاتىسى ئادالەتسىز بولسا، بالىسى ئار - نومۇسنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ، خوتۇنى بەتبەخت بولسا، كېلىنى ئـوغرى بولىدۇ، ئۆزئـارا ئىززەت - ھۆرمەت يوقىلىپ، ئائىلىنى باشقۇرۇش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. بىز دەل ئاشۇ نەرسىنى ئويلاپ كۆرۈشىمىز كېرەك ئىكەن، بېكىنەزەر.

قارا چال باتۇر گەپكە قۇلاق سالمىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى ئات ئۈستىدە ئۆتكەچكە، بۇنداق گەپ - سۆزلەرنىڭ تېگىگە يەتـ-مەيتتى. ئۇ ئابىل تۆرىنىڭ بۇيرۇغان ھەربىر ئىشىنى شەرەپ دەپ بىجىرەتتى. ھازىر ئۇ ئىككى قولىنى گۈلخانىغا سوزۇپ، خاتىرجەم ئولتۇراتتى.

— مانا، خانىنىڭ ئاتىدارىمۇ دۇنيادىن ئۆتتى. ئەمدى ئوردىدا ھوقۇق تالىشىش باشلىنىدۇ، جاڭجال كۆچىيىدۇ. بىر تەرەپ-تىن، رۇسلار قىستاپ كېلىۋاتىدۇ، ئەگەر بىز مۇشۇنداق چېچىـ-لىپ يۈرسەك بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ياكى خان تەرىپىدىن، ياكى رۇسلار تەرىپىدىن خانىۋەيران بولۇپ كېتىمىز. ئۇ چاغدا ئەھۋالىمىز نېمە بولۇپ كېتەر؟

ئابىل تۆرە ياغاچتەك ئورۇق قوللىرى بىلەن ساقىلىنى سى-لاپ، چوڭقۇر خورسىنىپ قويدى.

— ئوردىدىكى تالاش - تارتىش تۈگەمتى! — دېدى بېكىنە-زەر، — بۇ ئوردا خەلق بېشىغا چۈشكەن بىر بالا بولدى.

ئابىل تۆرە كۈلۈمسىرەپ:

— ئوردا ھەممىمىزگە تەئەللۇق، باتۇر! — دېدى.

بېكىنەزەر گەپ قىلمىدى، ئابىل تۆرە ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق سېزىپ ئولتۇراتتى. بېكىنەزەر يۈزبېشى

ئۆز يىگىتلىرى بىلەن ئۇزۇق ۋاقىت جاپا ـ مۇشەققەتتە بىرگە بولۇپ، بارغانسېرى قەدىناسلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ يىگىتلەر ئىچىدىكى ئابرۇيى يۇقىرى ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بېكنەزەر پەنسادقا ئانچە باش ئېگىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. نېمە بولغاندۇر؟ ئۇنىڭ ئېيتالماي يۈرگەن بىرەر خاپىلىقى ياكى ئاداۋىتى بارمىدۇر؟ ئالىمقۇلنىڭ شېھىت بولۇشى بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەنە يېڭىدىن سوغۇقچىلىق سالغانىدى. داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان پايدىسىز جاڭجاللار، ئورۇندىكى كېلىشمەسچىلىكلەر تۈپەيلى بېكنەزەر ئابىل تۆرىنى يامان كۆرۈپ قالغانىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ يولى بىر بولسىمۇ، مانا بۈگۈن تاشكەنتتىن چىققاندىن بېرى بىرىنچى قېتىم يۈزتۇرانە سۆزلىشىۋاتاتتى.

ئابىل تۆرە بېكنەزەرنىڭ چىرايىدىن ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ بىر تەرەپتىن، مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ئۇرۇقداشلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ياخشى بولۇپ قېلىشنى ئويلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇنداق ئەھۋالدا ھەرقانداق غەم ـ قايغۇدىن يىراق تۇرۇشنى، ئۆزىنى خالىيراق تۇتۇشنى ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئورۇق يۈزلىرى دىر ـ دىر تىترەيتتى، ھارغىن كۆزلىرىنى بېكنەزەردىن زادىلا ئۈزمەيتتى.

— بىز ئىناق ـ ئىجىل بولۇشىمىز لازىم.

بېكنەزەر نېمىنىدۇر كۈتۈپ تۇرغاندەك، گۈلخاننىڭ قىپقىزىل چوغلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، پەنسادنىڭ ئاخىرقى سۆزىگە رازى بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— سەندىن يوشۇرىدىغان گېپىم يوق. سەرۋۇ① قەبىلىسىگە باش بولغىن، بېكنەزەر. بۇنى يۇرتتىكى ياش ـ قېرىلارنى يەغىپ، ئۆزىمىز ئېيتىشىمىز كېرەك ئىدى، لېكىن يىگىتلىرىمىز بەك چارچاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يىگىتلىرىمىزنىڭ كۆپى

① سەرۋۇ — قەبىلىنىڭ نامى.

ئۆيلىرىگە تارقىلىپ كېتىشتى. ئۇلارنى قايتا يىغىش مۇشكۇل. شۇڭا، بىر كىشىنىڭ ئەلنى باشقۇرۇپ، تەرتىپ ئورنىتىشى تولىمۇ زۆرۈر، — ئابىل تۆرە بېكنەزەرگە كۆز قىرىدا قاراپ قويۇپ، سۆزىنى داۋام قىلدى، — كېرەك بولسا، ھەر ۋاقىت تەييارمەن، بىزگە ئوخشاش ياشقا چوڭلاردىن مەسلىھەت ئېلىپ تۇرۇشۇڭ مۇمكىن...

پەنساد ئۆزىچە، بېكنەزەر بۇ گەپلىرىمدىن خۇش بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا تەزىم قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەكسىچە، بېكنەزەر ھېچنېمە دېمىدى، ئابىل تۆرە ئۇنىڭ كۆزىدىن: «سەن بولمىساڭمۇ، سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭسىزمۇ، يىگىتلىرىمگە سۆزۈم ئۆتىدۇ» دېگەندەك مەنىلەرنى چۈشەندى. سۆزلىرىم ئارتۇقچە بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟ ياكى ھولۇقۇپ كەتتىمۇ؟ ئابىل تۆرىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، كۆڭلى بىئارام بولدى. بېكنەزەرمۇ پەنسادنىڭ ئىچ - ئىچىدىن پۇچىلىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— قېنى، كۆرەرمىز.

تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز ئابىل تۆرىنى تېخىمۇ خاپا قىلدى، ئۇ ئۆزىنى زورغا بېسىۋالدى. مەيلى، ئالسا ئالسۇن، — دەپ ئويلىدى ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، — بۇنداق قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە ئاشۇنداق ئىشنى زىممىسىگە ئالغىنى ياخشى! ئۇنىڭ شالاڭ تۇك باسقان نېپىز لەۋلىرىگە سوغۇق كۈلكە ياماشتى:

— ئۇنداق بولسا، بۇنى كۆپچىلىككە مەلۇم قىلايلى.

ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بېرىلگەنلىكتىنمۇ، يىگىتلەر ھاپىلا - شاپىلا ئارغىماقلىرىنى ئېگەرلەپ، گۈلخان ياققۇچىلار ئوتلارنى ئۆچۈرۈپ، يولغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى. خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان يۈز بېشى، ئەللىكبېشى ۋە ئونبېشىلار دەرھال يېتىپ كېلىشىپ، پەنسادنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشتى.

ئابىل تۆرە، قارا چال ۋە بېكنەزەرلەر ئاتلىرىغا مىنىشتى.

بېكنەزەر بېلىدىكى پوتىسىنى چىگىتىپ، ئابىل تۇرسىنىڭ بېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي، گەپ كۇتۇپ تۇردى. ئابىل تۆرە بۇنى سەزدى - دە، يىگىتلەرگە بىر قۇر كۆز يۇگۈرتۈپ، چىقىپ تامىقىنى قىردى. كىشىلەر بىردىنلا جىمىدى.

— باتۇرلار! — دېدى پەنساد كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلىپ، — يېڭىلىق شۇكى، بىز هازىر ئۆز قىشلىقىمىزنىڭ چېتىدە تۇرۇۋاتىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن يوللىرىمىز بۆلۈنۈپ، هەربىر ئۇرۇقنىڭ يىگىتلىرى ئۆز قەبىلىسى تەرەپكە كېتىشى مۇمكىن. لېكىن، يىگىتلەر، بىر نەرسىنى ئېسىڭلاردا چىڭ ساقلىشىڭلار كېرەك ... — ئۇ تاغلىقلارنىڭ ئوڭ ۋە سول قانىتىنى بىرلەشتۇرۇپ تۇرغان قەدىمكى ئۇدۇملار توغرىسىدا، كىچىكلەرنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتكەن تەقدىردىمۇ ئۆزىدىن چوڭلارنى هۆرمەت قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا سۆزلىدى ۋە بۇلارنى شەرىئەت يولى بىلەن شەرھلەپ، ئاخىرىدا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتتى، — ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرىسىلەر، ئوردىدا يەنە مالىمانچىلىق باشلاندى. بىر تەرەپتىن، رۇسلار قىستاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق شارائىتتا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىدىغان بولساق، بىز قاتتىق زىيانغا ئۇچرايمىز، دۇشمەن ئالدىدا شەرمەندە بولىمىز. شۇنىڭ ئۇچۇن، بىز بىر ئادەمگە باش ئېگىشىمىز كېرەك. مەن قېرىپ قالدىم. ئەقىللىق، بىلىكىدە كۇچى بار، ياش ئەزىمەتلەردىن بىرىنى تاللاپ ئۆزۈڭلارغا باش قىلىڭلار. مېنىڭچە، بېكنەزەر باتۇر بولسا بولىدۇ. قانداق دەيسىلەر؟ نېمە بولسا بولسۇن، دەپ ئىشىمىزنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويمايلى. ئۇ بىزنى قاياققا باشلىسا، ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنۈشىمىز، قولىمىزدىن كېلىشىچە ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىشىمىز كېرەك!

بۇ خۇش خەۋەردىن يىگىتلەر ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. بەزىلەر بۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولار، دېگەن مۇلاهىزە بىلەن ئۆزئارا مۇنازىرە قىلىشاتتى. ئابىل تۆرە بولسا، كەلگۈسىدىكى

ئىشلارنى ئالدىن سەزگەندەك يۈرىكى ئارقىغا تارتىشتى، لېكىن سىر بەرمىدى.

بېكىنەزەر كۆپچىلىككە تەزىم قىلدى. بىر توپ يىگىتلەرنىڭ ئارىسىدىن كىمدۇر بىرى «بېكىنەزەر» دەپ ۋارقىرىدى. ئەمما بېكىنەزەر تۈن قاراڭغۇسىدا، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ قارا ئاتقا مىنىۋالغان، قولىدا قامچىسىنى ئوينىتىپ تۇرغان بۇ كىشىنى زادىل تونۇيالمىدى.

— يىگىتلەر، — دېدى بېكىنەزەر، ئۇنىڭ توم ئاۋازى ئەتراپتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى بېسىپ چۈشتى، — پەنسادنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭلار. ئەگەر مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ئۆز تەقدىرىڭلارنى ماڭا ئىشىنىپ تاپشۇرغانىكەنسىلەر، مېنىڭ سۆزۈمگە، مېنىڭ باشلىغان يولۇمغا ۋە مەن تۈزگەن شەرتنامىگە رازىلىق بېرىسىلەر. سىلەرگە شۇنى ئېيتماقچىمەن، بىرىنچى شەرتىم شۇ...

ئابىل تۆرە بۇ سۆزلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىپ تۇراتتى. بېشىدىن كۆپ ئىشلارنى ئۆتكۈزگەن بۇ ھىيلىگەرنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى. ئوردىدا يۈز بەرگەن بۇ بىر تالاي ھىيلە - نەيرەڭلەرگە ئارىلىشىپ يۈرگەن بۇ جاھىل ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى ھېس قىلدى. لېكىن يۈزبېشى بىلەن بۇنداق مەزگىلدە يامانلىشىپ قېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، قەھر - غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ، جىم تۇرۇۋەردى. بېكىنەزەرنىڭ يۈرىكىدە دەردى بار ئىدى، ئۇ ئەمەلنى باشقىلارغا خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ ئەمەس، بەلكى باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت، دەپ چۈشىنىدىغان كىشىلەردىن ئىدى. ئابىل تۆرە بۇنى ياقتۇرمىسىمۇ، بايا ئۆزى ئېيتقان گەپلىرىدىن پۇشايمان قىلسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا تەن بېرىپ، جىم تۇرۇشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

يىگىتلەر بېكىنەزەرنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى، ئاتلىقلار بارغانسىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىنلاشتى.

— يىگىتلەر! — دېدى بېكنەزەر يەنە، — ئالتە ئايدىن بېرى تىنىم تاپمىدۇق، ئۇستىخانلىرىمىز بىقىنلىرىمىزغا پېتىپ كەتتى...

ھەممە بىر ئاۋازدىن ماقۇللىدى.

— دەم ئېلىشىمىز كېرەك. ھازىر ھەممىمىز قىشلاقلىرىمىزغا تارقىلىمىز. شېھىت بولغان دوستلىرىمىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىغا خەۋەر قىلىمىز. شۇ پېتى ئىز - دېرەكسىز بولۇپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن، ھەربىر قىشلاقتىن بىر يىگىت مەن بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇنداق قىلىش بەكمۇ زۆرۈر. ھەرقانداق بالا - قازاغا تەييار تۇرايلى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى كۆرەرمىز، باتۇرلىرىم! ئاخىرقى شەرتىم شۇكى...

— يەنە قانداق شەرت؟— ۋاراڭ - چۇرۇڭ پەسەيدى.

— ئاخىرقى شەرتىم شۇكى، ئېيتقان سۆزۈم قايتىلانمىسۇن! سۆزۈمنى ھېچكىم قايتۇرمىسۇن، ھېچكىم ئېتىنى چاپچىتىپ ئالدىمغا كەلمىسۇن!

كۆپچىلىك بىرئازدىن ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى. بېكنەزەر قاراقاشقا ئارغىماقنىڭ ئاستا بېشىنى بۇرىدى.

— كەتتۇق!

ئىككى كۈندىن بېرى ئۇبدانلا ئارام ئېلىپ قالغان ئارغىماق ئويناقلاپ، توپتىن بىرىنچى بولۇپ ئالغا ئېتىلدى.

تاڭ يورۇشقا باشلىدى. يىگىتلەر ئوندىن - ئوندىن بولۇشۇپ، تاغ بويلاپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇنداق توپقا ئايرىلىشىپ باقمىغان گۈلكىشىنىڭ باشلىرى ئايلىنىپ، قەيەرگە مېڭىشىنى بىلمەي قالدى. ئۇ ئېتىنى ئاران تېپىۋالدى. قەيەرگە بېرىش كېرەك؟ كۆمۈرنى قايتا ئېتىغا ئارتىشنى ياكى كۆمۈرنى تاشلىۋېتىپ كېتىشنى بىلەلمەي، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئەسلى بۇ كۆمۈرنى مىسكەرچى

ئۆزبېك دوستلىرىنىڭ دۆكىنىغا ئاپىرىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر - ئىككى قاداق ئۆرۈك قېقى ياكى بىرەر كىيىملىك بۆز، ئائىلىسى ئۈچۈن بىر ئاز گۈرۈچ ئېلىپ قايتماقچى، بۇنىڭ بىلەن بالا - چاقىلىرىنى خۇش قىلىپ، ئۆزىمۇ شۇ باھانىدە يۇرت ئايلىنىپ كەلمەكچى بولغانىدى. بۇ پىلانلىرىنىڭ بىردىنلا يوققا چىققانلىقىدىن ئۇ قاتتىق ئۆكۈندى. شۇنداقتىمۇ، جىمجىت كېتىپ قېلىشقا يەنە كۆڭلى ئۇنىمىدى، ئاخىر كۆمۈرنى يەرگە تۆكۈۋېتىپ، ئىككى قۇرۇق قاپنى ئېگەرنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى - دە، توپلارنىڭ بىرىگە قوشۇلۇپ يولغا چۈشتى.

بېكنەزەر قارا قاشقىسىنى بىرخىل يورغىلىتىپ، ئالدىدا كېتىپ باراتتى.

پەنساد بولسا، چوڭقۇر خىيالغا چۈمۈپ، گاھى - گاھى بېكنەزەر تەرەپكە قاراپ قويۇپ، ئاچچىقىنى سىرتقا چىقىرالماي، ئىچ - ئىچىدىن ئېزىلىپ كېتىپ باراتتى. پەنساد تەن بەرمەيتتى: ھېچكىم گېپىمنى يىرماسلىقى كېرەك؟ ھېچكىم ئالدىمغا ئات سېلىپ كەلمىسۇن؟! ھەي، ئەتتەڭ، خان ئوردىسىدىكى ئامەتلىك مىڭبېشىلارمۇ ھېچقاچان ئاغزىغا بۇنداق سۆزلەرنى ئېلىپ باققان ئەمەسقۇ؟! شۇلارنى ئويلاپ پەنسادنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ سىقىلىشقا باشلىدى.

## 4

ئايزادە ئىككى چېلەكنى كۆتۈرۈپ بۇلاققا سۇ ئالغىلى كەلدى. توپ يىلقىلار ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇپ، قەيەرگە مېڭىشنى بىلمەيۋاتقاندەك، بويۇنلىرىنى سوزۇپ ئۇياق - بۇياققا قاراپ تۇراتتى. بۇلاقتىن چىقىۋاتقان سۇپسۈزۈك سۇ يالپۇزلارنى ئارىلاپ، كىچىك جىلغىلاردىن ئېقىپ، ھاياتلىق ئەكېلەتتى. تۈرلۈك رەڭدىكى كېپىنەكلەر، يىڭناغۇچلار بۇلاق ئەتراپىدا ئەركىن

www.uyghurkitap.com

پەرۋاز قىلىشاتتى. ئايزادە بۇلاق بېشىغا كېلىشى بىلەن پىلتىلار تۆپىلىككە قاراپ كېتىشتى.

ئۇ چېلەكلىرىنى يەرگە قويۇپ، بۇلاقنىڭ شېشىدەك تىنىق تېگىگە، سۇنىڭ بىر خىل رىتىمدا بۇلدۇقلاپ چىقىشىغا قاراپ تۇردى. ئۇ سۇدا ئۆز ئەكسىنى، ئاپئاق يۈزىنى، بادام قاپاقلىرىنى ۋە قايرىلما قاشلىرىنى كۆردى. ئۇ دائىم ئويناپ ـ كۈلۈپ، خۇشۋاخ يۈرىدىغان گۈزەل جۇۋان بولغاچقا، خاپىچىلىق ئۇنىڭغا زادىلا ياراشمايتتى. شۇ پەيت ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىچى ئاغرىدى، ئۇ بوينى ۋە ئېڭىكىنى سىلاپ كۆرۈپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا شۇنچىلىك ئورۇقلاپ، سولىشىپ كېتىپتىمەن، دەپ ئۆزىچە شىۋىرلاپ قويدى ۋە يۈرەكنى ئۆيىنىتىدىغان بىر ئاھاڭغا غىڭشىشقا باشلىدى.

ئايزادىنىڭ كۆڭلىدىكى تاتلىق ئارزۇلىرى ئەتىگەنكى مەيىن شامالدا گۈللەرنى ئارىلاپ، قۇشلار ئاۋازىغا قوشۇلۇپ ھاۋاغا سىڭىپ كەتتى.

تۆمۈر توي قىلغىنىغا بىر يىل بولمايلا، خاننىڭ قوشۇنىغا تۇتۇپ كېتىلدى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى، ئۇلاردىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى. دەسلەپتە، ئايزادىگە ئانچە بىلىنمىگەنىدى. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى بۇ جۇۋان بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغاندەك، پەرىشان، غەمكىن يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. كىچىككىنە شەپىلەرگىمۇ قولاق سېلىپ، خېلى ۋاقىتلارغىچە نەپەسىنى چىقارماي تۇراتتى. كېلىنىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىپ تۇرغان قېيىنئانىمۇ ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ يۈرەتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ بەزىدە ئاستا يۆتىلىپ قوياتتى. بۇ، كېلىنىنىڭ ئۆيگە قايتىپ كىرىشىگە بېرىلگەن بېشارەت ئىدى. كېلىنى خۇشياقمىغاندەك، ئاستا ئۆيگە قايتىپ كىرەتتى ـ دە، ياستۇققا ئۆزىنى تاشلايتتى. قېيىنانىسى بولسا:

— ھە، ماللار ئۈركۈپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ غودۇراپ قوياتتى. ئۇ كېلىنىنىڭ كېچىدە پات ـ پات سىرتقا

چىقىپ كېتىشىنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇنى غەيرىي كۆزلەر ئېنىقتۇرۇپ كەتمىسۇن، دەپ كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈرەتتى.

— ياق، ھېچ ئىش يوق، — دەپ قوياتتى ئايزادە قاشلىرىنى چىمىرىپ، ئۇ خىياللار بۆشۈكىدە موماي بىلەن بوۋاينىڭ پۇشۇلداپ نەپەس ئېلىشىنى، تاشقىرىدا دەرەخ ئۈستىدە تىنىم تاپماي سايراۋاتقان ھۇۋقۇشنىڭ نالىسىنى تىڭشاپ، تۈنلەرنى كۆز يۇمماي تاڭغا ئۇلايتتى.

ئايزادە كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، سۇغا تولغان چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا، قىشلاق تەرەپتىن يول ياقىلاپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئاتلىق كۆرۈندى. ئۇلار شامال ھەيدىگەن بۇلۇتتەك تېز كېلىۋاتاتتى. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق ئاۋازلىرى ئۇنىڭغا تونۇشتەك بىلىندى. تۆمۈرلەرمىدۇر؟ ئۇ چېلەكتىكى سۇنىڭ چايقىلىپ تۆكۈلۈپ كېتىشىگە قارىماستىن، تېز ـ تېز ماڭدى. ئاتلىقلار يېقىنلىشىپ كەلدى. تۆمۈر كۆرۈنمەيتتى. يىگىتلەر قىشلاققا كېلىش بىلەنلا بىردىن ئاھ ـ زار كۆتۈرۈپ، يىغلاشقا باشلىدى:

— ئاھ، قەدىردانىم! ... ئەزىزىم! ...

— ئاھ، دوستىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق!

— ئاھ، تەڭدىشىمىز! ئاھ، ئەزىزىمىز!

ئايزادىنىڭ قولىدىن چېلەك چۈشۈپ كەتتى، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. تاغلار ئايلىنىۋاتقاندەك، ئارچا دەرەخلىرى خۇددى قارىلىق كىيىۋالغان ئاياللاردەك غەمكىن كۆرۈنەتتى. كىم؟ ئايزادە ھامان ئۈمىدىنى ئۈزمەيتتى. كىم؟ ئۇ ئۆيدىن ئاپئاق چاچلىرىنى ئۇچۇرۇپ، دەرد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان قېيىنانىسىنى كۆرۈپ، پۇتلىرى بوشىشىپ، تامىقىغا بىرنەرسە قاپلىنىپ قالغاندەك بولدى.

— نېمە گەپ؟ نېمە ئىش بولدى؟ — ئايزادە ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇنى ئاياللاردىن بىرى يۆلىۋالدى.

— بۇركۈتۈڭدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدىڭ...

ئايزادە ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى بىلمەيتتى. ئۇ بىھوش ھالدا: «قوي! ئۇنداق دېمە! ئاغزىڭغا قاراپ سۆزلە! بۇنداقمۇ چاقچاق قىلغان بارمۇ!» دەيتتى. ئاياللار بولسا، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، نېمە دېيىشلىرىنى بىلمەي، ئايزادىنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇشاتتى. بۇ كۈتۈلمىگەن پالاكەت ئايزادىنى ئەس - ھوشىدىن ئايرىدى.

جامائەت جەم بولدى. يىغا - زارىدىن تاغلار تىترەيتتى. بېكنەزەر باشلاپ كەلگەن توپ ئەتراپتا تىز چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئايزادە يېڭى كەلگەنلەرگە قوشۇلۇپ نالە قىلاتتى.

— ئاھ، يۆلەنچۈكۈم، مەدەتكارىمدىن ئايرىلدىم!...

بېكنەزەر تىز چۆككىنىچە جىم ئولتۇراتتى. تەڭرىبەردى قىبلە تامغا قارىغىنىچە ئىككى پۈكۈلۈپ، رەڭگى ئۆچكەن ھالدا قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تۇرۇپ - تۇرۇپ:

— ئاھ، مېنىڭ كۆز نۇرۇم! ئاھ، ئەركە تايىم! ... — دەپ نالە قىلىپ قوياتتى.

ئاياللار ئايزادىنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ، بېشىغا قارا رومال ئوراپ، چاچلىرىنى چۇۋۇپ، تەتۈر قاراپ ئولتۇرغان قېينانىسىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇشتى. كېلىن تېخى ھوشىغا كەلمىگەنىدى.

— ئاھ، بەختسىز!... ئاھ، بىچارە! — ئايزادىنىڭ ھالىغا ئېچىنغان بىر موماي سۆزلىگەچ ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ پۈركۈدى.

ئايزادە ھوشىغا كەلدى، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ:

— ئاھ... ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟! ... — دەپ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، مومايلارنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، يۈزلىرىنى تاتىلاپ، چاچلىرىنى يۇلدى، يۈزلىرىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى.

يىغا - زار پەسەيگەندىن كېيىن، بېكنەزەر بېشىنى ئاستا

كۆتۈرۈپ، تەڭربەردىگە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ئاغا!... بەندىنىڭ نېمە ئامالى...

ئەتراپتا ئولتۇرغان يىگىتلەرمۇ نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى:

— ھە، ئەجەل كەلگەنىكەن... ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس، ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ...

خېلىدىن بېرى ئۈندىمەي، ئۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان تەڭربەردى ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.

— ئاھ، پەرۋەردىگار! ئۆزۈم ئاران يۈرگىنىمدە... ئاھ، ساڭا نېمە بولغاندۇر؟!

— ئاھ تۆمۈر، ئەمدى ئۇنى يىغلاپ تىرىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، شۈكرى قىلىڭ، تەڭربەردى ئاكا، تەقدىر شۇنداق ئىكەن، تۆمۈرىڭىزدىن ئايرىلغان بولسىڭىز، ئەمدى پولاتىڭىز ئامان بولسۇن.

سەككىز ياشلار چامىسىدىكى پولات بىر چەتتە يىغلاۋاتاتتى.

— تۆمۈردىن ئايرىلدۇق، ۋاقتى كەلگەندە ھەممىمىز كېتىمىز. بىرىمىز ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلسەك، بىرىمىز تاش تېگىپ ئۆلىمىز، يەنە بىرىمىز ئوق تېگىپ ئۆلىمىز. بۇ دۇنيادىن كىممۇ ئۈستۈن كەلگەن؟ ھەرقانداق يوغان دەرەخمۇ بىر كۈنى قۇرۇپ، يىقىلىپ چۈشىدۇ. ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قۇشمۇ بىر كۈنى يەرگە چۈشىدۇ. تەقدىر دېگەن شۇ بولسا كېرەك!... — دېدى بېكنەزەر يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇرغانلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي.

— تۆمۈرگە ئوق تەگكەن كۈنى بىز تاشكەنتنىڭ بوسۇغىسىغىلا كېلىپ قالغاندۇق. شۇ كۈنى لەشكەربېشىمىز قازا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىمىزدا تالاش - تارتىش بولۇپ، بىرىنىڭ گېپىگە بىرى كىرمەي، ئاخىر تارقىلىپ كېتىشتى. بىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئەھۋاللار بولار دېيىشىپ، سىزلەردىن

www.uyghurkitap.com

ئەندىشە قىلىشتۇق ھەم جەڭدە قازا بولغان يىگىتلىرىمىزنىڭ روھىغا دۇئا ـ پاتىھەلەرنى ئوقۇپ، بۇ ياققا قاراپ يولغا چىقتۇق.

بېكنەزەر يۆتىلىۋالدى.

— بىز ئەزەلدىن ياتقاندا قىلىچنى ياستۇق قىلىپ، قىلىچ بىلەن تەڭ ئويغىنىپ كەلگەن ئەلمىز. قىلىچسىز بىزگە كۈن يوق. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ كېرەك بولۇپ قالار، ناۋادا، كېرەك بولماي قالسا، باتۇردىن قالغان يادىكارلىق سۈپىتىدە قوزۇقتا ئېسىپ قويارسىز...

ئەشىم ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوڭ يانپېشىغا ئېسىۋالغان تۆمۈرنىڭ قىلىچىنى يەشتى ۋە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تەڭرىبەردىگە ئېھتىرام بىلەن تاپشۇردى. ھەممە سۈكۈتكە چۆشتى.

تەڭرىبەردى تىغىدا قان ئۇيۇپ قالغان قىلىچقا قاراپ، قوللىرى تىترەپ كەتتى.

— ئاھ، قۇلۇنۇم!... ئاھ، چىراغىم!...

## 5

ئاھ، رەھىمسىز دۈشمەن! قېنى ئوردا! قېنى ھۆكۈمدار؟ ئەمدى كىمنىڭ ئايىغىغا باش ئەگدۈرمەكچى؟ دەۋرنىڭ بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسى ئوتتۇرا يولدا توختاپ قالغان مۇشۇنداق پەيتتە، كىممۇ توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ؟ ئادەتتىكى يىگىتلەردىن بولسىغۇ مەيلىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى بېكنەزەرغۇ! ئالدىرىماي كۈتۈش كېرەك. پەلەكنىڭ گەردىشى قەيەرگە ئاغار-كىن؟ ياكى ئۇ چاغدا پەيت قولدىن كېتىپ، ئاپلا، دەپ قولىنى چىشلەپ قالامدىكىن؟...

ئابىل تۆرە ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن يۈرگەندە، ئوردىدىن ئادەم كېلىپ قالدى.

كېڭەشنى يايلاقتا قىلماقچى بولۇشتى.

بۆنىڭدىن خەۋەر تاپقان بەگلەر، ئاقساقاللار خەلق تەقدىرىنى ئويلاپ، ئۆز يىگىتلىرى بىلەن ئالدىراپ ـ تېنەپ كېلىشكە باشلىدى.

خاندىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يېقىن ئارىدىكى ياش ـ قېرىلارنىڭ ھەممىسى قامچىسىنى ئوينىتىپ، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، يايلاقتا توپلاشتى. توپلاشقانلار كونا ئادەت بويىچە، ئۇرۇق ـ ئۇرۇقلارغا بۆلۈنۈپ، ئابىل تۆرە تەرىپىدىن ئالدىن ھازىرلاپ قويغان ئورۇنلارغا جايلاشتى. كەڭ جىلغا ئادەملەرگە تولۇپ، ئات باغلاشقا قوزۇقمۇ يېتىشمەي قالدى. كىشىلەر تولۇق كېلىپ بولدى. كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، يېشىل يايلاقتا كاناي سادالىرى ياڭراپ، ئابىل تۆرىنىڭ ئۆيىدىن بىر توپ ئادەم چىقتى. كانايىنىڭ ئاۋازى تاغ باغرىدا ئەكس سادا ياڭرىتىپ كىشىلەرنى ئاجايىپ بىر تەنتەنە تۇيغۇسىغا چۆمدۈردى. بىر توپ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ئابىل تۆرە ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ناتونۇش بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. ناتونۇش ئادەمنىڭ بويى ئېگىز، قارا ساقىلى ئۇچلۇق بولۇپ، ئەلچى شۇ ئىدى. ئۇ يېڭى كەلگەن ۋاقىتتىكىگە قارىغاندا، خېلىلا سەمرىپ، پېشانىسى پارقىراپ قالغانىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ۋە كەيپىياتىنى بىلىش ئۈچۈن، يۇ-شۇرۇنچە تۆت ئەتراپىنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆزىتىپ كېلىۋاتات-تى. خەلقنىڭ نەزەرى ئۇنىڭغا قادالغان بولۇپ، بەزىلەر قىزى-قىپ، بەزىلەر ھەيران بولۇپ قاراپ ئولتۇراتتى. يەنە بەزىلەر بولسا، ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىشىۋاتاتتى.

— خاننىڭ ئەلچىسى شۇ كىشى ئىكەن ـ دە!

— قالتىس سۆلەتلىك ئىكەن…

— ئۇ خان بىلەن يۈزتۈرانە گەپلىشەلەمدىغاندۇر؟

— ئۇنچىلىك بولمىسا، بۇياققا كېلەلەمتى… ئۇ خاننىڭ يېقىنى ئىمىش…

— ھە!؟

ئابىل نۆرە كىشىلەر ئارىسىدىكى ئەنە شۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئوردىغا بېرىشقا توغرا كەلگەندە، گۈللۈك، جىيەكلىك قىزىل كىمخاب چاپىنىنى، پەيسادلىق بەلگىسى تاقالغان ئاق يىپەك تۇمىقىنى كىيىۋالاتتى. ھازىرمۇ ئۇ شۇ كىيىمىنى كىيگەن، ئۆزى خۇشۋاخ ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئاقساقاللار قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ، بار ئاۋازى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشتى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام!

خان ئەلچىسى بىلەن ئابىل تۆرە كىشىلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، باشلىرىنى سىپايىلىك بىلەن لىڭشىتىپ مېڭىشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ...

كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. كاناي سادالىرى تاغلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، خان ئەلچىسى بىر تۆپىلىككە سېلىنغان گىلەمگە كېلىپ ئولتۇرغىچە توختىمىدى.

ئابىل تۆرە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلدى. دۆڭ ئەتراپىدىن ئورۇن ئالغان خەلقمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پاتىھە ئوقۇدى.

كېيىن ئابىل تۆرە قايتا ئورنىدىن تۇرۇپ، توپلانغانلارغا قاراپ مۇراجىئەت قىلدى:

— خالايىق، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ، — مانا ئوردىدىن بۇ يەرگە ئەلچى كەلدى. بۇ ئەلچى كىچىك ئادەم ئەمەس، ئۇ مەرھۇم مۇسۇلمانقۇل ئاتىمىزنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان بولىدۇ. ھەممىڭلار ياخشى بىلىسىلەر، مەرھۇم ئاتىمىز ئۇرۇقىمىزنىڭ ئۆز قېرىندىشى ئىدى. مانا بۈگۈن ئابدۇراخمان قارىچۇقۇم بىزنى ئۆز كۆرۈپ، ئوردا بىلەن قەبىلىمىزنىڭ ئوتتۇرىغا ئەلچى بولۇپ

كەپتۇ. شۇ باھانىدە، قېرىنداش ئۇرۇقلار بىلەن كۆرۈشۈپ كەت-مەكچى...

خالايىق غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى.

— ھەي، ئەلنىڭ ئاتىسى، دانىشمەنلەر، باتۇرلار!

گەپ - سۆزلەر پەسىيىشكە باشلىدى. ئۆزلىرىنى دانا بىلىشكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ سۆزدىن تېخىمۇ روھلىنىپ، نەپەسلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ قۇلاق سالدى. ئابىل تۆرە خالايىقنىڭ تولۇق تىنچىغانلىقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋام قىلىپ، تېز- تېز سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىلەردەك ئېسىلزادىلەرنىڭ بەختىگە، مېھنەتكەش خەلق-نىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بار. مانا، ئەلچى خەۋەر ئەكەپتۇ، سۇلتان سەئىدمۇ خانلىق دەۋرىنى سۈرەلمەي، دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ، ئېھ، ياخشىلار ... — ئۇ ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى، — تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن خۇدايارنىڭ كەتكەن ئامە-تى يېنىپ كەلدى، ئاتا ئەرۋاھى يار بولۇپ، ئىشى ئوڭدىن كېلىپ، تەختكە قايتىدىن ئولتۇردى!

ھەممەيلەن جىم ئىدى، ئالىمقۇلنى جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈر-گەن ئوردىدىكى يوشۇرۇن كۈچ كېيىنرەك ئاشكارا ئىش باشلاپ ياش سۇلتان سەئىدنى بوغۇزلاپ شېھىت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇخارادىن كېلىشۋاتقان خۇدايارنى كۈتۈۋېلىپ، تەختكە قايتىدىن ئولتۇرغۇزدى. تەختتىن ئىككى قېتىم چۈشۈپ، يەنە تەختكە چىققان خۇدايارنىڭ بەختىگە جامائەت ھېچبىر قارشىلىقسىز باش ئېگىپ، رازى بولۇشتى.

— خالايىق! خاننىڭ ئەلچىسى كەلگىنىگە مانا بىر ھەپتە بولدى. بىز ئۇزۇن سىرداشتۇق. كۆڭۈلدىكى داغلار يۇيۇلۇپ كەتتى. خۇدايارخان ئۆز ئەمر - پەرمانلىرىنىڭ بەجا كەلتۈرۈلۇ-شىنى سوراپتۇ. قېنى ئېيتىڭلارچۇ، ماقۇل دېمەي بولامدۇ؟ خانسىز ئەل، ئىگىسىز ئۆيگە ئوخشىشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ ۋاقىتتا، ئابىل تۆرە بىر چەتتە ئاتتىن چۈشمەي، قامچىسىنى تىرەپ تۇرغان بېكىنەزەرنى كۆردى. ئۇ يالغۇز ئەمەس ئىدى. يېنىدا ئونچە يىگىتى بار ئىدى. ناھايىتى تېز كەلگەن بولسا كېرەك، ئاتلىرى قارا تەرگە چۆمگەنىدى. ئابىل تۆرە ئەتەي بېكىنەزەرنى كېڭەشكە چاقىرمىغانىدى. ھازىرمۇ ئۇ ھېچ تەپ تارتماستىن، خاتىرجەملىك بىلەن: «سەن بىر چەتتە قاراپ تۇرۇۋەرگىن» دېگەندەك سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ھە، ئەقىللىق كىشىلەر، قېنى ئويلاپ كۆرۈڭلار، مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە، ھەزرەت خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ خەلقتىن مەدەت كۈتمەكتە. بەلكى تېخى ئاڭلىمىغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن، گېنېرال چېرناي تاشكەنتكە كىردى...

ئولتۇرغانلارنى بىردىنلا ۋەھىمە بېسىپ، ھەممىسى ساراسىمىگە چۈشتى.

— ئاھ، پەرۋەردىگارىم... ئۇلار بىزنى نېمە قىلار؟

— قىرىپ تاشلايدۇ!...

— ئاھ، ياراتقان ئىگەم، ئۇ كۈنلەرنى كۆرسەتمىسۇن...

ئابىل تۆرە كۆپچىلىككە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۆتكەندە، يۇرتنىڭ دادخاھلىرى[①] پۈتۈن مەھەللە كىشىلىرىنى، تاغلىقلارنى ئوردىغا باشلاپ بېرىپ، خۇدايارنىڭ بېشىدىن تاجىنى يۇلۇپ ئېلىۋەتمەكچى بولغاندا، بىز بىر نېمە دېمىدۇق، بىزنىڭ يىگىتلىرىمىزمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇپ، بىرگە يۈرۈپ قىلىچ چېپىشقان، بۇ خۇداغىمۇ، خۇدايارنىڭ ئۆزىگىمۇ مەلۇم. ئەمدى ئويلاپ كۆرۈڭلار، خەلقىمىزنىڭ ئىناقلىقى يولىدا شۇگۇناھىدىن كەچسەك، ئۆزىمۇ بۇرۇن ئۆتكەن ئانچە - مۇنچە سەۋەنلىكلىرىنى ئۇنتۇشنى سوراپتۇ. ھەممىمىزگە ھۆرمەتلىك

① دادخاھ — بۇخارا خانلىقىدا ئادالەت ئىزدىگۈچىلەرنىڭ ئەرزىنى ئەمىرگە ۋاكالىتەن قوبۇل قىلغۇچى مۇلازىم.

بولغان بۇ ئەلچىنى ئارىغا سېلىپ، بۇ يەرگە ئەۋەتىپتۇ. ئېگىل-
گەنگە ئېگىلگىن بېشىڭ يەرگە تەگكۈچە، دەپ ئاتا - بوۋىلىرىمىز
بىكارغا ئېيتمىغان. سۆزۈمنىڭ ئاخىردا شۇنى دېمەكچىمەنكى،
ئوردا بىزنىڭ، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىز چۆ-
كۈش، بىز بەندىلەرنىڭ بۇرچى!...

— ھەق گەپ! — دېدى دۆمبۇ ۋە ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ
قويدى، — تېزرەك مەكتۇپ يېزىپ، ئەلچىنى يولغا سېلىپ
خاننىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىش كېرەك.

خۇدايارخان قايتا تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋىلايەتلەر-
دىن خاتىرجەم بولالماي، تەرەپ - تەرەپكە ئەلچى ئەۋەتىپ،
كۇنسايىن مۇداپىئەنى مۇستەھكەملەشنىڭ پېيىگە چۈشتى. بۇ
ئوردىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشى بولۇپ ھېسابلاندى. ئەم-
ما، ئورددىكى قارا نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇ ئىش باھانى-
سىدە باشقا مۇددىئالىرىمۇ بار ئىدى. ئەگە ئۇنداق بولمىغان
بولسا، ئابىل تۆرە كۆپچىلىكنى يىغىپ، بۇ قەدەر داغدۇغىلىق
سۆزلەپ كەتمىگەن بولاتتى، ئەكسىچە، ئەلچىگە ئات مىندۈرۈپ،
تون كىيدۈرۈپ، ئەمىرگە قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى ھەدىيە
قىلىپ، مېھماننى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆز يولىغا سېلىپ
قويغان بولاتتى.

— ئېھ، پەنساد ئىنىم، ئېھ، ياخشى كۆڭۈل كىشىلەر،
باشقا بىرەر خالىس يول بارمۇ؟

كۆپچىلىك ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ
ئارىسىدىن بىر ئادەم ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تەڭرى-
بەردى! ئۇ ھاسىسىغا تايىنىپ، دانالار تۇرغان تەرەپكە ئەلەڭلەپ
قاراپ تۇراتتى. بۇ مۆكچىيىپ قالغان قېرى نېمە دېمەكچى؟
ئۇنىڭغا بۇ يەردە نېمە باردۇر؟ ئوغلىغا ھازا تۇتۇپ، ئۆيىدە جىم
ئولتۇرسا بولمامدۇ؟! خالايىق جىمىپ قالدى.

تەڭرىبەردى بىر يۆتىلىۋالدى - دە:

www.uyghurkitap.com

— ئەلچى كەپتۇ، دەپ ئاڭلاپ… ئۆزۈمچە… بۇ بۇياققا كېلىۋېدىم … — دېدى.

— ھەي، چوڭ ئاتا، گېپىڭىزنى ئاڭلىيالمىدۇق، يېقىنراق كېلىپ سۆزلەڭ! — دېدى ئابىل تۆرە.

— نېمە؟ … — دېدى قېرى خىرىلدىغان ئاۋازدا، ئۇ يېنىدىكىلەردىن تۆرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئاستا ئالدىغا ئۆتتى، — دالىدا ئىدىم، ئارپا ۋە تېرىقلىرىمدىن خەۋەر ئېلىپ يۈرگەنىدىم. ئۆلگەنىنىڭ كەينىدىن ئۆلۈشىنىڭ ئورنى يوق ئىكەن…

دۆمبۇنىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ، چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتى:

— ئالجىپ قالغان قېرى! — دېدى ئۇ، — بۇ يەردە سېنىڭ تېرىغان تېرىقلىرىڭ توغرۇلۇق يىغىن ئېچىلىۋېتىپتىمۇ، ئېلىشىپ قالغان قېرى! …

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، تەگرىبەردى دۆمبۇغا غەزەپ بىلەن تىكىلىۋىدى، ئۇنىڭ يۈزى ئالما قېقىدەك تارتىشىپ، كۆكىرىپ كەتتى.

— مېنىڭ گېپىم قىسقا … — دەپ سۆز باشلىدى ئۇ ئاران دېگەندەك تۈپىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، — بەگلەر… خۇدايار ئۆزىمىز كۆرۈپ يۈرگەن ئاشۇ خۇدايارغۇ… ئۆزى قەبىلىدە تۇغۇلۇپ، قەبىلىدە ئۆسكەن بالا… بەلكى بەختى كۈلگەندۇر، ئىككى قېتىم خان بولغانىدى، مانا، ئۈچىنچى قېتىم خۇدا يەنە ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ… قۇللۇق كۆرسىتىشتىن باشقا تىلىكىمىز يوق. خۇدايار خان بولغاندىن بۇيان ئەلگە نېمە ھىممەت كۆرسەتتى، قېنى ئېيتىڭلارچۇ؟ …

— ھاي، تىلىڭنى تارت! — دېدى دۆمبۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ.

كىشىلەر تەۋرىنىپ، ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ھاي، دۆمبۇ! — دېدى تەگرىبەردى بىگىز بارمىقىدا

ئۇنى كۆرسىتىپ قاتتىق غەزەپ بىلەن، — مەن قىرىدىم، شۇڭا ئالجىپ قالغان بولۇشۇم مۇمكىن. سەن بولساڭ، قىرىماي تۇرۇپ ئالجىپسەن، دۆمبۇ! بۇ يەردە كېڭەش بولۇۋاتىدۇ، ئورۇدىن ۋەكىل كەلدى، مۇشۇنداق ۋاقىتتا سۆزلىمەي بولامدۇ؟!

دۆمبۇ ئوسال ئەھۋالغا قېلىپ، جىم بولدى.

— ئابىل، داداڭ قەرەش تۆرە جەننىتى ئادەم ئىدى، سەنمۇ يامان ئەمەس، قېنى ئېيتىپ باقە، بۇ خۇدايار ئەمرىنى ۋاجىپ تۇتقان ئەلگە نېمە ياخشىلىقلارنى ۋەدە قىپتۇ؟...

بۇ توغرا سوئال ئىدى. ئابىل تۆرىنىڭ ھەدېسىلا ئەلنى، يۇرتنى، ئىسلام دىنىنى شېپى كەلتۈرۈپ، ئولتۇرغانلارنى ئېرىدىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئېغىز ئاچالماي ئولتۇرۇشقان بۇ كىشىلەر ئەمدى گەپنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەس - ھوشىنى يىغىۋالدى. توغرا، راست گەپ! نېمە ياخشى ۋەدىلەرنى بېرىپتۇ؟ قىرىنىڭ بۇ ئەقىللىق سۆزلىرى جامائەتنىڭ پىكرىنى بىردىنلا بۇرىۋەتتى.

— توغرا گەپ! قېنى، ئەلچى ئېيتىپ بەرسۇن!

— بەلكى بۇ بىردەملىك ياخشى گەپلەر بولسا كېرەك؟!

— ئەلچى ئوچۇق ئېيتسۇن!

ئابدۇراخمان ئورنىدىن تۇردى. كۆپچىلىك بىردىنلا جىم بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى. ئەلچى ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتتى، تۆۋەندە ئولتۇرغانلارغا خۇددى بۇركۇتتەك ئۆتكۈر نەزەر سېلىپ، گەپنى يىراقتىن باشلىدى:

— بۇرادەرلىرىم، قەدىردانلىرىم، مانا، تۆرە ئاكىمىزمۇ ئوچۇق ئېيتتى، خان بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈلسىز ئىشلارنى يوشۇرمايمىز. ئەگەر ئۇنداق ئىشلار يوق، دېسەك، بۇ يەرگە ئاۋارە بولۇپ كېلىپ يۈرمەيتتۇق، بۇرادەرلىرىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەن ئىشلار، ساقايغان يارىلار، ھازىر ئۇلارنى ئەسلەش - زىياندىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنداق ئىكەن، ئەمدى

ساقايمىغان يارىغا دورا سۈرۈپ، ئۇنى تېزرەك ساقايتىشنىڭ كۆيىدا بولساق بولماسمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ ھەممىگە پايدىلىقتۇ! قىينى قەدىردانلىرىم، ئويلاپ كۆرۈڭلار، ئەقلى كۈچلۈك قېرىلار، قىزىققان يىگىتلەر، سىلەر ئويلاپ كۆرۈڭلار... مەملىكەت ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاددىي بىر ئائىلىدىمۇ قانچىلىغان كېلىشمەسلىكلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇنى ئائىلە باشلىقى تۈزەيدۇ، ھەركىمنى گۇناھىغا يارىشا جازالايدۇ. خالىس، ئادىل ئىش ئېلىپ بېرىپ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئائىلىنى باشقۇرىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ياردەم قىلىش، بىر - بىرىگە مەدەت بېرىشكە ئوخشاش ياخشى پەزىلەتلەر بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئىشلار تەتۈرسىگە مېڭىپ، ئىناقلىق بەربات بولىدۇ، ئائىلىنىڭ بەرىكىتى ئۇچۇپ، ئۆي بۇزۇلىدۇ! ...

— ھە، بارىكاللا، توغرا ئېيتتىڭىز! — دەپ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى ئابىل تۆرە.

ئابدۇراخمان ئۇڭ قولىنى كۆكسىگە قويدى:

— مانا، قەدىردانلىرىم، ئاتام بىر ۋاقىتلاردا خاننىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، شەيتانلارنىڭ كاساپىتى بىلەن، ئوردىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، قانچىلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى سۇدەك ئاققانىدى. ئاتام شورلۇقنىڭ بېشى كېتىپ، خۇدايارمۇ تەختتىن ئايرىلدى. بۇنى ھەممە بىلىدۇ. ئاداۋەت ساقلاشقا توغرا كەلسە، مەن ساقلىسام بولاتتى. ئاداۋەتنى ساقلىدىم. ئالىمقۇل بىلەن ئالىمبەك دادخاھقا ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈردۈم. لېكىن نېمە پايدا ئالدىم! ئارىمىزغا چۈشكەن سوغۇقچىلىقتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرمىدىم. ئەگەر بۈگۈن سىلەردىن پاناھ تىلەپ، سىلەردىن مەدەت سورىسام، كۆڭلۈمنى قالدۇرماي، ياردەم بېرىشىڭلار ئېنىق... لېكىن مەن خۇدايار بىلەن سەرۋۇ قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى قولۇمدىن كېلىش-

چە مۇستەھكەملەش مەقسىتىدە، ئالايىتەن بۇ يەرگە كەلدىم...
كۆپچىلىك بىر دىنلا جىمىپ، خىيالغا پاتتى. ھەق گەپ! ئىناقلىق، دوستلۇق بولسا، پەرۋەردىگارنىڭ بۇيرۇغان رىزقى ـ نېسۋىلىرى تېپىلىۋېرىدۇ. ئىناقلىقتىن ئېسىل نېمە بار؟ كىشىلەر ئابدۇراخماننىڭ كېيىنكى سۆزىدىن خۇرسەن بولدى. ئابىل تۆرىمۇ خۇشال ئىدى. ئۇ ئەل كۆڭلىنىڭ خاتىرجەم بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:
«ئاللاھۇ ئەكبەر! خۇدا بىر، خان بىر! ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. كۆپچىلىكمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئاۋازلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خېلى ۋاقىتقىچە دۇئا قىلىشتى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئابىل تۆرە جامائەتكە مۇراجىئەت قىلدى:
— يۇرتداشلىرىم! خۇدايارخاننىڭ خانلىق تەختىنى قوبۇل قىلدۇق، قولىمىزنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدۇق. ئەمدى ئەمىر ھەزرىتىگە قارشى پىتنە ـ ئىغۋا قوزغىغان كىشىنىڭ خوتۇنى تالاق، ئۆزى كاپىر بولىدۇ! — ئۇ مۇلايىملىق بىلەن شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئابدۇراخماننىڭ قولىدىن خاننىڭ مۆھرى بېسىلغان بىر ئورام قەغەزنى قوش قوللاپ ئالدى ۋە ھۆرمەت بىلەن پېشانىسىگە، لېۋىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھەي، خەلقنىڭ ئاغىلىرى، شىر يۈرەك باتۇرلار، مانا بۇ ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن يارلىقى!
ئوتلاقتا ئوتلاپ يۈرگەن ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشى، سەلكىن شامالنىڭ يېنىك غۇرۇلدىغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى. كىشىلەرنىڭ كۆزى ئابىل تۆرىنىڭ قولىدىكى يارلىقتا ئىدى.
— ئۇلۇغ ئېلىمىز ئۇچۇن، ئەمدى ئۇچقۇر ئاتلار ۋە شۇ ئاتلارغا مىنىپ چاپىدىغان چەۋەنداز يىگىتلەر كېرەك. خاننىڭ يارلىقى پەقەت بىرلا، ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوق!

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭ ئەسلىدىكى جەڭچىلىرىمىز قايتىدىن ئاتلىنىدۇ، يېڭىدىن يەنە ئەسكەر توپلايمىز. بىر يىلغا يەتكۈدەك ئوزۇق - تۈلۈك، ئات ۋە قورال - ياراغ تەييار بولسۇن! مەن ئۆزۈم باشچىلىق قىلىمەن. باشقىدىن يىغىن ئېچىپ، مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوق. يىگىتلەر، تېزرەك تەييارلىق كۆرۈڭلار، ئەڭ كۆپ بولغاندا، بىر ئاي ئىچىدە تەلتۆكۈس قوقانغا بېرىپ، خانىنىڭ ھۇزۇرىدا تەزىم قىلىمىز...

— پەنساد ئاكا! ئەلچىگە بىر سوئالىم بار.

كىشىلەر ئابىل تۆرىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئاۋازدا سۆزلەۋاتقان بۇ ئادەمگە قارىدى، ئۇ بېكنەزەر ئىدى. ئۇ ئات ئۈستىدە ئۈزەڭگىگە ئايىغىنى تىرەپ، ئالدىغا ئىگىلىپ قاراپ تۇراتتى. تۆرىنىڭ كۆزلىرى قانغا تولدى.

— بۆرادەرلەر! — دېدى بېكنەزەر ۋارقىراپ، — خانىنىڭ بىزگە قىلغان ياخشىلىقى شۇمىكەن؟! ئەتە مىڭلاپ ئادەملەرنى ھەيدەپ بېرىپ، رۇسلارنىڭ مىلتىقىغا تۇتۇپ بەرمەكچى! رۇسلارنىڭ مىلتىقى مۆلچەرگە دەل تېگىدىغان، تېز ئاتار مىلتىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىمىز. ھەزرىتى ئالىيلىرى ئۆز پۇقرالىرىغا بەكمۇ ياخشى بىر جەننەت ھازىرلاۋاتقانىكەن - دە!؟

— ئۇنداق ئەمەس، سىز بىلەن بىزنىڭ — بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىمىزگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان دۈشمەنلەرنى قوغلاپ چىقارماقچىمىز. مۇشۇنداق دېسىڭىز توغرا بولىدۇ، باتۇر يىگىت... — دەپ تۈزەتتى ئابدۇراخمان ئەلچى.

— شۇنداقمۇ دەيلى... ئاغىنىلەر، ئوردىنىڭ ئەمرىگە قۇلاق سالدۇق دەيلى، بىراق قىلىچ ئويىنىتىپ نېمە بەرىكە تاپتۇق! ئەمدى ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، باشقا ياققا كۆچۈپ كېتىشتىن باشقا چارە قالمىدى. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، خان ئەمرىگە ئەمەل قىلغان كۈندىن باشلاپ، بىز چېرىناي پادىشاھقا قارشى ئاتلىنىشىمىز كېرەك. خوپ، ئاتلانساقمۇ ئاتلىنايلى، لېكىن

ئوردا بىزگە چېرناي پادىشاھىنىڭكىگە ئوخشاش دەل تېگىدىغان تېز ئاتار مىلتىق بەرسۇن! زەمبىرەك بەرسۇن! ئەمدى ئەگرى قىلىچ يارىمايدۇ! — بېكنەزەر قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇۋال-دى - دە، ئاسمانغا پىرقىرىتىپ ئاتتى ۋە چاققانلىق بىلەن قىلىچنى سېپىدىن تۇتۇۋېلىپ داۋام قىلدى، — بۇ ئەمدى قاراق-چىلارغىلا يارىشىشى مۇمكىن، بىزگە مىلتىق بەرسۇن! زەمبى-رەك بەرسۇن! ئاڭلىدىڭىزمۇ؟!

ئەلچى خىيال سۈرۈپ قالدى. جامائەت ئۇنىڭ جاۋاب بېرى-شىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.

— خۇدا خالىسا، قورال تېپىلىپ قالار، باتۇر ··· — دېدى ئابدۇراخمان ئەلچى بىر هازادىن كېيىن، — بىز خۇدانىڭ قۇلى-مىز، نېمىلا بولسا تەڭرىدىن تىلەيمىز، قىرىق يىل قىرغىن بولسىمۇ، كۈنى توشقان، ئەجىلى يەتكەن ئۆلىدۇ، رىزقى تۈگى-مىگەن بەندىنى پەرۋەردىگارنىڭ ئۆزى ساقلايدۇ. ئاللا مەدەت قىلسا، زەمبىرەكنىڭ ئورنىنى قامچىنىڭ بېسىپ چۈشۈشى هېچ گەپ ئەمەس.

بېكنەزەر بېشىنى چايقىدى:

— قامچا قاچانمۇ زەمبىرەكتىن كۈچلۈك بولغان؟ بۇ پەقەت ئىلاجى يوق كىشىنىڭ سۆزى. ئادەم نائىلاج قىلغان ۋاقىتتا، خۇدانى پەش قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ.

ئابدۇراخمان ئەلچى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، گاڭگىراپ قالدى. ئابىل تۆرە بولسا، تېخىمۇ ئاتىرىپ كەتتى.

— بېكنەزەر! توختات! بېكنەزەر! — دەپ ۋاقىرايتتى ئۇ. بېكنەزەر بولسا، ئەلچىگە قادالغىنىچە توختىماي سۆزىنى دا-ۋاملاشتۇرماقتا ئىدى:

— قېنى، بۇرادەر، دوستلۇقىڭىزنى يەتكۈزۈپ، خانغا بىز-نىڭ بىر ئېغىز دۇئايىسالىمىمىزنى يەتكۈزۈپ قويىسىز! — دېدى ئۇ، — ئوردىدىكىلەر ئاۋارە بولمىسۇن، بىز بىر غېرىچمۇ

قوزغالمايمىز، ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئات بىزنىڭ قانىتىمىز، قانىتىمىز قايرىلسا، يەردە سۆرىلىپ ماڭالمايمىز، يىگىتلەر بىزنىڭ يۈرىكىمىز، يۈرىكىمىزنى ئوقتا تۈتۈپ بېرىشكە قىلچىمۇ رازىمىز يوق! مانا، شۇ ئامانىتىمىزنى ئەڭ يېقىن دوستىمىز سۈپىتىدە ئوردىغا يەتكۈزۈپ قويىسىز...

— بۈزغۈنچى! — دېدى ئابىل تۆرە تىترىگىنىچە، ئۇنىڭ غەزەپكە تولغان كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— بۇمۇ بۈزغۈنچىلىقتا كىرەمدۇ، پەنساد ئاكا! ياق! مەن راست گەپنى قىلدىم. يىگىتلەرنى ۋاقىتسىز ئۆلۈمدىن ساقلىشىمىز كېرەك. مەيلى، بارىمەن دېگەن ئادەمنىڭ يولىنى توسۇمايمەن. لېكىن مەن بارمايمەن! قانداق، ئەمدى رازى بولغانسىز؟!

— بۇ ھەرىكىتىڭ بېشىڭغا بالا كەلتۈرىدۇ، بېكنەزەر! كاللاڭدىن ئايرىلسەن، ئۇ ۋاقىتتا بارغاندا، دوستلۇقتا ئورۇن قالمايدۇ. بېكنەزەر، ئۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل!

بېكنەزەر پەرۋاسىز قىلىپ قويمىدى:

— كاللامنى ئالامسىز؟ بولىدۇ، خالىغان ۋاقىتتا كېلىڭ، قىشلىقىمىز ئۆزىڭىز كۆرگەن يېشىل جىلغىنىڭ بويىدا! — ئاندىن يىگىتلەرگە قاراپ، — قېنى كەتتۇق! — دېدى.

ئۇ يىگىتلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇشقا ھېچكىممۇ پېتىنالمىدى. ئەلچى بىلەن ئابىل تۆرە ئۆز ئورنىدا يېلى چىققان توپتەك ئولتۇرۇپلا قالدى. يىغىلىشتىن بۆلۈنۈپ چىققان بىر توپ ئاتلىق ئاستا - ئاستا كۆزدىن يىراقلاشماقتا ئىدى.

— خەپ سېنى، قان قۇسقۇرلار! — دەپ تىللايتتى ئابىل تۆرە، ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ، بەللىرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى.

يېقىن ئەتراپتا بىرىنىڭ:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ ... — دېگەن سوئالى ئاڭلاندى.

شۇنىڭدىن كېيىنلا، جامائەت خۇددى تۇغاننى بۇزۇپ تاشلىغان سەلدەك، زۇۋانغا كېلىپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ، ئورۇن-لىرىدىن تۇرۇشتى.

— بارمايمىز! ئۇنداق يەرگە بېرىپ بېشىمىز ئىششىپ قال-غىنى يوق!

— ئاتىسىغا لەنەت! ئات تۇگۇل ئۇنىڭ تېزىكىمۇ يوق! ئاتتىن ئايرىلغىنىمىز — قانىتىمىزنىڭ سۇنغىنى!

— باتۇر توغرا سۆزلىدى! ئۆلگۈسى كەلگەنلەر بېرىۋەر-سۇن! ...

چۇقان ـ سۈرەنلەر ئاسمان ـ زېمىننى بىر ئالدى.

— بىزنى ئارغىماقلىرىمىزدىن ئايرىپ، كېيىن بېشىمىزغا قىپچاقلارنىڭ قارا كۈننى سالماقچى ئوخشايدۇ...

— هەي، ئاتىسى قۇرۇغۇرلار! ...

كىشىلەر خۇددى قىياندەك يوپۇرۇلۇپ، قەهر ـ غەزەپلىرى-نى باسالماي قالدى، بىرىنىڭ سۆزىنى بىرى ئاڭلىماي، چۇقان سالدى ۋە ئالدىراپ ـ تېنەپ ئاتلىرىنى مىنىشكە باشلىدى. ئابىل تۆرە باشچىلىقىدىكى بايلار، قىشلاق ئاقساقاللىرى ۋە ئابدۇراخمان ئەلچى كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارنى هەيرانلىق ئىلكىدە كۆزەتمەكتە ئىدى. بىر پەستىلا بۇ يەرگە يىغىلغانلارنىڭ يېرىمى ئاتلىنىپ بولدى. پىيادە كەلگەنلىرى ئېتى بارلارنىڭ كەينىگە مىنگىشىپ، بېكنەزەر كەتكەن تەرەپكە قاراپ يول ئالدى...

كېچەش هېچقانداق قارارغا كېلەلمەي تارقىلىپ كەتتى.

ئابىل تۆرە قالغان كىشىلەرنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، كۆڭ-لىدىكى دەرد ـ ئەلەملىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

— بىلىپ قويۇڭلار، كېيىن ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، سۆزۈم بىر: بېكنەزەرنىڭ ئارقىدىن ماڭغان ئادەم مېنىڭ دۈشمىنىم. دادامنىڭ دادىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆڭگىچىگە تۆمۈرنى قىزدۇ-رۇپ تامغا باسىمەن! ... — دېدى ئۇ قاتتىق غەزەپ بىلەن.

قىشلاق ئاقساقاللىرى نېمە قىلىشلىرىنى بىلەلمەي، ئارقا ـ ئار-
قىدىن ئۆيلىرىگە قايتىشتى. ئابىل تۆرە كۆڭۈل ئۈچۈن بولسىمۇ
ئۇلارنى ئۇزىتىپ چىقمىدى.

ئابىل تۆرە شۇ كۈنى خاپا يۈردى، ئەلچى بىلەنمۇ ئوچۇق
كۆڭۈل پاراڭلاشمىدى، كېچىدە كىرپىك قاقماي چىقتى. ئۇ سە-
ھەر تۇرۇپ تاھارەت ئالدى، نامازدىن كېيىن، ئابدۇراخمان ئابىل
تۆرىگە:

— پەنساد ئاكا... سىز بىلەن بىزدە نېمە گۇناھ، بىر تەرىپە-
مىزدە ئەل ـ جامائەت، يەنە بىر تەرىپىمىزدە خان تۇرۇپتۇ.
ئارىغا چۈشۈپ خالىس گېپىمىزنى قىلدۇق، مۇسۇلمانچىلىق بۇر-
چىمىزنى ئادا قىلدۇق. ئەمدى يۈزىمىزمۇ يورۇق ... قالغىنىنى
ئۆزلىرى بىلىشسۇن ... — دېدى تىلىنى چايناپ.

— ئابدۇراخمان ... — دېدى ئابىل تۆرە غەزەپ بىلەن، —
ماڭا ئەنجاندىن ئىككى يۈز لەشكەر توپلاپ بەرگىن. بىرەرى
ئۆلۈپ كەتسە، خۇنىنى تۆلەيمەن. مەن ئۇلارنى تارتۇق سۈپىتىدە
تۇتۇپ تۇرۇپ... ئابدۇراخمان... ئابدۇراخمان! ماڭا ئىككى يۈز
لەشكەر...

ئابدۇراخمان ئابىل تۆرىنىڭ تىترەۋاتقان لېۋىگە، تاتىرىپ
كەتكەن يۈزىگە قاراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىش مەقسىتىدە
ھىجىيىپ:

— بۇنداق قىلىش يارىمايدۇ، پەنساد ئاكا! ئاچچىقىڭىزغا
ھاي بېرىڭ. بۇ خۇددى قۇرۇپ قالغان شاخقا سەرەڭگە ياققاندەك
گەپ، ئوت كېتىدۇ، پەنساد ئاكا! — دېدى.

ئابىل تۆرە ھەيران قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن: خوش، مېنى
نېمە قىل دېمەكچىسەن، دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى.

— ھازىر ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ قىمىرلاشقىمۇ مادارى
يوق. خانىنىڭ نامى ۋە قۇرۇق غەيرىتىلا بار، خالاس! خەزىنە
بوش. قوشۇن بولسا، تارقىلىپ كەتكەن... ھازىرچە بۇ يەردە

پۈتۈنلەي بىلەن ئېيتىشماي، سەن ياخشى، مەن ياخشى، دەپ ئىش كۆرۈپ يۈرگىنىمىز توزۇكمىكىن؟ شۇنداق قىلمىساق، پەنساد ئاكا، بىزگە باشپاناھ بولۇپ تۇرغان سامانخانىغا ئوت تۇتىشىپ كېتىشى مۇمكىن، ئەسكى سامانخانا كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىز بىلەن بىزگە ئەسقېتىپ قالىدۇ.

ئەلچىنىڭ سۆزى ئابىل تۆرىنىڭ سۆڭەك ـ سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كەتتى، ئۇ يەرگە قاراپ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى:

— گۆش ـ مايلىرىڭلار كېتىپ، قۇرۇق ئۇستىخىنىڭلار قالغانىكەن ـ دە!

— ئىلاج قانچە، پەنساد ئاكا؟ بېكنەزەر باتۇرنىڭ سالىمىنى يەتكۈزمەكتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق. بۇنداق ھەق گەپلەرنى ئەلدىن كۆپ ئاڭلىدىم. ھەم ياقىلىشىمىز، ھەم ماختىشىمىز كېرەك. ھەزرىتى ئالىيلىرىغا، شۇنداقلا سىز بىلەن بىزگە خەلقنىڭ مۇشۇنچىلىك قالغىنىمۇ غەنىيمەت بولۇپ قالدى.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى توختاپ، ئارىغا جىملىق چۈشتى. ھەركىم ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇراخمان مۈگدەپ قالغان كۆزلىرىنى ئاستا ئېچىپ:

— دەرۋەقە… ئۆزگەن تەرەپلەرگە قاتناپ تۇرغان كىشىلەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— يوق … نېمە بولدى؟ كېرەكمىدى؟

— كېرىكى يوق! — دېدى ئابدۇراخمان، — بىزگە شۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان پاراكەندىچىلىكمىكىن، دېمەكچىمەن.

— خۇدا ساقلىسۇن!

يەنە جىم بولۇشتى. ئوي ـ خىياللار ھەر ئىككىسىنى چارچاتتىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۇلار بوشىشىپ كەتكەندى…

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

## 1

1842 - يىل، ياز...

شىرئەلى خۇددى كەڭ يايلاقتا ئوتلاپ يۈرگەن تايچاقتەك بىغەم ئىدى. سەھەردە ئۇ مۇزدەك قىمىزدىن قورسىقى تويغۇدەك ئىچتى - دە، يورغا بايتىلىنى مىنىپ، كېچىچە ئوتلاقتا ئوتلاپ يۈرگەن سېغىن بايتاللارنى ھەيدەپ كەلدى. ئۇ قۇلۇنلارنى ئانىلىرىدىن ئايرىۋېلىپ، ئايرىم باغلاپ قويدى. ئۇنىڭ كۈندە قىلىدىغان ئىشى شۇ ئىدى. ئۇ قۇلۇنلارنى باغلاپ بولۇشىغا بىر يىگىت يېنىغا كەلدى.

— شىرئەلى، دادخاھ ئاتام چاقىرىۋاتىدۇ، چاققان ماڭ! — دېدى ئۇ ئالدىراپ. يىللاپ بىرەر قېتىممۇ ھال سوراپ قويمايدىغان دادخاھ ئاتا ئەمدى مېنى نېمىگە چاقىرىپ قالدىكىن، دېگەن ئوي بىلەن شىرئەلى ھېلىقى يىگىتنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

ئاق تۇغ باغلانغان ھەشەمەتلىك ئاق ئۆينىڭ ئەڭ تەرىپىگە ئۇزۇن بىر ياغاچ ئورنىتىلغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدىن خېلى يەرگىچە توسالغان توسۇق ئىچىدە ئىلگىرى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان ناتونۇش ئاتلار تۇراتتى. تۈنۈگۈندىن بېرى، بۇ يەرگە قوشنا قىشلاقلاردىن بىرمۇنچە ئاقساقاللار كەلگەنىدى. شىرئەلى ئۇلارنى ھاجىباي دادخاھنىڭ ئىخلاسمەن مۇرىتلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ئۆيدىكى كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى

كىشىگە خۇددى ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ بىر خىل رىتىمدىكى غۇ-
ڭۇلداشلىرىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. شىرئەلى بىرئاز ئوڭايسىزلاندى.
ئۇ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، زورمۇزور ئۆيدىكىلەرگە خالار -
خالىماس سالام بەردى. داستىخاننىڭ ئەتراپىدا يۇرتنىڭ ھۆرمەت-
لىك قېرىلىرى، چەبدەس مىرزىلىرى ئون ئىككى قاناتلىق بۇ
چوڭ ئۆيدە چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. تۆردە ئولتۇرغان،
كىمخاب چاپىنىنى يەلكىسىگە ئارتىۋالغان ھاجىباي دادخاھتىن
باشقا ھەممە كىشى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، شىرئەلىنىڭ سالىمىغا
جاۋاب قايتۇردى. بۇ نېمە گەپ؟ ھېچقاچان بۇنداق ھۆرمەتكە
سازاۋەر بولۇپ باقمىغان شىرئەلى خېلىلا تەمتىرەپ قالدى. مېھ-
مانلارنىڭ ئۇنىڭغا ھەۋەس ۋە قىزىقىش بىلەن قاراشلىرى ئۇنى
تېخىمۇ ئوڭايسىزلاندۇردى.

ئېڭەك گۆشلىرى ساڭگىلاپ قالغان، بېشى مىدىرلاپ تۇرى-
دىغان، تىزلىرىنى پۈكۈپ ئولتۇرغان ھاجىباي دادخاھ خۇددى
چۆكۈپ ئولتۇرغان قارا تۆگىگە ئوخشىشىپ قالغانىدى. ئۇ بېشى-
نى كۆتۈرۈپ:

— شىرئەلىمۇ سەن؟ كەلدىڭمۇ؟ — دېدى، كېيىن نۇرسىز
كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككىنىچە قوشۇپ قويدى، — يېقىنراق
كەلگىن، قارىچۇقۇم.

شىرئەلى ئېگىلىپ، بوۋاينىڭ قۇرۇق ياغاچتەك بولۇپ قال-
غان قولىنى ھۆرمەت بىلەن ئاستا سىقىپ قويدى - دە:

— كەلدىم، تاغا… چاقىرغانىكەنسىز … — دېدى بوش
ئاۋازدا.

— ياخشى، ئولتۇرغىن…

شىرئەلى يەكتىز بولۇپ ئولتۇردى - دە، دادخاھنىڭ ئورۇق
ۋە سەپكۈن باسقان يۈزىگە ئويچانلىق بىلەن تىكىلدى. ھاجىباي
دادخاھ بولسا، كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ:

— مانا بۇ ئادەملەر سېنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئېغىر ـ بېسىلىق بىلەن، — ئاڭلاۋاتامسەن؟

— قۇلىقىم سىزدە، تاغا...

ھاجىباي دادخاھ ئاپئاق ساقىلىنى كۇچسىز قوللىرى بىلەن سىلىغاچ كالتە يۆتەلدى:

— ياخشى دادىنىڭ قوشۇق بىلەن توپلىغان مال ـ مۈلكىنى يامان ئوغۇل چۆمۈچ بىلەن چېچىپ تۈگىتەر، دېگەن گەپ راست. ئەمىر تېمۇر كوراگانىي بەرپا قىلغان كەڭ ۋە قۇدرەتلىك دۆلەت ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يۈز يىلمۇ داۋاملىشالمىدى. ئۇنىڭ ھەر-بىر شەھەر ۋە ئەللەردە ياشاۋاتقان مىراسخور ئوغۇللىرى بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالماي، ھەرقايسىسى ھەر تەرەپكە تارتىش نەتى-جىسىدە، دۆلەت پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىدى. ئەمىر تېمۇر كورا-گانىينىڭ مىران شاد دېگەن بىر ئوغلىدىن سۇلتان مۇھەممەت، سۇلتان مۇھەممەدتىن ئەبۇ سەيىد، ئۇنىڭدىن بولسا، ئۆمەر شەيخ دۇنياغا كەلگەنىدى. پەرغانە ئەنە شۇ ئۆمەر شەيخنىڭ ئىلكىدە ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆز ئالدىغىلا سەمەرقەنتتىكى ئۇلۇغ ئەمىر-لەرنىڭ بىرى بولۇۋالدى. ئۇ ۋاقىتلاردا، ھۆكۈمدارلار ئۆزلىرى-نىڭ شان ـ شۆھرىتى ئۈچۈن، ئەتراپلىرىغا ئاتاقلىق شائىر، ناخشىچى، ئۇسسۇلچى، سازەندىلەرنى توپلاپ، ئوردىدا تۇتىقۇش، بۇلبۇل ۋە ئاق كەپتەرلەرنى بېقىپ، كۈنلىرىنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بىر كۈنى ئۇ، ئەقسى شەھىرىدىكى سەيلىگاھ-نىڭ بىر چېتىدە ئاق كەپتەرلىرىگە دان چېچىپ ئولتۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز كەپتەرخانا ئۆرۈلۈپ، ئۆمەر شەيخ ياردىن غۇلاپ ئۆلگە-نىكەن. شۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ تۇنجى ئوغلى بابىر تېخى ئون ئىككى ياشتا ئىدى. شۇ يىلى، يەنى 899- يىلى (ھىجرىيە 1493 ـ يىلى) بابىر ئاتىسىنىڭ ئورنىغا سۇلتان بولۇپ تەيىنلەندى. جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتىن يېتىشكەن بابىر تولىمۇ غەيرەت-لىك ۋە تېتىك بولۇپ، بوۋىسى ئەمىر تېمۇرنىڭ مەزگىلىدە پارچىلىنىپ كەتكەن دۆلەتنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈشكە

بەل باغلىدى. شۇ ۋاقىتتا، قەدىمكى سەيىنخاننىڭ (باتۇرخاننى دېمەكچى) ئىنىسى شەيبانىينىڭ ئۇرۇقىدىن تارقالغان، كېيىن-رەك بوۋىسىنىڭ نامىنى قوللانغان شەيبانىيخان دېگەن بىر پالۋان چىققانىدى. ئۇ بىر يەردە پەقەت تىنىچ تۇرالمىغاچقا، دەسلەپ ئەدىل قىرغىقىدىكى كۆك ئوردىدىن، كېيىن ئاق ئوردىدىن كۆ-چىقىشقا قاراپ يۈرۈش قىلىدۇ ۋە سەمەرقەنتكە يېتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا، ئۆز ئاكا - ئۇكىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكىنىگە چىدىغان بابىر بوۋىسىنىڭ سەمەرقەنتتىكى تەۋەررۇك تەختىنى ئۆگەي دادىنىڭ ئوغلىنىڭ ئىگىلىۋېلىشىغا زادى چىداپ تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان بابىر شەيبانىي-خان بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ ۋە ئۇنى سەمەرقەنتتىن ئۈچ قېتىم قوغلاپ چىقىرىدۇ. لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇنىڭ بۇ يەرنى بىر يولدىلا قولغا كىرگۈزۈشكە قۇدرىتى يەتمەي قالىدۇ. ئاكا - ئۇكىلىرى ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسى-چە، شەيبانىيخاننى ئۆزلىرىگە پاناھ قىلىپ، پەرغانە ۋادىسىنى تالىشىشقا ئۇرۇنىدۇ. نەتىجىدە، بابىر مىرزا ئۆزى بەختىنى باشقا ئەللەردىن تېپىش ئۈچۈن، ئافغان تەرەپكە باش ئېلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ…

ھاجىباي دادخاھ تامىقىنى قىرىۋېلىپ، ئالدىرىماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. شىرئەلى بولسا، كىرپىكىنىمۇ قاقماي، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، بۇ سۆزلەر نېمىگە، نېمە ئۈچۈن ئېيتىلىۋاتقان-لىقىنى ئاڭقىرالماي جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتاتتى.

— بابىر مىرزا پۈتۈن ئائىلىسىنى ھەم يېقىن كىشىلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ. بىۋاپا دۇنيا… ئامىتى كەتكەن يولۋاس جاڭگالدا ئاچ قېلىپ ئۆلىدۇ، دېگەن گەپ بار. شۇنداق قىلىپ، بابىرغا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىدا، ئاتا - بوۋىسىنىڭ دىيارىدا ئاياغ قويغۇدەك يەر، باش تىققۇدەك پاناھ جاي تېپىلمى-دى. شۇ كۈنلەردە، سەيدەفەك دېگەن خوتۇننىڭ بويىدا بولۇپ،

ئاي ـ كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار تاغ يولى بىلەن كېتىۋاتقىنىدا، خوتۇننى تۈيۈقسىز تولغاق تۇتۇپ قالدى. ئاخىر سەيدەفەكنىڭ كۆزى يورۇپ، ئوغۇل تۇغدى. بۇ يەردە ئۇزۇن توختاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئارقىدىن دۈشمەن قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمدىلا تۇغۇلغان نىمجان بوۋاقنى ئات ئۈستىدە ئېلىپ قېچىشقا بولمايتتى، تاشلاپ كېتىشكە كۆزلىرى قىيىشمايتتى... ئۇلار ئۇزۇن ئويلاپ، ئاخىر بوۋاقنى يول بويىدا قالدۇرۇپ كەتمەكچى بولدى. رىزقى بولسا، ئۆلمەي قالار، دەپ ئويلاشتى. سەيدەفەك ئوغلىنى ئەمگۈزۈپ، زار ـ زار يىغلاپ بۆشۈككە بۆلىدى ۋە ئۈستىگە ئاق شايى رومالنى ياپتى. سۇلتان بابىر ئېتىغا مىنىش ئالدىدا ئوغلىنىڭ مەڭزىدىن سۆيۈپ، بىلىدىكى گۆھەر كەمىرىنى يېشىپ، بۆشۈكنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويدى ۋە تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئانا تۇپراقنى تاشلاپ كەتتى.

ئولتۇرغانلار ھاياجانلىنىپ، ئورۇنلىرىدىن مىدىرلىشىپ كەتتى ۋە ھاجىباي دادخاھنىڭ ئاغزىغا قارىشىپ تۇردى.

— دەل شۇ يەرلەردە توپلىشىپ ياشاۋاتقان قىپچاق، قىرغىز قىرىق، مىڭ دېگەن ئورۇقلار بابىر مىرزا بالىسىنى تاشلاپ كەتكەن جايدىن يايلاقلا كۆچۈپ كېتىۋېتىپ، ئىڭەلەپ يىغلاۋاتقان بىر بوۋاقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. ئارىدىن بىرى ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئېگىز ئۆسكەن ئوت ـ چۆپلەرنىڭ دالدىسىدا تۇرغان بىر ئالتۇن بۆشۈكنى تېپىۋاپتۇ...

مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن مىدىرلىشىپ، بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى. بۇ ۋەقەنىڭ تېگىگە بىر شىرئەلىلا ئەمەس، شۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى يېتەلمىدى.

«ئاھ، ھەممىگە قۇدرەتلىك ئۇلۇغ تەڭرى! بىراۋنى پاناھىڭغا ئالساڭ، قىلىنىڭ ئۈستىدىمۇ ساقلايسەن!» دېيىشتى ئەتراپتا ئولتۇرغانلار ھەيران قېلىشىپ.

— ھېلىقى ئادەم بوۋاقنى ئالتۇن بۆشۈكى ۋە گۆھەر كەمەرى بىلەن قىشلاقتا ئەكەپتۇ. يۇرتنىڭ ئاقساقاللىرى يىغىلىپ، ئالتۇن بۆشۈك، گۆھەر كەمەرنى كۆرۈپ، بۇ چوقۇم زاتى ئۇلۇغ كىشىنىڭ پەرزەنتى ئىكەن، دېيىشىپتۇ ۋە يىراق - يېقىنغا خەۋەر قىلىپ، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنى كۆپ سۈرۈشتە قىپتۇ. لېكىن بۇنىڭدىن نەتىجە چىقماپتۇ. نىھايەت، مىڭ ئۇرۇق قىشلىقىدىن بىر ئايالنى تېپىپ كېلىپ، بوۋاقنى بېقىشنى تاپشۇرۇپتۇ. بوۋاقنا «ئالتۇن بۆشۈك» دەپ ئات قويۇشۇپتۇ. شىرئەلى، ئاڭلاۋاتامسەن، چىراغىم؟...

شىرئەلى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— سەن شۇ ئالتۇن بۆشۈكنىڭ ئەۋلادىسەن. ئاڭلىدىڭمۇ؟ سەن سۇلتانلار زاتىدىنسەن!

ئۆيدىكىلەر ھەيران قېلىشىپ، خۇددى شىرئەلىنى ھازىر كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاراشتى. شىرئەلى بولسا، تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، بىر تاتىرىپ، بىر قىزىرىپ، ياكى خۇشال بولۇشنى، ياكى خاپا بولۇشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى.

— كېيىن... ھە، خېلى ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان بابىر ھىندىستانغا پادىشاھ بولۇپ تۇرغىنىدا، بۇياققا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئوغلىنى سۈرۈشتە قىلغانىكەن. ئەلچىلەر ئىزدەپ يۈرۈپ، ئاخىر ئالتۇن بۆشۈكنى تېپىپتۇ. لېكىن ئۇنى باققان ئەل ئالىنى بەرمەپتۇ. ئالتۇن بۆشۈك چوڭ بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەندە، ئۇنىڭغا تۆت ئۇرۇقتىن تۆت قىزنى ئېلىپ بېرىپتۇ. چوڭ خوتۇنى قۇتلۇقخان مىڭ ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ۋاقتى - سائىتى توشقاندا، تەڭرىيار ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ... — ھاجىباي دادخاھ بىرئاز توختاپ تىنىۋالماقچى بولدى، ئۇنىڭغا چوڭ پىيالىدە قىمىز ئۇزىتىشتى، دادخاھ قىمىزنى ئوتلاپ، تامىقىنى نەمدىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شەيبانىي

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇقىدىن بولغان بۇخارانىڭ ھۆكۈمرانى ئابدۇلمۆمىن فەرغانىگە
ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئەڭ يېقىن قېرىندىشى ئۆزبېك خانىنى
ئۆلتۈرۈپ، بۇ كەڭ تۈزلەڭلىكنى ئۆزىگە قارىتىپ، بۇخاراغا
قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، يولدا ئۇنى ئايغاقچىلار ئۆلتۈرۈپ تاشلاي-
دۇ. شۇنىڭ بىلەن شەيبانىيلار ھالاكەتكەن قاراپ يۈز تۇتىدۇ.
كېيىن، ئەشتارخانىيلار تەختكە ئولتۇرىدۇ. تەخت تالىشىش ئۇ-
زۇن ۋاقىت داۋاملىشىدۇ ۋە بۇخارالىقلار فەرغانىنى ئۆز ھۆكۈم-
رانلىقىدا ئۇزۇن تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. فەرغانىلىكلەر ئۇلارغا باش
ئەگمەي، سۇلتان ئۇرۇقىدىن بولغان تەڭرىيارنى ئۆزلىرىگە بەگ
قىلىپ ئېلان قىلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، تەڭرىيار ئاتمىش ياش ئە-
كەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پەيغەمبەرنىڭ يىل ھېسابى بويە-
چە، 1006 ـ يىلىغا[1] توغرا كېلىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، تەڭرى-
ياردىن تارتىپ نار بۇتىغا قەدەر ئون ئۈچ بەگلىك ئۆتتى. بىلىۋال-
غىن، ئوغلۇم! ئالتۇن بۆشۈكنىڭ ئۇرۇقىدىن ئون ئۈچ بەگ
دەۋر سۈرگەن. ئۇنىڭ تۆت خوتۇنىدىن دۇنياغا كەلگەن پەرزەنت-
لىرى ھېچكىمگە باش ئەگمەي، «ئۆزى خان»، «ئۆزى بەگ»
ئاتىلىپ كەلدى. شۇ ۋاقىتلاردا، شادى دېگەن بەگ مەرغىلانغا
يېقىن تاغدا ئوۋ ئوۋلاپ، قايتىپ كېلىۋېتىپ، قىرغىز ئاۋۇلى-
رىنىڭ تۇرمۇشىغا قىزىقىپ كۆرۈپ ئۆتمەكچى بولىدۇ ۋە كىيىم-
لىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئاۋۇلنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرگەندە،
قىشلاقتىكىلەر ئۇنى تونۇپ ـ تونۇماي ئۆلتۈرۈپ قويۇشىدۇ. ئۇ
ۋاقىتتا، ئاۋۇلدىكىلەرنىڭ بەگنىڭ خۇنىنى تۆلەشكە كۈچى يەت-
مەيتتى. 1174 ـ يىللاردا، مانجۇلار قەشقەرنى ئىستىلا قىلىدۇ.
كېيىن جۇڭغار قالماقلىرىنى باستۇرۇپ، بىز تەرەپكە كۆز تىكى-
دۇ. قالماقلاردىن ئامان قالغانلىرى باشپاناھ ئىزدەپ فەرغانىگە
كېلىدۇ. ئالتۇن بۆشۈكنىڭ ئوغۇللىرى قالماقلارغا يول كۆرسى-
تىپ، ئۇلارغا تەسىر قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قازىنىدۇ.

---

① مىلادىيە 1597 ـ يىل.

ئەڭ ئاخىرىدا، بەگ ناربۇتا ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرالايدىغان ئوردا تەشكىل قىلىش مەقسىتىدە، 1216 ـ يىلى تۇنجى ئوغلى ئالىمنى ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، خانلىققا قويدۇ.

مېھمانلار دادخاھ بوۋاينىڭ ھېكايىسىنى زەن قويۇپ ئاڭلىدى ۋە تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئوتتۇرا ياشلاردىكى، يوغان كۆز، ئورۇق كەلگەن شىرئەلىگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويۇشاتتى.

— شۇنداق قىلىپ، قوقان ئوردا ئاتىلىپ، سارايلار سېلىندى. ئالتۇن ـ كۇمۇش تەڭگىلەر سەرپ قىلىنىپ، خەزىنە ھېسابىغا ئەسكەرلەر توپلاندى. ھۆكۈمرانلىق خاننىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇ چاغدا، مەن كۇتۇلمىگەندە، ئالىمخاننى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ ئىش بىلەرمەن، تەدبىرلىك، شۇنداقلا زالىم كىشى بولۇپ، دۆلەتنى قىلىچ بىلەن قولغا كەلتۇردى. بۇ يولدا ئۇ ئارغىماقلارنىڭ تۇياقلىرىنى، يىگىتلەرنىڭ قېنىنى ئايىمىدى. ئۇنىڭ دەۋرىدە قوقان خېلىلا گۈللەندى. شىرئەلى! ئاڭلاۋاتامسەن، قارىچۇقۇم! ئالىمخان ئۇدۇل كەلگەن كىشىگە ئىشىنىۋەرمەيتتى. دادىسى ناربۇتا دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن، يوشۇرۇن بالايىئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالغىنىم ياخشى، دەپ ئويلاپ ئاتىسىنىڭ قېرىنداش ـ ئۇرۇقلىرىنى يوق قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن سېنىڭ داداڭ ھاجىبەگنىڭ كاللىسىنى ئالدى، ئوغلۇم!...

شىرئەلى يالت قىلىپ بوۋايغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— ھاجىبەگ بىلەن ناربۇتا بەگنىڭ دادىسى بىر، ئانىسى باشقا ئىدى. ھاجىبەگ ئۇزاق مەزگىل چاتقالدىكى تاغلىقلارنىڭ قولىدا ياشىغان ھەم سىرتتىن ئۆيلەنگەن. ناربۇتا بەگ قازا قىلغاندا، ئۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوردىغا كەلگەن ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان. كېيىن، ئالىمخان ئۇنىڭ بېشىغا چىققتى. بۇ ئىش 1223 ـ يىلى يۈز بەردى. شۇ ۋاقىتتا مەن ئوردىدا ئىدىم.

بىزنىڭ ئەھۋالىمىزمۇ چاتاق ئىدى. شۇڭا، ئۆز يېقىنلىرىم بىلەن سېنى ئاتقا مىنگەشتۈرۈپ، كېچىلەپ شەھەردىن چىقىپ كەتتۇق.

شىرئەلى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ كۆزىدە ياش ئەگىشكە باشلىدى.

— ھە، سەن بىلمەيسەن... ئۇ چاغدا سەن كىچىك ئىدىڭ. سېنى خانلارنىڭ يامان كۆزىدىن ئاسراپ، قانىتىم ئاستىدا تەربىيىلەپ چوڭ قىلدىم. ئالىمخاندىن كېيىن ئىنىسى ئۆمەرخان تەختكە ئولتۇردى. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز تاجۇ تەختنىڭ خىيالىدا بولۇپ، ئالىمخاننىڭ ۋايىغا يېتىپ قالغان ئوغلى شاھرۇھنىڭ بېشىنى ئالدى. ئۆمەرخاننىڭ نىيىتىنى چۈشەنگەن ئالىمخاننىڭ خوتۇنى كىچىك ئوغلى ئىبراھىمبەگ بىلەن مۇراتنى ئېلىپ، سەمەرقەنتكە قېچىپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆمەرخان ئاكىسىغا قارىغاندا، خېلىلا تەدبىرلىك ئىدى. ھەرقانداق قىيىن ئىشنى قىلىچ بىلەن ئەمەس، ئەقىل بىلەن ھەل قىلاتتى. بولۇپمۇ، شەھەردە مەسچىت سېلىش، مەدرىسە قۇرۇش ئىشلىرىغا، ئىلىم ئىشلىرىغا، قۇرغاقچىلىق يەرلەرگە سۇ باشلاش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى.

ئۆمەرخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، تەختنى ئۇنىڭ ئوغلى مەدەلى ئىگىلىدى. ئەپسۇسكى، ئۇ ئىمانسىز دادىسىنىڭ قوشۇق بىلەن توپلىغان مۈلكىنى چۆمۈچ بىلەن سورۇپ تۈگەتتى. ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ كۆپ مېھنەتلەر بىلەن تىكلىگەن ئوردىنىڭ بەرىكىتىنى كەتكۈزدى. بۇخارانىڭ ئەمرى نەسرۇللاخان توساتتىن ھۇجۇم قوزغاپ، مەدەلىنى خوجەند شەھىرىنىڭ يېنىدا تارمار قىلدى. قوقاننى قولغا ئېلىپ، مەدەلىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى. شەھەرنى ئۆزىنىڭ بەگلىرىنىڭ بىرىگە تاپشۇردى... شۇنداق، كۆز نۇرۇم، يېتىم ئىدىڭ، يېتىلدىڭ. ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى. تالاشمىساڭ تەخت ئۆزى كەلمەيدۇ، ئوغلۇم! دۆ-

لەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. هازىر پۇرسەت ناهايىتى قۇلاي، كې-
يىن داغدا قېلىپ يۈرمە...

هاجىباي دادخاھ خىرقىراپ يۆتىلىپ كەتتى. ئۇ قاچىدىكى
قىمىزنى چايقاپ تۇرۇپ بىرئاز ئىچتى. ھېيلىگەر قېرىنىڭ پۈتۈن
ئوي - خىيالى شىرئەلىدە ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىشىنى ئىنتىزار-
لىق بىلەن كۈتەتتى. شىرئەلى ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— تاغا... يالغۇز ئۆزۈم، قەيەرگىمۇ بارارمەن.

هاجىباي دادخاھ بېشىنى چايقىدى:

— بۇ تەرەپتىن سەن خاتىرجەم بولغىن، — دېدى ئۇ، —
بۇ يەردە ئولتۇرغانلار يالغۇز سېنى ئاتقا مىندۇرۇپ قويۇپ، قاراپ
ئولتۇرمايدۇ. ئاقسى، تالاس، چاتقال ھەممىسى سېنىڭ قولۇڭ-
دا: ئات يالىغا قولى يەتكەنلا كىشى سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولىدۇ.
سەن خاتىرجەم بولغىن. بىر باشقا بىر ئۆلۈم دېگەن گەپ بار.
ئۆلۈمنىڭ ئىلگىرى - كېيىنى يوق. نومۇس ئۆلۈمدىنمۇ يامان.
ساپ نەسلىڭ يوقىلىپ كەتمىسۇن، دەپ تېگى - تەكتى بار تۇبەي
ئۇرۇقىنىڭ بېگى توختى نەزەرنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەردىم. ئاللاغا
مىڭ قېتىم شۈكرى. ئۈچ بالاڭ بار. ئەندىشە قىلىدىغان ھېچ
يېرىڭ يوق. بۇ يەردە سېنى قوللاپ، ساڭا يار - يۆلەك بولىدىغان
كىشىلەردىن بىرى، ئاقسىنىڭ ھۆكۈمدارى يۈسۈپ بەگ ئولتۇ-
رۇپتۇ...

شىرئەلى يەر ئاستىدىن ئۇنىڭغا قارىۋىدى، تايغاننىڭ كۆزى-
دەك قۇۋلۇق چىقىپ تۇرغان بۇ سېرىق ساقاللىق كىشىنىڭ
كۆزى بىلەن شىرئەلىنىڭ كۆزى ئۇچرىشىپ قالدى. هاجىباي
دادخاھ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان قاۋۇل ۋە بەستلىك يىگىتنى
كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ يىگىتنى تونۇيسەن، ئۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىنىمىز سەيدئە-
لى بەگ. مانا، كۆز نۇرۇم. مانا بۇلارنىڭ بىرى ئوڭ قولۇڭ،
يەنە بىرى سول قولۇڭ بولىدۇ، — دېدى.

شىرئەلى بېشىنى كۆتۈرۈپ تىك قارىيالمىدى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، ئۇ ئېگىشىپ بېرىپ، تاغىسىنىڭ قارا كىمخاب چاپىنىنىڭ ئېتىكىنى سۆيۈپ تاۋاپ قىلدى. ھاجىباي دادخاھ يۆتىلىپ قويدى.

— ئاھ، تەڭشەلمىگەن دۇنيا!... ئىلگىرىكىدەك كۆزلىرىم روشەن، بىلەكلىرىمدە كۈچ بولغىنىدا... ئاھ، مېنىڭ كۆز نۇرۇم. شۇ ئەزىمەتلەرنىڭ پېشىدىن چىڭ تۇتساڭ، مۇرادىڭغا يېتىسەن. ئۆزگىنىڭ ھالال خىزمىتىنى ھالال مېھنىتىڭ بىلەن ئاقلاشنى بىل. ئەل سەندىن ئۈمىد كۈتىدۇ.

شىرئەلى تەرلەپ كەتتى، ئاغزىغا بىرەر ئېغىز سۆزمۇ كەلمەيتتى.

ھاجىباي دادخاھ يۇسۇپ بەگكە قارىدى:

— يۇسۇپ ئۇكام، باشلىغان ئىشىڭ تولىمۇ مۇشكۇل... — دېدى ئۇ ئويلىنىپ، — ئەمما، سېنىڭ يولۇڭ ئوچۇق، سەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چوقۇم چىقىسەن. بوران چىقسا كۆل دولقۇنلىنىدۇ. ئەلمۇ كۆلگە ئوخشىشىدۇ. چامىمچە، نەسرۇللاخاننى بوران ئۇركۇتۇپ قويغان ئوخشايدۇ. ئىككىلەنمەي ئاتلىنىڭلار. باشقا ۋاقىتتا بولسا، بۇنچىۋالا خەلقنى قوزغاپ، ئوۋغىمۇ ئاچىقالمايسەن. سەپىرىڭ بىخەتەر بولسۇن، ئىشلىرىڭ قۇتلۇق بولسۇن. بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى مەدەت بەرسۇن. ئامىن!... — دېدى ئۇ ۋە ئورۇق قوللىرىنى كەڭ يېيىپ، يۈزىگە ئاپىرىپ سۈركىدى، — شىرئەلىنى سىزلەرگە، سىزلەرنى خۇداغا تاپشۇردۇم... ئاللاھۇ ئەكبەر!...

— ئاللاھۇئەكبەر!...

ھەممە دۇئا قىلىشتى. يۇسۇپ بەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، تەزىم قىلدى ۋە ھاجىباي دادخاھنىڭ قولىنى ئاستا تۇتۇپ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ:

— بىزنى ئۆزىڭىزدەك كۆرۈڭ!... — دېدى.

ئەتىسى يۈسۈپ بەگ ھاجىباي دادخاھ قوشۇپ بەرگەن يەڭمىش يىگىت بىلەن شىرئەلىنى ئېلىپ، كېچىدە قارىبۆۋرە داۋىنى ئارقىلىق ئاقسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 2

يۈسۈپ يېتىپ كېلىپلا، مەسلىھەتگۆيلىرىنى چاقىرىپ، شىرئەلىنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى ۋە ئۆزۈندىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن نىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— قوقانغا يۈرۈش قىلىمەن! — دېدى ئۇ ۋە خەيرلىك ئىشنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە، دەرھال ئاق ئاتلارنىڭ يالى ۋە قۇيرۇقىنى قىزىل قانغا بوياتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا جارچىلارنى مىندۈردى، جارچىلار ئاۋۇل - قىشلاقلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ جاكار سالدى:

«مۆھتەرەم يۈسۈپ بەگ قوقانغا يۈرۈش قىلىدىغان بولدى. خالايىق قوزغىلىڭلار! يۈسۈپ بەگ ئوردىنى بۇخارالىقلاردىن تازىلىماقچى، يۈسۈپ بەگنىڭ قولىدا تاجۇ تەخت مىراسخورى بار. قوزغىلىڭلار! يۈسۈپ بەگ ئادىل زامان ئورنىتىشقا بەل باغلىدى. ئالتۇن تاجۇ تەخت ئالدىدا بەندىلىك قەرزىمىزنى ئادا قىلايلى. قوزغىلىڭلار! قوزغىلىڭلار…»

يالى ۋە قۇيرۇقى قىزىل قانغا بويالغان ئاق ئاتلىق جارچىلار سىر دەريا بىلەن قارا دەريا ئوتتۇرىسىدىكى قىپچاق قەبىلىسىگە خەۋەر يەتكۈزدى. ئەل قوزغىلىپ تەرەپ - تەرەپتىن ئاق، كۆك تۇغلارنى كۆتۈرگەن قوشۇنلار كېلىشكە باشلىدى.

… خۇددى ئاپئاق قاردىن سەللە ئورىۋالغاندەك، ئېگىز تاغ

چوققىلىرىنىڭ ئېتىكىگە ۋە سايىنىڭ ئىككى تەرىپىگە سان -
ساناقسىز كىگىز ئۆيلەر، چېدىرلار تىكىلگەنىدى. قوشۇنىنىڭ
ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ كۆپى دەريا تەرەپتە
ھەربىي مەشىق قىلىۋاتاتتى.

دەريادىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر تۆپىلىكتە باشقا ئۆيلەرگە قارىغاندا، خېلىلا ھەشەمەتلىك بىر ئۆي قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چەت - چۆرىسىگە قىزىل جىيەك تۇتۇلغان ئەنە شۇ ئاق ئۆينىڭ ئۈستىدە ئاي شەكلى چۈشۈرۈلگەن يېشىل تۇغ شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ، ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىلىچ تۇتقان ئىككى پوست ياغاچتەك قېتىپ تۇراتتى.

ئىشىكتە تىك تۇرغان بۇ ئىككى يىگىت يۈسۈپ بەگ تاشقىرىغا چىقىشى بىلەن ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ، يول بەردى. يۈسۈپ ئۈستىگە قىزىل تون كىيىپ، بېشىغا كۆك سەللە ئورىۋالغانىدى. بېلىدىكى پوتىسىمۇ سەللىسىنىڭ رەڭگىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا بوخارالىق زەرگەرلەر چىرايلىق نەقىشلىگەن شەمشىرىنى ئېسىۋالغانىدى. پۇتىغا بولسا، ئۆكچىسى ئېگىز ئۆرۈمە ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. ئەتراپىدا بىر توپ مەسلىھەتچىلىرى ھەرقاچان ھازىر بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇ ئەتراپتا ئارام ئېلىۋاتقان قوشۇنلىرىنى ئۆزىگە خاس بىر خىل ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھېلى ئالدىدا ئىنتايىن مۇشەققەتلىك يول تۇرغانلىقىنى خىيالدىن ئۆتكۈزدى.

— كانايچى چېلىنسۇن! — دېدى يۈسۈپ بەگ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن.

ئىككى كانايچى پۈتۈن ھۈنەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ چېلىشقا باشلىدى. كاناي سادالىرىدىن تاغۇ تاشلار زىلزىلىگە كېلىپ، پۈتكۈل ئەل جانلىنىپ كەتتى. كىشىلەر بىر يەرگە توپلىنىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا يىگىتلەردىن بىرى ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ، بەگنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇ تېخى سالام بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا، يۈسۈپ بەگ:

— تەييارلىقىڭلار پۈتتىمۇ، كېدەيباي! بولمىسا تېزلىتىڭلار! — دېدى. كېدەيباي ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ۋە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى يىگىتلەردىن بىرىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ:

— تەييار! ھەممىسى تەييار بولدى. يۈسۈپ ئاكا ...

يۈسۈپ بەگنىڭ چىرايى ئېچىلدى.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنى ئاچىقىڭلار! تېزرەك! قورال! تۇغ!

بەگلەر ھەيران قېلىشتى. كېدەيباي چېدىرغا كىرگەندە، شىرئەلى، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي، يۈرىكى پوكۇلداپ ئولتۇراتتى.

— كېلىڭ، قېيناكا! ... — دەپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى ئۇ.

كېدەيباي ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئورنىغا:

— تۇر ئورنۇڭدىن... ھەممە ئىش تەييار بولدى! ... — دېدى ۋە شىرئەلىنىڭ كونا تونىنى، يىرتىلىپ كەتكەن چەكمىنىنى كىيدۈردى، بېلىگە قاسماق بەلبېغىنى باغلىدى. ئۆزىنىڭ قېيىنىسى بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ كېدەيباي شىرئەلىنىڭ ئۈستىبېشىغا قاراپ بىر قىسما بولۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىبېشىدىن خەۋەر ئالمىغان يۈسۈپتىن خاپا بولدى. مۇشۇمۇ شاھزادىنىڭ تۇرقىمۇ؟ خەلق ئۇنى كۆرۈپ نېمىمۇ دەر؟

شىرئەلى چېدىردىن چىقتى. ئۇنىڭ جىددىيلىشىپ ھالى قالمىدى، پېشانىسىدىن تەر ئېقىپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي، تۆت ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. ئۇنى بىر يېنىدىن كېدەيباي، يەنە بىر يېنىدىن قىپچاق ئورۇقىنىڭ بېگى مۇسۇلمانقۇل سۆرەپ دېگۈدەك ئاچىققانىدى.

— قورال! تۇغ!

تاراسلاپ ئاسمانغا مىلتىق ئېتىلدى. چېدىرنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرغان دۇمباقچىلار بىلەن كانايچىلارنىڭ دۇمبۇرلىگەن سادالىرىدىن ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كەلدى. خاتىرجەم ئوتلاپ

يۈرگەن ئاتلار نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي، ئۈركۈشۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلاتتى. قوشۇن كۆك تۇغ ئاستىغا توپلاندى. ياپيېشىل مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاپئاق كىگىز سېلىنغانىدى. كىشىلەر ئەنە شۇ ئاق كىگىزنىڭ ئەتراپىغا توپلىنىپ، تۆپىلىككە قاراپ تۇرۇشاتتى. چېدىر بىلەن ئاق كىگىز سېلىنغان مەيدان ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتا لەشكەرلەر ئىككى تەرەپكە سەپ تارتىپ يول چىقارغانىدى.

— قايسى؟... قايسىكىنە؟...

— يوق گەپ!...

— ئايىغىدىكى چورۇقىنى قارا... تۇۋا... ياماۋېرىپ ساق يېرىمۇ قالماپتىغۇ!

— ھى - ھى...

— ئاستا!... گېلىڭغا شەمشەر قادالمىسۇن، يەنە ...

يۈسۈپ ئوتتۇرىدىن ئېچىلغان تار يولدىن سۈرلۈك قەدەم تاشلاپ كېتىپ بېرىپ، خەلقنىڭ شىۋىرلاشقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئۆزىگە - ئۆزى تەسەللى بېرىپ: ياخشى بولدى. خەلق كۆرسۇن. شىرئەلىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلسۇن، ئۇنىڭ قانداق كۈچلۈك قوللار بۇ ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇۋاتقانلىقىنى بىلسۇن، دەپ ئويلىدى.

ئاق كىگىزنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرۇشقان ئاپئاق ساقاللىق قېرىلار بەگنى ئېھتىرام بىلەن قارشى ئالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆرمەتلىك ئاقساقاللار! — دېدى يۈسۈپ ۋە ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئاتا ئوغلى! ئاقىۋەل بولسۇن! خىزىر كۆتۈۋالسۇن! ...— دېدى ئاقساقاللار ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

يۈسۈپ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ئەتراپىنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىقتى ۋە ئاق كىگىزنىڭ بىر چېتىدە — قوراللىق كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان ئون بەش ياشلار ئەتراپىدىكى بىر بالىنىڭ

يېنىغا كېلىپ توختىدى. بالىنىڭ رەڭگىرويى خۇددى كۆزدىكى يوپۇرماقتەك ساپسېرىق ئىدى، لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەپ تۇراتتى، بىر تىزىنى سەل پۈكۈپ، پۈتۈن ئېغىرلىقىنى شۇ تەرەپكە تاشلاپ تۇرغانلىقى ئۇچۇنمۇ يەلكىسى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ، قوللىرى كېلەڭسىز ساڭگىلاپ تۇراتتى. يۈسۈپ بۇيرۇق بەردى:

— باشلاڭلار!

كاناي ۋە دۇمباق ئاۋازى توختىدى... خەلق يېشىل ئوتلاق ئۈستىگە ئولتۇرۇشتى. ياشانغان ئۆلىمالاردىن بىرى قىرائەت ئوقۇپ، دۇئا قىلدى. شىرئەلىنىڭ ھۆرمىتىگە ئاتالغان قىرا- ئەت، دۇئالار ئاخىرلاشقاندا، ھەممە پاتىھە قىلدى. كاناي، دۇم- باقلار يەنە بىر قېتىم چېلىندى.

— قېنى! «ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر!» ... — دېدى ھېلىقى ئۆلىما بوۋاي خىرىلدىغان ئاۋازدا، — «ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر...»

قوراللىق يىگىتلەر بالىنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ:

— قورقما... قورقما ... — دەپ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، ئاق كىگىزنىڭ يېنىغا ئەكېلىشتى.

— قورقما ھېچ ئىش بولمايدۇ... ھېچ ئىش...

كىشىلەر جىمىپ قالدى. ھەممىسىنىڭ كۆزى بۇ بىچارە بالىدا ئىدى. ئۇ ئەندىكىپ، ئولتۇ‌رغانلارغا قارىغىنىچە، خۇددى بەزگەك تۇتۇپ قالغاندەك تىترەيتتى. كاناي ساداسى ئاستىدا ئۆلىما بوۋاينىڭ: «ئاللاھۇئەكبەر! ... يالغۇز خۇدانىڭ يولىغا، ئاللاھۇئەكبەر! سۇلتانلارنىڭ يولىغا... چىلتەنلەرنىڭ يولىغا... ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر! ...» دېگەن ئاۋازى بىر رىتىمدا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

تۇساتتىن، ئارقا تەرەپتىن كىمدۇر بىرىنىڭ قاتتىق نالە قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممە ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى.

— ئاھ مېنىڭ يالغۇزۇم... ئاھ، سادىغاڭ كېتەي...

بۇ، ئايال كىشىنىڭ نالىسى ئىدى. يۇسۇپنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلدى. ئۇ قان تولغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە بۇرۇلدى. قارا كۆڭلەك كىيىۋالغان بىر ئايال ئولتۇرغان كىشىلەردىن ئايرىلاپ ئۆتۈپ، يولنى توسۇۋالغانلارنى ئىتتىرىپ بۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمىدى، ئۇ خۇددى قىرو باسقاندەك ئاپئاق چاچلىرىنى شامالدا ئۇچۇرتۇپ بالىسىنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغان قوراللىق كىشىلەرنىڭ قارشىلىقىغىمۇ قارىماي، ئېتىلىپ بېرىپ بالىسىنى باغرىغا چىڭ باستى. بالا ئاپىسىنىڭ باغرىدا دىر - دىر تىترەپ تۇرۇپ:

— جېنىم ئانا... ئانا، — دەپ ئانىسىنىڭ باغرىغا تېخىمۇ چىڭ چاپلاشتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۈچلۈك قوللار كېلىپ ئۇلارنى ئىككى تەرەپكە ئاجرىتىۋەتتى. ئانا بالىسىغا ئېتىلىپ، ئۇنى يەنە باغرىغا ئالدى. ئۇلارنى يەنە ئاجراتماقچى بولۇشتى.

— توختا!

يۇسۇپنىڭ قوپال ئاۋازىدىن قوراللىق كىشىلەر كەينىگە داجىدى. ئۇنىڭ سېرىق ساقاللىرى تىترەيتتى. ئۇ غەزەپلەنگەن كۆزلىرىنى قۇربانلىق قىلىش رەسمىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بۇ ئۆلىمالارغا تىكتى. كېيىن ئۇ بۇرۇلۇپ:

— كەمپىر، بۇ سېنىڭ ئوغلۇڭمۇ؟ — دەپ ئاستا سورىدى.

ئايال ئەندىكىپ، داد - پەرياد قىلغىنىچە يۇسۇپنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

— شەپقەت قىلغىن! ... رەھىمىڭ كەلسۇن، بەگزادە... ئۆزى بىر يېتىم بالا، بەگزادە! ... خۇدانىڭ بۇ جازاسى ئۇنىڭغا ئازمىتى... يالغۇز ئوغلۇمدىن قالغان بىر تاللا كۆز قارىچۇقۇم، دادىسىنىڭ مازارىغا قۇرئان ئوقۇغىلى كەتسەم. ھازىدار كېلىنىمنى زار - زار قاقشىتىپ، بالامنى بۇ يەرگە ئەكېلىشىپتۇ... ئاھ،

شەپقەتسىز تەڭرى، ساڭا نېمە گۇناھ قىلغانىدىم...

يۇسۇپ سەل ئېڭىشىپ، موماينىڭ قۇلىقىغا سۆزلىدى:

— كەمپىر، بالاڭنى قايتۇردۇم، كۆپ كايىما، ئەكەت، ئۇلار بۇنى بىلمەي قاپتۇ...

موماي ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي، گاڭگىراپ قالدى، كۆز ياشلىرى توختىماي تۆكۈلۈپ تۇراتتى، ئۇ تېخىچىلا ھوشىنى يىغالمىغانىدى.

— بولدى... بالاڭنى ئەكېتىۋەرگىن، — دېدى يۇسۇپ مومايغا شەپقەت قىلىپ.

— مىڭ ياش... خـودا ئىـككى دۇنيـالىقىڭنى كەم قىلمى-سۇن... غېرىبنى قـوللىغـاننى تـەڭرى قولـلايدۇ... مـىڭ مەرتە ياشا... — دەپ تىزلاندى موماي ۋە نەۋرىسىنى قارا كۆڭلەكى بىلەن يوشۇرۇپ، توپنىڭ ئارىسىدىن تېز - تېز مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئاقساقاللار جىم بولۇشتى. بەگلەرمۇ خىجالەت بولۇپ باشلى-رىنى ساڭگىلاتتى. شىرئەلىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. يۇسۇپنىڭ قاتتىق غەزىپى كەلگەنىدى. كىمدىن ئاچچىقلىنىشنى بىلمەي، ئاق كىگىزنى چۆرىدەپ تۇرغان كىشىلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقتى.

— ئاۋۋال كەمپىرنى تىنچىتىش كېرەك ئىدى. ھېچبولمى-غاندا، ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرمەسلىك كېرەك ئىدى، — دېدى ئۇ قاتتىق تېرىكىپ.

بەگلەرنىڭ قاتارىدا تۇرغان ئابىل:

— ئاشىر! — دېدى ئارقىغا قاراپ.

— لەببەي، بەگ ئاغا ... — دېدى ئاشىر ئالدىراپ، ئۇ ئابىلنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئابىل بىگىز قولى بىلەن ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— تۇتۇڭلار! — دېدى.

ئاشىرنى ئىككى كىشى كاپلا قىلىپ بىلىكىدىن تۇتتى. ئۇ

قارشىلىق كۆرسەتمىدى. ئاناردەك قىپقىزىل يۈزلىرى بىردىنلا پاختىدەك ئاقىرىپ كەتتى. نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇ كۆزىنى ئاستىدىن ئۈزمەيتتى. لېكىن ئابىل ئۇنىڭغا قايتا قايرىلىپ قارىمىدى. كاناي سادالىرى قايتىدىن ياڭرىدى، دۇمباقلار چېلىنىپ، يۈرەك-نى قايتىدىن تىترەتتى. ئۆلۈم! ئۆلۈم! ئەجەبا! كۈتۈلمىگەندە، ئۆلۈمگە يۈزمۇيۈز دۇچ كەلگەن يىگىتنىڭ رەڭگىرويى ئۆچتى.

«ئاللاھۇئەكبەر! ئاللاھۇئەكبەر! سۇلتانلارنىڭ يولىغا… ئاللاھۇئەكبەر! چىلتەنلەرنىڭ يولىغا… ئاللاھۇئەكبەر!» دېگەن ئۈزۈندىن ـ ئۈزۈن قىرائەت ـ دۇئالار ئاشىرنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى.

«ئاللاھۇئەكبەر!… ئاللاھۇئەكبەر!… سۇلتانلارنىڭ يولىغا … چىلتەنلەرنىڭ يولىغا… ئاللاھۇئەكبەر!…»

— قورقما… قورقما… ھېچ نەرسە بولمايدۇ… ھېچ ئىش بولمايدۇ…

بۇ سىلىق سۆزلەر خۇددى قۇرئاننىڭ كەلىمەلىرىدەك، يى-گىتنىڭ قۇلىقىغا يېقىملىق ئاڭلىناتتى. ئۇ ئاستا كۆزىنى يۇم-دى. كۈچلۈك قوللار ئۇنى قاياققا ئېتتەرسە، ئۇ قارشىلىق كۆرسەتمەي، يۈكۈنۈپ جىم ئولتۇردى. ئۆلۈم! ئۆلۈم! ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سوقۇشقا باشلىدى. قورقما! ھېچ نەرسە بولماي-دۇ! ئۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۇمىد ئۇچقۇنلىرى گويا سۇپسۇزۇك تۇن كېچىسىدىكى يۇلتۇزلاردەك پىل ـ پىل چاقناپ تۇراتتى. ئۆرپ ـ ئادەت؟ بەلكى بىرەر يېرىدىن ئانچىكى قان چىقىرىپ قويۇپ، ئاندىن قويۇپ بېرىشەر، نائۇمىد شەيتان!…

كۈچلۈك قوللار ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىنى ئارقىسىغا قايرىپ قاتتىق تۇتۇۋالدى. يەنە بىر كۈچلۈك قول كېلىپ، ئۇنىڭ تېخى تۈكمۇ چىقمىغان ئېڭىكىنى ئېگىز كۆتۈردى.

يىگىتنىڭ كېكىردىكىگە مۇزدەك ئىتتىك بىرنەرسە ئۇرۇ-لۇپ، پۈتۈن تېنى جۇغۇلداپ كەتتى.

— جېنىم ئانا!…

ئۇ ئۈمىدلىنەتتى، ئىككى يەلكىسى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى. كۆز يۇمۇپ - ئاچقۇچە مۇزدەك شەمشەر، رەھىمسىز شەمشەر بۇ قىپقىزىل يۈزلۈك يىگىتنىڭ كېكىردىكىنى كېسىپ ئۆتتى.

«ئاللاھۇئەكبەر! ئاللاھۇئەكبەر! خۇدانىڭ يولىغا... ئاللاھۇئەكبەر! سۇلتانلارنىڭ يولىغا... چىلتەنلەرنىڭ يولىغا... ئاللاھۇئەكبەر!»

قىپقىزىل قان يەرگە سېلىنغان ئاپئاق كىگىزگە يېيىلدى. قاردەك ئاپئاق كىگىز قىزىل قاننى ئۆزىگە سۈمۈرەتتى. سەلكىن شامالدا ئىسسىق قاننىڭ ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى.

كاناي ۋە دۇمباقلار بۇ قانلىق تەنتەنىنىڭ دەھشىتىگە تېخىمۇ دەھشەت قوشۇپ، بىر خىلدا گۈمبۈرلىمەكتە!...

«ئاللاھۇئەكبەر!... ئاللاھۇئەكبەر!...»

غۇبارسىز ئاق كىگىز ئۈستىدە قان تامچىلىرى خۇددى قىزىلگۈلدەك تاۋلىنىپ كەتتى. شىرئەلىنى بىر قولتۇقىدىن يۇسۇپ، ئىككىنچى قولتۇقىدىن مۇسۇلمانقۇل تۇتۇپ، ئاستا يېتىلەپ، ئاشىرنىڭ تەندىن ئاجراپ تۇرغان بېشىدىن ئاتلىتىپ، كىگىزنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتكۈزۈشتى.

— بەختىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن! ... — دېدى يۇسۇپ بەگ كۈلۈمسىرەپ.

— بەختىڭىز قۇتلۇق بولسۇن! — دېدى مۇسۇلمانقۇل ئەركىلىتىپ.

شىرئەلى نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئولتۇراتتى. كاناي ۋە دۇمباقلارنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققانىدى. شىرئەلى تۆت ئەتراپتىن كېلىپ، ئۆزىنى مۇبارەكلەۋاتقان ئاقساقاللارغا، بەگلەرگە كۈلۈپلا قوياتتى.

— قۇتلۇق بولسۇن بەختىڭىز!...

— مۇبارەك بولسۇن يارىشىملىق تەختىڭىز! ... شاھزادىمىز، يۇرت غېمىدە ئۆتسۇن ئەمدى ۋاقتىڭىز!...

مۇسۇلمانقۇل قوش بىسلىق ئېغىر قىلىچنى ئاشىرنىڭ قىينغا مىلەپ ئالدى ـ دە، ئۇچىدىن قاننى تېمىتىپ، شىرئەلىنىڭ بىلىگە ئېسىپ قويدى.

— قورالىڭىز قۇتلۇق بولسۇن! دۈشمەنلەر ئۇنىڭ تىغىدا ئۆلسۇن!… ئەل ـ يۇرتنى قوغدىسۇن! بەتبەخت دۈشمەننىڭ يىلتىزى قۇرىسۇن!…

كاناي ۋە دۇمباق ساداسى ئىچىدە، مىلتىقلاردىن ئاسمانغا قارىتىپ ئوقلار ئۈزۈلدى.

«كىمنىڭ، بۇ كىمنىڭ زامانى؟ بۇ شىرئەلىخاننىڭ زامانى!»

يۈسۈپ، مۇسۇلمانقۇل باش بولغان ئەھلى دانىشمەنلەر، ئاقساقاللار قانغا بويالغان كىگىزنى چېتىدىن تۇتۇشۇپ، يەردىن بىراقلا كۆتۈردى.

شىرئەلى سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ، يۈسۈپنىڭ مۈرىسىگە يۆلىنىپ قالدى. ئۇ كىگىز ئۈستىدە يۈزلىرى ئوتتەك قىزارغان ھالدا بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. ئۇ خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقان ئادەمگە ئوخشىشىپ قالغانىدى.

«كىمنىڭ، بۇ كىمنىڭ زامانى؟ بۇ شىرئەلىخاننىڭ زامانى!»

كانايلار تىنماي غاتىلدايتتى. كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن شاھزادىگە شان ـ شەرەپ تىلەپ، ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى.

«كىمنىڭ، بۇ كىمنىڭ زامانى؟…»

مۇراسىم تۈگەپ، يۈسۈپ ئاق ئۆيگە يېنىپ كەلدى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر خاپا كۆرۈنەتتى… سىرىق بۆرۈتىنىڭ بىر ئۇچىنى تولغاپ، مۇشتۇمىنى ئوتۇك تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يەرگە يۈكۈنگىنىچە خىيال سۈرەتتى. يېنىدا ئولتۇرغان شىرئەلىنىڭ بولسا، كەيپى بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ. يۈسۈپنىڭ كۆڭلى غەش بولدى. ئۇ ئۆزىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، جىم

تۇر ۋۇالدى. شىرئەلى ئۆز سۆزىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى.
كېدەيبايىنىڭ ئىسلىشىپ كەتكەن قارا قاچىدا قىمىز ئەكىر-
گەنلىكىنى كۆرۈپ، يۇسۇپ ئاغزىنى تامشىپ قويدى.
— قېنى، قىمىزىڭنى قۇيغىن! ...
— سىز ئىچىڭ... قېنى ئىچىڭ! ... — دېدى. يۇسۇپ
قىمىزنى دەم ئالمايلا ئىچىۋەتتى ۋە سۆڭەك - سۆڭەكلىرى يەڭ-
گىللەشكەندەك بولۇپ، كەيپى چاغ بولدى.
بىرپەستىن كېيىن، يۇسۇپنىڭ تەلىپى بويىچە، ئۆيگە بەگ-
لەر، ئاقساقاللار ۋە يىگىتلەر توپلاندى. كەلگەنلەر يەرگە تىز
چۆكۈپ، يۇسۇپنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى كۈتۈپ ئولتۇ-
رۇشتى.
— بىر مومايىنى توسىۋېلىشمۇ قولۇڭلاردىن كەلمىدى
- ھە؟ — دېدى ئۇ كىنايە قىلىپ، — ئۇ قايسى گۆردىن يېتىپ
كەلدى؟... قوربانلىق تېپىلماي، ئۇياتقا قېلىشقا ئاز قالدۇققۇ!
؟ تۇۋا! خاننى تەختكە چىقىرىش شۇنداق بولامدۇ؟!
مۇسۇلمانقۇل كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ:
— بالدۇرراق خەۋەر تاپقان بولساق، تەييارلىقنى قىلىپ
كېلەر ئىدۇق! ... — دېدى.
مۇسۇلمانقۇلغا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرغان كەكە ساقاللىق
بىر بەگ غۇدۇراپ:
— مومايىنىڭ كۆڭلىگە قاراپ ئولتۇرمايلا ... — دەپ ئەمدى
سۆز باشلىۋىدى، يۇسۇپ ۋارقىراپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:
— توختات سۆزۈڭنى! ھاي، نايىماننىڭ بېگى، مومايىنىڭ
گەپلىرىگە قۇلاق سالماي، بوغۇزلايدىغان ۋاقىتمۇ ھازىر؟ قۇياش-
نى كۆرگەن سوغۇق يېمەس، خاننى كۆرگەن ھارام ئۆلمەس،
دېگەن گەپ بار. ئالدىڭدا بىرى داد - پەرياد قىلىپ دەرد تۆكسە،
ئۇنىڭ دەردىگە يەتمىسەڭ، ئەل ئالدىدا يامان ئاتاققا قالىسەن.
يامان نام قىلىچنىڭ بىسىدەك سوغۇق بولىدۇ. ياخشى نىيەت
بىلەن خان تىكلەپ، قانلىق سەپەرگە ئاتلىنىمىز دەۋاتقاندا،

www.uyghurkitap.com

بەختى ـ تەختىمىز ۋەيران بولىدۇ...

ئۇنىڭ سۆزىنى ھېچكىم يىرالمىدى. قەرەش بەگنىڭ ئوغلى ئابىل تۆرە ئۆز ۋاقتىدا يۇسۇپ بەگنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولۇۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھازىر يېشىغا يارىشا پەگاھدا ئولتۇرسىمۇ، كۆزىنى بەگدىن بىردەممۇ نېرى قىلمايتتى.

— ئابىل، — دېدى يۇسۇپ سىلىق ئاھاڭدا ئۇنى ئەركىلىتىپ. ئابىل دەرھال ئۆزىنى رۇسلاپ:

— لەببەي، بەگ ئاكا؟ ... — دېدى.

يۇسۇپ بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتىپ قالغان بۇ ياش يىگىتكە ئىخلاسمەنلىك بىلەن قارىدى.

— قانچە يىگىتىڭ بار؟

— يۈز ئىدى، توقسان توققۇزى قالدى.

يۇسۇپ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى:

— رەھمەت، ئۇكا! قالتىس ئىش قىلدىڭ، رەھمەت! يۈزىنچى يىگىتىڭ ئۈچۈن مىننەتدارمەن.

— سىز ئۈچۈن ھەتتا ئۆز بېشىمنىمۇ ئايىمايمەن، بەگ ئاكا! ...

— بۇ ياخشىلىقىڭ يېنىپ قالار، ئۇكام، قولاق سال، سەن بۇگۈنكى مۇراسىمدا، تۇغچى بولۇشقا مۇناسىپ ئىش قىلدىڭ. تۇغبېشى بول، قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ماڭ. بىلدىڭمۇ؟...

— خوپ، بولىدۇ، بەگ ئاكا!

شۇنداق قىلىپ، يۇسۇپ خان ئۆز نامىدىن بىرىنچى بۇيرۇقنى چۈشۈردى.

— بەگلەر، مانا خانلىقمۇ بولۇپ قالدۇق. ھازىر دەرھال يولغا چىقىشىنىڭ ھازىرلىقىنى كۆرۈڭلار. ئۇرۇشتا سۇسلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. ئاتلىنىمىز، بۈگۈن كېچە يولغا چىقىمىز. كۈندۈزى دەم ئېلىپ، كېچىسى ماڭىمىز. ھېچقانداق شەپە چىقارماستىن، تاغدىن ئايلىنىپ يىلاندەك ئالغا ئىلگىرىلەيمىز. ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ... بۇ شىرئەلىخاننىڭ بۇيرۇقى...

شىر ئەلىخان بولسا، خۇددى باشقا بەگلەردەك ھاڭۋېقىپ ئاغزىنى ئېچىپ ئولتۇراتتى.

ئەتىسى، بۇ كەڭ مەيداندا، چەيلەپ دەسسەلگەن ئوت - چۆپلەر، ئاتلارنىڭ تېزەكلىرى ۋە تېزەكلەرگە ئولىشىۋالغان كۆك چىۋىنلار بىلەن توپىسى تېخى قۇرۇپ ئۈلگۈرمىگەن يالغۇز قەبرىلا قالدى...

× ×

بىر قولى زەخىملەنگەن نەۋرىسىنى يېڭىلا تۈك تاشلىغان قىزىل ئۆكۈزگە مىندۈرۈۋالغان قارا كۆڭلەكلىك موماي دالىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇلار بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرنى ئارىلاپ، يېڭى گۆرنى ئىزدىمەكتە ئىدى...

— ياخشىراق قاراپ ماڭ، ئوغلۇم، سېنىڭ كۆزۈڭ مەندىن ياخشىراق...

— قەيەرگە كۆمۈشتىكىن؟ — سورىدى ئۆكۈزنىڭ ئۈستىدىكى نەۋرىسى ئورۇق بويىنىنى سوزۇپ.

— ئاھ... شورلۇق... شورپېشانە ئىكەن. رەھمەتلىك مۇشۇ ئەتراپتا ياتقان بولسا كېرەك. ياتماي، قەيەرگىمۇ باراتتى...

ئۇلار نەمخۇش تېزەكلەردىكى كۆك چىۋىنلارنى قوزغىتىپ، ئات - تۇياقلىرى دەسسەپ - چەيلىگەن ئوت - چۆپلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئاخىر قەبرىنى تاپتى. ئۆتۈك ئىزلىرىنىڭ تېگىدە قالغان ئاق گۈللەر سولىشىپ، خۇددى شېھىتنىڭ يېڭى كۆتۈرۈلگەن تۆپرىقىغا قايغۇ بىلدۈرۈۋاتقاندەك شۇ تەرەپكە ئېگىلىپ قالغاندى. ئۇلار قەبرىگە يېقىن كېلىپ توختاشتى. موماي نەۋرىسىنى ئۆكۈزدىن چۈشۈرۈۋېتىپ:

— ئەنە... ئادىتىمىز بويىچە، سەنمۇ ھۆركىرەپ يىغلاپ قويغىن، خۇش بولاي ... — دېدى ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي. بالا قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

— جىگىرىم... جى... گە... رىم...

موماي مەرسىيىلەردىن بىرنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ يىغلاۋاتاتتى.

بالا كۆز ياشلىرىنى كۆڭلىكىگە ئېرتىپ تۇرۇپ، مومىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىۋاتقان مەرسىيىسىگە قۇلاق سالدى. موماي قەبرىگە يېقىن ئولتۇرۇپ ئۆكسۈپ ـ ئۆسۈپ يىغلاۋاتاتتى.

كېيىن ئۇ قارا كۆڭلىكىنىڭ كەڭ يەڭلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ، ئۆزىنى رۇسلىدى. بالا زەخمىلەنگەن قولىنى ساق قولى بىلەن تىزىنىڭ ئۈستىگە ئالدى ۋە ياشلىرى قۇرۇپ قالغان كىرپىكلىرىنى پىلدىرلىتىپ، دومبىيىپ تۇرغان قەبرىگە تىكىلدى.

— موما...

— ھە...

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ئىسمى نېمە دەمسەن؟ ئىسمى نېمە بولاتتى، قاراغىم... بىچارە، يالغۇز ـ دە... يوقلايدىغان ئادىمىمۇ يوق، بولمىسا بۆرە ئېلىپ قاچقان يېتىم ئوغلاقتەك بۇ دالىدا ياتامتى...

موماي ئۆكۈزگە ئارتىلغان خۇرجۇندىكى داستىخاننى ئېلىپ يەرگە سالدى ۋە پىشقان گۆش، بوغۇرساقلارنى تۆكتى، ئىچىدە پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ داستىخاندىكى نەرسىلەرنى شېھىتنىڭ روھىغا ئاتىدى. مەرھۇمغا خۇدادىن ئۇ دۇنيادا رەھىم-شەپقەت تىلەپ، دۇئا قىلدى. موماي بىلەن نەۋرىسى غەمكىن ئولتۇرۇپ ئوزۇقلاندى ۋە تولۇمدىكى قېتىقنى ئىچىشتى...

قۇياش قارا بۇلۇت قاپلىغان تاغ ئارقىسىغا ئولتۇرۇشقا باشلىغاندا، يېڭىلا تۇك تاشلىغان قىزىل ئۆكۈزگە نەۋرىسىنى مىندۈرۈۋالغان موماي ئايلانمىدىن ئېدىرلىقنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۈستىدىن سەلكىن شامال ئۆتۈپ تۇرغان مىسكىن قەبرە بۇ كەڭ يايلاقتا تىكەندەكلا يالغۇز قالدى.

# 3

يۈسۈپ ئون مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى بىلەن قوقاننى قورشىۋالدى. بۇ شەھەرنىڭ ئون سەككىز دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇ ھەربىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كۈچلۈك قوشۇنلارنى تۇرغۇزدى. يوللارنى توسۇپ، شەھەر سۈيىنىڭ مەنبەسىنى بوغۇپ تاشلىدى. قورغان سېپىلىدىن يىراققا — ئوق ئېتىلسا يەتمەيدىغان يەرلەرگە چېدىرلارنى تىكتۈرۈپ، پەيت كۈتۈپ ياتتى.

يۈسۈپنىڭ ئۆزى بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، قەلەندەرچە ياساندۇرۇپ شەھەرگە كىرگۈزۈۋەتكەن ئادەملىرى كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ، كىشىلەرنى ۋەز - نەسىھەت بىلەن قورقۇتۇپ، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن دوزاخ ئوتىدا كۆيىدىغان ۋاقتىنىڭ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە غۇلغۇلا سېلىشقا باشلىدى. قورغاننى سىرتىدىن قامال قىلىپ تۇرغان نامەلۇم دۈشمەننىڭ دەھشىتى بىلەن قەلەندەرلەرنىڭ ۋەسۋەسىسى قوشۇلۇپ، شەھەرلىكلەرنى قاتتىق پاراكەندىچىلىككە سېلىپ قويدى. بازارلار تارقىلىپ، چايخانىلار بوشاپ قالغانىدى. ئەمىر نەسرۇللانىڭ قوقانغا قويۇپ كەتكەن بېگى ئىبراھىم خەيال ئوردا لەشكەرلىرىنىڭ ياردىمىدە دەرۋازىلارنى مەھكەم تاقاپ، گەپ تارقىتىپ يۈرگەن قەلەندەرلەرنى قوغلاپ، قولغا چۈشكەنلىرىنى زىندانغا تاشلاپ، ئەلنى تىنچلاندۇرماقچى ۋە بۇ توپىلاڭنى باستۇرماقچى بولدى. ئەپسۇسكى، سۇدىن، يېمەكتىن قىينالغان خەلقنى تىنچىتىش مۇمكىن بولماي قالدى. ئىبراھىم خەيال ئاخىر قورشىۋالغان دۈشمەنگە زەربە بېرىش كېرەكلىكىنى، ھېچبولمىغاندا، ئۇلارنى بىرئاز ئارقىغا چېكىندۈرۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

ئەمدى تاڭ سۈزۈلگەندە، ئىبراھىم خەيال ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىللە شەھەر دەرۋازىلىرىنى، بۆكتۈرمىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىۋاتقاندا، بىر يۈزبېشى توساتتىن:

— بېگىم، سىز بىلەن بىر قەلەندەر ئۇچراشسام دەيدۇ… ئۆزىڭىزگە ئېيتىدىغان مۇھىم سۆزى بار ئوخشايدۇ … — دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

— قەيەردىن كەلگەن قەلەندەر ئىكەن؟

— ماڭا ئېيتمىدى…

ئىبراھىم خەيال گەپ قىلماي ئاتتىن چۈشتى ۋە نۆكەرلىرى بىلەن دەرۋازىنىڭ بىقىنىدىكى پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلۈپ، قورغاننىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ بىر ھارۋا ئۇياقتىن - بۇياققا بىمالال ماڭالايدىغان كەڭ ۋە مۇستەھكەم سېپىل ئۈستىدە خېلىغىچە نېرى - بېرى ماڭدى. ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى نۆكەرلەر بىلمەيتتى. ئۇ ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى. نۆكەرلەرنىڭ كۆزىگە بەگنىڭ بېشىدىكى تاجى كۈن نۇرىدا تۇرۇپ - تۇرۇپ يالت قىلىپ تاشلىنىپ تۇراتتى. بىرەر نەرسە دېيىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى. قوقاننى قولدىن بېرىپ قويۇش ئىشىغا ئارىلاشقان بۇ ئادەملەر ئەمىر نەسرۇللا ئالدىدا جاۋابكارلىققا تارتىلىشتىن قورقاتتى.

قوقان جىددىي ئەھۋالدا قالغانىدى. خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار شەھەر ئەتراپىغا كۆچۈپ چۈشكەندەك، كېچىچە گۈلخانلار ئۆچمىدى. كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ھەممە يەرنى قاپلىغان، شەھەر ئىچى تېخى قاراڭغۇ ئىدى. پەقەت لەشكەرلەر تۇرغان جايلاردىلا مەشئەللەر يېنىپ تۇراتتى. دەل - دەرەخلەر خۇددى ماتەم لىباسىنى كىيگەن، بەللىرى مۈكچەيگەن مومايلاردەك قىڭغىيىپ قالغان، ئۆيلەر خۇددى ۋەيران بولۇپ كەتكەن كونا قەبرىلەردەك كۆرۈمسىز تۇراتتى. ئىبراھىم خەيالغا بۇ مەنزىرە قاتتىق تەسىر قىلدى.

— قەلەندەرنى ئەكېلىڭلار، — دېدى ئۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي خېلىلا بەستلىك بىر ئادەمنى ئارقىسىدىن تۈرتۈپ دېگۈدەك ئەكېلىشتى.

قەلەندەر سالام بەردى. ئىبراھىم خەيال ئۇنىڭ سالىمىنى



www.uyghurkitap.com

ئىلىك ئالغان بولۇپ، سەل ئېگىشىپ ئۇنىڭغا قارىدى. قەلەندەر-نىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى.

— شام!

سەلكىن شامالدا لىپىلداپ يېنىپ تۇرغان شام ئىبراھىم خەيال بىلەن قەلەندەرنىڭ يۈزىنى ئاران يورۇتۇپ تۇراتتى. ئىبرا-ھىم خەيال شالاڭ كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى قىسماق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، قەلەندەرنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ قارىدى.

— ھە، قەلەندەر، يۇلتۇز سانامسەن ياكى پال ئاچام-سەن؟ — دەپ سورىدى بەگ.

— بەگ، بىر ھەپتە ئىچىدە يۈز بېرىدىغان ۋەقەنى مەن پال ئاچمىسامۇ بىلىمەن. ئاسماندىكىگە قارىغاندا، يەردىكى يۇلتۇز-لارنىڭ سىرىنى ياخشىراق چۈشىنىمەن.

ئىبراھىم خەيال ئۇكۇنۇش بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇ ئالدىدا تۇرغان قەلەندەر سىياقىدىكى بۇ ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكى-نى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلىپ بولدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي، بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— قېنى ئېيتقىن، قەيەردىن كەلدىڭ؟ - دېدى.

— ئۇ تەرەپتىن...

قەلەندەر سانى - ساناقسىز يېنىپ تۇرغان گۇلخان تەرەپنى كۆرسەتكەندە، ئىبراھىم خەيالنىڭ رەڭگىرويى تاتىرىپ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ئۇ بىلدۈرمەسلىككە تىرىشتى. لېكىن قەلەن-دەرنىڭ زىرەك كۆزلىرىدىن ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايتتى.

— ئۇلار كىملەر؟

— تاغلىقلار. بۇ پەقەت تاغلىقلارنىڭ سول قانىتى، بۈگۈن - ئەتە ئوڭ قانىتى — تاغ ئېتەكلىرىدىكىلەرمۇ يېتىپ كېلىدۇ.

سېپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلەرنىڭ كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى.

— ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەنمۇسەن؟ ھەربىر گۈلخاننىڭ ئەتراپىدا قانچىدىن ئادەم بار؟ ئېنىق ئېيتىپ بېرەلەمسەن؟

— بىردىن پەنساد بار، بېگىم!

ئىبراھىم خەيال ئويلىنىپ قالدى. قەلەندەر لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ، يۇسۇپنىڭ ھەربىر يىگىتكە بىردىن گۈلخان يېقىشقا بۇيرۇق بەرگەنلىكىنى ئەسلىدى. ئىبراھىم خەيال ئىشەنگۈسى كەلمەي بېشىنى چايقىدى.

— ھەر پەنسادنىڭ قولىدا بەش يۈزدىن ئەسكەر... شۇنداقمۇ؟...

— كۆرۈپ تۇرۇپسىزغۇ، بېگىم!...

— ھىم...

شۇ چاغدا، قەلئەنىڭ ئىچىدىن شاۋقۇن - سۈرەن ئاڭلاندى. ۋايسىغان، خىرىلدىغان ئاۋازلار، تۆمۈرلەرنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭى، كىمنىڭدۇر ئېغىر ئىڭرىشى... ئىبراھىم خەيال سەگەكلەشتى، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قۇلاق سالدى. كىمدۇر شوتىدىن ئىتتىك - ئىتتىك چىقىپ، يۈگۈرگىنىچە قورغاننىڭ چېتىگە كەلدى.

— بەگ! ... بەگ! ... نەدە؟ — دەپ ئۇ ھولۇقۇپ.

ئىبراھىم خەيال تۇرۇپ قالدى. خەۋەرچى كەڭ چاپىنىغا مەھكەم يۆگىنىپ:

— بەگ! ... بەگ! ... — دەيتتى دۇدۇقلاپ.

ئىبراھىم خەيالنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىرىدى:

— نېمە؟ تېزرەك گەپ قىل! نېمە گەپ؟!

— نۆكەرلەر جاڭجال چىقىرىشىۋاتىدۇ، بەگ! ... قوقاننىڭ سابىق نۆكەرلىرىدىن يۈزلەر ئۇرۇقى...

بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەر يات كىشى ئالدىدا ئىبراھىم خەيالغا گويا خەنجەر ئۇرغاندەك قاتتىق تەسىر قىلدى.

— يوقال! پەنساد، — دېدى ئۇ يەنە ئاستا، — قان تۆكمەي

ئاستا بېسىپ قويۇڭلار. ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇپ، بېسىپ قويۇڭلار…

— بەگ … — خەۋەرچى ئاران ئېيتتى، — ئۇلار دەرۋازىنى ئاچمىز دېيىشىۋاتىدۇ…

بەگ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. نۆكەرلەرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. ئىبراھىم خەيال قولىنى شىلتىپ:

— ماڭ، مەن ھازىر بارىمەن، مەن بارغۇچە دەرۋازىنى ئاچماڭلار! — دېدى.

پەنساد يۈگۈرگىنىچە پەسكە چۈشۈپ، ئېتىغا مىندى-دە، قاراڭغۇدا چاپتۇرۇپ كەتتى. بەگ ئاتنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى بېسىلغىچە قۇلاق سېلىپ تۇردى. قانداق قىلىش كېرەك؟ كۈچ ئاز، بۇخارا يىراق، يول توسۇق. كېلىشمەسلىك… جاۋابسىز سوئاللاردىن ئۇنىڭ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى.

— قېنى، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى نۆكەرلىردىن بىرى. ھېچكىم ئۈندىمىدى، ئۇ سوئالىنى ئېنىقراق ئېيتتى، — قوغدايمىزمۇ ياكى شەھەردىن چىقىپ كېتىمىزمۇ؟

يەنە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئىبراھىم خەيالنىڭ تاقىتى تاق بولدى. ئۇ كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ تۇرغان قەلەندەرنىڭ قارىشىدىن نۇرغۇن نەرسىنى سەزدى.

— خوش! ئاغزىڭلارغا تالقان سېلىۋالغانمۇ؟ — دېدى ئۇ يېنىدىكى سەركەردىلىرىگە، — گەپ قىلمايسىلەرغۇ؟ بىلىمەن، ئۆزۈڭلارنى خىلۋەتتە، چەتتە قالدۇرماقچىسىلەر. بوپتۇ، ھەزرەتكە ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن! — ئۇ تەنە ئارىلاش پوپوزا قىلدى. نۆكەرلەر سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ كەتتى. ئىبراھىم خەيال سان-ساناقسىز گۈلخان يېنىۋاتقان تەرەپتىن كۆز ئۈزمەي بوشىشىپ قالدى.

بەگ يەرگە قاراپ تۇرۇپ: «بۇلارنىڭ مىڭبېشىسى بارمىدۇر؟» دەپ ئۆز-ئۆزىگە سوئال بەردى.

www.uyghurkitap.com

— مىڭبېشى يوق قوشۇن بولمايدۇ! — دېدى قەلەندەر.
ئىبراھىم خەيال بېشىنى كۆتۈردى.
— بۇنى قانداق بىلىسىز؟...
— بۇ خۇدانىڭ قۇدرىتى. بېشارىتىم ھەق...
— ھىم...
— ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىنتايىن شەپقەتسىز ئادەم. ئۇ شەھەرنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئۆزلىرى بىر ھەپتە ئىچىدە ئەكېلىپ قولۇمغا تاپشۇرىدۇ، ئەگەر تاپشۇرمىسا، بۇ مەنغىت[1]قەبىلىلىرىنىڭ بىرەرىنىمۇ ئۆيدىن تىرىك چىقارمايمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن...
ئىبراھىم خەيالنىڭ كۆزى قەلەندەرنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچراشتى. بۇ دەسلەپكى ئۇچرىشىشتىكى ئۆز گۇمانىغا ئىشەنگەندەك بولدى، ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى:
— تۇتۇڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى.
قوراللىق كىشىلەر قەلەندەرنىڭ ئىككى قولىغا يېپىشتى. ئۇنىڭغىمۇ جان كىرەك ـ دە! ئۇ قەغەزدەك ئاقىرىپ كەتتى ۋە سەل پەسكويىغا چۈشۈپ، ئىبراھىم خەيالغا تىك قارىدى. ئىبراھىم خەيال چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:
— سەنمۇ ئاشۇلارنىڭ بىرى، كاللاڭنى ئالىمەن! — دېدى، قەلەندەر بېشىنى چايقىدى.
— مېنىڭ كاللامنى سەل ئويلىنىپراق ئېلىڭ، بەگ!...
نۆكەرلەر ھەيران قالدى. ئىبراھىم خەيالنىڭ پېشانىسى تۈرۈلدى. ئۇنىڭ سۆزىدە ئاشۇ گۇلخانلارنىڭ تەپتى باردەك قىلاتتى. بەگ ئاچچىقىدىن ياندى، يۈزىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم پەيدا بولدى.
— قويۇۋېتىڭلار... ماڭا شۇنى ئېيتىش ئۈچۈن كەلگەنمىدىڭ؟
— ھە، شۇنىڭ ئۈچۈن، بەگ! شەھەرنى قانچىلىك تېز

---

[1] مەنغىت — ئۆزبېك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.

تاپشۇرسىڭىز، شۇنچىلىك ياخشى بولىدۇ...

— ھىم ...

ئىبراھىم خەيال كۆيۈۋاتقان شامنىڭ پىلىكىگە قاراپ قالدى. پىلىكتىن چىققان ئاقۇچ نۇر ئاستا پەسىيىپ، بارغانسېرى نۇرسىزلىنىپ، كېيىن مۇزدەك ھاۋادا چايقىلىپ ـ چايقىلىپ ئۆچتى. ئىبراھىم خەيالنىڭ قاپقى سېلىنىپ، گەۋدىسى قاراڭغۇ تۈن قوينىدا غايىب بولدى.

شۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئەتراپىدا تۇرغان نۆكەرلەرنىڭ خۇددى تۈن پەردىسىگە ئورالغاندەك، ئۆز يېنىدىن بىر ـ بىرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاپئاشكارا كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ھېچ نەرسە دېمىدى. ئۇ پۈتۈنلەي چارىسىز قالغانىدى...

— ھەي، قەلەندەر تونىنى كىيگەن ئەزىمەت، ماڭا قارا... — دېدى بەگ بوشىشىپ، — باشلىقىڭغا بېرىپ ئېيت، تەقدىر تەقەززاسىغا نېمىمۇ دەيتتۇق... ئېيتقىن، بىزگە يول بېرىپ، قوشۇنلىرىنى دەرۋازىدىن تارتىپ تۇرسۇن، ئىلتىماسىمىز شۇ...

— خوپ! ...

ئىبراھىم خەيال شوتىدىن چاققانلىق بىلەن چۈشۈپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرغان يۈزبېشىغا:

— قەلەندەرنى دەرۋازىدىن چىقىرىۋەت! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە ئاق يالىلىق ئېتىغا مىنىپ، يورغىلاتقىنىچە نۆكەرلىرى بىلەن كۆزدىن غايىب بولدى...

× ×

يۈسۈپنىڭ گۈلخانى.

ئوت يالقۇنىنىڭ سارغۇچ تىللىرى قاپقاراڭغۇ تۈن پەردىسىنى يالاپ لاۋۇلدايتتى، ئۇچقۇنلار چاراسلاپ يىراقتىكى يۇلتۇزلارغا

ئوخشاش جىمىرلايتتى. يۇسۇپ يانپاشلىغىنىچە ئوتقا تىكىلىپ ياتاتتى. شېرئەلى بىئارام ئىدى، پات - پات يۇسۇپكە قاراپ قوياتتى. شۇ پەيتتە، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن تاغ باغرىدا يىلقا بېقىپ، يىلقىچىلار بىلەن بىللە ئولتۇرغان خۇشال، خاتىرجەم ۋاقىتلىرى ئۆتتى. ھەي، ئۇ ۋاقىتلاردا شېرئەلى نېمىدېگەن ئەركىن، نېمىدېگەن غەمسىز ئىدى - ھە!؟ بەئەينى كۆكتە پەرۋاز قىلغان قۇشلاردەك شادىمان ئىدى. ئىشلەشكىمۇ، ئويناشقىمۇ ۋاقىت تاپاتتى. باغرى كەڭ يەرلەردە ئويناپ - كۈلۈپ كۆنۈپ قالغان شېرئەلى كېيىنكى كۈنلەردە ئەتراپى تارىيىپ، يۈرىكى سىقىلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەيتتى. يۇسۇپ ھەمىشە مۇشۇ ھالەتتە ئىدى. شېرئەلىدىنمۇ بەتتەر خىيال سۈرۈپ، قاچانلاردۇر كۆرگەن چۈشىنى ئەسلەشكە باشلىدى:

... يۇسۇپ ئاتا مېھرى كۆرمەي ئۆستى. ئەسەنباي تۆرە ئۇنىڭ ئانىسىنى ھۆز ۋرىدىن قوغلىۋەتكەنىدى. يۇسۇپ ئانىسى بىلەن قىشلاق چېتىدىكى بىر غېرىب ھۇجرىدا ياشاپ، قەدىر ئەھۋال تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئۇ ياشلىقىدىلا كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، تاز بولۇپ قالغانىدى. كېيىنرەك تۈزىلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما چېچى بىر يولىلا چۈشۈپ كەتتى. ئەسەنباي تۆرە ئۇنىڭدىن نومۇس قىلىپ، بىرەر قېتىممۇ بالىسىدىن خەۋەر ئالمىدى، ئەركىلەتمىدى. لېكىن يۇسۇپ تاز ناھايىتى چاققان، ئەپچىل چىقتى. ئانىسىنىڭ خەۋەر ئالمىغىنىغا پەرۋا قىلمىدى، قېرىنداش ئۇرۇقلىرىنىڭ كەمسىتىشىگىمۇ پىسەنت قىلمىدى... ئەكسىچە، ئۇلارنى بىر - بىرىگە ئۆچەكدىشتۇرۇپ، كىچىكىدىن تەدبىرلىك چوڭ بولدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تاڭغا يېقىن ئاجايىپ بىر چۈش كۆردى ۋە چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە قىشلاقتىكى ئاقساقاللارنى، ئۆلىمالارنى چاقىردى. مال سويۇپ، ئاش ئېتىپ، مېھمانلارنىڭ بىر قىسمىغا ئۇستىباش، قالغانلىرىغا بەلباغ قويۇپ ھۆر-

مەت بىلدۈردى. بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى؟ ھېچكىم بىلمەيتتى. داستىخانغا دۇئا قىلىش ئالدىدا يۇسۇپ پەگاھقا تىز چۆكۈپ ئولتۇرۇپ:

— سىلەرنى چاقىرىشىمدىكى مەقسەت… مەن بىر چۈش كۆردۈم… شۇنىڭغا مەنە بەرسەڭلار، — دېدى. مېھمانلار يۇسۇپنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشتى.

— ئېيت، ئېيتىۋەر، ئوغلۇم، كۈچىمىز يەتكىنىچە مەنە بېرىمىز! — دېدى بوۋايلار. يۇسۇپ بىر ئاز دۇدۇقلاپ چۈشىنى ئېيتتى:

— ئەڭ ئېگىز تاغلارنىڭ ئۈستىدە يۈرگەن ئىمىشمەن… بىر تاغدىن ئىككىنچىسىگە ئاتلاپ، خالىغان چوققىغا قولۇم يېتەر ئىمىش… بۇ تاغدىن ۋارقىرىسام، ئۇ تاغنىڭ كېيىكى ئۈركۈپ قاچىدۇ… بۇ نېمىدى؟ كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشمىدى، ئىتتىكلا ئويغىنىپ كەتتىم… خوش، بۇ نېمىسى؟…

ئۆيىنىڭ ئىچى تىمتاسلىققا چۆمدى. بۇنداق ئاجايىپ چۈشنى كىم كۆرگەن؟ كىم مەنە ئېيتقان؟ يۇسۇپ بولسا، يۈرىكى سېلىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن جاۋاب كۈتەتتى.

— ياخشى … — دېدى تۆردىكى ئاقساقاللارنىڭ بىرى ئۆزىنى رۇسلاپ. يۇسۇپ بوۋاينىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— توختاڭ! ياخشىراق ئۆرۈش كېرەك. چۈنكى، چۈشنى ئۆرۈشتە، ھە دېگەندىلا مۇجمەللىك بولسا، ئىش تەتۈرگە كېتىدۇ. قۇلاق سېلىڭلار، يۈكسەك تاغ — چوڭ مەرتىۋە، بىر تاغدىن ئىككىنچى تاغقا سەكرەپ، چوققىلارغا قولۇم يېتىش — غۇلىچىمنىڭ كەڭلىكى، كېيىكنىڭ ئۈركۈشى — بۇ ئەمەلدارلىق بەلگىسى. دېمەك، خان بولىدىكەنمەن… ئامىن، ئاللاھۇئەكبەر! — دەپ دۇئا قىلدى. بەزىلەر چىن نىيەت بىلەن، بەزىلەر: «بۇ تاز بىكار ئېيتىدۇ» دەپ چاقچاققا يۆلەپ پاتىھە ئوقۇدى. كىشىلەر تارقالدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ سۆز ناھايىتى تېز تارقىلىپ كەتتى. قىشلاق ئادەملىرى يۈسۈپنىڭ چۈشىنى ئۆزلىرى بىلگەن مەنىلەرگە سېلىپ، ئەرمەك قىلىپ يۈرۈشتى. ئاخىر بۇ نەرسە ئۇنتۇلۇپ كەتتى. يۈسۈپ بولسا، مۇشۇ چۈشىنىڭ ئۈمىدى بىلەن ياشىدى. ئاتا بولۇپ بىرەر قېتىممۇ ياردەم قولىنى سوزمىغان تۆرىگە ئۆچەكىشىپ، بىر كۈنى ئەسەنباي تۆرىنىڭ يايلىقىدا ئوتلاپ يۈرگەن قىرىق بايتالنى ئوغرىلىدى، سودىگەرلەرگە ئۆتكۈزدى ۋە بىر نەسىللىك قارا قاشقا ئۇچقۇر ئات سېتىۋالدى. يالى ۋە قۇيرۇقلىرى چىرايلىق، قىزىل كۆزلۈك بۇ ئارغىماق يىلاندەك ئىنچام، ئويناق چىقتى. يۈسۈپ ئۇنى ئۆز پەرزەنتىدەك پەرۋىشلەپ، ئۈستىگە كىمخاب يوپۇق يېپىپ، كۆز مونچاق تاقاپ، قىشلاق ئىچىدە كۆز - كۆز قىلىپ مىنىپ يۈردى. كىشىلەر غەيۋەت قىلدى، مەسخىرە قىلدى، يۈسۈپ پەرۋا قىلمىدى.

ئۇ كۈنلەردە، ئەسەنباي تۆرە يېڭىدىن قولغا چۈشكەن بىر قۇشنى خانغا سوۋغا قىلىش ئۈچۈن كەتكەنىدى. ئۇ ئوردىدا ئاز - تولا يۈز تېپىپ، زىياپەتلەردە بولۇپ، خېلى يۈرۈپ كەلدى. يولدا ئۇرۇنۇپ، ھېرىپ كەلگەن قېرى تۆرىنى ھەممە قىشلاق ئەھلى ياخشى كۈتۈۋېلىپ، ھال - ئەھۋال سورىدى. ئەسەنباي تۆرە نېمىشقىدۇر كىرگەن - چىققانلار، كەلگەن - كەتكەنلەر ئارىسىدا ئوغلى يۈسۈپنى ئۇچراتمىدى. خوتۇنى كۆپچىلىك قاتارىدا كېلىپ، تۆرە بىلەن ئامانلىشىپ ئولتۇرغانىدى. ئەسەنباي تۆرە چىدىيالمىدى:

— ھوي، ھېلىقى قۇترىغان تاز كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ زەردە بىلەن سورىدى. ئايال جاۋاب بەرمەي تۇرۇپ، قېرىنداشلاردىن بىرى ئۆكۈنۈپ:

— تۆرە، ئاشۇ ئوغلىڭىز قىرىق بايتالغا بىر قېچىرنى ئالماشتۇرۇپ... ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، ئەل بىلەن، قېرىنداش — ئۇرۇق بىلەن كارى يوق لەلەڭلەپ يۈرۈپتۇ. ئۆزىڭىز

بىرنەرسە دېمىسىڭىز ... — دېدى.

ئەسەنباي تۆرە ئاچچىقى بىلەن تېزىغا شاپىلاقلاپ:

— هوي، چاپىنى تېزىدىن ئاشمىغۇر... قىرىق بايتالغا بىر ئات ئېلىشنى ئۇنىڭغا كىم قويۇپتۇ. ئۇنى نېمە قىلىدىكىن؟ ئۇ ئات ئالتۇن تېزەكلەمدىكىن؟ بۇنىڭ ئورنىغا ئاۋۇ شورلۇق ئانىسىنى ياخشىراق باقسا بولمامدۇ! ... — دېدى.

... يۇسۇپ ئۆيىگە كەلسە، ئانىسى يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئانىسىدىن هال - ئەھۋال سوراپ:

— ھېلىقى ئىمانسىزنىڭ ئۆيىگە بارغان ئوخشايسىز؟ كەلدى دەپ ئاڭلىغانىدىم. يەنە سىزگە بىرنەرسە دېگەن ئوخشايدۇ - ھە؟ — دېدى ئۆكۈنۈش بىلەن.

ئانىسى يۇسۇپنىڭ تۇرقىدىن چۆچۈدى. ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت كۈچەيمىسۇن، دېگەن ئويغا كېلىپ، گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىدى. لېكىن يۇسۇپ بېزىرىپ ئولتۇرۇپ، بولغان ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئېتىلىپ تاشقىرىغا چىقتى.

«بۇ نېمىدېگەن گەپ؟ تۆرە ماڭا ئاتا بولۇپ تۇرۇپ، قاچانغىچە سوراقلايدۇ؟! ئەمدى بىر ئات باقسام... شۇنىڭغىمۇ چىدىمىسا! مەن قاچانغىچە سەۋرى قىلىمەن؟! ھەي، تەڭرى! قاچانغىچە؟! ...»

سەۋر - تاقىتى تولۇپ تاشقان يۇسۇپ بىرنەچچە دوستلىرى بىلەن تۆرىنىڭ قىشلىقىغا كىرىپ كەلدى، ۋاقىراپ - جارقىراپ، ھېچكىمگە قۇلاق سالماي، ئاتىسىنىڭ ھويلىسىغا ئات سېلىپ، چىغدىن توقۇلغان ئىشىكنى پولات شەمشىرى بىلەن پارچىلاپ تاشلىدى.

— ھەي، ئەسەنباي، بۇياققا چىق! بۇياققا دەۋاتىمەن! — دەپ ئات ئۈستىدە تۇرغان تۇۋلىدى. ئۆيدىن تۆرىنىڭ خىرىلداپ چىققان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تۇتۇڭلار! تۇرۇڭلار! قۇترىغان تازنى!

يۈسۈپنىڭ غەزىپى كېلىپ، ئىچكىرىگە ئېتىلدى، توپلانغان ئادەملەر ئۇنىڭ قولىدىكى تىزگىنىگە يېپىشىپ، قارشىلىق كۆرسىتىشتى. قىشلاقتا ئالىتوپىلاڭ بولۇپ كەتتى. يۈسۈپ يىغلىغۇدەك بولۇپ، تۆرىنى ئاغزىغا كەلگىنىچە ھاقارەتلىدى.

— كەچتىم، تويدۇم! تويدۇم! يوقال، نان كور! يۈزۈڭ قۇرۇسۇن، ئاتا بىزارى! كۆزۈمگە كۆرۈنمە! — دەپ قارغىدى ئەسەنباي تۆرە. يۈسۈپ ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— سەن مېنىڭ بالىلىقىمدىن كەچكەن بولساڭ، مەن سېنىڭ ئاتىلىقىڭدىن كەچتىم! ئاتا بولۇپ قاچان مېنىڭ بېشىمنى سىلىغانىدىڭ؟! — دەپ ۋارقىرىدى. ئاقساقاللار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ: «ھاي، ئۇكام، ئاتاڭغا تىل سالما، قارغىشىغا قالىسەن، ئايىغىنى سۆيۈپ كەچۈرۈم سورا» دەپ نەسىھەت قىلىشتى. لېكىن يۈسۈپنىڭ كۆزىگە قان تولۇپ، ئاقساقاللارنى سىلكىپ ئېتىغا زەردە بىلەن قامچا ئۇردى···

يۈسۈپ شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ يەردە ياشاشقا كۆزى يەتمىدى، ئانىسىنى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىپ، ئەڭ يېقىن دوستلىرى بىلەن بىللە تالاسقا بېشىنى ئېلىپ كەتتى. بۇ يەردە ھاجىباي دادخاھنىڭ ھوزۇرىدىن پاناھ تاپتى.

يۈسۈپنىڭ ئانىسى تالاسلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ يەرگە تېزدىن كۆنۈپ كەتتى. يۈسۈپ توي - تۆكۈنلەردە كۆك قاشقا ئارغىماق بىلەن ئوغلاق تارتىپ، بەيگىلەرگە قاتنىشىپ، ئوبدانلا ئابروي - ئىناۋەت تاپتى. گېپى ئوچۇق، كۆڭلى تۈز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ھەممە كىشى ھۆرمەت قىلىدىغان بولدى. ئانىسىنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. يۈسۈپنىڭ نامى پۈتۈن تالاس ۋادىسىغا تارقىلىپ، شۆھرىتى ئېشىپ، دوستلىرى كۆپەيدى.

ئۇ ئاشۇ چاغدا — ھاجىباي دادخاھنىڭ قولىدا يۈرگەن ۋاقتىدا شېرئەلىنى كۆرگەنىدى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆزگەن تەرەپتە كاتتا توي بولۇپ، بۇ تويغا يۇسۇپمۇ ئۆز دوستلىرى بىلەن بىللە قاشقا ئېتىنى مىنىپ باردى. بەيگە بولدى.

بەيگە ئاخىرىدا ئات ئۆگەتكۈچى كېلىپ، كۆك قاشقىنى يورغىلىتىپ كۆردى ۋە كېيىن چەۋەندازنىڭ چىشىغا تېگىش ئۈچۈن ئەتەي ئۇنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

— بۇ قانداق گەپ؟... كۆك قاشقىنى قىيناپ... بۇنى ئاز دېگەندەك، ئۆرۈمە قامچا بىلەن ماڭلىيىغا ئۇرسا بولامدۇ؟! بۇ قانداق مېھماندارچىلىق بولىدۇ؟!

يۇسۇپنىڭ رەڭگىدە قان قالمىدى، كۆزلىرى ئايانچلىق تۇسكە كىردى. ئۇ يېنىدىكى بىر چەۋەنداز بالىغا قاراپ:

— تونۇمسەن؟ — دەپ سورىدى.

— بىلمەيمەن، بىر قارا ئادەم...

— ئىزدەڭلار! ئايغاقچى قويۇپ تېپىپ كېلىڭلار! مۇراسىم تۈگىگۈچە تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ جېكىلىدى يىگىتلەرگە.

يۇسۇپنىڭ يىگىتلىرى تېزلا زەڭگىدەك بىر قارا ئادەمنى ئەكەلدى. ئۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، يىگىتلەرگە قامچا كۆتۈرۈپ:

— خوش، مەندە ئۆچۈڭ بارمىتى؟ ئالدىرىماي تۇرغىن! — دەپ دېۋەيلىدى. ئاڭغىچە يۇسۇپ ئېتىلىپ كېلىپ:

— قىمىرلىما! جان لازىم بولسا، قىمىرلىما! — دېدى شىددەت بىلەن، — كۆك قاشقىنىڭ بېشىغا ئۇرغان سەنمۇ؟

قارا ئادەم تىترەپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى:

— مەن ئەمەس... كىم كۆرۈپتۇ؟...

يۇسۇپ چىدىيالماي، قىلىچىنىڭ ئارقىسى بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىگە بىرنى ئۇردى.

— غىدىڭ ـ پىدىڭ دېمەي جاۋاب بەر، غىڭ قىلىپ باقە، ھالىڭ نېمە بولىدىكىن!؟

قارا ئادەم قورققىنىدىن ئالدىن مۇشت كۆتۈرۈپ:
— هەي، خالايىق، بارمۇسىلەر؟ مېنى ئۆلتۈرىدۇ! دېدى.
يۈسۈپ قىلىچىنىڭ ئارقىسى بىلەن يەنە ئۇردى.
— جان لازىممۇ؟
قارا ئادەم تىترەشكە باشلىدى:
— مەن ئۇرغاندىم... مەن ئىدىم، ئاكا...
— ھىم... ئاتنى تونۇپ ئۇردۇڭمۇ؟ كىمنىڭ ئارغىمىقى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇردۇڭمۇ؟
— قارىغۇ بولاي، كىمنىڭكى ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم، كور بولاي...
— مېنى تونۇمسەن؟
— كور بولاي، تونۇمايمەن... قارىغۇ بولاي، بىلمەيمەن...
يۈسۈپ بىر ئاز بوشىشىپ، قىلىچىنى غىلاپقا سالدى.
— ھېلىمۇ ياخشى، كۆرىدىغان كۆزۈڭ بار ئىكەن... ئەگەر بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلغان بولساڭ، كاللاڭنى خام سويىمىدەك ئۈزۈۋېتەتتىم... كۆزۈڭنى يوغانراق ئاچ! كۆك قاشقا ئارغىماق ئاقسى بېگىنىڭكى بولىدۇ.
— بىلمەپتىمەن، باتۇر... بىلمەپتىمەن...
— بۇ ئىشقا سېنى كىم ياللىدى؟
— ئۆزى... قارابەگ مىرزىنىڭ ئۆزى...
— ياخشى، ماڭا قارا، قالغان گۇناھىڭنى ئۆز ئەمگىكىڭ بىلەن ئاقلايسەن...
— نېمە قىلاي، باتۇر؟
— ئۈنچىلىك ئېغىر ئىش ئەمەس، توپلىنىپ تۇرغانلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بولغان ۋەقەنى زىر - زەۋەرىگىچە ئېيتىپ بېرىدىسەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ قارابەگ مىرزىنىڭ قىلمىشىنى ئوچۇق - ئاشكارا سۆزلەيسەن، بۇيۇن تولغىساڭ، ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ...

— ماقۇل...

يۈسۈپنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. قارابەگ مېھمانلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى. يېنىدىكى باخشىسى مىرزىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاۋاتاتتى:

ئاھ، قارابەگ بەگزادە،
ئەسلىي بەختىڭ بار ئىكەن.
ئارقىدا قالدى ئاتمىش ئات،
ساڭا ئامەت يار ئىكەن.

قارابەگ ماختاشتىن ھوزۇرلىنىپ، بېيىتنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتاتتى. باخشى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ماختاشنى داۋام قىلاتتى:

ئاھ، قارابەگ شاھزادە،
ياردىمىڭ چوڭ ئىكەن.
ئۆتۈپ چىقتى ئارغىماقىڭ،
قالغان ئاتلار خام ئىكەن...

يۈسۈپ ئېتىنى يورغىلىتىپ، غەزەپ بىلەن ئوتتۇرىغا كىرىپ كەلدى ــ دە، قامچا بىلەن قارابەگنىڭ بېشىغا بىرنى سالدى. ئۇنىڭ سۆسەر تۇمىقى ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ يۈسۈپنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

— ھەي، ئاقسىلىق كەلگۈندى تاز! ھەي، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟!

يۈسۈپ يولۋاستەك ئېتىلدى. كىشىلەر ئۇلارنى قامچىلاشقىلى قويماي، ئاجرىتىۋەتتى.

— بەگزادە ئىمىش! پەيت كۈتۈۋاتقان قاراقچى!

قارابەگ ۋارقىراپ، ئارىغا چۈشكەنلەرنىڭ قولىدىن يۇلقۇ-

نۈپ چىقماقچى بولدى. ئۇنىڭ يىگىتلىرىمۇ بىر تەرەپ بولۇپ، ھۇجۇمغا تەييار تۇردى.

— ئۇياتسىز، گۇناھىنى بوينىغا ئالمايدىغان ئوخشايدۇ! قېنى، قاراپ تۇرماڭلار! قورقىدىغان ئادەم يوق! لالمىلىقنى كۆرسىتىپ قويىمىز!

— بولدى ئەمدى، باتۇرۇم، — دەپ ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن بىر بوۋاي يۈسۈپنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتتى.

يۈسۈپ نۇرانە چالنىڭ گېپىنى ياندۇرماي، ئۆزىنى باستى:

— قانداق قىلاي، ئاتا؟

— نېمە گەپ ئۆزى؟ باش كەسسەڭمۇ سەۋەبىنى ئېيتىپ كەس، باتۇر... نېمىنى تالىشىۋاتىسىلەر؟ ياخشىسى، ئېيتقىن، چىراغىم؟

— خالىسمۇسىز؟

بوۋاي ساقىلىنى سىلىدى:

— ساقىلىمنىڭ ھۆرمىتى... شۇ يېشىمدا خالىس گەپ قىلمىسام گۆرۈمدە تىنچ ياتىمەنمۇ؟!

يۈسۈپ باش ئېگىپ تۇردى. بوۋاي خۇددى ياش يىگىتلەردەك يۈگۈرۈپ بېرىپ قارا بەگنىڭ ئاغزىنى باستى. تويغا كەلگەن ھەممە كىشى توپلاندى. يۈسۈپ ھەممىگە ئاڭلىتىپ چوڭ ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى:

— ھەي، خالايىق، قارابەگ قاراقچى ماڭا قول سالدى!

— ئۆزۈڭ قاراقچى! — دېدى قارابەگ نېرىقى تەرەپتىن.

ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان كىمدۇر بىرى يۈسۈپكە:

— ھەي، سەن بىرىنچى بولۇپ قامچا سالدىڭغۇ! — دېدى.

يۈسۈپ ئۇنىڭغا قولاق سالمىدى:

— ھەي، خالايىق بۇ قاراقچى بولمىسا، بەيگىدە كېتىۋاتقان كۆك قاشقىنىڭ بېشىغا ئۇرامدۇ؟ ئىنساپ بارمۇ؟ قارابەگ قاراقچى ئاتنىڭ يولىنى توسۇدى. بۇ نېمە قىلغىنى؟

— يالغان! يالغان، تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ!

— قارابەگ، ساڭا ئەس ـ ھوشۇڭنى يىغىشتۇرۇۋالغىن، دەپ قامچا ئۇرۇۋېدىم، لېكىن گۇناھكار بېشىڭ ئېگىلمىدى. ئەپسۇس: قامچا بىلەن ئەمەس، قىلىچ بىلەن چېپىشقا ئەرزىيدىغان بېشىڭ بار ئىكەن...

يىگىتلەر ھېلىقى قارا ئادەمنى تارتىپ ئوتتۇرىغا چىقاردى. يۈسۈپ كىشىلەرگە كۆرسىتىپ:

— ھەممە گەپنى مانا بۇ ئادەمدىن سوراڭلار! — دېدى.

ئارىغا چۈشكەن بوۋاي ھېلىقى ئادەمدىن:

— سەن كىم بولىسەن؟ — دەپ ئاستا سورىدى.

— مەن... مەن... بۆرىبايمەن.

— قېنى، ئوغلۇم بۆرىباي... جاۋاب بەر! قانداق ئىش ئۆتتى؟ پەقەت توغرا گەپ قىل! ھېچكىمدىن قورقما...

— مەن تۇتۇۋالىنغاندىم... مەن...

— سەنمۇ؟

— ھە، مەن... قارابەگ مىرزا بۇيرۇغانىدى...

يۈسۈپ خۇشاللانغانلىقىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.

— ئەنە، ئاڭلىدىڭلارمۇ! ئەنە، بۇ ئەلنىڭ مىرزىسى شۇنداق قىلغاندىن كېيىن، باشقىسى نېمە قىلماقچى؟!

قارابەگ خىجالەتچىلىكتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. ئوتتۇرىغا چۈشكەن بوۋاي قارابەگكە قارىدى:

— ھەي، قارابەگ، مىرزا بولماي قۇرۇپ كەت... ھەممە ئەلنىڭ نامىغا داغ چۈشۈردۈڭ، مىرزا بولماي قۇرۇپ كەت...

يۈسۈپ يولغا چۈشتى. ئۇ مال ـ دۇنيا ئۈچۈن ئات چاپمايتتى. توي ئىگىسى بىرىنچى مۇكاپاتنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. يۈسۈپ ئالمىدى. ئۈچىنچى مۇكاپات — ئاتنى بولسا، چەۋەنداز يىگىتكە سوۋغا قىلدى. يولدا ئۇ ھېچكىم بىلەن گەپلەشمىدى. نېمىشقىدۇر خاپا ئىدى. قارابەگنىڭ شەرمەندە ـ شەرمىسار قىلدى ... بىراق، ئاچچىقى بېسىلمىدى. ئاقسىلىق كەلگۈندى

تاز! شۇ سۆزلەر ئۇنى يىلاندەك چاقاتتى. ئەتتەڭ، يات يۇرت دېگەن شۇ ئىكەن ـ دە!... قەلبى ئېچىشىپ كەتتى...

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئارقىسىدىن كەلگەن خەۋەرچى ئەسەنباي تۆرىنىڭ قازا قىلغانلىقىنى ئېيتتى... يۇسۇپ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— بىر يامانلىقنىڭ بولۇشىنى سەزگەنىدىم. كۆك قاشقىنىڭ بېشىغا بىھۇدە قامچا تەگمىگەنىكەن... نېمە بولسىمۇ ئەسەنباي ماڭا ئاتا ئىدى... كەتكىنىم ياخشى...

يۇسۇپ قەدىردان ئارغىمىقى بىلەن كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، قارابۆرە داۋىنى ئارقىلىق ئاقسىگە يېتىپ كەلدى. ئەسەنباي تۆرىنىڭ ئاۋۇلى ئىتئاقار دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ مەرىكىسىگە ئۈلگۈرۈپ، يىراقتىن پەرياد ئۇرۇپ كىردى. قائىدە بويىچە، يۇسۇپ ئاتىسىنىڭ قىرىقى نەزىرسىنى ئۆتكۈزدى...

كېيىنچىرەك ئۇ ئاتىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئاقسىگە تۆرە قىلىپ تەيىنلەندى.

يۇسۇپ شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزىچە چۈشىدە كۆرگەن ئىشلار ئەمدى ئەمەلگە ئاشتى، دەپ ئويلاپ يۈرەتتى، لېكىن بۇنىڭدىن كۆڭلى تېخى تولمايتتى. ئاخىر، بۇ ئاتا مىراسقۇ! ئەمەل دېگەن نەرسە بۇرۇنمۇ ـ كېيىنمۇ هامان قولىغا كىرەتتى! شۇڭا، ئۇ دادىسىدىن قالغان مىراسقا قانائەتلىنىپ كەتمەيتتى. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى...

يۇسۇپ ئەمدىلا جانىنىڭ هۇزۇرىنى كۆزلەپ، خاتىرجەم دەۋران سۈرۈۋاتقان ۋاقىتتا، ئوردىدا تىنچلىق بۇزۇلدى، ئۇ يەنە ئۈمىد ئېتىغا مىندى. بۇ تاغدا تۇرۇپ ۋارقىرىسا، ئۇ تاغنىڭ كېيىكى ئۈركۈپ قاچقان ئەھۋال كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى ئوت ئالدى. ئوردىدىكى كېلىشمەسلىكلەر، ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى يۈز بەرگەن خەلق قوزغىلىشىنى كۆرۈپ، يۇسۇپ

ئىزدىگەن نەرسىسىنى تاپقاندەك بولدى. ھە، ئۇنى تاپتى...

مانا، يېنىدا شىرئەلى قولغا چۈشكەن ئوغرىدەك بوشىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. يۈسۈپ كىرپىكىنى قىمىرلاتماي، شىرئەلىگە سىنچىلاپ ئۇزاق قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قورقۇنچاقلىقى، كۆزلىرىدىن قەتئىيەتسىزلىكى، يۈرۈش - تۇرۇشىدىن بوشاڭلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى...

— بەگ ئاكا، شەھەردىن خۇش خەۋەر كەلدى ... — دېدى ئابىل تۇغچى ئالدىراپ. يۈسۈپ خىيالىدىن سەگىدى:

— كىم! ... چاقىر... قېنى ئۇ؟ ... — دېدى.

ئابىل ئارقىغا قاراشقا ئۈلگۈرمىدى. ئېگىز بويلۇق قەلەندەر ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بەگ ئاكا!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام...

— كەل، باتۇر... ئولتۇر.

يۈسۈپ خۇشال ئىدى. ئىش ئوڭىدىن كەلدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە يورۇقلۇق چۈشتى.

قەلەندەر يۈسۈپتىن كېيىن شىرئەلى بىلەن تىنچلىق - ئامانلىق سورىشىپ ئولتۇردى ۋە يەلكىسىدىكى دەرۋىشلىك يەكتىكىنى ئېلىپ ئوتقا تاشلىدى...

— ئىش ئوڭىدىن كەلدى... سىزگە خىزىر يولۇققانىكەن ... يولىڭىز ئوچۇق، ئەتىلىككە ئىبراھىم خەيال قوقاننى سىزگە تاپشۇرۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى ... — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

يۈسۈپنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈردى:

— ھە... كېيىنچۇ؟ ... — دېدى خەۋەرنى كۆپرەك ئاڭلاش نىيىتىدە.

— ئىبراھىم خەيالنىڭ ئەسكىرى ئاز. يەتتە يۈزلا، خالاس. مەدەلىدىن قالغان ئاۋۋالقى يۈزبېشىلار بىز تەرەپكە ئۆتتى. جېدەل چىقىرىپ، دەرۋازىلارنى ئاچىمىز، دەۋاتىدۇ كىشىلەر. بىلدىڭىز-

مۇ، بۇنى بېسىشقا ئىبراھىم خەيالنىڭ كۈچى، غەيرىتى يوق…
— كېيىنچۇ؟…
— ئىبراھىم خەيالنىڭ ئۆزى بىلەن ئۇچراشتىم.
— ھە، شۇنىڭ گېپىنى قىل، — دېدى يۇسۇپ، — سېنىڭ قەلەندەر ئىكەنلىكىڭگە ئىشەندىمۇ؟

ئۇ ئىبراھىم خەيال بىلەن قانداق ئۇچراشقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. يۇسۇپ ئۇزاققىچە كۈلدى. شىرئەلى كۆزلىرىنى ئالايتىپ ئولتۇردى.

— بىچارە، خۇدا يەتكۈزگەن قەلەندەرگە پال ئاچقۇزۇپ، تەقدىرىنى بىلىۋالماقچى بولغانىكەن ـ دە! ھا ـ ھا ـ ھا… تازا ئىش بوپتۇ.

— ئەزىمەت! ئىبغىر ۋە شەرەپلىك ئىشنى بېجىرگەنلىكىڭ ئۈچۈن رەھمەت. يولىمىزنى ئاچقان تەگرىگە مىڭ مەرتىۋە شۇكۇر! ئىبراھىم خەيالنىڭ قانداق تەلىپى بار؟

— دۈشمەننىڭ ئۆزى كېتىمەن دەپ تۇرسا، بىز نېمە دەيتتۇق.

— باتۇر، — دېدى يۇسۇپ، — يىرتقۇچنى ئۇۋىسىدىن چىقىرىۋەتسەك، ھەتتا بۇرنىمۇ قانىمىغان ئىبراھىم خەيال بۇخاراغا بېرىپ، ئەمىردىن ئەسكەر ئەكەلدى، دەيلۇق… بۇ چاغدا قانداق بولىدۇ؟ خوش، قانداق بولىدۇ؟

— جەڭ…

— توغرا، جەڭ بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن. پۇرسەتنى ئۆتكۈزمەي، دۈشمەنگە زەربە بېرىشىمىز كېرەك، توغرىمۇ؟

— ناھايىتى توغرا…

— ھە… دۈشمەننى ئايىغان ئارماندا قالىدۇ، بۇنى يادىڭدىن چىقارما.

شىرئەلى گەپنىڭ نېمە توغرىسىدا بولۇۋاتقانلىقىغا ئەقلى يەتمەي ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قانداق پىكىردە ئىكەنلىكى بىلەن

ھېچكىم ھېسابلاشمىدى.

ئىبراھىم خەيال ئەتىسى كەچقۇرۇن مۇنارغا چىقىپ، گۇلخانلارنىڭ دەرۋازىلاردىن خېلى يىراقتا كېتىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئېگىز بويلۇق قەلەندەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. شۇ ھامان ئۇ يول تەييارلىقىنى كۆرۈشكە بۇيرۇق بەردى. مەككار يۇسۇپ ئەتراپقا يالغان گۇلخانلارنى ياقتۇرۇپ، ئەسكەرلىرىنى توپ - توپ قىلىپ، دەرۋازىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايلارغا بۆكتۈرمە قويغانىدى. ئەسكەرلەر جەڭگىۋار ھالەتتە ئىدى.

تاڭ ئاتقاندا، بۇخارالىقلار بۇخارا يولىغا ئاچىقىدىغان دەرۋازىدىن ئاق تۇغ كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئاخىرى دەرۋازىدىن چىقىپ بولماي تۇرۇپ، ئالىتوپىلاڭ باشلاندى. كۈتۈلمىگەن ھۇجۇمدىن ھودۇقۇپ كەتكەن بۇخارالىقلار قەيەرگە قاچمىسۇن، قىلىچنىڭ تىغىغا، نەيزىنىڭ ئۇچىغا ئۇچرايتتى. يۇسۇپنىڭ كۆپ سانلىق ئەسكىرى دۈشمەننى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. ئالدىنىپ قالغان ئىبراھىم خەيال يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولۇپ، يىگىرمىدەك يىگىتى بىلەن تەسلىكتە قېچىپ كەتتى.

يۇسۇپ ئاق بوز ئاتتا، كاناي سادالىرى ئاستىدا، ئۆزىگە خاس سالاپەت ۋە ئۇلۇغۋارلىق بىلەن قوقاننىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. ھۆرمەت يۈزىسىدىن قەلئەنىڭ چېتىدە ئورنىتىلغان زەمبىرەكلەردىن ئوقلار ئېتىلدى.

«جاھانگىر[1] يۇسۇپ مىڭبېشى! جاھانگىر يۇسۇپ مىڭبېشى!»

قوشۇننىڭ ئالدىدا، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ - جارقىراپ جارچى كېتىپ باراتتى. شەھەر ئاھالىسى بۇ تەنتەنىنى كۆرۈش ئۈچۈن، تاملارغا، دەرەخلەرگە چىقىۋالغانىدى. كوچا ۋە يوللارغا ئادەم سىغمايتتى. كۆپچىلىكنىڭ يۇسۇپنىڭ شەنىگە ئېيتقان سۆزلىرى قۇلاقنى يارغۇدەك جاراڭلايتتى.

---

① جاھانگىر — جاھاننى ئىشغال قىلغۇچى.

www.uyghurkitap.com

«جاھانگىر يۈسۈپ مىڭبېشى!»
«جاھانگىر يۈسۈپ مىڭبېشى!»
جاھانگىر يۈسۈپ مىڭبېشى ھۇۋۇللاپ قالغان ئوردىغا كې-
لىپ چۈشتى.

## 4

ھۆكۈمدارغا سالام بېرىش ئۈچۈن، شەھەرنىڭ نامدار بايلى-
رى، ئۆزلىرىنى ئەقىللىق ھېسابلايدىغان كاتتا ئۆلىمالىرى سوۋ-
غا - سالاملار بىلەن ئۆزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. يۈسۈپ كەلگەن-
لەرنى ئۆزى كۈتۈۋېلىپ، ئۆزى ئۇزىتاتتى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن، يۈسۈپ شەھەرنىڭ قازىسىنى چاقىرت-
قۇزدى. ئوتتۇرىغا داستىخان سېلىنىپ، تاتلىق مېۋىلەر قويۇل-
دى. ئىككىسى خالىي ئىدى. يۈسۈپ ئوردىنىڭ قائىدە - تەرتىپ-
لىرى، شەرىئەت قانۇنلىرى، ئوردا تارىخى، خانىنىڭ دەرىجىسى،
ۋەزىرلەرنىڭ ۋەزىپىسى، ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى
توغرىسىدا سوراپ - سۈرۈشتۈردى. بىر چاغلاردا مەدەلىخاننىڭ
ھۇزۇرىدىمۇ خۇددى شۇنداق تىز چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، ئاتىسى
ئويناپ قويغان قىزغا شەرىئەتتىن يول تېپىپ بەرگەن كىشى دەل
مۇشۇ قازى ئىدى. قايسىبىر ياز ئايلىرىدا، ئەمىر نەسرۇللانى
دىنىي ئىسلامنىڭ زۇلپىقارى، دەپ قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالغان
ئاشۇ شەرىئەت پېشۋاسى ھازىر يەنە يۈسۈپنى باسقۇنچىلاردىن
قۇتۇلدۇرغان نىجاتكار، دەپ ماختاپ، ئۇنىڭ پېشىنى تاۋاپ قىلى-
ۋاتاتتى. ھىيلىگەر قازى مىڭ ياڭزا قىلىق بىلەن كۈچۈكلىنىپ،
ھارام نىيىتىنى كۆلكە ئىچىگە يوشۇرۇپ، يۈسۈپنى ماختاپ كۆك-
كە ئۈچۈردى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. يۈسۈپ
قازىنىڭ گېپىنى بۆلمەي، ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. شۇم قازى
ھۆكۈمدارغا باشقىچىرەك جاۋاب قىلىشى كېرەكلىكىنى پەملىدى.

— ھەزرىتى ئالىيلىرى... ئوردىنىڭ تەرتىپى دەۋرگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرغان ... — دېدى ئۇ گېپىنى ئايلاندۇرۇپ ۋە يۇسۇپكە كۆز قىرىنى تاشلاپ قويۇپ، مۇلايىم ئاۋازدا سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئاخىر ئەلمىساقتىن بۇيان، ئەقىل ئۇستۇنلۇك قىلىپ كەلمەكتە. ھەر ۋاقىت، ھەمىشە پادىشاھنىڭ ئۆزى ھۆكۈمدار بولغان ئەمەس. ئەقىللىق يول ئېچىپ ماڭغان.

يۇسۇپ قازىغا تىكىلىپ قالدى. قازىنىڭ چىرايى ئېچىلدى. ئۇنىڭ گېپى مولجالغا تەگكەندەك قىلاتتى. پەيتى كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىپ، ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ، نام چىقىرىش مۇمكىنلىكىنى ئويلىدى. يول بار ئىكەن، ھەرىكەت قىلىش كېرەك. بۇنى بۇگۈن ئۇ دېمىسە، ئەتىلىككە باشقا بىرى ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ.

— ھەزرىتى ئالىيلىرى ... — دېدى ئۇ سۆزىنى چوڭقۇرلىتىپ، — پادىشاھ دۆلەتنىڭ خوجايىنى... بىراق... مۇبادا، پادىشاھ ياش بولسا، دۆلەتنى باشقۇرۇشقا ئەقلى يەتمىسە، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلمىسە، ئۇ چاغدا ئەھلى مۇسۇلمانلارنىڭ تىنچ ـ ئامان ياشىشى ئۈچۈن، تەجرىبىلىك، تەدبىرلىك بىر كىشىنى ئۆزىگە ئاتىدار قىلىۋېلىشى مۇمكىن. بۇ ئەلۋەتتە، مەملىكەت ئۈچۈن چوڭ پايدا. بۇنىڭ ئادالەتلىك تەرىپى شۇ يەردىكى، ھۆكۈمدارنىڭ رازىلىقىنىمۇ ھېسابقا ئېلىپ تۇرىدۇ... ھە، ھەزرىتىم!... ئاتىدارنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتىمۇ چوڭ. ئاتىدار بولغان كىشى تەختسىز پادىشاھ، تاجسىز ھۆكۈمدار بولىدۇ...

— شۇنداقمۇ، قازى؟ — يۇسۇپ ھەرقانچە قىلىپمۇ خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي، كۇلۇمسىرىدى. قازى يايراپ كەتتى.

— شۇنداق ھەزرىتىم... شۇنداق...

— مەسىلەن؟

— مەسىلەن، ئەمىر تېمۇر! جاھانگىر تېمۇر كوراگانىي زامانىدا چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادى چىغاتاينىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەندە،

ئۇنىڭ بالىسىنى خان دەپ تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، دۆلەتنى ئۆزى باشقۇرغان. تىللاغا ئۇلارنىڭ سۇرىتىنى، ئىسىملىرىنى ئويدۇرۇپ ئۆزلىرى ئىشلەتكەن.

قازى بۇ ھەقتە خېلى مىساللار كەلتۈردى. ئەمما يۇسۇپ نېمىشقىدۇر كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىمىدى. ئۇ چوڭقۇر ئويغا چۆ-مۈپ، يىلان ئويىنىتىدىغان ھىندىدەك ئولتۇراتتى.

— ھىم … — دېدى يۇسۇپ، سۆزى تۈگەپ قالغان قازىغا قاراپ، — ئېيتىڭا، خانىمىز ھازىر ئۆزىگىز ئېيتقان خۇدانىڭ خاھىشىدەك قىلىپ، دۆلەتنى باشقۇرالامدىكىن؟…

قازى ئالدىراپ بېشىنى چايقىدى:

— ياق، ياق، ھەزرىتىم! …— ئۇ تىلى تۇتۇلۇپ، قوللىرى تىترەپ، ياقىسىنى تۇتتى، — ياق، ياق! بۇنداق ئىش ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتمىگەن، — ئۇ يەرگە قارىغىنىچە، — ھە ـ ھەزرىتىم، ھە ـ ھەزرىتىم! — دەيتتى.

— قازى، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ.

— لەببەي ھەزرىتىم… لەببەي … — دېدى قازى چىرايى داكىدەك ئاقىرىپ.

— بېشىڭىزنى كۆتۈرۈڭ، قازى! مەن بىلەن سۆھبەتلەش-كەن ئادەمنىڭ كۆزىنى ئېلىپ قاچماي گەپلىشىشىنى خالايمەن!

— ھەزرىتىم! بىچارە قۇلىڭىز ھەقىقەتنى سۆزلەپ قويدى، بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ… قوقان ئوردىسى پاراسەتلىك، ئەقىللىق كاللىغا، ساخاۋەتلىك قولغا موھتاج…

— سىزنىڭ پىكرىڭىزچە، ئوردىغا ئاتىدار زۆرۈر. شۇنداق-مۇ، قازى؟ — دېدى يۇسۇپ.

— ئاتىدارلىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان شۇنداق دانىشمەن ئادەم بولسا ياخشى بولاتتى!

— ئېيتىڭا، كىم بار؟ ئوردىنى، بۇ يەردىكى كىشىلەرنى ياخشى بىلىسىز، خوش، سىزنىڭچە بۇنىڭغا كىم لايىق؟

قازنى سۇر بېسىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

— ھە، ھەزرىتى ئالىيلىرى! — دېدى ئۇ ئاخىر كەسكىن ھالدا، — سىز ئادالەت ئۈچۈن يارىتىلغان، دىلىڭىز پاك ئادەم ئىكەنسىز، ھەزرىتىم! سوراپ نېمە قىلىسىز؟ سىز ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلمەيدىكەنسىز...

يۇسۇپ قازىغا يېتەرلىك بولدى، دېگەندەك قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، سۆزىنى بۆلۈپ قويدى. كېيىن تاغلىقلارنىڭ ئەڭ قىممەت باھا سوۋغىسى — ئاق تۆگىنىڭ يۇڭىدىن توقۇلغان ئەستەرسىز چاپاننى ئۇنىڭ ئۇستىگە يېپىپ قويدى.

دۈشەنبە كۈنى ئىدى. شەھەرنىڭ كاتتا بايلىرى، ئىمتىيازلىق ئاقسۆڭەك كىشىلىرى ئوردىغا توپلاندى. ئەمىلىگە، دەرىجىسىگە قاراپ ھەركىم ئۆزىگە مەنسۇپ ئورۇن ئېلىپ، ئىشىك تەرەپكە تاقەتسىزلىك بىلەن قارىشىپ تۇراتتى.

— ھەزرىتى ئالىيلىرى!

ھەممە كىشى ئىشىك تەرەپكە يۈزلەندى. شىۋىر - شىۋىر باشلاندى. ئەڭ ئالدىدا شىر ئەلى كەلدى. كىشىلەر ئەدەپ يۈزىسىدىن قولىنى كۆكسىگە قويدى. شىر ئەلىنىڭ ئوڭ يېنىدا يۇسۇپ، سول يېنىدا مۇسۇلمانقۇل، ئارقىدا شەھەر قازىسى بىلەن شەھەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ سەركەردىسى كېلىۋاتاتتى. شىر ئەلى يەنە شۇنداقلا، ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ئۇنىڭغا بىرى ئۆگىتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، سالام بەردى. كۆپچىلىك قىزغىن قارشى ئالدى. ئۇ يېقىنلاشقانسېرى بەزىلەر پەلەمپەيگە باش قويدى. شىر ئەلىنىڭ بېشىدا كونا تەلپەك، ئۇستىدە توزۇپ كەتكەن چەكمەن، ئايىغىدا چاك - چېكىدىن سۆكۈلۈپ مىڭ يېرىگە ياماق چۈشكەن چورۇق، بېلىدە يالىڭاچ قىلىچ، ھە... بىچارە ئاشىرنىڭ قېنى بىلەن بويالغان پولات قىلىچ! ئۇنى ئاشۇ ھالەتتە ئاپىرىپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇشتى. ھەممەيلەن مۇبارەكلىدى. شىر ئەلى قولىقىغىچە قىزىرىپ، قوللىرىنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمەي،

www.uyghurkitap.com

تەمتىرەپ قالدى. كاتتا زال ھەرە ئۇۋۇسىدەك غۇۋۇلداپ كەتتى، لېكىن يۇسۇپ كۆزلىرىنى ئالايتىپ بىرلا قارىۋىدى، غاۋۇر ــ غۇۋۇر تېزلا بېسىلدى. ئۇ ئالدىدا تۇرغانلاردىن بىرىنىڭ بېلىدى-كى ئۆتكۈر شەمشەرنى غىلاپتىن سۇغۇرۇۋېلىپ، يەنە ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ:

— قېنى، مانا بۇ شەمشەرنى خانىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا قاداپ باقە، — دەپ تامنى كۆرسەتتى، — ھە، ئاشۇ يەرگە…

— خوپ، تەقسىر! جېنىم بىلەن…

شەمشەرنىڭ ئىگىسى تەزىم قىلىپ، بۇيرۇقنى ھېجىرىشكە كىرىشتى. بۇ نېمە قىلغىنى! ھەممەيلەن ئۇنچىقماستىن بۇ ۋەقە-نى كۆزىتىشتى. يۇسۇپكە سىرداش بولغان قەبىلىنىڭ ۋەكىللىرى-مۇ بۇنى چۈشەنمىدى.

شەمشەرنىڭ ئىگىسى ئايىغىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۆرىدەپ، قو-لى يەتكەن جايغا ئەمدى شەمشەرنى سانجىماقچى بولۇۋىدى، يۇسۇپ-نىڭ:

— ئۇستۇنرەك! — دېدى سۆزىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ-نىڭ قولى يەتكەن يەر شۇ تۇرسا، يەنە ئۇستۇنرەككە قانداق سانجىيدۇ!؟

— ئۇنى كۆتۈرۈڭلار! — دېدى يۇسۇپ يوغان ئاۋازدا. ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغانلار دەرھال كۆتۈرۈشتى.

— بىرىڭ يەلكەڭگە چىقار!

ئۇلار تىترەپ، ئاخىر بىرى ئۇنى يەلكىسىگە چىقاردى.

— بولدى! خۇددى شۇ يەرگە قاق!

شەمشەر زالنىڭ ھەشەمەتلىك تېمىغا قادالغاندىن كېيىن، يۇسۇپ شىرئەلىنىڭ پۈتىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغانلارغا قاراپ:

— چورۇقىنى يېشىڭلار! — دېدى.

ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئاقسۆڭەك دەپ يۇقىرى بىلىدىغان خوجە-

لار تۆرغانىدى. ئۇلار ساقىلىنى تۇتاملاپ، بىر - بىرىگە قاراپ قويىدى.

— ھەي، ئاق سەللىلىكلەر! يېشىڭلار دەۋاتىمەن، قولۇڭ-لارغا بىر نەرسە يۇقۇپ قالامتى؟...

خوجىلار بۇيرۇقنى چۈشەنگەندەك بولۇشتى.

ئېگىشىپ شىرئەلىنىڭ چورۇقىغا يېپىشتى. يۇسۇپ ئۆزىنى تۇتتى. ئەگەر بۇيرۇقى ئىجرا قىلىنمىسا، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەۋلادى ئىكەنلىكىگە قاراپ ئولتۇرمايتتى. جامائەتچىلىك ھەيران ئىدى. خوجىلار شىرئەلىنىڭ مىڭ يېرىگە ياماق چۈشكەن، تەر بىلەن تېزەك ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان چورۇقىنى يەشتى. سىبىسىپ كەتكەن پايتىمىلىرىنى سەسكىنىپ تۇرۇپ چورۇقىنىڭ قونچىغا تىقتى. شىرئەلى قىزىرىپ، تاتىرىپ يىرتىق چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن پۇتلىرىنى يوشۇردى.

— كەمىرىڭنى يەش! — دېدى يۇسۇپ ئۇنىڭغا.

شىرئەلى ئۇنچىقماستىن، كونا چەم كەمىرىنى يېشىپ بەر-دى. يۇسۇپ كەمەر بىلەن چورۇقنى جۈپلەپ باغلىدى.

— قوزۇقتا ئىلىڭلار!

تامغا قېقىلغان شەمشەرگە چورۇقنى ئىلىپ قويىدى. زال تىمتاس ئىدى، ئادەملەر يۇسۇپتىن كۆز ئۈزمەيتتى. بۇ نېمە قىلغىنى؟ بۇ زادى قانداق سىر؟ يۇسۇپ بۇ تېپىشماقنى ئېيتىشقا ئالدىرىمىدى. بۇرۇندىن تەييارلاپ قويۇلغان قىزىل كىمخاب چا-پاننى شىرئەلىنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى، ئايىغىغا كۆك خۇرۇم گۇللۇك ئۆتۈك كىيدۈردى. كېيىن كۆپچىلىككە ئاگاھلاندۇرۇش قىلىپ:

— شىرئەلى، قاراغىم! مانا ئەمدى سەن يۇرتنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولدۇڭ. ئەل - يۇرتقا، دوست - بۇرادەرگە جان كۆيەر بول. ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ گېپىدىن چىقما! — دېدى ۋە چو-رۇقنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئاۋۇ ئەسكى چورۇق

www.uyghurkitap.com

سىنىڭكى بولىدۇ... ئۇ سىنىڭ ئۆتكەن كۈنۈڭ، شىرئەلى... ئاشۇ ئۆتكەن كۈنۈڭنى ھەم چورۇقۇڭنى، غېرىب - مىسكىن ھاياتىڭنى ئۇنتۇماي، ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرغىن. سېنى ئالتۇن تەختكە مىندۈرگەن قۇدرەتلىك كۈچنى ھەر كۈنى ئېسىڭگە ئېلىپ تۇرغىن، بۇ سېنى مەغرۇرلاندۇرمىسۇن، ئەقلىدىن ئازدۇرمىسۇن!...

جىمجىت زالدا بىردىنلا گۈدۈڭ - گۈدۈڭ باشلاندى.

— بەللى! بەللى! مىلى پاشا، ئاتا ئوغلى، بەللى!

كېيىن، قازى قىسقا سۈرە ئوقۇپ، شىرئەلىگە خانلىق تاجىنى كىيدۈردى. خانغا بىرەرىنىڭ ئاتىدارلىق قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەپ، شەرىئەتتىن نەقىل كەلتۈرۈپ، شىرئەلىگە مۇراجىئەت قىلدى:

— ھەي، ئالەمپاناھ! ئەزىر ۋە قەدىرلىك ئاكىڭىز يۈسۈپ تۆرىنىڭ ئوردىڭىزغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇشىغا ئىشىنەمسىز؟ ئۇنىڭ ئوردىڭىزغا، ئۆزىڭىزگە، دۆلىتىڭىزگە ئاتىدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتۈشىگە رازىمۇسىز؟ ھە، ھەزرىتىم؟...

شىرئەلى باشتا ئۆگىتىپ قويغان جاۋابنى ئېيتتى:

— ئىشىنىمەن... رازىمەن ...— دېدى قىزىرىپ باش ئىرغىتىپ.

كېيىن، قازى يۈسۈپكە داغدۇغا بىلەن ھۆكۈمدارلىق بەلگىسى سۈپىتىدە، ئىككى تىزگىن بىلەن چۇلۋۇر بەردى. سالاۋات! كىشىلەر تەبرىكلەشتى. ئايرىملار خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن كۆز يېشى قىلىشتى. مىرزا سۈپەت بىر كىشى ئورالغان قەغەزنى ئېچىپ، قۇتلۇقلاش شېئىرىنى ئوقۇدى:

قۇش ئۇچسا قاناتى كۆيگەن چۆلدە يۈرگەن،
قەلەندەرلەر پاناھ تاپسۇن ئۆزۈڭدەك.
غېرىب خەلقىڭ دەۋران سۈرسۇن سايەڭدە،
دۈشمەنلىرىڭ جازا تارتسۇن ئۆزۈڭدىن.

تەنتەنىلىك بۇ مۇراسىمغا قاتناشقان ھەممەيلەن يۇقىرىقى مىسرالارنى زوق بىلەن ئاڭلاپ، باربكاللا ئېيتىشتى.

## 5

پۇقراچە تىرىكچىلىك تۈيغۇسى قان - قېنىغا سىڭىپ كەت-كەن شىرئەلى ياشلىقىدىنلا قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، بوشاڭ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، ئوردىدىكى قۇرۇق شان - شۆھرەت ۋە ھەمىشە بولۇپ تۇرىدىغان زىياپەتلەر ئۇنى تېخىمۇ كەم ئەقىل، دىتسىز قىلىپ قويدى. ئۇ، ئوردا ئىشىغا ئارىلاشماي، ئەتراپىغا توپلانغان دىندارلارنىڭ پەيغەمبەرلەر، ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ۋە دوزاخ ئوتلىرى توغرىسىدىكى ھېكايەتلىرىدىن بېشى ئايلىنىپ قالدى. ئۇ ئاستا - ئاستا كېچىلىرى ئۇخلىماي، سوپىلار بىلەن زىكرىخانلىق قىلىدىغان بولدى. ئوردىدىكىلەرنىڭ بەزىلىرى بول-سا، ھاراق - شارابقا بېرىلىپ، گۈزەل قىزلار بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىش يولىغا ئۆتتى. دۆلەتنى باشقۇرۇشقا ھېچكىم ئەھمىيەت بەرمەي قويدى.

ئەمىر نەسرۇللا پەرغانە ۋادىسىنىڭ قولىدىن كەتكەنلىكىگە زادىلا چىدىمىدى، باشقىدىن قوشۇن تارتىپ، ئۆرىتۆپە، خوجەند ۋىلايەتلىرىنى بېسىۋالدى ۋە چاققانلىق بىلەن قوقان شەھىرىنى قامال قىلدى.

قوقانلىقلار شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىشتى. قوشۇندىن تاشقىرى، ئەمگەكچىلەردىن تەركىب تاپقان ئىسيانچىلارمۇ توپلان-دى. شەھەرنىڭ ئون سەككىز دەرۋازىسى ئەتراپىدا دۈشمەننىڭ قارشىلىقى ۋاقتى - ۋاقتىدا چېكىندۈرۈلدى. رەھىمسىز ئەمىر نەسرۇللا قىرىق كۈن ئىچىدە توققۇز قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتتى. بىراق ھۇجۇملار زايە كەتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمىر نەسرۇللا ھىيلە ئىشلىتىش يولىغا ئۆتتى. ئوردىغا ئەلچى

ئەۋەتتى. ئەلچىنىڭ ۋەزىپىسى قوقان ئوردىسىنىڭ ئىگىسى قەيەرلەردىن كەلگەن كۆچمەنلەر ئەمەس. بەلكى شىرئەلى ئىنكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەسلىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇخارايى شەرىپىنىڭ ئادىل ئەمرى بىر توپ سۈيىقەستچىلەرنىڭ قولىدىن ئاتا مىراس بايلىقىنى شىرئەلىگە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەلچى ئابدۇساتتار خەلىپىنى دەرۋازىدا قورالLIق كىشىلەر كۈتۈۋالدى. ئەلچى كىرگەندە، يۈسۈپنىڭ ئالدىدا ئابىل يۈزبېشى بار ئىدى.

— قۇلىقىم سەندە، ئەلچى، — دېدى يۈسۈپ، ئەلچى شىرئەلىنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. يۈسۈپ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ھۆكۈمدارلار بىلەن تالاي قېتىم ئۇچرىشىشلاردا بولغان ھىيلىگەر ئابدۇساتتار خەلىپە ئىچىدىن پۇچىلىنىپ كەتتى.

— قوبۇل قىلىپ قالار… كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلچىم!

— خوپ، تەقسىر…

ئەلچى ئابدۇساتتار خەلىپە تەزىم قىلىپ ئاستا چىقىپ كەتتى.

ئۇلار ئوردا ئىچىدە پېشىنگىچە كۈتۈپ ئولتۇردى. ھېچكىم چاقىرمىدى، كىرىپ - چىقىۋاتقانلار كۆپ ئىدى. ئەسكەر كىيىمى كىيگەنلەر ئالدىراپ - تېنەپ ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتەتتى. ئەلچى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، ئۇنى ھەممىسى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندەك ئىدى… ئۇ پېشىن نامىزىغا ئەزان ئېيتقان مەزىننىڭ ئاۋازىنى تاھارەتسىز ئاڭلىدى، نامازمۇ قازا بولدى. خىرە - شىرە قاراڭغۇ چۈشكەندە، خاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

شىرئەلى تەختتە ئىدى. ئەلچى ئابدۇساتتار خەلىپە پېشانىسى يەرگە تەگكۈدەك تەزىم قىلىپ سالام بەردى. ھېچكىم ئىلىك ئالمىدى.

— ھە، نېمىشقا كەلدىڭ؟ — دېدى شىرئەلىخان تەكەببۇرلۇق بىلەن. ئەلچى يەر ئاستىدىن ئەتراپتا ئولتۇرغانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ئوڭ تەرىپىدە يۈسۈپ ئولتۇرۇپتۇ، ئەلچىنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى، ئەمما بىلىندۈرمىدى:

— ھۆكۈمدار! — دېدى قوينىدىن بىر ئورام قەغەزنى ئېلىپ، ئۇنى ئاۋۋال ئۆزى سۆيۈپ، ئاندىن قوش قوللاپ خانغا ئۇزاتتى، — بۇخارايى شەرىپىنىڭ شەۋكەتلىك ئەمىرى سەيىد نەسرۇللا خاندىن گۈللەپ - ياشناۋاتقان پەرغانە دىيارىنىڭ سىزدەك ئىگىسىگە، ئەمىر تېمور كوراگانىينىڭ سىزدەك ئەۋلادىغا ئايدەك نۇرلۇق، قۇياشتەك ئىسسىق تەۋەررۇك دۇئايىسالام ئەكەلدىم.

خاننىڭ جاۋابىنى كۈتۈشتىمۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھېچقايسىسى گەپ قىلمىدى. شىرئەلى گەپ قىلماستىن، قەغەزنى سول تەرىپىدە ئولتۇرغان مەسلىھەتچىگە ئۇزاتتى، مەسلىھەتچى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، دۇئايىسالامنى ئوقۇماقچى بولۇپ ئېگىز كۆتۈردى. ئەلچى ئالدىراپ قالدى:

— جانابىي ھۆكۈمدار! دۇئايىسالام يالغۇز ئۆزىڭىزگە پۈتۈلگەن!

شىرئەلى جاۋاب بەرگۈچە، خېلىدىن بېرى نېپىز لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلەپ ئولتۇرغان يۈسۈپ ئاچچىقى بىلەن:

— شادى، توختا! مەخپىي بولسا، ئوقۇما! — دېدى.

— خوپ، ئاتىدار ... — دېدى شادى خەتنى يىغىشتۇرۇپ.

شىرئەلى تەمتىرەپ قالدى. يۈسۈپنىڭ زەردىسى قايناپ:

— مەخپىيمۇ؟ نېمانداق تۈلكىنىڭ قۇيرۇقىدەك لەپپەڭشىيسەن؟! ئورالغان قەغىزىڭدە نېمە گەپ بارلىقىنى بىلىمەن.

ئابدۇساتتار خەلىپە ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ئۇ كۆپنى كۆرگەن ئادەم ئىدى. بۇنداق قوپال مۇئامىلىنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. ئۇ بىرەر يۇمشاق گەپ قىلار، دېگەن ئوي بىلەن

www.uyghurkitap.com

شىر ئەلىخانغا تەلمۈرۈپ قارىدى. لېكىن گەپ قىلىش نەدە، شىر-ئەلى هامان كىرپىكىنى مىدىرلىتىپ ئولتۇراتتى.

ئابدۇساتتار خەلپە سۆزگە كىرىشتى:

— تەقسىر! مەن پەقەت بۇيرۇق بېجىرىش ئۈچۈن كەلگەن قۇلمەن.

يۈسۈپ بىرئاز ئىنساپقا كەلگەندەك بولدى.

— ھىم ... — دېدى ئۇ نېمىنىدۇر ئويلىغان بولۇپ، — ئىلگىرى بىر تەكەببۇرلىشىپ كەتكەن ئوغۇل بولغانىكەن... ئاڭلاپ تۇر، مېھمان.

— قۇلىقىم سىزدە، تەقسىر...

— تىرىكچىلىكنى ئۆگەنسۇن، دەپ ئاتىسى ئوغلىنى ئوتۇن ئەكېلىشكە ئەۋەتىدىغان بوپتۇ. ئۇ ئوتۇنچىلىق قىپتۇ. بىر كۈنى ئاتىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ: «ھە، ئوغلۇم، ئورماندا ئوتۇن جىق-مىكەن؟ بۈگۈنمۇ خېلى ئەتىگەن كەلدىڭ؟» ئوغلى دەپتۇ: «تەي-يار ئوتۇن مېنىڭكى. بارىمەن-دە، ئاتقا ئارتىپ كېلىمەن» ئاتىسى: «ھاي، ئوغلۇم، ئوتۇننى يىغقان ئىگىلىرى نېمە دەي-دۇ؟» دەپتۇ. ئوغلى: «قىزىق ئىكەنسىز، ئاتا، ئىگىلىرى دەيسىزا؟ ماڭا ئارتىپ بېرىشىدۇ. قېنى، ئارتىپ بەرمەي كۆ-رۈشسۇنچۇ!» دەپتۇ. ئوغلىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ: «ھىم... دەپتۇ ئاتىسى، — زورلاپ تارتىۋالىدىكەنسەن-دە...» ئەمدى بۇ تەرىپىنى ئاڭلا، كېيىن ئاشۇ ئوغۇل تۈگمەنگە بېرىپ تېز قايتىپتۇ. ئاتىسى: «ئوغلۇم، تۈگمەن بوشمىكەن؟ هازىر كىشى-لەر قىشلىق ئۇن غەملەپ ئېلىۋاتقان قىستاڭچىلىق ۋاقىتتا ساڭا قانداق قىلىپ نۆۋەت تەگدى؟» دەپ سوراپتۇ. «بارسام بىرى تالقان تارتىۋاتقانىكەن، — دەپتۇ ئوغلى، — قونىقىنى چاناقتىن ئېلىپ تاشلاپ، بۇغدىيىمنى تارتىپ ئالدىم.» ئاتىسى شۇ چاغدا: «ئوغلۇم، ھەددىڭدىن كۆپ ئاشما! ئۆزۈڭگە ئېھتىيات بول! يەنە بىرەر مۈڭگۈزى بارغا ئۇچراپ قالما» دەپتۇ. ئوغلى: «مۈڭگۈزى

بارغا كۆرسىتىپ قويىمەن» دەپ چوڭچىلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ-
تۇ، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەپتۇ. بىر كۈنى، يەنە تۇگمەنگە كەتكەن
ئوغلى كەچكە يېقىن ئۇستىبېشى قان، رەڭگىروينىڭ ئۆڭسۈلى
يوق، سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇپ قايتىپ كەپتۇ. ئاتىسى:
«ھە، نېمە گەپ؟ بىرەر مۈڭگۈزلۈككە يولۇقتۇڭمۇ، نېمە؟»
دېسىمۇ ئوغلى جاۋاب بەرمەپتۇ. مەلۇم بولۇشىچە، تۇگمەنگە
كېلىپ، يەنە زورلۇق بىلەن بۇغدىيىنى نۆۋەتسىز تارتماقچى بو-
لۇپ: «توختات! ھازىر مەن تارتىمەن!» دېگەنىكەن، بىر ئەزد-
ەت: «مازار ـ ماشايىخنىڭ ئوغلى بولساڭمۇ، ھوشۇڭنى يىغ!
» دەپ راسا كالتەكلىگەنىكەن. شۇ چاغدا، ئاتىسى مۇنداق دەپتۇ:
«ھەددىڭدىن ئاشما، دېگەنىدىمغۇ، ئەمدى ھوشۇڭنى تاپقانسەن!
» گەپنىڭ مەنىسىگە چۈشەندىڭمۇ، ئەلچى؟

ئەلچى ئابدۇساتتار خەلپە چىدىيالمىدى.

— ئاتىدار! دىنىي ئىسلامنىڭ زۇلپىقارى بولغان نەسرۇللا
خانغا قارىتىپ ئېيتقان بۇ مەسەلىڭىز پەسكەشلىك بول-
ماسمىكىن؟!

— نېمە؟ پەسكەشلىك؟ سەن ئەمرىڭنىڭ كىملىكىنى بىلەم-
سەن؟ نەسرۇللا ئەمىر ئەمەس. نەسرۇللا بىر قارانىيەت! ئۇنىڭ
قايسى ئاتىسى ھۆكۈمدار ئۆتكەن؟ سەمەرقەنت ۋە بۇخارانىڭ ئى-
گىسى كىم؟ ئەمىر تېمور. شىرئەلى — ئەمىر تېمورنىڭ ئەۋلا-
دى. نەسرۇللا قامالنى، دۇئايىسالامنى يىغىشتۇرۇپ، شىرئەلد-
خاننىڭ ئالدىغا باش ئېگىپ كەلسۇن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ قامچىسىنى
بويىنىغا ئوراپ كەلسۇن!

شىرئەلىمۇ چىگىشىنىڭ ئۇچىنى تاپقاندەك بولۇپ:

— ھۇ، ئاناڭنى ... — دەۋەتتى.

ئەلچى ئابدۇساتتار خەلپە جاۋاب قايتۇرماقچى بولۇۋىدى،
يۇسۇپ ۋارقىرىدى:

— ئاغزىڭنى يۇم! گەپ تامام!

— باش كېسىش بار، لېكىن تىل كېسىش يوق، تەقسىر! شىرئەلى ئورنىدىن تۇردى:

— ھۇ، ئاناڭنى… نېمىشقا باش كېسىش بار ئىكەنۇ، تىل كېسىش يوق ئىكەن؟ — دەپ پەگاھدا تۇرغان ئىككى يىگىتكە ئىشارەت قىلدى، — ئاچىقىڭلار، ئۇنى…

يۇرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان ئابدۇساتتار خەلپە يۇسۇپنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. ئىككى يىگىت ئۇنىڭ ئىككى ئايىغىدىن سۆرەشكە باشلىدى.

— توختاڭلار! — يۇسۇپ يېقىنراق كېلىپ ئۇنىڭغا تىكىلدى ۋە، — ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، تۇر ئورنۇڭدىن! — دېدى، ئەلچى لاغ - لاغ تىترەپ ئورنىدىن قوزغالدى، يۇسۇپ داۋام قىلدى، — نەسرۇللا كۆپ ھەددىدىن ئاشمىسۇن، بولمىسا، مۇڭگۈزى بار بىرىگە ئۇچرايدۇ. ئېيتىپ قوي، بۇخارانىڭ ئىگىسى شىرئەلىخان بولىدۇ. بۇنى ئېيت، ئاڭلىدىڭمۇ؟ يوقال!

ئابدۇساتتار خەلپە يەردە چۇۋۇلۇپ ياتقان سەللىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ئىككى قوراللىق كىشى ئۇنى يالاپ بېرىپ، دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتى.

ئەمىر نەسرۇللا قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدى، لېكىن نىيىتىدىن يانمىدى. ئاشۇ كۈنى يۇسۇپ شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشنى مۇسۇلمانقۇلغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى قوشۇنىنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەنجان ۋە تۆرتقورغاندىكى نۆكەرلەرنى يۆتكەپ، ئەمىر نەسرۇللا بىلەن يۈزمۇ يۈز جەڭ قىلىشنى ئويلاپ قويدى. ئەمىر نەسرۇللا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قوقانغا يەنە ئەلچى كىرگۈزدى. ئەلچى بۇ قېتىم ئۆزىگە خېلى يېقىنچىلىق قىلغان خاننىڭ مەسلىھەتچىسى ئارقىلىق، شىرئەلى بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ، يۇسۇپنىڭ ئاتىدارلىقىنى بىكار قىلىشقا ھەرىكەت قىلدى.

ئەلچى ئالدى بىلەن مۇلايىم تەبىئەتلىك شادىگە يولۇقتى.

بىراق، شىرئەلى زادىلا گەپ قىلغىلى ئۇنىمىدى. يۇسۇپنىڭ يوقلۇقىنى باھانە قىلدى، ئاخىر مۇسۇلمانقۇلنى چاقىرىپ: «چاقىرىلمىغان مېھماننى يوقات!» دېدى. ئۇ مۇھاپىزەتچىلەرگە تاپشۇردى. مۇھاپىزەتچىلەر ئەلچىنى خۇددى مەھبۇستەك دۈشكەلەپ، زەمبىرەكلەر قويۇلغان مەيدانغا ئەكېلىشتى. بۇخارالىقلارنىڭ ئۈلۈكلىرى ياتقان يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىككى زەمبىرەكنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ، پىلتىسىنى تۇتاشتۇرۇپ قويدى. ئەلچى ئاشۇ ئەھۋالدا تىترەپ، قاقشاپ كەچكىچە ئولتۇردى. كېيىن قاراڭغۇ چۈشكەندە، مۇھاپىزەتچىلەر ئەلچىنىڭ سۆڭگىچىگە تېپىپ، دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتى.

نەسرۇللا قوقاننى ئېلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتى. چۈنكى، دەل ئاشۇ پەيتتە، ئۇنىڭ سەپەردە ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بولغان خىۋە خانى بۇخاراغا قارشى ئۇرۇشماقچىمىش، دېگەن خەۋەر تارقالدى. نەسرۇللا بۇ خەۋەردىن چۆچۈپ، قامالنى دەرھال بىكار قىلدى ـ دە، ئارقىغا چېكىندى. بۇ چاغدا يۇسۇپ ئون مىڭغا يېقىن ئەسكەر بىلەن يوللارغا بۆكتۈرمە قويۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى. ئەمىر نەسرۇللا كۈتۈلمىگەن يەردىن زەربە يەپ قالدى. بۇخارالىقلار قورشاۋنى يېرىپ ئۆتۈش مەقسىتىدە شىددەت بىلەن جەڭگە كىردى. لېكىن ئەمىرنىڭ شۇنچە تاللانغان ھەم ياخشى قوراللانغان ئەسكەرلىرى بىر كۈندىلا سەپتىن چىقتى. نەسرۇللاخان يىگىتلىرىنىڭ يېرىمىنى تەسلىكتە قۇتۇلدۇرۇپ، «بۇخارا، نەددەسەن؟» دەپ قېچىپ كەتتى.

يۇسۇپ ئوردىغا تەنتەنە بىلەن كىرىپ كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئوردا ئاۋۋالقى چېگرىلارنى تەرتىپكە سېلىشقا كىرىشتى. 1843 ـ يىلى يۇسۇپ شىرئەلىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى موللابەگنى ئېلىپ، تاشكەنتكە يۈرۈش قىلدى. شۇ چاغدا تاشكەنتكە بۇخارا ئەمىرلىكى نامىدىن مەشەرىپ دېگەن كىشى بەگلىك قىلاتتى. يۇسۇپ مەشەرىپ بەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى

شورتۆپە دېگەن يەردە تارمار قىلىپ، ئۆزىنى ئەسىرگە ئېلىپ شەھەرگە كىردى. ئەمىر تەرىپىدىن قويۇلغان بارلىق ئەمەلدارلارنىڭ كاللىسى ئېلىندى. يۈسۈپ تاشكەنتكە يېڭى بەگ تەيىنلەپ قايتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەمىر نەسرۇللانىڭ كۇشكۇرتۇشى بىلەن ئالىمخاننىڭ سەمەرقەنتتە يۈرگەن ئوغلى ئىبراھىمبەگ ئەسكەر توپلىدى، تەخت تالىشىپ، قوقان خانلىقىغا تەھدىت سېلىپ، لەگلەك قىشلىقىغا كەلدى. يۈسۈپ بۇ جاڭجالغا ئارىلىشىشنى لايىق تاپماي، تالاستىن كېلىۋېتىپ، ھاجىباي دادخاھ قوشۇپ بەرگەن سەيىد ئەلىبەگنى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن ئىبراھىمبەگكە قارشى قودى. سەيىد ئەلىبەگ ئىبراھىمبەگنىڭ ئەسكەرلىرىنى تېزلا ئۇجۇقتۇرۇپ، ئۆزىنى ئەسىرگە ئالدى.

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ تەختنىڭ يەنە بىر مىراسخورىنى ساقلاپ قېلىشقا بولامدۇ؟ يۈسۈپ قانداق قىلىش لازىملىقىنى بىلىسىمۇ، لېكىن ئۆزى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئەپ كۆرمىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئىبراھىمبەگ خاننىڭ ئەۋلادى، يەنى خانلىق ئاساسىنى ئورناتقان مەشھۇر ئالىمخاننىڭ پەرزەنتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قىساسىغا قېلىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى. ئۆلتۈرسە شىرئەلى ئۆلتۈرسۇن. مۇبادا، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بېرىپ ئۆگەنمىگەن شىرئەلى ئۆلتۈرمىسە، قانداق بولىدۇ؟ يۇرۇۋەرسۇن، كۆرىدىغىنىنى كۆرۈپ··· دەپ ئويلىدى يۈسۈپ. ئۇ خانغا بوينىنى قىسىپ: «ئۆزۈڭ بىلىسەن. ئۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭ، جەزمەن سېنىڭ تەختىڭنى تالىشىدۇ. تەخت بولسا بىر، ياكى سەندە قېلىشى، ياكى بولمىسا، ئۇ سەندىن تارتىۋېلىشى كېرەك. سەن ئۇنى ئۆلتۈرمىسەڭ، ئۇ سېنى ئۆلتۈرۈشى مۇمكىن، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل···» دېدى. ئەمدى شىرئەلى قانداق قىلىدۇ؟ بۇرۇن زادىلا مەسلىھەتسىز ئىش قىلىدىغان يۈسۈپ ئەمدى ئۇنى بۇ جاڭجالغا ئىتتىرىۋاتىدۇ! ئوردىدىكى باشقا كىشى-

لەرمۇ ئىبراھىمبەگنى تېزرەك ئۆلتۈرۈش لازىملىقىنى ئېيتىش-
تى. شىر ئەلىنىڭ دەرمانى قۇرۇپ: «باشقا يەردە ئۆلتۈرۈڭلار،
مەن كۆرمەي...» دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئەتىسى، ئىبراھىمبەگنىڭ بېشى ياپپان قىشلىقىدا تېنىدىن
جۇدا قىلىندى.

مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن، كىشىلەر، ئوردىدىكى بەزىبىر ئە-
مەلدارلار شىر ئەلىنى بۇرۇن «دىتسىز» دەپ قارىغان بولسا،
ئەمدى ئۇنىڭ يېنىغا «لايپۇس» سۆزىنى قوشىدىغان بولۇشتى.
بۇ گەپ بازارلاردا، چايخانىلاردا ئېيتىلىپ، خالايىق ئىچىدە تار-
قىلىپ كەتتى. خان سۈپىتىدە ئوردىدىكىلەرنىڭ بىرەرىگە دادىل
بۇيرۇق بېرەلمەيدىغانلىقى يۇسۇپنى ياقتۇرمايدىغان بەزىبىر دۆ-
لەت ئەربابلىرىنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. ئۆزى خان تۇرۇپ،
تىزگىنىنى يۇسۇپكە تۇتقۇزۇپ قويغانلىقى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە
ياقمايتتى.

يۇسۇپ ئۆزى بىلگىنىچە خانلىقنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى باش-
قۇرۇشقا باشلىدى. چۈنكى، كېيىنكى كۈنلەردە ئىچكى زىددىيەت-
لەر ئەۋج ئېلىپ، يەرلىك ئاھالىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان
ئىشلار كۆپەيگەن، يەرلەر تېرىلماي، سودا - سېتىق ئىشلىرى
ئىزدىن چىقىپ، ئومۇمىي قىيىنچىلىق باشلانغانىدى. يۇسۇپ
غەللە ۋە سودا - سېتىقتىن ئېلىنىدىغان سېلىقنى مەلۇم مۇددەت
توختاتتى. خەزىنىنى بىھۇدە تالاۋاتقان كىشىلەرنىڭ تىزگىنىنى
تارتىپ قويدى. نۇرغۇن چىقىم ھېسابىغا ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئەس-
كەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى تارقىتىۋەتتى. قالغىنىغا ئابىل يۈزبې-
شىنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. ئۆزىنىڭ يېنىدا يۈز يىگىتنى
قالدۇردى. ۋەزىيەت قانچىلىك ئېغىر، خەۋپلىك بولسىمۇ، شۇن-
داق قىلىشقا توغرا كەلدى. ئەگەر بىرەر ھادىسە يۈز بېرىپ
قالسا، ئۇلارنى قايتىدىن توپلاش ھېچ گەپ ئەمەس...

كۆپچىلىك ئەمەلدارلار بۇ ئىشلارغا قايىل بولسىمۇ، لېكىن

ئايرىم بەگلەر، قازىلار خەزىنە ھېسابىدىن ئالىدىغان ئۆلۈشلىرى-
دىن قۇرۇق قالغانلىقى، ئوردىدا پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان
مەيخورلۇق، ئەيش - ئىشرەتلەردىن ئەمدى بەھرىمەن بولالماي
قالغانلىقى ئۈچۈن، يۈسۈپنى ئىچىمۇ يامان كۆرۈپ كەتتى. ئاتىس-
دار شۇ تەرىقىدە ئۆزىگە دۈشمەن بولغۇچىلارنى كۆپەيتىۋالغان
بولسىمۇ، لېكىن خاتىرجەم ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى.
قوقان ئوردىسىدا يۈسۈپكە قارشى كۈچلەرنىڭ بارغانسېرى
كۆپىيىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەمىر نەسرۇللا تەخت تالىشىش
نىيىتىدە ئالىمخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى مۇراتبەگنى ھۇجۇمغا
سالماقچى بولدى. بۇ قېتىم ئۇنى ئىبراھىمبەگدەك يالغۇز ئەۋەت-
مىدى. بەلكى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن ئۆزى بىللە باستۇرۇپ
كەلمەكچى بولدى. بۇ ئوردا ئۈچۈن بەك خەۋپلىك ئىدى...
يۈسۈپنىڭ ئاتىدارلىقىنى كۆرەلمىگەن ئايرىم بەگ ۋە ئەمەلدارلار-
نىڭ ئىغىپ كېتىشىمۇ تۇرغان گەپ. بۇنىڭدىن پايدىلانغان مۇ-
سۇلمانقۇلمۇ يۈسۈپكە بويۇن تولغايدىغان قىلىقىنى چىقاردى.
غەزىپى ئۆرلىگەن يۈسۈپ مەللە بەگنى يېنىغا تارتىپ قىپچاقلارغا
قارشى ئاتلاندى. ئۇرۇش بىلەن نام - ئابرۇي تاپالمايدىغانلىقىغا
كۆزى يەتكەن قىپچاقلارنىڭ ئەقىللىق ئادەملىرى تەسلىم بولدى.
لېكىن بۇنىڭ بىلەن يۈسۈپنىڭ غەزىپى بېسىلمىدى، ئۇ مۇسۇل-
مانقۇل تەرەپكە ئۆتكەن قىرىقتەك بەگنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۇلارنى
جاللاتنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بولۇپ يولغا چىقتى. بۇ
خەۋەر ھەش - پەش دېگۈچە ئوردىغا يېتىپ كەلدى.
بۇرۇن يۈسۈپتىن ئانچە - مۇنچە يامانلاپ يۈرگەن شادى
ئىناق بۇ خەۋەردىن كېيىن، بىراقلا جۈۋىسىنى تەتۈر كىيدى.
قىپچاق بەگلىرىنىڭ جازالىنىشى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدى-
غانلىقىنى شەرھلەپ، شىرئەلىنىڭ كۆڭلىگە غۇلغۇلا سېلىپ
قويدى.
— ھەزرىتىم! ئۆزىڭىزگە نەچچە قېتىم ئېيتقانىدىم. ئەمىر

نەسرۇللا پەقەت يۇسۇپ بىلەنلا قەستلىشىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ. سىز خانلىقنىڭ تىزگىنىنى باشقا ئادەمگە تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىڭىز ئۈچۈن، ئۇ ئىككىنچى شاھزادىنى ئىشقا سېلىۋاتىدۇ. باشقىسىغا چىدىساقمۇ، لېكىن يۇسۇپنىڭ قىپچاقلارغا قارشى يۇرۇش قىلغانلىقىنى زادىلا كەچۈرۈشكە بولمايدۇ! ئۇ مۇسۇلمانلىقنى ھەم ئۇنىڭ قىرىقتەك يىگىتىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئاخىر، قىپچاقلار دۇشمىنىڭىز ئەمەس، ئۆز خەلقىڭىز ئىدىغۇ! ؟ بەلكى ئۇلاردا يۇسۇپنىڭ ئۆچى بولۇشى مۇمكىن. ھەي، شاھىم! ئەگەر يۇسۇپ بۇ ناتوغرا ئىشقا قول ئۇرسا، بارلىق قىپچاق ئۇرۇقلىرى باش كۆتۈرۈپ، سىزنىڭ ئىناۋەت، ئابرۇيىڭىزنى يەرگە ئۇرىدۇ. قىپچاقلار ئاز بولسىمۇ مەيلى ئىدى ... ئىش شۇنداق كېتىۋەرسە، كېيىن قانداق بولىدۇ؟ بۇنى ئېيتىشقا ئېغىز بارمايدۇ! خۇدا ئۇنىڭ يۈزىنى قارا قىلسۇن. ھەزرىتىم! سىزنىڭ نۇرلۇق قۇياشىڭىز پېتىپ كەتمىسە بولاتتى...

شادى يالغۇز ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا باشقىلارمۇ توپلىنىپ، شىرئەلىنى ئەستايىدىل ئىشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپ يۈرىكى پوكۇلداپ سوراپ قالدى شىرئەلى.

شادى تەزىم بىلەن:

— ھەي، بىزنىڭ سايىۋەنىمىز! ئەڭ ئاۋۋال بەگلەرنى ئۆلۈمدىن ساقلاپ قېلىش كېرەك. يۇسۇپنى بولسا، ئەمەلىدىن چۈشۈرۈپ بۇ يەردىن يىراققا كەتكۈزۈۋېتىش كېرەك!...

شىرئەلى بۇنى كۈتمىگەنىدى، ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

بۇ چاغدا شادى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ:

— بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق، ئىلاجىمىز قانچە؟ ئاتىدارنى بىزمۇ ياخشى كۆرەتتۇق. تەدبىرلىك، غەيرەتلىك ئادەم، بولۇپمۇ سىزگە كۆپ ياخشىلىق قىلغان. بىراق، دۆلىتىڭىزنىڭ ئىستىقبالى شۇنى تەقەززا قىلماقتا. بۇنىڭدىن باشقا ئىلاجىمىز يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇنداق قىلغاندا، قىپچاقلارمۇ، ئەمىرمۇ خاتىرجەم بولىدۇ.

شىرئەلىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ دوق قىلدى:

— ئاخىر قانداق قىلىپ...

— ھە، ھەزرىتى ئالىيلىرى، ئۇ تەرىپىنى بىزگە تاپشۇرۇڭ...

يۈسۈپ بىلەن موللا بەگ ئوردىغا قايتىپ كەلگەندە خەۋەرچى ئۇلارنى خاننىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. يۈسۈپ قامچىسىنى سۆرەپ، ھەرەمخانىغا كىرىپ كەلدى. شىرئەلىدىن باشقا ھەممىسى گۇر قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇلايىم كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭ غەلىبە بىلەن قايتقانلىقىنى تەبرىكلىگەن بولۇشتى، يۈسۈپنىڭ ئورنى بوش ئىدى. ئۇ، ئولتۇرمىدى، دېرىزىگە يېقىنلاشتى. تاشقىرىدا ئەسكەرلەر مەھبۇسلارنى ئىتتىرىشىپ، زىندانغا ئەكېلىۋاتاتتى. شىرئەلىمۇ تەختتىن تۇرۇپ دېرىزە تەرەپكە كەلدى. ھەممىسى شۇ تەرەپكە ئىنتىلدى. يۈسۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان بىر تىترەك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەنە! ئەڭ ئىشەنگەن كىشىمىز، مۇسۇلمانقۇل! ئەلنى يولدىن ئازدۇرۇپ ... — ئۇ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى، — ھەممىسىنى! بىرىنىمۇ قالدۇرماي، ئايىماستىن ئۆلتۈرۈش كېرەك! ئايىماستىن!

شادى ئىناق شىرئەلىگە قاراپ، ئەنە ئاڭلىدىڭمۇ، دېگەندەك ئىملاپ قويدى. شىرئەلىنىڭ كىرپىكلا لىپىلدايتتى. ھەممىسى جايىغا ئولتۇردى. يۈسۈپمۇ ئۆز ئورنىغا كېلىۋېتىپ:

— مۇسۇلمانقۇل شۇنداق قىلىدۇ، دەپ كىم ئويلىغان! ؟ — دەپ خورسىندى. شادى ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلدى:

— ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، قاتتىق جازالانسۇن! ئىككىنچى باش كۆتۈرەلمەيدىغان بولسۇن!

يۈسۈپ يالت قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى:

— نېمە؟ بېشى ئېلىنىدۇ! ياق، بوگۇن ئەمەس، ئەتىلىككە

ئەل - يۇرت ئالدىدا بېشى كېسىلىدۇ!
شادى ئىناق مۇلايىق كۈلۈمسىرىدى:
— كەچۈرگەيسىز، ئاتىدار، ئىختىيار شاھىنشاھدا...
يۈسۈپ كۆكسىرىپ كەتتى. بۇ گەپ ئۇنىڭغا قاتتىق تەگكەندى:
— نېمە دېدىڭ؟
— سىزنىڭ قارارىڭىز خانغا ياقمايدۇ، دېدىم، ئاتىدار.
يۈسۈپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى:
— نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ، — نېمىشقا ياقمايدۇ؟ قاشقىردەك قوترىغان دۈشمەننى باش ئەگدۈرۈپ كەلگىنىم ياقمامدۇ؟!
شىرئەلى قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇراتتى. شادى ئىناق ئەزۋەيلەپ سۆزلەشكە باشلىدى:
— ئاتىدار، سىز قىپچاقنىڭ قىرىق بېگىنى ئۆلتۈرمەكچىسىز. مەيلى شۇنداقمۇ بولسۇن، لېكىن ھەممە قىپچاق خەلقىنى بىر يولىلا قىرىپ تاشلىيالامسىز؟! بەگنى ئۆلتۈرگىنىڭىز بىلەن بەربىر خەلقى قالىدىغۇ، ئاتىدار. ئۇ چاغدا قالغان - قاتقان خەلق تىنچ ئولتۇرامدۇ؟ ياق، ئۇلار قاتتىق ئۆچەكىشىدۇ!
— قىپچاقلار ئاز بولسىمۇ مەيلى ئىدى، — دەپ كىمدۇر بىرى شادى ئىناقنى قوللىدى.
يەنە بىرەيلەن سالاكەشلىك بىلەن مۇنداق دېدى:
— بىر تەرەپتىن، مۇرات بىزگە قارشى غالجىرلاشقان بىر ۋاقىتتا، بەگلەرنى ئۆلتۈرسەك، غوۋغا كۆتۈرۈلىدۇ. بىر - بىرىمىز بىلەن ئۆچەكىشىپ ئورنىغا، ئەقىل يۈرگۈزۈپ ئىش قىلايلى، بەلكى ئاشۇلارنى ئويلاپ، شىرئەلىنىڭ سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلغۇسى كەلمىگەندۇر.
يۈسۈپ يالت قىلىپ، بۇ مەسلىھەت سەندىن چىقتىمۇ، دېگەندەك شىرئەلىگە قاراپ قويدى. ئۇ يۈسۈپكە قارىماي خاپا

بولۇپ قالغان بالىدەك ئولتۇراتتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىدىن كېلىشىۋالغاندەك جىمدىي ئىدى.

— بىر جەھەتتىن گېپىڭىز توغرا، — دېدى يۈسۈپ، — سىزلەر قىپچاق ئۇرۇقى غوۋغا كۆتۈرىدۇ، دەيسىلەر. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇپ، ئىسيانكارلارنىڭ باشلىقلىرىنى تۇتۇپ كەلدۇقغۇ، ئاخىر؟

— گېپىڭىز توغرا، ئەمما، ئۇلار ئۆز ئەيىبلىرىگە ئىقرار بولغاندىن كېيىن، جازامۇ ئۇنىڭغا لايىق بولۇشى كېرەك، ئاتىدار.

— ئىلاجى قالمىغاچقا، بويۇن ئېگىشتى!

— ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىشى ئۈچۈن، سىياسەت نۇقتىسىدىن بولسىمۇ، مۇشۇ قېتىم ھىممىتىڭىزنى ئايىماڭ!

— شۇنداق بولسۇن، يۈسۈپ ئاغا، — دېدى شىرئەلى تەسلىكتە.

ھەممىسى ئۇنى قۇۋۋەتلىدى. يۈسۈپمۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بوپتۇ، بەگلەر ئازاد قىلىنسۇن! پەقەت بىرلا كىشىدىن باشقىسى.

شادى ئىناق دەرھال لوقما سالدى:

— ھەممىسى ئازاد بولسۇن، پەرزىمچە، مۇسۇلمانقۇلنى قولدىن چىقارغۇڭىز كەلمەيۋاتىدۇ. ئوتتۇز توققۇز بەگ بىر تەرەپ، مۇسۇلمانقۇلنى ئۆلتۈرۈش بىر تەرەپ، ئۇنىڭ قىپچاقلار ئارىسىدا ئىناۋىتى ناھايىتى چوڭ.

يۈسۈپ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى:

— شادى، سەن مۇسۇلمانقۇلنىڭ تىنچ يۈرۈشىگە ئىشىنەمسەن؟ ماڭا قارىغىنا، شۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلالامسەن؟

شادى ئىناق يۈسۈپنىڭ ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئىشەنچ بىلەن:

— نەگە باراتتى؟ ! — دېدى.

يۈسۈپ ئوردىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن بىرىنچى قېتىم قارشىلىققا ئۇچرىدى. شىرئەلىمۇ تۇنجى رەت ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنمىدى.

— بوپتۇ ... — دېدى ئۇ ئىلاجسىز، — سىلەر دېگەندەك بولسۇن. لېكىن مەن مۇسۇلمانقۇلنىڭ خاتىرجەم يۈرۈشىگە پەقەت ئىشەنمەيمەن. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن، مۇسۇلمانقۇل ئەمىر بىلەن ئالاقە ئورناتسا ياكى بىرەر شەيتانلىق قىلسا، ئۇ چاغدا، شادى، سېنى يەرگە تىرىكلا كۆمدۈرىۋېتىمەن... ئاڭلىدىڭمۇ؟

شادى ئىناق ھىجىيىپ قويدى. يۈسۈپ ئارقىسىغا قارىماي چىقىپ كەتتى. ئەتىسى، مۇسۇلمانقۇل شىرئەلىنىڭ ئېتىكىنى تاۋاپ قىلىپ، يۈسۈپ بىلەن يارىشىپ، ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتتى، لېكىن يۈرەكتىكى ئاداۋەت ئوتى ئۆچمىدى. يۈسۈپ بىلەن مۇسۇلمانقۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارا - بارا كەسكىن تۈس ئېلىشقا باشلىدى. ئىككى ئوتتۇرىدا شادى ئىناقنىڭ ئابرۇيى ئۆستى. باشتا ئۇ خانغا كىتاب ئوقۇپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىدىن سۆزلەپ بەرگەن بولسا، ئەمدى ئوردىدىكى ھەل قىلغۇچ كىشىلەردىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى.

1844 - يىلىنىڭ باھارى...

خان ئوردىسى، شىرئەلىخان بىر توپ كىشىلەر بىلەن ئولتۇراتتى. ھەممىنىڭ كۆزى خاندا، ئۇنى بىر گەپكە كۆندۈرەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. شادى ئىناق، ئەسكەر باشلىقلىرى ۋە قازىمۇ شۇ يەردە ئىدى. يېقىندا شىرئەلى ئۆزىنى شەيخۇلئىسلام، دەپ ئاتاپ، مەرتىۋىسىنى كۆتۈرگەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئاۋۋالقى شىرئەلى ئەمەس، ساقال - بۇرۇتلىرىنى چىرايلىق ياساتقان، يۈزلىرى ئاقىرىپ، ئۆزى تولۇپ، كىرگەن - چىققانلارغا مەنسىتمەي قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇ پېشانىسىنى سىلاپ گەپ قىلماي ئولتۇراتتى.

— ئۆزىڭىز ئويلاپ كۆرۈڭ. شاھىم... بىز سىزنىڭ پاك نىيەتلىك قۇلىڭىز، شان - شۆھرىتىڭىزنىڭ تېخىمۇ ئېشىشىنى تىلەيمىز! ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، سىرتتا دۇشمەن كۆپىيىپ كەتتى. ئەمىر زادىلا تىنچىمايۋاتىدۇ. ۋىلايەتلەردىكى بەگلىرىڭىزنىڭ قاپىقىدىن قار يېغىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا سەۋەبچى كىم؟ يۇسۇپ! ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلار ئىچىمىزدىمۇ، تاشقىرىدىمۇ كۆپەيدى. راستىنى ئېيتساق، يۇسۇپنىڭ نىيىتى يامان. ئۇ ئوغلىڭىز مەللە بەگكە يول كۆرسىتىپ، ئەل تونۇتۇپ، ئىشقا ئارىلاشتۇرۇپ، بىرەر نەرسىگە ھازىرلىق كۆرۈپ يۈرۈۋاتىدۇ. تۇزكور قىلغۇر، بىر كۈنى سىزنى غۇلىتىپ مەللە بەگنى خان قىلىپ كۆتۈرۈش نىيىتى بار...

شىرئەلى گەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ كۆزى تېز - تېز ئۇدۇلدا ئېسىقلىق تۇرغان چورۇقتا چۈشەتتى. بۇنى بايقىغان شادى ئىناق دەرھال:

— ھە، ھەزرىتى ئالىيلىرى! ئەنە، بۇ ئۇنىڭ ئىشى. بۇنىڭ بىلەن تەگرى سىزگە ئاتا قىلغان تاجۇ تەختىنى، ئۇلۇغ دەرىجىڭىزنى يەرگە ئۇرۇپ ئاياغ ئاستى قىلغان! — دېدى.

خوجا بېشىنى لىڭىلداتتى.

— تۇۋا... تۇۋا... — دېدى ئۇ ياقىسىنى تۇتۇپ، — ياتۇۋا! بۇنداق ئىش خان ئوردىسىغا پەقەت توغرا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەرىئەت قانۇنلىرىغىمۇ خىلاپ!

شادى ئىناق:

— بۇ ئىنساپسىزنى قاراڭ، تىزگىنىڭىزنى تارتىۋالغىنى يەتمىگەندەك، ئۇ يەنە ئەلنى بۇزۇۋاتىدۇ... — دەپ شىرئەلىنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ، ھەرىدەك غوڭۇلدايتتى، — شاھىم، ئوردىڭىزنى ئۇ كەمبەغەللىنىڭ ئۆيى بىلەن تەڭ قىلدى... ئوردىنىڭ سەلتەنىتى قېنى؟ بۇخارالىقلارغا شەرمەندە بولدۇق. خارەزىملىكلەر ئالدىدا يۈزىمىز چۈشتى! بىر نائىنساپ شۇنداق قىلغانىكەن،

بۇنىڭغا گەپ قىلماي ئىلاجىمىز يوق. بۇ خورلۇق زادى قاچانغىچە داۋام قىلىدۇ؟!

شىرئەلى هامان ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى. بۇنداق سۆزلەرنى ئۇ ناهايىتى كۆپ ئاڭلىغانىدى، شادى ئىناق ھەتتا چۈشىدىمۇ ئۇنى ئۆز هالىغا قويمايتتى. نېمە دېمەكچى؟ نېمە قىلماقچى؟ ئۇلارنىڭ سۆزى، سۆلىتى خانىنى بېسىپ قويغانىدى.

— ھەزرىتى ئالىيلىرى! رۇخسەت قىلىڭ، ئۇنى چېپىپ تاشلاي! — دېدى ئەسكەر باشلىقلىرىدىن بىرى قىلىچىغا قول ئۇزىتىپ.

شىرئەلى يالت قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ھەممىسىگە بىرمۇ-بىر كۆز يۈگۈرتتى. ھەممىسى ئۇنىڭغا باش ئېگىپ، ئۇنىڭدىن نېمىنىدۇر تەلەپ قىلىپ، ئىجازەت كۈتۈپ تۇرغانغا ئوخشىشاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ كەتتى. يۈسۈپ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، كەمسىتىپ، چورۇقنى پېشانىسىگە ئېسىپ قويغانىكەن - دە! ؟ تىزگىنىنى تارتىۋېلىپ، خار قىلغانىكەن - دە؟! شىرئەلى لېۋىنى چىشلىدى. ئۇنىڭ هالىتىنى سەزگەن مەككار كىشىلەر دەرهال:

— ھە، ھەزرىتى ئالىيلىرى! ئوردىڭىزغا ئەسكى چورۇق مۇناسىپ ئەمەس! — دېيىشىپ، يەنە ئۇنىڭ چىشىغا تەگدى.

— ئال! — دېدى شىرئەلى نومۇسى كېلىپ، ھەممىسى ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەشتى. شادى ئىناق شۇ زاماتلا بىر پارچە قەغەزنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى:

— ھەي، بىزنىڭ دىدارى ئايدەك نۇرلۇق، قۇياشتەك ئىسسىق ئاتىمىز…

— بۇ نېمە؟… ئوقۇ! — دېدى شىرئەلى. شادى ئىناق ئوقۇش ئورنىغا يېقىنىراق بېرىپ ئېڭىشىپ سۆزلىدى:

— يارلىق…

— چورۇقنىمۇ؟ شۇنىڭغىمۇ يارلىق كېرەكمىكەن؟ ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

تاشلىساڭلار بولدى!

— ھەي، شاھىنشاھىم ... — دېدى شادى ئىناق، ئىنى ئەمدى ئاخىرقى نۇقتىسىغا يېتەي دەپ قالغانىدى. ھەممىسى ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، — چورۇقنى خۇدا ئالسۇن! ... خۇددى شۇنى ئويلاپ تاپقان كىشىنىڭ بېشىنى بىر تەرەپ قىلماق لازىم، ھەزرىتىم... چورۇقنى خۇدا ئالىدۇ!

شىرئەلى چۈشەنمەي قالدى. ئەتراپىدىكىلەر مەسلىھەت بېرىشتى.

— شۇنداق قىلىش زۆرۈر. بۇنىڭدىن باشقا يول يوق!

— ئۇ بىر بىناماز! باشقۇرغان ئوردىنىڭ خاسىيىتى بولمايدۇ... ئىشى ئالغا باسمايدۇ. ئويلا، ئوغلۇم، ياخشىراق ئويلاپ كۆرگىن!

قازىمۇ قوشۇق سالدى:

— يول شۇكى، سىز ئىشىنىپ تاپشۇرغان تىزگىننى تۇتالمىغان ئادەمنى، سىزنىڭ ھۆكۈمىڭىزنى ئىجرا قىلمىغان كىشىنى كىملىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىڭىز جازاسىنى بېرىسىز!

ئۇلار يەنە ئارقىمۇئارقا سۆزلەشكە باشلىدى.

خوجا:

— خاننىڭ جازاسى — خۇدانىڭ جازاسى. بىنامازنىڭ گۇناھى بېشىدىن ئېشىپ كەتتى. گۇناھكار باشنى بويىنىدىن جۇدا قىلىش كېرەك!

شادى ئىناق:

— تەقسىر، ئىشتىنىنى بۇلغىغان قولىنى ئاياماتتى؟ بۇلار ئىش بولدى. ئەمدى ھېچكىم ئايىمايدۇ. يۈز - خاتىر يەر بىلەن يەكسان بولمىسۇن!

شۇ يول بىلەن شادى ئىناق شىرئەلىنى قورقۇتۇشقا باشلىدى. شىرئەلى يەنە ئاۋۋالقىدەك ھەممىگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ھەممىسى بىر تەرەپ ئىدى، ئۇنىڭ ئىلاجى قالمىدى.

— بوپتۇ، قولىدىكى تىزگىنىنى تارتىۋالايلى... كەتسۇن، تاغقا بېرىپ تىرىكچىلىكىنى قىلسۇن، — دېدى ئۇ.
شادى ئىناق يەنە رازى بولمىدى:
— ھىم! يۇسۇپ سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن ئەگىشىپ كەلگەن بىر لالما. ئۇنىڭ بەگ دېگەن نامى بار. بۇگۇن سىز ئۇنى كەتكۈزۈۋەتسىڭىز، ئەتىلىككە قوشۇن توپلاپ كېلىپ، ئەزىز بېشىڭىزغا تەھدىت سالسا قانداق قىلىسىز؟! بۇنىڭدىن كۆرە، ئۇنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش كېرەك، بۇ ھەققانىي تەلەپ!
خوجا قوشۇنچە قىلدى:
— دۈشمەننىڭ ئۆلگىنى ياخشى، خاتىرجەم يۇرىسىز!
— بۇ كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى... خەلقنىڭ مۆھرى بېسىلغان بىردىنبىر نەرسە، — دېدى شىرئەلى، — ھىم... ھىم... يۇسۇپ ئۆلتۇرۇلسە، بىز ئىسيان كۆتۈرمەيمىز، دەپ خەلق ۋەدە بەردىمۇ؟ — دەپ توساتتىن سورىدى ئۇ.
— ھەي، شاھىنشاھىم! — دەپ كۈلدى شادى ئىناق، — ھەي، ھەزرىتى ئالىيلىرى، ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ھېچكىم ئەگەشمىگەن! خۇداغا شۈكرى، قەبىلە - ئۇرۇقلار ئىچىدە سىزنىڭ ئابرۇيىڭىز يۇسۇپتىن چوڭ. يارقىنئاي بېگىمنىڭ ئاتىسى توختى نەزەر تۆرىنىڭ پەرزەنتلىرى، دادخاھ تاغىڭىز ھاجىبايىنىڭ بالا - چاقىلىرى سىزنى قوللىماي كىمنى قوللايدۇ؟ — شادى ئىناق چاپىنىنىڭ يېڭىدىن يەنە بىر قەغەزنى ئېلىپ شىرئەلىگە تۇتتى.
— بۇ نېمە؟...
— بۇ سىزنىڭ بۇيۇك يارلىقىڭىز.
— يەنە قانداق يارلىق؟
— يۇسۇپ بەگنىڭ ئۆگەي ئانىسىدىن تۇغۇلغان خوجا مۇرات دېگەن ئۇكىسى بار. ئاشۇ خوجا مۇراتنى دادخاھ قىلىپ كۆتۈرگەن تەۋەررۇك يارلىقىڭىز...

شىرئەلى شادى ئىناقفا ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قالدى. شادى ئىناق بولسا، خاتىرجەم هالدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— هەركىمگە جان كېرەك، هەركىمگە پاراۋان هايات، هۆرمەت، شۆهرەت كېرەك، ئاللا ئۆز بەندىلىرىنى شۇنداق ياراتقان. خوجا مۇراتنىڭ يولىدا بىر كالتەك يېتىپتۇ. بىر ئۇچىدىن تۇتسا — ئوردا بىلەن قەستلىشىدۇ. ئىككىنچى ئۇچىدىن تۇتسا — ئوردا بىلەن دوستلىشىدۇ. ئۇ خېلى پاراسەتلىك. ئۇ سۆزسىز كالتەكنىڭ ئىككىنچى ئۇچىدىن تۇتىدۇ. بىز ئۇنىڭغا كالتەكنىڭ ئىككىنچى ئۇچىنى تۇتقۇزۇپ قويۇشىمىز كېرەك. ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرىدىغان نەرسە بولسا، مانا بۇ...

شىرئەلىنىڭ چىرايى ئۆزگەردى، يۇسۇپكە نىسبەتەن غەزىپى ئاشتى. ئاتىدارغا قارشى يوشۇرۇن ئۇيۇشقان دۈشمەنلەر خانىنى دەيدەيگە سېلىۋاتاتتى. بىر ۋاقىتلاردا، يۇسۇپكە شەرئەتتىن سۆز ئېچىپ، ئۇنىڭغا ئاتىدارلىق ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان ئىككى يۈزلىمە قازىمۇ ئەمدى چاپىنىنى تەتۈر كىيىپ، باشقا بىر رىۋايەتنى ئېيتىۋاتاتتى. شادى ئىناق تىترىگەن قوللىرى بىلەن بىرىنچى يارلىقنى تۇتۇپ تۇراتتى. شىرئەلى يارلىققا قول ئۇزىتىۋېتىپ، ئىختىيارسىز هالدا قولىنى يەنە تارتىۋالدى. شادى ئىناق ئۇنىڭ قولىنى ئاستا تۇتۇپ:

— تەقسىر... — دېدى مەنىلىك قاراپ، شىرئەلى بوشاشتى. شادى ئىناق ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭ باش بارمىقىغا سىياھ سۈركەپ، مۆهۈر باستۇرۇشقا ئۈلگۈردى.

— بۇنى ئەمدى قانداق قىلىپ... — دېدى شىرئەلى غۇدۇراپ.

— بۇ تەرىپىنى بىزگە قويۇپ بېرىسىز.

شىرئەلى لېۋىنى چىشلەپ، پېشانىسىنى پۈرۈشتۈرۈپ قالدى. شادى ئىناق مۆهۈر بېسىلغان يارلىقنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— تەقسىر! ئەمدى غىدىڭ - پىدىڭ دېيىش يوق، گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇكى، بۇ بىرپارچە قەغەز جاللاتنىڭ قولىغا تەگسە، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز مەرغىلاندا يۈرگەن يۈسۈپنىڭ بېشى كېتىدۇ. ئەگەر تاسادىپىي ئاتىدارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇ كۈننى خۇدا كۆرسەتمىسۇن، سىزنىڭ ئەزىز بېشىڭىز... بولار ئىش بولدى. دېمەك، قايسىمىز بولساقمۇ مەھكەم تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ ئىشنى ھەرقانداق باھانە بىلەن كېچىكتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ!...

بۇرۇنلا مەسلىھەتنى بىر قىلىشىۋالغان ئوردىدىكى بۇ زەھەرلىك يىلانلار شادى ئىناقنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ، باش لىڭشىتىپ تۇرۇشتى.

شىرئەلى بوشاشقان ھالدا تەختتىن چۈشتى. ئەشمەت، تاشمەت ئىسىملىك پىچىلغان قۇللار ئۇنى قولتۇقلاپ ئاچىقىپ ئورنىغا ياتقۇزۇشتى. بىرئازدىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا يارقىنئاي بېگىم كەلدى.

— شاھىم ... — دېدى ئاستا يارقىنئاي بېگىم ئېگىلىپ، شىرئەلى كۆزىنى ئاچتى، خانزادە ئۇنىڭ ئويچان يۈزىگە تىكىلىپ:

— ھە... نېمە بولدى؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ تېۋىپ چاقىرايلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

شىرئەلى بىر تولغىنىۋالدى. يارقىنئاي بېگىم تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى:

— شاھىم... نېمە بولدى؟ نېمىشقا خاپىسىز؟

شىرئەلى گەپ قىلمىدى.

— مەجلىسخانىدا نېمە ئىش قىلدىڭلار؟ دەرۋازىۋەنلەر ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ تۇرۇشتى. بىرەر يوشۇرۇن ئىش بولدىمۇ؟ ھە، شاھىم؟...

شىرئەلى شارت بۇرۇلۇپ قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن زە-

ھەر تاماتتى. خانزادىنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ كەتتى. شۇ چاغدا كىچىككىنە شاھزادە خۇدايار ئويناپ كىرىپ كەلدى.

— ماڭ... تاشقىرىدا ئوينا، — دەپ يارقىنئاي بېگىم بالىسىنى ئۈنىمىغانىغا قويماي سىرتقا چىقىرىۋەتتى. يارقىنئاي بېگىم ئەمدى ئېرىگە ئەركىلەپ باقتى:

— ۋاي، شاھىم، بۈگۈن ئاچچىقىڭىز كېلىپ قاپتىغۇ؟ سىز بىلەن تۇرمۇش قۇرغان يىگىرمە يىلدىن بۇيان، بۇنداق قورقۇنچلۇق ئەھۋالىڭىزنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ياكى سىزگىمۇ ئىشتىياق كىرىۋاتامدۇ؟ — خوتۇنى ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى.

شىرئەلى ۋارقىرىۋەتتى:

— ھە! ماڭا زادىلا ئىشتىياق كىرمەيدۇ دېگەنمىدىڭلار؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، خورلاپ يۈرگەنىكەنسىلەر ـ دە؟!

يارقىنئاي بېگىمنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى، يۈزلىرىگە قان تەپچىدى.

— راستتىنلا مىجەزىڭىز يوق ئوخشايدۇ! سىزنى كىم خورلاپتۇ؟ — دېدى شىرئەلىنىڭ كۆزىگە تىك قاراپ، — سىزنىڭ قولتۇقىڭىزغا كىمدۇر بىرى سۇ پۈركۈپ يۈرگەن ئوخشايدۇ!

— سۇ پۈركۈر ئەمەس؟... ماڭا ساداقەتلىك كىشىلەر ئېيتتى...

— قايسى ساداقەتلىك كىشىلەر؟

شىرئەلى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى. يارقىنئاي بېگىم ھېچنېمىنى چۈشەنمەي، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئاخىر سەۋرى چىدىماي:

— ھەي، بۇياققا قارىڭا، سىزنى كىملەر خار قىلىۋاتىدۇ؟ بۇياققا قاراڭ، يۇسۇپ ئاكام مەرغىلاندىن كەلدىمۇ؟ ئۇ نېمە دەۋېتىپتۇ؟ — ئۇ ئېرىنىڭ ئۈستىدىكى كۆرپىنى تارتتى. شىرئەلى يۇلقۇنۇپ، جەينىكىگە تايىنىپ چالۋاقىدى:

— يۇسۇپ! يۇسۇپ ئاكىڭىزنىڭ گۇناھى بېشىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ئاشۇ گۇناھكار باشنى كېسىش ئۈچۈن بۇيرۇق بەردىم.

ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

يارقىنئاي بېگىم تۇرغان ئورنىدا قېتىپ قالدى.

— يالغان! سىز نېمە قىلىپ قويدىڭىز؟

— ھە گۇناھى بېشىدىن ئېشىپ كەتكەنىكەن...

— ۋاي خۇدايىم! ۋاي شورۇم! نېمە قىلىپ قويدىڭىز، ئەقلى يوق... ئۇنىڭ گۇناھى سىزنى ئادەم قىلغىنىمۇ؟ ۋاي خۇدايىم؟ ۋاي شورۇم! ئەگەر بۈگۈن يۈسۈپنىڭ بېشى ئېلىنسا، ئەتىلىككە سىزنىڭمۇ كېتىدۇ. ۋاي خۇدايىم! سىز شۇنىڭ ئەقلى بىلەن ئادەم بولۇپ يۈرگەنىدىڭىز، ۋاي خۇدايىم!...

شىرئەلى بوشىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى، كۆز ئالدىدىن شادى ئىناقنىڭ يارلىق تۇتقان ئەپت ـ بەشىرىسى ئۆتتى، تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى. ئەمدى قانداق قىلسۇن؟ شىرئەلىنىڭ بېشى قېيىپ كەتتى، قاياققا قارىمىسۇن تۈۋى يوق يار!... كۆرپىگە ئۆزىنى ئاتتى.

— ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ قانداق؟ — دېدى شىرئەلى يېلىنغان بىر ئاۋازدا.

— بۇ يەرگە كىرىڭ! ئەشمەت! ئەشمەت!

تاشقىرىدىن قول كىرىپ كەلدى.

— لەببەي، مەلىكەم!

— ئەشمەت! ئەشمەت! سادىغاڭ كېتەي، سەن ئابىل يۈزبېشىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن! بىلىمەن!

— شۇ! شۇ! ئەشمەت، ئۇنى بۇياققا تېز تېپىپ كەلگىن.

— خوپ بولىدۇ، ھازىر.

— تېز...

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئابىل شىرئەلىخاننىڭ مۆھرى بېسىلغان يارلىقنى بىكار قىلىش ئۈچۈن، بىرتوپ ئاتلىق يىگىتلەر بىلەن مەرغىلان تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

مەرغىلان، بەگنىڭ سارىيى، يۈسۈپ مېھمانخانا تۆرىدىكى

يېكەندازدا يانپاشلاپ دەم ئېلىپ ياتاتتى. كېيىنكى چاغلاردا مەرغىلاندىكى ئەسكەرلەر ئوتتۇرىسىدا كېلىشمەسلىكلەر ئەۋج ئېلىپ، لەشكەرلەر بازار كوچىلىرى پۇقرالارنىڭ چىشىغا تېگىپ، ھەرخىل جاڭجال چىقىرىشقا باشلىغانىدى. كىمدۇر ئۆز يىگىتلىرى بىلەن چەتتىكى قىشلاقلاردىن بىرىنى تالان - تاراج قىپتۇ. مەرغىلان بېگى جىنايەتكارلارنىڭ سوئال ـ سورىقىنى قىلماپتۇ. يۇسۇپ شۇلارنى ئويلاپ ئاچچىقى كېلىپ ئولتۇرغان چاغدا، قورغاندىن قانداقتۇر بىر شەپە ئاڭلانغاندەك بولدى. ھايال ئۆتمەي شەھەر بېگى مىرشەپ بىلەن بىللە مېھمانخانىغا كىرىپ كەلدى، يۇسۇپ ئورنىدىن قوزغالمىدى.

— تەقسىر، — دېدى بەگ ئاستا، — ئوردىدىن يارلىق كەلدى.

— قانداق يارلىق؟ كىم بېرىپتۇ؟ — دېدى يۇسۇپ بىپەرۋا ھالدا.

— بۇ يارلىق ئاخىر بىر كۈنى كېلىشى كېرەك ئىدى. خۇداغا شۈكرى، بىز زارىقىپ كۈتكەن كۈنمۇ يېتىپ كەپتۇ، — دېدى بەگ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— نېمە ئىكەن؟

يۇسۇپنىڭ ئاچچىقى كەلدى. تېخى بايىلا شۇمشىيىپ ئولتۇرغان بەگ ئەمدى ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراۋاتاتتى. ئوردىدىن كەلگەن كىشى جاللات ئىدى. يۇسۇپ ئۇنى تونۇدى، مەتكەرىم ياساۋۇل. ئۇنىڭ كىرپىكلىرى تويا، ئاتتا ئۇرۇنۇپ قالغانمۇ، مېھمانخانىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ، ئۇنىڭغا قارايتتى. بەگ يارلىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جاۋاب بەردى:

— مەرھەمەتلىك كەڭ سەيىد شېرئەلىخاننىڭ يارلىقى!

يۇسۇپ كىمخاب چاپىنىنى يەلكىسىگە ئارتىپ قوزغالدى.

— قېنى، ئەكەلگىن!...

بەگ مەسخىرە قىلىپ كۈلدى:

— تەقسىرى ئالەم، ئاتىدار! ئىلاجىمىز قانچە، تەقدىر

دېگەن شۇ ئىكەن. بايىلا سىز بىزنى جاللاتنىڭ قولىغا تاپشۇرماق-چى بولغانىدىڭىز. ئاللانىڭ يازمىسى شۇنداق ئىكەن، نېمىمۇ قىلالايتتۇق. يۈسۈپنىڭ بېشىنى ئېلىپ ھۇزۇرۇڭغا كەلتۈر، دەپ، شىرئەلىخان مېنىڭ نامىمغا يارلىق قىپتۇ...

— نېمە؟!

بەگ قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى:

— جاڭجال چىقارماڭ! پايدىسى يوق! ئۆزىڭىزنى بېسىۋې-لىڭ! — دېدى بەگ ۋە يارلىقنى يۈسۈپنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. دەرمانى كەتكەن يۈسۈپ يارلىقنى يەردىن ئالالمىدى. ئەمما شىر-ئەلىنىڭ مۆھرىنى تونۇدى.

— ئاتىدار، كىمنىڭ قورغانىدا ئولتۇرغانلىقىڭىزنى بىلىپ قويۇڭ، مۇھاپىزەتچىلىرىڭىز ئاللىقاچان بىر تەرەپ قىلىنغان. ھەرقانداق ھەرىكىتىڭىز پايدىسىز!

يۈسۈپ ھېچنېمە دېمىدى. ئاخىر يارلىق ئويۇنچۇق ئەمەس. بۇ ئوتتۇردا ئۇنىڭغا يېقىن بىرەرمۇ ئادەم يوق. ئۆزىنىڭ دۈش-مەنلەر قولىدا ئىكەنلىكىنى ئېنىق سەزدى. ئۇ يەرگە قارىغىنىچە مەتكەرىم ياساۋۇلغا:

— جاللات! — دېدى ئىڭىر - ئېسەدىلىق بىلەن.

— لەببەي، تەقسىر.

— بۇ قەغەزنى قەيەردىن ئالدىڭ؟

— خان ھەزرەتلىرىنىڭ قولىدىن.

— ھىم، جاللات...

— لەببەي، تەقسىر.

— تەختنىڭ ئۇدۇلىغا ئېسىپ قويۇلغان چورۇقنا كۆزۈڭ چۈشمىدىمۇ؟

— ياق، تەقسىر.

— راست ئىكەن. جاللات!...

— لەببەي، تەقسىر...

— مەجلىسخانىدا مۇسۇلمانقۇلمۇ بارمىدى؟

— يوق، تەقسىر. ئۇ كىشى كۆرۈنمىدى.

— ھىم... ئىشنى باشلىغان ئاشۇ. ھىيلىگەرلىكىنى قارا. ئىش ئەمەلگە ئاشسا، ئىچىدە؛ ئاشماي قالسا، سىرتىدا قالماق-چى!

يۈسۈپ باشقا گەپ قىلىشقا يۈرىكى پېتىنماي جىم بولۇپ قالدى. يېنىدا تۇرغان بەگنىڭ ئۆزىگە مەغرۇر قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىگە كەلدى. دۈشمەن ئالدىدا مەغلۇپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىچىدە غىجىندى: «تەقدىر شۇنداق ئىكەن - دە!... ئۇنىڭدىن كىم قېچىپ قۇتۇلغان...» ئۇ بېشىنى كۆتۈردى.

— بۈيرۇقنى شىرئەلىنىڭ قولىدىن ئالدىم دېگىن، جاللا-تىم.

— شۇنداق، تەقسىر.

— ھە، مەيلى... تۇزۇم كور قىلسۇن. ئىسست مېھنىتىم! مەنغۇ يەككە - يېگانە يىراققا كېتىمەن. بىراق، مېنى بوغۇزلى-غان قوللار ئۇنىمۇ ئامان قويمايدۇ!

— تەقسىر، مېنى تېز قايتىپ كەل، دېگەنىدى، — دېدى جاللات تەسلىكتە.

— خوپ، تېز قايتىسەن، سەندە ھېچقانداق گۇناھ يوق. مەيلى... مەن ئىككى رەكات ناماز ئوقۇۋالاي. تاقەت قىلالىساڭ، ناماز تۈگىگۈچە كۈت، ئالدىرىساڭ، ئوڭ تەرەپكە سالام بەرگەن ۋاقتىمدا كىر. شۇنداق قىل، ئىشىڭنى شۇنداق پۈتتۈر...

— خوپ، تەقسىر.

يۈسۈپ ئورنىدىن تۇردى. بەگ ئالدىنى توسۇدى.

— يولۇمنى توسۇما، قۇياشنى بىر كۆرەي، نادان، ئەگەر غەيرىيىدىن بولمىساڭ، تاھارەت ئېلىشىمغا يول قوي.

ئۇ مېھمانخانىنىڭ كونا ياغاچ پەلەمپەيلىرىنى غىجىرلىتىپ تاشقىرىغا چىقتى. ھەممىسى تەشۋىشتە ئىدى. يىگىرمىدەك قو-راللىق نۆكەرلەر ئىككى توپ بولۇپ، سۆھبەتلىشىپ تۇراتتى.

ئۇلار يۇسۇپنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ قېلىشتى. ئاتىدار ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يارمازار قوشۇنىنىڭ يۈزبېشىنى كۆرۈپ تونۇدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ سالام بەردى يۇسۇپ.

نۆكەرلەر سىپايىلىك بىلەن ئىلىك ئېلىپ تەزىم قىلىشتى.

يۇسۇپ مىرشەپلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا، چوڭ چىنارنىڭ ئاستىغا بېرىپ تاھارەت ئالدى. كۈن خېلى پەسلەپ قالغانىدى. چىنار شېخىدا بىر قۇشقاچ چۇرۇقلىغىنىچە «پىر» قىلىپ شاخ-تىن شاخقا قوندى. سالقىن شامال بەرگىلەرنى ئانچە - مۇنچە شىدىرلىتىپ، يەنە توختاپ قالدى. يۇسۇپ قىبلىگە قارىدى، قۇياش تەپتى لاپ - لاپ يېنىپ، قورغاننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئۆزۈن تېرەكلەرنىڭ ئۇچىدا جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

— مىرشەپ! — دېدى يۇسۇپ. يېقىن تۇرغان مىرشەپلەر-دىن بىرى يۈگۈرۈپ كەلدى:

— لەببەي، تەقسىر...

— جاللاتقا ئېيت! بۇياققا كەلسۇن... مېنىڭ نامازنى باغدا ئوقۇغۇم كېلىپ قالدى.

— خوپ، تەقسىر...

يۇسۇپ جايناماز سورىمىدى. ئۇ باغنى ئارىلاپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئاپئاق بەلبېغىنى يېيىپ، كۆپكۆك مايسا ئۈستىگە تىز-لىنىپ ئولتۇردى.

يۇسۇپ گەرچە ناماز ئوقۇشنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىزچىل نامازخانلىق قىلىشقا ئادەتلەنمىگەنىدى. ئۇ ھازىر شۇنچە ۋاقىت ناماز ئوقۇمىغانلىقىنى گۇناھ بىلىپ، ئاخىرقى قېتىم سەجدىگە باش ئۇرماقچى بولدى. شۇ تاپتا، ئۇنىڭ جاۋابسىز، چىگىش خىياللار مېڭىسىدە چەرخ ئۇراتتى. ئۇ ئوردىغا نېمە ئۈچۈن كەلدى؟ نېمە قىلماقچىدى؟ نېمە قىلىشقا ئۈلگۈردى؟ كىمنى ھاقارەت قىلىپ، كىمنىڭ دىلىنى رەنجىتتى؟ نېمىشقا دۈشمەنلىرى كۆپىيىپ كەتتى؟ مەقسىتى پىتىراپ كەتكەن ئوردى-نى بىرلەشتۈرۈش ئەمەسمىدى؟ كۆڭلى بىرئاز كۆتۈرۈلگەندەك

بولدى. يادىغا بۇرۇن كۆرگەن چۈشى كەلدى. مەن ئېگىز تاغ، ئۇلۇغ مەرتىۋە. بىر تاغدا تۇرۇپ قول ئۇزاتسام، ئىككىنچى تاغنىڭ كېيىكى ئۇركۈگىنى — بۇ مەنسىپىمنىڭ ئاشقىنى! ھەممىسى بولدى. ئىسسىت، شۇ چاغدا، تېز ئويغىنىپ كەتمىگەن بولسام··· كۆز ئالدىدىن ئاتا قىشلىقى ئۆتتى. كۆز يەتمەس ئېگىز تاغلار، كۆپكۆك يايلاق، قىمىز پۇرىقى، رەڭمۇرەڭ گۈللەر، ئەنە، قېرىنداشلار! ··· بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇسۇپنىڭ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى. قاچانلاردۇر ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىنىڭ بەرگەن ئاق سۈتىنى ئەسلەپ، كۆزىگە مۆلدۈر - مۆلدۈر ياش كەلدى، ئۆزىنى تۇتتى. كۆزىدىن ياش چىقسا تاھارەت بۇزۇلىدۇ. ھاي، نېمىشقا ئويغا پاتىسەن؟ سەندىن باشقىسى ئۆلمەمدۇ؟ ئۆزىگە ئۆزى كايىدى. بولدى! بۇ دۇنيانىڭ ئويۇنىمۇ پايانىغا يەتتى. تامام! تامام! بۇ دۇنيانىڭ ئازابىمۇ تامام···

ناماز ئوقۇشقا كىرىشتى.

«بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم ··· ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر···»

ئۇ سەجدىگە باش قويدى. ئارقىسىدا مايسا شىلدىرلىدى. گويا يىلان يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانغا ئوخشىشاتتى. ئۇ كىمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى، بەدىنى دىر - دىر تىترىدى. لېكىن يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتمىدى. ئۇنىڭ ئەقلىنىڭ كۈچى، ئەركىنلىك كۈچى مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتى··· شارت··· شۇرت··· ئابىل ئۆلگۈرەلمىدى. ئۇ قورغان دەرۋازىسىغا كېلىپ، قارا تەرگە چۆمگەن ئېتىنى توختىتىپ، ئۈزەڭگىگە ئاياغ تىرىگىنىچە بىر ئاز تۇرۇپ قالدى.

— ئاتىدار! ھەي ئاتىدار! مىڭ ئەپسۇس! — دەپ ۋارقىرىدى. جاللات باغ ئىچىدە يۇسۇپ ئاتىدارنىڭ بېشىدىن قان ئاققۇزۇپ، قان ھىدىگە مەست بولۇپ، كۆزلىرى قىزارغان ھالدا تۇراتتى، ئۇ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە پەرۋاسىزلىق بىلەن قاراپ قويدى، خالاس···

# 6

ئوردىنىڭ قىزىققۇدەك يېرى قالمىدى. يۈسۈپنىڭ ئۆلۈمى تۈگىمەس نىزا ۋە ئىختىلاپلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. شىرئەلى خان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئانچە - مۇنچە مۇستەقىل ئىش يۈرگۈزۈپ باققان بولسىمۇ، يېڭى مىڭبېشى شادى ئالدىراقسانلىق قىلىپ شىرئەلىخاننى ئەنسىزلىككە سېلىپ قويدى. نەتىجىدە، ئوتتۇرىدا پەيدا بولغان چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ھەر ئىككىسى چارىسىز قالدى. مۇسۇلمانقۇلغا شەھرىخان ۋىلايىتىنىڭ بەگلىكى بېرىلگەنىدى، لېكىن ئۇ بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، شادى بىلەن مىڭبېشىلىق تالىشىپ، تۈرلۈك نەيرەڭبازلىقلارنى قىلىشقا باشلىدى. شادى ئۆزىنىڭ قولايلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانقۇلنىڭ بېشىنى ئەكېلىش ھەققىدە خانغا يارلىق يازدۇرۇپ، جاللاتنى ئەۋەتتى. بىراق مۇ-سۇلمانقۇل بۇنى سېزىپ قالدى، ئاقسى تەرەپكە قېچىپ كەتتى. شادى ئاشكارا جەڭگە نىيەت باغلاپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈش قىلدى. ئۇلار چۇست بىلەن تۆرەقورغان ئارىلىقىدا ئۇچراشتى. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانقۇل غەلىبىگە ئېرىشتى ۋە شادى ئىناقنىڭ بېشىنى تاغارغا سېلىپ ئېگەرگە باغلاپ، قوقانغا يول ئالدى. ئۇنىڭ ئۆتەر يولىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ بەگلىرى ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. مۇسۇلمانقۇل ئوردىغا بارغاندىن كېيىن، شەرىئەت بىلەن ھېسابلاشمايلا مىڭبېشىنى قولغا ئالدى. شىرئەلىخان پۇتى-نى سىلكىپراق ماڭىدىغان، يۈزلىرى قىپقىزىل، كىشىلەرگە ھەمىشە گۇمان بىلەن تىكىلىپ قارايدىغان بۇ يېڭى مىڭبېشىدىن خېلى قورقاتتى. نېمە ئامال؟ ھوقۇق ئۈچۈن بولغان كۈرەش توختىمىدى. 1845 - يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا، ئىسپارا ۋىلايىتى-

نىڭ بېگى سېتىۋالدى دادخاھ مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئوردىدا يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، تۇيۇقسىز ئوردىنى بېسىۋالدى. شىرئەلىخاننى ئۆلتۈرۈپ، ئالىمخاننىڭ ئىبراھىمبەگدىن كېيىنكى ئوغلى مۇراتبەگنى خان دەپ ئېلان قىلدى.

مۇراتبەگ پەقەت ئون بىر كۈنلا تاج كىيىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدى. مۇسۇلمانقۇل مۇراتبەگنى دەرھال ئاغدۇرۇۋېتىپ، شىرئەلىخاننىڭ ئون تۆت ياشلىق ئوغلى خۇدايار بەگنى خان قىلىپ تىكلىدى.

شىرئەلىخاننىڭ ئۆنىڭدىن باشقا ۋايىغا يەتكەن پەرزەنتلىرىمۇ بار ئىدى. لېكىن مۇسۇلمانقۇل مىڭبېشى ئەتەي خۇدايارنى تاللىدى. چۈنكى چوڭ ئوغۇللار دۆلەتنى باشقۇرسا مۇسۇلمانقۇلنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماسلىقى مۇمكىن ئىدى. مىڭبېشى بۇنى كۆزدە تۇتۇپ، ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش يۈرگۈزدى. خاننىڭ كىچىكلىكى ئۆنىڭغا چوڭ ئىمكانىيەت ياراتقانىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە باش ئاغرىقى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، باشقا شاھزادىلەرنى بىر - بىرلەپ ئۆلتۈردى، پەقەت موللابەگلا بۇخاراغا قېچىپ كېتەلىدى.

## 7

... يەنە شۇ ئوردا، بۇ يەردە ئۈچ - ئاداۋەتلەر تۈگىگەندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە سىپايە، تەقۋادار كىشىلەر ئۆز ئارا چىقىشالماي، بىر - بىرىنى پايلاپ يۈرۈشەتتى.

مۇسۇلمانقۇل مىڭبېشى قىمار ئوينايدىغان ساراي ياساتتى. ئۇ، بەگلەرنى، لەشكەر باشلىقلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ مۇسابىقە ئۇيۇشتۇراتتى. بىر تەرەپكە كىچىك خان، يەنە بىر تەرەپكە مىڭبېشىنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان باشلىق ئىدى. بۇ ئىككى ئۆسمۈر قىمارخانىنىڭ ئەركىلىرى ئىدى. بۇ ئەركە يىگىتلەر قىمارنىڭ

قائىدىلىرىنى قايرىپ قويۇپ، خالىغانچە ئوشۇق ئاتاتتى. ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلىۋېرەتتى. ھېچكىم غىڭ قىلالمايتتى. چەتتە قاراپ تۇرغان بىر كىشىگە بۇ ئويۇن ياقمىدى. چىرايى قاپقارا، ياشىنىپ قالغان بۇ سۆلەتلىك كىشى قىمارنىڭ قائىدىلىرىنى بۇزۇپ ئويناۋاتقان شاھزادە تەرەپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. خۇشامەتچىلەردىن بىرى دەرھال خۇدايارنى ماختاپ:

— ھــە، شـۇندق، يـاشاپ كــەت! ئوشۇقنى پىرقىرىتىپ ئات! — دېدى.

ھېلىقى دېۋە سۈپەت كىشى جىممىدە كەلگىنىچە شاھزادىنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇپ:

— توختا، بالا… مانا، مۇنداق قىلىپ نىشانلاپ ئېتىش كېرەك. قىمارنىڭ قائىدىلىرىگە چىدىمىغان كىشى قىمار ئويناپ نېمە قىلىدۇ! ؟ … — دېدى زەردە قىلىپ.

شاھزادە خىجالەت بولۇپ قىزىرىپ كەتتى. ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. يوغان تەلپەك كىيگەن ھېلىقى سۆلەتلىك كىشى بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەتتى.

— ئوغلۇم، بۇ كىشى سېنىڭ تاغاڭ بولىدۇ، — دېدى مۇسۇلمانقۇل شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ، — ئۇ، سېنىڭ خان، پۇقرانىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكىڭگە قارىماي، ئىشىڭنىڭ توغرىسىنى توغرا، ئەگرىسىنى ئەگرى دەپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنى كەچۈر.

شاھزادە ھېچنېمە دېمىدى. مۇسۇلمانقۇلدىن باشقا كىشىدىن بۇنداق قاتتىق گەپ ئاڭلىمىغان خۇدايار ئىنزا تارتىپ، قولىدا دەڭسەپ تۇرغان ئوشۇقنىمۇ ئاتالمىدى. ئەتراپتىكىلەر پىچىرلىشىشقا باشلىدى. ئويۇننىڭ قىزىقى قالمىدى.

ئەتىسى مۇسۇلمانقۇل ئاشۇ پالۋان قامەتلىك كىشىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

www.uyghurkitap.com

— ئالامبەت ئاكا، تونۇگۈن مېنى ناھايىتى خۇشال قىلدىڭىز، بەزىدە شۇنداق قىلىش كېرەك.

ئالامبەت گەپىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدى.

— قاچان؟ نېمىگە خۇشال بولدىڭىز؟

— قىمارنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمەن. گەپ بالىدا ئەمەس. ئۇنىڭ خان دېگەن نامىنى قالقان قىلىپ، مەن بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ يۈرگەن كىشىلەر بار ئىدى. شۇلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ياخشى ئىش قىلدىڭىز، — دېدى مۇسۇلمانقۇل خۇشال بولۇپ.

— بۇنداق ئىكەنلىكىنى مەن نەدىن بىلەي، — دېدى ئالامبەت گۇرجەكتەك يوغان ئالىقىنىنى سىلكىپ، — بالا مۇتتەھەملىك قىلغىلى تۇردى. قىمارنىڭ مەززىسى كەتمىسۇن، دېدىم.

— قانداقلا بولمىسۇن ياخشى بولدى. ھەممىسىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. شاھزادىنىڭ قىمارخانىنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرۇۋېتىشى ھېچ گەپ ئەمەس. لېكىن خان ئوردىسىنىڭ پەيزىنى ئۇچۇرۇۋەتسەك بولمايدۇ. بالىنىڭ ئەقلى بىرئاز پىشىپ يېتىلگەن بولسا، ئوردىنىڭ كېڭەشلىرىگە ئانچە ـ مۇنچە قاتناشتۇرغان بولاتتىم. يېقىندىن بېرى، ئۇنىڭ يېڭىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ قوللىرى كۆرۈنۈپ قېلىۋاتىدۇ…

ئالامبەت ئوردىدىكى رەزىل ئىشلارغا ۋە سىياسەتلەرگە ئارىلىشىپ باقمىغان ئادەم ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئارىلىشىش نىيىتى يوق ئىدى. ئۇ، مۇسۇلمانقۇلنىڭ گەپلىرىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمىسىمۇ، ھە دەپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى. مۇسۇلمانقۇل كىملەردىندۇر گۇمانسىراپ، قىيسىق كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇراتتى.

يۇقىرى تەبىقە ئېسىلزادىلىرى ئەزەلدىن قىز ئېلىپ، قىز بېرىش ئارقىلىق قىرغىزلار بىلەن قايچىقۇدا بولۇپ كېتىشكەن بولسا، قىپچاق بەگلىرى قۇدىلىشىشتىن باشقا، سۈت بېرىش

ياكى سۈت ئېمىش يوللىرى ئارقىلىق قىرغىزلار بىلەن تۇغقان بولۇۋېلىشقانىدى. بۇ مۇناسىۋەتلەر ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشىغا، بىر - بىرىنى قوللىشىغا سەۋەب بولغانىدى.

بىر چاغلاردا، قىپچاق بەگلىرى مۇسۇلمانقۇلنى بۆشۈكى بىلەنلا ئاتقا ئارتىپ ئەكېلىپ ئالامبەتنىڭ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرگەنىدى. مۇسۇلمانقۇل ۋادىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كەتكەن. ئۇ ئاشۇنداق يول بىلەن قىپچاقلارغا باقما ئوغۇل بولۇپ قالغانىدى. مۇسۇلمانقۇل ئېمىلداش ئاكىسىنى قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالدى. يەتكۈچە ئىززەتلەپ، ھۆرمەتلىدى. ئۇنى ئەقىللىق، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان كىشى سۈپىتىدە قەدىرلىدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمۇ ناھايىتى خۇشال بولدى.

مۇسۇلمانقۇل ئوردىنى چىڭ تۇتتى، ھەربىي ئىشلارغا قاتتىق ئېتىبار بەردى. قوقان، مەرغىلان، نەمەنگان، تاشكەنت شەھەرلىرىدە قىپچاقلاردىن تەشكىللەنگەن قىسىملارنى تۇرغۇزدى. ئەنجاندا ئالىمبەگ دادخاھنى، نەمەنگاندا گادايباي دادخاھنى قالدۇرۇپ، باشقا ۋىلايەتلەرگە پەقەت قىپچاقلارنىلا بەگ قىلىپ تەيىنلىدى. خۇدايارغا ئۆزىنىڭ قىزىنى بېرىپ، ھېچكىمنى ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويدى، ئەمما خۇدايارغا ئانچە ئىشەنمەيتتى. خۇدايارنىڭ ئەرلىكى زەئىپ بولۇپ، ئاياللارغا ئۆچ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، سەل كالتە پەمرەك بولۇپ، باشقىلارنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىۋېرەتتى. شۇڭا، مۇسۇلمانقۇل ئۇنىڭدىن ئانچە خاتىرجەم بولالماي، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەركىلىتىپ سۆزلەپ، يالغۇز قالغاندا ئىسكەنجىگە ئالاتتى. باشقىلارغا ئەگىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قولىغا بىرەر تىيىن پۇلمۇ تۇتقۇزمايتتى، يات ئادەملەر بىلەن سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلمايتتى، دۆلەت ئىشلىرىغا زادىلا ئارىلاشتۇرمايتتى... بارا - بارا بەزى كىشىلەر خۇدايارنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىشقا باشلىدى. بۇ ئانچە قورقۇنچۇق

كۆرۈنمىسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمانقۇل بۇنىڭغا چەك قويۇشقا قارار قىلدى. چۈنكى كۆڭلىدە ئەندىشە پەيدا بولغانىدى.

— ئاكا، ئەل ئارىسىدا يارامىلىقراق يىگىتلەر تېپىلارمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى مۇسۇلمانقۇل ئالامبەتتىن بىرەر ياخشى مەسلىھەت ئېلىشنى ئويلاپ.

— قانداق بولاركىن… كۆرپۈلدەك سىپىدىكى ھېلىقى تاش ئېسىڭدىمۇ، ئۆتكەن يىلى باھاردا بىر يىگىت ئاشۇ تاشنى كۆتۈرۈشكە تەييارلىنىپ كەلگەنىكەن، لېكىن كۆتۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئورنىدىنمۇ قوزغىتالماپتۇ.

مۇسۇلمانقۇل كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىشقا كۈلىسەن؟ كۆرگەنلەر شۇنداق دېدىغۇ.

مىڭبېشى ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، ئۇنى باشقا سوئال بىلەن چېكىپ باقماقچى بولدى.

— ھەربىي ئىشلارغا قىزىقىدىغان يىگىتلەر يوقمۇ؟

— ئېھتىمال… باردۇر. لېكىن قىمىزغا، گۆشكە قىزىقىدىغانلار كۆپ، ئەسكەر بولۇشقا كىممۇ قىزىقاتتى.

مۇسۇلمانقۇل ئويلىنىپ قالدى:

— قىلىچىڭلارنى دات باستۇرۇپ خاتىرجەم ياتقان چېغىڭلاردا، ئالىلىقاياقتىن قىرىق ـ ئەللىك يىگىت قويۇندەك ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، لېگەندىكى گۆشۈڭلارنى، تۇلۇمدىكى قىمىزىڭلارنى بۇلاپ كەتسىچۇ؟

ئالامبەتنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— كىممۇ ئۇنداق قىلالايتتى؟ خان بىلەن ئۇنىڭ ئاتبدارى — ئۇكىمىز تۇرغان يەردە كىم ئۇنداق قىلالىسۇن؟

مۇسۇلمانقۇلنىڭ تاقىتى تۈگەپ، ئالامبەتنىڭ كۆزىگە تىك قارىدى:

— ئۇلارنى خاننىڭ ئۆزى ئەۋەتسىچۇ؟

ئالامبەت گەپ تاپالماي قالدى.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

— نېمىشقا ئۇنداق قىلاتتى؟ ئالۋان ـ سېلىقلارنى يىغىپ ئەكېلىپ بېرىۋاتىدىغۇ؟

مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئەمدى سۆزلىشىشكە ھەپىلىسى قالمىدى بولغاي، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئالىقىنىنى بىر ـ بىرىگە ئۇردى. ئىشىكتىن شۇ زاماتلا قىلىچ ئاسقان، ئېگىز بويلۇق بىر قىپچاق يىگىت كىرىپ تەزىم قىلدى.

— لەببەي، تەقسىر!

— خەزىنىچىنى چاقىر!

يىگىت قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ئارقىسىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى. مىڭبېشى ئالامبەتكە قاراپ كۈلدى.

— ئاكا، قىلىچىڭلارنىڭ دېتىنى چىقىرىپ تۇرۇڭلار.

ئالامبەت ئۇكىسىنىڭ قانلىق ئىشلارغا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي:

— قىلىچنى تاشقا بىلىسەك دېتى چىقىپ كېتىدۇ، — دېدى.

مىڭبېشى كەسكىن ئاھاڭدا:

— قىلىچنىڭ دېتىنى قان بىلەن چىقارغۇلۇق! — دەۋەتتى.

خانىنىڭ خەزىنىسىدە چوغدەك قىپقىزىل ئالتۇنلار، ئاق كۆمۈشلەر، ئاتىنىڭ كاللىسىدەك، مۇشتۇمدەك قۇيما يامبۇلار، ھىندىستاننىڭ ھەرخىل ياقۇتلىرى، ئاق قۇلارنىڭ پوكىنىدىنلا تاپقىلى بولىدىغان گۆھەرلەر، تۇرلۇك ـ تۇمەن زىرە ۋە مارجانلار يۇلتۇزدەك چاقناپ، شامدەك يالتىراپ تۇراتتى.

ئۇچىسىغا قىزىل دۇخاۋا چاپان كىيىپ، بېشىغا يېشىل رەڭلىك سەللە ئورىۋالغان خۇدايارخانمۇ ئالتۇن ـ كۈمۈشلەردىن كۆز ئۈزەلمەي ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئالامبەت بار ئىدى. خەزىنىچى يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئادەم بولۇپ، ئۇ تاقىر بېشىنى بىر يانغا قىيسايتىپ، بۇ يەردىكى بايلىقلارنىڭ قايسىسى قاچان، قەيەردىن ئەكېلىنگەنلىكىنى چۈ-

شەندۇرۇپ، قولىدىكى شامنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە كېتىۋاتاتتى. ئالەمبەت ئاغزىنى يوغان ئېچىپ گاھ ئالتۇنلارغا، گاھ خەزىنىگە قارايتتى.

— ئاكا، شاھزادە سىزنى تاغام خەزىنىدىن قۇرۇق چىقمىسۇن، دەۋاتىدۇ، — دېدى مۇسۇلمانقۇل ئالەمبەتكە يۈزلىنىپ. خۇدايار شۇئانلا يالت قىلىپ مىكىيىشىغا تىكىلدى. مىكىيىشى جىم، دېگەندەك قىلىپ ھومىيىۋىدى، خانىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ھە... رەھمەت ... — دېدى ئالەمبەت جىددىيلىشىپ. مۇسۇلمانقۇل كۈلۈمسىرەپ، ئادەملەرنىڭ قىزىل قېنى بەدىلىگە كەلگەن بۇ يامبۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئالەمبەتكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويدى.

ئالەمبەت خەزىنىنىڭ تۆرىدىكى بويى بىر غېرىچ كېلىدىغان، ساپ قىزىل ئالتۇندىن قۇيۇلغان ئادەم ھەيكىلىنى ئاۋايلاپ قىنا قولىغا ئالدى. ھەيكەل چاقناپ، پارقىراپ تۇراتتى. ئالەمبەت ئۇنىڭغا بىردەم ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويدى.

— بۇ ئادەمنىڭ شەكلى ئىكەن - ھە؟

مۇسۇلمانقۇل بېشىنى چايقىدى.

— گەپ ئۇنىڭ ئادەم شەكلىدە ئىكەنلىكىدە ئەمەس، قىممىتىدە. بۇنى بىر چاغلاردا ئەمىر تېمور ھىندىستاندىن ئولجا قىلىپ ئەكەلگەن. بۇ، بۇتپەرەسلەرنىڭ خۇداسى، ئاساسىي مەسىلە ئۇنىڭ بۇتپەرەسلەرنىڭ خۇداسىنىڭ شەكلىدە ئىكەنلىكىدىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ باھاسىدا، بۇ — بايلىق. بۇ — بەخت.

ئالەمبەت ھەيران بولۇپ تامىقىنى چاكىلداتتى ۋە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ يەنە ھەيكەلگە تىكىلدى. خەزىنىچى ئۇنىڭ ھەيكەلنى ئەكېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇردى. ئالەمبەت: بۇنى نېمە قىلارمەن، مىنەي دېسەڭ ئات، يەي دېسەڭ

نان بولمىسا بۇ... دەپ ئويلاپ، نېرى كەتتى. شۇكرى، خۇدا بىر ساقلىدى، دەپ ئويلىدى خەزىنىچى ۋە كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ چوڭ تىنىپ قويدى.

ئۇلار قورال - ياراغ ئامبىرىنىمۇ بىر نۆۋەت كۆزدىن كەچۈرۈشتى. ئۇ يەردە مىلتىقلار، سىپىغا كۈمۈش سۈيى يالىتىلغان قىلىچلار ۋە قالقانلار قاتار تىزىپ قويۇلغانىدى. مۇسۇلمانقۇل ئاكىسىدىن رەنجىگەندەك بولۇپ توختىدى.

— قاراڭلار، ماۋۇ رۇس مىلتىقلىرى، بۇنىڭدا ئادەمنىڭ بېشىغا قويۇپ قويغان ئالمىنى ئېتىپ چۈشۈرگىلى بولىدۇ.

— ئوھوي، بۇنىڭ ئوقى ئادەمگە تەگمەي پەقەت ئالمىغىلا تېگىدىكەن - دە! — دېدى ئالامبەت ئەستايىدىللىق بىلەن.

— ھەرقانداق جانلىقنى ئاتقىلى بولىۋېرىدۇ. يىراقتا تۇرۇپ ئادەمنىڭمۇ، كېيىكنىڭمۇ كۆزىگە تەگكۈزگىلى بولىدۇ.

— بىز كېيىكنى قاپقان قۇرۇپ تۇتىمىز، بۇنى ۋاڭىلدىتىپ تاغدىكى كېيىكلەرنى چۆچۈتۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى ئالامبەت ۋە نېرى كەتتى. مۇسۇلمانقۇل ئاكىسىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋېتىپ، بېشىنى چايقاپ قويدى.

قىزىل دۇخاۋا ساقلىنىدىغان ئامبارغا كىرگەندە، ئالامبەتنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. بۇ يەردە تۈرلۈك دۇخاۋىلار، جۇڭگو شايىلىرى، رۇسلارنىڭ كۆن - خۇرۇملىرى، يولۋاس، ئېيىق، سۆسەر تېرىلىرى، رەڭمۇرەڭ كىمخابلار، قەشقەر بەقەسەملىرى ۋە پېتى بۇزۇلمىغان ئىران گىلەملىرى بار ئىدى.

ئالامبەت تۇجۇپىلەپ تىكىلگەن بەقەسەم چاپانلارنىڭ يېنىدىن كېتەلمەي تېپىرلاپ قالدى، بىرنەچچىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇتۇپ باقتى. چاپانلار ھەقىقەتەن نەپىس تىكىلگەنىدى.

— ئېلىڭ، ئېلىڭ، تاغا! — دېدى خۇدايارخان.

مۇسۇلمانقۇلنىڭ كۆزلىرى، لەۋلىرى قىسىلىپ كەتتى. ئالامبەت بۇنى سەزمىدى. خان ئىجازەت بەرگەچكە، ئىككىلى-

نىپ تۇرمايلا خەزىنىچىنىڭ ياردىمىدە بىر چاپاننى ئېلىپلا كىد-
يىشكە باشلىدى. مانا، چىرايلىق چاپاننىڭ بىر يېڭى سىغماي،
جارت قىلىپ يىرتىلدى. ئالامبەت بىلەن خەزىنىچى بىر-
بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى. خەزىنىچى ئالمان - تالمانلا يەنە
بىر چاپان ئەكېلىپ ئۇنىڭ يەلكىسىگە ياپتى.
— ئېلىۋەت! — دەپ ۋارقىرىدى مۇسۇلمانقۇل. خەزىنىچى-
نىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. ئالامبەتنىڭ ئۈستىدىكى
چاپاننى دەرھال ئېلىپ تاشلاپ، پۇكۇلۇپ تۇرۇپ مىڭبېشىدىن
ئەپۇ سورىدى:
— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە...
ئالامبەت ھەيران بولۇپ، ساقىلىنى بارماقلىرى بىلەن سى-
لىغىنىچە قاراپ قالدى.
— خاننىڭ ئەمرى بىر بولىدۇ. شۇنچە خەزىنىنىڭ ئىچىدىن
تەگكەن بىر پارچە لاتىمۇ سىزگە سىغماي يىرتىلىپ كەتكەنىكەن،
بۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى.
شۇ ئىشتىن كېيىن، مۇسۇلمانقۇل ئاكىسىنى ئالدىغا چا-
قىرمىدى، ئوردىدا ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتلەرگىمۇ قاتناشتۇرمى-
دى. ئالامبەت يېزىغا قايتىدىغان كۈنى مىڭبېشىنىڭ ھۇزۇرىدا
بىرنەچچە مىنۇتلا تۇردى.
مىڭبېشى خاپا كۆرۈنەتتى. ئۇ، ئۇزاققىچە بېشىنى كۆتۈر-
مىدى.
— ئاكا، — دېدى ئۇ ئاخىر ئەپسۇسلانغاندەك قىيا-
پەتتە، — سىزنى نەمەنگانغا بەگ قىلىپ ئەۋەتەي دەپ ئويلىغان-
دىم، لېكىن باشقىلار ئۇنىمىدى. ئۇلار، ئاكىڭىز قوتازدەك
قوپال ئىكەن، ئۇ ۋىلايەتنى ئەمەس، ئۆزىنى باشقۇرالىسىمۇ چوڭ
گەپ، دېيىشىۋاتىدۇ، — مۇسۇلمانقۇل شۇنداق دېدىيۇ، ئوغاي-
سىزلىنىپ، ئالامبەتكە قىيسىق كۆزلىرى بىلەن شۈبھىلىنىپ
قارىدى، — ئىلاجىم قانچە، ئۇلار شۇنداق دەۋاتسا...

ئالامبەت قولىنى سىلكىدى:

— قوي، مېنى قىينىما. نەمەنگانغا بەگ بولۇپ، بۆرگە بىلەن چىۋىنغا تالىنىپ ياتىمەنمۇ. قوي، بۇ ئەمەلنى قىزىققانلارغا بەر.

مىڭبېشى ئاكىسىنى نەمەنگانغا بەگ قىلىش ھەققىدە ھېچكىم بىلەن مەسلىھەتلەشمىگەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغان. ئۇنىڭ ھېلىقى كۈندىكى گالۋاڭلىقى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى پۇشايمان قىلدۇرۇشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى، خالاس.

— ئۇنداق بولسا مەيلى، ئاكا، سىزنى خان قىلاي.

— ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىمىزغىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالامبەت.

— ياق، يۇرتقا ئەمەس، — دەپ كۈلدى مۇسۇلمانقۇل، — ئۆزىڭىزنى ئۆز بېشىڭىزغا خان قىلدىم.

ئالامبەت چۈشىنەلمەي ئويلىنىپ قالدى.

— بۇ قانداق گەپ؟

— ھە، مۇنداق گەپ: ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز خان بولۇپ ياشاۋېرىسىز.

ئالامبەت خان ئوردىسىغا قايتا ئاياغ باسمىدى. ئۇنىڭغا «ئۆز - ئۆزىگە خان» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغانىدى. بىراق ئۇ بۇ گەپنى پەرۋايىغىمۇ ئالماي، خاپىمۇ بولماي، كۆرپۈلدەك سېپىدا دېھقانچىلىق قىلدى، سازلىقتىن ئەللىك دانە كېپىك تۇتۇپ، ئۇۋۇنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈپ يۈرۈۋەردى.

1853 - يىلىنىڭ باھارى كىشىلەرگە تەشۋىش ئەكەلدى. تاغ ئوتلىرى ئاپئاق چېچەكلەپ، ئاتنىڭ ساغرىسىنى ياپقۇدەك ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەنىدى. چارۋىچىلار يايلاقلارغا كۆچۈشكە باشلىغانىدى. قوقاندا يەنە توپىلاڭ باشلىنىپتۇ. دېگەن شۇم خەۋەر تارقىلىشى بىلەنلا كىشىلەر يەنە تاغ ئارىلىقلىرىغا كۆچۈشكە باشلىدى.

ئالامبەت يايلاقتا قىمىزغا تويۇپ، ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز

هالدا كىگىز ئۆيدە ياتقانىدى. بىر ناتونۇش كىشى كىلىپ ئۇنى تاشقىرىغا باشلاپ چىقتى ۋە قۇلىقىغا بىرنىمە دەپ پىچىرلىدى.

— نەدە؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

خەۋەرچى تاغ تەرەپنى كۆرسەتتى.

— قاچان كەلدى؟ ئۆزى يالغۇزمۇ؟

— يالغۇز ئەمەس...

ئالامبەت بىرئازدىن كىيىن، ھىچكىمگە گەپ قىلمايلا ئوي-ناقتاشقا يىتىپ باردى، ئاتتىن چۈشمەي، قامچىنى پۇكلەپ تۇت-قىنىچە ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. خوخا ـ تىكەنلەر ئاتنىڭ بويى بىلەن تەڭلەشكەن، قورايلار چىچەكلىگەنىدى. قۇرىغان ئارچا شىخىدا قاغا قاقىلدايتتى. جىلغىلاردىن شارقىراپ ئىقىپ چۈشۈ-ۋاتقان سۈزۈك سۇ كۈمۈشتەك يالتىرايتتى.

ئىغىر نەپەس ئىلىپ، ئىغىزدۇرۇقىنى غىچىرلىتىپ چاينا-ۋاتقان ئات بىردىنلا قۇلاقلىرىنى شىڭشايتتى. بىرەر شەپە سەز-گەندەك ساي تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭغىچە ئوتلارنىڭ ئۈچى مىدىر-لاپ، غەلىتە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئالامبەت تىزگىننى تارتتى. شۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئالدىدا قولىدا مىلتىق تۇتقان، بىلىگە قىلىچ ئاسقان ئىككى كىشى پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا سالام بەردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم؟ ماللىرىڭىز ئامانمۇ؟

ئالامبەتمۇ سالام قايتۇردى.

— بۇياققا يۈرۈڭ، — دىدى يىگىتلەرنىڭ بىرى.

ئۇلار غارنىڭ ئالدىغا يىتىپ بىرىشتى. بۇ يەردە يىگىرمىگە يىقىن قوراللىق يىگىت ئولتۇراتتى. ئۇلار مويسىپىت كىشىنى كۆرۈپ سالام بىرىشتى.

— سالامەتمۇسىز؟ ماللىرىڭىز ئامانمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى، — دىدى ئالامبەت. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ غارنىڭ ئىچىگە كىردى. ئىچكىرىدە كىمدۇ بىرى:

— خان كەلدى! — دىدى. بىرىنىڭ ئىڭرىغىنى ئاڭلاندى.

ئالمابەت سالام بەردى. ئوت ـ خەسلەر ئۈستىگە سېلىنغان كۆرپىدە ياتقان ئادەم ئېغىر خورسىنىپ سالامنى ئىلىك ئالدى. ئالمابەت ئاستاغىنە كۆز قىرىنى تاشلىدى. ياتقان كىشىنىڭ بېشىدا تەلپەك، ئۈچىسىدا پىياز كۆكى رەڭلىك چەكمەن چاپان بار ئىدى. قاراڭغۇدا ئالمابەت ئۇنىڭ كىملىكىنى تونۇيالمىدى.

— مۇسۇلمانقۇل يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئالمابەت ئۆرە تۇرۇپ. ھېچكىم ئۈنچىقمىدى. ئەتراپتا تۇرغانلار ياتقان كىشىگە ئېچىنىش نەزەرى بىلەن قاراشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى كىشى:

— تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتىمەنمۇ؟ — دېدى. ئالمابەت ئېڭىشىپ قاراپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى.

— ھوي، سەنمىدىڭ؟ — دەپ قولىنى سوزۇپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئولتۇردى. ئۇنىڭ كەڭ يەلكىسى غار ئاغزىدىن ئارانلا كىرىپ تۇرغان يورۇقلۇقنى توسۇۋالدى. ئالمابەت مۇ-سۇلمانقۇلنىڭ قىيسىق كۆزلىرىنى، پەرىشان يۈزلىرىنى ئەمدى ئېنىقراق كۆرەلىدى. ھەر ئىككىيلەن گەپنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى.

— ھىم… شۇنداق قىلىپ كەنتىڭىزگە كېلىپ قالدۇق. ئاكا! — دېدى مۇسۇلمانقۇل زورغا كۈلۈمسىرەپ.

ئالمابەت يەرنى سىزىپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇكام… ئەمدى كېلىپسەن… ئۆزۈڭ كۆرگەن. ئۆزۈڭ ئۆسكەن ئەل…

بۇ گەپ مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە تەگدى، كۆڭلى ئاغرىدى. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، ئاكىسى ـ دە! ئەسلىدە ئۇ: «قىرغىز مىنگەن ئاتنىڭ تاقىسى نەلەردە ئىز قالدۇرمىغان، خاتىرجەم بول» دەپ تەسەللى بېرەرمىكىن، دەپ ئويلىغانىدى. سۆزگە ئانچە چېچەن بولمىغان ئالمابەت ئەمدى نېمە دېيىشنى بىلمەي ئورنىدىن تۇردى.

www.uyghurkitap.com

— خوش··· مەن قايتاي···

مۇسۇلمانقۇلنىڭ قىيسىق كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. «ئۇ جاللات!» دەپ ۋارقىراشقا تەمشەلدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— ئۆزىگە ئۆزى خان بولغاندىن، نېمە قىلىشنى ئۆزى بىلىدۇ، — دەپ پىچىرلاپ يەنە جايىغا يېتىۋالدى مۇسۇلمانقۇل. ئالامبەت غاردىن ئېڭىشىپ چىقىۋاتقىنىدا، مۇسۇلمانقۇل: «ئىشەنگەن خوجام سەن بولساڭ، قازاندەك سەللەڭگە تۇكۇردۇم» دەپ غەزەپلىنىپ تىللىدى. لېكىن ئالامبەت بۇنى ئاڭلىماي ئېتىغا قامچا ئۇردى.

ئالامبەت ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۇزاققىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. ئاخىر، بىر تۇغقىنى ئابىلنى چاقىرغۇزدى.

ئابىل ئەتىسى ئەتىگەندە، بىر قارىمۇتۇق بوۋاي بىلەن ئۈستۈمۈر بالا بېكىنەزەرنى باشلاپ كەلدى. ئابىلنىڭ يىگىتلىك دەۋرى ئاخىرلىشىپ، قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى راسا تولغان بولۇپ، قاپقارا بۇرۇتى ئۆزىگە يارىشىپ تۇراتتى. ئۇ، تۆرگە ئۆتۈپ، ئۆز ئىگىلىرى بىلەن هال - ئەهۋال سوراشقاندىن كېيىن، ئالامبەتكە قارىدى.

— ئاكا، — دەپ ئىلتىجا قىلدى ئۇ، — سىز ئاڭلىدىڭىزمىكىن، كىشىلەر خانىنىڭ ئاتىدارى بىز تەرەپكە قېچىپ كېلىپتۇ، دېيىشىۋاتىدۇ.

ئالامبەت سىپايىلىك بىلەن:

— هە، كېلىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سىنى چاقىرغۇزدۇم، — دېدى.

ئابىل كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

— نەدە؟ — دەپ سورىدى.

— ئويناقتاشتا يېتىپتۇ. قانداق قىلىمىز؟

— سۆزلەشتىڭىزمۇ؟ نېمە دېدى؟
— نېمە توغرىسىدا گەپلىشەتتىم؟
ئــابىل ئاكىسىنىڭ جاۋابىدىن رەنجىپ، يوتىسىغا بىر شاپىلاق ئۇردى.
بۇلار ئىككى ئاتىنىڭ بالىلىرى ئىدى. ئالامبەت ئۆزىگە بەخش قىلىنغان كۈچ - قۇۋۋەتنى ھېچنېمىگە ئىشلەتمىدى، پەقەتلا كۆرپۇلدەك سېيىدىكى تايچاقتەك چوڭلۇقتىكى قارا تاشنى كۆتۈرۈپ، يول بويىغا ئەكېلىپ قويىدى، خالاس. ئۇ بەزىدە مۇشۇ ئىشنى تىلىغا ئېلىپ، چوڭ ئىش قىلىۋەتكەن كىشىدەك ماختىنىپ قوياتتى. ئۇ، ياشلىقىدا مال - دۇنياغا ئۆزىنى ئۇرمىدى، ماڭا ئەمدى قېرىپ، ساقىلى ئاقارغان بولسىمۇ، مەئىشەت بولغان يەردە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، گۆش ئۇلەشتۇرۇشتىن باشقا ئىش قولىدىن كەلمىدى.
ئابىل يۇسۇپ ئاتىدارنىڭ جەستىنى يارمازار قەبرىستانلىقىغا خۇپىيانە دەپنە قىلىۋېتىپ ئۆزىگە قاراشلىق ئەسكەرلەر بىلەن ئوردىدىن يېزىغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ، پۈتۈن قەبىلىسىدىكىلەرنى توپلاپ يۇسۇپنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا تەييارلاندى. ئەپسۇسكى، ئوردىدا خوجا مۇرات دادخاھ مىڭبېشىلىققا كۆتۈرۈلۈپ، گادايبايىنى نەمەنگانغا بەگ قىلىپ ئەۋەتتى. مۇسۇلمانقۇل يېقىن قېرىندىشى تۇرۇقلۇق نېمىشقىدۇر ئوردىغا بارمىغانىدى. ئابىل يۇسۇپنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدە مۇسۇلمانقۇلنىڭمۇ قولى بارلىقىنى بىلىپ، كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ يۈردى، ئۇنىڭ يۈرىكىگە داغ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، قانخورغا سالام بېرىشكە كۆڭلى تارتمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مۇسۇلمانقۇلنىڭ ھوزۇرىغا زادىلا ئاياغ باسمىدى. لېكىن ئۇنىڭ قەبىلىداشلىرى ئارىسىدىكى ئىززەت - ئابرۇيى باشقا دادخاھلارنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىدى.
— ئاكا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئابىل خىيالچان ھالدا، — نېمىلا بولسا بىر ئاتىنى ئەمگەنمىز. بىزنى قېرىنداش

www.uyghurkitap.com

دەپ بىلىپ، كۆڭلى تارتىپ كەلگەندۇر، تايىنلىق.

— ئۇغۇ شۇنداق، بۇنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن... ئۇ دېگەن مىڭبېشى تۇرسا...

— بېرىپ سۆزلىشەيلى، نېمىشقا قېچىپ كەلگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقايلى. كېيىن ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرىمىز.

ئۇلار بىر پاقلاننى سويۇپ پىشۇردى، بىر تۇلۇم قىمىز ئالدى. قارىمۇتۇق بوۋاي بىلەن بېكنەزەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئاشۋاقتى بولغاندا ئويناقتاشقا يېتىپ باردى. غاردىن تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان تۈتۈننى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

— بار ئىكەن.

مۇسۇلمانقۇلنىڭ يىگىتلىرى بۇلارنى ئۇزاقتىن كۆزىتىپ تۇرغانىدى. غارغا يېقىنلاشقاندا ئابىل سالام بەردى. مۇسۇلمانقۇل غار ئاغزىغا چىقىپ تۇرغانىكەن. ئۇ ھىيلىگەرلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ، ئابىل بىلەن سوغۇقلا سالاملاشتى ۋە ئۇنىڭ چىرايىغا شۈبھە بىلەن تىكىلدى.

ئابىل ئۇدۇللا ھال - ئەھۋال سورىشىشنى ئەپ كۆرمىدى، تۆت ئەتراپقا قارىۋېتىپ، ھەمدەردلىك ئاھاڭدا:

— توۋا، غارغا قامىلىپ ... — دېدى، كېيىن ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، مۇسۇلمانقۇلغا يول بوشاتتى، — بەگ ئاكا، رۇخسەت قىلسىڭىز، دۆڭگە چىقىپ ئولتۇرساق.

مۇسۇلمانقۇلنىڭ چىرايى ئېچىلدى. ئابىلنىڭ ئېگىز قەددى - قامىتىگە مىننەتدارچىلىق بىلەن قاراپ قويۇپ، دۆڭگە ماڭدى. يىگىتلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

ئۇلار دۆڭگە چىقىشتى، ئابىل ئېچىلىپ - يېيىلىپ گەپ باشلىدى.

— بەگ ئاكا، بۇ، ئۆزىڭىز ئۆسۈپ چوڭ بولغان يۇرت. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئەزەلدىن بارىنى ئايىماي، يوق بولسا قايغۇر-

ماي، ئۆز رىزقىمىزنى يەپ ياشاپ كېلىۋاتىمىز. گىلەم - زىلچىمىزمۇ، يوتقان - كۆرپىمىزمۇ مۇشۇ كۆپكۆك كۆكات. مانا قاراڭ، بۇ كۆكاتلار ھەرقانداق بىساتتىن پاكىز، ھەرقانداق گىلەمدىن چىرايلىق.

— ئەلۋەتتە شۇنداق! — دېدى مۇسۇلمانقۇل.

— قېنى، ئولتۇرايلى، بەگ ئاكا.

ئالامبەت گەپكە ئارىلاشماي، ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇردى. ئۇلار كۆپكۆك كۆكاتلار ئۈستىدە تۆگىدەك چۆكۈپ ئولتۇرۇشتى.

بېكىنەزەر ئابىلنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە باش يىگىتلەرگە خاس چەبدەسلىك بىلەن يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمەت قىلىشقا باشلىدى. كىچىك تۇلۇمدا بۇلاقتىن سۇ ئەكېلىپ، خۇددى ئاپتۇۋىدىن سۇ قۇيغاندەك مۇسۇلمانقۇلنىڭ قولىغا سۇ بەردى. كېيىن داستىخان يېيىلدى. ئابىل ۋايىغا يەتكۈزۈپ پىشۇرۇلغان پاقلان گۆشىنى پارچىلاپ، ئۇنىڭ كاللىسىنى مىڭبېشىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى. تۇلۇمدىكى قىمىزنى نەقىشلىك ياغاچ تاۋاقتا قويۇپ ئۇزاتتى.

ھەممەيلەن قىمىز ئىچىپ، گۆش يەپ، قىزغىن پاراڭلاشتى. بىراق، ھەر ئىككى تەرەپ يۇسۇپ ھەققىدە گەپ ئېچىشتىن ئېھتىيات قىلدى. چۈنكى، ۋەزىيەت شۇنى تەلەپ قىلاتتى. ھازىر مەرھۇم بەگ ھەققىدە گەپ ئېچىشنىڭ پەيتى ئەمەسلىكىنى مۇسۇلمانقۇلمۇ، ئابىلمۇ ئېنىق ھېس قىلغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن باشقا ھەممە گەپلەرنى دېيىشتى. قۇرۇق سىپايىگەرچىلىكنى قايرىپ قويۇپ، قىزغىن مۇڭداشتى.

مۇسۇلمانقۇل باشقىلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، بېكىنەزەرگە تىكىلىپ قارىدى. ئۆسمۈر ئۇنىڭغا يېقىپ قالغانىدى. ئۇ، قولىدىكى يېرىم تاۋاق قىمىزنى بېكىنەزەرگە ئۇزاتتى.

— ئېتىم بېكىنەزەر دېدىڭغۇ، قوزام؟ ئالە، ھالى خارابلاش-

قان ئاكاڭدىن ئاشقىنىنى ئىچىپ قوي، — بېكنەزەر تاۋاقنى ئىتتىك ئېلىپ، قىمىزنى ئىچتى. مۇسۇلمانقۇل بېشىنى لىڭ-شىتتى، — توغرا يولدىن چەتلىمە، دېگەن گەپ بار. يۈرۈك نۇرلۇق، بىغۇبار يىگىت ئىكەنسەن، قوزام. ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن.

ھاياتىدا ھېچقانداق تالاپەت كۆرمەي، باياشات ياشىغان بۇ رەھىمسىز ئادەمنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى غەمكىن ئاڭلاندى. قىد-مىز ئۇنى شىركەيپ قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ھەسرەتلىك خورسى-نىپ قويدى.

— ئابىل! بېكنەزەر! مەن قوقاندا تۇرغان ۋاقتىمدا سىلەر مېنى يوقلاپ بارمىدىڭلار، — دېدى مۇسۇلمانقۇل قايغۇرۇپ.

بېكنەزەر ئابىلغا قارىدى. ئابىل ئالامبەتكە تىكىلدى. ئال-امبەت ئوڭايسىز بىر ھالەتتە گەۋدىسىنى مۇكچەيتىپ، دېمىنى چىقارماي ئولتۇردى.

— شۇنداق، بارمىدۇق، بەگ ئاكا. ئىلاجىمىز يوقلۇقىدىن ياكى خۇدۇكسىرىغانلىقىمىزدىن ئەمەس. يول چىقمىغانلىقتىن بارمىدۇق، بىز ئۇلۇغ كىشىمىزنى پەگاھدا قالدۇرۇپ، ئۆزىمىز تۆرگە ئۆتەلەيمىز.

مۇسۇلمانقۇل چۈشەندى. ئالامبەتكە قاراپ بېشىنى چايقاپ، خىيال سۈرۈپ تۇردى.

— مەن، رەھبەرسىز يۇرت بولمايدۇ، دېگەنىدىم. ئەپسۇس-كى، بار ئىكەن، — مۇسۇلمانقۇل كۆكرىكىنى كېرىپ، تۇكۇرۇ-كىنى يۇتتى ـ دە، سۆزىنى ئۇزاقتىن باشلىدى، — ھىم... ماڭا ناھايىتى جىق ئادەم ئېسىلدى. مەن ئىككىسۇدىكى تۇغقانلىرىمىز-نىڭ ئۆيىگە بارغان ۋاقتىمدا، ئىلگىرى ئۆزۈم قوللاپ نەمەنگانغا بەگ قىلىپ ئەۋەتكەن مىرزات تۇزكور تۆرىقۇرغاندىكى ئەسكەرلى-رىنى باشلاپ كېلىپ، مېنى باغلاپ ئوردىغا ئاپاردى. يارقىنئاي ئارىغا چۈشۈپ ئاجرىتىپ قويمىغان بولسا، نېمە بولۇپ كېتەر

ئىدىمكىنتاڭ، لېكىن ئۇلار مەن بىلەن ئۆچەكىشىپ قالغانىكەن، مېنى مىڭبېشىلىقتىن ئېلىپ تاشلاپ، ئوردىغا ئىككىنچى ئاياغ باسما، دەپ يېزىغا ھەيدىدى. مەن شۇ يىلىلا قوشۇن توپلاپ قوقانغا يۈرۈش قىلدىم. مىرزات تۆزكورنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇپ ئوردىغا كىردىم...

ئالامبەت يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئابىل مۇسۇلمانقۇلغا تىكىلگىنىچە گەپكە قۇلاق سالماقتا ئىدى. مۇسۇلمانقۇل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— دۈشمەنىنىڭ قىلمىشى ئوچۇق - ئاشكارا بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ھەردائىم پەخەس بولۇپ تۇرىدىكەنمىز. ئەمما ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دۈشمەنلىكىنى ئۇنىڭ توقمىقى بېشىمىزغا تەگكەندە بىلەلەيدىكەنمىز. ئۆتكەن يىلى نارمۇھەممەت تۇيۇقسىزلا ماڭا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇ، تاشكەنت، چىمكەنت، سايرام، تۈركىستان ھەم ئەۋلىيائاتادىكى ئەسكەرلەرنى ئايىنىتىپ، ئۆزىگە قارىتىپتۇ. مەن نائىلاج ئوردىدىكى ئاساسىي كۈچنى باشلاپ، ھېلىقى ئىت بەچچە خۇدايارنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندىم. ئىتنىڭ بالىسى دېگەن ھامان ئىتلىقىنى قىلىدىكەن. ئىككى تەرەپ توقۇنۇشقان كەچكى پەيتتە، خۇدايار نارمۇھەممەت تەرەپكە قېچىپ كەتتى... ئۇنىڭ نېمىلا بولمىسۇن خان دېگەن نامى بار ئەمەسمۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئەسكەرلەر ئارىسىدا ناقۇلاي ئەھۋال يۈز بەردى... خۇداغا شۈكرى، شۇ چاغدا پېشانەمنىڭ ئوڭلۇقىغا يەنە بىر قېتىم ئىشەندىم. قولاي پەيتنى تېپىپ نارمۇھەممەتكە ھۇجۇم قىلىۋېدىم، غەلىبىگە ئېرىشتىم... نارمۇھەممەت قېچىپ كەتتى. ھېلىقى ئىت بەچچە خۇدايار سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ يەنە ئالدىمغا كەلدى. ئۇنى شۇ يەردىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ، بۇخارادا يۈرگەن مۇللابېكنى تەختكە ئولتۇرغۇزسام بولغانىكەن... بۇ قەسەمخورنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇۋېتىپ، بىرەر مەسچىتكە تاشلىۋېتىپ كەلسەممۇ بولىۋېرەتتى

... ئاھ، ئەقلىمنىڭ چولتىلىقى! دەسلەپتە، مىرزاتنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن چېغىمدا، ئۇنى گۆدەك ھېسابلاپ كەچۈرگەنىدىم. كېيىنكى قېتىمدا مەلىكە يارقىنئايىنى ئويلاپ يەنە كەچۈردۈم ۋە قايتا تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم. مېنىڭ ئاشۇ مېھرىبانلىقىم ئاقىۋەتتە بېشىمغا چىقتى...

مۇسۇلمانقۇل جىم بولۇپ قالدى. ھەممەيلەن سۈكۈتكە چۆككەنىدى. ھېچكىم تەسەللى بېرىشكە سۆز تاپالمايتتى.

مۇسۇلمانقۇل سەككىز يىل مىڭبېشى بولدى. قىلىچنىڭ كۈچى بىلەن دۆلەت باشقۇرۇلغان ئاشۇ سەككىز يىل داۋامىدا، ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، شەھەرلىكلەرگە، سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى تىجارەتچىلەرگە ھەددىدىن تاشقىرى زۇلۇم سالدى. بۇ رەھىمسىزلىك خەلقنىڭ ئوردىغا بولغان نارازىلىقىنى ئاشۇردى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان ئۆرەتۆپە، خوجەنت، تاشكەنت، بەگلىرى مىڭبېشىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتتى. كۆپ ئۆتمەي، مەرغىلان بېگى ئۆتەنباي قۇشبېگى ئۇلارغا قوشۇلدى. خۇدايارخانمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولۇپ قالدى. بىر كۈنى قوقاندىكى قاسىم پەنساد باشچىلىق قىلغان گۇرۇھ مۇسۇلمانقۇل تەرەپدارلىرىنى ئوردىدىن ھەيدەپ چىقاردى. مۇسۇلمانقۇل قوقاندىن چىققاندىن كېيىن، ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئىككىسۇ ئەتراپىدا قالدۇردى. ئۆزى ئون - ئون بەش يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ، يۇرت خەلقىنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى پاناھ تارتىپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى.

— خەپ، ئۆتەنباي! خەپ، نارمۇھەممەت! بىرىگە تاشكەنتنى، بىرىگە نەمەنگاننى تۇتقۇزۇپ قويۇۋىدىم، ئاخىرىدا مەندىن يۈز ئۆرىدى. كۈچۈكنى بېقىۋىدىم، ئىت بولدى. كېيىن باشقىلارغا قوشۇلۇپ ئۆزۈمنى تالىدى ... — مۇسۇلمانقۇل تىترەپ، ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرغان ئالامبەتكە قولىنى سىلكىپ سۆزلەپ كەتتى، — ئۇلار ئالدىراپ كەتمىسۇن، پۇرسەت كەلگەندە



www.uyghurkitap.com

ھېساب ـ كىتاب قىلىشىمىز. شۇ چاغدا دەرۋازىنىڭ بېشىغا خالتىدەك ئېسىپ قويۇپ ئوردىغا كىرىمىز. ھە، ئالدىردىمىسۇن...

ئالامبەت ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. مۇسۇلمانقۇل ئۆزىنى بېسىۋېلىپ بىردەم جىم تۇرغاندىن كېيىن:

تاللاپ ـ تاللاپ ئات يىغدىم،
ئۇچقۇر تۇلپار بولمىدى.
تاللاپ يۈرۈپ دوست تۇتسام،
ئۇلار قېرىنداش بولمىدى.

دەپ چوڭقۇر خۇرسىنىپ، ئالامبەتكە غەمكىن قارىدى. — بۇ ئاكام ئوردىغا بېرىپ تۇراتتى. بەزىدە ئۇنىڭدىن «يۇرتتا قانداق يىگىتلەر بار؟» دەپ سورىسام، «مەندىن باشقا پىچاققا ساپ بولغۇدەك يىگىتلەر يوق» دەيتتى. ئاھ، نېمىسىنى ئېيتاي، ئۇنى بىر كۈنى، پۈتۈن يۇرتقا يەتكۈدەك بايلىق ئەكېتىڭ، دەپ خەزىنىگە باشلاپ كىردىم. ئالتۇن بىر ياقتا قېلىپ، چىرىپ كەتكەن بىر چاپانغا ئۆزىنى ئۇردى ··· شۇ چاغدا، مەن سىزنىڭ نادان، پاراسەتسىز ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەنىدىم، ئاكا.

بۇ تاپا ـ تەنىلەر ئالامبەتنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن سۆھبەتكە ئارىلاشتى.

— مۇسۇلمانقۇل، گېپىڭ توغرا. ھەرقانداق كىشى ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىنى ئالىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز: «ئوشۇقچە مال ـ دۇنيا جانغا جاپا، ئۇ، كىشىنى ئەندىشىگە گىرىپتار قىلىدۇ» دېگەن. مانا، يۇسۇپنىڭ ھالى نېمە بولدى؟ سەن ئۆزۈڭ نېمە بولدۇڭ؟

مۇسۇلمانقۇل سەگەكلەشتى. بۇ گەپ ئۇنىڭ دەردىگە دەرد قوشقانىدى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەي سۈكۈتكە پاتتى. يەنە قىمىز قۇيۇلدى. مۇسۇلمانقۇل تاۋاقنى ئالمىدى.

— بولدى، بەك كۆپ ئىچىۋەتتۇق، — دېدى ئۇ. مۇسۇلمانقۇل يەلكىسىنى مىدىرلىتىپ، تۇكۇرۇكىنى يۇتتى. «بۇ مەمەدانە ئۇكىمىز ئىشنى بۇزمىغىدى» دەپ ئەندىشە قىلدى ئۇ. بىراق ئابىل ئۇنچىقماي ئولتۇراتتى.

ئابىل يۇسۇپنى كۆز ئالدىغا كەلتۇردى. ئۇنىڭ ئىسسىق چىراyينى خىيالىدىن ئۆتكۇزۇۋېدى، يۇرىكى ئېزىلىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ كۆزىگە مۇسۇلمانقۇل ناھايىتى سەت كۆرۇندى، ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىكى ئاشتى.

شۇ چاغدا، مۇسۇلمانقۇلمۇ يۇسۇپنى ئەسلىدى. ئۇ: بۇلار ئۇنى تېخى ئېسىدىن چىقارماپتۇ، دەپ ئويلاپ خىجىل بولدى، ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتۇلماقچى بولۇپ:

— ئىسىت، يۇسۇپ ئاكىمىز ئەقىللىق، تەدبىرلىك ئادەم ئىدى. ساتقۇنلار ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولدى! — دېدى.

ئابىل ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى.

— بىلىمىز، بەگ ئاكا، بىلىمىز! ئۆز ئىچىمىزدىن چىققان ياتلار رەزىللىك قىلدى. ھەممىدىن خەۋىرىمىز بار.

مۇسۇلمانقۇل: «بۇلار تېخىچە ئۇنتۇماپتۇ - دە!» دەپ لېۋىنى چىشلىدى. بۇلار نېمىشقا ھەدەپ تەنە قىلىشىۋېرىدۇ؟ بۇ مالامەتلەرگە قاچانغىچە چىدىغىلى بولىدۇ؟ قاچانغىچە؟ ياق! تېخى ئۇنىڭ ئامىتى پۇتۇنلەي قاچقىنى يوق. مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئاچچىقى كېلىشكە باشلىدى، چىرايى تاتاردى.

— قېرىنداشلىرىم، مەن سىلەرنى پاناھ تارتىپ چوڭ ئۇمىد بىلەن كەلدىم، — دەپ گەپنى پۇتۇنلەي باشقا تەرەپكە بۇرىدى مۇسۇلمانقۇل، — ھازىرچە تېخى كۈچ - قۇۋۋىتىم بار. راستىنى ئېيتسام، قىپچاقلار ئاۋۋالقىدەك ئۇم ئەمەس. بابا نارمۇھەممەت، ئۆتەنباي توغرىسىدا گەپ قىلىپ بەردىم. ئەمدى سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا موھتاجمەن. نېمىلا بولسا، بىر ئەمچەكنى ئەمگەنمىز.

ھېچكىم ئۇنچىقمىدى. ئارىنى سۇكۇت باستى. ئالمابەت

بىرئاز ئۆزىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن مۇسۇلمانقۇلغا قاراپ:

— خوش، ئەمدى نېمە قىلماقچىسەن؟ —دېدى.

— ئوردىنى قايتا ئالىمەن. دۈشمەنلىرىمنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتىمەن.

ئالامبەت گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتتى:

— كەلگىنىڭغۇ ياخشى بوپتۇ. ئەمدى تىنچراق يۈر، مۇسۇلمانقۇل، يۇرتداشلارنى ئەنسىزلىككە سالما. ئوردىغا نېمانچىۋالا قىزىقىپ قالدىڭ! ئويلاپراق ئىش قىل. چېچىڭغا ئاق كىرگەندە، بايلىقنىڭ ساڭا نېمە كېرىكى بار؟

مۇسۇلمانقۇل ۋاڭگىدە يېرىلدى:

— هاي ئاكا! ساددىلىقىڭىزنى قاچانمۇ تاشلارسىز ـ هە؟ مەن رەقىبلىرىمنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن! بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلايمەن!

— بەگ ئاكا، — دېدى ئاخىر ئابىل ئۆزىنى باسالماي، — ئاقساقالنى رەنجىتمەڭ. ئۇنى بىز هېچكىمگە تېگىشمەيمىز!

مۇسۇلمانقۇل ئابىلغا چەكچەيدى.

— قويساڭلارچۇ، نېمىشقا شۇنچە قېرىشىسىلەر؟ — دېدى ئالامبەت، — مۇسۇلمانقۇل، ئوردىدىكىلەر بىلەن بەل تۇتۇشما! ئۇلار بىلەن بايلىق تالىشىپ ئابرۇي تاپالمايمەن. تاغلىقلار بىلەن مەهەللە خەلق ئوتتۇرىسىدا نىزا پەيدا قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ياخشىراق ئويلاپ باق. مۇسۇلمانۇل.

— ئۇلار مېنىڭ دۈشمەنلىرىم، — دېدى مۇسۇلمانقۇل.

— خەلققە هېچقاچان دۈشمەن بولمايدۇ. پەقەت ئەلگە باش بولغانلار يۇرتنى بۇزىدۇ، مۇسۇلمانقۇل، ئوڭ قولىقىڭ بىلەنمۇ، سول قولىقىڭ بىلەنمۇ ئاڭلىۋال، بىز تىلى بىر، دىلى بىر، قايغۇسى ۋە خۇشاللىقىمۇ بىر خەلقمىز.

مۇسۇلمانقۇل گەپ تاپالماي قالدى، قىيسىق كۆزلىرى ئالدىيىپ، لەۋلىرى تىترىدى. يېقىندىن بېرى ئۇ هېچكىمدىن بۇنداق

دەشنام ئاڭلىمىغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قىمىزنىڭ تەسىرىـ
دىن لاتىدەك بوشىشىپ كەتكەن يىگىتلەرگە بۇيرۇق بەردى:

— قېنى، ئاتلىنىڭلار!

يىگىتلەر قوزغالدى. مۇسۇلمانقۇل ئاتقا مىنىپ، ئابىلغا قولىنى شىلتىدى.

— مەن كەتتىم. سىلەردىن كېلىدىغان ياردەمنى خۇداغا ئامانەت قىلىۋەتتىم. بىزنىڭ يولىمىز باشقا ئىكەن. ئاڭلاپ قويۇڭلار، مەن يەنە كېلىمەن. مېنىڭ قىلىچىم قوش تىغلىق: بىرى ئۆتمەس، بىرى ئۆتكۈر.

ئابىل ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ جاۋاب بەردى:

— بىزنىمۇ يۇسۇپنىڭ ئارقىسىدىن يولغا سالاي دەمسىز؟ بىزنىڭ قىلىچىمىزنىڭ ئىككىلا تەرىپى ئۆتكۈر!

قاپقارا ئارغىماق ئويناقلاپ، بىر جايدا تۇرالماي ئالغا دىۋىـ نەتتى. مۇسۇلمانقۇل قولىنى سىلكىپ، ئۇزەڭگە بىلەن ئاتنى نىقتىدى.

— يىگىت بولساڭلار قىلىچىڭلارنى بىلەپ تۇرۇڭلار!

— بىلەنگەن!

مۇسۇلمانقۇلنىڭ قارا ئارغىمىقى شامالدەك ئۇچۇپ كەتتى.

— توۋا، يىرتقۇچ بولۇپ كېتىپتىغۇ، بۇ! — دېدى ئالماـ بەت ئېغىر خورسىنىپ.

## 8

شۇ كۈنلەردە قوقان ۋە تاشكەنت شەھەرلىرىنىڭ كوچىلىرىدا ئادەم قېنى سۇ بولۇپ ئاقتى. خۇدايارخاننىڭ ئاچ قالغان يىرتـ قۇچتەك بولۇپ كەتكەن كاللاكېسەرلىرى ئۇچرىغانلا قىپچاقنى سۈرۈشتۈرمەيلا قىلىچتىن ئۆتكۈزۈۋەردى. ئاددىي خەلقنىڭ ئاھ ـ زارىغا ھېچكىم قۇلاق سالمىدى.

مۇسۇلمانقۇل كەچ كۈزگىچە ئۇن بەش مىڭغا يېقىن ئەسكەر توپلىدى. ئوردىدىكى ساتقۇنلار مۇسۇلمانقۇل مىڭبېشىلىق قىلغان ۋاقىتتىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى ھەددىدىن تاشقىرى كۆپتۈرۈپ، ئاددىي پۇقرانىڭ قىپچاقلارغا نىسبەتەن نەپرىتىنى ئاشۇردى. «كۆرۈڭگەنلا قىپچاقنى شۇ يەردە ئۆلتۈرۈپ، مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلغان ئەزىمەتكە بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ سوراق يوق» دېگەن مەزمۇندا خاننىڭ نامىدىن يارلىق چىقارغۇز- دى. شۇنىڭ بىلەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئاتمىش مىڭ كىشىلىك جازالىغۇچى قوشۇن تۈزۈلدى. جازالىغۇچىلار قىپچاقلارنىڭ يۇر- تى ئىككىسۇ تەرەپكە زىرائەتكە چۈشكەن چېكەتكىدەك يوپۇرۇلۇپ ماڭدى. مۇسۇلمانقۇلنى يوقىتىشتا باشلامچىلىق قىلغان نارمۇ- ھەممەت بىلەن ئۆتەنباي قۇشبېگى خان تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقان بۇ قەبىھ ئىشلارنى كۆرۈپ، توختىتىشنىڭ ئامالىنى قىلالماي لېۋىنى چىشلەپ قالدى.

ھەقىقەتەن، ئادالەت قەيەردە؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. يۇرت خەلقى بۇ دەھشەتلىك سەلنىڭ كۆچىگە بەرداشلىق بېرەلمە- دى. نېمە قىلىشىنى بىلمەي، گاڭگىراپ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق قىلىپ قويۇشتى.

كۇتۇلمىگەندە، مۇسۇلمانقۇل توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئەڭ ئاۋ- ۋال ھۇجۇمنى باشلاپ بەردى. ئۇ، بۇ قېتىممۇ ئۆز بەختىنى تاپالايدىغانلىقىغا، تەلىيىنىڭ ئوڭلۇقىغا، ئۇنىڭدىن قالسا، قىپ- چاقلارنىڭ قەيسەرلىكىگە، جەڭگىۋارلىقىغا ئىشىنىپ ئىش باش- لىغانىدى.

قىپچاقلار تامامەن قىزىل كىيىم كىيىپ مەيدانغا چۈشتى. قىزىل كىيىم قەيسەرلىكنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا پە- قەت قىپچاقلارنىڭلا قىزىل كىيىم كىيىش ھوقۇقى بار ئىدى. تاغلىقلارنىڭ ئابرۇيلۇق داداخاھلىرىمۇ قىزىل كىمخاب تون، قى- زىل تەلپەك كىيەتتى. باشقىلار سېرىق، بوز، چىپار ۋە قارا

چاپانلارنى كىيىپ يۈرەتتى. قىپچاق بەگلىرى ئۆزلىرىنىڭ قەدىر-
سەرلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇپ، ئاشۇ يوسۇندا جىددىي
ھايات - ماماتلىق كۆرەشلەرنى ئېلىپ باراتتى.

سان - ساناقسىز خان لەشكەرلىرى بوز ئېدىر ئېتىكىنى
بويلاپ كەلمەكتە ئىدى. قىپچاقلار بولسا، چەكسىز دالا باغرىدا
ياشنىغان قىزىل لالىدەك قىزىرىپ، سەپ تارتىپ ئالغا ئىلگىرى-
لەيتتى. كۆپ ئۆتمەي دۇمباق چېلىندى. ھەممەيلەن قورالغا
يېپىشتى. تاللانغان لەشكەرلەر ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە سې-
لىپ كېلىۋاتقان قىپچاقلار بىلەن يۈزمۇيۈز توقۇنۇشتى. قائىدە
بويىچە، باتۇرلار مەيدانغا چۇشۇپ يەككىمۇ يەككە ئېلىشىشى كې-
رەك ئىدى. بىراق قىپچاقلار دۈشمەننى قورالى بىلەن ئەمەس،
چىشلىرى بىلەن غاجىلاپ تاشلايدىغاندەك قەھر - غەزەپ بىلەن
چۇقان سېلىپ جەڭگە كىردى. ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى
شەپقەتسىزلىك بىلەن قىرىشقا باشلىدى. قىزىل سەپ خۇددى
قومۇشلۇققا تۇتاشقان ئوتتەك قارا سەپنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېرىپ
كىرىپ، رەقىبىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئوتنى سۇ
ئۆچۈرىدۇ. بۆلارنى بولسا، پەقەت ئۆلۈملا يولدىن توختىتالايت-
تى، خالاس. قىپچاقلار ئالدىغا ئۇچرىغاننى يەر چىشلىتىپ ئىل-
گىرىلەيتتى.

ھەممەيلەن ئۆز تەقدىرىنى، ھايات - ماماتىنى ئاللاغا تاپشۇر-
غان. كىم يېڭىدۇ؟ كىم يېڭىلىدۇ؟ بىر تەرەپتە قىزىللار ئۆس-
تۈنلۈكنى ئىگىلىگەن. يەنە بىر تەرەپتە قارىلارنىڭ قولى ئۈزۈن.
جەڭ غەيرەتكە باغلىق. ئادەم سانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگىمۇ
باغلىق. قىسقىسى، ھەممەيلەننىڭ ھايات - ماماتى خۇداغا ئاما-
نەت...

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى قىرقىپ تاشلانغان چۆپتەك
ئارقا - ئارقىدىن يەر چىشلىمەكتە ئىدى. كۆپچىلىكنىڭ ئىشىمۇ
كۆپ بولىدىكەن. خان لەشكەرلىرىنىڭ باش - ئاخىرى كۆرۈن-

مەيتتى. قىپچاقلارنىڭ سەپلىرى بارغانسېرى شالاڭلىشىپ، بار-غانسېرى ئازىيىپ بارماقتا ئىدى. ئۇلار ئۇ يەر، بۇيەردە خۇددى چوغدەك يالت قىلىپ چاقناپ قالاتتى. بەزىدە خىرەلىشىپ، بەزى-دە يالقۇنجاپ، ئاخىرىدا ئۇچقۇندەك ئۆچۈپ كېتەتتى.

شۇ كۈنكى جەڭدە قىپچاقلاردىن بەش مىڭدىن كۆپرەك كىشى قۇربان بولدى. خۇدايار ئۈن مىڭغا يېقىن تاللانغان لەشكىرىدىن ئايرىلدى. مۇسۇلمانقۇل تاغ تەرەپكە قېچىپ كەتتى.

بىكار تاماقتا، مۇشەققەتسىز كېلىدىغان مال ـ دۇنياغا ئۆ-گىنىپ قالغان بولاڭچىلار ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۆلگەن ئەسكەر-لەرنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپلا قالماي، ئۆلۈكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يېشىۋېلىپ، جەڭ مەيدانىدا يالىڭاچ مۇردىلارنىلا قالدۇرۇشتى. ئەتىسى ھىمايىسىز قالغان يېزىلارنى ۋەھشىيلەرچە تالان ـ تاراج قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار قايتىپ كەتكەندە، يېزىدا پەقەت قان، تۈتۈن ۋە كۈللار قالدى، خالاس.

بۇنى كۆرۈپ مۇسۇلمانقۇل ھوشىنى يوقاتقۇدەك بولدى. لېكىن بۇنىڭغا نېمە ئىلاج؟ ئۇ نېمە قىلالايتتى؟ ئۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغانىدى، ئەقىل ـ ھوشىنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك. لېكىن قېنى شۇ ۋاقىت؟ ئۇ كېتىۋاتقان يولىدىن قايت-تى، كېچىچە يول يۈردى. قالدۇق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئۆتەن-باي قۇشبېگى بىلەن نارمۇھەممەت دادخاھ ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئىختىيارىي ھالدا تەسلىم بولدى.

— بىگۇناھ ئەلنىڭ نېمە ئەيىبى بار؟ ئىتنىڭ بالىسىغا گېپىڭلار ئۆتسە، بېرىپ ئېيتىپ، بولاڭچىلارنى توختاتامسى-لەر؟ مانا، مەن كەلدىم. مەندە كىمنىڭلا ئۆچى بولسا ئېلىۋال-سۇن. ئۆز تەقدىرىمنى ئەمەس، بىگۇناھ بالا ـ چاقىلارنىڭ، بوۋاي ـ موماي لارنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ ئالدىڭلارغا باش ئېگىپ كەلدىم. مېنى ئۆزۈڭلار جازالاڭلار، ئۆزۈڭلار ئۆلتۈرۈڭلار. لېكىن ئىتنىڭ بالىسىغا تاپشۇرۇپ بەرمەڭلار. ئىلتىماسىم شۇ،

قېنىمىز بىر. مېنىڭ ئۆلۈكۈم خارلىنىپ قالسا، سىلەر لەنەتكە قالىسىلەر. ئۆزۈڭلار جازالاڭلار. مېنى ئۆلتۈرۈش ھېسابىڭغا بىگۇناھ ئەلنى ساقلاپ قېلىڭلار. ئەگەر ئۆلتۈرگۈڭلار كەلمىسە. بارلىق قىپچاقلار بىرلىشىپ، دوست بولايلى. مەن ئەمەل تالاشمايمەن، كەتمەن بارمۇ، كەتمەن؟ كەتمەننى ئوتتا قىزىتىڭلار. قىزىق كەتمەننى پېشانەمدىن ئىككى ئىلىك نېرىدا تۇتۇپ تۇرۇڭلار. كۆزۈمنى يۇممايمەن. مەيلى، كۆزۈم ئېقىپ كەتسۇن. شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام بولىدۇ. سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارمۇ، مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئورنىغا چۈشىدۇ. كېيىن مېنى تاغ ئارىسىدىكى بىرەر موماينىڭ كەپىسىگە ئاپىرىپ تاشلىۋېتىڭلار، سىلەرنىڭ ۋە مېنىڭ تۆپەيلىمدىن پۈتۈن قىپچاقلارنىڭ بېشىغا قارا كۈن چۈشتى. قېرىنداشلىرىم، كېيىن نائىلاج ھالغا چۈشۈپ قالساڭلار، مەندىن نومۇس قىلماي، مەسلىھەت سوراپ تۇرۇڭلار! قىپچاق ئۇرۇقى يوقىلىپ كەتمىسۇن، سىلەردىن شۇنى تىلەيمەن!

كىشىلەر: خۇدايارنىڭ دۈشمىنى قولغا چۈشسە، كۆڭلى تىنچىپ، قىرغىنچىلىقنى توختىتىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىشاتتى.

ئوردىنىڭ ئەقلى تولغان دانىشمىنى بۈگۈن قوقان بازىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەخسۇس ياسالغان ئېگىز ياغاچ تۈۋرۈككە زەنجىر بىلەن چىرماپ باغلانغانىدى. ئۇنىڭ ئىشتاندىن باشقا كىيىملىرى يوق ئىدى.

سودا ـ سېتىق توختىغان، بازار ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. ھەممىنىڭ كۆزى بىرلا كىشىگە تىكىلگەن. بىرەيلەن ئۇنداق دېسە، يەنە بىرەيلەن ئۇنداق ئەمەس، مۇنداق دەيتتى. قىسقىسى، شەھەرلىكلەر ئۇچۇن ئادەتتىن تاشقىرى تاماشا پەيتى يېتىپ كەلگەنىدى.

— ئۇنى نېمە قىلاركىن؟

— ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ.

— نېمە بولىدىغانلىقىنى بىردەمدىن كېيىن كۆرىمىز، بەل-كىم خان ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشى مۇمكىن.

قاراپ تۇرغانلارنىڭ بىرى بېشىنى چايقىدى.

— هوي، سەلىمباي، گۆدەك بالىدەك گەپ قىلىدىكەنسىز. ئۇلار ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىش ئۈچۈن قىرغىن باشلى-غانمىدى؟

— توغرا، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى يەنە بىرەي-لەن، — ئۇنى خان كەچۈرسىمۇ، باشقىلار كەچۈرمەسلىكى مۇم-كىن.

— ئۇلارنىڭ ئاداۋىتى بەك كۈچلۈك، مېنىڭچە، ئۇنى بىر ياقلىق قىلىمىغۇچە تىنچىمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

هاۋا دىمىق، پۈتۈن ئەتراپ چاڭ ۋە تەر هىدىغا تولغانىدى. بىر قەلەندەر كىمنىدۇر ئىزدىگەندەك، بېشىنى چايقاپ ئادەملەر توپىنى ئارىلاپ يۈرەتتى. كىمدىنىدۇر خۇدۇكسىرىگەندەك پات - پاتلا ئالدى - كەينىگە قاراپ قويۇپ، ناخشا ئېيتاتتى:

ئاھ، خار بەندە، خار بەندە،
قاچان ئورنۇڭدىن تۇرارسەن؟
هۆرمىتى قالمىدى ئاتىنىڭ،
ئېتىبارى يوق بالىنىڭ.
بۇنىڭغا ئەمدى نېمە چارە،
يېقىنمۇ يا ئاخىرزامانە! ؟

ئادەملەر كۆنۈپ قالغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، قەلەندەرنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىغا، قورقۇنچلۇق سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمايتتى. قە-لەندەر توپنى ئارىلاپ يۈرۈپ، ئۆزى توقۇغان شېئىرنى ئۆزىچە ئاھاڭغا سېلىپ يۈرەتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاھ، خار بەندە، خار بەندە،
قاچان غەمسىز يۈرگەنسەن؟!
تىرىكچىلىك قىلالماستىن،
توزۇپ كەتتى مۇسۇلمان ...
بۇنىڭغا ئەمدى نېمە چارە،
يېقىنمۇ يا ئاخىر زامانە؟!

كاناي ئاۋازى ئادەملەرنى سەگەكلەشتۈردى.

«بەختىيار سەئىد خۇدايارخان! بەختىيار سەئىد خۇدايارخان!»

خەلق تىنچلىنىپ، جارچىنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراشتى.

«بەختىيار سەئىد خۇدايارخان! بەختىيار سەئىد خۇدايارخان!»

بازارنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى دەرۋازىدىن ئاق ئاتنىڭ كۆكسى كۆرۈندى. خان! بازارغا توپلانغانلارنىڭ ھەممىسى يەرنى سۆيگۈدەك بولۇپ تىز پۈكۈپ سالام بېرىشتى. مەيدان جىمجىت بولۇپ قالدى.

خۇدايارخان ئالدىدا كەلمەكتە. ئۇنىڭ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان، كۆزلىرى چەكچەيگەنىدى. قورقۇپ تۇرغانلىقى ئۇچۇق-مىكىن، چىرايىدىن زەھەر تېمىپ تۇراتتى. سول قولىدا تىزگىن بار ئىدى. ئوڭ قولىدىكى ئالتۇن ساپلىق قامچىنى پۈكلەپ بېلىگە تىرىۋالغانىدى. يېنىدا يېڭى مىڭبېشى قاسىم، يېڭى مەسلىھەتچىسى نىياز قۇشبېگى، ئارقىدىن خۇدايارخاننىڭ تاغىسى گادايباي باشچىلىقىدا بىر تالاي يۇرت بەگلىرى كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا نارمۇھەممەت دادخاھمۇ بار ئىدى.

«بەختىيار سەئىد خۇدايارخان! بەختىيار سەئىد خۇدايارخان!»

ئۇلار بازارنىڭ باش تەرىپىدىكى چايخانا ئالدىدا ئاتتىن چۈش-

تى. كاناي توختىماي چېلىنىۋاتاتتى. خان كىشىلەرگە بىر قارى-
ۋالغاندىن كېيىن، گىلەم سېلىنغان ياغاچ پەلەمپەي ئارقىلىق
بالىخانىغا چىقىپ، مەخسۇس كىشىلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا،
ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان كات ئۈستىدە ئولتۇردى.
قاسىم مىڭبېشى، نىياز قۇشبېگى، گادايباي دادخاھ، نار-
مۇھەممەت دادخاھ ۋە باشقا بەگلەر، ۋەزىر - ۋۇزرالار، قازىلار
خاندىن سەل پەسرەك يەردە ئولتۇرۇشتى. ئېگىز بويلۇق، كۆز-
لىرى چەكچىيىپ تۇرىدىغان بىر مۇلازىم يەلپۈگۈچنى خاننىڭ
بېشى ئۈستىدە بىرخىل رىتىمدا مىدىرلىتىپ تۇراتتى. بالىخانىغا
مۇشك - ئەنبەرنىڭ خۇشبۇي ھىدى تارقالغانىدى.
كاناي ئاۋازى توختىدى. قاسىم مىڭبېشى قولىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ ئالىقىنىنى ئاچتى. خۇدايارخاننىڭ ئامانلىقىنى تىلەپ
پاتىھە ئوقۇپ، «ئامىن» دەپ ئالىقىنىنى يۈزىگە سۈركىدى.
بازارغا توپلانغانلارنىڭ ھەممىسى قوللىرىنى ئاسمانغا سوزۇپ،
مىڭبېشىغا تەقلىد قىلىپ پاتىھە ئوقۇشتى. خۇدايارخاننىڭ ئۆزىمۇ
چەكچەيگەن كۆزلىرىنى زەنجىرلەنگەن كىشىدىن ئۈزمەستىن ئا-
لىقىنى بىلەن يۈزلىرىنى سىيپىدى.
زەنجىرلەنگەن ئەسىر ئاقىرىشقا باشلىغان بېشىنى ئېگىز
كۆتۈرۈپ، ئوردا ئەھلىگە پەرۋا قىلماستىن تىك قاراپ تۇراتتى.
«ئۈنىڭغا ئۆلۈم! ئۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم!» دېگەن ئاۋازلار
ئاڭلاندى. پۈتۈن خەلق بوران سوققان قومۇشتەك تەۋرىنىپ شۇ
سۆزلەرنى تەكرارلايتتى.
— خان ھەزرەتلىرى! بۆرىگە ئۆلۈم لايىق! ئۆلتۈرۈلسۇن!
— بىزگە تىنچلىق كېرەك! تىنچلىق! بۆرە ئۆلۈمگە مەھ-
كۇم!
— ئۆلتۈرۈلسۇن!
بازارغا توپلانغانلار جىددىي رەۋىشتە ۋارقىرىشاتتى. ئۇلار
گويا ياغاچقا زەنجىرلەنگەن ئادەم ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەنلا ئۆزاقتىن
بۇيان خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇۋاتقان، يۈرەكلىرىنى جى-

www.uyghurkitap.com

غىلداتقان جەڭگى ـ جېدەللەر توختاپ قالىدىغاندەك ۋارقىراپ ـ جارقىرىشاتتى. قاسىم مىڭبېشى ئۇلۇغۋار قىياپەتتە ئەتراپقا قا- رايتتى. خۇدايارنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى.

جازالاش باشلاندى.

ساقچىلار زىنداندىن يۈزگە يېقىن مەھبۇسنى ھەيدەپ چە- قىپ، مۇسۇلمانقۇل تۇرغان ياغاچ تۈۋرۈكنىڭ پەس تەرىپىگە ئەكەلدى. بۇ مەھبۇسلار مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يى- گىتلىرى ئىدى. قارا كىيىملىك جاللاتلار بولسا، مەھبۇسلارنى تىزلاندۇرۇپ قويۇپ، ئالدىرىماي، خاتىرجەم ھالدا بىر ـ بىرلەپ بوغۇزلىدى ۋە جەسەتلەرنى بىر تەرەپكە ئۈستى ـ ئۈستىلەپ تاشلىدى. جامائەت مۇدھىش ئۆلۈمنىڭ سۈرىدىن قورقۇپ كەتتىد- مۇ ياكى قانخۇمار جاللاتلارنىڭ ھەيۋىتىدىن ئەندىكىپ كەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۈن ـ تىنسىز قاراپ تۇرۇشاتتى.

نۆۋىتى كەلگەن مەھبۇسلاردىن بىرى تىزلىنىۋېتىپ، جاما- ئەتكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— مېنىڭ گۇناھىم نېمە، قەدىردانلىرىم؟

— قىپچاقسەن!

بۇ قەھرلىك جاۋاب چايخانىنىڭ بالىخانىسى تەرەپتىن ئاڭلان- دى. خالايىق ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە گۇررىدە قاراشتى. ئۇلارنىڭ قوللاۋاتقانلىقىنىمۇ، نارازى بولغانلىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

ھاۋانى قان ھىدى قاپلاپ كەتتى. يېقىن تۇرغانلار ئاۋازىنى چىقارماي، دۇئا ئوقۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ يەردىن چە- قىپ كېتىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماي، كۆزلىرى ئالاچەكمەن بو- لۇپ كەتكەنىدى.

قاسىم مىڭبېشىنىڭ ئۆچ ـ ئاداۋىتى بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككى تىزىنى قاماللاپ، ئالدىغا ئېڭىشكىنىچە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قىياس قىلىشىچە مۇ- سۇلمانقۇلنىڭ پۈتلىرىغا قىپچاقلارنىڭ قانلىرى چاچرىتىلسا، ئۇ-

نىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ، ئىرادىسى سۇنۇشى، بىگۇناھ قېرىنداشلى-
رىنىڭ ئۆلتۈرۈلمەسلىكىنى سوراپ باش ئېگىشى، يەر سۆيۈپ
يېلىنىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن مۇسۇلمانقۇلنىڭ بېشى ئېگىل-
مىدى. ئۇ، قەتئىي ۋە جىددىي قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى. ئاخىر
قاسىم مىڭبېشى زورلۇق ئىشلىتىشكە بۇيرۇق بەردى.

قان ھىدىدىن مەست بولۇپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن
جاللاتلار چەتكە چىقىپ تۇرۇشتى. ئۆلارنىڭ ئورنىنى باشقىلار
ئىگىلىدى.

قوللىرى ئامبۇردەك كۈچلۈك يىگىتلەر مۇسۇلمانقۇلنىڭ
قولىنى ئاستاغىنا تۇتۇپ، بىردەم سىلاپ ـ سىپاپ تۇرۇشتى.
كېيىن بىردىنلا ئۇنىڭ بارماقلىرىنى قاراسلىتىپ سۇندۇردى.
مۇسۇلمانقۇل قولىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس دەرىجىدە مىدىرلاتتى،
لېكىن ئاۋازىنى چىقارمىدى. ھەتتا ئۆزىنى ئازابلاۋاتقانلارغا قاراپ-
مۇ قويمىدى، يۈزىگە قان يۈگۈردى. پالۋانلار ئۇنىڭ بىلەن
ئۆچەكىشىپ، قىيناقنىڭ باشقا خىل ئۇسۇلىنى قوللاندى. ئۇنى
ياتقۇزۇپ، يالىڭاچ پۇتىنى ئورەك يەرنىڭ ئۈستىگە قويدى. بى-
رەيلەن ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. سۆڭەك ئېگىلىپ،
غىچىرلىدى. مۇسۇلمانقۇل لېۋىنى چىشلىدى. قىينىغۇچىلار مۇ-
سۇلمانقۇلنىڭ بىر قولىنى تىك تۇرغۇزۇپ، قايرىپ سۇندۇردى.
مۇسۇلمانقۇلنىڭ لەۋلىرى كۆكەردى، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئۆ-
چۈپ، قارىچۇقى بارغانسېرى قارىيىپ كەتتى.

ئۇ بىر چاغدا كۆزىنى ئاچتى. توپلىنىپ تۇرغان سان ـ
ساناقسىز ئادەملەرگە قارىدى، لەۋلىرى تىترىدى. بەزى كىشى-
لەر، ئەمدى ئۇنىڭ ئىرادىسى سۇندى. ئۆزرە ئېيتىپ، قىينىماي
ئۆلتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى.

لېكىن، مۇسۇلمانقۇل قانتى سۇنغان بۇركۇتتەك بىر يۇل-
قۇنۇپ مۇنداق دېدى:

— ھاي، قىپچاق ئەۋلادى! بارمۇسەن؟

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. خالايىق ئۈن چىقارماي قاراپ تۇرۇشتى.

— مەن بار، ئاتا!

جىمجىتلىق بۇزۇلدى. ئادەملەر ئاۋاز ئاڭلانغان تەرەپكە قاراشتى. كىم ئۇ؟ قەيەردە؟ خالايىق ھاياجانغا چۈشۈپ قالدى.

مۇسۇلمانقۇل تېپىرلاپ:

— كەت! تاغ تەرەپكە كەت! ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى.

— ئاڭلىدىم، ئاتا! ئاڭلىدىم! — قەيەردىندۇر كىچىك بالىنىڭ تىترەك ئاۋازى ئاڭلاندى.

جامائەت ئەتراپقا تەشۋىشلىك نەزەر بىلەن قاراپ، تام ئۈستىدە تۇرغان كىچىك بىر بالىنى كۆرۈپ قېلىشتى. كىمدۇر بىرى ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ ئىنتىلدى. لېكىن بالا تامدىن ئىرغىپلا چۈشۈپ، بىر پەستىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

قاسىم مىڭبېشى غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى:

— بۇلارنىڭ تۇخۇمى تېخى تۈگىمەپتۇ - دە!

خۇدايارخان قولى بىلەن نېمىنىدۇر ئىشارەت قىلىپ، قاسىمنى تىنچلاندۇردى. ئاچچىقىدىن قارىيىپ كەتكەن مىڭبېشىنى ئىچ - ئىچىدىن تىترەك بېسىپ كەتتى. نىياز قۇشبېگى مۇلازىملاردىن بىرىنى چاقىرىپ، بىر باش بۇغداي تېپىپ كەل، دەپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. مۇلازىم تەزىم قىلىپ ئارقىسىغا قايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن نىياز قۇشبېگى قاسىم مىڭبېشىنىڭ قۇلىقىغا نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلىدى. مىڭبېشى بېشىنى چايقىدى ۋە ئەسكەرلەردىن بىرىنى چاقىرىپ، بازارنىڭ دەرۋازىلىرىنى تاقىۋېتىشكە بۇيرۇدى.

قىيناق يەنە داۋاملاشتى.

قىپچاق ئەۋلادىنىڭ ئاۋازى مۇسۇلمانقۇلغا مەدەت بولدىمۇ ياكى ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئېيتىۋالغىنى ئۈچۈن خۇشال بولدىمۇ،



www.uyghurkitap.com

ئىشقىلىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ خېلىلا تېتىكلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى، كۆزلىرى روشەنلەشتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئادەملەرگە قارىدى. قىينىغۇچى ئەتەي ئاستا مېڭىپ كەلدى. مۇسۇلمانقۇل ساق قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. قىينىغۇچى ئۇنىڭ قولىغا قارىماي، قىلىچىنىڭ ئارقا تەرىپى بىلەن توساتتىن ئۇنىڭ تىزىنىڭ سۆڭىكىگە ئۇردى. مەھبۇسنىڭ پۇتى تىترەپ كەتتى. قىينىغۇچى ئەمدى ئۇنىڭ ئۇشۇقىغا ئۇردى. مۇسۇلمانقۇل پۇتىنى مىدىرلىتىپمۇ قويمىدى. پەقەتلا ئۇنىڭ قوۋۇز سۆڭەكلىرىلا يۇقىرى - تۆۋەن مىدىرلاپ كەتتى. ئادەملەر ھاياجانغا چۈشتى.

— يىلاننىڭ بالىسى بولغان تەقدىردىمۇ... مۇشۇنداق قىلىش كېرەكمۇ؟...

جامائەت ياقىسىنى چىشلەپ، مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئىرادىسىگە قايىل بولۇشتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بازار دەرۋازىلىرى تاقىلىپ، قىلىچ تۇتقان ئەسكەرلەر ئەتراپنى ئورىۋالدى.

— ئەي خۇدا!... نېمە ئالامەتلەرنى كۆرۈۋاتىمىز - ھە!

دېۋىدەك بەستلىك تۆت پالۋان ساندۇقتەك چوڭلۇقتىكى ئۇيۇل قوغۇشۇننى زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرۈپ كېلىشتى. جازالىغۇچىلار مۇسۇلمانقۇلنى ياتقۇزۇپ، بېشىنى تاختا ئۈستىگە قويدى. ئۇ، كۆزىنى يۇمماي جامائەتكە قاراپ ياتاتتى. جاللاتلار قوغۇشۇننى ئاستاغىنە مۇسۇلمانقۇلنىڭ بېشى ئۈستىگە قويدى.

جامائەت چۆچۈپ كەتتى. بالىخانىدا ئولتۇرغان ئوردا ئەھلىمۇ سەسكىنىپ كېتىشتى. خۇدايارخان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قاسىم مىڭبېشى مۇسۇلمانقۇلنىڭ ۋارقىرىشىنى زارىقىپ كۈتمەكتە ئىدى. نىياز قۇشبېگى خۇددى بۇلبۇل سايراپ تۇرغان سالقىن باغدا ئولتۇرغاندەك خىيال سۈرۈپ، قولىدىكى بۇغداي باشىقىنى ئويناپ تۇراتتى. گادايباي دادخاھنىڭ يۈزلىرى پۈرۈشۈپ كەتتى.

مۇسۇلمانقۇلنىڭ باش سۆڭىكى ئاستا غىچىرلىدى، ئېڭىكى ياپىلاق بولۇپ كەتتى، ئىككى كۆزى بىرھازا چەكچىيىپ قارىغان-

دىن كېيىن، ئېقىپ چىقىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ غىڭ قىلغان ئاۋازىمۇ ئاڭلانمىدى. قاپقارا قان ساقاللىرىنى بويلاپ چېپىلداپ ئېقىشقا باشلىدى.

بۆرىدەك رەھىمسىز، قاتتىق قول مۇسۇلمانقۇل ئۆلۈمىنىمۇ بۆرىدەك كۈتۈۋالدى.

— تۈگىدى! ئۈچ ئېلىش تامام بولدى! تۈگىدى!

ئولتۇرغانلار يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك يېنىك نەپەس ئېلىشتى. ئۈچ ئالغۇچىلارنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك، كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىغانلارنىڭ ئاچچىقى يانغاندەك بولدى.

— تۈگىدى! تۈگىدى! ئۈچ تۈگىدى! ئاداۋەت تۈگىدى! ھەممىسى تۈگىدى!

جامائەت گۇرررىدە ئورنىدىن قوزغالدى. ئەمما بالىخانىدا ئولتۇرغانلارنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشمىدى. بولۇپمۇ قاسىم مىڭبېشى دۈشمىنىنىڭ قىيناق ۋاقتىدىكى مۆڭلۈق نالىسىنى ئاڭلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن غەزەپلىنىپ كەتتى، ئورنىدىن تۇرالماي قالدى. ئارىنى سۈكۈنات باسقانىدى. بازار ئاللىقاچان تىنچىپ قالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ، ھېس قىلىپ ئولتۇرغان نىياز قۇشبېگى قولىدىكى بۇغداي باشقىنى مىڭبېشىغا ئۇزاتتى.

— مىڭبېشى، بۇ نېمە؟

ئۆزىنى ئارانلا بېسىۋېلىپ تۇرغان مىڭبېشى رەنجىپ، تاپقان تاماشىسىنى قارا، دېمەكچى بولغاندەك دوستىغا ھومىيىپ قارىدى. نىياز قۇشبېگىنىڭ كۆزلىرى سىرلىق پارقىرايتتى.

— ھە، بۇ نېمە؟ — دەپ قايتىدىن سورىدى. ئۇ، ئۇنىڭ نېمە قىلغىنىدۇر بۇ؟ ھەممەيلەن ئۇلارغا قارىدى.

— ھاي، قۇشبېگى، نېمە دېمەكچىسىز؟ بۇ بۇغدايغۇ! ياكى كۆرمەيۋاتامسىز، قۇشبېگى! — دەپ زەردە بىلەن جاۋاب قايتۇردى مىڭبېشى.

— رەھمەت ... — دېدى قۇشبېگى كۆزلىرىنى قىسىپ، كېيىن بۇغداينى گادايباي دادخاھقا ئۇزاتتى. لېكىن ئۇنىڭ خاذ-نىڭ تاغىسى ئىكەنلىكى ئېسىگە چۈشۈپ، بۇغداينى پەستىراقتا ئولتۇرغان ئابىلغا كۆرسەتتى.

— سىز ئېيتىڭچۇ، تۆرە، بۇ نېمە؟

ئابىل سەل - پەل ھودۇقۇپ:

— بۇغداي، — دېدى. نىياز قۇشبېگى مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ، بۇغداينى نارمۇھەممەت دادخاھنىڭ يېنى-غا ئەكەلدى.

— قېنى، ئەمدى سىز ئېيتىپ بېقىڭا؟

نارمۇھەممەت دادخاھنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

— كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىزغۇ، نېمە بولماقچىدى؟ — دېدى ئۇ. نىياز قۇشبېگىنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى.

— مەن سىزدىن سوراۋاتىمەن، دادخاھ. سىزنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ باقماقچىمەن.

— بىيداي!

— بىيداي ... — دەپ مەسخىرە قىلدى نىياز قۇشبېگى مىيىقىدا كۈلۈپ، — ھىم، بىيداي... قىپچاقنى دەل مۇشۇ سۆزدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ، ھە، دادخاھ؟

— يەنىچۇ؟

نىياز قۇشبېگى نارمۇھەممەت دادخاھنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي، خۇدايارخانغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى:

— ئۆزىڭىز ئاڭلىدىڭىز، ھەزرىتى ئالىيلىرى. مۇشۇ بىر سۆز ئارقىلىق قىپچاقنى تونۇۋالغىلى بولىدۇ. پادىشاھىم! بەخ-تىم مەڭگۈلۈك، دۆلىتىم زىيادە، خەلقىم تىنچ بولسۇن دېسە-ڭىز، مىڭبېشىغا يارلىق بېرىڭ. ئۆزىڭىز ئاڭلىدىڭىز، قىپچاق-نىڭ ئۇرۇقى تېخى تۈگىمەپتۇ. ھەتتا مۇشۇ يەرگىچە يېتىپ كەپتۇ. يارلىق بېرىڭ. مىڭبېشى مۇشۇ ئولتۇرغانلار ئارىسىدىنمۇ

بىرەر قىپچاقنى تېپىۋالسۇن.
گەپ نېمە ھەققىدە كېتىۋاتقانلىقىغا ئەمدىلا ئەقلى يەتكەن قاسىم مىڭبېشى ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ:
— ئىي، پادىشاھىم! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.
خۇدايارخان بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى. كېيىن گادايباي دادخاھقا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى. گادايباي دادخاھ بىرنېمە دېمەكچى بولغانىدەك ئاغزىنى ئۈچلاۋاتقاندا، خان:
— ماقۇل، مىڭبېشى دۈشمەنلىرىمىزنى باش كۆتۈرگۈزمىسۇن. شۇنداق بولسۇنمۇ، تاغا؟ ھە، شۇنداق بولسۇن ... — دەۋەتتى.
ھەرقانداق ئىشتا خاننىڭ رايىغا بېقىش شەرت ئىدى. خاننىڭ بۇيرۇقى مۇقەددەس! گادايباي دادخاھ بېشىنى ئېگىپ، تىلىنى چىشلەپ قالدى.
ساقاللىرى ئاقارغان، چىرايى مۇلايىم كۆرۈنىدىغان نارمۇھەممەت دادخاھ دەسلەپتە تېگىرقىدى، كېيىن بىردىنلا چالۋاقاپ كەتتى.
— تەقسىر، مۇسۇلمانقۇل جاھىل، قانخور ئىدى. مەن ئۇنى قېرىنداشىم ئىكەنلىكىگە قارىماي ئوردىدىن ھەيدەپ چىقاردىم. كېيىن ئۇنىڭ قېنىنىڭ ئاققىنىنى كۆرمەكچى بولۇپ، ئۆزۈم ھۇزۇرىڭىزغا ئەكەلدىم. بۇ ئىشلارنى مەن ئادالەت ئۈچۈن، ئىناقلىق ئۈچۈن، تىنچلىق ئۈچۈن قىلغانىدىم، تەقسىر، قۇشبېگى شەيتاننىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتتى. سىز شەيتاننىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ، تەقسىر! شەيتاننىڭ تىلى تاتلىق، دىلى زەھەر بولىدۇ، تەقسىر! ...
— ئاغزىڭنى يۇم، قىپچاق!
قاسىم مىڭبېشى چىشلىرىنى غىچىرلىتىپ قىلىچىغا قول ئۇزاتتى.
— ھاي! مېنىڭ ئاغزىمغا سېنىڭ كۈچۈڭ يەتمەيدۇ. ئالدى-

مىزدا خان ئالىيلىرى ئۆلتۈرۈپتۇ. سەن ئاۋازىڭنى پەسەيت!
خۇدايارخان قاپىقىنى ئاچماي ئۆلتۈرۈۋالدى. تۇۋا، ئۇ ئىلگىرى ئاشۇ قېرى دادخاھتىن دائىم مەسلىھەت سوراپ تۇراتتىغۇ! ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇنتۇماسلىق ھەققىدە ئىچكەن قەسەملىرى قەيەرگە كەتتى؟ رەھىمسىز مۇسۇلمانقۇل ئۆلدى. قىپچاقلار گۇرۇھى يوقالدى. ئەمدى نارمۇھەممەت ئىلگىرىكىدەك دادخاھ ئەمەس. ئۇ نارمۇھەممەت بوۋاي. خۇدايارخان تاغىسى نارمۇھەممەتتىن يۈز ئۆرۈدى.
قاسىم مىڭبېشى خانغا كۆپتىن - كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئېڭىشىپ، ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنى سۆيۈپ:
— ئىي، پادىشاھىم! دۈشمەنلىرىمىزنىڭ بېشىغا مالامەت تاشلىرى ياغسۇن! — دېدى.
شۇ زاماتلا جاللاتلارنىڭ قولىدا بىر تالدىن بۇغداي باشىقى پەيدا بولدى. قاپقارا كىيىملىك جاللاتلار سەپ تارتىپ، بازار مەيدانىغا توپلانغان جامائەتكە يېقىنلىشىپ، بۇغداي باشىقىنى كۆرسىتىپ بىر - بىرلەپ سوراشقا باشلىدى.
— بۇ نېمە؟
— بۇغداي.
— بۇ نېمە؟
— بۇغداي...
پاتىپاراقچىلىق باشلاندى. ئادەملەرنى ۋەھىمە باستى. رەڭگى تاتارغان خالايىق بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىشقا تىرىشاتتى.
— بۇ نېمە؟
— بۇغداي.
— نېمە؟ قايتا ئېيت؟
— بۇغداي.
— بۇ ئۇداي.

— سەن...

بەقەسەم چاپان كىيگەن ئىمجان بىر ئادەم بۇغدايىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى، سوئالنى چۈشەنمىگەندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشى:

— هازىر ئېيتتىڭغۇ. ئاشۇ گەپنى يەنە دېگىن، — دېدى ئەندىشە قىلىپ، — بۇغداي دە، بۇغداي دېمەمسەن، ھەسەن ئەلى...

— سەندىن كىم گەپ سورىدى، جىم تۇر! — دېدى جاللات ئۇنىڭغا. كېيىن ھېلىقى بەقەسەم چاپانلىق كىشىگە ۋارقىرىدى، — تېز ئېيت، بۇ نېمە؟

ھېلىقى كىشى قورقۇپ ئارقىسىغا داجىدى.

— بى... بى...

ھەسەن ئەلى قىزىرىپ - تاتىرىپ، دىرىلدەپ تىترەيتتى. جاللات ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، مىختەك تىكىلىپ قارىدى.

— نېمە؟

— مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟ مەن نېمە قىلدىم؟ ھە؟ مەن نېمە قىلدىم؟

جاللات ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنى قىستاپ كېلىشكە باشلىدى.

— نېمە... مەن نېمە...

— سەن قىپچاق!

— ئە - ئە - ئى...

پولات شەمشەر ھاۋادا يالتىراپ كەتتى. ھەسەن ئەلىنىڭ گەۋدىسى تۇپراققا مىلىنىپ كەتتى.

سوراق داۋام قىلدى:

— بۇ نېمە؟

— بۇغداي.

— بۇ نېمە؟ تېز ئېيت!

— بۇ ئۇداي.

— بۇ نېمە؟
— ئاھ، تەڭرىم... بۇغداي... بۇغداي...
يۇزىنى قورۇق باسقان، كۆن تۇرىدا قارىيىپ كەتكەن قەلەندەر تويتىن - توپقا ئۆتۈپ ئەستايىدىل ناخشا ئوقۇماقتا:

ئۆز خەلقىنى خار قىلىپ،
زالىم بولدى پادىشاھ...
ئىلاج قانچە، نە چارە،
يېقىنمۇ ئاخىر زامانە؟

قەلەندەرنىڭ غەمكىن ئاۋازى بازاردىكى داد - پەريادنى بېسىپ كەتكەندى.

ئاھ، خار بەندە، خار بەندە...

ئۇنى بىر جاللات توختاتتى.
— بۇ نېمە؟
— ئامەتنىڭ كېتىشى— ... دېدى قەلەندەر كۆزىنى چەكچەيتىپ. جاللات ئۇنى قىستاپ كەلدى.
— سەن نېمە دەۋاتىسەن؟ تۈز گەپ قىل!
— ئۆلۈم! — دېدى قەلەندەر.
جاللات قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋالدى. قەلەندەر چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن جاللاتقا تىكىلىپ قاراپ:

قېرىنداشلار بىر - بىرىنى،
بۆرە بولۇپ تالىسا...
توسۇش ئۈچۈن يوقمۇ چارە،
يېقىنمۇ ئاخىر زامانە؟

www.uyghurkitap.com

دەپ پىچىرلىدى، كېيىن جاللاتنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، نېرىقى تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان يىغا ئاۋازىغا قۇلاق سالدى. جاللات ۋار-قىرىدى:

— ماڭا قارا!

قەلەندەر ھەيران قالدى، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ جاللاتقا تىكىلدى.

— بۇ نېمە، دەۋاتىمەن؟ — جاللات بۇغدايىنى ئۇنىڭ يۈزىگە تاقىدى، — ئېيتامسەن ياكى...

قەلەندەر زادىلا ھودۇقماي، جاللاتنىڭ قولىدىكى قىلىچنىڭ بىسىدا ئۈيۈپ قالغان قاننى بارمىقى بىلەن كۆرسىتىپ:

— بۇ نېمە؟ — دېدى.

جاللات ئۈندىمىدى. قەلەندەر ئەلەملىك كۈلۈمسىرەپ:

— بۇ گۇناھ... گۇناھ ... — دەپ پىچىرلىدى. جاللات بارغانسېرى بوغۇلۇپ، بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ، توختاپ قالدى. ئۇ نېمىشقا توختاپ قالدى؟ قەلەندەر تەركىدۇنيا بولۇپ جەندە كىيىۋالغان بەندە. ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئەڭ ئېغىر گۇناھ. بۇنداق گۇناھ بۇ دۇنيادىمۇ، ئۇ دۇنيادىمۇ كەچۈرۈلمەيدۇ. بۇ خىيال جاللاتنى ئىككىلەندۈرۈپ قويغانىدى. قەلەندەر قايغۇلۇق بېشىنى ئېگىپ، ناخشا ئوقۇغىنىچە نېرىغا كەتتى.

ئاھ خار بەندە، خار بەندە،
بەخت - تەلىيى كاج بەندە.
ئۆم، ئىناق بوپ ياشالماي،
بىر - بىرىگە خار بەندە...

بازار مەيدانىدا ئادەملەر بارغانسېرى ئازايماقتا. جاللاتلار ئارىلاپ ئۆتكەن يەرلەردە «بۇغداي» دېگەن سۆزنى «بىيداي» دەپ ئېيتقان قىپچاقلارنىڭ مۇردىلىرى سوزۇلۇپ ياتماقتا. بازارنىڭ

نېرىقى بۇرجىكىدە قارا كىيىملىك جاللاتلار كىشىلەرنى بىر -
بىرلەپ سوراققا تارتىشنى داۋاملاشتۇرماقتا.

نارمۇھەممەت دادخاھ كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قوللىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى توسۇۋالدى. ئۇ، بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ نالىسىگە چىدىمىدى، يۈزلىرى تاتىرىپ كەتتى. «مەن نېمە قىلدىم؟ مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟ ھە؟ مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟» ئۇ، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاۋېرىپ گاڭگىراپ قالدى. نالە - پىغانلار ئۇنىڭ بېشىنى گاراڭ قىلىۋەتتى. «مېنىڭ گۇناھىم نېمە؟ يىلىنىپ سورايمەن: گۇناھىمنى ئېيتىڭ؟ ھە؟» نارمۇھەممەت دادخاھ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى، ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇدايارخاننىڭ ئالدىدا ئاپئاق چاچلىق بېشىنى تۆۋەن ئەگدى:

— ئىي، تەقسىر... مەن، مەن ئايىغىڭىزغا يىقىلىۋاتىمەن، مەن يىلىنىۋاتىمەن. ئۆزۈرە سوراۋاتىمەن... ئىي، ھەزرىتى ئالىيلىرى، قىرغىننى توختىتىڭ! ئالىيلىرى...

خۇدايارخان ھومىيىپ قارىدى. نارمۇھەممەت دادخاھ يەرگە تېخىمۇ بەك ئېگىشىپ، يىلىندى.

— ئىي، تەقسىر! ئىلگىرى قىلغان ياخشىلىقنى تىلغا ئېلىش گەرچە ئىتتىنىڭ قىلىقى بولسىمۇ، يادىڭىزغا سېلىپ قوياي. يامان كۈنلەردە سىزگە ھەمراھ بولغانىدىم. شۇ خىزمىتىم ئۈچۈن قىرغىننى توختىتىڭ. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر ئۆمۈر خىزمىتىڭىزنى قىلاي. ئاپئاق بېشىمنى ئېگىپ، يەر سۆيۈپ ئىلتىماس قىلىمەن، قىرغىننى توختىتىڭ!

خۇدايارخان پەرۋا قىلمىدى. ھېچبولمىسا گادايباي دادخاھنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاچچىقىدىن يېنىپ قالامدۇ، قانداق، دەپ خاندىن كۆز ئۈزمەي تۇرغان نىياز قۇشبېگىنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

— ھاي، ھۆرمەتلىك دادخاھ! نېمە دەۋاتىسىز؟ سىز بىلەن بىز ھۆكۈمدارنىڭ قۇلى، پالانى چاغدا پۇستانى خىزمەتنى قىلىپ بەرگەنىدىم، ئەمدى ھەققىنى بەر، دېيىش ئىنساپسىزلىق بولى-

دۇ. بۇنداق دېيىشكە ھەققىڭىز يوق، دادخاھ! سىز ئۆزىڭىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟ شەرىئەتنىڭ قائىدىلىرىگە خى-لاپلىق قىلغان كىشى بۇ دۇنيادا پادىشاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، ئۇ دۇنيادا دوزاخ ئوتىدا كۆيىدۇ.

خۇدايارخان غەزەپلەندى. نىياز قۇشبېگىنىڭ سۆزلىرى توغ-را. خان — يەردىكى خۇدا! خۇدا بىلەن تاكاللىشىش بەندىگە ياراشمايدۇ. قانداقلا كىشى بولمىسۇن، خاننىڭ ئەمرىنى ئورۇن-دىشى لازىم. بۇ يەردە نارمۇھەممەت دادخاھنىڭ ياخشىلىقىنى ئەسلەش نېمىگە زۆرۈر بولۇپ قالدى؟ خان تېخىمۇ غەزەپلىنىپ كەتتى.

— دادخاھ! سىز قانچىلىك ئادەم ئىدىڭىز؟ كىمدىن ھەق تەلەپ قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

نارمۇھەممەت دادخاھ جىمىپ قالدى. خۇدايارخان ئورنىدىن قوزغالدى. نىياز قۇشبېگى ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىدى. خان كې-تىشكە تەييارلانغاندى. نارمۇھەممەت دادخاھ بېلىگە سۆلەت ئۇ-چۇنلا تاقاپ يۈرگەن ئالماس ساپلىق ئەگرى قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، خۇدايارخاننىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلىدى.

— مېنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىم قىرىلىپ، ئۆزۈم يالغۇز قالغان بۇ كۈندە تىرىك يۈرۈشۈم بىلەن ئۆلۈشۈمنىڭ پەرقى يوق! ئالە! مېنى ئۆزۈڭ چېپىپ تاشلا! مەنمۇ قىپچاقمەن!

خۇدايارخان ئارقىسىغا قارىمىدى، قىلىچنىڭ ئۈستىدىن ئات-لاپ ئۆتۈپ يولىنى داۋام قىلدى...

ئاشۇ كۈنى كېچىدە، نارمۇھەممەت دادخاھ ئاتقا مىندى. شەھەرنىڭ ئون سەككىز دەرۋازىسىنى ساقلاۋاتقان يۈزبېشىلارغا ئۇنى شەھەردىن چىقارماسلىق ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق بېرىلگە-نىدى. دەرۋازىنىڭ تاقالغانلىقىنى سەزگەن دادخاھ چىپار ئارغى-مىقىغا مىندى، كىمخاب تون ئورنىغا ساۋۇت كىيدى، بېلىنى پوتا بىلەن مەھكەم باغلىدى، قوش بىسلىق شەمشىرىنى يالىڭاچ-

لاپ، قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۆز يىگىتلىرىنى باشلاپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇنى قاراۋۇللار كۆرۈپ تۇرغانىدى. يۈزبېشى دەرۋازا ئۈستىدە تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— دادخاھ، قايتىڭ! ھۆكۈمدارنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق ... — ئۇ گېپىنى تۈگەتمەستىنلا پالاقشىدە يىقىلىپ تامنىڭ قىرىغا ئېسىلىپ قالدى، تەرتىپسىزلىك باشلاندى. نارمۇھەممەت تاپانچىسىنى بېلىگە قىستۇردى.

— ئۇر! چاپ! يا، ئاللا! — دەپ ۋارقىراپ، ئۆزى ئەڭ دەسلەپتە ئالغا تاشلاندى. ئۇنىڭ يېنىدىكى يىگىتلەردىن ئىككىسى شارتتىدە ئاتتىن چۈشۈپ قىلىچبازلىققا ئۆتتى. قىپچاقلار ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي ئالغا بېسىپ، قاراۋۇللارنى دەرۋازىغا قىستاپ قويدى.

— ئۇرۇڭلار! چېپىڭلار! يا، ئاللا!

نارمۇھەممەت دادخاھنىڭ ئاۋازى قەلئەنىڭ قاراڭغۇ بۇرجەكلىرىدە ياڭراپ، ئەكس سادا قايتۇراتتى. قىسقا ئېلىشىشتىن خەۋەر تاپقان باشقا دەرۋازىلاردىكى ئەسكەرلەرمۇ يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى. مۇنار ئۈستىدىكى زەمبىرەك گۈمبۈرلىدى. شاۋقۇن ئەۋجىگە چىقتى. جەڭگى - جېدەلدىن يۈرەكزادە بولۇپ كەتكەن شەھەرلىكلەر ئەنسىرەپ قېلىشتى. نارمۇھەممەت دادخاھ يۈزدىن ئارتۇق قاراۋۇلنى ئەلەمدە قويۇپ، شامالدەك ئۇچۇپ، كېچە قويىنىدا غايىب بولدى. ئارقىسىدىن ئىككى - ئۈچ قېتىم زەمبىرەك ئېتىلدى. قاپقاراڭغۇ كېچە، زەمبىرەك ئاۋازى كېچە قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

## 9

مۇسۇلمانقۇل ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوردىدىكى ئادا-

ۋەتلەر تۈگەپ كەتتىمۇ؟ خۇدايارخان قىپچاقلارنى ئايىماستىن قىردى. ئۇنى بۇنداق قەبىھ ئىشلارغا يېتەكلىگەن كىشىلەرنىڭ مەقسىتى باشقا ئىدى. ئۇلار قىپچاقلارنى پۈتۈنلەي قىرىپ تۈگەتمىگۈچە دۆلەتتە تىنچلىق ئورناتقىلى بولمايدىغانلىقىغا خاننى ئىشەندۈرگەنىدى. نەتىجىدە، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردە تەرتىپسىزلىك باشلاندى. خەلق ھالىدىن كەتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە، شەھەر ئاھالىلىرى قىپچاقلار بىلەن بىرلىشىپ، 1858 - يىلى غۇلجىدا قوشۇن توپلىدى. يۇرت بەگلىرىدىن ئالىمبەگ دادخاھ بىلەن ئالىمقۇل دادخاھ خۇدايارخانغا بويسۇنۇشتىن باش تارتتى. ئۇلار ماللابەگنى چاقىرىپ ئەكېلىپ، ئۇنى خان دەپ ئېلان قىلدى. كېيىن، قارا دەريانىڭ كەلكۈندەك ھەيۋەت بىلەن ئوردىغا قاراپ يۈرۈش باشلىدى. خۇدايارخان بۇخاراغا قېچىپ كەتتى.

خۇدايارخان تەختتىن ئاغدۇرۇلدى. قاسىم مىڭبېشى بىلەن نىياز قۇشبېگى ئۆلتۈرۈلدى. خوش، ئوردىدىكى جاڭجال شۇنىڭ بىلەن بېسىلدىمۇ؟

ماللابەگ خان بولغاندىن كېيىن، ئۆز قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرىنى ئەتراپىغا توپلىدى، ئەسكەر سانىنى كۆپەيتتى. ئۇ، مەنغىتلاردىن ئۈچ ئېلىشقا ئىنتىلگەن كىشىلەرنى ئىنساپقا چاقىرىپ، قەبىلە ئاقساقاللىرىنى، بەگلەرنى ئۆزئارا ياراشتۇردى. ئوردىدا بۇخارا ئەمىرىنىڭ باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، مىڭبېشىلىق ئورنىنى بىكار قىلماقچى بولدى. پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئالىمبەگ دادخاھنى مىڭبېشى قىلىپ تىكلەپ قويغان بولسىمۇ ئۆزى ئۇنىڭدىن يىراقراق يۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدى. دادخاھلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى يىراقتىن كۆزىتىپ، گۇناھكارلارنى ئۆز ۋاقتىدا جازالاپ، ھۆكۈمدارلىقنى بىر يولىلا ئۆز قولىغا ئالدى. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتكەندە، ماللاخاننىڭ ئەتراپىدىمۇ يامان نىيەتلىك كىشىلەر پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىشتى. ئالىمبەگ دادخاھ بۇنىڭغا چىدىماي، باش كۆتۈرمەكچى بولۇ-

ۋىدى، خان ئۇنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئالىمبەگ دادخاھ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. مالللاخاننىڭ تەرەپدارلىرى ئارد-سىدىكى ئاداۋەتلەر يەنىمۇ كۈچىيىپ، پىتنە - پاساتلار كۆپەيدى. خان گەرچە ھىيلىگەر، ئىككى يۈزلىمە، ھەييار بولسىمۇ، ئوردد-دىكى ئاداۋەتلەرنى تۈگىتەلمىدى. ئۇ 1862 - يىلى، ئۇخلاپ ياتقان يېرىدە يوشۇرۇنچە دىمىقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

بەلكىم، ئوردا شۇنىڭ بىلەن تىنچلانغاندۇر؟

خۇدايارخان بۇخارا ئەمىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قايتىدىن تەخت-كە چىقتى، لېكىن تەختتە ئۇزاق ئولتۇرالمىدى. ئۇ يەنە بۇخاراغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئالىمبەگ دادخاھ بىلەن ئالىم-قۇل ئوردىنى بېسىۋالدى. ئۇلار باش كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنغان بار-لىق مىراسخورلارنى جازالىدى. 1863 - يىلىنىڭ باھارىدا، مالللا-خاننىڭ ئون ئىككى ياشلىق ئوغلى سۇلتان سەئىدنى تەنتەنە بىلەن ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، خان قىلىپ تىكلىدى. بۇ قېتىم ئالىمقۇل ئاتىدارلىقنى ئۆز قولىغا ئېلىپ ئوردىنى باشقۇرۇشقا باشلىدى.

ئوردىدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلار، تەخت تالىشىشلار ۋە قىرغىنچىلىقلار دۆلەتنىڭ يۈكسىلىشىگە، جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە بىرەر ئىجابىي تەسىر كۆرسىتەلىدىمۇ؟ خانلار، دادخاھلار پەقەت ئۆزلىرىنىلا ئويلاپ ئىش يۈرگۈزۈشتى، ئەمەل ئۈچۈن ھېچ نەرسىدىن يانمىدى. خاننىڭ سۆزى يەردە قالمىسۇن، دەپ بىگۇناھ كىشىلەرنى قىلىچقا تۇتۇپ بەردى. ئۇلارنىڭ نەزەرد-دە، يۇرتنى خانىۋەيران قىلغانلار قەھرىمان دەپ تونۇلدى. ئۇلار ھەمىشە ئەيش - ئىشرەت، شارابخورلۇق، بۇزۇقچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. تۇرمۇشنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى شەرىئەت بىلەن نىقابلاپ، بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان ئاتا - بوۋىلار-نىڭ كونا ئۆرپ - ئادەتلىرىگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىشتى. جەمئى-يەت، خەلق بۇنىڭدىن نېمە پايدا كۆردى؟ بۇ ئىشلار يېتىم -

يېسىرلارنىڭ كۆز يېشىنى، تەقدىرگە تەن بېرىپ، خۇداغا سى-غىنغۇچىلارنى كۆپەيتتى، خالاس!

بەلكىم، ئەمدى ئالىمقۇل ئوردىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتەر؟...

ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇنىڭ بىلەن ئالىمبەگ دادخاھ ئوتتۇرىسىدا كۆرەش باشلاندى. يېرىم يىلدىن ئاشقاندا، ئالىمبەگ دادخاھنىڭ بېشى ئېلىندى. نىزا ـ ئاداۋەتلەر ئەمدى تۈگىگەندۇر؟

ياق، تېخى تۈگىمەپتۇ... ئاخىر، ئالىمقۇل تاشكەنتكە يېقىنلا يەردە، گېنېرال چېرنىيايىف قوشۇنلىرىنىڭ يېنىدا، ئۆزىنى مۇھاپىزەتچى دەپ ئاتىۋالغان ھېلىقى ئايغاقچى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

# ئۈچىنچى قىسىم

## 1

ھەمىشە ئىسسىق قان ئىچىپ ئۆگىنىپ قالغان بۆركۆت تاپقا قانائەت قىلامدۇ؟ بۆركۆت ئوۋچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغان تەرەپكە تەلپۈنەتتى. يېلىنغاندەك ئاغزىنى ماك - ماك ئېچىپ قىرقىرايتتى. ساربىاي ئوۋچى ياخشى كۆرگەن بۆركۆتىنىڭ خۇددى غېرىب بىچارىدەك يېمەكلىك تەلەپ قىلغىنىغا چىداپ تۇرالماي تەتۈر قارىۋالدى. «ئەتە ئۇنىڭغا نېمە بېرەرمەن؟ ئۆگۈنلۈككە ئۇنى نېمە بىلەن باقارمەن؟» ئۇنىڭ بېشى قېتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. بىرەر ئامال تېپىش كېرەك، تىرمىشىش كېرەك!

ساربىاينىڭ تاقىتى تۈگەپ، يېزىنىڭ يۇقىرىسىدىكى قېلىن ئارچىزارلىققا باردى. تۈنۈگۈن كەچتە قۇرۇپ قويغان سىم تۇزاقلارغا قارىدى. ھەممىسى ئاۋۋالقىدەك تۇرۇپتۇ، ھەتتا قارىغۇ چاشقانمۇ چۈشمەپتۇ.

ئۇزاققا سوزۇلغان قىش سوغۇقى چارۋا ماللار، تاغدىكى ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلارغىمۇ قاتتىق زەخمەت يەتكۈزگەندى. كەكلىك، چىل ۋە قىرغاۋۇللار باھارغا ئۇلىشالمىدى. قار، سوغۇق ۋە ئاچلىق ئۇلارنى قىرىۋەتتى. تۇرغان يېرىدە مۇزلاپ، بۆرە ۋە تۈلكىلەرگە يەم بولدى. كېيىكلەر كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قورۇلارغا، سارايلارغا كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئادەملەرنىڭ قولىدا نابۇت بولۇپ كەتتى. ئاخىر، قار

www.uyghurkitap.com

ئېرىپ يەر ـ جاھان ياشاردى، ئەپسۇسكى، سارىباي قەدىمى يەتكەن يەرلىرىدىن بىرەر دانە بورسۇقمۇ تاپالمىدى. تۇۋا، يۇر-نىڭ بەرىكىتى ئۇچۇپ كەتتىمىكىن؟

سارىباي ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئۆيىگە قۇرۇق قول قايتتى. ئىشىك تۈۋىدە ئۇنى خوتۇنى سۆيۈمخان كۈتۈپ تۇراتتى.

— تىنچ ـ ئامان كەلدىڭىزمۇ، ئوۋچى؟ — دەپ خۇشال هالدا قارشى ئالدى خوتۇنى. ئۇ خوتۇنىغا نېمە دېيەلىسۇن! ؟ ئۇ، يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىنى تەستە مىدىرلىتىپ، ئەلەملىك كۈ-لۈمسىرىدى.

چوڭ ئۆيىنىڭ ئوڭ بۇرجىكىدە بويىنىنى بىر يانغا بۇراپ، تۇمشۇقىنى جىگەر رەڭ پەيلىرى ئارىسىغا تىقىپ ئولتۇرغان بۈر-كۈت ئوۋچىنىڭ ئاۋازى تونۇپ، يوغان قاناتلىرىنى يايدى، يەم تەلەپ قىلىپ قىيغىرىدى. بېشىغا پوسما كىيدۈرۈلگەنلىكى ئۈ-چۈن، ئوۋچىنىڭ قايسى تەرەپتە تۇرغانلىقىنى مۆلچەرلەپ، شۇ تەرەپكە تەلپۈندى. سارىباينىڭ قۇلىقىغا بۈركۈتنىڭ ئاۋازى بار-غانسېرى زەئىپلىشىۋاتقاندەك ئاڭلاندى. بۈركۈت ئاچ! ئاچلىق ئۇنىڭ مادارىنى قۇرۇتۇپ، هالىدىن كەتكۈزمەكتە. سارىباينىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

— قارالاڭ، ئۇنىڭغا ئۇۋال بولدى. ئەتىدىن ـ كەچكىچە سىزنىڭ ئاۋازىڭىز كەلگەن تەرەپكە ئىنتىلىدۇ. ئۇنىڭغا بەرگۈ-دەك بىرەر يېمەكلىك بولىسچۇ، ئۇمىدى ئۈزۈلگەنسېرى گۆدەك بالىدەك سەۋرسىزلىنىپ قانات قاقىدۇ. ئۇنى قويۇۋەتسىڭىز بول-مامدۇ؟ پېشانىڭىزگە پۈتۈلگەن بولسا، بۈركۈت دېگەن تېپىلىپ قالار. قويۇۋېتىڭ ئۇنى قىينىماي ... — دېدى سۆيۈمخان، — ئۇنىڭغا يەم ئىزدەۋېرىپ چارۋىقىڭىزمۇ تېشىلىپ كەتتى...

— هوي، خوتۇن، ئۇ نېمە دېگىنىڭ؟

سارىباي رەنجىپ، دومسىيىپ قالدى. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ

ئوۋچى ـ دە؟ بۇ بۈركۈت ئۇنىڭ قولىدا ئون قېتىم پەي تاشلىغان ئالغۇر، سىنالغان قۇشقۇ. ھەتتا ئۆز بەدىنىدىن بىر پارچە گۆش كېسىپ بېرىشكە تەييار تۇرغان ئادەم ئۇنى قويۇپ بېرەمدۇ؟ بۇ بۈركۈت تىلسىز مەخلۇق بولسىمۇ، ئۇ ساربباينىڭ دوستى، گويا ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىرىدەك بولۇپ قالغان. ساربباينى مۇڭلۇق خىياللار ئېزەتتى.

سۆيۈمخان ئاشخانىدىن تالقان ئەكىرىۋېتىپ:

— ئوزۇقلۇق ئاز قالدى، — دېدى تەشۋىشلىنىپ، — پەقەت بىزدىلا ئەمەس، تۆت ئۆيلۈك قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قولىدىمۇ ھېچ نەرسە قالمىدى. بىزدىن ئۈمىد كۈتۈۋاتىدۇ. بىزنىڭ خالتىدىمۇ يېرىم ئايغا يەتكۈدەكلا تالقان قالدى. قىشتا ئۇنچىۋالا قاتتىق سوغۇق بولمىغان بولسىغۇ، يازغا ئۇلىشىۋالغان بولاتتۇق، ئەپسۇسكى...

— بولدى! مېنى نېمانچىۋالا ئىسكەنجىگە ئالىسەن! — دېدى ساربباي ئارامسىزلىنىپ، ئۇ، ئۇزاققىچە زەردىگۆش بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، مادىلنى چاقىرغۇزدى.

مادىل ئىشىكتىن كىرىپ سالاملاشتى. ساربباي ئولتۇرغان پېتى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئۇكام، — دېدى ساربباي، — بۈركۈتنىڭ غېمىنى مەن قىلاي. ھازىر قولىمىزدىكى نەرسىلەر تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ. ئاچارچىلىق كۈندىن ـ كۈنگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ. نېمە چارە. بۇمۇ يۇرتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئاپەت ئوخشايدۇ. سەن ئوزۇقلۇقنىڭ غېمىنى قىل، — ساربباي بۈركۈت قوندۇرىدىغان تېرە پەلەينى مادىلنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، — مانا، بۇنى ئېلىپ، يېشىل جىلغا تەرەپكە بار. تەڭرىبەردى ئاكىغا سالام ئېيت. بىر تاغار ئاشلىقنى ئىككىڭلار بۆلۈشۈپ كۆتۈرۈڭلار. كۆتۈرەلەيدىغانسىلەر ـ ھە؟

مادىل پەلەينى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ماقۇل، ئىدىنىنى تېپىپ، تەييارلىق قىلاي.

— شۇنداق قىل. ئەتە سەھەردە مېڭىپ كېتىڭلار. ئاقيول بولسۇن ...

مادىل خۇشلىنىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

سارىبباينىڭ كۆڭلى يورۇغاندەك بولدى. ئۇ، تامغا ئېسىقلىق تۇرغان دۇمبىرىنى قولىغا ئالدى، دۇمبىرىنى ئۇزاقتىن بېرى چالمىغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ تارلىرىنى چىڭىتىپ تەڭشىدى. تاردىن سېھىرلىك كۈيلەر ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئاھاڭغا قۇلاق سېلىۋېتىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ تېكىست ئىزدەيتتى. ئۇ دۇمبىرىنى تىلغا كىرگۈزۈپ سايرىتالايتتى. دۇمبىرا چېلىش ئۇنىڭ ئاتا كەسپى بولغانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىۋالغانىدى. بىراق، ئۇ ئوۋغا ھەۋەسمەن بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇمبىرىنى كەمدىن - كەم قولىغا ئالاتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدا خۇشاللىقلار ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇمبىرىنى ئانچە كۆپ چالمايتتى. پەقەت كىچىك قىزىنى، بۈركۈتىنى ئەركىلەتكۈسى كەلگەندىلا، ئۆينى سېھىرلىك ئاھاڭلارغا تولدۇرۇۋېتەتتى.

سارىبباي سۇناي ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ مەشھۇر «قوروزەن» مۇقامىغا چالدى. ئۇ، ئۆزىگە ياقىدىغان ئاھاڭلارنىڭ ئەۋجىنى ياخشى كۆرەتتى. دەرد - ئەلەم ۋە خۇشاللىقلىرىنى ئاشۇنداق ئاھاڭلارغا قوشۇپ يۇغۇرۇۋېتەتتى. سارىبباي ھازىر بۇ قەدىمىي ئاھاڭنى زور ئىخلاس بىلەن چالماقتا. ئاھاڭدا بىپايان داللاردىن، كۆز يەتمەس تاغلاردىن سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان ئادەملەر نامايان بولاتتى. ئۇ، باتۇرلارنى، شان - شۆھرەتنى، ئۆلۈمنى مەنسىتمەيدىغان ئەزىمەتلەرنى ئىپادىلەش بىلەن مۇقامنى تاماملىدى.

بۈركۈت مۇقامغا پەرۋا قىلمىدى. ئۇ، يوغان ئەگرى تۇمشۇقىنى ئېچىپ غىقىلداپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە ئىنتىلەتتى. سارىبباي دۇمبىرىنى قويۇپ، بۈركۈتكە قاراپ خىيال سۈرۈپ قال-

دى. بۇركۇت ھەيۋەتلىك قاناتلىرىنى كېرىپ، قايغۇلۇق ئاۋازدا غىقىلدايتتى ۋە پەيلىرىنى تىتىپ، تاسما بوغقۇچنى چۇقۇلايتتى. ئۇنى ئۆزەلمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ، پەيلىرىنى ھۇرپەيتىپ سارىباي تەرەپكە تاشلاندى.

سارىباي تاڭ سەھەردىلا ئورنىدىن تۇردى:

«مېنىڭ يولۇم تۇسۇق بولسا، ئىتنىڭ يولىغۇ ئوچۇقتۇر...»

ئۇ، خوتۇنى بىلەنمۇ خەيرلەشمەي، ئىتنى ئەگەشتۇرۇپ، پىلتىلىك مىلتىقىنى يەلكىسىگە ئېسىپ دالىغا چىقىپ كەتتى.

ئۇ، ئۆزىگە تونۇش بولغان ئارچىزارغا كۈن چىقىشتىن ئاۋۋال يېتىپ باردى، سىم تۇزاقلارنى، قاپقانلارنى كۆزدىن كەچۈردى. ھېچ نەرسە چۈشمەپتۇ. سارىباي بۇنىڭغا قايغۇرمىدى. چۈنكى ئۇ ئىتقا ئۈمىد باغلىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ مېڭىشقا ھەرىكەت قىلدى. چۈشكىچە بىكارغا يول يۈردى. ئىككى قېتىم بولار – بولماسقا ئوق ئېتىپ قويدى. دالىدا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. قەيەردىدۇر قۇشقاچ چىرىلدىدى. قۇشقاچنى ئوۋلىسىمۇ مەيلىدى، لېكىن ئۇ ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى.

ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىت شۇ چاغدا بىردىنلا توختاپ يەرگە قاراپ قالدى. سارىباي ئۆزىنى دالدىغا ئالدى. ئىت تىلىنى ساڭگىلىتىپ، يەر بېغىرلاپ مېڭىشقا باشلىدى. سارىباينىڭ يۈرىكى دۈكۈلدەپ كەتتى. ئىت ئۇزاق مارىلاپ يېتىپ، ئاخىر كىچىك بىر تۆشۈكتىن توپا تارتىپ چىقىرىۋاتقان بىر قارىغۇ چاشقاننى كۆردى. بار – يوقى مۇشۇمىدۇر؟ سارىباي تۆت ئەتراپقا زېھىن قويۇپ قارىدى. قارىغۇ چاشقاندىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. ئىسىت، سارىبايدەك ئوۋچىنىڭ كۈنى مۇشۇمۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. شۇ چاغدا، ئىت چاشقانغا ئېتىلدى. ئەنە، تۇتتى، سارىباي يۈگۈرۈپ كەلدى. ئىت كولاپ چىقىرىلغان توپىنى تاتى-

لاپ باقتى. ھېچنېمە يوق ئىدى.
«سېنىڭمۇ يولۇڭ چىقمىدى…»
ئىت بۇ گەپتىن خىجالەت بولغاندەك نېرىغا كەتتى. سارىباي
چاشقان تۆشۈكىنى بۇزۇپ خېلى كولاپ باقتى، بارماقلىرىنىڭ
ئۇچى قىزىرىپ كەتتى. چاشقاننىڭ ئۇۋىسى بارغانسېرى چوڭقۇر-
لاشماقتا ئىدى. ئۇ پېشانىسىدە پەيدا بولغان مونچاق ـ مونچاق
تەرلەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، چۆشكۈردى، بىردىنلا خىيال-
غا پېتىپ قالدى. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ ئۈنىڭدىن سەل
نېرىراقتا ئىت سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇن يىلدىن بېرى ئاشۇ ئىت
ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ كەلگەن، ئۇۋ ۋاقتىدا ئىگىسىگە ياردەم-
لەشكەن، ھالال خىزمەت قىلغانىدى. سارىباي كۆزىنى ئۇنىڭدىن
ئۈزۈلمەي قاراپ قالدى، مادارى قۇرۇدى، رەڭگى مۇردىدەك
تاتىرىپ كەتتى، تەستە ئورنىدىن تۇردى. ئىگىسى يېنىغا كەلگەن-
دە، ئىت ئېرىنىپقىنا كۆزىنى ئاچتى ۋە قۇيرۇقىنى لىكىلدىتىپ
قويدى. سارىباي تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئىتنىڭ بېشىنى
سىلاپ، كاپپىدە تۇمشۇقىدىن تۇتىۋالدى. ئىت مىدىرلاشقىمۇ
ئۈلگۈرەلمىدى. تۆلكىلەرنىڭ بوينىنى قايرىپ سۇندۇرۇشقا ئۆ-
گىنىپ كەتكەن قوللار كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا
ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى.
سارىباي ئىتنى سويدى، گۆشىنى پارچىلاپ خالتىغا سالدى،
تەقدىرگە تەن بېرىپ، مۈڭلۈق بىر قىياپەتتە خالتىنىڭ ئاغزىنى
بوغۇپ، يەلكىسىگە تاشلىدى.
كەچتە خوتۇنى ئۇنى ئوچۇق چىراي كۈتۈۋالدى.
— ھە، خالتىڭىز پومپىيىپ كېتىپتىغۇ، — دەپ كۈلدى
خوتۇنى خالتىغا ئېڭىشتى، — ۋاي خۇدايىمەي…
سارىباي ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ بەك چارچاپ كەتكەنلىكى
ئۈچۈن خالتىنى بوسۇغىنىڭ تۈۋىدىلا قويۇپ بۇركۈتكە ئىسقىرت-
تى. شۇ مەھەلدە قىزى قۇندۇزئاي دادام گۆش ئەكەلدى، دەپ

خۇشال بولۇپ يۇگۇرۇپ كەلدى ـ دە، خالتىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.
— ياق، يېگىلى بولمايدىغان گۆش بۇ، قوزام... — دېدى ئۇ قىزنىغا ئەيىبكارلارچە قاراپ، كېيىن تېرە پەلەينى كىيىپ، ئورۇق ئىت گۆشنى كېسىپ بۇركۇتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئاچ قالغان بۇركۇت ئىرغىپ تۇرۇپ گۆشكە تاشلاندى، غىقىلداپ، قىزغىنىپ، ساربابايىنىڭ قولىدىكى گۆشنى تارتىۋالدى، قارا قانىتلىرىنى قېقىپ، ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ يېيىشكە باشلىدى.
ئارىدىن ئۈچ ـ تۆت كۈن ئۆتتى. ئىتنىڭ گۆشى تۈگىدى. ساربباي يەنە غەمگە پاتتى.
چارۋىنىڭ كىرىپ ـ چىقىشىغا ماسلاشتۇرۇپ، تىز بويى ئېگىزلىكتە تاش بىلەن كۆتۈرۈپ ياسالغان كەڭ قورۇ، تاشقىرىدا ئوقۇر. ئۇنىڭ يۇقىرىسىدا بىلەكتەك بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ ئاقماقتا. بۇ قارابايىنىڭ مەشھۇر قىشلىقى، ئەتە ـ ئۆگۈن ئىچىدە ئىگىسى كۆچۈپ كەتسە، بۇ يەردە تاش تام بىلەن قوي مايىقىدىن باشقا ھېچنېمە قالمايدۇ.
ساربباي ئۇزاقتىن كۆز تاشلاپ كەلمەكتە. تاش قورۇنىڭ چېتىدە بىر ـ بىرىگە يېقىن تىكىلگەن ئىككى كىگىز ئۆي. ئۇدۇلدىكى يېڭى بوز ئۆي بايىنىڭكى، لېكىن ھېچ سادا چىقمايۋاتىدۇ. ئەتراپتىمۇ ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ. ساربباي ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ قويۇش ئۈچۈن يۆتىلىپ قويدى. ئۆي ئارقىسىدىن بىر قارا ئىت چىقىپ كەلدى. ساربباي ھودۇقۇپ كەتتى. ئىت ھاۋ، دەپ بىر قاراپ قويدى. ئۇ سارببايىنىڭ ئۆيدىن يۈندى ئاچىقتى، دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك، قۇلىقىنى سالپايتىپ، قۇيرۇقىنى قىسقىنىچە ئورنىغا قايتتى. لېكىن ئۆيدىن ھېچكىم چىقمىدى.
ساربباي بايىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بوسۇغىدا توختىدى. قاراباي چەكمەن چاپانغا پۈركىنىپ ئۆينىڭ تۆرىدە ياتاتتى. خوتۇنى ئاشخانىدا ئىش بىلەن بەند ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قارا ئاكا!
قاراباي چىشسىز قوۋۇزىنى مىدىرلىتىپ، سالامنى ئىلىك ئالدى.
— ھە، سارىبايمۇ سەن؟ — دېدى ئاخىر ئۇنى تونۇپ.
سارىباي ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇردى.
— ئۆزۈمچىلا... سالام بېرەي دەپ كىردىم، قارا ئاكا... — دېدى ئۇ خالتىنىڭ ئاغزىنى يېشىۋېتىپ. باينىڭ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرى خالتىغا تىكىلدى.
— ھە، — دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ، — ئوۋچى ئوغلۇم سوۋغا ئەكەلگەن ئوخشايدۇ.
— شۇنىڭغا يېقىنراق بىر نەرسە.
— ھاي خوتۇن، نەدەسەن؟
خوتۇنى ئاشخانىدىن بېشىنى چىقاردى.
— تامىقىڭنى ئەكەل. سوۋغىنى ئادەتتە ئۇۋۇغا چىققاندا ئەكېلەتتۇق. مانا، مەرگەن ئۇكىمىز سوۋغىنى ئۆزى ئەكەلگەن ئوخشايدۇ. بۇنداق چاغدا بىللە تۇز تېتىمىساق بولمايدۇ. تېز بول...
قارىمۇتۇق ئايال قاپىقىنى تۈردى، ئاشخانىدا خېلى ئۇزاق تىمىسقىلاپ يۈردى، كېيىن داستىخان سېلىپ، يېڭى پىشقان ئىككى پارچە لوق گۆش، ياغلىق شورپا كەلتۈردى. سارىباي ئىشىكتىن كىرىۋاتقاندىلا بۇ خوتۇننىڭ گۆشنى ئالدىراپ - تېنەپ يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى پەملىگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭدىن بىر ئاز يىرگەندى.
— سىز ئېلىۋېرىڭ. باي ئاكا، — دېدى ئۇ داستىخاننىڭ بۇرجىكىگە قولىنى سۇرتۈپ تۇرۇپ. كېيىن خالتىدىكى سوۋغىنى باينىڭ ئالدىغا سۇرۇپ قويدى، — بەختسىزلىككە ئۇچراپ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلدىم. بىرەر ئوغلاق بەرسىڭىزمۇ ياق دېمەيمەن. باي ئاكام مۇشۇ ئەرزىمىگەن نەرسىگە لايىق بىرەر نەرسە

بېرەر، دەپ كەلگەنىدىم.

قاراباي ئىڭراپ كېتىشكە تاس قالدى، بىراق كۆزىنى قاپلان تېرىسىدىن ئۈزەلمىدى. سارىباي ئورنىدىن تۇرۇپ تېرىنى باش تەرىپىدىن تۇتتى، يۈڭلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— باي ئاكا، سوۋغىغا ئۇنى بەر، بۇنى بەر دېيىش ئۇيات ئىش. ئىلاج قانچە. هايات شۇنىڭغا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. بۇ غەم يالغۇز مېنىڭ بېشىمدىلا ئەمەسقۇ؟ — دېدى.

قاراباي نېمە دېيىشىنى بىلمەي، ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى:

— ئاھ، مەرگەن ئوغلۇم... «باينىڭ هالى بايىقىدەكمۇ، بايىقىدەك بولسا، بارىنى ئايىغۇدەكمۇ» دېگەن گەپ بار. شۇنداق، ئىلگىرىكىدەك، ئالدىمىزدا يۈز يىلقا كىشنەپ تۇرغان بولسا نېمە بولۇپ كېتەردى - ھە؟ ئۇ چاغدا ئۇستۇڭگە تون يېپىپ، ئاتقا مىندۈرگەن بولاتتىم.

سارىباينىڭ كۆڭلى سۇۋۇپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئوۋچى بالام. هازىر ئون دانىلا مېلىم قالدى... يۈز يىلقىدىن ئونى قالدى دېگىنە. پەقەت ئون دانىلا، ئېھ، خۇدا، قانداق كۈنلەرگە قالدۇق بىز.

سارىباينىڭ خىيالى چىگىشلىشىپ كەتتى، كۆزىنى يۇمۇپ قايتا ئاچتى. ئۇنىڭ كۆزى باينىڭ قىزىرىپ كېتىۋاتقان كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشتى. قارابايىنىڭ كۆزلىرى ھەسەتخورلۇق بىلەن چاقنايتتى. ئەگەر پۈتۈن دۇنيانى بىر تال ئالما قىلىپ كاپپىدە يۇتۇۋالغىلى بولسا... شۇنىڭدىن كېيىن ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك بولۇپ چەكچىيىپ قاراپ تۇرۇۋالسا...

— ئۆلۈك ماللارغۇ يوق ئەمەس، — دېدى قاراباي، — ئۇ نان بىلەن گۆشنىڭ ئورنىنى باسالمايدىكەن. بۇ نەرسىلەر توقچى-لىقتا ھەشەم ئۈچۈن، باياشات زاماندا بېزەك ئۈچۈن كېرەك بولىدىكەن، — ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋالدى،

قوللىرىنى تىترىتىپ يەنە ۋايساشقا باشلىدى، — ئاھ، ئىسىت ماللىرىم!

سارىباي ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئاھ ئۇرۇپ، دەرد تۆكىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. بىچارە ئوۋچى باينىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ تەسەللى بېرىشنى ياكى كۇلۇشنى بىلمەي مېھمان بولۇپ ئولتۇراتتى.

قاراباي يۈز يىلقىلىق باي ئىدى. ئۇ ھېلىقى خوتۇندىن پەرزەنت كۆرمىگەنىدى. شۇڭا، تۇغۇپ بېرىدىغان ياشراق خوتۇن ئېلىش نىيىتىدە يۈرەتتى. لېكىن ياش خوتۇننىڭ ئۆزىگە يارىشا ئازابى بار، ئۇنى ئەركىلىتىش، كۆڭلىنى كۆتۈرۈش كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئوت، پۇت - قولىدا كۈچ - قۇۋۋەت يوق ئىدى. قېرىنىڭ خوتۇنى — خەقنىڭ خوتۇنى. ئۇ، مال - دۇنيا كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان چاغدا قېرىپ قالغان، پەرزەنتى بولمىغانلىقتىن، پۈتۈن مېھرىنى سان - ساناقسىز قوي، يىلقىلارغا بېغىشلىۋەتكەنىدى.

— مەيلى، كېرەك يوق، قارا ئاكا، خۇدا بېشىمىزغا سالغان كۈلپەتلەرنى تارتماسلىقىقا ئىلاجىمىز يوق. مەيلى خاپا بولماڭ، سۆزۈمنى قايتۇرۇۋالدىم. ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس.

قاراباي تۇگۇلۇپ ئولتۇراتتى. سارىباي ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى، قاپلان تېرىسىگىمۇ قارىمىدى. بۇ نەرسە ئوچۇق قوللۇق ۋە مەردلىك بىلەن ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان ئوۋچىنىڭ ئېسىگە كەلمىدى.

— سىلەردەك قۇزغۇنلارنىڭ كۆزى تېگىپ... سىلەردەك ئاچ كۆزلەرنىڭ ئىچى قىزىرىپ... ئىسىت ماللىرىم. ئاھ خۇدا ... — دەپ غۇدۇرايتتى قاراباي.

سارىباي بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق بېخىل ئادەمدىن بىر نەرسە تەمە قىلىپ كەلگىنىگە بەك پۇشايمان قىلدى، خىجالەت بولدى. ئۇ، كونا قەبرىستانلىقتەك ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق تۇيۇلغان

بۇ ماكاندىن تېزرەك كېتىشكە ئالدىرىدى.

...ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا، يېنىغا بىرەر كىشىنى ھەمراھ قىلىپ، تورۇق يورغا ئېتىنى مىنىپ، ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ ھەيۋەت بىلەن ئوۋغا چىقىدىغان ئوۋچى بۈگۈن بۈركۈتىنى يەلكە-سىگە قوندۇرۇپ، ھېچ ياققا قارىماي ئۆزى يالغۇز دۆڭلۈككە ماڭدى.

«ئېتىم بىلەن مېنىڭ رىزقىم تۈگىگەن بولسا، بۈركۈتنىڭغۇ رىزقى باردۇر.»

ھەممە ياق جىمجىت ئىدى. ھەتتا قۇشقاچمۇ چۇرۇقلىمايت-تى. ئەتراپ كۆكىرىشكە باشلىغانىدى. پەقەت ئېگىز قىرلارنىڭ تەسكەي تەرەپلىرىدىلا ئېرىمىگەن قار كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ گۈ-زەل ئالەمدە بارلىق جانلىقلار قىرىلىپ تۈگىگەندەك بىلىنەتتى. غۇرۇلداپ شامال سوقۇپ تۇراتتى. توزغاقگۈللەر ئالتۇن تەڭگى-دەك ۋالىلداپ يالتىرايتتى. نەمخۇش يەرلەردىن بىلىنەر - بىلىن-مەس ھور كۆتۈرۈلەتتى. دىماغقا كۆكات ھىدى ئۇرۇلاتتى.

بۈركۈت ئېغىرلىشىپ، ساربابايىنىڭ يەلكىسىنى تالدۇردى، قوۋۇرغىسىنى سىرقىراتتى. ئۇ، بۈركۈتنى بىر يەلكىسىدىن ئىككىنچى يەلكىسىگە ئالدى. بۈركۈتنىڭ تىرناقلىرى ئۇنىڭ يەل-كىسىگە پېتىپ كەتكەنىدى.

ساربباي پۇتۇن ئېدىرلىقنى چالا قويماي تەكشۈرۈپ چىقتى، ھېچ نەرسە يولۇقمىدى، ئاچچىقىنى زورىغا بېسىپ، مىڭغۇەردى. ھېچ نەرسىنىڭ تىۋىشى ئاڭلانمايتتى. ئۇ، قارا تەرگە پېتىپ كەتتى، زادىلا مادارى قالمىغاندا، بىر دۆڭلۈكتە توختىدى. بۈر-كۈتنى يوغان قارا تاشقا قوندۇرۇپ قويۇپ ئولتۇردى.

ساربباي قولىنى ئېڭەككە تىرەپ خىيال سۈرۈشكە باشلى-دى، قۇلىقى غوڭۇلدايتتى. شامال ئەمدىلا بىخ چىقارغان شىۋاق-لارنى تەۋرىتەتتى. ساربابايىنىڭ تەرلىرى قۇرىدى، كۆڭلىكى بەدى-نىگە مۇزدەك تېگىپ ئەندىكتۈردى. قۇياش نۇر چېچىپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

ھاۋا ئىللىق ئىدى. تەبىئەت ساربابايىنىڭ غەمكىن كۆڭلىگە تەسەللى بېرەتتى. ئۇ، چاپىنىنى يېشىپ، يانپاشلاپ ياتتى، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئولتۇردى. ئۇنىڭ پۈتۈن تېنى سىرقىراپ، كۆڭلىكىنى سېلىپ قولتۇقىنى قاشلىدى. ئېگىشىپ پىت بېقىشقا باشلىدى. خۇدا ئۇرغۇر پىت! يامان كۆنگە قالغان كىشىگىلا چاپلىشىدۇ.

بىر چاغدا، بۆركۈت يۇلقۇنۇپ، تەلپۈندى. شامالنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ، قاتتىق قىرقىراپ، تېپىچەكلىدى. ئۇنىڭ قەيەرگىدۇر پەرۋاز قىلغۇسى، شامال بىلەن ئوينىشىپ، توپ – توپ بولۇتلار ئۈستىدىن ئېشىپ ئۆتكۈسى كەلگەندەك تۇراتتى.

«بىرەر نەرسىنىڭ شەپىسىنى سەزدى بولغاي···»

سارىباي بۆركۈتنىڭ پوسمىسىنى ئېلىۋەتتى. بۆركۈت ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ ئاسمانغا ئېتىلدى. ئۇنىڭ ئۈۋى ئۇچىدىن كەلگەي ئىلاھىم. ساربابايىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئارماندا قويمىغايسەن خۇدا! بىرىدىغىنىڭنى ئايىما، ساخاۋەتلىك تەڭرىم! سارىباي قەيەردىن، قانداق ئولجا چۈشەركىن، دەپ ئۈمىدۋارلىق بىلەن يىراقلارغا قارىدى، چىرايى ئېچىلدى.

بۆركۈتنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي قالدى. ئۇۋچى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتتى. يوق··· شامال شىۋاقنىڭ شاخلىرىنى ئىرغاڭلىتاتتى. بۆركۈتتىن دېرەك يوق··· ياكى كېتىپ قالغانمىكىن··· ساربابايىنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى.

«ئېھ، قىران بۆركۈتۈم. كېتىپ قالدىڭمۇ؟ ···»

ساربابايىنىڭ كۆزلىرى ئاسمانغا تىكىلدى. ئۇنىڭ دىلىنى ئېغىر، دەھشەتلىك ۋەھىمە باستاندى. ئۇ، ئاغزىنى يۇمۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، كۆرۈمسىز ساقىلىنى لىكىلدىتىپ، ئۇياق – بۇياققا يۈگۈردى. ئاسمان گويا ئۇنى يۇتۇۋېتىپ، يەنە ئۇنىڭغا پەرۋاسىزلارچە قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ساربابايىنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

«ئاھ، قىرانىم، مېنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ؟ مەن بىچارە سېنى قەھەتچىلىكتىن ساقلاپ قالالمىدىم. ئېھ، قىران بۈركۈتۈم.»

ساربىباي ئاۋۋالقىدەك قاتتىق ۋارقىرىيالمىدى. ئۇ، ئۆزىنى قاتتىق ۋارقىراشقا ھوقۇقى يوقتەك ھېس قىلدى. ئۇنى تىترەك بېسىپ، تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالدى.

«ئاھ، بۈركۈتۈم، سېنى بالام بىلەن باراۋەر كۆرەتتىم — ھە!»

ئەنە! قەيەردىندۇر بۈركۈتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەنە! ساربىباينىڭ يۈرىكى خۇشاللىقتىن يېرىلغۇدەك بولدى. ئەنە! بۈركۈت بورسۇقنى كۆرگەندىلا ئاشۇنداق ۋارقىرايتتى. ساربىباي ئۆزىنى تۇتالماي، كۆڭلىكىنى كىيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، يالىڭاچ ھالدا پۇلاڭلاپ يۈگۈردى، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ يۈگۈردى.

«ئاھ، ئاۋازىڭدىن ئۆرگۈلەي، بۈركۈتۈم!»

ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى. ئېگىزلىكتىن ھاۋانى يېرىپ ۋاتىلدىغان ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ساربىباي خۇشاللىقىدىن خۇداغىمۇ، بۈركۈتكىمۇ رەھمەت ئېيتتى. ئۇ ئەتراپقا قارىدى، لېكىن دەرەخكە قونۇپ تۇرغان ياكى يەردە يورغىلاپ قېچىپ كېتىۋاتقان ھېچقانداق ئولجا كۆرۈنمەيتتى. ئەنە! بۈركۈت! ئۇ، كۈچلۈك قاناتلىرىدىن شامالنىڭ گۈركىرىشىنىمۇ بېسىپ چۈشكۈدەك شاۋقۇن چىقىرىپ ساربىباي تەرەپكە ئوقتەك ئۇچۇپ كەلمەكتە. ساربىباي ھەيران بولۇپ قېتىپ قالدى. بۈركۈت ساربىبايغا يېقىنلىشىشقا ئارغامچا بويى قالغاندا ساربىباي يەردىن كالتەك ئېلىپ ئۆزىنى قوغداشقا تەييارلاندى. قەھرلىك بۈركۈت شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، ساربىباينى بىر تېپىپ ئۆتتى. كالتەك شارت قىلىپ ئوتتۇرىسىدىن سۇنۇپ كەتتى.

«ۋاي، بۇ نېمە قىلغىنىڭ، بۈركۈتۈم!»

ئاچ قالغان بۈركۈت ھېچقانداق ئولجا تاپالماي ئايلىنىپ

www.uyghurkitap.com

بۆرگەن پەيتىدە، دۆڭلۆكتىكى يالىڭاچ ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ، ئۆنىڭغا ئۆزىنى ئۇرغانىدى. بۆركۆت ئۆز ئىگىسىنى تونۇمىدى. ئېھتىمال يالىڭاچ يۆرگەن سارىباي بۆركۆتنىڭ كۆزىگە كېيىك بالىسىدەك كۆرۈنگەن بولسا كېرەك.

بۆركۆت يەنە ئېگىزگە ئۆرلىدى. سارىباي ھوشىنى يىغىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. بۆركۆت تۆمۈردەك تىرناقلىرىنى يېيىپ، كۈچلۈك تۇمشۇقىنى ئېچىپ، دۆگىلەك قىزىل كۆزلىرىدىن زەھەر چاچرىتىپ يەنە ھۇجۇم قىلدى. خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلا! سارىباينىڭ قولىدا قورال بولمىغاچقا، قارا قورام تاشنى ئايلىنىپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇ، ھاسىراپ كەتتى. ھالاك بولدۇم! شۇ پەيتتە، ئۇ قانغا مىلىنىپ، قولىقىنى سالپايتىپ ياتقان قەدىردان ئىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەل قىساسۇ مىنەلھەق!

ئۇ، يەرنى تاتىلاپ، بۆركۆتكە تاش، توپا، ئوت ـ خەسلەرنى ئېتىۋەردى. ئىشقىلىپ، قولىغا چىققانلىكى نەرسىلەرنى ئېتىپ ئۆزىنى قوغدىدى.

خەتەرلىك پەيتتە ھايات قېلىشقا ئىنتىلگەن ئادەم قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ، ھاياتىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەندە قورقۇشنى ئېسىگىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. سارىباي قورقۇشنى ئۇنتۇپ، بۆركۆت بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. ئۇ، بۆركۆتنىڭ پۇتىدىن تۇتۇۋېلىشقا، بويىنىنى بۇراپ سۇندۇرۇشقا ئىنتىلەتتى. بۆركۆت تۇتۇق بەرمەي، سارىباينىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى چوقۇيتتى. ئۇۋچى بولسا، يىرتقۇچنىڭ ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ، تىزى بىلەن بېسىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. ئېلىشىش كەسكىنلەشتى، بۆركۆت سارىباينىڭ كۆزىگە چاڭ سالدى. سارىباي ئۆزىنى ئېلىپ قاچتى. يىرتقۇچ ھامان ئۇنىڭ كۆزىگە ھۇجۇم قىلاتتى. ئۇۋچى بېشىنى توسۇپ، كۆزىنى ئېلىپ قېچىپ، بۆركۆتكە ھۇجۇم قىلىشقا پەيت كۈتەتتى.

سارىباينىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئېلىشتى. ئۇ ئاخىر يىرتـ

قۇچىنىڭ بىر پۇتىنى تىزى بىلەن بېسىۋالدى ۋە بوشىغان قولى بىلەن ئۇنىڭ بوينىنى سىيپاپ تېپىپ، قاتتىق تولغىدى، كېيىن ئۇنى ئاستىغا بېسىۋالدى.

ساربىاي قانغا مىلىنىپ ياتقان ئۆلۈك بۆركۈتنىڭ ئۈستىدىن قوپتى. ئۇ، كۆزىنى ئاچماقچى بولدى. لېكىن كۆزى ئېچىلمىدى. كۆزىنى تۇتۇپ بېقىۋىدى، قولىغا شىلىمدەك بىر نەرسە يۇقتى. ئۇ قان ئىدى. ئەتراپ گۆردەك قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. ھازىرلا پارقىراپ تۇرغان نۇرلۇق ئالەم قېنى؟ ئۇنىڭ قانسىراپ كەتكەن گەۋدىسى بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا ئىدى. ئۇ، ئەس-ھوشىنى يىغىۋالدى. ئۇنىڭدا قايغۇ ۋە خۇشاللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدىغان مۇستەھكەم ئىرادە پەيدا بولدى. ئاھ، خۇدا! مېنى كۆزدىن ئايرىدىڭمۇ؟ ئۇ، دەلدەڭشىپ، بۆركۈتنىڭ قارىيىپ تۇرغان قاناتلىرىنىڭ يېنىغا يىقىلدى…

## 2

باھار كەلدى. قىشنىڭ دەھشىتىدىن قۇتۇلغان كىشىلەر كۆپكۆك كۆكاتلار ئىچىدە خاتىرجەم ئولتۇرۇشۇپ، ئەركىن نەپەس ئېلىشتى. نىمجان بولۇپ قالغان ماللار تەستە ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئۆزىنى ئاپتاپقا قاقلاشتى. قۇياش گويا ئانىدەك جىمىكى جانلىقلارغا مېھرى بىلەن نۇر سېپەتتى.

كىشىلەر قىشلاقلارنى تاشلاپ، كۆنگەي يايلاقلارغا كۆچۈشكە باشلىغانىدى. كۆچمەنچىنىڭ مېلى قانچە كۆپەيسە، شۇنچە بېخىل بولۇپ كېتىدۇ، ئەلنىڭ كۆزىدىن يىراقراق تۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ. چۈنكى، ئادەم قانچە بېيىغانسېرى، ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ئۇنتۇشقا باشلايدۇ. باشقىلارغا ھاجىتى چۈشمىگەچكە، قولۇم-قوشنا بولۇپ چېدىر تىكىپ ئولتۇرۇشنى خالىمايدۇ.

تەڭرىبەردى يايلاقتا كۆپچىلىك بىلەن بىللە چىقتى.

دېھقانچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىغان بەش ـ ئالتە ئائىلە-
نىڭ چارۋا مال بىلەن ئانچە خۇشى يوق. تەڭرىبەردى سۇيى-
يېقىن يەرلەرگە ئورۇنلىشىپ، ئېرىق چېپىپ، تېرىقچىلىق قى-
لىدىغان يېرىم كۆچمەنچى ئادەم. ئۇنىڭ توپىغا قوشۇلغان ئائىلى-
لەردىن قىشتا تالقان، يازدا گۈرۈچ ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇلار ئاسانلىق-
چە كۆچمەيدۇ. ئۆزئارا ئىناق ياشايدۇ. يازدا ئېكىنزارلىققا يې-
قىنراق يەرلەردە تۇرىدۇ.

قوياش نۇر چېچىپ تۇراتتى. مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر
توپ بالىلار ئويناۋاتاتتى. تەڭرىبەردى بىلەن گۈلكىشى ئىككىسى
تېرىق تېرىشقا تەييارلىق قىلىپ، ئىشىك ئالدىدا بەلتاسما ياساۋا-
تاتتى. سۆھبەت ئەۋجىگە چىققانىدى. يىپ ئېگىرىپ ئولتۇرغان
سەنەم مومايمۇ پات ـ پات سۆھبەتكە ئارىلىشىپ قوياتتى.

— تەڭرىبەردى ئاكا، — دېدى گۈلكىشى، — ساربىاي
بىچارىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ئىكەن؟ ئاستىدا ئېتى بولمىغان
كىشى قانىتى يۇلۇنغان قۇشقا ئوخشىشىپ قالىدىكەن، ئېتىم
بىرئاز دەم ئالسۇن، دەپ ئويلاپ، سىز بىلەن بىللە بارالماي
قالدىم ئەمەسمۇ، پىيادە بىر قەدەممۇ ماڭالمايمەن.

تەڭرىبەردى ئېچىنىپ، بېشىنى چايقىدى.

— ئىلاج قانچە؟ بەدەنلىرى تىتىلىپ كېتىپتۇ، ئىككى
كۆزىدىن ئايرىلىپتۇ، تېخى ئورنىدىن تۇرالمىغان بولسا كېرەك.

— لەنەت ئاشۇ بۆركۈتكە! ئۇنى ئۆز بالىسىدەكلا پەرۋىش
قىلاتتى. ئەسلىدىلا يىرتقۇچ بولغاچقا، ئىگىسىگە خىرىس قىپ-
تۇ ـ دە! ئاڭلىسام، ساربىاي بىچارە ئۆلگىلى تاس قالغانمىشقۇ؟

— بىچارە خوتـۇنى قانداق كـۈنگە قالدىكىن؟ — دېدى
سەنەم، — كىچىك بىر قىزى بار ئىدى.

— كۆزىدىن ئايرىلغىنى يامان بوپتۇ. خوتۇنى نېمە بولماق-
چىدى، بىر ئىلاجىنى قىلىپ كۆچ كەچۈرىدۇ. ئۆلۈپ كەتكەن

ئادەملەرنىڭمۇ بالا - چاقىلىرى ياشاۋاتىدىغۇ، — دېدى تەڭرىبەردى.

ئۆيدە ئايزادە نېمىدۇر ياماپ ئولتۇراتتى. بۇ گەپلەر كۆڭلى سۇنۇق جۇۋاننىڭ كۆڭلىنى يەنىمۇ ئەزدى.

— ئايزادە! — دېدى موماي تاشقىرىدا تۇرۇپ، — كەچتە ئوچاققا پۇتىمىزنى قالايمىزمۇ؟ كۈن پاتقۇچە چىقىراق تەمەچ تېرىپ كەلگىن، بالام.

ئايزادە تاشقىرىدا تۇرغان قېينانىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ، غىدىڭ - پىدىڭ قىلسا بالاغا قالاتتى. شۇڭا، ياماۋاتقان نەرسىنى يوتقاننىڭ قېتىغا قىستۇرۇپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ھەمىشە چاققان ھەرىكەت قىلىشقا تىرىشاتتى. شۇنىڭغا يارىشا قېينانىسىنىڭ كۆڭلى يۇمشىسىچۇ كاشكى. ئۇ، قولىغا ئارغامچا ئېلىپ، ھاپىلا - شاپىلا تاشقىرىغا چىقتى.

— تېزرەك كەل، — دېدى سەنەم موماي.

ئايزادە نېرىراقتا ئويناۋاتقان باللار ئارىسىدىن پولاتنى چاقىردى:

— يۈر، ئوماق بالا، — دېدى ئۇ، — ئوتۇن تېرىپ كېلىمىز. تېز بول، قوزام...

پولات دومسىيىپ ئۈنىمىدى:

— ھېلىقى... ياق، يەڭگە، قورسىقىم ئاچتى. ئوتۇن تەرگىلى بارمايمەن.

— ئۆيۈڭدىن قورسىقىڭ تويامدۇ؟

— تويمايدۇ، قورسىقىم ئاچتى. قورسىقىم...

— دالىدىن ئوتۇن تېرىپ كەلسەك، ساڭا سۈت پىشۇرۇپ بېرىمەن. قېنى، يۈرە، قوزام...

ئايزادە ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سىلاپ ئەركىلەتتى. پولات ئىنساپقا كەلدى، ئايزادىنىڭ قولىدىن ئارغامچىنى ئېلىپ سەك-

www.uyghurkitap.com

رەپ ـ سەكرەپ ئالدىغا يۈگۈردى.

تۆمۈر شىھىت بولغان يىلى پولات توققۇز ياشتا ئىدى، بۇ
يىل ئون ئىككىگە توشتى. باشتا ئاتا ـ ئانىسى ئانچە ـ مۇنچە
ئۈچۈقداپ تۇراتتى. تۆمۈرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، پولاتنى كۆ-
زىنىڭ قارىچۇقىدەك ئاسراپ، ئۆز ئەركىگە قويۇشتى، بالىنىڭ
بەزى تەرەپلىرى تۆمۈرگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئايزادە مۇڭلى-
نىپ، قارا كۆڭلەكتە قورۇنۇپ، رومىلىنى تۈزەتمەي خىيال
سۈرۈپ باراتتى.

نېمىگە ئالدىرايدۇ؟ باھارنىڭ ئەركە كېپىنىكىدەك، پىرىل-
داپ، يېشىللىققا، سۆيگۈگە تەشنا يۈرىكى قاياققا ئالدىرايدۇ؟
خۇشال كۈلكە، ئىللىق سۆز قەيەردە دەيسىز؟ مانا بۇ يىل قېينا-
تىسى ئوغلىغا نەزىر بېرىپ، ئاخىرقى مۇراسىمنى ئۆتكۈزدى.
قائىدە بويىچە، قۇدا ـ باجىلارنى چاقىرىپ، خالىسا بېشى ئو-
چۇق، دەپ رۇخسەت بېرىشلىرى مۇمكىن. خېلىدىن بېرى تۇل
كېلىنچەك شۇنى ئويلىدى. ئەمدى غەم ـ ئەندىشىدىن قۇتۇلۇپ،
ئۆز بەختىنى باشقا يەردىن ئىزدەۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىر ئىشەنچ
بىلەن ئۆزىنى بەزلەيتتى. يالغۇز قالغان ۋاقتىدا، ئەينەكنىڭ ئال-
دىدا ئۇزاق تۇرۇپ، قورۇقلىرىنى سىلاپ يۈرىكى ئېزىلەتتى.
ئايزادە ئېغىر خورسىندى.

پولات بولسا، ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. بالا دېگەن
شۇ ـ دە، بايا قورسىقى ئاچقىنى يادىدىن چىقىپ، خۇشبۇي ئوت-
چۆپلەرنى ئوينايتتى، بۇلۇتلارغا تىكىلەتتى. گاھى قولىدىكى ئار-
غامچىنى تاشلاپ، كېپىنەكلەرنى كەينىدىن قوغلايتتى. كېپىنەك-
لەر لەپ قىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، بىرنەچچە دەقىقە
ئورنىدا قېتىپ قالاتتى. كېپىنەك قايرىلىپ قارامتى؟ پولات
مايسىلار ئارىسىدا قالغان ئارغامچىنى قولىغا ئېلىپ، يىلتىز
پاتقان پۇتلىرىنى سىلاپ قويۇپ، يولىنى داۋاملاشتۇردى.

× ×

... كەچكى ۋاقىت ئىدى. تۆمۈر قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ
ئۇزاق قاراپ تۇردى. يېشىل جىلغا ئىچىدىن كۆپكۆك سۇنى
بويلاپ، تاغ تەرەپكە كەتكەن يول بېشىدا توپ - توپ كىشىلەرنىڭ
قارىسى كۆرۈندى. بىر... ئىككى... ئۈچ... ئارقىسى ئۈزۈلمەي
چۇمۇلىدەك چۇۋۇلۇپ كەلمەكتە. ئەڭ ئالدىدىكىسى تۇغ كۆتۈرۈ-
ۋالغان. شاقىر - شۇقۇر، جاراڭ - جۇرۇڭ ئاۋازلار قۇلاققا
ئېنىق ئاڭلىناتتى. كارۋان قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ، پاياز-
سىز دالا قوينىدا شاخاراپ كەتكەن يالغۇز شاتۇتنىڭ تۆۋەن تەرە-
پىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

تېرىق ئەمدى باش تارتقانىدى. تەڭرىبەردى بىرنەچچە دېھقان-
لار بىلەن ئۆتكەن يىلقى ئېكىنزارنىڭ قىر - تىرگەنلىرىنى
باشقىدىن تۈزەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇلار كارۋاننى كۆرۈپ،
يول بويىغا يۈگۈرۈپ چىقىشتى.

يۈك - تاق يۈكلەنگەن كارۋان ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى. ئۈستىگە
گۈلدار گىلەم ئارتىلغان، قىزىل شىرداق يۈكلەنگەن تۆگىلەر
قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ كېلەتتى. ئاق داكا رومال چىگى-
ۋالغان مومايلار تۆگە ئۈستىدە زىكىرگە چۈشكەندەك تەۋرىنىشەت-
تى. بوتىلاقلار يۈگۈرۈشۈپ، قۇلۇنلار يېقىملىق كىشنىشەتتى.

— كىملەرنىڭ كۆچى ئىكەن؟

— بايرىقىغا قاراڭلار، — دېدى تەڭرىبەردى.

— ئاينىڭ رەسمى بار ئىكەن...

— ھىم، دېمەك، بەرغى ئۇرۇقىنىڭ كۆچى ئىكەن.

تەڭرىبەردى يولغا يېقىنراق بېرىپ، تۆگىچى يىگىتلەرگە
سالام بەردى.

— مېھمان بولۇپ كېتىڭلار، باي ئاكىلار! — دېدى
ئۇ، — بۇ، قەبىلىمىزنىڭ ئۇدۇمى.

— يولىمىز يىراق، يولىمىز يىراق، — دەپ جاۋاب قايتۇ-

www.uyghurkitap.com

روشتى ئۇلار تەكەللۇپقا جاۋابەن،

— ھېچبولمىغاندا، چاي ئىچىڭلار، باي ئاكىلار.

— چاينىمۇ كېيىن ئىچەرمىز... تۆگىلەرنىڭ بېلى تالمى-سۇن، بىز رازى.

— ئاقىيول بولسۇن، باي ئاكىلار!

— ئېيتقىنىڭلار كەلسۇن، دۆلەتمەن بولۇڭ!

كۆچ ئارتىلغان كارۋان قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ، تال-زارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ باراتتى.

تەڭرىبەردى ئاپئاق ساقاللىرىنى تۇتۇپ، قاشلىرىنى ھىمى-رىپ خىيالغا چۆمدى.

قەبىلىنىڭ ئادىتى شۇ. يىل - ئون ئىككى ئاي قىشلاقتىن يايلاققا، يايلاقتىن قىشلاققا قاتنايدۇ. بەلكى مىڭ يىللاردىن بېرى شۇ ئادەت داۋام قىلىپ كېلىۋاتقاندۇ. باشپاناھ بولغۇدەك بىر كىگىز ئۆي، ئۇنى يۆتكەپ يۈرگۈدەك بىر ئۇلاغ، مىنىش ئۇچۇن ئات، سېغىش ئۈچۈن سىيىر، سوقۇم ئۈچۈن ئون جانلىق بولسا بەس. كۆچ - كۆچ بولۇپ قالسا، خوتۇنىنى ياخشى كىيىندۈرۈپ بايتالغا، قىزىنى ئايغىرىغا مىندۈرىدۇ. يۈك - تاق، ئۆي - بىساتىنى ئۇلاغقا ئارتىپ، يولغا چۈشىدۇ. بەرپا قىلغان قورغانى، كۆكەرتكەن بېغى بولمىسا! ئۇلاردىن بىر پاتمان قىغ، ئوچاق ئورنىدا خىزمەت قىلغان ئۈچ دانە قارا تاشتىن باشقا نېمىمۇ قالاتتى؟ دائىم كۆچۈپ يۈرگەن خەلقنىڭ ئەسىرلەر بويى تومان باسقان يولىدا، ئېدىرلاردا چوقچايغان قەبرىلەردىن باشقا نىشانە قالمايدۇ، ئۇلار تاغ شامىلىدەك كېزىپ يۈرىدۇ!...

ئورۇقلاپ كەتكەن قوللىرىنىڭ قان تومۇرلىرى كۆكىرىپ كەتكەن بوۋاي ئەنە شۇ نەرسىلەرنى خىيالدىن ئۆتكۈزدى.

— مېھمان بولۇپ كېتىڭلار، باي ئاكىلار...

— يولىمىز يىراق، يولىمىز يىراق...

كارۋاننىڭ كەينىدىن ئاق بوتىلاقلىق توپ كۆرۈندى. تۈم قارا بايتالغا مىنگەن ئايال يۈك ئۈستىگە شىرداق يېپىلغان تۆگە-

نى يېتەكلەپ باراتتى. چايقىلىپ، لوكۇلداپ كېلىۋاتقان بوتىلاق
ئاپئاق ئىدى. يورغا تاي مىنگەن بالا بوتىلاقنى قامچا بىلەن نوقۇپ
چىشىغا تېگەتتى. ئۇمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بالىغا «بۆۋ» دېگەندەك،
دومىلاق كۆزلىرىنى ئوينىتاتتى، بوينىدىكى قوڭغۇراقلىرىنى جى-
رىڭلىتىپ، بالا بىلەن چاقچاقلاشقاندەك قىيغىتاتتى. ئاخىرىدا،
بۇ ئائىلىنىڭ بويىغا يەتكەن قىزى كېلىۋاتاتتى. قىزنىڭ ئاستىدى-
كى كۇمۇش ئېگەرلىك قارا قاشقا ئايغىر چاپچىپ تۇراتتى. توق
قىزىل يوپۇقنىڭ پۆپۈكلىرى ئايغىرنىڭ ئاياغلىرىغىچە ساڭگىلاپ
تۇراتتى. قىز ياپيېشىللىق ئىچىدىكى ئارپىلىق بىلەن تېرىقزار-
لىقتىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئېتىزلىقتىكى قارانچۇقلارنى ئادەم-
لەرمىدۇر، دەپ ئويلايتتى ۋە ئۇلارنىڭ قىمىرلىماي تۇرغىنىغا
قاراپ ھەيران قالاتتى، ئۇيقۇسىرىغان كۆزلىرىنى سۈزۈپ قوياتى-
تى. قۇندۇز تەلپىكى ئۇستىدىكى ئۇكەسى سىلكىنىپ، ھۆسنىنى
تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋېتەتتى، ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى ئۇششاق
ئۆرۈلگەنىدى. دىمى كېسىلگەن قارا ئىت تىلىنى ساڭگىلىتىپ
يول چېتىدىكى شىۋاقلار سايىسىدە يېتىپ باقتى، كېيىن يەنە
كۆچنى كۆزدىن قاچۇرۇپ قويماي، دېگەندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.
«جىرىڭ… جىرىڭ» كۆز ئالدىدىكى تۆگە بوزلىدى…
— چاي ئىچىپ كېتىڭلار، باي ئاكىلار…
يۇك ئارتىلغان ئۆكۈزنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان ئاق بوتى-
لاقلىق كۆچ ئىگىسى ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ:
— چاينى كېيىن ئىچەرمىز، — دەپ تەڭرىبەردىگە سالام
بەردى، — ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تەڭرىبەردى ئاكا، بارمۇسىز؟
— شۈكرى، شۈكرى، — تەڭرىبەردى قاراپ قالدى.
— تونۇمىدىڭىزمۇ؟ مەن يامغىرمەن، بەرغى ئۇرۇقىدىن،
تەڭرىبەردى ئاكا.
— ھىم، كۆزۈم قۇرۇغۇر پەرق قىلالماي قاپتۇ. چىرايىڭ
ئىسسىق كۆرۈنگەنىدى. تونۇماپتىمەن، — دەپ تەڭرىبەردى ئال-

دىراپ قول بەردى، — جانابىي ئاقساقالنىڭ ئوغلى يامغىر ئىكەن-لىكىڭنى ئەمدى بىلدىم، مال - جانىڭ ئامانمۇ، يامغىرىم؟ كەل، ئۇسسۇزلۇقۇڭنى باس.

— شۈكرى، شۇنداق قىلىپ ئەل ئارىسىدا، كۆچ قارىسىدا مىدىرلاپ يۈرۈپتىمىز، تەڭرىبەردى ئاكا.

تۆمۈريول بويىغا ئاچىققان تۈلۈمدىن چىنىگە تولدۇرۇپ قى-مىز قويۇپ ئۇزاتتى. يامغىر ئات ئۈستىدە تۇرۇپ قىمىزنى سۇمۇرۇۋەتتى ۋە:

— ھەي، خوتۇن! بىرئاز توختاپ، باللارنىڭ ئۇسسۇزلۇقى-نى باسايلى، — دەپ تۈۋلىدى، — ئارقىدا قالغانلار يېتىپ كەلگۈچە شۇنداق قىلايلى.

— ئال، تۆمۈر، قىمىزنى ئاشۇ تەرەپكە ئاپىرىڭ-لار، — دېدى تەڭرىبەردى يىگىتلەرگە قاراپ، ئەشىم تۈلۈمنى يەلكىسىگە سالدى. تۆمۈر چىنىنى ئېلىپ يۈگۈردى.

— ئامان بولساڭ بولدى، يامغىرىم، ھەممە گەپ ئامانلىقتا. قايسى يايلاققا بارماقچىسىلەر؟

— بۇ يىل مىڭبۇغىدا بولىمىز، تەڭرىبەردى ئاكا. بەگلەر ئۇنىڭدىن ئىبرىقى تالاسقا مال ھەيدىگەنىمىش. ئەۋلىيا ئاتاغا رۇس سودىگەرلىرى كېلىپ تۇرىدىكەن، ئۇ يەرگە تالاس ئارقىلىق ئۆ-تۈپ، مال ساتىمىز دېيىشىۋاتىدۇ. ماقۇل دېدۇق. ئەلدىن قالماي كۆچۈپ كېتىۋاتىمىز.

— ھە- ھە، — دېدى تەڭرىبەردى ھەيران بولۇپ، — نەپ تېگىدىغان يەرگە بېرىۋاتقانىكەنسىلەر - دە! رۇس سودىگەرلىرى نېمە ئەكېلىپ سېتىۋېتىپتۇ؟ قورال بولۇشى كېرەك - ھە!؟

— ياق، ئۇلار ھازىر قورال ساتمايدىكەن. قازاق چۆلىدىن بۇياققا قاراپ رۇسنىڭ نورغۇن قوشۇنلىرى كېلىۋاتىدۇ، دېيىشى-ۋاتىدۇ. خۇدايىم ئۇلارنىڭ يۈزىنى كۆرسەتمىسۇن، قوقان قالاي-مىقانمىش...

— هە، بۇ گېپىڭ يېڭى...

تۆمۈر بىلەن ئەشىم ئاق بوتىلاقلىق توپقا بېرىپ، ئايالغا قىمىز ئۆزىتىشتى. ئايال قىمىز قۇيۇلغان چىنىنى قولىغا ئېلىپ، ئەمدى ئىچەي دېگەندە، يورغا تاينى يورغىلىتىپ، ئوغلى كېلىپ قالدى. ئۇ قىمىزغا لېۋىنى تەگكۈزمەي بالىسىغا ئۆزاتتى.

— مە، ئىچىۋال، قاراغىم.

بالا تەرلەپ كەتكەن بۆرىسىنى تارتىپ، قىمىز ئىچتى.

ئايال كېيىنكى چىنىدىن بىر ئوتلىدىيۇ، يەنە گېلىدىن ئۆتمەي:

— بايمىرزا، جېنىم قوزام، ئاپاڭنى چاقىر، — دېدى.

— ئىچىۋېرىڭ، ئاچا، — دېدى تۆمۈر ئەدەپ بىلەن، — قىمىز يەنە بار.

ئايال چىنىدىكى قىمىزنى بىر يولىلا ئىچىپ، بايتالغا قامچا ئۇرغاچ، يىگىتلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— كۆپ رەھمەت، بەختلىك بولۇڭلار، سادىغاڭ كېتەيلەر.

تۆمۈر قىمىزنى ئېلىپ قىز تەرەپكە ئالدىرىدى.

قاراقاشقا ئايغىر قۇيرۇقىنى قىمىرلىتىپ، پۇشقۇرۇپ قويدى ۋە ئوتقا ئېڭىشتى. تۆمۈر ئاتقا يېقىن كەلگەندە، ئايغىر چۆچۈپ بويىنىنى تولغىدى.

— ئۇسسۇزلۇق ئىچىڭ، گۈزەل قىز!...

قىز قارلىغاچ قانىتىدەك قايرىلما قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، يىگىتكە يەر ئاستىدىن قارىدى. ئۆزىنى سىپايى تۇتۇپ، چىنىگە ئاستا قول ئۇزاتتى. ماۋقتەك ئاپئاق بىلىكىدىكى كۈمۈش بىلەزۈكلەر جىرىڭلاپ كەتتى. تۆمۈرنىڭ يۈرىكى جىغىلدىدى، قىزنىڭ تۇخۇمىنىڭ ئېقىدەك غۇبارسىز يۈزىدىن كۆز ئۈزەلمىدى. قىز چىنىنى ئېلىۋاتقاندا، تۆمۈر ئۇنىڭ بىر بارمىقىنى چىنىگە قوشۇپ تۇتۇۋالدى. قىزنىڭ ئاپئاق يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

ئالدىدا تۇرغان كەڭ يەلكىلىك، قارا كۆزلۈك يىگىتكە ھەيران بولۇپ تىكىلدى. تۆمۈر قىزنىڭ بارمىقىنى ئاستا بوشاتتى، قىز سىر بەرمەي، قىمىزدىن بىر ئوتلىدى ـ دە، چىنىنى ئۇزاتتى.

— ئىچمىدىڭىزغۇ؟...

گۈزەل قىز خۇشال بولغىنىدىنمۇ ئەيتاۋۇر بېشىنى سەل ئېگىپ سۆزلىدى ۋە مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ، تىزگىنىنى شىلتىدى. قارا قاشقا مېڭىپ كەتتى. «قولىنى تۇتۇپ ئەدەپسىزلىك قىلدىم ـ دە، كۆڭلى رەنجىگەن ئوخشايدۇ» دەپ تۆمۈر ئىچ ـ ئىچىدىن پۇشايمان قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

— خەير، ئاقىۋل بولسۇن، يامغىرىم!

— خەير، ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن، تەڭرىبەردى ئاكا. ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن!

يامغىر تەڭرىبەردى بىلەن خوشلاشتى، ئۆكۈزنى ھەيدەپ تۆمۈرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. قوڭغۇراقنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭى يىراقتىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاڭلىناتتى...

تەڭرىبەردى ئېكىنزارغا قايتتى.

— مۇشۇ ھەپتە ئاخىرىدا بىزمۇ ماللىرىمىزنى يۇقىرىغا ھەيدەيمىز، — دېدى ئۇ يېنىدىكىلەرگە، — قەبىلىنىڭ كۈنى مۇشۇ. مۇنداق ئويلاپ قارىساڭ، خەلقىنىڭ بىرلا بەختىيار كۈنى كۆچ بىلەن يۈرۈش ئىكەن... بارى ـ يوقىنى يىغىشتۇرىدۇ، ياماق چۈشكەن بولسىمۇ، كۆڭلەكلىرى ئاق بولىدۇ. تاڭ بىلەن ئويغىنىدۇ، ياخشى نىيەت بىلەن ئەتىگەن يولغا چىقىدۇ، كۆچ ئۈستىدە قورساقنىڭ توقلۇقىمۇ، ئاچلىقىمۇ ئۇنتۇلىدۇ، كۆچ ئۈستىدە قېرىنداشلىرىنىڭ خاپىچىلىقلىرى ئەستىن چىقىدۇ. كۆچ ئۈستىدە قىرىق كۈكۈلىلىق قىز بىلەن بوز ئوغلانىنىڭ ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ، يانمۇيان يۈرۈشى ئەيىبكە بۇيرۇلمايدۇ... كۆچنىڭ يولىنى توسۇپ، چايغا تەكلىپ قىلىش، چۈشمىسە ئات ئۈستىدە ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش، ھال ـ ئەھۋال سوراش،

قىيسىيىپ قالغان يۈكنى ئۈگىلاپ قويۇش — ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان ئادەت. ھېچبولمىغاندا، ئېرىم ئۈچۈن بولسىمۇ، يېنىدا ئات بىلەن مېڭىپ، ئاۋۇ بۆرۈلۈشتىن ئۆتكۈزۈپ قويمىدىڭلارغۇ؟ ئەتەي كۆزەتتىم، خىيالىڭلارغىمۇ كەلمىدى...

تۆمۈر خۇشال بولۇپ كېتىپ:

— ئەشىم ئىككىمىز ئۈزىتىپ قويايلۇق! — دېدى.

— ئاچلىقنىڭ غېمى بىلەن بولۇپ، ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قاپسىلەر، يېنىدىن ئۆتسەك ئىتتىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقىمۇ يارىمىدى، دېگەن تەنىگە قالمايلۇق، بېرىپ شۇنداق قىلىڭلار!

تۆمۈر ئۈچقۇر يورغىنى مىندى. يىرغا يالىلىرىنى يەلپۈتۈپ، ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا چىپىپ باراتتى. ئەشىنىڭ قارا ئېتى يورغىدىن بەزىدە ئۆزۈپ، بەزىدە ئارقىدا قالاتتى. تۆمۈرنىڭ كۆزى ئاق بوتىلاقلىق توپنى كېزەتتى. ئۇ شېرىن ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن مەست بولۇپ، ئۇمىد قانىتىدا پەرۋاز قىلاتتى.

— ھارماڭ، باي ئاكا! ئاتىنىڭ بېلى تالمىدىمۇ؟

— خۇش كېلىپسىلەر، يىگىتلەر! خۇداغا شۈكرى، ئاتىنىڭ بېلى كۈچلۈك!

— تۆمۈربەگ، ئاستىراق ماڭە...

تۆمۈر دوستىغا بىر قارىدىيۇ، تىزگىننى تارتتى...

يىگىتلەر قىزىل بۆشۈكنى ئارتىۋالغان كېلىنچەكلىك توپقا يېقىنلاشتى. بۆشۈك تۇتقان ئايال خىيال سۈرۈپ كېلىۋاتقىنى ئۈچۈنمۇ سەزمىدى. يىگىتلەر شىتىرلىشىپ ئۆتىۋاتقاندا كېلىن مىنگەن قارا يالىلىق سېرىق ئات ئۈركۈپ كەتتى. كېلىن چۆچۈپ ئېتىنى توختاتتى، رومىلىنى قىيا ئاچتى.

— ھارماڭ، ئاتىنىڭ بېلى تالمىدىمۇ؟

— خۇداغا شۈكرى، بالىلىرىم! — دېدى ئالدىدا بايتال مىنىپ كېلىۋاتقان موماي كېلىنى ئۈچۈن.

— كىمنىڭ كۆچى، يەڭگە؟ — دەپ كېلىنگە يېقىنلىشىپ سورىدى ئەشىم. كېلىن يەرگە قارىدى. موماي قائىدىگە ياخشى ئەمەل قىلىنمىغان ئادىتى بارلىقى ئۈچۈن، كېلىنگە قاراپ:

— ئەدەپلىك يىگىتلەر ئىكەن، جاۋاب بەر، بالام، — دېدى.

كېلىنىنىڭ بالىلىق سىياقى كەتمىگەن سېرىق يۈزلىرى قىدىرىپ، گەپ قىلالمىدى، يىگىتلەرمۇ نومۇسچان كېلىنىنى خىجالەت قىلمايلى، دەپ تېزلا ئۆتۈپ كېتىشتى.

تۆمۈرلەر جىلغا يولى تار بولغانلىقى ئۈچۈن بۆرۈلۈشتىن توغرىسىغا كېسىپ قىرغا چىقتى. قىرنىڭ ئۈستى تۈزلەڭ يەر ئىدى. كۆچنىڭ ئالدى ئاللىقاچان تۈزلەڭلىكتىن ئۆتۈپ، قەۋەت - قەۋەت ئېدىرلار ئارىسىغا كىرىپ بولغانىدى. ئىككى ئەتراپى مايسىلار بىلەن قاپلانغان سوقماقلار يىپتەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەنسېرى ھاۋا سالقىنلىشىپ، ئاپئاق بۇلۇتلار يەرگە يېقىنلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. دىماغقا يانتاق بىلەن ئەرمەن ھىدى ئۇرۇلاتتى.

— يېتەلمىدۇقمۇ؟...

تۆمۈر ئات ئۈستىدە قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ، ئالدىدا كېتىۋاتقان كۆچلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

— ئەنە... ئاق بوتىلاق.

ئاق بوتىلاق ئانىسىدىن قالماي لوكۇلداپ كېتىۋاتاتتى. قىز ئارقىسىغا قايرىلىپ قارىمىدى، چېچىدىكى زىنەت بۇيۇملىرى قۇياشتا جىمىرلايتتى... تۆمۈر نەپەس ئالماي ئۇزاق تىكىلدى. قوڭغۇراقنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى ئارقىدا قېلىپ، كۆچ ئارتقان ئاشۇ توپ قاتلام - قاتلام ئېدىرلار ئارىسىدا غايىب بولدى...

گۈزەل قىز ئايزادە شۇ ئىدى.

ئايزادە قىزىل يۈزلۈك يىگىتنى ئىككىنچى قېتىم مىڭبۇغا يايلىقىدىكى قىزلار ئويۇنىدا كۆرگەنىدى.

شۇ چاغدىمۇ، ئەنە شۇ قىزىل يۈزلۈك يىگىت ئۇمىدكە



www.uyghurkitap.com

تولغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمىگەنىدى. قىزلار ئويۇننىڭ ئۆزگىچە زوقى بار ئىدى. ئۇلار قىز بىلەن كۈيئوغۇلنى ئالقىشلاپ، قوشاقلار ئېيتىشاتتى، ئۇسسۇلغا چۈشۈشەتتى. ئايزادە دوستلىرىغا ئارىلىشىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولدى. ئەمما يىگىتنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بۇ كىم؟ ئۇ نېمىگە شۇنچە قاراۋېرىدۇ؟ قىز يىگىتتىن خەۋپسىرەپ قالدى. ئۆزىنىڭ بۇياققا كۆچۈپ كېلىۋاتقان كۈنىنى ئەسلىدى. شۇ چاغدا، چىنىنىڭ تېگىدىن قولىنى تۇتۇپ چاقچاق قىلغان يىگىت شۇ ئەمەسمىدى؟ يۈرىكى ھولۇقۇپ كەتتى.

قىزىل يۈزلۈك يىگىت ئۆزىنى ۋەزمىن، سىپايە تۇتتى. قىز ياشلىق شەرقى تولغان كۆزلىرىنى سۈزۈپ، قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتتى. يىگىت بولسا، بۇ گۈزەل قىزنى بىر ۋاقىتلاردا كۆچ ئۈستىدە كۆرگەنلىكىنى، كېيىن يۈرىكى ئېزىلىپ، ئۇنى قىر، ئېدىرلار ئارىسىدىن ئىزدىگەنلىكىنى كۈيلىدى. ئايزادە مەن ئىزدىگەن كىشىمنى، ئارزۇ قىلغان ئادىمىمنى شۇ يەردىن تاپتىم، دەپ ئېيتىۋەتمىسىدى، دېگەن خىيال بىلەن قىزىرىپ، بوزىرىپ، يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

قىز ۋە يىگىتلەر بۇ ناتونۇش يىگىتنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى سېزىپ قالغاندەك قىلاتتى. ئايزادىگە شۇنداق تۇيۇلدى. لېكىن تۆمۈر ئەقىللىق يىگىت بولغاچقا، ناخشىسىنى شۇ يەردە توختاتتى، قىز ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى.

— قۇللۇق، قۇللۇق! يۈرەكنى ئېرىتكۈدەك ناخشاڭ بار ئىكەن، ئاغىنە، — دېدى يىگىتلەرنىڭ بىرى. تۆردە رومىلىنى يەشمەي، ئەيمىنىپ ئولتۇرغان قىزنىڭ يېنىدىكى يولدىشى تۆمۈرگە تىكىلىپ:

— دوستۇم، ئارزۇ قىلغىنىڭ مۇشۇ يەردىغۇ دەيمەن... — دېدى.

— قورقماڭ، ئاغىنە، مېنىڭ ئىزدىگىنىم باشقا.

ئەتراپتىكىلەر كۆلۈۋېتىشتى، ھېلىقى يىگىتمۇ قۇلىقىغىچە قىزىرىپ، باشقىلارغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ قويدى. شۇ چاغدا، ئايزادە يوشۇرۇنچە تۆمۈرگە بىر قاراپ قويدى. نىيىتى قارا ئادەمنىڭ رەڭگى يىلاندەك سوغۇق بولىدۇ، دىلى پاك كىشىنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرىدۇ. ئۆتكەن يىلى قازا قىلغان مومىسى ھەمىشەم شۇنداق دەيتتى. ئايزادە ھازىر شۇنى ئەسلىدى. ئۆزى دوستلىرىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ يىگىتنى ئوبدان كۆزەتتى. شۇ چاغدا، تۆمۈرنىڭ كۆزى قىزنىڭ كۆزى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئايزادە بۇ قېتىم كۆزىنى يىگىتنىڭ ئوتلۇق كۆزىدىن ئېلىپ قاچالمىدى.

ئەتىسى، قىزىل يۈزلۈك يىگىت قىزنىڭ يەڭگىلىرىدىن بىرىگە يۈرىكىدىكى سۆزىنى ئېيتتى. ئايزادە خىجىل بولۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى، ئۇچرىشىشقا چىقالمىدى. ئەتىسى، تۆمۈر ئايزادىلەرنىڭ ئۆيى تەرەپتىن ۋاپادار قۇش ۋە ساداقەتلىك ئۈۋچى توغرىسىدىكى قوشاقنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئېيتىپ ئۆتتى.

ئەل يايلاقتىن قايتىشقا باشلىدى. بايرىقىدا ئاينىڭ سۈرىتى بار بەرغى ئۇرۇقى يەنە دەريا بويلاپ قىزىليار تەرەپكە يول ئالدى. دېھقانلارمۇ ئاللىقاچان تېرىلغۇلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇشقاندى. ئادەتتىكىدەك يولغا قىمىز كۆتۈرۈپ چىقىشتى:

— غىزالىنىپ كېتىڭلار، باي ئاكىلار!

— ئۇسسۇزلۇقۇڭلارنى قاندۇرۇپ ئۆتۈڭلار، باي ئاكىلار!

پەقەت تۆمۈر يولغا چىقمىدى، ئۆزىنى باستى. بۇنى ئەشىمدىن باشقا كىشى بىلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ، تۆمۈرنىڭ كۆزى كۆچلەردە، يەنە ئاق بوتىلاقنى ئىزدەيتتى، توپ ئارىسىدىن ئاق بوتىلاق بىلەن موماينىڭ ئاق رومىلى كۆرۈنگەندەك بولدى، يۈرىكى جىغ قىلدى، كۆزىنى قاچۇردى. مەنسىتمىگەن ئادەمگە قاراشقا بولامتى؟! «نومۇسى يوق يىگىت ئىكەن، يەنە ھىجىيىپ

يولغا چىقىپتۇ؟» دەپ ئويلىمىسۇن! تۆمۈرنى يەر - زېمىن ئاران
كۆتۈرۈپ تۇرغانغا ئوخشىشاتتى. ئۇ سۇ ياقىلاپ، تۆۋەن تەرەپكە
كەتتى.

چىرايىنىڭ ئىسسىقلىقى كۆڭۈلنى يورۇتىدۇ، كۆڭۈل ئىس-
سىقلىقى ئادەملەرنى بىر - بىرىگە دوست قىلىدۇ، يېقىنلاشتۇرى-
دۇ. يامغۇر بىلەن تەگرىبەردى شۇ سەۋەبتىنمۇ بىر - بىرى
بىلەن بەكمۇ ئىناق بولۇپ كەتكەنىدى. يامغۇر قېرىندىشى قولبا-
تىر بىلەن تەگرىبەردىنىڭ قىشلىقىغا يېقىن يەرگە يۈكىنى چۈشۈ-
رۈشكە باشلىدى. تەگرىبەردى خۇشال بولۇپ، كەچقۇرۇن بىر
ئاپقۇر بوزا كۆتۈرۈپ يوقلاپ باردى. يامغۇر بىلەن قولباتىر
ئۆزلىرىگە يارىشا كەپە ياسىۋالغانىدى. ئەسلىدە، بۇ كەپىگە ئادەم
سىغمىسىمۇ، قاچا - قۇچا قاتارلىق ئۇششاق - چۈششەك نەرسى-
لەر خالىيراق تۇرسىلا بولاتتى. يامغۇر تەگرىبەردى بىلەن سالام-
لىشىپ، يۈكلەرنى بىرىنى يەشتى. ئالدىراپ كىگىز يېيىپ،
كۆرپە سالدى.

— كېلىڭ، تەگرىبەردى ئاكا، كېلىڭ، — دەپ مېھمانغا
ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈردى.

سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن، سەنەم موماي قۇيغان
بوزادىن بىر چىنىدىن ئىچىشتى. كېيىن، يامغۇر بوينىنى سو-
زۇپ:

— ھەي، ئايزادە! قىزىم، بايمىرزا نەدە يۈرىدۇ؟ چاقىر،
ماللارنى بۇياققا ھەيدەپ كەلسۇن، — دەپ بۇيرۇدى. بىر قولتۇق
ئوتۇن تېرىپ كېلىۋاتقان ئايزادە ئوتۇننى يەرگە قويۇپ، بايمىرزى-
نى چاقىرغىلى كەتتى. يامغۇر قىزىغا قاراپ مەستلىكى كېلىپ:

— بىزنىڭ يامان قىزىمىز شۇ، — دېدى مېھمانلارغا.

تەگرىبەردى باش لىڭشىتىپ:

— بولغىنى ياخشى. چوڭ بولۇپ قاپتۇ... — دېدى.

— يەنە بىر كەپسىزمۇ بار، — دەپ يامغۇر ئېدىر تەرەپكە

قاراپ قويدى.

— مالنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپتۇ ـ دە! ؟ ئوغۇل بالا دېگەن مالنىڭ ئىگىسى.

— هە، ئىشقىلىپ، ئامان بولۇشسۇن، بىزگە پالانچىنىڭ پەرزەنتلىرى دېيىشسە بولىدۇ.

— بالىغا نېمىمۇ يەتسۇن. بالىنىڭ بولغىنى ياخشى.

بايمىرزا يىگىرمىدەك قوي ـ ئۆچكىنى هەيدەپ كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشى تەرگە پىشىپ كەتكەنىدى. يات كىشىلەرنى كۆرۈپ قاراپ قويدى.

— هە، ئوغلۇم، قېنى، مېهمانلار بىلەن تىنچلىق سوراش، بولدى، ئارتىنما! قولۇڭنى ئۇزىتىپ كۆرۈش! — دېدى يامغىر.

تەڭرىبەردى بالىنىڭ قولىنى قىسىپ ئەركىلەتتى.

— ۋاي، ئەزىمەتەي! چوڭلا يىگىت بولۇپ قاپتۇ. چېلىشىشقا چۇشىسىمۇ بولىدىكەن، — دەپ ماختاپ، تەرلىگەن پېشانىسىدىن سۆيدى. كېيىن سەنەم موماي سۆيدى.

— بايمىرزا، قوزام، — دېدى يامغىر، — ئەمدى پاقلاننىڭ سېمىزىدىن بىرىنى تاللاپ ئەكەل، تېز بول!

— ئاق ساغلىقنىڭ قىزىل بالىسىنى تۇتايمۇ؟ شۇ سېمىزرەك.

— بىلىدىكەنسەنغۇ، ماقۇل.

ئايزادە ئوتۇننى ئوچاق ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، مېهمانلار بىلەن هال ـ ئەهۋال سوراشتى. تەڭرىبەردى ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئامان بول، قاراغىم... ئامان بول ... — دەپ قويدى.

ئايزادە گىلاستەك قىزىرىپ، سەنەم موماي بىلەن يانمۇ يان ئولتۇردى. موماي قىزغا هەۋەس بىلەن قاراپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن چىمدىۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ شۇ قولىنى ئىرىم قىلىپ سۆيۈپ قويدى. ئايزادە ئانىسىغا قاراشتى. ئۇنىڭ بويى يېتىپ بەئەينى قىزىلگۈلدەك ئېچىلغان ۋاقتى ئىدى. ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلى-



www.uyghurkitap.com

ـرى تېقىمىنى سۆيەتتى، يۇرۇش ـ تۇرۇشى ئەدەپلىك، يېقىملىق ئىدى. سەنەم موماي قىزغا ھەۋەسلىنىپ، ئىچىدە: «بىر ئۆينى گۈللەپ ـ ياشنىتىدۇ. ئامان بولسۇن، بەختلىك بولسۇن!» دەپ قويدى.

يامغىر ئوغلى يېتەكلەپ كەلگەن قوزىنى ئارغامچا بىلەن باغلاپ مېھمانلارغا قارىتىپ قويدى.

— قېنى، تەڭرىبەردى ئاكا، بۇ ئەرزىمەس جانغا پاتىھە قىلىپ بېرىڭ!

— ھەي يامغىر، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ قويساڭچۇ، — دېدى تەڭرىبەردى، — قوزىنىڭ گۆشى پىشقىچە خېلى چاغ بولىدۇ، بىز مەشەدىكى ئادەم، سەن كۆچۈپ كېتىۋاتقان تۇرساڭ ...

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ، تەڭرىبەردى ئاكا! ئات ئەۋەتىپ ئەكەلدۇرىدىغان ئادەمسىز. ئىشىكىمىنىڭ ئالدىغا بىرىنچى قېتىم قەدەم بېسىشىڭىز. قان ئېقىتمىسام بولمايدۇ. قېنى رۇخسەت بېرىڭ.

— ۋاي ـ ۋاي، — دەپ تەڭرىبەردى نائىلاج پاتىھە بېرىپ، قوللىرى بىلەن ساقىلىنى سىلاپ قويدى. يامغىر قوزىنىڭ پۇتىنى باغلاۋېتىپ:

— تەڭرىبەردى ئاكا، سالامەت بولساق، كۆڭۈللۈك داستىخان ئۈستىدە سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانغا نېمە يېتىدۇ. كۆچ كەتسە، يوقلىنىپ كېتەمتى؟ بىزمۇ ئارقىدىن بارارمىز...

ئۇ، قوزىنىڭ تۆت پۇتىنى مەھكەم باغلىدى ـ دە، پىچىقىنى يېڭىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— خېلى كۈنلەر بولدى، خېلى تۈنلەر بولدى، سەندە چۆپ يوق، مەندە گۆش يوق. قورساق ساڭمۇ، ماڭمۇ دۈشمەنلىك قىلدى! ... — دەپ پىچىرلاپ قوزىنى بوغۇزلىدى. ئۆز نۆۋىتىدە، تەڭرىبەردىمۇ ئەنە شۇنداق دۇئـالارنى ئىچىدە پىچىرلاپ ئولتۇردى.

www.uyghurkitap.com

— ئايزادە، قولباتىر ئاكاڭ كۆرۈنمەيدىغۇ، نەدە؟ ياكى چارچاپ قاپتىمۇ؟ — دېدى يامغىر قوزىنىڭ سانلىرىنى ئاجرىتىپ، — چاقىرىڭلار، تەڭرىبەردى ئاتاڭنىڭ سۆھبىتىنى ئاڭلىسۇن!

— ماللارنى سۇغارغىلى كېتىۋىدى، — دېدى ئايزادە.

— ھە، ئېيتقاندەك، ئۆزۈم ماڭدۇرۇۋىدىم.

— بىز بۇياقتا كېلىۋاتقاندا، گۈلكىشى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغانىدى، — دېدى تەڭرىبەردى، — بەلكى شۇنىڭكىدە بوزا ئىچىپ ئولتۇرۇشقاندۇر.

يامغىر قازانغا گۆشنى سېلىۋېتىپ كۈلدى:

— چۈشىنىشلىك! پەرىزىمچە، قولباتىر كۆچۈشىمىزنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ. بوزا دېسە بوزلىغىن، بوسۇغىدىن سۆزلىگىن، دېگەن سۆزنى قولباتىرغا چىقارغانىكەن ـ دە، بايمىرزا، قاراغىم، تاينى مىنىپ، ئاۋۇ قىشلاقتا بېرىپ قولباتىر ئاكاڭنى تاپ. شۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى چاقىرىپ كەل.

مېھماندارچىلىقتا كۆپچىلىك كەلدى. كېچىسى خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن داستىخان يىغىشتۇرۇلدى، تەڭرىبەردى ئۆززە سورىدى.

— قېنى ئەمدى. يامغىر، بىزگە رۇخسەت قىل. كەل دېمەك بار، كەت دېمەك يوق. قوزغىلىش مېھماندىن. قېنى، پاتىھە ئوقۇيلۇق.

— ئالدىراپ نەگە بارىسىلەر؟ — دېدى يامغىر.

— ياق، يامغىر، سەنمۇ كۆپ تۇرۇپ قالدىڭ، يولغا چىقىشىڭ كېرەك.

— بوپتۇ، بوپتۇ، تەڭرىبەردى ئاكا. قېنى ئامىن!

— ئامىن! ھەممىشە يولۇڭغا خىزىر يار بولسۇن، دۆلىتىڭ زىيادە بولسۇن!

— رەھمەت! كەلگىنىڭلارغا رەھمەت، مېھمانلار!

— خۇشۋاخ بولۇڭلار!
ئۇلار كۆچ بىلەن ئېلىپ ماڭغان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئارتىشىپ، خوشلاشقاندىن كېيىن، تەڭرىبەردىلەر ئارقىسىغا قايتتى.
بوۋاي بىلەن موماي ئۆيگە كەلگەندە، تۆمۈر ئۆيدە يوق ئىدى. ئۇ قەيەرگە كەتكەندۇر؟ ئەل بىلەن بىللە بېرىپ، شورپا ئىچمىدى، دەپ ئويلىشىپ تۇراتتى، تۆمۈر دەريا تەرەپتىن چىقىپ كەلدى، ئۆزىنى خۇشال كۆرسىتىش ئۈچۈن، قانچىلىك ئۇرۇنمىسۇن، بەربىر يۈرىكىنى نېمىدۇر ئۆرتەۋاتاتتى.
— ئاپاڭ ئىككىمىز يامغىرنى يوقلاپ بارغاندۇق. نەدە ئىدىڭ؟ ماڭغىچە سېنى تاپالمىدۇق. قىشلىقىڭنىڭ چېتىگە بېرى قونسا، بېرىپ ئەھۋال سورىشىڭ پەرز، ئادەمدىن قېچىش نادانلىقنىڭ بەلگىسى. نېمىشقا قاچتىڭ؟ نېمە ئۈچۈن بارمىدىڭ؟
تۆمۈر قولىقىغىچە قىزىرىپ، دادىسىغا قاريالمىدى. خەيرىيەتكى، شۇ چاغدا ئەشىم چاقىرىپ، ئۇنى ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. تۆمۈر چىقىپ كەتتى.
ئەشىم ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن دىلكەش دوستى ئىدى. مانا، ئۇ يەنە ئاغىنىسىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا قارىدى. خىيالىدا نېمە بار؟ ئويۇن ـ تاماشا بار. تۆمۈرنىڭ قاپىقى ئېچىلدى.
تـۆمۈر يېنىغا كېلىشى بىلەن ئەشىم قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ:
— قولۇمدا نېمە بار؟ تاپ! — دېدى.
— قويساڭچۇ، شۇمۇ تېپىشماق بولدىمۇ؟ تونۇگۈنمۇ «بۇنى تاپ» دەپ كەچكىچە ئاۋارە قىلىپ، قۇرتىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسەتكەنىدىڭ!
باشقا ۋاخ بولغان بولسا، ئەشىم دوستىنى تازا ئاۋارە قىلغان بولاتتى. لېكىن، ھازىر ئەشىمنىڭ ئۆزى ئالدىراپ تۇراتتى. شۇڭا، ئالىقىنىنى ئاستا ئاچتى. ئۇنىڭ ئالىقىنىدا ئىخلاس بىلەن

قاتلانغان شايى ياغلىق تۇراتتى. ئەشىمنىڭ كۆزلىرى ئويناپ تۆمۈرگە قارىدى. تۆمۈر كەشتە تىكىلگەن ياغلىققا قاراپ ھەيران بولۇپ قالدى. ئەشىم ياغلىقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆزىمۇ ھازىر كۆرۈپ تۇرغاندەك ھەۋەس بىلەن تۆمۈرنىڭ يۈزىگە يېقىن ئاپاردى.

— بۇ نېمىكەن؟

ياغلىقتىن گۈپ قىلىپ مۇشك - ئەنبەرنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى، تۆمۈرنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. بۇنى قەيەردىن ئالدىكىن؟ تۆمۈر ئاستا كۆزىنى يۇمدى.

ئاق قاناتلىق قۇش ھەققىدە كۈيلىگەن يىگىتنى ئايزادە ئۇنتۇ- مىغانىدى. ئەكسىچە، ھەركۈنى سېغىنىپ، ئۇنىڭ پىراقىدا كۆ- يۈشكە باشلىدى. يىگىتنىڭ يۈزىدەك قىزىل شايىغا ئىخلاس بىلەن دىل رىشتىنى چەكتى، قىيا ئاستىدا ئۆسكەن ئاجايىپ خۇشبۇي ھىدلىق گۈل سۈيىگە ياغلىقنى چىلىدى... بۇ، ئون ئالتە ياشتى- كى قىزنىڭ نازۇك ھېس - تۇيغۇسى بىلەن مېھرى نەقىشلەنگەن بىر پارچە شادى ياغلىق ئىدى.

— ھوي، ئاۋۇ ئوتتۇرىغا چۈشكەن يەڭگىسى بار ئىدى- غۇ، — دېدى ئەشىم، — كۆچ مېڭىۋاتقان تەرەپتىن ئۆتۈۋاتسام، مۇلايىم تەبەسسۇم بىلەن «ھارماڭ» دېدى. «ئاتىنىڭ بېلى تالمى- دىمۇ؟» دېسەم، «شۈكرى» دەپ جاۋاب بەردى - دە: «ھېلىقى ناخشىچى يىگىت كۆرۈنمەيدىغۇ؟ كۆكرىكىنى زەيگە يېقىپ ياتام- دۇ؟» دەپ كۈلدى... ئەتىگەندىن بېرى سېنى ئىزدەپ تاپالمى- دىم. بۇ ھەييار ئەتەي بىر ياققا كېتىپ قالغان بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلىدىم، بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ...

تۆمۈرنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇرۇشقا باشلىدى.

— كېيىن قولىنى ئۇزاتتى. ۋاھ!... ناھايىتى ھۇزۇر بول- دى، قولى شۇنچىلىك يۇمشاقكى، بەكلا يۇمشاق...

— كېيىن نېمە بولدى؟ گەپنى قىسقىراق قىل. كېيىن...

— كېيىن: «هاي ئۆلمىگۇر، ئالدىرىغاندا قولۇمنى تۇتۇپ نېمە قىلىسەن؟ قولۇڭنى تېز تارت» دېدى. قارىسام ئالىقىنىمدا شۇ تۇرۇپتۇ. «ناخشا ئېيتقان دوستۇڭغا بېرىپ قوي» دېدى. ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك بۇياققا چاپتىم، ھەممە گەپ شۇ!…

تۆمۈر خـۇشاللىقىدىن نـېمە قىلـىشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى.

شۇ ۋەقەدىن كېيىن، تۆمۈر بىلەن ئەشىم بەرگى ئۈرۈكى تەرەپتىن يوشۇرۇنچە ئىككى قېتىم بېرىپ، بىر قېتىم ئايزادىنى كۆرۈپ كېلىشتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قىزنىيار تەرەپتە ئايزا- دىنىڭ ئولتۇراقلىشىپ قالغان قېرىندىشى بار ئىكەن. ئۇ قارا باغىش ئۈرۈكىدىن بولۇپ، خېلى دۆلەتمەنمىش. يامغىر بازارغا ھەر قېتىم كەلگىنىدە، مۇشۇ قېرىنداشلىرىنىڭكىدىن كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئەكېتىدىكەن. ئۆزئارا ئالدى ـ بەردىلىرى خېلى كۆپ ئوخشايدۇ…

تۆمۈر چىشىنى چىشىغا بېسىپ يۈردى.

كەچ كۈزدە، ئايزادە تەگرىبەردىنىڭ بوسۇغىسىنى ئاتلىدى.

ئارقىسىدىن قولباتىر باشچىلىقىدىكى يىگىرمە بەش كىشى يامغىر بىلەن بىللە قوغلاپ كەلدى. قولدەنباي ئۈرۈكى خۇددى مۇشۇنى كۈتۈپ تۇرغاندى. قولباتىر قىشلاقنىڭ يۇقىرى تەرىپىد- گە كېلىپ، قامچىسىنى تىرەپ:

— ھـاي، بېكنەزەر بـاتۇر! بـۇياققا چىق! — دېدى ۋارقىراپ.

بېكنەزەر توپتوغرا يامغىرنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— چاقىرغانىدىڭ، مانا چىقتىم، قۇدا.

— نەدىكى گەپنى ئېيتىۋاتىسەن، باتۇر. كىم قۇدا؟ مەن قىزىمنى ئىزدەپ كەلدىم، تەكەببۇرلىشىپ كېتىپسىلەر. بولمىد- سا، شۇنداق قىلامتىڭلار؟ يوغانچىلىق قىلمىسا، بۇ يىگىت باشقا يەرگە ماقۇللىشىپ قويغان قىزنى ئېلىپ قاچامتى؟ قېنى جاۋاب

بەر! — دېدى يامغىر خورلانغان كىشىدەك.
— يامغىر ئاكا، قېنى ئاتتىن چۈش، هەرقانچە گېپىڭ بولسىمۇ، ئاتتىن چۈش، گەپلىشەيلى.
يامغىر قۇلاق سالمىدى:
— نەدە هېلىقى دىلئازار؟!
— هە، بۇ باشقا گەپ. قېنى ئەمدى يۈر. بولغان ۋەقەنى قىزنىڭدىن ئاڭلا.
ئايزادە قىز - كېلىنلەر بىلەن لىق تولغان سارايدا ئىدى. چوڭ - كىچىك هەممەيلەن ئۇلارغا قاراپ قېلىشتى.
— يامغىر، قېنى سورا، سوراشقا هەققىڭ بار. تېنى ئەمەس، سۆڭىكى سېنىڭكى، بېشى ئوچۇق قىزنى زورلاپ ئېلىپ قاچقان يىگىتكە جازا — ئۆلۈم! بۇنىڭغا هېچكىم ئارىلاشمايدۇ. ئۇكام ئۇنى ئەكەلدى، ئەگەر ئۇ زورلاپ ئېلىپ قاچقان بولسا، هېچ نەرسە دېيەلمەيمىز. مېلى كەتكەن مال ئالىدۇ، پۇلى كەتكەن پۇل ئالىدۇ. سوراپ باق.
ئايزادە چىمىلدىقتا ئىدى. يېقىنراق كېلىشتى. بېكىنەزەر شەرەتلەپ، سورا، دېدى. باشقىلار ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ كۆزىتىشكە باشلىدى.
— ئايزادە! — دېدى يامغىر. ئۇ جاۋاب بەرمىدى.
يامغىر يەنىمۇ قاتتىقراق چاقىردى:
— ئايزادە، مۇشۇ يەردىمۇ سەن؟ نېمىشقا ئاۋازىڭ چىقمايدۇ؟ مەن داداڭمەن. جاۋاب بەر!
— شۇ يەردىمەن، — دېدى ئايزادە تىترىگەن ئاۋازدا.
هەممىسى جىم بولۇپ قالدى. نېمە دەيدىكىن؟ ياشلىق قىلىپ قويغىنىدىن پۇشايمان قىلىسىچۇ؟…
— زورلاپ ئەكەلدىمۇ؟ ئوغرىلاپمۇ؟
ئايزادە خېلىغىچە ئۈندىمىدى. قولباتىر نېمىدىندۇر گۇمانلىنىپ، بىئارام بولۇشقا باشلىدى. بېكىنەزەر خىجىل بولدى.

يەنە سورا، دەپ يامغىرغا ئىشارە قىلدى.
— ئايزادە! قورقما، قاراغىم! بۇ يەردە مەن تۇرۇۋېتىمەن. زورلاپ ئەكەلگەن بولسا، توغرىسىنى ئېيت، قورقما، قىزىم.
ئايزادىنىڭ تىترىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.
— ياق...
— ئالداپ ئەكەلدىمۇ؟...
— ياق...
يامغىر نومۇستىن يەرگە كىرىپ كەتتى.
ئەتراپتىكى ئادەملەر كېلىنگە دۇئا قىلىشتى. ھەممىسى خۇشال ئىدى.
— ئايزادە! ئاناڭ شورلۇققا نېمە دەيمەن؟ — دېدى يامغىر كېتىۋېتىپ.
— دۇئايىمنى بەرسۇن! — دېدى ئايزادە.
يامغىرنىڭ قولتۇقىدىن تاۋۇزى چۈشۈپ كەتتى...

× ×

تاشلاقنى بۇ يەردىكى ئاھالە تۆمۈر دەپنە قىلىنغان جايدەك، ئەزىز ۋە مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ياشلىقى مۇشۇ يەردە ئۆتكەن. خۇددى شۇ يەردە زىياپىتى، تويى ئۆتكەن، ئايزادىنى ئېلىپ قېچىپ، ئېغىزغا چىققان. مانا، بۈگۈن تۆمۈرنىڭ ئاخىرقى مەرىكىسىمۇ تاشلاقتا ئۆتۈۋاتىدۇ. ئاياللار يىغلىشىپ، قېرىنداش - ئۇرۇقلىرى ئەتراپىنى ئايلىنىپ، مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاخىرقى دۇئا - تەكبىرنى ئوقۇشماقتا.
ئايزادىنىڭ قارىسىنى ئوشتۇش شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.
يامغىر خوتۇنى بىلەن تۆمۈرنىڭ مەرىكىسىگە كېلىپ كەتكەنىدى. ئۇ چاغدا، قىزىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قۇدىسىغا ئېغىز

ئاچمىدى. كېيىنچىرەك يامغىر ئۈچ ـ تۆت ئەر كىشى ۋە خوتۇن خەقلەر بىلەن كەلدى. ئايزادىنىڭ ئۈچ يىل داۋامىدا كىيگەن قارا كۆڭلەكلىرى ئوتقا تاشلىنىپ، ئاتا ـ ئانىسى ئەكەلگەن ئاق كۆڭلەك كىيدۈرۈلدى ۋە بېشىغا ئاق رومال سېلىندى. بۇ قارىلىقنىڭ سۇندۇرۇلۇشى ئىدى. ئەمدى قېيناتا ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى كېلىنگە رۇخسەت بەرسە بولاتتى. ئەگەر قېرىنداشلىرىدىن بىرەرىگە نىكاھ قىلىپ قويسىمۇ يول مۇشۇلارنىڭكى. يامغىر گەرچە تەڭرىبەردىگە ئوچۇق ئېيتمىسىمۇ، لېكىن يۈرۈش ـ تۇرۇشى، مۇئامىلىسى بىلەن شورپېشانە ئايزادىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا بېشارەت قىلدى. تەڭرىبەردى بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشنى ئويلىمايتتى. بۇنى كۆرۈپ يامغىر پىغانى ئۆرلەپ تولىمۇ ھەيران بولدى.

يولغا چىقىشتىن بىر كۈن بۇرۇن خوتۇنى ئىككىسى تەڭرىبەردىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى.

— قۇدا، — دەپ تەستە گەپ ئاچتى يامغىر. خوتۇنى ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلىدى. تەڭرىبەردى قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكنى سېزىپ روھى چۈشكۈن ئولتۇردى.

— قۇدا... خۇدا قوشقان قۇدا ئىدۇق. تەقدىر ئىكەن، خۇدا يەنە بىزنى ئايرىدى، — يامغىر ئۆزىنى باسالمىدى، — ئۆرگۈلەي، قۇدا. سەنمۇ ئۇنىڭ ئاتىسىسەن. ئۇ تېخى ياش، شۇ تەرىپىنى ھېسابقا ئال. شورلۇق ئايزادىگە رۇخسەت قىل.

جاۋاب بېرىش ئورنىغا تەڭرىبەردى يىغلىۋەتتى. يامغىرمۇ ئۆزىنى تۇتالماي، ئۇنى باغرىغا بېسىپ ھۆڭرەپ يىغلىدى:

— ئايلىناي، جېنىم قۇدام...

سىرتتىن سەنەم موماي كىردى:

— ۋاي شورىمەي، تۆمۈر ئەمدى پۈتۈنلەي ئۆلىدىكەن ـ دە، ۋاي شورۇم...

تەڭرىبەردى گەپنى بۆلدى:

— ياق، قۇدا. بۇ سۆزنى ئاغزىڭغا ئالما. تۆمۈردىنغۇ ئاي-رىلدىم، لېكىن كېلىنىمدىن تىرىك ئايرىلمايمەن. ھەي، قۇدام! ئۇنچىلىك تاش يۈرەكلىك قىلما! بېشىنى باغلايدىغىنى يوق دەمسەن؟

— قۇدا ... ئايلىناي قۇدا، — دەپ يامغىر باشقا گەپ ئېيتالماي قىينىلاتتى.

بۇنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان گۈلكىشى ئوتتۇرىغا چۈشتى:

— قۇدىلار، يىغا ـ زار قىلماي، بولىدىغان گەپنى كېلىشى-ۋالايلى. ئوتتۇرىغا ياش بىر كېلىنىنىڭ تەقدىرى تۇرۇۋېتۇ. يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىش كېرەك. توغرا، يامغىر، سەن ئۇنى ئەكې-تەلمەيسەن. تەڭرىبەردى تاغا، بىرەر يەرگە ماقۇللاشماي تۇرۇپ، بېشىنى ئاچمايمەن دېيىشىڭىز توغرا ئەمەس...

گۈلكىشىنىڭ گېپى قۇدىلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. ئوتتۇ-رىدىكى غەم ـ ئەندىشە، ئىززەت ـ ھۆرمەت يوقىلىپ، ئاچچىق تەنە گەپلەر ئېيتىلىشقا باشلىدى:

— قويۇڭلار، قۇدىلار، يامان گەپ قىلىشماڭلار. ياق، سەن، يامغىر، بىھۇدە گەپ قىلمىدىڭ، توغرا ئېيتتىڭ. قىزىڭ ئالدىدا ئاتىلىق بۇرچۇڭنى ئادا قىلىۋاتىسەن. باشقىلارمۇ خۇددى شۇنداق قىلغان بولاتتى.

يامغىر موك چۈشۈپ يىغلىدى.

— سەن، تەڭرىبەردى تاغا، كېلىننى ئېلىپ قالماقچىكەن-سەن، ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئويلا. بولمىسا، بەختىگە زامىن بولما.

تەڭرىبەردى گۈلكىشىگە غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى:

— سەنچۇ؟! سەن ئويلىمامسەن؟

گۈلكىشى خىجالەت بولۇپ:

— ئويلايلۇق، ھەممىمىز ئويلاپ كۆرەيلۇق، — دېدى.

تاشقىرىدا تۇرغان ئايزادە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆز يېشى قىلدى. پولات ئادەتتە يەڭگىسىنىڭ يىغلىغىنىنى ئانچە كۆرمىگىنى

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇنمۇ، ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ چاچلىرىنى ئويناپ تۇراتتى. ئۆيدە ماجىرا داۋام قىلىۋەردى.

— يەڭگە، سىنى ئەكېتىشەمدۇ؟ — دەپ نارازى بولۇپ سورىدى پولات.

— بىلمىدىم، — دېدى ئايزادە. ئۇ، كۆز يېشىنى يېڭى بىلەن ئېرتىپ، بالىنىڭ پېشانىسىدىن سىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ تەقدىرىنىڭ قانداق بولۇشى تېخى مەلۇم ئەمەس ئىدى. گۈلكىشىنىڭ گەپلىرىنى ئىككى قۇدا ئىلىك ئالمىدى. ئاخىر ئۇلار بۇ ئىشنى قىشلاقنىڭ ئاقساقاللىرىنى چاقىرىپ ھەل قىلىشنى لازىم تېپىشتى.

ئەتىسى ئادەملەر توپلاندى. گۈلكىشىمۇ كەلدى. يامغىر بىچارە كىچىككىنە قوڭۇر ساقىلىنى سىلاپ، ئىلتىجا بىلەن بۇ يەرگە يىغىلغانلارغا بىرمۇبىر قارايتتى. ئۇ قىزىنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ھەتتا قىشلاقنىڭ ئىتىغىمۇ يەر سۆيۈپ تەزىم قىلىشقا تەييار ئىدى.

— سادىغاڭ كېتەيلەر... ئويلاپ كۆرۈڭلار. سادىغاڭ كېتەيلەر.

بىكىنەزەر ئاقساقاللارنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. ھازىر ئۇنىڭ باشقا قېرىنداشلىرىدىن پەرقى يوق ئىدى. بېشىدا تەلپەك، ئايىغىدا كۆن ئۆتۈك، شىم، قولىدا ئون ئىككى ئۆرۈملۈك قامچىسىدىن باشقا قورالمۇ يوق ئىدى.

يامغىر كۆپچىلىك ئالدىدا دەردىنى ئېيتتى. قىزىنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ، ئۇۋۇسىغا يىلان كىرگەن قۇشقاچتەك زارلاندى.

— ئەھلى مۇسۇلمان، ھەممىڭىزلار بىلىسىلەر، بالاڭلار قىزىمنى ئەپقېچىپ كەلگەنىدى. شۇ ۋاقىتتا قېرىنداشلىرىم بىلەن ئارقىدىن قوغلاپ كەلدىم. بىراق، ئاۋۋال قىزىم، ئۇنىڭدىن كېيىن بىكىنەزەر باتۇر ئاچچىقىمدىن قايتۇردى. يالغان بولسا بىكىنەزەر ئېيتىپ باقسۇن؟ تىزگىنىمگە يېپىشىپ: «ئۇرۇقلار

ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالما، توپىلاڭ چىقارماي، دۇئايىڭنى بەر» دېگىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزىنى قايتۇرالمىغانىدىم. نېمە چارە، تۆمۈرنىڭ ئۆمرى قىسقا ئىكەن، جەڭدە قازا قىلدى. ماڭا بېكىنەزەرنىڭ بىر ئېغىز سۆزى كۇپايە، «كېتىۋەر، قىز بىزنىڭ-كى» دېسە، غىڭ قىلماي يولۇمغا ماڭىمەن. يالغۇز قىزىمغا كۆيىمەن، بىچارە كۆڭلىگە ياقمايدىغان كىشىگە چۈشۈپ، خار بولمىسۇن، دەيمەن...

يامغىرنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ھېچكىم لام - جىم دېمىدى. ھەممىنىڭ كۆزى تەڭرىبەردىدە ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ ئولتۇراتتى.

— خوش، نېمە دەيسەن، تەڭرىبەردى؟ — دېدى ئاقساقال-لاردىن بىرى، — سۆزلە، كېلىنچەك ساڭا قاراشلىق. ھەممە نېمە ساڭا باغلىق بولۇۋاتىدۇ.

تەڭرىبەردى ئاۋۋالقى سۆزىنى يەنە تەكرارلىدى:

— مەن تۆمۈرۈمدىن ئايرىلدىم، ئەمدى كېلىنىمدىن ئايرى-لىشقا رازىلىقىم يوق. تۆمۈرۈم ئۆلگەن بولسا، پولاتىم بار.

ئولتۇرغانلار بىر - بىرىگە قاراشتى، يامغىرنىڭ كۆزى ئالاقزادە ئىدى.

— يىگىت ئون ئىككىدە، قىز بالا توققۇز ياشتا بالاغەتكە يېتىدۇ. بۇ يىل پولات ئون ئىككى ياشقا كىرىدۇ. نىكاھ راۋا بولىدۇ، پولاتقا نىكاھ ئوقۇتىمەن...

ھەممە جىمجىت. بېكىنەزەرنىڭ كۆزلىرى تەڭرىبەردىگە قا-دالدى. تەڭرىبەردى ھۆمۈدەپ ئورنىغا ئولتۇردى.

— بولمايدۇ! — دېدى بېكىنەزەر يۈز - خاتىر قىلماستىن.

ئولتۇرغانلار بىئارام بولۇشتى.

— بولمايدۇ، ئوغلۇڭ كېلىنىڭ يېرىم يېشىدا، بويىمۇ، ئويىمۇ باشقا. سەن ئىككى كىشىنىڭ ئۇۋالىغا قالىسەن. ھەي، تاغا، خۇداغا قاراپ گەپ قىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تەڭرىبەردىنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى:

— قايسى خۇداغا قاراي. ماڭا خۇدا يول بەردى. خۇدانىڭ شەرىئىتى يول بەردى.

— بولمايدۇ دېدىممۇ، بولمايدۇ!

— بېكنەزەر! بېكنەزەر! هاي بېكنەزەر، مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشما. تۆمۈرنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ، ئۆلتۈردۈڭ، ئەمدى يېتەر. هەي، تەڭرىم، قېرىنداشقا خار قىلغۇچە، ئامانىتىڭنى ئالساڭ بولمامدۇ؟

ئادەملەر ئۇياق - بۇياندىن گەپ قىلىشىپ تەڭرىبەردىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشتى. بەزىلەر بېكنەزەردىن رەنجىگەن بولۇشتى. يامغىرنىڭ پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. كېكەشنىڭ قانداق تۈگەيدىغانلىقىغا ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەي قالدى. گۈلكىشى ئاغزىنى ئېچىپ:

— قېنى، نېمە دەيسىلەر؟ — دېدى.

بېكنەزەر ئولتۇرغانلارغا دىققەت بىلەن قارىدى. بىر ئاقساقال تەمشىنىپ قويدى. قارىغاندا، ئۇ تەڭرىبەردىگە قارشى، شەرىئەتكە قارشى گەپ قىلىشنى ياقتۇرمىغاندەك قىلاتتى.

— بوپتۇ، كېلىن كېلىپ ئۆزى سۆزلىسۇن، ئۇ نېمە دېسە، شۇنداق بولسۇن! — دېدى بېكنەزەر.

ئايال كىشىنى ئەرلەر بار يەرگە چاقىرىش ئەدەپسىزلىك بولماسمۇ؟ كىممۇ خوتۇن كىشىنىڭ سۆزى بىلەن ئىش قىلسۇن؟ بۇ مۇقەددەس ئادەتكە خىلاپ! خوتۇن كىشىنىڭ ئەقلى نېمىگە يېتەتتى! بولمايدۇ! لېكىن، بېكنەزەرنىڭ قىلالمايدىغان ئىشى بارمۇ! شۇلارغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمىسە، بۇيەردە نېمە قىلىپ يۈرىدۇ؟! ئۇ بىر سۆزلۈك. بارنى بار، يوقنى يوق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن باتۇر - دە!...

بېكنەزەرنىڭ قارىشىغا، غەزىپىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئادەملەرنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىلغا كىردى.

— مەيلى كەلسۇن...
— ئۆزى ئېيتىپ باقسۇن.
— ئۆزى ھەل قىلسۇن.
گۈلكىشىنىڭ خوتۇنى ئايزادىنى باشلاپ كەلدى. ئۇنىڭ بۇ- يەرگە كېلىش بولۇپ چۈشكىنىگە ئۈچ يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمىگەنىدى. ئۇ ھايا بىلەن ئاستا بىر تەرەپكە ئولتۇردى.
ئاقساقاللاردىن بىرى ئاياللار تەرەپكە قايرىلىپ قاراشنى ئەپ كۆرمەي، يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلدى:
— قىزىم، بۇ يەردە سېنىڭ تەقدىرىڭ ھەل بولۇۋاتىدۇ. نېمە گەپلىكى ئۆزۈڭگە مەلۇم، ئۆزى ئوچۇق ئېيتسۇن، دەپ سېنى چاقىردۇق. قېنى نېمە دەيسەن، چىراغىم؟...
رومالغا ئورىنىۋالغان ئايزادە جاۋاب بەرمىدى. ھەممىسىنىڭ كۆزى شۇنىڭدا ئىدى. ئايزادە ئۈندىمەي ئولتۇراتتى. گۈلكىشى- نىڭ خوتۇنى چىدىمىدى:
— قوزام، ئېسىڭنى يىغىۋال، ئوچۇقىنى ئېيت! — دېدى.
رومال ئىچىدىن ئېغىر خورسىنىش ئاڭلاندى.
— ئايزادە... ئايلىنىپ كېتەي، ئايزادە. تارتىنما، ئېيتى- ۋەر، قوزام.
— ھە، نېمىشقا قىستايسىلەر؟ گەپ قىلمىسا ئىختىيار ئۆزىدە، — دېدى قابىل. توپلانغانلار ئارىسىدا شىۋىر - شىۋىر باشلاندى. يامغىر ۋارقىرىۋېتىشكە ئازلا قالدى.
شۇ چاغدا، ئايزادە ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ يۆتىلىپ سۆز- لەشكە تەييارلانغان زامان ئادەملەر جىم بولۇپ قالدى.
— مەن ... — ئايزادىنىڭ ئاۋازى غەمكىن چىقتى، — مەن بۇ سارايغا سېتىلىپ ئەمەس، سۆيگەن كىشىم بىلەن ئىختىيارىي كەلگەنمەن. مۇشۇ ئۆيدە ئۆسۈپ، گۈللەپ، قېرىپ، مۇشۇ ئۆيدە ئۆلەرمەن، دەپ كەلگەنىدىم...

ئايزادە توختاپ قالدى، يىغا گېلىنى بوغۇپ، گەپ قىلىشقا قويماۋاتقانغا ئوخشىشاتتى. گۈلكىشىنىڭ خوتۇنى قىزغا تەسەللى بېرىپ:

— سادىغاڭ كېتەي، گەپ قىلمۇر، توختىما، — دەپ شۇۋرلىدى. ئايزادە ئەندىكىپ:

— ئۆنىڭ روھىنى، ئەرۋاھىنى ھۆرمەت قىلىمەن، ئاتىسىنى، ئانىسىنى خاپا قىلىش مەن ئۈچۈن نومۇس. ئاتام چىن دىلى بىلەن ماڭا رۇخسەت بەرسە، بەرسۇن. بەرمىسە بۇلارنى يىغلىتىپ، قاقشىتىپ كېتەلمەيمەن…

تەڭرىبەردى:

— ھە، ئۆرگۈلەي قاراغىم! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

يامغىرنىڭ لەۋلىرى كۆكىرىپ، قاتتىق ئارسىندى…

— بىراق، قېيناتام مېنى كىچىككىنە بالىغا نىكاھ ئوقۇتۇپ قويىمەن، دېمىسۇن. بۇ بالا تۆمۈرنىڭ ئۆكىسى، دېمەك، ئۇ مېنىڭمۇ ئۆكام بولىدىغۇ؟ ئۆكام بولۇپ تۇرۇۋەرسە. بالامدەك ياخشى كۆرگەن بىر جىگىرىمگە نىكاھ ئوقۇتۇش پىكرىدىن ياندۇسۇن. مەن كەتمەي، چېچىمنى تۇرۇپ، تەلپەك كىيىپ، تۆمۈرنىڭ ئورنىدا تۆمۈردەك خىزمەت قىلاي. كىچىك بالا ئۆسىدۇ، يىگىتلىك دەۋرىگە يېتىدۇ، شۇ چاغدا، ئۆزىگە مۇناسىپ قىز تېپىلسا، پولاتنى ئۆيلەندۈرەيلى. مەنمۇ خىزمىتىدە بولاي. ئاكىسىنىڭ يوقلۇقى بىلىنمىسۇن، بەلكىم شۇ چاغدا ئاتام مېنى كەچۈرەر…

خالايىق ئايزادىنىڭ گېپىگە ھەيران قالدى. يامغۇرمۇ، تەڭرىبەردىمۇ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەيتتى. باشقا قېرىنداشلىرىغا قارىغاندا، قابىل تەڭرىبەردىگە ئاتا تەرەپتىن يېقىنراق ئىدى. ئۇ ئايزادىنىڭ تۇرمۇشقا چىقىشتىن باش تارتىۋاتقىنىنى پەملەپ غودۇردى.

— نېمە، بالاغەتكە يەتكەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بىرەر لايە-

قى يوقمىدى؟

ئايزادە رومىلىنى قايرىپ، يۈزىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئادەت-
تە، ئەر كىشىلەرنىڭ ئالدىدا، قېرىلارنىڭ ئالدىدا كېلىنچەكلەر
يۈزىنى ئاچماسلىقى لازىم ئىدى. ئەمما ئۇ چىداپ تۇرالمىدى.
ئۆرپ - ئادەتكە قارشى ئىش قىلدى. ھە، ئەتەيلەپ شۇنداق
قىلدى. ئايزادە ھازىرقى ئېيتقان سۆزىدىن قايتماسلىقنى مۇشۇ
يول بىلەن كۆرسەتتى.

— ئار - نومۇسنى بىلىدىغان كېلىن ئىدىم، نېمە چارە،
پېشانەمدە بار ئىكەن. ھېچكىمدىن خاپا بولمايمەن. بۈگۈندىن
باشلاپ مەن مۇشۇ قىشلاق ئەھلىنىڭ كېلىنى ئەمەس، ئەڭ يېقىن
قېرىندىشى بولىمەن. ئەگەر ئاتام بۈنى ئەپ كۆرمىسە، مەن ئاتام-
دىن خاپا بولىمەن. ئۇ چاغدا، كېتىشكە توغرا كېلىدۇ… بېشىمغا
قامچا ئەمەس، ئۆلۈم كەلسىمۇ تىك تۇرىمەن. ئۆلۈم بەختلىك
كىشىنىڭ بەختىنى، شورلۇق ئادەمنىڭ شورىنى قۇرۇتىدۇ. ئۆ-
لۈم مەندەك شورلۇقنى تىرىكلىك ئازابىدىن خالاس قىلىدۇ.

ئاقساقاللار لام - جىم دېيىشمىدى.

بېكنەزەر ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئىش توگىدى! ئۇنىڭ سۆزى قانۇن…

## 3

«باتۇر ئۇشبۇ سۇتتەك ئاق قەغەز ئارقىلىق بارغان
دۇئايىسالامنى ئۇلۇغ ئاكىمىز ئابىلدىن دەپ بىلگەيسىلەر.
ئۇزۇندىن بېرى، سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس. تەڭرىبەردى
ئاكىمىزنى ئېلىپ بىر كېلىپ كەت، باتۇر، ئۆزۈڭگە دەيدى-
غان، مەسلىھەتلىشىدىغان گېپىم بار.»

ئىشەنچلىك يىگىت ئابىل تۆرىنىڭ بۇ مەكتۇپىنى بېكنەزەر

باتۇرغا تاپشۇردى. قىرىق ئوغۇل ئۇرۇقىنىڭ تۆرىسى ئەسلەپ چاقىرىۋاتقانىكەن، دېمەك، بىر گەپ بار. تەخرىبەردى بېرىشقا باھانە تاپالماي يۈرەتتى. «ئەتەي ئۇلۇغ بېشىنى كىچىك قىلىپ، مەسلىھەتكە چاقىرىپ تۇرسا، بارماسلىق ياخشى ئىش ئەمەس. يادىڭدا تۇت. يولىدىن ئېغىپ كەتكەن كىشى ئەلنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇ كېسەل ئىكەن. تىرىك ۋاقتىدا ھالىدىن خەۋەر ئالماي، ئۆلگىنىدە يىغلىغاننىڭ پايدىسى يوق. دەرھال ئاتلان. سىلەر بارمىساڭلار ئۆزۈم بارىمەن» دەپ بېكنەزەرنى قىستىدى.

بەلگىلەنگەن كۈندە بېكنەزەر بىلەن تەخرىبەردى ئابىل تۆرىنىڭ ئۆيىگە باردى.

ئابىل تۆرە ساق ئىدى. ئۇ ياتقان يېرىدىن تۇرۇپ، قارا مەخمەل دوپپىسىنى كىيدى، كېسەل كىشىدەك ھالسىز ھالدا كۆزلىرىنى قىسىپ، مېھمانلارنى قوبۇل قىلدى. ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— ئېھ، تېنىڭ ساق ۋاقتىدا قېرىنداشنىڭ ئۆياقتا تۇرسۇن، خۇدامۇ ئېسىڭگە كەلمەيدىكەن، — دېدى ئۇ، — تەنىنىڭ ساقلىقى چوڭ بايلىق ئىكەن. قاچانكى بېشىڭ ياستۇققا تەگسە، شۇ چاغدا يېقىن بىلەن يىراقنىڭ پەرقى بىلىنىپ، دوستىنىڭ قەدرى ئۆتۈلىدىكەن، تەخرىبەردى ئاكا.

تەخرىبەردى چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن تىزىنى يۆگەپ تۇرۇپ مىدىرلاپ قويدى.

— راست دېدىڭىز، بېگىم. قېرىنداشلار ئۆزئارا قېيىدىشىپ قالسىمۇ، ھامان بىر كۈنى بىر - بىرىنى ئەسلىشىدۇ.

— ئۆز قولىنى ئۆزى كېسىپ تاشلىغىلى بولمايدۇ، تەخرىبەردى ئاكا. بىز ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە دوستلارنى ئىزدەيلى. ھازىر ياش بالىلارنى يامان يولدىن توسۇشاق گېپىمىزنى ئاڭلىمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئاخىر زامان يېقىنلىشىپ قالدىمۇ،

ئىشقىلىپ، ھازىرقى ياشلار گەپ ئاڭلىمايدىغان بولۇپ كەتتى.

تەڭرىبەردى بۇ ئاكا - ئۇكىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىقتىن ئوڭايسىزلىنىپ، يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى.

ئابىل تۆرە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ياش باللار قېرىنداشنىڭ قەدرىگە يەتمىسە، مەيلى، ئىلاجىمىز يوق، تەڭرىبەردى ئاكا. بىر پۇتىمىز گۆرگە ساڭگىلاپ، كېسەل بىلەن ئېلىشىپ ھالىمىزدىن كەتكەن ۋاقىتتا، سىز بىلەن ماڭا قېرىنداشلىق مېھرى كۈچ - قۇۋۋەت بولىدۇ. ئاخىر، بىزمۇ بىر ۋاقىتلاردا ياش ئىدۇق.

بېكنەزەر نېمىشقىدۇر قورۇنۇپ، ئۈندىمەي ئولتۇراتتى. ئۇ، ئابىل تۆرىنىڭ ئەتەي شۇنداق ياتقىنىنى ئىشىكتىن كىرىپلا سەزگەنىدى. بېكنەزەر شارائىتقا قاراپ، ھەرقانداق نەرسىنى ئەقىل تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ھازىر تۆرىنى ئالايىتەن يوقلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، سۆھبەتنىڭ ئورامىغا بېقىپ جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك.

— بەگ ئاكا، ئاڭلىماپتىمىز. چاقىرمىسىڭىزمۇ كېلىپ، ھال - ئەھۋال سوراش بۇرچىمىز بار ئىدى، كەچۈرۈڭ.

ئابىل تۆرە ئەپسۇسلانغاندەك:

— ئاردىن مېھىر - مۇھەببەت كۆتۈرۈلگەن - دە! — دېدى.

— ئۇچى ئاچماق بولىمۇ، تۈۋى بىر، — دېدى بېكنەزەر، — ئەسلىي بىزنىڭ جەمەتىمىز بىر. بىراق، «بەگنى قول دېسە كۆلگۈسى، قولنى قول دېسە ئۆلگۈسى كېلەر» دېگەن گەپ بار، پەنساد ئاكا. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدەك پۇقرانىڭ بېشىمىزغا قامچا تەڭلەنسە، ئۇ بىزگە قىلىچتەك كۆرۈنىدۇ. بۇنداق ئىش بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە داغ چۈشۈرۈپ، غەزىپىمىزنى كەلتۈرىدۇ.

قىمىز تولدۇرۇلغان گۈللۈك كۈمۈش تاۋاق قولدىن - قولغا

ئۆتۈپ تۇراتتى.

— سۆزلەۋەر، باتۇر، كۆڭلەكنىڭ كىرى يۇسا چىقىپ كې-تىدۇ، كۆڭۈلنىڭ كىرى سۆزلىسە تۈگەيدۇ.

— ئېيتمىسامۇ ھەممە ئىش ئېنىقققۇ، پەنساد ئاكا. بىزنىڭ بەگلىرىمىز بىلەن يۇرت چوڭلىرى ۋاقتى كەلگەندە، كۆڭلىدىكىد-نى سۆزلىمەيدۇ. ئۆز يۇرتىنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ. ھەممە گەپ شۇنىڭدا.

ئابىل تۆرىنىڭ كۆزلىرى يالت قىلىپ ئېچىلدى، گەپنىڭ تېگىگە يەتتى، ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەييارلارچە كۈ-لۈمسىرىدى:

— خان پۈتۈن ئەلنىڭ بېشى، كۆزى. ئەلگە باشلىق لازىم، شەرىئەت يولىنى تۇتقان ھۆكۈمدار زۆرۈر. باشلىقسىز ئەل توز-غاقتەك توزۇپ كېتىدۇ. ئوردىغا قىلغان ھالال خىزمىتىمىز مۇقەددەس تەخت ئالدىدىكى قەرزىمىزنى ئادا قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۆلەتتە بىزگە ئوخشىغان ئۇرۇق - ئايماقلار كۆپ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چاتاق چىقىرىۋەرسە، ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟

— توغرا، شۇنداق بولمىسۇن، دەپ ناھايىتى كۆپ خىزمەت قىلدۇق. ئوردىدىكىلەرنى ئات بولۇپ كۆتۈردۇق. ئەسكەر بولۇپ دۈشمىنى بىلەن ئېلىشتۇق. گۆش بولۇپ داستىخىنىغا قويۇل-دۇق. تېرىمىزنى شىلىپ چاپان قىلىپ كىيدۈردۇق. شۇنداق بولسىمۇ، كۆرگەن كۈنىمىز مۇشۇنچىلىكقۇ. خۇددى سۈسىز، پەرۋىشسىز قېلىپ، قاقشال بولۇپ كەتكەن يايلاقتا ئوخشايمىز. بىز غۇ مۇقەددەس تەخت ئالدىدىكى پۇقرالىق بۇرچىمىزنى ياخشى بىلىمىز. ئەمما نېمە ئۈچۈن ئاشۇ تەخت ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ پۇقرا ئالدىدىكى بۇرچىنى بىلمەيدۇ؟ پۇقرا دېگەن ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئىتقا قوغلىتىپ، بۆركۈتكە ئالدۇرىدىغان ئولجىمىكەن؟

ئابىل تۆرە بېشىنى مىدىرلىتىپ، تاۋاقتىكى قىمىزنى ئى-

چىشىنىمۇ، ئىچمەسلىكىنىمۇ بىلەلمەي خىيال سۈرۈپ قالدى. ئۇ نېمىدەپ جاۋاب بېرەلەيتتى؟ ھەتتا تەڭرىبەردى ئاقساقالمۇ ئۈنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. گۇناھ ئابىل تۆرىدىمۇ ياكى بېكنەزەردىمۇ؟ بۇنىڭغا تەڭرىبەردىنىڭ زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى.

— سۆزۈڭ ئورۇنلۇق، باتۇر ئىنىم، — دېدى ئابىل تۆرە، — خەلقتىن ئەھۋال سورىمىغانلىق مۇبارەك تەختنىڭ ئەيىبى ئەمەس. بۇ، ئوردىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ بىغەملىكىنىڭ ئاقىۋىتى.

— خوش، ئۇنداق بولسا ئاشۇ قۇتلۇق تەختنىڭ ئىگىسى كىم؟!

ئابىل تۆرە بېكنەزەرگە تىك قارىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ مۇشۇ سوئال قىيناۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئېھتىمال ... — دېدى ئابىل تۆرە، — ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى. خەلققە، يۇرتقا بىپەرۋا قارىغان كىشىنى خۇدا ئۆزى جازالايدۇ. كىم بىلىدۇ، بەلكىم، ئوردىدىكىلەرمۇ بۇ ھەقتە ئويلاۋاتقاندۇر، ئەقىلسىز باش ھامان بىر كۈنى يەلكىدىن ئاجراپ كېتىشى مۇمكىن.

بېكنەزەر بۇ گەپكە قوشۇلدى:

— ئېھتىمال...

بېكنەزەرگە نېمە بولغاندۇر؟ نېمىشقا دۇئا ئوقۇۋاتقان باخشىدەك جىمىپ قالدى؟ ئابىل تۆرە بۇنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتى بىكارغا كەتمىگەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلدى.

ئابىل تۆرە ئوردىدىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ھېچ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەي قايتىپ كەتكەنلىكىنى يادىغا ئالدى. تۆرە شۇ كۈندىن باشلاپ كەمتەرلىك بىلەن ئىش يۈرگۈزۈش يولىغا كىرىۋالغانىدى. ئۇ، ئادىمىگە قاراپ ئات مىندۈرۈپ، تون كىيدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاشۇ ۋاقىتتا بېكنەزەرنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان يىگىتلەر ئاستا - ئاستا تارقىلىپ كېتىشكەنىدى. بېكنەزەر ئۇلا-

www.uyghurkitap.com

رنى توختىتىۋېلىشقا ئۇرۇنمىدى. خان ياكى ئاق پادىشاھ تەرىپى-دىن هازىرچە چاقىرىق كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى توختىتى-ۋېلىشنىڭ هاجىتى يوق ئىدى. شۇ پەيتلەردە، يۇرت تىنچ، ئەل ئامان بولغانلىقى ئۈچۈن، بېكنەزەر ئانچە بەك تىركەشمىگەنىدى.

ئابىل تۆرە كۆزىنىڭ قىرى بىلەن بېكنەزەرگە قارىدى. هە، يالغۇز جەڭچى! قار باسقان تاغنىڭ كېيىكىدەك هويلامغا باش ئېگىپ كەلدىڭمۇ، دەپ ئويلاپ ئاچچىقىنى بېسىۋالدى. مەككار تۆرە يەنە ئۇنىڭغا قاراپ: ئالدىرىما! هازىرچە سەن ماڭا كېرەك-لىك ئادەمسەن. ياخشى گەپ بىلەن يىلان ئىنىدىن چىقار، يامان گەپ بىلەن پىچاق قىنىدىن، دېگەن گەپ بار، دەپ ئويلىدى.

ئابىل تۆرە ئەتىسى مەسلىھەتلىشىدىغان ئىشىنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى.

يۇرت ئاقساقاللىرى، تەجرىبىلىك بەگلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە تېز-لىكتە توپلاندى. تۆرىنىڭ قورسىقىدا نېمە گەپ بارلىقىنى هېچ-كىم بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ئاغرىپ قالدىم، دەپ باشقىلارنى كول-دۇرلىتىۋاتقانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

— يۇرتداشلار، — دېدى ئابىل تۆرە، — ئۇزاقتىن بېرى بىر قايغۇ دىلىمنى ئېزىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ مۇشۇ يەردىكى هەممەي-لەننىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش.

ئولتۇرغانلارنىڭ هەممىسى بۇ نېمە ئىش بولغىدى، دەپ ئۇنىڭغا قاراشتى. تۆرە بەكمۇ قايغۇرۇۋاتقان قىياپەتتە قاپىقىنى تۈرۈپ، هەممەيلەننى ئۆزىگە قاراتتى.

— رەهمەتلىك جاماتقۇل ئاكىمىز قانداق ئادەم ئىدى؟

بۇنى نېمىشقا سورايدىغاندۇر؟ تۆرغۇن كىشىلەر يەلكىسىنى قىسىپ قويدى. تۆردە ئولتۇرغان ئاقساقاللاردىن بىرى هېچ نەر-سىدىن خەۋەرسىز هالدا:

— بىچارە جاماتقۇل مۆمىن ئادەم ئىدى، — دېدى.

ئابىل تۆرە قايغۇلۇق هالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئاشۇ مۆمىن ئاكىمىزنىڭ دەسلەپكى نەزىرسى بېرىلىپ بولۇشى بىلەنلا، ھەممەيلەن ئۇنى ئەستىن چىقاردۇق.

ئولتۇرغانلار تۆرىنىڭ مەقسىتىنى ئەمدىلا چۈشەندى. كۆپ-چىلىك ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەشتى.

— ئۇ چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمەيدىغان كىشى ئىدى.

— ئۇنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مۆمىن بولۇپ ئۆس-تى. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا بار ـ يوقلۇقىمۇ بىلىنمەيدۇ. ئەل ـ يۇرتقىمۇ نەزىر بېرەلمىدى.

ئابىل تۆرىنىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشتى.

— سىلەرنى مۇشۇ ئىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكىلى چا-قىرغانىدىم. بالا ـ چاقىلىرى بۇ ئىشنى قىلالمىسا مەيلى. لېكىن بىز ئۇنىڭ يۇرتدىشى ئىكەنمىز، ئۇنىڭ روھىنى خۇش قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ ھەممىمىزنىڭ قېرىندىشى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھەممە نەزىرسىنى ئۆتكۈزىمىز.

جامائەت ئابىل تۆرىنىڭ سۆزىدىن ھېچقانداق گۇمانلىق نەر-سە ھېس قىلمىدى.

— توغرا، تۆرەم لىللا گەپ قىلدى، —دېيىشتى جامائەت،— قېرىنداش دېگەن ياخشى كۈندىمۇ، يامان كۈندىمۇ ئەسقاتىدۇ.

— نەزىر بېرىلسە، ئۇنىڭ نامى ئەل ئارىسىغا تارقىلىدۇ.

— جامانقۇل ئاكىمىزنىڭ نەزىرسىنى دۈشمەننى كۆيدۈرگۈ-دەك، دوستنى سۆيۈندۈرگۈدەك ئۆتكۈزەيلى. ئۇ تەرەپتىن ئالوي، ئۆزگەن، ئەنجان، مەرغىلانلارغا خەۋەر يەتكۈزەيلى. بۇ تەرەپتىن ئاقسىدىكى دانىشمەنلەرنى چاقىرايلى. بۇ يەردە ئولتۇرغان يۇرت چوڭلىرى بۇنىڭغا قوشۇلامسىلەر؟ — ئابىل تۆرە خورسىنىپ قوشۇمچە قىلدى، — يەنە تېخى سەرى ـ ئۆزە ـ چۆي، كۆلبىد-تى، قوچقار ۋىلايەتلىرىدىنمۇ مېھمان چاقىرساق بولاتتى. لېكىن يولىمىزنى رۇسلار تۇسۇپ قويىدى. بۇنىڭغا ئىلاجىمىز يوق ـ دە.

داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرغان كىشىلەر ئابىل تۆرىنىڭ پىك-

رىنى جان ـ دىلى بىلەن قوۋۋەتلەشتى.
— تۆرەم، — دېدى دۆمبۇ سەل دۇدۇقلاپ، — ئۇنداق بولسا خاننىمۇ تەكلىپ قىلايلى.
— ئېسىمىزدە بار، ئېسىمىزدە بار، دۆمبۇ، — دېدى ئابىل تۆرە، — نېمىلا بولمىسۇن، ئالتۇن تەختكە قۇللۇق بىلدۇرۇپ تۇرۇپتىمىز. ئەلۋەتتە ئىلتىماس قىلىشىمىز كېرەك.
ئابىل تۆرە بىردىنلا بېكىنەزەرنىڭ كۆزلىرىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ سۆزىنى توختىتىۋالدى.
بېكىنەزەر ئۈندىمىدى.
جامانقۇلنى كىم بىلمەيدۇ؟ ئۇ ئابىل تۆرىنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كەمتەر، ئاق كۆڭۈل كىشى بولۇپ، ئۆكۈز مىنىپ پادا بېقىشتىن باشقا ئىشنى بىلمەيتتى. تىرىك ۋاقتىدا ئابىل تۆرە ئۇنىڭغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىغانىدى. تىرىك ۋاقتىدا ئەسقاتمىغان جامانقۇل ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا نېمىشقا كېرەك بولۇپ قالغاندۇر؟ بەلكىم ئابىل تۆرە شۇ ئارقىلىق شۆھرىتىنى ئاشۇرۇپ، بىرەر نەرسىگە ئېرىشمەكچىدۇر. ئۇنىڭغا باھانە كېرەك. ئۇ، يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە ئوردا ئۈچۈن خېلى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. نامى خاننىڭ قۇلدىقىغا يەتتى. ئەگەر بۇ قېتىمقى مۇراسىم كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتسە، تۆرىنىڭ ئوردا ئىچىدىكى ھۆرمىتى يەنىمۇ ئاشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭ سۆزىنى يىرالايدىغان، ئۇنىڭ بىلەن تىزگىن تالىشىدىغان ئادەم قالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يۇرتنىڭ مۆتىۋەرلىرىنى خان ئەمەلدارلىرى بىلەن يۈزمۇيۈز ئۇچراشتۇرۇش كېرەك. بۇ ھەممىگە ئايان ئىش. رەھمەتلىك جامانقۇلنىڭ ئەرۋاھى ئۈچۈن بېرىلىدىغان نەزىر ئەنە شۇنداق نازۇك سىياسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.
قىمىز ئىچىپ خوش كەيپ بولغان مېھمانلار ئۇنىڭ پىكرىگە بىر ئېغىزدىن قوشۇلۇشتى.

— مەيلى، تېمىلا بولمىسۇن، جامانقۇل بىزنىڭ قېرىنىدىشىدىمىز. خىزمەتكە تەييارمىز.
— قولىمىزدا قامچىدىن باشقا نەرسە قالمىسىمۇ مەيلى، خىراجەتنى تەڭ كۆتۈرىمىز.
— رەھمەت، رەھمەت! — دېدى تەگرىبەردى، — مەرھۇمنىڭ روھىنى خۇش قىلغانغا نېمە يەتسۇن! ئۆلۈم دېگەن ھەممىمىزنىڭ بېشىمىزدا بار. بۇ دۇنيا كىمگە ۋاپا قىلغان؟ بىزنىڭ ئارقىمىزدىنمۇ مۇشۇنداق ئەقىللىق كىشىلەر يېتىشىپ چىقسىدى. مەرتىۋەڭ ئۇلۇغ بولغاي، چىناردەك كۆكلەپ كەتكەيسەن، ئىنىم.
ئابىل تۆرە مەقسىتىگە يەتتى. ھېچكىم بۇ ئىشنى ناتوغرا دېمىدى. ئۇ، مۇراسىمنىڭ قاچان، قەيەردە ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى، كىملەرنىڭ مېھمان كۈتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. چېلىشىشقا ۋە ئوغلاق ئويۇنىغا چۈشىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن پۇل ئاجرىتىلدى. مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە بۇيرۇق بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن كېڭەش ئاخىرلاشتى.

× ×

ساربىاي ئۆينىڭ تۆرىدە مۈكچىيىپ ئۇندىمەي ئولتۇراتتى، كۆزى كۆك ياغلىق بىلەن تېڭىپ قويۇلغانىدى. بىر ۋاقىتلاردىكى داڭقى ئەلگە تونۇلغان ئوۋچى ھازىر قاياقتا دەيسىز. بۇركۈت تاتىلىغان يەرلىرى ساقىيىپ، ئۇنىڭ ئورنىدا داغ قالغانىدى. ئۇ، چوڭقۇر تىنىپ، ئىشىككە قۇلاق سالدى. تاشقىرىدىن ئويناپ يۈرگەن بالىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ساربىاي بالىلارنىڭ ئاۋازىدىن تونۇۋالماقچى بولۇپ، يەنە بىر پەس قۇلاق سېلىپ تۇردى.
— سۆيۈمخان! — دېدى ساربىاي.
— ھە، مەن مۇشۇ يەردە، يېنىڭىزدىلا ئولتۇرۇۋاتىمەن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دادىسى، — دېدى خوتۇنى.

— ئېلىپ بەر! — دەپ قولىنى سوزدى سارىباي.

سۆيۈمخان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تامغا ئېسىلغان قوبۇزنى ئالدى ۋە:

— دادىسى، — دەپ، خىجالەت بولۇپ توختاپ قالدى.

— ھە، نېمە دەيسەن؟

— بىر ئاز گەپلىشىپ ئولتۇرايلى، دادىسى.

سارىباي ئازراق ساقايغاندىن بېرى قوبۇزنى ئەرمەك قىلىۋالغاندى. ئۇ، قوپماي ئولتۇراتتى، پۇتلىرى سىرقىراپ، بوينى تېلىپ كېتەتتى. زۇۋان سۇرمەي ئولتۇرۇۋېتىپ، قوۋۇزنىمۇ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى، يۇرىكى قىسىلىپ، داد - پەرياد سالغۇسى كېلىپ كېتەتتى، ئىلاج قانچە، ئولتۇرۇۋېرىپ زېرىكىدۇ، ئۇ نېمە قىلالايتتى؟ پەقەت ئەلەملىك خورسىنىپ قويىدۇ، خالاس. شۇنداق پەيتتە، پەقەت قوبۇزلا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلەتتى.

سارىباي خوتۇنىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەي قولىنى ئۇزىتىپ تۇرۇۋەردى. سۆيۈمخان نائىلاج:

— مانا، ئۇۋچىم، — دېدى ئۇنى ئەركىلىتىپ، — «كۆچ جانلار» كۈيىگە چېلىپ بېرىڭ.

سارىباي خوتۇنىنىڭ رايىنى قايتۇرماي، قوبۇز پەدىلىرىنى سىلاپ بېقىپ، ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى بۇراپ چىڭىتىپ، ئالدىرىماي چېلىشقا باشلىدى.

سۆيۈمخاننىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. سارىباينىڭ ئاڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى.

قوبۇز نالە قىلاتتى. بۇ نالە سارىباينىڭ دىلىدىن چىقىۋاتاتتى. يايلاقتا كۆچۈشكە بېغىشلانغان بۇ كۈي ھازىر ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىكىدىن بىر ئاز مۇڭلۇقراق ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— ھوي دادىسى، — دېدى سۆيۈمخان كۈلۈپ، — «كۆچ جانلار» مۇشۇنداقمىدى؟

— نېمە دېدىڭ؟

— «كۆچ جانلار» مۇشۇنداقمىدى، دەۋاتىمەن. غەمكىنراق ئاڭلىنىۋاتىدىغۇ؟

سارىباي تۈكۈرۈكىنى يۇتۇپ:

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

— ھەئە، مۇڭلۇقراق چالدىڭىز.

سارىباي يەلكىسىنى قىسىپ، بىرئاز خىيال سۈرگەندىن كېيىن:

— قۇندۇز نەدە، ئاۋازى ئاڭلانمايۋاتىدىغۇ، — دېدى.

— قىزلار بىلەن مەيدانغا كەتتى.

— ھە، ئويناۋاتامدۇ؟

— سۇ ئەكېلىشكە بۇيرۇغانىدىم.

سارىباي يىراقتىن شەپە سەزگەن قوشتەك بېشىنى قىيسايتىپ:

— سۆيۈمخان، — دېدى ئاستاغىنا.

— ھە، دادىسى.

— يەنە يىغلاۋاتامسەن؟

— يىغلىمىدىم، دادىسى...

— يالغان سۆزلىمە. قارىغۇ ئادەمگە يالغان سۆزلىسەڭ بولامدۇ؟ ئەنە، ئاۋازىڭ سۇنۇق ئاڭلىنىۋاتىدۇ، — سارىباي قولىنى ئۇزاتتى، — ماڭا يېقىنراق كەلگىنە.

سۆيۈمخان ئېرىنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلدى. سارىبايىنىڭ مۇئەللەق تۇرغان قولى سۆيۈمخانىنىڭ پېشانىسىگە تەگدى. سارىباي ئۇنىڭ يۈزىنى سىلاپلا:

— مەن دېمىدىممۇ، يەنە يىغلاپسەنغۇ، — دېدى خورسىنىپ. سۆيۈمخان سارىبايىنىڭ قولىنى يۈزىگە بېسىپ، ئۆزىنى

تۆتالماي هۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى. ساربابايىنىڭ تارتۇق ئالقىنىغا ئىسسىق ياش تامچىلىرى ئېقىپ چۈشتى، — سۆيۈمخان، — ئۇ، ئۆز قولىنى خوتۇنىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى، — مەن سېنى ئەقىللىق، دەپ ئويلايتتىم... ئەيىب ئۆزۈمدە. پېشانەمگە شۇنداق پۈتۈلگەنىكەن. ساڭا قىيىن بولدى - دە. ئىلاجىم قانچە، ئاللانىڭ ئىرادىسى شۇنداق ئىكەن. يىغلىما، يىغلىساڭ مەن ئازابلىنىپ كېتىدىكەنمەن. ماڭمۇ ئېغىر...

سۆيۈمخان بۇرنىنى تارتتى.

— بولدى... بولدى، ئەمدى يىغلىمايمەن، دادىسى. بەزىدە زادىلا چىدىيالمايمەن.

— سەۋر - تاقەت قىلىشىمىز كېرەك. مېنىڭ ئەھۋالىم مۇشۇنداق تۇرسا، سەن ھەدەپ يىغلاۋەرسەڭ، ئۇ چاغدا قىزىمىزنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ؟ ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەمدۇ؟ قۇندۇزنى ئاسرايلى. مېنىڭ گېپىم شۇ.

سۆيۈمخان ئۆزىنى بېسىپ، يېشىنى سۈرتتى. ساربااي ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

— شۇنداق قىل. بېلىڭنى مەھكەم باغلا، — ئۇ، خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ، قوبۇزنى قولىغا ئېلىپ، شوخ پەدىلەردىن بىرىگە چېلىشقا باشلىدى، — قارىغۇ بولساممۇ ئۆزۈمنى غېرىب ھېسابلىمايمەن، سۆيۈمخان. چۈنكى، سىلەر بار ئەمەسمۇ.

ساربااي ئىلگىرى قاشقىلىق تورۇق ئېتىنى مىنىپ ئوغلاق ئويۇنىغا چۈشەتتى، پات - پات ئوۋغا چىقىپمۇ تۇراتتى. بەزىدە بەيگىلەردە كېيىن قالسا ئۇنچىۋالا قايغۇرۇپمۇ كەتمەيتتى. ئېتىنى ئاۋايلاپ بىر خىلدا مىنەتتى، كۆزىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تايغان ئىتىنىمۇ، بۈركۈتىنىمۇ ئۇنتۇدى، ئېتىنى ئۇكىسى مادىلنىڭ تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىشلىتىپ تۇرۇشىغا بەردى.

ساربااي ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ، پېشانىسىدە تۇماردەك قاش-

قىسى بار تورۇق ئېتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ـ دە، ئورنىدىن قوزغالدى. سۆيۈمخان قولتۇقىدىن يۆلىدى. تاشقىرىغا چىققاندا سارىباي:

— كۈن پاتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە.

— كۈننىڭ تەپتى كېتىپتۇ؟ — دەپ پىچىرلىدى سارى-باي، — ھازىر تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەندۇر، تورۇق قاشقا قەيەردە؟

سۆيۈمخان ئۇنى يېتىلەپ، تورۇق قاشقا باغلانغان قوزۇقنىڭ يېنىغا ئاپاردى. جانىۋار ئىگىسىنى تونۇدىمۇ ياكى ئوت يېگۈسى كەلدىمۇ، بىردىنلا كىشنىۋەتتى. سارىباي ئىككى قولى بىلەن ئاتنىڭ قۇلىقىنى تۇتتى. «ئىسسىت، تورۇقۇم، ئەھۋالىڭ قان-داق؟ ئامانمۇ سەن؟» دەپ ساغرىسىنى سىلاپ قويدى.

— ئورۇقلاپ كېتىپتىغۇ.

سارىباينىڭ ئىنىسى مادىل:

— باشقا يىللارغا قارىغاندا بۇ يىل كۆپرەك ئىشلەتتۇق، نېمە ئىلاج، تىرىكچىلىك مۇھىم ـ دە، ئاكا، — دېدى.

— ئورۇق ـ سېمىز بولۇشنىڭ نېمە پەرقى بار؟— دېدى سۆيۈمخان، — بەرىبىر بەيگىگە چۈشەلمەيسىلەر، كۈندىلىك ئى-شىمىزغا يارىسا بولدى ـ دە.

سارىباي مىيىقىدا كۈلۈپ:

— ھىم، — دەپ ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن تارتىپ قويدى، — تېخى كۈچلۈك ئىكەن. مەن ئۇنى مىنىپ بەيگىگە چۈشەيمىكىن، دەپ ئويلاۋاتىمەن. نېمىشقا چۈشمەيدىكەنمەن، تورۇق قاشقا كۆپ سورۇن كۆرگەن ئات.

مادىل ياماۋاتقان چورۇقىنى يەرگە قويۇپ، يالاڭ ئاياغ يۈگۈ-رۈپ كەلدى.

— ئارانلا مىدىرلاپ تۇرغان ئات قانداق قىلىپ بەيگىگە

www.uyghurkitap.com

چۆشەلەيدۇ؟ قىشتىن ئامان ـ ئېسەن چىقالىسىلا شۈكرى قىلساق بولىدۇ.

— مادىل، — دېدى سارىباي يۇمشاپ، — ماڭا قويۇپ بەر، بوغۇز بېرىپ باقىمەن. كۆزگىچە خېلى ئۇزاق ۋاقىت بار. جامادى-قۇلنىڭ نەزىرىسىدە تەۋەككۇل قىلىپ بەيگىگە چۈشۈپ باقاي. خۇدادىن تىلەپ تۇرايلى.

مادىل ئاكىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئاكىسىنىڭ بۈگۈنكىدەك خۇشال بولغىنىنى كۆرمەگەنىدى. مادىلمۇ بۇ ئۈچىنىڭ ئىلگىرىكى شۆھرىتىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ:

— توغرا دېدىڭىز. توروق قاشقىنىڭ ھۈنىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ باقايلى ـ ھە، ئاكا، — دېدى.

مادىل خىيال سۈرۈپ قالدى. بىر قېتىملىق بەيگىدە سارىباي سۆسەر تەلپەككە ئېرىشكەنىدى. شۇ چاغدا ئۇكىسىغا: «توروق قاشقىنىڭ ھەققىنى ئېلىپ ئارقىمىزدىن كەل» دەپ تاپىلىغان، ئۆزى بولسا، بىر توپ كىشىلەر بىلەن ئاتلىنىپ، تېپى بار بىر بايتالنى يېتىلەپ قايتقانىدى. ئۇ، ئاشۇ ۋەقەنى ئويلاپ، كۆزدىكى بەيگىدىمۇ شۇنداق بولغىدى، دەپ تىلەپ، تۈكۈرۈكىنى يۇتتى.

— شۇنداق قىل، ياخشى باق، چېنىقتۇرۇشنى ماڭىلا قوي. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆز بولۇشى شەرت ئەمەس.

مادىل توروق قاشقىنى ئەستايىدىل بېقىشقا باشلىدى. بەزى-بەزىدە چىقىپ قالىدىغان كۈندىلىك ئىشلار ئۈچۈن ئىدىشىنىڭ ئالا ئېتىنى ئىشلىتىپ تۇردى، ۋاقتىدا سۇغىرىپ، بوغۇز بېرىپ پەرۋىش قىلدى. بىرئايدا توروق قاشقا ئويناقلاپ كەتتى.

سارىباي كېلىپ ئۇنى سىلاپ باقتى.

— ھە، ياخشى. يالىمۇ ئۆسۈپ قاپتۇ. ئەمدى يېتىلەپ تاشقىرىغا ئاچىق. يېتىلەپ چېنىقتۇر. ئىككى كۈندىن كېيىن،

كۈن ئارىلاپ ئەتىگەندە ئۈچ قېتىم چاپتۇرۇپ تەرلىتىمىز. كې-يىن يەنە سوۋۇتىمىز، كېيىن يەنە بىر ئاي باقىمىز. خۇدا بۇيرۇسا، چوڭ بەيگىگىچە ئوبدان چېنىقتۇرىمىز.

سارىباي شۇ كۈنلەردە، كۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە تورۇق قاشقىنىڭ غېمىنى يېدى. مادىل ئاكىسىنىڭ شۇنچىلىك بولۇپ قالغانلىقىغا خۇشال بولۇپ، ئات بېقىشنىڭ بارلىق مۇشەققەتلىرىگە چىدىدى.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە، كىمدۇر ئات چاپتۇرۇپ ئۆتتى. سارىباينىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئىت جان ـ جەھلى بىلەن قاۋاپ كەتتى. سارىباي ئەندىشە قىلىپ ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا ئاتنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاياغ تاۋۇشى يىراقلاپ كەتكەنىدى.

— هاي خوتۇن، — دېدى سارىباي ۋارقىراپ، — ئەكەتتى، ۋاي ئىسىت!

— هەي ... — دېدى خوتۇنى سارىباينىڭ پېشىدىن تارتىپ، — نەگە كېتىۋاتىسىز، دادىسى؟

— مادىل قېنى، مادىل؟

— ۋاي تۇۋا، يېرىم كېچىدە ئۇنى نېمە قىلىسىز؟ شۇ چاغدا مادىلمۇ ئويغاندى.

— نېمە ئىش بولدى، ئاكا؟ — دېدى مادىل ياندىكى ئۆيدە تۇرۇپ.

— تېزرەك قوپ! — دەپ ۋارقىرىدى سارىباي ئىشىكنى سىلاپ ـ سىيپاپ تۇرۇپ، — قوپ، ئاتقا قارا!

— بەلكىم باردۇر، جايىدا تۇرغاندۇر، — دېدى مادىل يۆتىلىپ ۋە ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆيدىن چىقتى. بۇ چاغدا ئاتنىڭ ئاياغ تاۋۇشى خېلى يىراقلاپ كەتكەن، ئارقىسىدىن قوغلاپ كەت-كەن ئىتمۇ قايتىپ كېلىۋاتقانىدى. مادىل ئاتخانىنىڭ بوش تۇر-غانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ۋاي، ئات يوق تۇرىدۇ. بوشىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، — دەپ ھويلىنى ئايلاندى ئۇ.

سارىباي ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ، يەرنى تېپىپ، ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئاھ... تۈگىدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلدۇق. ئوغرى ئەكەتتى. بەختسىزلىككە ئۇچرىدۇق، يۈرىكىم تۈيغانىدى.

سارىباي بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— توختا! ھاي، كىمسەن! توختا! — دەپ ئات كەتكەن تەرەپكە يۈگۈردى.

ئۇرۇق - تۇغقانلار ئۆيلىرىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. ئۇلار گاڭگىرىشىپ:

— نېمە گەپ؟ نېمە ئىش بولدى؟ — دېيىشەتتى.

— تورۇق قاشقىنى ئوغرى ئالدى.

— ۋاي خۇدايىم، ئەمدى نېمە قىلغۇلۇق؟

مادىل ئىرغاڭلاپ، توقايلىققا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

— ھاي! چاقچىقىڭنى قوي! كىمسەن، توختا!

ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. توقايلىق جىمجىت ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى توقايلىق ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى.

سارىباي گەپلىشىۋاتقانلارنىڭ بىرىنى ئاۋازىدىن تونۇپ:

— ئىدىن! — دەپ چاقىردى. ئىدىن يۈگۈرۈپ كەلدى.

— توختات! مادىلنى توختات! ئىش ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇمۇ بىرەر بالا - قازاغا يولۇقمىسۇن.

ئىدىن ئالا ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىپ، خېلى ئۇزاقتىن كېيىن مادىلنى تېپىپ كەلدى. مودىل خورسىنىپ نالە قىلاتتى.

— ئوغرى كۆزىمىزنى غەلەت قىلدى. ئەمدى بارمىقىمىزنى چىشلەپ تۇرىۋېرىمىزمۇ، ۋاي ئىست! — دەيتتى مادىل ۋە گاھ ئولتۇراتتى، گاھ تۇرۇپ كېتەتتى.

سارىباي ئەمدى ئۆزىنى بېسىۋالغانىدى.

— قوي ئەمدى، — دېدى ئۇ، — قانچە يېغلىساڭمۇ ئوغرى ئاتنى ئەكېلىپ بەرمەيدۇ. ئاتنىڭ دۈپۈرلىگەن قەدەم تاۋۇشى قۇلىقىمدىن زادىلا كەتمەيۋاتىدۇ. ئوغرى ئەتەي پايلاپ ياتقانىكەن. تورۇق قاشقا بەكمۇ يۈگۈرۈك ئات ئىدى. ئوغرىنىڭ ئەقلى بولسا سويۇپ يېمەيدۇ. ئەگەر تالاستىن ئۆتكۈزۈپ قازاقلار تەرەپكە ئاپىرىۋەتمىسىلا هامان بىر كۈنى ئىز - دېرىكى چىقىدۇ. ئەمدى سەن بېرىپ، تۆرىگە بولغان ۋەقەنى ئېيت.

شۇ كېچىسى مادىل ئۇخلىمىدى. تاڭ سۇزۇلۇشى بىلەنلا ئىدىنىنىڭ ئالا ئېتىنى يورغىلىتىپ، ئابىل تۆرىنىڭ ئالدىغا بار-دى، بولغان هادىسىنى ئېيتتى. تۆرە راستتىنلا قايغۇردى.

— ئىسىت، بوينۇڭ ئۇزۇلگۇر. كىم ئوغرىلىدىكىن - هە! سارىباي بىچارىنىڭ غېمى ئازمىدى؟ ئۇ ئاتقا كۆز تىكىۋاتقانلارنىڭ كۆپلۈكىنى بىلەتتىڭغۇ! ئاتنىڭ يېنىدىراق ياتساڭ بولماتتى؟

— هەركۈنى يېنىدا ياتاتتىم. نەس باسقاندەك شۇ كۈنى ئۆيگە كىرىپ يېتىپتىكەنمەن.

ئابىل تۆرە كۈلدى:

— ئەركەكلىكىڭ تۇتۇپ كېتىپتىكەن - دە.

مادىل نېمە دېيىشىنى بىلمەي، يەرگە قارىدى:

— كوزا كۈندە ئەمەس، كۈنىدە سۇنىدىكەن ...

ئابىل تۆرە خورسىنىپ، بېشىنى چايقىدى.

— مېلىڭنى مەهكەم تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما، دېگەن گەپ بار. ئەمدى نېمە قىلغىلى بولىدۇ؟ سارىبايغا سالام ئېيت. خۇدا بۇيرۇسا تېپىلىپ قالار. سۈرۈشتۈرۈپ باقايلى. تېپىلىپ قالسا خۇدانىڭ بەرگىنى شۇ.

مادىل خۇشال بولۇپ قايتتى.

ئابىل تۆرە ئەلگە مەلۇم بولغان ئوغرىلارنى سۈرۈشتۈردى، دېرىكى بولمىدى. چاتقال، كەتمەنتۆپە تەرەپلەردىنمۇ سۈرۈشتۈر-دى. ئۆز ئېتىم، دەپ ئىزدەتكۈزدى، لېكىن تورۇق قاشقا سۇغا

چۈشكەن تاشتەك ئىزسىز يوقالدى.

سارىباي قوبۇزىنى قۇشقاچنىڭ چۇرۇقلىشىغا تەقلىد قىلىپ چېلىپ تۇرۇپ، كۈلدى:

— ھۇ، قىزتالاق، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — تورۇق قاشقىنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان بىر نامەرد ئوغرىلىغانىكەن، چىشىغا تاش تەگكۈر ئوغرى سويۇپ يەۋەتكەن بولسا كېرەك.

— گۆرىدىن توڭگۇز قوپقاي ئىلاھىم، قايسى ئوغرىنىڭ ئىشىدۇ بۇ، — دەپ قويدى مادىل.

— ھە، ئەمدى ئىش ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى سارىباي قوبۇزىنى چېلىپ تۇرۇپ، — ئوغرىغا يېگىلى نېسىپ قىلسۇن.

ئۇ، شوخ ئاھاڭلاردىن بىرىگە چېلىشقا باشلىدى.

× ×

قىزىلىيارنىڭ بىپايان دالىسى سوزۇلۇپ ياتاتتى. كەچ كۈز ۋاقتى ئىدى.

بىر تالاي ئاتلىقلار دەل - دەرەخكە پۈركەنگەن يېزىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، تاغ تەرەپنى كۆزلەپ كەلمەكتە ئىدى.

تۇغچى كەينىدىكىلەر بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلىغان ھالدا ئات ئۈستىدە سۆلەت بىلەن ئولتۇراتتى. تۇغچىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان رەڭگى سېرىق ياش يىگىت يورغا ئات ئۈستىدە تىك ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا زەر تۇتۇلغان قىزىل كىمخاب تون، پۇتىدا خۇرۇم ئۆتۈك، بېشىدا يېشىل سەللە بار ئىدى. ئۇ، بۇ يەرلەرگە بىرىنچى قېتىم كەلگەنلىكى ئۈچۈنمىكىن ئەتراپىغا ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى. بىلىگە ئۈچ ئايلاندۇرۇپ يۆگەلگەن پوتىسىنىڭ سول تەرىپىگە دەمەشق قىلىچى، ئوڭ تەرىپىگە بىر ئاتار رۇس تاپانچىسى ئېسىلغانىدى.

بۇ، خۇدايارخاننىڭ تۇنجى ئوغلى نەسىردىنبەگ ئىدى. ئۇ-

نىڭ يېنىدا ئابدۇراخمان كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇچىسىغا قارا كىمخاب چاپان، بېشىغا مەخمەل تاشلىق تەلپەك كىيگەنىدى. ئۇ، ئەلچى ۋاقتىدىكىگە قارىغاندا خېلى ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى.

قىرىق نەپەر ئەسكەر تۆتتىن سەپ بولۇپ تىزىلغانىدى. ئېدىرلىق ئېتەكلىرىدە قاتار - قاتار تىكىلگەن بوز رەڭلىك كىگىز ئۆيلەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ھەربىر ئۆي ئالدىدا توپ - توپ ئادەملەر، ئېگەرلەنگەن ئاتلار بار ئىدى. نەسىردىنبەگ چېدىرلارنى ساناۋېتىپ ئادىشىپ كەتتى.

بۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا كىگىز ئۆيلەردىن بىر توپ ئادەم ئوقتەك ئات سېلىپ چىقتى. ئۇلار ئارىسىدىن ئىككى ئاتلىق بارا - بارا ئۇزۇپ چىقىپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

— شاھزادە، ئالدىدا كېلىۋاتقانلار سىزنىڭ تاغىلىرىڭىز بولىدۇ، سىزگە يۇكسەك ئىشەنچ بىلدۈرۈپ، ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ئات چاپتۇرۇپ كېلىشتى، — دېدى ئابدۇراخمان، — ئۇ ئەڭ ئالىي ئېتىقادنىڭ بەلگىسىدۇر.

نەسىردىنبەگنىڭ چىرايى ئېچىلدى، ئۇندىمەستىن بەيگىچىلەرنى كۆزەتتى. بەيگىگە چۈشكەنلەرنىڭ بىرى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا مېھمانلارنىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ ئۆتۈپ، نەسىردىنبەگنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ئات توختىشى بىلەنلا تېقىمىغا باستۇرۇۋالغان موزاينى بېشىدىن ئاشۇرۇپ، چېپار يورغىنىڭ ئاياغلىرىنىڭ ئاستىغا تاشلىدى. شاھزادىنىڭ يورغىسى چۆچۈپ موزايغا تىكىلدى. بەيگىچى پۈكلەنگەن قامچىسىنى كۆكسىگە بېسىپ تۇرۇپ تەزىم قىلدى.

— رەھمەت، ئۇكام، رەھمەت! — دېدى ئابدۇراخمان.

نەسىردىنبەگ بېلىدىكى دەمەشق قىلىچىنى يېشىپ:

— باتۇر، بۇ قورال مەندىن سىزگە خاتىرە بولۇپ قالسۇن، — دېدى.

يىگىت قىلىچنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، مۇزدەك پولات غىلاپقا لېۋىنى تەگكۈزدى، كېيىن غىلاپتىن سۇغۇرۇۋېلىپ ئاسمانغا ئاتتى ـ دە، يەنە سېپىدىن تۇتۇۋالدى، ئەڭ ئاخىرىدا:

— رەھمەت، تەقسىر! — دېدى ـ دە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى سىلكىپ، چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئۇنىڭغىچە بىر توپ ئاتلىقلار مېھمانلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى. ئابىل تۆرە ئەڭ ئالدىدا ئىدى. ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن ئاغرى يۇمۇلماي قالغانىدى. ئۇ:

— شاھزادە جىيەنىمىزگە بېشىمىز سادىغا بولسۇن! خۇش كېلىپسىز! — دەپ سالام بەردى. نەسىردىنبەگ ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى. شۇ پەيتتە ئابدۇراخمان ئۇنىڭ قولىقىغا ئېگىشىپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىدى. شاھزادە مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ، ئابىل تۆرە بىلەن ئامانلىق سوراشتى.

شۇ زاماتلا ئەسكەرلەر ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ يول بەردى. تۇغچى ئىلگىرىلىدى. ئابىل تۆرە ئاتتىن چۈشۈپ، يەردە ياتقان موزاينى كۆتۈرۈپ نەسىردىنبەگنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بەردى. شاھزادە موزاينى ئېگەرگە بېسىپ، تەستە ئورناشتۇرۇۋالدى، كېيىن يورغىسىغا قامچا ئۇرۇپ، تۇغچىنىڭ ئارقىسىدىن يولغا چۈشتى. ئەسكەرلەر:

— نەسىردىنبەگ كەلدى! نەسىردىنبەگ كەلدى! — دەپ شاۋقۇن سېلىشىپ، ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى. ئابدۇراھمان بىلەن ئابىل تۆرە موزاي بىللە يىقىلىپ كەتمىگىدى، دەپ ئەنسىرىشىپ، شاھزادىنىڭ يېنىدىلا مېڭىشتى.

نەسىردىنبەگە ئابدۇراخماننىڭ ئىشارىسى بىلەن ئېگىز دۆڭلۈك ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىككى ئاق كىگىز ئۆي تەرەپكە ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى. ئادەملەر شاۋقۇن سېلىشاتتى. كىگىز ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇزاقتىن بويان كۈتۈپ تۇرۇشقان ئۈچ ـ تۆت

بوۋاي شاھزادىگە ھەۋەس بىلەن قاراشماقتا ئىدى. ئۇلار ئابىل تۆرە ئەتەي ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان يۇرت ئاقساقاللىرى ئىدى.

ئېغىر موزاي گۈرسۇلدەپ يەرگە چۈشتى. ئۇنىڭغىچە بېشىغا يوللۇق رومال ئارتىۋالغان قاراقاش ئايىم ئۆيدىن چىقتى. ئابدۇراخمان ئۇنى تونۇپلا:

— ھە، قاراقاش يەڭگە! سوۋغا بەرسىلە، سوۋغا! — دەپ شاھزادىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى.

خۇشاللىقتىن قاراقاش ئايىمنىڭ ئىككى مەڭزى ئالمىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ:

— ۋىييەي، جىيەنىمىز شاھزادە مۇشۇمۇ؟ جىيەنىمىزگە ئاللىقاچان سوۋغا تەييارلاپ قويۇۋىدۇق، — دېدى ناز - كەرەشمە قىلىپ، كېيىن ئۆيگە كىرىپ دەرھال قايتىپ چىقتى. ئۇنىڭ قولىدا ئىخلاس بىلەن تىكىلگەن قۇندۇز ياقىلىق چاپان بار ئىدى.

قارا قاش ئايىم ياش قىزلاردەك كۆزلىرىنى ئويىنىتىپ:

— قېنى، شاھزادە! ئاتتىن چۈشۈڭ. جىيەنىنىڭ بېشى ئاسمانغا يەتسىمۇ، تاغىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى. ئابدۇراخمان بېشىنى لىڭشىتىۋىدى، نەسىردىنبەگ ئاتتىن چۈشتى. قارا قاش ئايىم چاپاننى شاھزادىنىڭ يەلكىسىگە ياپتى. قىشلىق چاپان نەسىردىنبەگنىڭ بوي - بەستىنى يەنىمۇ سالاپەتلىك قىلىۋەتتى.

دۆمبۇ باشچىلىقىدىكى ئەھلى - جامائەت شاھزادىدىن ھال سوراپ، تەزىم قىلدى. نەسىردىنبەگ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. توپلانغانلارنىڭ ھەممىسى مېھمانغا ھۆرمەت بەجا كەلتۈرۈپ سالام بېرىشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، شاھزادە!

كۆپچىلىكنىڭ بىر يولىلا بەرگەن سالىمىغا نەسىردىنبەگ لېۋىنى مىدىرلىتىپ، سۇسلا جاۋاب قايتۇردى.

www.uyghurkitap.com

× ×

جامانقۇلنىڭ نەزىرسى نەسىردىنبەگ قەدەم تەشرىپ قىلغان كۈنى باشلانغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى بىر ھەپتە ئۆتتى. ئۇنىڭ قاچان تۈگىشى نامەلۇم. ھەركۈنى ئويۇن ـ تاماشا بولۇپ تۇردى. تاغلىقلاردا نەزىرگە بارساڭ ئاچ بارغىن، دېگەن گەپ بار. چۈنكى، نەزىر ئۆتكۈزگەن ئادەم مۇراسىم ياكى مەرىكە تۈگىگۈچە پۈتۈن ئاھالىنى بېقىشى شەرت. ئەگەر سىرتتىن كەلگەن بىرەر مېھمان بۇ مۇراسىمدا رەنجىپ قالسا، نەزىر ئۆتكۈزگۈچىنىڭ پۈتۈن ئۇرۇق ـ ئايماقلىرى لەنەتكە قالىدۇ. بۇ قەدىمدىن قالغان ئادەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابىل تۆرە ناھايىتى چوڭ تەييارلىق قىلغانىدى. ئاقسى بىلەن قىزىلىيار ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قومۇشتىن بەلباغ باغلاپ، تەرلەپ ـ پىشىپ خىزمەت قىلىشىۋاتاتتى.

— ھاي! ئويناتامسەن ئارغىمىقىڭنى! يىگىت دېگەننى ئانىسى شۇنداق ئىشلار ئۈچۈن تۇغىدۇ.

— ھاي!... باتۇر بولساڭ مەيدانغا چۈشمەمسەن؟

— ھايت! ھايت! ھايت!

پۈتۈن مەيدان بويلاپ سەپكە تىزىلىپ تۇرغان ئاتلىقلار شامالدەك ئۇچۇپ، سۈرەن سېلىپ ئالغا ئېتىلدى. ئوتتۇرىدىكى تەكشى مەيداندا بېشىنى قىزىل بەلباغ بىلەن باغلىۋالغان بېكىنەزەر قارا قاشقا ئارغىماقنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتىپ، قىلىچىنى شىلتىپ، ئۆزىگە رەقىب ئىزدەشكە باشلىدى.

— ھاي! كىم چىقىدۇ؟

— ئالدىرىما، بىرەرى تېپىلىپ قالار.

— چىقىدىغانلار بولسا تېزرەك چىقسۇن! ھېچكىم چىقمىسا، نەزىر ئىگىسى مۇكاپاتنى ئالدىمغا تاشلىسۇن!

— نېمانچە ئالدىرايسەن! ئاۋۇلارنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ شاھ-

زادە ئەتەي قىرىق يىگىتنى باشلاپ كېلىۋاتىدۇ.

— ھە، مۇنداق دېگىن. بۇلارنىڭ تاماشىسىنى ئەمدى كۆرىدىكەنمىز - دە، ئۇلار گۆش يېيىش ئۈچۈنلا كەلمىگەندۇر، ھەرقاچان.

— كىم بىلىدۇ دەيسەن.

بەگلەر دۆڭگە چىقىپ ئەتراپنى كۆزىتەتتى. ئابىل تۆرە پات - پاتلا ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ قوياتتى. نەسىردىنبەگ ئوتتۇرىدا ئات ئوينىتىپ تۇرغان يىگىتكە ھەۋەس بىلەن تىكىلدى.

— ئەنە، تاغا! — دېدى ئۇزەڭگىگە پۇتىنى تىرەپ تۇرغان شاھزادە، — بىزگە ئوغلاق تاشلىغان ئەزىمەت ئاشۇ!

ئۇنىڭغىچە دۆڭلۈككە بىر يىگىت ئات چاپتۇرۇپ كەلدى.

— تەقسىرلىرىم، مەيدانغا چۈشىدىغان ئادەم بولمىسا، باتۇرغا مۇكاپاتنى بېرىۋەرسۇن دېيىشىۋاتىدۇ.

— كىم شۇنداق دەۋاتىدۇ؟ — دېدى ئابىل تۆرە بوينىنى سوزۇپ.

— ئاقساقاللار.

— ئۇلارغا ئېيتىپ قوي. ئالدىرىمىسۇن. باتۇرغا رەقىب چىقمىغان ئەھۋال ئاستىدا مۇكاپاتنى بېرىۋەرسەك، خەق سۆز - چۆچەك قىلىدۇ. سەۋر قىلىپ تۇرايلى.

ئابىل تۆرىنىڭ سۆزىنى ئابدۇراخمان قوللىدى. بېكنەزەرنىڭ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئات ئوينىتىپ، ئارغىمىقىنى ئىككى ئايىغىدا تىك تۇرغۇزۇشى سورۇنغا زىننەت كىرگۈزۈپ تۇراتتى. ئابىل تۆرە كۈلۈمسىرەپ نەسىردىنبەگكە يۈزلەندى.

— جىيەنىم، بىزنىڭ باتۇر بىلەن بەل تۇتۇشالايدىغان يىگىت چىقمىدى. قانداق قىلىمىز؟ — ئابىل تۆرە ئۇلۇغ مېھمانغا ئىززەت - ھۆرمەت كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ تاماشىنى باشقۇرۇشنى نەسىردىنبەگكە تاپشۇردى.

— ماڭا رۇخسەت قىلىڭ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇنىڭ يېنىدىكى يىگىتلەرنىڭ باشلىقى تاشكاللا شاھزادىگە تېز يۈكۈپ تەزىم قىلدى.

— ماڭا رۇخسەت قىلىڭ، شاھزادە!

نەسىردىنبەگ ھەيران بولۇپ:

— سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى.

— مەيدانغا چۈشەي، رۇخسەت قىلىڭ! — تاشكاللانىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. ئۇنىڭ قىياپىتىدە ئەگەر رۇخسەت بېرىلمىسە، يۈلقۇنۇپلا مەيدانغا چۈشىدىغاندەك قەيسەرلىك ئىپادىسى بار ئىدى. ئابدۇراخمان ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ رازى بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. نەسىردىنبەگە ئالىقانلىرىنى ئاچتى.

— سىزنى يىگىتلەر پىرى شاھىمەردان قوللىغاي، ئامىن!

كۈچ سىنىشىش نىيىتىدە كۆزلىرى ئوتتەك چاقناپ كەتكەن باتۇر شاھزادىگە ئۈچ قېتىم تەزىم قىلدى. ئۇ، كۆپچىلىكنىڭ پاتىھەسىنى ئالغاندىن كېيىن مەيدانغا كىردى. يىگىتلەردىن بىرى قارا ئاتنى يېتىلەپ ئالغا يۈگۈردى. نەسىردىنبەگنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان سۇنايچى سۇنايىنى مۇسابىقىگە ماسلاشتۇرۇپ چالدى. ناغرا گۈمبۈرلەپ، مەيداندا يېقىملىق بىر ھالەت شەكىللەندى. نەسىردىنبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بىھېساب تاماشىبىنلارنىڭ دوپپا، تەلپەك ۋە ئاق قالپاقلىرى ئاسمانغا ئىرغىشقا باشلىدى.

— توۋا، بۇ كىمدۇر ئەمدى؟ بىرى چىقىۋاتىدىغۇ! — دېدى كىمدۇر بىرى. مەيداننى كىشىلەرنىڭ ھەرخىل گەپلىرى، قارغىشلىرى بېسىپ كەتتى.

— ئەنە!

ئەسكەرلەر ئات چاپتۇرۇپ كىرىشتى.

— ھاي، نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟

— بېشىڭلار تاۋۇزدەك ئۈزۈلۈپ چۈشسە ئاندىن كېيىن ئۆيۈڭلار ئېچىلىدىغۇ دەيمەن!

— ھە، بۇنىڭ يولى باشقا.

— ھاي خالايىق، ئاستىراق گەپ قىلىڭلار. مەرىكە تىنچراق ئۆتسۇن، مەيدانغا ھەممە ئادەم چۈشۈۋەرمەيدۇ.

— ئىسىت! دەستىسى يوغانراق قامچا ئەكەلمەپتىمەن ـ دە، بۇ خەق بىرەر ئىش تېرىپ قويمىسا بولاتتىغۇ.

— ھاي لەنتى! ئاغزىڭغا كەلگەننى دەۋەرمە! — دېدى دۈمبۇ يوغان تەلپەكلىك ئادەمنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ.

ھېلىقى ئادەمنىڭ تەلپىكى يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— قامچاڭنى نېرى تارت! مەن نېمە گۇناھ قىلدىم، ھە، خاننىڭ تاغىسى؟

— ئاغزىڭنى يۇم. يەنە گەپ قىلىدىغان بولساڭ، رەھىم قىلماي مەيداندىن چىقىرىۋېتىمەن.

دۈمبۇ مەيداننى ئارىلاپ يۈرۈپ غوۋغا چىقارغانلارنى تىنچلاندۇردى.

ئاق كىيىملىك جاكارچىلار ئاتلىرىنى سوكۇلدىتىپ، مۇسابىقە شەرتلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىدى.

— ھاي خالايىق! ئەزىمەتلەر تەۋەككۇل قىلىپ مەيدانغا چۈشتى. ئاتنىڭ تىزىغا ئۇرۇۋەتسىمۇ، چېپىۋەتسىمۇ گۇناھ بولمايدۇ. بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتسە سوراقىقا تارتىلمايدۇ. غەلىبىگە ئېرىشكۈچى مۇكاپاتلىنىدۇ. تەكرار ئېيتىمەن: ئۆلگۈچىگە خۇن تۆلەنمەيدۇ، غالىبقا چوڭ مۇكاپات بېرىلىدۇ!

بىر تەرەپتە نەسىردىنبەگنىڭ ئەسكەرلىرى، يەنە بىر تەرەپتە پۇقرالار سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. توپلانغانلار ھەيران بولۇشۇپ، بۇ مۇسابىقىنىڭ قانداق تۈگەيدىغانلىقىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈشەتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى يۈزمۇيۈز قارىشىپ تۇرغان ئىككى يىگىتكە تىكىلگەنىدى.

تاشكاللا قوقان، مەرغىلان تەرەپلەردە ئۆزى بىلەن بەل تۇتۇشىدىغان ئادەم تاپالماي، ئۇچرىغانلا كىشىگە ھۆرپىيىپ يۈرگەن

قاپقارا پالۋان يىگىت ئىدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمايتتى. چۈنكى ئۇ نەسىردىنبەگنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى تاشمەت ئىدى. چېلىشىش ۋە مۇشتلىشىشتا بۇ ئەتراپتا ھېچكىم ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيتتى. بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۇ شاھزادىنىڭ يىگىتلىرىگە قىلىچبازلىق ئۆگىتىۋاتاتتى. ئەنە شۇ پالۋان بۈگۈن ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن، ئەلنىڭ ئوغلانى بىلەن كۈچ سىنىشىشقا چىققانىدى.

جەسۇر تاشكاللا دەسلەپكى توقۇنۇشتىلا رەقىبىنىڭ ئاسانلىقچە يېڭىلمەيدىغانلىقىنى سېزىپ قالدى. كۆپ سورۇن كۆرگەن بۇ قارا يىگىت باشقىچە پەنت ئىشلەتمەكچى بولدى.

ئەتراپنى چاق - چۇق، شاراق - شۇرۇق قىلغان ئاۋازلار قاپلاپ كەتتى. قىلىچلارنىڭ تىغىدىن ئوت چاقنايتتى. ئارغىماقلار بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشىپ چاپچىشاتتى. رەقىبلەر گويا ئۆچ - ئاداۋىتى باردەك بىر - بىرىگە ھۇجۇم قىلىشاتتى.

— ئەي، ئەتۇر پەلەك! ئۆزىنىڭ ئار - نومۇسىنى قوغداش ئۈچۈن مەيدانغا چۈشكەن بۇ يىگىتلەرنى ئۆزۈڭ ساقلا! يىگىتلەرنىڭ پىرى شاھىمەردان، ئۆزۈڭ مەدەت بەر!

— ھەي، قارىغىنا! ئاشۇنداق قىلىچنى شاراقلىتىپ تۇرۇۋەرسە كەچ بولۇپ كېتىدىغۇ!

— ھاي ئاداش! ئالدىمنى توسىۋالمىساڭچۇ! قانداق ئادەمسەن؟ سەندىن باشقىلار تاماشا كۆرمەمدۇ؟

— بۇياققا ئۆتكىنە!

— قىلىچنى شاراقلىتىپ تۇرۇۋەردىغۇ!

— شارتتىدە چېپىۋېتىپ ئىشنى تۈگەتسە بولمامدۇ؟

— ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەيۋاتىدۇ - دە، كۆرمىدىڭمۇ ئۇنىڭ پەيت كۈتۈۋاتقىنىنى.

— ھەر ئىككىسى قولاي پەيتنى تاپسا بىر - بىرىنى زادىلا ئايىمايدۇ.



www.uyghurkitap.com

— قىلىچ دېگەننى ھەممە ئادەم تاقاپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئەمما، ئۇنى ئەزىمەت يىگىتلا چاپالايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئۆزۈڭ مەيدانغا چۈشمەمسەن؟

— قويساڭچۇ، بۇنداق ئۆپكىسىزلەرنى جىق كۆرگەن بىز.

مەيداندىن كۆز ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرغان جامائەت بىردىنلا جىمىپ كەتتى.

— ئاھ، نادان يىگىت! ھالاك بولدى ـ دە!

— قايسىسى يىقىلدى؟

— يىقىلدى، دەۋاتقىنىنى! بېشى تاۋۇزدەك ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتىغۇ!

كاللا يەرگە دومىلا چۈشكەندى. قان توپىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. قارا ئارغىماق چۆچۈپ ئارقىسىغا داجىدى. شۇ پەيتتە باشسىز تەن شىلىققىدە ئاغدۇرۇلۇپ، پۇتى ئۈزەڭگىگە ئىلىنىپ قالدى. ئات ئۈركۈپ، باشسىز تەننى سۆرەپ قېچىپ كەتتى.

— ۋاي، بىچارە بېكىنەزەر!

— ئاغزىڭنى ئۇششۇتمىگىنە!

شۇ چاغدا، غالىب يىگىت قولىدىكى قىلىچنى ئاسمانغا ئاتتى. قىلىچ قۇياش نۇرىدا پارقىراپ كەتتى. ۋاي، بۇ بېكىنەزەر ئىكەنغۇ!

ھەممەيلەن باتۇر يىگىتنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن ئاشۇ تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ مېڭىشتى.

دۆڭلۈكتە تاماشا كۆرۈپ تۇرغان مۆتىۋەرلەرنىڭ دېمى ئىچىدە چۈشۈپ كەتتى. بولۇپمۇ، ئابىل تۆرە بۇتتەك قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ بەدىنىنى سوغۇق تەر بېسىپ، كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتتى. ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك كىشىنىڭ خاس يىگىتى ئۆلگەنىدى. شۇڭا، ئابىل تۆرە گاڭگىراپ قالدى. ئاھ خۇدا! ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق! ھۇ، بېكىنەزەر دېگەن ئالۋاستى! قان قۇسقايسەن، ئىلاھىم! نەسىردىنبەگ خۇددى تۇيۇقسىزلا تەستەك يېگەن ئادەم-

دەك قېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ناغرا - سۇناي ئاۋازى ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئېزەتتى... ئەسكەرلەرنىڭ قوللىرى قىلىچقا سوزۇلدى. نەسىردىنبەگ پەقەت شۇنىلا كۆلۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئابىل تۆرنىنىڭ پېشانىسىدىن تەر قۇيۇلماقتا ئىدى.

بېكنەزەر ئۆزىنى تەبرىكلەۋاتقان خەلقنىڭ ئالدىدا كەلمەكتە ئىدى. نەسىردىنبەگنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ كەتتى، تىترەۋاتقان قوللىرى ئىختىيارسىز ھالدا بېلىدىكى تاپانچىغا سوزۇلدى. ئۇنى ئاستاغىنا سۇغۇرۇۋالدى. ئابدۇراخمان ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— بۇ يەر قوقان ئەمەس!

ئالا يورغا قولاقلىرىنى دىڭگايتىپ، خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېكنەزەرنى ئەكەلمەكتە ئىدى. نەسىردىنبەگ قېتىپ قالغاندەك جىمجىت تۇراتتى.

بېكنەزەرنى ئوتتۇرىغا ئەكەلگەن جامائەت كىگىز ئۆيلەرنىڭ بىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىرىدى.

— كىم بار؟

— ھاي! ئۆيدە ئادەم بارمۇ؟

ئۆيدىن بېشىغا داكا ياغلىق ئورىغان بىر موماي چىقتى. موماي يېرىم ئايدىن بېرى كېچە - كۈندۈز مېھمان كۈتۈپ، خېلىلا چارچاپ قالغانىدى. ئۇ قورقۇپ كەتتىمۇ ياكى ھەيران قالدىمۇ، ئۇيقۇسىزلىقتىن پورۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ:

— كېلىڭلار، سىلەرگە ئاقىۋەل بولسۇن، باتۇرلار، — دېدى.

— لەشكەر بېشىنى... ئاڭلاۋاتامسىز، موما! لەشكەربېشىنى! نومۇسقا قالمىدۇق!

موماي ھېچنېمىنى چۈشەنمىدى. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— ياخشى، ياخشى، — دەيتتى.

خالايىق بېكىنەزەرنى ئات ئۈستىدىن كۆتۈرۈپ ئالدى. موماي قۇچىقىنى ئېچىپ:

— ياخشى، ياخشى، ساڭا جېنىم پىدا بولسۇن، — دېگىنىچە ھاسىراپ ئۆيگە كىردى. بىر تاۋاق سۇ ئېلىپ ئىرىم قىلىپ، بېكىنەزەرنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇردى ۋە نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلاپ، قىپقىزىل بولۇپ پىتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قارىتىپ چېچىۋەتتى. ئادەملەر دەرھال بىر ئاق ئوغلاقنى بوغۇزلاپ، قولتۇقىنى يېرىپ، ئۆپكىسىنى مومايىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— دۇنيادا ئانىدىنمۇ ئەزىز، ئانىدىنمۇ ئۇلۇغ نېمە بار؟ كېلىڭ، ياخشى نىيەت، يەڭگىل قول بىلەن باتۇر ئوغلىڭىزنى ئۆپكە بىلەن ئۇرۇپ قويۇڭ!

موماي مۇكچەيگىنىچە بېكىنەزەرنىڭ ئەتراپىدا ئايلاندى، قولىدىكى قان تېمىپ تۇرغان ئۆپكە بىلەن باتۇرنىڭ بېشىغا يەلكىسىگە، قولىغا، تىزىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— خۇدايىم سېنى يامان كۆزدىن، يامان سۆزدىن ساقلىغاي! ئاتاڭنىڭ روھى سېنى قوللىغاي. يىگىتلەر پىرى ساڭا يول كۆرسەتكەي! ئۆز ئېلىڭگە سادىق بول. خەلقىڭگە تاغدەك يۆلەك بول، ئوغلۇم! — دېدى.

ئۆپكە ئۇرۇلغانسېرى قارايدى. ئۇنىڭ قارىيىشى يامان سۆز، يامان كۆزنىڭ تەسىر قىلالمىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. ئاخىر موماي:

— يامانلىق كۈن بىلەن بىللە پىتىپ كەتسۇن! — دېدى ۋە ئۆپكىنى كۈن ئاخىرقى نۇرلىرىنى چېچىۋاتقان تەرەپكە قارىتىپ تاشلىۋەتتى.

شۇ ئارىدا جارچىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئاڭلىغانلار ئاتلىنىڭلار! بىر كۈنلۈك مۇساپىدە بەيگە ئۆتكۈزۈلىدۇ. سۆرەلمە ئاتلارغا سورۇن

يوق. هازىردىن باشلاپ ئاتلارنىڭ چۈلۈۋۈرىنى يېشىۋېتىڭلار، چۈلۈۋۈرى يېشىلمىگەن ئات بەيگىگە چۈشەلمەيدۇ. بۇ ئويۇننى باشقۇرۇۋاتقان نەسىردىنبەگنىڭ خاھىشى. بىر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىت ئىچىدە يۈگۈرۈك ئاتلارنىڭ ھەممىسى يولغا چىقسۇن. يول يىراق، بەيگە قىزىلراۋاتتىن باشلىنىدۇ. ھاي خالايىق! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئاڭلىغانلار ئاتلىنىڭلار!

بۇنى ئاڭلىغان بەيگە ئىشقىۋازلىرى ھاياجانلىنىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتلىرىنى چەتكە تارتىپ، تۇغقانلىرى ۋە دوستلىرىدىن مەسلىھەت سورىشاتتى. بەزىلىرى ئۆز ئاتلىرىنىڭ بەختىنى تىلەپ مويسىپىتلاردىن پاتىھە ئېلىشاتتى.

مادىلنىڭ ئەس ـ يادى تورۇق قاشقىدىلا قالغانىدى. بىرەر يەردىن دېرىكى چىقىپ قالارمىكىن، دەپ ئەتراپقا قارايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى تۆز قۇيغاندەك ئېچىشىپ كەتكەنىدى. بىتەلەي تالقان يېگەندە بوران چىقىپتۇ، دېگەندەك، بارى ـ يوق شۇ بىرلا ئېتىمىزنى ئوغرى ئالغىنىنى قارىمامدىغان، دەپ ئويلىناتتى ئۇ.

مادىلنىڭ دوستىنىڭ ئوغلى بىر ئاتنى مىنىپ، ئۇياق ـ بۇياققا چاپتۇرۇپ يۈرەتتى. ئۇ بىردىنلا مادىلنى چاقىرىپ قالدى.

— ھاي، مادىل ئاكا! مادىل ئاكا! بۇياققا قاراڭ. ئەنە سىزنىڭ تورۇق قاشقىڭىز. ئەنە، كۆرۈۋاتامسىز؟

تورۇق قاشقا دېگەن سۆزنى ئاڭلاپلا مادىلنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەتتى. ئەتراپقا كۆز يۈگۈرۈتتى. ئۇنىڭغىچە دوستىنىڭ ئوغلى غۇيۇلداپ يېتىپ كەلدى.

— تورۇق قاشقا! بىزنىڭ ئېتىمىز!

مادىلنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپلا قالدى.

— قېنى؟ راستتىنلا تورۇق قاشقىمىكەن؟ خۇدايا تۇۋا!

— ئەنە، ئاۋۇ يەردە. بەيگىگە سالغىلى ئەكېلىپتۇ.

مادىل بالا كۆرسەتكەن تەرەپكە ئىرغاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ھەممەيلەن ئاشۇ تەرەپكە قاراشتى. مادىل يىغلامسىرىغىنىچە:



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

«ھەي خۇدا، شەپقەت قىل!» دەپ ھاسىراپ، ھېچكىمگە قارىماي يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

ھەقىقەتەنمۇ، مەيداننىڭ چېتىدە بىر چەۋەنداز بالا كىمخاب يوپۇق يېپىلغان ئاتنى ئۇياق - بۇياققا ماڭدۇرۇپ يۈرەتتى. يوپۇقنىڭ پۆپۈكلىرى ئارىسىدىن ئاتنىڭ پېشانىسىدىكى تۇماردەك قاشقىسى يالت قىلىپ كۆزگە تاشلىناتتى. ئاتنىڭ قۇيرۇقلىرى تۈگۈپ قويۇلغانىدى. ئات ئۆزىنى قۇشتەك يېنىك سېزىپ تېپىرلايتتى.

مادىل ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاشۇ ئىكەن! مېنىڭ تورۇق قاشقام! دەل ئۆزى شۇ! قاشقىسىغا قاراڭلار! مېڭىشى، تۇمشۇقى، كىرپىكى··· مەن تونۇۋالدىم.

مادىل ئاتقا يېقىنلاشقاندىن كېيىن چەۋەنداز بالىنى ئەپسانە سۆزلەر بىلەن تىللاپ كەتتى.

— چۈشە ئاتتىن، ئوغرىنىڭ بالىسى! بولمىسا ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن.

مادىل ئاتنىڭ تىزگىنىگە قول ئۇزاتتى. چەۋەنداز ئاستا قامچا ئۇرۇپ قېچىپ كەتتى.

— نېمە دەيسەن! كىم ئوغرى ئىكەن!

— توختا! — دېدى مادىل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، — توختا! كىم ئوغرى ئىكەنلىكىنى ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن.

ئادەملەر توپلاندى. بىر ئاقساقال ئوتتۇرىغا چۈشۈپ:

— ھاي بالا، ماۋۇيەرگە كەل، — دەپ چاقىردى، — كىمنىڭ ئېتى بۇ؟

چەۋەنداز بالا بىرئاز قورقۇمسىراپ:

— دۆمبۇنىڭكى، — دېدى.

— دۆمبۇ دېگىنىڭ خاننىڭ تاغىسى شۇمۇ؟

چەۋەنداز بېشىنى لىڭشىتتى. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا گەپ ـ سۆزلەر باشلاندى.

— توۋا، سارىباينىڭ تورۇق قاشقىسى ئۇنىڭ قولىغا نەدىن چۈشۈپ قالغاندۇر؟

ئۇنىڭغىچە بەش ـ ئالتە ئادەمنى ئەگەشتۇرۇپ دۆمبۇمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ ئاتنى بەيگىگە سېلىشتىن ئاۋۋال كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئۇ، ئاتنى ئوراپ تۇرغان ئادەملەرنى كۆرۈپ مېيىقىدا كۈلۈمسىرىدى.

— بۇ بىزنىڭ ئېتىمىز، خالايىق! بىزنىڭ تورۇق قاشقا مۇشۇ! — دەپ چۇقان كۆتۈردى مادىل.

— ۋارقىرىماي تۇر، مانا، دۆمبۇنىڭ ئۆزىمۇ كېلىپ قالدى. راستىنىلا سېنىڭ ئېتىڭ بولسا، شۇ چاغدا كۆرەرمىز. ئوغرىلانغان ئاتنى ئېنىقلاش تەس ئەمەس! — دەپ تەسەللى بەردى ھېلىقى ئاقساقال.

دۆمبۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى. ئۇ، بۇ يەردە نېمە توغرىسىدا گەپ بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.

— ھە، نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟ — دېدى ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن.

مادىل بىرىپلا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتتى.

— ھۇ ئوغرى! بەگ ئەمەس ئوغرى ئىكەنسەنغۇ! ئاتنى بەر!

دۆمبۇنىڭ چىرايى قارىداپ كەتتى.

— ھوي، ئاغزىڭغا بېقىپراق سۆزلە، يالاڭ تۆش، — دېدى دۆمبۇ، — قايسى ئاتنى دەۋاتىسەن! ئېتىڭنى تونۇمسەن، قەسەمخور!

ھېلىقى ئاقساقال ئارىغا چۈشتى.

— بېگىم، سارىباينىڭ تورۇق قاشقىسىنى ئوغرى ئەكەتكەن. بۇنى سىزمۇ بىلىسىز، ئاتنى ئىگىسى تونۇۋالدى.

— ھوي، ئاتنى باغلاپ قوي! — دېدى دۆمبۇ چەۋەنداز

بالىغا قاراپ، كېيىن ئاقساقالغا يۈزلەندى، — سىزنىڭ ساقىلىڭىزغا ھۆرمەت قىلدىم. بولمىسا، ئۇ بىرنېمىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، ئۆزىگە كۆڭلەك قىلىپ كىيدۈرەتتىم. ئەنە ئاتنى باغلاپ قويدۇم. ھەركىم ئۆز مېلىنى تونۇيدۇ، ئەگەر تونۇسا ئەكەتسۇن.

— تونۇيمەن، تونۇغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىمەن، — دەپ تېرىكىپ ئات تەرەپكە يۈگۈردى مادىل.

— ئۇنى تۇتۇڭلار، — دېدى دۆمبۇ غەزەپلىنىپ. ئىككى يىگىت مادىلنى ئاتقا يېقىنلاشتۇرماي چەتكە سۆرەپ كەتتى.

مادىل ئىززا تارتىپ، نەسىردىنبەگ تۇرغان يەرگە قاراپ كەتتى.

— زوراۋانلىق، مۇتتەھەملىك بۇ! بارىدىغان يەرگە بېرىپ ئەرز قىلىمەن. ئۇندىمەي تۇرسام زوراۋانلىق قىلىۋاتىدۇيا! — دەپ غودۇڭشىدى ئۇ كېتىۋېتىپ.

— بارسۇن! — دېدى دۆمبۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ، — قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن.

جامائەتنىڭ بىر قىسمى مادىلغا يان باسسىمۇ، يەنە بىر قىسمى «يېڭىلىشىپ بالاغا قالمىغىدى» دەپ ئەندىشە قىلىشتى. ھېلىقى خالىس نىيەتلىك ئاقساقالمۇ ساربايىنىڭ ئېتىنى تونۇغانىدى. ئۇ ماجىرانىڭ قانداق ھەل بولۇشىنى بىلىشكە قىزىقاتتى.

— مەيلى، بېگىم، بېرىپ باقسۇن، — دېدى ئۇ دۆمبۇغا.

دۆمبۇ ئاتنىڭ يېنىغا ھېچكىمنى يېقىنلاشتۇرمىدى. ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيدى. بەيگىگە لايىق ئاتلارنى تاللاۋاتقانلارمۇ توختاپ قېلىشتى.

نېرىقى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر تالاي ئاتلىقلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئابىل تۆرە بىرقانچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. مادىل ئابىل تۆرىنىڭ ئۈزەڭگىسىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ كەلمەكتە ئىدى.

— تۆرە ئاكا، تورۇق قاشقىنىڭ دەل ئۆزى، مەن ئۆز

ئېتىمنى تونۇمامتىم؟ بۇ دۆمبۇ دېگەن زات نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ شۇنداقمۇ زوراۋانلىق قىلامدۇ؟

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دەپ جامائەتكە سالام بەردى ئا-بىل تۆرە ۋە ماجىراغا سەۋەبچى بولغان ئاتنى تاپماقچى بولۇپ ئەتراپقا كۆز تاشلىدى.

— تۆرەم، بۇلار مېنى ئوغرى دېيىشىۋاتىدۇ. ئۆزۈڭ خا-لىسلىق بىلەن گەپ قىل. خاننىڭ تۇغقىنىنى مۇشۇنداق ھاقارەت قىلسا بولامدۇ؟ — دېدى دۆمبۇ تەنە قىلىپ.

ئابىل تۆرە ئالدىرىماي سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى.

— ئات قېنى؟ — دېدىيۇ، نېرىراقتا باغلاپ قويۇلغان ئاتقا كۆزى چۈشتى. ئاتنىڭ قۇلىقى بىلەن تۇيىقىدىن باشقا يېرى يوپۇق بىلەن يېپىپ قويۇلغانىدى. ئابىل تۆرە ساربابايىنىڭ تورۇق قاشقىسىنى تونۇغانلىقتىن، باغلاقتىكى ئاتقا زېھىن قويۇپ قاردى.

— ھەي، خاننىڭ تاغىسى، ئوغرى بولساڭ تۇتۇلىسەن. تېپىۋالغانىدىم، دېسەڭ، تونۇۋالغان ئادەمگە بېرىسەن، — دېدى ئابىل تۆرە كىنايە بىلەن، — قائىدە ۋە ئۆدۈم شۇنداق.

دۆمبۇمۇ بوش كەلمىدى.

— تونۇيالمىسىچۇ؟ ماڭا تۆھمەت قىلغان بولسىچۇ؟ — دېدى دۆمبۇ مەككارلىق بىلەن، — بىلىپ قوي، ئابىل تۆرە، باشقىلارنىڭ مېنى بۇنداق ھاقارەتلىشىگە يول قويمايمەن!

بۇ نېمانچىۋالا تىركىشىدىغاندۇر ياكى مادىل راستىنلا يې-ڭىلىشقانمىدۇر؟ ئابىل تۆرە ئاتقا يەنە بىر قېتىم قاردى. ئۇ، بۇنىڭ بىچارە ساربابايىنىڭ ئېتى ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەندى.

— تۆھمەت قىلغان بولسا جازالىنىدۇ. گەرچە يالاڭ تۆش بولسىمۇ بەربىر، — دېدى ئۇ مەسىلىنى ئۆزۈل - كېسىل ھەل قىلماقچى بولۇپ.

— قولۇڭدىن كەلسە، ئاسماننى ئۆرۈۋەت، ئابىل تۆرە! —

دېدى دۆمبۇ ۋە يىگىتلىرىدىن بىرىگە بۇيرۇدى، — يوپۇقنى ئېلىۋەت!

يىگىت دەرھال يوپۇق بىلەن ئېگەرنى ئېلىۋەتتى. ھەممەيلەن-نىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ كۆز ئالدىدا قىزىل ئالا ئارغىماق تۇراتتى. مادىلنىڭ ئىككى كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ، ئاتقا قاراپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى، ئۆزىنىڭ كۆزىگىمۇ ئىشىنەلمەيۋاتاتتى.

— ئاتنى بۇ تەرەپكە يېتىلە! نېرىقى تەرەپكە بۇرۇل! جاما-ئەت كۆرسۇن. ئېتى يوقالغانلار تونۇۋالسۇن! — دېدى دۆمبۇ كىنايە قىلىپ، — ئەنە، تونۇۋال، ئابىل تۆرە!

ئالا ئارغىماق ئۇياق - بۇياققا ماڭدۇرۇلدى. كىشىلەر ئارى-سىدا گۇدۇڭلاشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. خالىسىلارمۇ، ئابىل تۆ-رىمۇ لام - جىم دېيەلمەي قالدى.

— تورۇق قاشقا ... تورۇق قاشقا ... — دەيتتى مادىل دۇدۇقلاپ.

— ھوي، كۆزۈڭگە قاراپراق دەۋا قىلساڭ بولماسمىدى؟ — دۆمبۇ مادىلنىڭ بېشىغا قامچا بىلەن ئىككى - ئۈچ قېتىم ساۋ-دى، — مانا سېنىڭ جازايىڭ. لېكىن مەن سېنى ئەيىبلەپ دەۋا قىلمايمەن.

مادىل لەت بولۇپ، ئەتراپىغا ئاربىيالمىدى، ئاخىر بېشىنى چاڭگاللاپ ئورنىدىلا ئولتۇرۇپ قالدى.

— بۇ ئېخى ساڭا ئازلىق قىلىدۇ! ھە، ئۇياتسىز تۆھمەت-چى! — دېدى كىمدۇر بىرى. بەزىلەر: دۆمبۇنىڭ ئالا ئېتى يوق ئىدىغۇ؟ بەيگە ئېتى سېتىۋالغانلىقى توغرىسىدىمۇ ھېچقانداق گەپ ئاڭلىمىغانىدۇق، دەپ ئويلىدى.

ئابىل تۆرە دۆمبۇنىڭ قارا نىيەتلىك قىلغانلىقىنى بايقاپ، ئۆندىمەيلا كېتىپ قالدى.

دۆمبۇ ھەمىشە كىشىلەرگە سەزدۈرمەيلا ئوغرىلىق قىلاتتى-

ئاشۇ كۈنى كېچىسى ساربابايىنىڭ ئېتىنى قولغا چۈشۈردى. ئەتى-سى بىر دانە قىل ئارغامچىنى قازاندا ۋاراقلىتىپ قايناتتى، كېيىن قىزىق ئارغامچىنى ئاتنىڭ بويىنىدىن ساغرىسىغىچە ئايلان-دۇرۇپ باغلىدى. ئارغامچا تەگكەن جايلار قىزىرىپ كۆيدى. تورۇق قاشقا ئېچىنارلىق كىشنەپ يىقىلدى. ئارغامچا سوۋۇغان-دىن كېيىن يېشىپ ئېلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتنى تۇجۇپپە-لەپ بېقىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاتنىڭ كۆيگەن يەرلىرى ساقىيىپ، ئارغامچىنىڭ ئىزىنىڭ ئورنىدىن ئاق تۈكلەر ئۈنۈپ چىقتى. ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، تورۇق قاشقا بىردىنلا ئالا ئارغىماققا ئايلىنىپ قالدى. دۆمبۇ ئاتقا يوپۇق يېپىپ، ھېچكىم-گە كۆرسەتمەي باقىان ۋە بۈگۈن بەيگىگە سالماقچى بولۇپ ئەكەل-گەنىدى.

تورۇق قاشقىنى كىم كۆرۈپتۇ؟ دۆمبۇنى كىم ئەيىبلىيەلەي-دۇ؟ ئابىل تۆرە تەنتەنىلىك مەربكىنى ئۆزى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى. يەنە بىر تەرەپتىن، دۆمبۇ خاننىڭ تاغىسى ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ئاداۋەتنى يۈرىكىگە تۈ-گۈپ قويدى.

جارچى مەيداندا ئالا ئارغىماقنى ماختاپ قوشاق توقۇشقا باشلىغانىدى:

قىزىل ئالا ئارغىماق،
خوپ كېلىشكەن ئارغىماق.
تايچاق كەبى سەكرىسە،
ھەۋەس قىلار ئادەمزات.
قومۇش قۇلاق ئارغىماق،
ئىككى كۆزى شام - چىراغ.
ئۇچار كۆچكەن يۇلتۇزدەك،
ئۇنىڭ تېگى يوق بىراق.

دۆمبۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ، جامائەتنىڭ ئارىسىدا ئۆزد-
نىڭ مەردلىكىنى كۆرسەتمەكچى بولدى.
— مانا، تۇتە بۇنى، قوشاقچى يىگىت، — دۆمبۇ ئۆزى
مىنىپ يۈرگەن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى مەدداھقا تۇتقۇزۇپ قويۇپ،
قامچىسىنى تۇتقىنىچە نېرىغا كەتتى.
يۈگۈرۈك ئاتنى، گۈزەللىكنى، باتۇرلۇقنى، مەردلىك ۋە
ئادالەتنى ئەزەلدىن قەدىرلەپ كەلگەن پۇقرالار بىردىنلا چاۋاك
چېلىشۋەتتى.
— بەللى! يىگىت دېگەن سەندەك بولسا! ياشاپ كەت!
مەدداھ سوۋغا ئالغاندىن كېيىن، راسا روھلىنىپ، دۆمبۇ-
نىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ، ئۇنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈ-
ۋەتتى:

ئەسلىي باتۇر دۆمبۇ بەگ،
باتۇر نەسلى دۆمبۇ بەگ.
ھەممە يەردە ئىزى بار،
يۇرت ئىچىدە يۈزى بار.
چوڭ بوۋىسى قىپچاقتۇر،
جاھانگىر خاننىڭ پۇشتىدۇر،
دۈشمىنىنى مات قىلغان.
ئەل - يۇرتىنى شاد قىلغان،
خۇددى ئوخشار ھاتەمگە.
داڭقى كەتكەن ئالەمگە.

دۆمبۇ ئارقىسىغىمۇ قارىمىدى. ئۇ تېرىسىگە پاتماي قالغاند-
دى. ئابىل ئاڭلىسا بارماقلىرىنى چىشلەپ قالار ھەرقاچان، دەپ
ئويلىدى ئىچىدە.

www.uyghurkitap.com

ئاشۇ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئارغىماق بەيگىگە چۈشكەن كۈنى ئالا ئارغىماق نىشانغا ئەڭ بۇرۇن يېتىپ كېلىپ، دۆمبۆنىڭ شۆھرىتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

مادىلنىڭ يۈرىكى ئۆرتىنىپ، يورۇق دۇنيادىن بىزار بولۇپ كەتتى. ئۇ بەيگىدىن كېچىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

— مەن ئۇنىڭ مېڭىشىدىن، كۆزىدىن، كىرپىكلىرىدىن تونۇدۇم، — دېدى مادىل سارىبايغا قاراپ تېرىككىنىچە، — ئۇستىگە يوپۇق يېپىپ قويۇپتىكەن. يوپۇقنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن قارىسام، ئۇ ئالا ئات ئىكەن...

كۆپنى كۆرگەن سارىباي ئېغىر خۇرسىندى. ئۇ، دۆمبۆنىڭ ھىيلىسىنى چۈشەنگەنىدى.

— ھۇ ئۆيۈڭ كۆيگۈر ... — دەپ تىللىدى سارىباي، — مەيلى، ئىش ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى ئارتۇقچە قايغۇرما، يەنە بىرەر پالاكەتكە يولۇقمايلى، خۇدادىن قورقمىغاندىن قورق، دېگەن گەپ بار. بۇ ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ گېپى!

## 4

خۇدايارخان 1868 ـ يىلى تاشكەنتكە گېنېرال گوبېرناتور ھۈزۈرىغا سالامغا باردى.

ئابىل تۆرە تاغىسىغا ئاش بېرىپ، شۇ باھانىدە ئوردىدىكىلەر بىلەن قەبىلە ئىچىدىكى ئۆزىگە كېرەكلىك كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىدى. كېيىن ئۇ، ئوردىغا سوۋغا ـ سالام بىلەن كەلگىنىدە، خان ئۇنىڭغا زەرباپ تون كىيدۈرۈپ، ھۆرمەتلىدى، گېنېرال گوبېرناتور ھۈزۈرىغا مېڭىش ئالدىدا ئۇنى نۆكەرلىرى سېپىگە قوشۇۋالدى.

مۇشۇ ۋاقىتلاردا، قانداقتۇر قالقان قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدىغان بىرەر باھانە لازىم ئىدى. گېنېرال ئادىيۇتانت فان

كەيفىمان خانغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن كىشىلەرگە
ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتىشكە ئالدىرىدى. ئوردىدىكىلەر قانلىق
توقۇنۇشلار بىلەن ئۇرۇشقاق گېنېراللارنىڭ ئاستا - ئاستا قد-
سىپ كېلىشىنى ئىككى ئارىدىكى نىيىتى يامان كىشىلەرنىڭ
ئىغۋاگەرچىلىكىنىڭ ئاقىۋىتى، دەپ چۈشىنىپ، بۇ ئىشلارنى
مۇزاكىرە بىلەن ھەل قىلىشقا ئۈمىد باغلاۋاتاتتى. فان كەيفىمان
خاننىڭ گەپلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاپ، خان بىلەن بىللە
قايغۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قانلىق توقۇنۇشلارنى خۇدا
بىزگە كۆرسەتمىسۇن، دېدى ھەم روسىيە ئىمپېراتورىنىڭ كى-
چىك بىر قوقان خانى بىلەن ئۇرۇشۇش نىيىتىدە ئەمەسلىكىنى
چۈشەندۈردى. شۇنداقلا، ئوردىنى ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەردىن
ساقلاشتا داۋاملىق ياردەم بېرىپ، خاننىڭ خاتىرجەم دەۋران سۈ-
رۈشتە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مۇبادا،
خانغا قاراشلىق ۋىلايەتلەردە ئوردىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلسە
ياكى شۇنداق ئىشنىڭ شەپىسى سېزىلسە، پۈتۈن روسىيە ئىمپې-
راتورى قاراپ تۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ھەر
ئىككى تەرەپ تېزدىن شەرتنامە تۈزۈشكە مۇيەسسەر بولدى. شەرت-
نامىگە ئاساسەن، قوقان خانلىقىنىڭ تاشكەنتكە قەدەر بولغان
يېرى، سۈيى، خەلقى روسىيە ئىمپېرىيىسى ئىختىيارىغا ئۆتكۈ-
زۈلدى. خان ھەم ئۇنىڭ بەگلىرى فەرغانە ۋادىسىغا ئىلمىي
مەقسەتلەردە كەلگەن قوراللىق كىشىلەرنىڭ يولىنى توسۇماس-
لىق، رۇس بايلىرىنىڭ ئەركىن سودا - سېتىق قىلىشىغا يول
قويۇش توغرىسىدا كېلىشىم قىلىندى. مۇبادا، قوشنا مەملىكەت-
لەر بىلەن قىلىنىدىغان ئالاقە ئىشلىرى بولسا، ئۇنى ھەر ئىككى
تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ ئىش يۈرگۈزىدىغانلىقىنى، گېنېرال گو-
بېرناتور خۇدايارخاننىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىنى، ئالىي دەرىجىسىنى
ھەر دائىم قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇنىڭ بىلەن خۇدايارخاننىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. گويا

www.uyghurkitap.com

ئۆز ئۆلكىسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى تەشۋىشلىرىدىن قۇتۇلغاندەك، پەقەت ئوردىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى ئولجا بولۇپ قالغاندەك يەڭگىل قايتتى.

## 5

بىردىن ئىت ھاۋشىپ، ئاتنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

مادىل ئۆز ئىشىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە، ئەتراپقا قارىمىدى.

— ھەي گۇناھكار بەندە، بېشىڭنى كۆتۈر.

مادىل چۆچۈپ كەتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇدۇلىدا قارا ئاتلىق بىر كىشىنىڭ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى:

— ھە، كېلىڭ، خان تاغىسى، كېلىڭ، — دەپ ھەلەپ يېپىشقان قوللىرىنى يانپىشىغا سۈرتۈپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتماقچى بولدى.

— سىنىڭ رەڭگىرويىڭنى كۆرگىلى كەلدىم.

— قېنى، ئاتتىن چۈشۈڭلار.

— بەش ئات قېنى؟

مادىل ھولۇقۇپ قالدى.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، قولىمىز قىسقا... بولسا قاراپ تۇرماستۇق.

قارا ئاتلىق ئېتىنى دېۋىتىپ ۋارقىرىدى:

— مەن قانداق قىلاي؟ قاچانغىچە كۈتىمىز؟

مادىل ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

— بار تۇرۇپ بەرمىسەك باشقا گەپ ئىدى...

قارا ئاتلىق ۋارقىراپ، يەنە ئالدىغا ئېتىلدى، بۇ قېتىم مادىل قاچمىدى.

— بولدى، ئات سالماڭ! — دېدى غۇدۇرىدى ئۇ، —

كەمسىتىشمۇ ئۆز يولى بىلەن بولسۇن، خۇدانىڭ كۆرسەتكەن خورلۇقلىرى ئازمىدى؟ ئەپلەپ - سەپلەپ بىر ئىش قىلارمىز…

— ئەپلەپ - سەپلەپ ئىمىش؟ !… سىلەر بەش ئاتنى ئاتامنىڭ ئىشىغا بەرمەيسىلەر؟ بۇ خاننىڭ سېلىقى، ئاتلار خانغا كېرەك، سەن ئەپلەپ - سەپلەپ بەش قىلغۇچە خان قاراپ تۇرامدۇ؟ هە؟ !

پىچاق سۆڭەككە يەتكەندى، مادىل ئۆزىنى تۇتالمىدى.

— نەدىن تاپاي؟ تۇغۇپ بېرەمدىمەن؟

— نېمە؟ بۇ يالاڭ تۆش نېمە دەيدۇ؟

— كىم يالاڭ تۆش؟ ! خاننىڭ تاغىسىنى ياراتقان خۇدا يالاڭ تۆشنى ياراتماپتىكەنمۇ؟ !

— ئۇنى تۇتۇڭلار! — دېدى دۆمبۇ، — تىلىنى سۇغۇرۇڭلار!

ئارقىدا تۇرغان بەش يىگىت ئاتتىن دەرھال چۈشۈپ مادىلغا يېپىشتى، لېكىن مادىل قاراپ تۇرمىدى، يەردە ياتقان كالتەكنى ئېلىپ ئۇرۇشقا باشلىدى، لېكىن ئۇلار كۆپچىلىك بولغاچقا، ئاخىر مادىلنى بېسىۋالدى.

مادىلنىڭ ئايالى زار يىغلاپ، ئېرىنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. يىگىتلەردىن بىرى ئۇنى ئىرغىتىپ تاشلىدى. ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېرىگە تاراسلاپ تېگىۋاتقان قامچىلاردىن ئۇنى هىمايە قىلماقچى بولدى. يىگىتلەر ئەر - خوتۇنغا تەڭلا يېپىشتى. كۆڭلىكى تىتما بولۇپ كەتكەن زەيفا بەئەينى قاشقىردەك ئېتىلىپ كېلىپ زوراۋانلارنىڭ يۈز - كۆزىگە چاڭ سالدى ۋە قوللىرىنى چىشلىۋالدى.

خوتۇن كىشىنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ۋە ئەۋجىگە چىققان مالىمانچىلىقتىن قورقۇپ، ئانىلىرىنىڭ قوينىغا كىرىۋالغان بالىلارنىڭ يىغا - زارىدىن ئاۋۇل قوزغىلىپ كەتتى. مادىل هوشى-

دىن كەتكۈچە ئېلىشتى. كېيىن يىگىتلەر ئۇنىڭ قولىنى باغلىۋالدى.

ئەركەك زاتىدىن پەقەت سارىباي بار ئىدى. ئۇ تاشقىرىدىكى قىيا - چىيانى ئاڭلاپ، ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى. بىراق سۆيۈمخان ئۆزى يىغلاپ تۇرغان بولسىمۇ، ئېرىنى ئالداپ، ئىشىككە چىقارمىدى. لېكىن ئۆزىنىڭ تاقىتى - تاق بولۇپ، ئاخىر تامدىكى ئېسىلىپ تۇرغان سولەيسۇن تېرىسىنى يەلكىسىگە تاشلاپ ئىشىككە چىقتى.

— جېنىمىز سادىغا، كەچۈرۈم سورايمىز، — دېدى ئۇ خورسىنىپ يىغلاپ دۈمبۈگە ئىلتىجا قىلىپ، — يوقسۇزچىلىقتىن خانىنىڭ سېلىقىنى ۋاقتىدا بېرەلمىدۇق. تىنچلىق بولۇپ تۇرسا، بەش خوجىلىققا بەش ئات دېگەن ھېچ گەپ ئەمەس.

قارا ئاتلىق سۆيۈمخانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتقان قىياپەتتە بولسىمۇ، لېكىن كۆزىنى يالتىراپ تۇرغان سولەيسۇندىن ئۈزەلمەيتتى.

— بىچارە، سېلىقتىن قۇتۇلىمەن، دەپ ئەتىگەندىن - كەچكىچە جابدۇق ياساپ، ئارام ئېلىشنى بىلمەيدۇ، — سۆيۈمخان سۆزلەۋېتىپ، يەلكىسىدىكى سولەيسۇننى قولىغا ئېلىپ يايدى. سولەيسۇننىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگدى. قارا ئارغىماق تېرىدىن ئۈركۈپ، قۇلاقلىرىنى شىڭتايتتى.

— ئوۋچىنىڭ ئاخىرقى ئولجىسى ئىدى. ئاز بولسىمۇ كۆپ ئورنىدا كۆرۈپ، بۇنى ئەكېتىڭ. بىچارىگە شەپقەت قىلىڭ، — دەپ سۆيۈمخان ئۆزىنى تۇتالماي ھۆڭرەۋەتتى.

— سىلەر جابدۇق ياساپ ساتقۇچە خان قاراپ تۇرامدۇ؟

قارا ئاتلىق سۆيۈمخانغا قاراپ باستۇرۇپ كەلدى. ئۇ قامچا تېگىشىنى كۈتۈپ، يەرگە قاراپ تۇردى. دۈمبۇ ئايال كىشىگە

قامچا ئۇرۇشتىن ھېيىقتىمۇ قانداق، جىم بولدى. سۆيۈمخان بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— باتۇر! قامچا كۆتۈرمەڭ. خوتۇن كىشىگە قامچا كۆتۈرگەننىڭ بېشىدىن دۆلەت ئۇچىدۇ، — دېدى ئەيمەنمەي.

— ئەستاغپۇرۇللا!

قارا ئاتلىق سەل پەسكويغا چۈشۈپ، سۆيۈمخانغا قاراپ سورىدى:

— ئۆزىنىڭ بوركۇتى كۆزىنى جاراھەتلەندۈرگەن ئوۋچىنىڭ خوتۇنى سەن بولامسەن؟

— شۇنداق.

قارا ئاتلىق بىردىنلا مادىلغا يۈزلەندى:

— ھەي، تېگى پەس، مانا بۇ ئايالنىڭ ھۆرمىتى ئۇچۇن سېنى كەچۈردۈم، ئاڭلىدىڭمۇ؟ جېنىڭ ئامانەتكە قالدى. بىر ھەپتىدىن كېچىكمەي سېلىقنى تۆلەيسەن. ئاڭلىدىڭمۇ؟ بولمىسا، ئاۋۇلدىكىلەرنىڭ ئۇۋالىغا قالىسەن!

مادىل بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىمىدى. ئۇنىڭ قۇلىقى ۋىڭىلداپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى ئاۋارە ئىدى.

— ئاڭلىدىڭمۇ؟ كۇلۇڭنى كۆككە سورۇيمەن؟!

شۇنىڭدىن كېيىن قارا ئاتلىق پەسكويغا چۈشتى، نېمىشقىدۇر سۇلەيسۇنگىمۇ قارىمىدى. يىگىتلىردىگە ئىشارەت قىلىپ بىر - بىرلەپ يولغا چۈشتى.

خوتۇنلار مادىلنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈشتى. مادىلنىڭ ئىتى گويا ئىگىسى ئۇچۇن قىساس ئالماقچى بولغاندەك، جان - جەھلى بىلەن ھاۋشىپ قارا ئارغىماقنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. دۆمبۇ ئاتنى شارتتىدە توختىتىپ ئارقىغا بۇرۇلدى ۋە تاپانچىنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋەتتى، قارا قانجۇق ۋاڭشىپ بېرىپ، يولدا سۇنايلىنىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

× ×

ئابىل تۆرە مادىلىنىڭ ئەرز - ھالىغا يەتتى. بىچارىنىڭ يۈز - كۆزلىرى قامچا زەربىدىن ئىششىپ كەتكەنىدى، لېۋى يۇمۇلمايتتى.

—كىم ئۇ؟ — سورىدى ئابىل تۆرە.

— دۆمبۇ...

بۇ ئىسىم ئاڭلىنىش بىلەن ئابىل تۆرىنىڭ كۆزلىرى باشقىچە تۈسكە كىردى. دۆمبۇ؟ خاننىڭ تاغىسى - ھە؟!

— قايسى گۇناھىڭ ئۈچۈن؟

مادىل تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئابىل تۆرىنىڭ ئېتىكىنى سۆيۈپ يىغلىۋەتتى.

بەش ئائىلىدىن ئىبارەت نۇيغۇت ئۇرۇقىنىڭ ئەھۋالى ئابىل تۆرىگە بەش قولدەك ئايان. بىرى ئوۋچى، بىرى جابدۇق ياسايدۇ، يەنە بىرى، رەڭدار كاسسا ياساش ئۇستىسى. سارىبايىنى بولسا بۇركۇت كور قىلدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، تىرىكچىلىكىنىڭ مەززىسى قالمىدى. خان تەرىپىدىن سىيلىق قىلىنغان بەش ئات ئۆلگەننىڭ ئۇستىگە تەپكەن بىلەن باراۋەر. ئاكا - ئۇكىلارنىڭ مەقسىتى ئۆزلىرى ياسىغان ئۆي سايمانلارنى سېتىپ سىيلىقتىن قۇتۇلۇش. بۇنىڭدىن باشقا چارە بولمىغاندىن كېيىن قانداق قىلىدۇ؟ ئەسلىدە، ئۇلاردىن سىيلىق ئېلىشنى ئابىل تۆرە دۆمبۇگە تاپشۇرغانىدى.

ئابىل تۆرە خورلانغانلىقى ئۈچۈن يىغلاپ ئولتۇرغان مادىلنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىق چۈشەندى.

— كىم بار! — دېدى ئابىل تۆرە تاشقىرىغا قاراپ. بوسۇغىدا تۇرغان يىگىت كىرىپ، قولىنى كۆكسىگە قويدى.

— ھېچكىم كىرمىسۇن ... ئۆزۈڭمۇ بوسۇغىدىن يىراق تۇر! — دېدى ئابىل تۆرە.

— خوپ بولىدۇ، تۆرە ئاكا!

ئابىل تۆرىنىڭ كۆزى مادىلنىڭ يىرتىق يەلكىسىگە ۋە قان قېتىپ قالغان كۆڭلىكىگە چۈشتى.

— سادىغاڭ بولاي، ئەل ئاغىسى، ئۇ، يەڭگەمگە قامچا كۆتۈردى، ئۇنى ئاز دېگەندەك ئىتىمنى ئېتىۋەتتى.

— ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. خوش، ئەمدى نېمە قىلماقچىسەن، مادىل؟

— نېمە قىلاي، ئەل ئاغىسى؟

— ئاپلا، ئاخىرەتلىكى كۆيۈپتۇ - دە!

مادىل بۇ مۇجمەل گەپكە چۈشەنمىدى. ئابىل تۆرە سول قولىنى مادىلنىڭ يەلكىسىگە قويدى. ئۇ كۆڭلى كۆتۈرۈلگەچكىمۇ يەنە يىغلىدى.

— قانداق قىلاي، ئەل ئاغىسى؟

— غادايغانغا غادايغىن بېشىڭ كۆككە يەتكۈچە، دېيىشىدۇ. ئۆچ ئال، مادىلىم! ئاخىرەتكىچە كىم بار، كىم يوق، كۈتۈپ ئولتۇرماي قىساس ئېلىشىڭ كېرەك!

— قانداق قىلىپ... ئەل ئاغىسى، — دەپ يېلىندى مادىل، — ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن، ئۆچۈمنى ئېلىپ بېرىڭ. مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار.

— ئۆزۈڭ ئالىسەن.

مادىل ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

— مادىل، ئوۋچى ئاكاڭنىڭ مىلتىقى بارمۇ؟

— بار... بار، ئاكام بۈركۈت بىلەن ھەپىلەشكەچكە، مىلتىقى ھېچقانچە ئۇرۇنمىغان، تېخى يېڭى.

تۆرە مىلتىقنى سوراپ قالدى، ئەگەر ئىش شۇنىڭ بىلەنلا پۈتسە، ئاسان ئىكەن، دەپ ئويلىدى مادىل، ھازىرلا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەكېلىپ بېرىشىم مۇمكىن.

— مىلتىق ئېتىپ باققانمۇسەن؟

— ياق، قانداق دەيسىز. ھازىر ئەكېلەيمۇ، تەل ئاغىسى؟ ئابىل تۆرە ئۇنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن قولىغا نوقۇپ قويدى.

— ئىخلاس بىلەن يىغلىسا، قارىغۇ كۆزدىنمۇ ياش چىقىدۇ. ئېتىشنى بىلمىسەڭ، ئۆگىنىسەن. قۇلاق سال، ئاشۇ مىلتىقنى ئوقلاپ يولنى توسۇيسەن!

— كىمنىڭ؟

— مەندىن ئوبدانراق بىلىسەن، — ئابىل تۆرە مادىلغا تىكىلدى، — چۆچۈمە. مەن سىنى ئوغۇل دەۋاتىمەن. ئەزىبىرايى رەھىم كەلگىنىدىن... مىلتىقنى ئوقلاپ، خالىي جايدا پايلايسەن!

مادىل ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى.

— تۇيۇقسىز ئاتىسەن، ئۇ ئاتتىن يىقىلسا، ئۆزۈڭنى يو-شۇر، يېنىدىكى يىگىتلەر پىتىراپ قاچىدۇ. پۇرسەتتىن پايدىلى-نىپ، ئۆزۈڭنى يوشۇرىسەن. ھېچكىم بىلمىسۇن، ھەتتا خوتۇ-نۇڭغىمۇ ئېيتما. باشقا تەرەپلىرىنى ماڭا قويۇپ بەر. ئاڭلىدىڭ-مۇ؟ مەن بار ئىكەنمەن، خاتىرجەم بول.

مادىل ئەمدى چۈشەندى. ئۇ ئابىل تۆرىگە سەپسالدى. تۆرە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەن تەييار!

— قاراپ تۇرۇپ بىرىنىڭ خوتۇنىغا قامچا كۆتۈرسە، ئىتىڭ-نى ئېتىۋەتسە، ھەددىدىن ئاشقىنى شۇ ئەمەسمۇ؟ ئۆزۈڭ بىر ئويلاپ كۆر، ئۆچۈڭنى مۇشۇ دۇنيادا ئالغىنىڭ تۈزۈك، مادىل.

— خوپ بولىدۇ، ئۆلتۈرىمەن، — دېدى مادىل ۋە ئورنىدىن قوزغالغانىدى، ئابىل تۆرە ئۇنىڭ بېسىپ قويدى.

— ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈم. ئۇنىڭ يولىنى دېھقانلارغا يېقىن-راق يەردىن توسۇ!

مادىل گەپكە ئۇنچە چۈشەنمىسىمۇ، باشقىدىن روھلىنىپ مىننەتدارچىلىق بىلدۈردى.

— گەپ شۇ، دېھقانلارغا يېقىنراق جايدا ئىشنى تۇگەت. سەۋەبىنى سوراپ ئولتۇرما. ئالىمادىس، سېنى دۆمبۇ ئۆلتۇرسە، يەرلىكنىڭگە مەن قويىمەن، بۇنى بىلىپ قوي، ئەمدى ماڭغىن.

— خەير ئەمىسە! — مادىل ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

مادىل ئابىل تۆرە بىزگە ھەقىقەتەنمۇ ئىچ ئاغرىتىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ خۇشال بولدى.

ئابىل تۆرە يېقىندا ئوردىغا بارغىنىدا، دۆمبۇنىمۇ بىللە ئاپارغانىدى. گەرچە ئۇ خانىنىڭ بوۋىسى توختى نەزەرگە يىراق تۇغقان بولسىمۇ، خۇدايار يەنىلا ئۇلارنى چىرايلىق كۇتۇپ، دۆمبۇنى تۆرىگە سېلىقچى قىلىپ بەردى. شۇ سەۋەبتىن، دۆمبۇ كېرىلىپ، كۇندە بىر ھۇنەر چىقىرىپ، بەزىدە ئابىلنىڭ سۆزىنى ئىناۋەتكە ئالماي قوياتتى. بارا - بارا ئەل ئىچىدە سېلىقچىغا نىسبەتەن نارازىلىق كۇچەيدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھەر ئىككىسىگە ئوخشاش كۇچكە ئىگە بىر خىل يارلىق بېرىلگەنلىكى تۆرىنىڭ غەشلىكىنى كەلتۇرەتتى. قىسقىسى، ئابىل تۆرە ئۇنىڭ پېيىنى قىرقىش ئۇچۇن قۇلاي شارائىت ئىزدەپ يۇرەتتى. ھازىر ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئاشۇ پۇرسەت كەلگەندەك قىلاتتى. ھەقىقەتەنمۇ، مادىلنىڭ كېلىشى ئۇنىڭغا ئەينى مۇددىئادىكى ئىش بولدى. ئەمدى ئۇ، ئىشنىڭ خۇددى خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك، جىم - جىم پۇتۇشىگە كۆزى يېتىپ، يېنىك نەپەس ئالدى.

— كىم بار؟ — دېدى ئابىل تۆرە ئالىقىنىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ.

ئىشىكتىن خوتۇنى — قاراقاش ئايىم كىردى.

— ھېلىقى شورپېشانىگە نېمە بوپتۇ؟

— ھە، دۆمبۇ ئەخمەق··· بىچارە نۇيغۇت ئۇرۇقى سېلىقىنى ۋاقتىدا تۆلىمىگەنىكەن، ئۇنى كالتەكلەپتۇ.

— ئۇنداق قىلما دېمەمسىز··· پۇقرالىرىڭىزنى بىر چەتتىن كالتەكلەتمەي ··· — دېدى قارا قاش ئايىم قاشلىرىنى ھىمىرىپ.

ئابىل تۆرە كۈلۈپ قويدى.

— خاننىڭ تاغىسى ـ دە...

— ئۇ خاننى تاغىسى بولسا، سىز ئەلنىڭ ئاغىسىسىز، ئەل سىزگە باش ئېگىدۇ.

ئابىل تۆرە كۆز قىرىنى تاشلاپ، بىردەم گەپ قىلماي بېشىنى قىمىرلاتتى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇنداقلارنىڭ جازاسىنى خۇدا بېرىدۇ، ئايىمچە، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئىشىكتىكى يىگىتلەرگە چىقىپ ئېيتىڭ. نۇيغۇتلار نامىدىن بەش ئاتنى سېلىق توپلىنىۋاتقان يەرگە تېزرەك يەتكۈزۈپ بېرىشسۇن. كېيىن، ئۆزىڭىز مېنىڭ نامىمدىن سالام ئېيتىپ، نۇيغۇتلارغا سېلىقتىن قۇتۇلغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ قويۇڭ.

— خوپ، دادخاھ، بۇ ساۋابلىق ئىش بولدى.

— شۇنداق بولسۇن.

× ×

«ھاي ـ ھاي، — دېدى گۈلكىشى تاينى باللاردەك ئەركىلىتىپ، چۇلۇۋرىنى ئۈزۈنراق قويۇپ، — ھاي ـ ھاي، تورۇق تايىم. ئاپلا، ئەنتەكەي، مېنى سۆرەپ ئۆلتۈرمەكچىمۇسەن؟»

سېمىز تورۇق تاي قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ، يولنىڭ چېتىگە قارىدى. چاتقاللىق ئارىسىدىن كىمنىڭدۇر بېشى كۆرۈندى. گۈلكىشىنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى.

— كىم بار؟

— مەن، گۈل ئاكا.

— ھە، مادىلمۇسەن، بۇياققا چىق!

گۈلكىشى ئۇنى ئىشارە قىلىپ چاقىردى، سالام ـ سەھەت قىلىشتى. مادىلنىڭ رەڭگى ئۆچتى، بۇيەردە نېمە قىلىۋاتىسەن



www.uyghurkitap.com

دېسە، قانداق جاۋاب بېرەرمەن دەپ بېشى قاتتى، لېكىن ئاقساقال ئۇنىڭدىن گەپ سورىمىدى، بۈگۈن ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى، سەۋەبى، ئۇزاق ۋە ئېغىر يولنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ تۈگەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ، يەڭگىل تارتىپ، يول ياقىسىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بۈگۈن بۆزبۇنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن يولغا چىققانىدىم، — دېدى ئۇ خۇشال بولۇپ، — خۇدا كۆڭلىگە سالدىغۇ، تايىم ئىنساپلىق قىلدى.

مادىل ئۇنىڭدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇپ كېتىشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر گۇلكىشى تايىنىڭ يالىلىرىغا قاراپ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— خۇدا بۇيرۇسا، ياخشى ئات بولىدۇ. قارىغىنا، مادىل، ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتى، سۆڭىكى يوغان… قانداق دەيسەن؟ بۇ ئۆزى كۆمۈر توشۇيدىغان ئات ئەمەس، جەڭگە مىنىدىغان ئات بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغاچقا، مادىل ئارانلا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— كېلەر يىلى مىنىشكە يارايدۇ، ياق، مىنىمەيمەن. كىچىكىدىن مىنىپ قويسا رەزگى بولۇپ قالىدۇ.

مادىل قۇشقاچ پۇر قىلسا، چۆچۈپ كەتكەن تايغا قاراپ يۈرىكى ئەنسىزلەندى، چالغا يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى. مادىلنىڭ مۇئامىلىسى گۇلكىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى.

— بىزدەك بىچارىلەرنىڭ مىنىشىگە يارىسا بولدى.

مادىل يەنە گەپ قىلمىدى، گۇلكىشى ھەيران بولۇپ سورىدى:

— ھەي، چىرايىڭ نېمانچە غەلىتە؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ نەگە كېتىۋاتىسەن؟

بۇ سوئال مادىلنى گاڭگىرىتىپ قويدى، ئۇ كۆزىنى يۇمدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى

— شۇنداق، گۇل ئاكا. ئاۋۇ تەرەپتىن كېلىۋېتىپ مەشەدە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتىمەن.

— ئۇ كۈنكى تاياقتىن تېخىچىلا ئوڭلىنىپ كەتمەپسەن-دە.

مادىل يەرگە قاراپ «ھە» دەپ قويىدى. گۈلكىشى ئۇنى يوپۇتقۇدەك باشقا گەپ تاپالماي، يەنە ئۆز دەردىنى ئېيتتى:

— ئىسىت ئېتىم، ئادەمدىنمۇ ئەقىللىق ئىدى. راسا مىنىدىم، ئەپسۇسكى، جاماتقۇلنىڭ مەرىكىسىدە زورۇقۇپ كەتتى-دە... خۇدا خالىسا، بۇمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايدۇ. تۇزلەڭلىك يەردە مىنىپ كۆردۇم، يامان ئەمەس، يېتەككىمۇ ياخشى، ئامان بولساق بولغىنى. بويىنىنى قارا، نەق بىر غۇلاچ كېلىدۇ-ھە؟!

مادىلنىڭ ھەۋىسى كېلىپ:

— سېتىۋالدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— نەدە. بۇ ئاشۇ سىرىق ئېتىمنىڭ تېيى. مادىل، ئات ھېرىپ قالغاندا بىر مۇدۇرسە، ئورنىدىن تۇرالمايدىكەن، ئۇ يىقىلدى-دە، قايتىپ تۇرمىدى. بېشىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇۋەردىم، كېيىن بىر توپ ئۆكۈز ھەيدىگەن كىشىلەر كېلىپ قالدى، نېمە دېيىشىمنى بىلمىدىم، چۈنكى، ناتونۇش ئادەملەر، ئۇلار بەيگىگە قاتناشماقچى بولغىنىمنى بىلىشتىمۇ ياكى رەھمى كەلدىمۇ، بىرى بوغۇزلىدى، گۆشى ياخشى چىقتى، بۆلۈشۈۋېلىشتى. مېنىڭ ئۈمىدۋار بولۇپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ: «كېلەر يىلى كۈزدە بۆزبو تاغىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى قىشلاقىقا بېرىپ، ئاقاباي دېگەن ئادەمنى سوراپ، ئۇنىڭغا مۇشۇ دوپپىنى بەرگىن» دەپ ھېلىقى ئادەم دوپپىسىنى ماڭا قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ نېمە قىلغىنىدۇ؟ ئۆزۈممۇ ھەيران بولدۇم. مەن نەدىن بىلەي. بۇ خۇددى شەيتان دوپپىسىنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئۆزى غايىب بولغاندەك بىر ئىشقا ئوخشىشاتتى.

— دوپپىنى نېمە قىلدىڭىز؟
— بىر باشتىن ئېيتىپ كېلىۋاتىمەنغۇ. ئايەم كۈنى كەمپىر ئەسكى خالتىسىنى ئاختۇرۇپ ئولتۇرۇپ، بىر دوپپىنى ئالدىيۇ، ئۇنى يۇيۇپ چوڭ ئوغلىغا كىيدۈرۈپ قويماقچى بولدى. شۇ چاغدا، يالت قىلىپ ھېلىقى ۋەقە ئېسىمگە چۈشتى. بۇ بۇلتۇرقى دوپپىغۇ. توۋا، ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ. دەل ئۆزى شۇ. بىر كۈنى تەۋەككۈل، دەپ يولغا چىقتىم، بۇ توغرىسىدا خوتۇنۇمغىمۇ دېمىدىم، بارسام ئۇنى قىشلاقتىكىلەر ئوبدان تونۇيدىكەن، ئاقاباي مال سويۇپ مېھمان قىلدى. نېمە دەيتتىم. ئۆلگەن ئاتىنى دەۋا قىلىش ئىنساپلىق ئادەملەرنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. بىر چاغدا، ئاقاباي «دوپپام قېنى؟» دەپ سوراپ قالدى، بەردىم. كېيىن ئۇ: «ئېتىڭنى تۆت مال قىلدىم، ئۇلارنى بولسا، تايغا ئالماشتۇردۇم. سەن خاتىرجەم بول، بىزنىڭ ئېتىمىز ئەزەلدىنلا بىر - بىرىگە دوست ۋە ھەمكار، ئوتتۇرا يولدا قويۇشمايدۇ» دەپ چۈلۈۋۈرنى قولۇمغا تۇتقۇزدى.

مادىل گۈلكىشىنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ، دۆمبۈنى ئەسلىدى. ئۇ مۇتتەھەمنىڭ قىلغان ئىشىنى ئويلاپ يەنە غەزىپى قايىندى. گۈلكىشى بولسا، مادىلدىن بىرەر ئېغىز كۆڭۈل كۆتۈرۈلگۈدەك سۆز ئاڭلارمەن دەپ ئۈمىدلەنگەنىدى.

— چىرايىڭ سارغىيىپ كېتىپتىغۇ، — دېدى گۈلكىشى تاقەتسىزلىك بىلەن مادىلغا ئېگىشىپ قاراپ، — غېرىبنى بۇنچىلىك خورلاش ئىنساپسىزلىقتۇ؟

مادىلنىڭ يۈرىكى ئېزىلدى، ئىچ - ئىچىدىن دۆمبۈگە نىسبەتەن غەزەپ - نەپرىتى ئاشتى. ئابىل تۆرىنىڭ سۆزى ئۇنىڭغا مەدەت بەردى. دەرۋەقە، خۇدانىڭ پەرمانىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. ئۇ خورسىنىپ:

— گۈل ئاكا، بۇ ئۆزى بايلارغا كەڭ، كەمبەغەلگە تار ۋاپاسىز دۇنيا ئىكەن! — دېدى.

— ھە، مادىلىم… قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمىدىغۇ، قانداق قىلاتتۇق؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بىزنىڭ تەرەپلەرگە بار، بىرەر ـ يېرىم پۇت بۇغداي قىلىپ بېرىمەن. بەش ـ ئالتە كۈن گۆش ۋە نارىن بىلەن كۈتۈنمىسەڭ ھالىڭ خارابراق…

مادىل بۇرنىنى تارتىپ، كىرپىكىنى لىپىلدىتىپ ئولتۇرۇۋەردى.

— ھېچ گەپ ئەمەس، بىر ـ ئىككى پۇت ئاشلىقنى تاپالايمىز، — دەپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى، — خىجىل بولمىغىن، سارىباي بىلەن بىر ئوبدان باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇراتتۇق. ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

مادىل خىجالەت بولۇپ «يامان ئەمەس» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— شۇنداق قىل، يۈر. بىر ئەمەس، ئۈچ پۇت ئاشلىق تېپىپ بېرىمەن.

— رەھمەت، گۈل ئاكا! ياخشى سۆز جاننىڭ ئوزۇقى.

— ھەي، ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ يۈر، تېپىپ بېرىمەن. بېكنەزەر بىلەن كۆرۈشمىز، دۆمبۇدىن ئۈچۈڭنى ئېلىپ بېرىدۇ. بىلەمسەن، ئۇ دۆمبۇنىڭ ئاغزىغا قىزىق تۆمۈرنى باسالايدۇ.

مادىل ئۈنىمىدى، ئۇنىڭ ئېسىگە ئابىل تۆرە چۈشتى. ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇندىشى كېرەك.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، — دېدى گۈلكىشى، — ھېچبولمىغاندا، بىرئاز بولسىمۇ تالقانلىق ئەكېلىسەن.

— ئۆيگە بېرىپ، ئۇلاغ ئېلىپ بارارمەن، گۈل ئاكا، ئۇھ، — دېدى ـ دە، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— مەيلى، ئۇلاغقۇ تېپىلاتتى. ئۆزۈڭ بىل، خوش ئەمىسە.

— خوش!

گۈلكىشى تاينى يېتىلىدى. نۆيغۇتلارغا رەھمى كەلدى، ھەي، ئۇلارغا يامان بولدى. ئەگەر بېكنەزەر بولمىسا، بەش —

ئون ئۆيلۈك دېھقاننىڭ ھالى خاراب بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

گۈلكىشى بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قارىدى. مادىل ئورنىدان مۈكچىيىپ تۇراتتى. كېيىن ئۇنىڭ چاتقاللىق تەرەپكە بۇرۇلۇپ يەرگە ئېڭىشكەنلىكىنى كۆردى. بىچارە، تايىنىش ئۈچۈن تاياق ئېلىۋاتىدۇ بەلكىم، دەپ ئويلىدى ئۇ. مادىل كۆزدىن غايىب بولدى. گۈلكىشى ئۇزاق تىكىلدى. ئۇ، كۆرۈنمىدى، بىچارە ئۆلۈپمۇ قالارمۇ…، دېگەن خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن گۈلكىشى ئاستا ـ ئاستا ئۆز يولىغا ئۇزاپ كەتتى.

## 6

ئۇپۇق لالە رەڭ ئىدى. تۈگمەن گۈلدۈرلەيتتى. ئايزادە يۈزىنى تىزىغا قويۇپ، پېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ، سۇنىڭ شىلدىرلىشىغا قۇلاق سالاتتى. نودىن شىددەت بىلەن چۈشۈۋاتقان سۇ تامچىلىرى ئالماس پارچىسىدەك تاۋلىناتتى.

ئەشىم چاقپەلەكلەرگە ئۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان سۇنىڭ نېرىقى قىرغىقىغا كېلىپ قولىنى يۇدى ۋە خىيال بىلەن ئولتۇرغان يەڭگىسىدىن سورىدى:

— يەڭگە، نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ — ئۇ يەڭگىسىگە چاقچاق قىلىپ سۇ چېچىۋەتتى.

ئايزادە شۈركۈنۈپ، قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى.

— ۋاي ئۆلەي، ھەي بالا، كۆڭلىكىمنى ھۆل قىلىۋېتىسەن، — دېدى ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، — مېنىڭ خىيال سۈرمەيدىغان كۈنۈممۇ بارمۇ؟ بىلمەيدىغاندەك سوراۋاتىسىنا!

— يەڭگە، كۈلكە سىزگە تولىمۇ يارىشىدىكەنغۇ؟

— شۇنداقمۇ؟ — ئايزادە خورسىنىپ قويدى، — بەزىلەر مېنى تول قاپاق دېيىشىدىغۇ؟

www.uyghurkitap.com

— كىم دېگىنى بىلەن بىكار گەپ، — ئەشىم ئورنىدىن تۇردى، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئۆپۆقفا قارىدى. تۈگمەن گۈلدۈرلەيتتى.

— يۈر، يىگىتچاق، تۈگمەندىن خەۋەر ئالايلى، ئاڭلاپ باقە، تاش تاراقلاۋاتىدۇ، بۇغداي ئازلاپ قالغان ئوخشايدۇ.

ئەشىم ئېرىقتىن ئېگىشىپ چاناقفا قارىدى. ئەشىم خامپىنى بىر ئاز بېسىپ، بۇغداينىڭ چۈشۈشىنى تېزلەتتى.

— يەڭگە، كۆپ چۈشۈرۈۋەتسەم، ئۇن يىرىك بولۇپ قالارمۇ؟

ئايزادە ئۇننى ئالىقىنىغا ئېلىپ كۆرۈپ:

— بىر ئاز تارتىپ قوي. يەنە كەمپىر مېنى بۇغداينى يارما قىلىپ كەپتۇ، دەپ يىلاندەك چېقىۋالمىسۇن.

— ئەمىسە، بۇنچىلىك قىلسام بولامدۇ؟

ئايزادە گۈلدۈرلىگەن ئاۋازغا مەھلىيا بولۇپ، يۇمشاق چۈشۈۋاتقان ئاپئاق ئۇندىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. تۈگمەن ئىچىگە قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئەشىمنىڭ بۇرنى، لەۋلىرى ئىشكىنىڭ يوچۇقىدىن چۈشۈۋاتقان نۇردا ئارانلا كۆرۈنەتتى. تۈگمەن ھامان بىر خىل رىتىمدا گۈرۈلدەيتتى.

— يەڭگە، ئوت ياقايلىمۇ؟

— نېمە دېدىڭ، يىگىتچاق؟

— ئوت ياقايلىمۇ دەيمەن؟

— ھە، مەيلى.

ئۇلار كاداڭ شاتۇت تېگىدە گۈلخان يېقىپ ئولتۇرۇشتى، قاراڭغۇدا سايىلەر ئاجايىپ بىر شەكىللەرنى ئەسلىتىپ، بىردەم ئۈزۈراپ، بىردەم قىسقىرايتتى. جىمجىتلىقنى پاقىنىڭ كۇركىراشلىرى بۇزاتتى. ئەشىم بىر ئوتۇننى ياندۇرۇپ مەشئەل قىلدى.

— يەڭگە، سىز مانا بۇ مەشئەل بىلەن تۈگمەندىن خەۋەر

ئېلىپ چىقىڭ، مەن ھازىر…

ئايزادە قورقۇپراق ئىچكىرىگە كىردى. گويا بىرى يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەك، ئۇنى ۋەھىمە بېسىپ، يەنە تاشقىرىغا چىقتى، ئەشىم بىردەمدىلا بىر قۇچاق ئوتۇن كۆتۈرۈپ كەلدى.

— نېمىشقا كىرمىدىڭىز؟

— قورقۇۋاتىمەن، — دېدى كۈلۈپ ئايزادە.

تاش شىددەتلىك پىرقىرايتتى، ئاياغ ئاستىلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى، كىچىككىنە مەشئەل پەقەت تاش ئەتراپىنلا يورۇتۇپ تۇراتتى. تۈگمەنمۇ ئۆز ناخشىسىنى ئېيتىپ، تىنىمسىز گۈرۈلدەيتتى…

— يەڭگە، يەنە سىزگە سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن، بۇ يىل سوغۇق بالدۇرراق چۈشىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ چاپىنىنى سېلىپ ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئارتىپ قويدى، — يېپىنىپ ئولتۇرۇڭ…

— قوي، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئۆزۈڭ توڭلىمامسەن؟ — ئۇ ئەتەي نازلىنىپ قويدى. كونا چاپاندىن بۇخسۇپ تۇرغان ئەر كىشىنىڭ تەر - پۇرىقى ئايزادىنىڭ كۆڭلىنى بىرئاز ئېلىشتۇرۇپ قويدى. ئەشىم ئۇنىڭغا يېقىن كەلدى، ئايزادە چۆچۈپ كەتتى.

— يىگىتچاق… نېرى تۇر … — دېدى ئۇ جىلمىيىپ، — بىرەرى كۆرسە نېمە دەيدۇ؟

ئەشىم جۇۋاننىڭ كۆڭلىگە سۇ يۇگۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

— بەربىر يەڭگەمغۇسىز! — دېدى ئۇ چاقچاققا يۆلەپ بېلىدىن تارتىپ قويدى.

ئايزادە قارشىلىق كۆرسەتمىدى.

— ئۇغۇ شۇنداق … — ئايزادە بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە يۆلىنىشىپ جىم ئولتۇرۇپ قېلىشتى. گۈلخان لاۋۇلدايتتى، ئىشىك غىچىرلىغاندەك بولدى. ئايزادە ئىرغىپ تۇرۇپ تاشقىرىغا ئېتىلدى، ھېچكىم كۆرۈنمىدى، تۈن

سالقىن ئىدى.

— كىم كەلمەكچىدى؟ — دېدى ئەشىم، ئايزادە جاۋاب بەرمەستىن، ئېرىق يېنىدىكى قۇرۇغان چۆپ ئۈستىگە ئولتۇردى. ئەشىم ئۇنى چاپان بىلەن ئوراپ، ئۆزى ئايزادىنىڭ يېنىغا يانپاشلىدى. گۇلدۇر - گۇلدۇر، شار - شار... تۈگمەننىڭ شاۋقۇنى بىلەن سۇنىڭ شارقىرىشىدىن باشقا ھېچ نېمە ئاڭلانمايتتى. ئەشىم ئاسماندىكى ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئايغا قاراپ ياتتى. ئاينىڭ سۇغا چۈشكەن شولىسى يۇمىلاق باشلىق يىلانغا ئوخشاش دولقۇن ئىچىدە ئۈزەتتى، سەكرەيتتى.

— يەڭگە، — دېدى ئەشىم بۇرۇلۇپ، — چۆچەك بىلەمسىز؟

— قانداق دەيسەن، يىگىتچاق؟

— گەپ قىلىپ ئولتۇرۇڭ.

— قانداق گەپ قىلاي؟

— قانداق بولسا، مەيلى.

— ئەر كىشى بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ گەپ قىل.

— مەنمۇ؟ — ئەشىم خىيالغا چۆمدى، — ھەي، مەن نېمە دېسەم بولار؟

— ھەي يىگىتچاق، — دېدى ئايزادە، — ھازىر مۆكۈشمەك ئوينىساق بولار؟

— يورۇقتا كۆرۈنۈپ قالامدۇ؟

— كۆرۈنگەن ياخشى. بالدۇرراق تېپىۋالايدۇ. شۇنىسى ياخشى... يۈگۈرۈپ... يېتىۋېلىپ... ئېھ، ئۇ چاغلاردا قىرىق ئۆرۈمە چاچلىق قىز ئىدۇق...

— ھازىرمۇ قىرىق ئۆرۈمە چاچلىق قىزغا ئوخشىشىسىز، يەڭگە.

— چاقچاق قىلما.

— ماڭا شۇنداق كۆرۈنۈۋاتىسىز.

— ھەي... نەدىكىنى ... — ئايزادە چاپانغا ئورىنىپ ئاستا سۆزلىدى، — شۇ چاغلار ئۆمۈرنىڭ باھارى ئىكەن. ئويۇن - كۈلكە، شېرىن ئارزۇ... يورۇق دۇنيادا بولىدىغان ھەرقانداق ئازاب، جۇدالىق، زەھەرخەندە گەپ، ئۆلۈم دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسى يادىمىزغا كەلمىگەنىدى.

ئايزادىنىڭ سۆزلىرى ئەشمىنى ئويغا چۆمدۈردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇندۇز تەلپەك كىيىپ، جىغا تاقىغان، قەددى - قامىتى كېلىشكەن بەرچىن نامايان بولدى. ئۇ، كۆزىنى ئېچىپ يېنىدا بەختىنى ئالتۇن تەڭگىدەك قولىدىن چۇشۇرۇپ قويغان، چاپانغا ئورىنىپ ئولتۇرغان گۈزەل قىزنى كۆردى.

— يەڭگە، سىز مۆكىمۆكىلەك ئويۇنىنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز، ماڭا دوپپا قويدى ئويۇنى بولسا بولدى.

— يامان ئىكەنسەن... ئۇ ئويۇنمۇ بولىدۇ، — دېدى ئايزادە، — پەقەت كەپسىز يىگىتلەر دوپپىنى ئىزدەپ، قىزلارنىڭ قوينىغا قول سېلىشنى ھېسابقا ئالمىغاندا...

— ئويۇننىڭ قىزىقى شۇنىڭدا - دە!

ئايزادە كۈلۈپ قويدى. ئۇلار خېلى ۋاقىتقىچە جىمجىت ئولتۇرۇشتى. ئاستا - ئاستا سالقىن چۈشۈپ، مايسىلارغا شەبنەم قونۇشقا باشلىدى. تۈگمەن بىر خىلدا گۈرۈلدەيتتى. ئاي ئېغىپ، ئۆستەڭدىكى سۇ قارىيىپ قالدى.

— يىگىتچە، مۈزلىمىدىڭمۇ؟ مە، چاپىنىڭنى ئال. مەن تۈگمەنگە كىرىپ ئولتۇرىمەن.

— ياق، يېپىنىپ ئولتۇرۇۋېرىڭ، يەڭگە.

— يۈرىكىڭدە ئوتۇڭ بار - دە! — دەپ ئايزادە قاقاقلاپ كۈلۈپ چاپاننىڭ بىر ئۇچىنى ئەشمىنىڭ كۆكرىكىگە ياپتى. ئەشىم يېقىنراق كېلىپ، قولىنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئۇزاتتى. ئايزادىنىڭ پۇت - قوللىرى تىترەپ قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى.

ئەر كىشىنى سېغىنىپ قالغاچقىمۇ، بىردەم ئۆزىنى قويۇپ بەردى. ياشلىق غەيرىتى تولۇپ تاشقان ئەشىم مەھكەم قۇچاقلاپ سۆيۈۋالدى. ئەر كىشىلەرنىڭ تەر پۇرىقى ئۇنى مەست قىلغانىدى...

— يىگىت... چاق... ئۆرگۈلۈپ كېتەي ... — ئايزادىنىڭ قوللىرى تېلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەشىمگە قاتتىق چىرمىشىپ، ئۇنىڭ بويۇنلىرىنى تويۇپ - تويۇپ پۇرىدى، كېيىن بىردىنلا ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئەشىمنى ئىتتىرىۋەتتى - دە، قوپۇپ قاچتى. ئەشىممۇ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— ماڭ نېرى!

ئەشىم ئىزا تارتىپ قالدى، ئايزادە ئولتۇرۇپ يىغلىۋەتتى. ئەشىم خىجالەت بولغىنىدىن ھېچ نەرسە دېيەلمەي تۇراتتى. ئايزادە يەردە تۇرغان ياغلىقىنى ئېلىپ، كۆزلىرىنى ئېرتتى.

— يامان يىگىت ئىكەنسەن، — دېدى ئۇ ۋە ئاي يورۇقىدا كۈلگەندەك قىلدى. ئەشىم ياكى كۈلۈشىنى، ياكى يىغلىشىنى بىلەلمىدى.

— ئادەمنى مال قاتارىدا كۆرىدىكەنسەن! — دېدى ئايزادە. بۇ گەپتىن ئۇ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. تۈگمەن گۈلدۈرلەپ، سۇنىڭ شاۋقۇنى تۈن باغرىغا سىڭىپ باراتتى. ئاي نۇرسىزلىنىپ، ئۆستەڭدىكى سۇلارنىڭ ئورنىنى قارا پەردە قاپلىماقتا ئىدى.

× ×

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، خاننىڭ تاغىسى دۆمبۇنى ئېتىپ قويۇپتۇ.

— ئاپلا، كىمۇ؟

— كىملىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. دۆمبۇنىڭ ئۇكىسى تول-
تېمىر ئاتقان ئادەمنى ئۆلگۈدەك كالتەكلەپ، ئاتقا سۆرىتىپ
ئابىل تۆرىنىڭ ئىشىكىگە ئەكېلىپتۇ.

بۇ گەپ ئەتراپقا چاقماق تېزلىكىدە تارقالدى. خاننىڭ تاغد-
سىنى ئۆلتۈرگەن كىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئادەملەر ئابىل تۆرد-
نىڭ قىشلىقىغا كېلىشكە باشلىدى. تۆرىنىڭ ھويلىسىدا
كەلدى - كەتتىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي قالدى. ئوتتۇرىغا بىرى
باغلاپ قويۇلغانىدى.

يالىڭاچ بۇ ئادەم كۆزىنى ئاچماي ئاندا - ساندا ئىڭراپ
قوياتتى.

— سۇ، — دېدى ئۇ. ھېچكىم ئۇنىڭغا سۇ بەرمىدى.
كەلگەنلەر ئۇنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزا-
يى قىيما - چىيما ئىدى. بايا ئاتتىن چۈشكەن ئادەملەر ئۆزئارا
پىچىرلىشىشقا باشلىدى:

— ھۆي، ئۇ بېكنەزەر باتۇرنىڭ قېرىندىشى گۈلكىشىغۇ؟
— توغرا، شۇ، دۆمبۇدە ئۇلارنىڭ قانداق ئۆچى بار بول-
غىيتتى؟

ئاشۇ كۈنى گۈلكىشى تايچىقىنى ئوتلىتىپ يۈرەتتى. يول
تەرەپتىن قـارس قىلغان مىلتىق ئاۋازى ئـاڭلاندى. ئـەتراپتا
قىيا - چىيا باشلاندى. بىرەر پېشكەل چىقمىسۇن، دەپ تايچىقد-
نى قومۇشزارغا يېتىلەپ مېڭىشى بىلەن كىمدۇر بىرى «توختا»
دېگەندەك قىلـدى. ئـۇزۇن ئۆتمەي «نـەگە قاچىسەن، ھۆي
ئاناڭنى...» دېگەن ھاقارەتلەرنى ئاڭلىدى. «ئاغزىڭغا قاراپ گەپ
قىل» دېيىشى بىلەن ئىككى - ئۈچ يىگىت ئۇنى ئۇرۇپ، ئاتقا
ئۆڭگۈرۈپ، ئابىل تۆرىنىڭ ئۆيىگە ئـەكەلدى. شـۇ چـاغدا ئۇ،
سەل - پەل ئەس - ھوشىغا كەلدى.

— ھـەي، گۈلكىشى، سـەن خـان تاغىسىغا قول كۆتۈر-
دۈڭمۇ؟ — دېدى ھەيران بولغان ئابىل تۆرە. گۈلكىشى تۆرىنى

كۆرۈپ، ھەقىقەت قارار تاپار، دېگەن ئوي بىلەن:

— ھۇ، ئاناڭنى… دۆمبۇ ئـۆلسە ئۆلمەمدۇ؟! ماڭا نېمە ئىدى! — دەپ ئاچچىقلىدى. ئابىل تۆرىنىڭ يېنىدا تۇرغان تولتېمىر دەستىسىگە قوغۇشۇن قۇيۇلغان قامچىسى بىلەن گۆلكىشىنىڭ بېشىغا ئۇردى. گۆلكىشى جان - جەھلى بىلەن ئۇنىڭ ئېتىكىگە يېپىشتى، قامچا يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشتى، ئۇ ھوشىدىن كەتتى.

— سېنى ئاتتى دېيىشىۋاتىدۇ. كۆرگەن ئادەملەر بار ئىمىش، راستىنى ئېيت. خۇداغا ئىشەنسەڭ يوشۇرما، گۆلكىشى، — دېدى ئابىل تۆرە. گۆلكىشى ئىككىنچى قېتىم ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى ۋە ئەلەم بىلەن:

— تۆرەم، مېنى ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ، دېگەنگە ئىشىنىۋاتامسىز؟ — دېدى، ئابىل تۆرە ئۈنچىقمىدى، گۆلكىشى قاقشاپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — ئېيتىپ بېقىڭا، مۇبادا، ئەتىلىككە بوشاپ چىقسام، ئادەملەر مېنى سىزنى ئېتىۋېتىپتۇ دېيىشسە، شۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟

تولتېمىر يەنە قامچىسىنى قولىغا ئالدى، ئابىل تۆرە ئارقىسىغا قايتىۋېتىپ:

— بولدى، ئـۇرۇۋەرمە. ئـۇنى يـوقلايدىغان ئادەملىرى بار، — دېدى ۋە بېكىنەزەرگە ئادەم ئەۋەتتى.

ۋاقىت چۈشتىن ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، بېكىنەزەردىن دېرەك يوق ئىدى. گۆلكىشىنىڭ ئاغرىقتىن بەدەنلىرى سىرقىراپ يەردە ياتاتتى.

بېكىنەزەر كېچىككەنسېرى، تولتېمىر قۇتراشقا باشلىدى، مويسىپىتلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايتتى.

— بىزمۇ ئادەم، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرەلەيمىز، ئادەم ئۆلتۈرۈشنى كۆرسىتىپ قويىمىز!

ئاقساقاللار ھەرخىل مۇلاھىزە قىلىشىپ، جىم ئولتۇرۇشات-

تى. بېكنەزەر كەلسە، نېمە بولىدىغانلىقى نامەلۇم ئىدى.

— ئۇنچە قىلماڭ، باتۇر، — دېدى ئابىل تۆرە، — گۈلكىشىنىڭ ئاتقانلىقىغا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— مەن پۈتۈنلەي ئىشىنىمەن. بۇ ئىشنى بېكنەزەر ئۇيۇشتۇرغان.

— كۆز بىلەن كۆرمەي تۇرۇپ، پالانچى دېيىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. بولار ئىش بولدى. سۈرۈشتۈرەيلى، ئېنىقلايلى. گۈلكىشىدىن ئۈچ قېتىم سورىدۇق. ئەگەر ئۇنى ئېتىۋاتقاندا تۇتۇۋالغان بولساڭ، باشقا گەپ ئىدى...

— ياق، ئاشۇ ئاتتى، مىلتىق پاك قىلىپ ئېتىلغاندا، بىز دۆمبۇ ئاكام بىلەن ئاۋارە بولۇپ قالدۇق. كېيىن گۈلكىشىنىڭ قومۇشزارغا قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق.

شۇ چاغدا تولتېمىرنىڭ يىگىتلىرىدىن بىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ خەۋەر قىلدى:

— بېكنەزەر كېلىۋاتىدۇ!...

تولتېمىر قامچىسىنى پۇكلەپ، ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى. ئابىل تۆرە قوزغالمىدى. «قېنى، پېتىنسا، بېكنەزەرنى ئۇرۇپ كۆرسۇنچۇ» دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

بېكنەزەر، ئەشىم ئىككىسى كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قاپىقىدىن قار يېغىپ، سالامىنىمۇ ئىلىك ئالماي، گۈلكىشىنى ئىزدەشتى. قوزۇققا باغلانغان ئادەمنى كۆرۈپ، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈشتى ـ دە، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بېشىنى كۆتۈرۈشتى.

— گۈل ئاكا، گۈل ئاكا، هەي، گۈل ئاكا، — دېدى بېكنەزەر ئاستا تولۇلاپ.

گۈلكىشى كىمنىڭ ۋاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلەلمىدى.

— سۇ بارمۇ؟ — دېدى بېكنەزەر. كىمدۇر بىرى پىيالىدە سۇ كەلتۈردى. گۈلكىشى مۇزدەك سۇ لېۋىگە تېگىشى بىلەن يۆتىلىپ كەتتى ۋە تەسلىكتە ئىككى يۇتۇم ئىچەلىدى. ئەمدى

ئازراق ئۆزىگە كەلدى. بېكنەزەر قالغان سۇنى يۈزىگە چاچتى، گۈلكىشى ئەندىكىپ كۆزىنى ئاچتى.

— گۈل ئاكا، — دېدى ئەشىم ئېڭىشىپ. گۈلكىشى خورسىنىپ:

— ھە! — دېدى ـ دە، يەنە ئىڭراپ كۆزىنى يۇمدى، — ئېيتتىمغۇ، دۆمبۇنى مەن ئاتمىدىم، دەپ! ھەي بېكنەزەر! كەلدىڭمۇ، بېكنەزەر؟ بۇنى قارىماسىلەر؟

— گۈل ئاكا، بېكنەزەرمەن!

گۈلكىشى جاۋاب بەرمەي، بىلىنەر ـ بىلىنمەس نەپەس ئېلىپ يېتىپ قالدى. بېكنەزەر تومۇرىنى تۇتۇۋىدى، يۈرىكىنىڭ ئارانلا سوقۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. تاياق جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. بېكنەزەر ئۆزىنى تۇتالماي، ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى.

شۇ ھامان تولتېمىر ئۇنىڭ يولىنى توسۇدى.

كۆزلىرىگە قان تولغان بېكنەزەر:

— ھە، قىلغۇلۇقنى قىلىپ قويۇپ ئەمدى ··· — دېدى ـ دە، قىلىچىنى سۇغۇرۇپ تولتېمىرگە تاشلاندى، بىر سىلكىپ چەپ قولى بىلەن ئۇنىڭ قامچىسىنى تارتىۋالدى. تولتېمىر ئابىل تۆرىنىڭ قورغىنىنى ئايلىنىپ قېچىشقا باشلىدى.

— ھۇ، ئاشۇ ئاتاڭنى··· خانىنىڭ تاغىسى بولماي، ئاكىسى بولسىمۇ كاللىسىنى ئالىمەن! دۆمبۇ ئىمىش، ئىپلاس! دەل مۇشۇ يەردە سېنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، ھەممە گۇناھنى ئۈستۈمگە ئالىمەن! — دېدى بېكنەزەر ۋە قېچىپ كېتىۋاتقان تولتېمىرگە قىلىچ ئۇرۇپ چاپىنىنىڭ ئىككى ئېتىكىنى يىرتىپ تاشلىدى. ئۇ ئابىل تۆرىنىڭ ئالدىغا ئاران قېچىپ كەلدى.

قاراپ تۇرغانلار ناھايىتى قورقۇپ كەتتى. ئابىل تۆرە ئىشىككە چىقمىدى. بېكنەزەر ئۆزىنى بېسىپ، سالام بېرىپ ئۆيگە كىردى. ئابىل تۆرە ئارانلا ئىلىك ئالدى. بېكنەزەر پەگاھدىلا

ئۆلتۈردى.

— تۆرە، — دېدى ئۇ ھولۇقماي، — مېنىڭ قوي ئاغزىدىن چۆپ ئالمايدىغان قېرىنىدىشىم ھۇزۇرىڭىزغا كېلىپ قاپتۇ. ئەگەر گۇناھى بولسا ئېنىقلاپ بويىنىغا قويۇڭلار، بولمىسا، بىھۇدە ئازابلىغانلار بىلەن ئۆزۈم ھېسابلىشىمەن، دەپ كەلدىم.

— تۆرگە چىقىپ ئولتۇر، باتۇر، — دېدى ئابىل تۆرە. بېكنەزەر ئورنىدىن قوزغالمىدى، ئابىل تۆرە ئۇنى قايتا قىستىمىدى.

— باتۇر، دۆمبۇنى بىرى ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. بۇنى گۇلكىشىدىن گۇمان قىلىۋاتىمىز. تولتېمىرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قاتىل گۇلكىشى ئىكەن. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي بېشىم قېتىۋاتىدۇ. ئىشەنمەي دېسەم، خانىنىڭ تاغىسىدىن ئايرىلدۇق...

بېكنەزەر ئەمدى ئۆزىنى تۇتالمىدى.

— دۆمبۇنى ئۆلتۈرگەن باشقا ئادەم، بۇنى سىز ياخشى بىلىسىز. مۇبادا، بىرى مەن بىلەن ئۆچەكىشىپ، مۇشۇ ئىشقا قول تىققان بولسا، بۇنىڭغا گۇلكىشىنى ئارىلاشتۇرماي، مېنى گۇناھكار قىلسۇن، دۆمبۇنى باشقا بىرى ئۆلتۈرگىنى ئېنىق. ئۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ھېچقانداق دەتالىشىمىز بولمىسا!

ئابىل تۆرە ئەھۋالنىڭ بۇ دەرىجىگە بېرىپ قېلىشىنى بىلمىگەنىدى، شۇڭا ئۇ، قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جاڭجالنى باسماقچى بولدى.

— تولتېمىر، بولىدىغان ئىش بولدى. قاراپ تۇرۇپ دۆمبۇنى ئۆلتۈرۈپ كېتىشتى. ئەمما كىمنىڭ ئاتقىنىنى ئېنىق كۆرگەن گۇۋاھچى يوق. ھازىر دالا - تۈزدە تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئادەملەر كۆپ. بېكنەزەر، سەنمۇ ئۆزۈڭنى باس. دەرۋەقە، گۇلكىشى كۆپ تاياق يېدى. بۇ ئەلۋەتتە جان ئاچچىقى، ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەن، ئادەم جان ئاچچىقىدا نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟ ھېچ ۋەقەسى يوق. سېمىزرەك قارا قوينى سويۇپ، تېرىسىگە گۇلكى-

www.uyghurkitap.com

شىنى ئوراپ قوي، ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئولتۇرغانلار ئابىل تۆرىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاشتى. بېكىنەزەر رەھمەت ئېيتىپ، ئىشنىڭ بۇنچىلىك ئوڭاي بىر تەرەپ بولغانلىقىدىن خۇرسەن بولدى.

— ئۆلگەنگە قىيىن ئىكەن، — دەپ دومسايدى تولتېمىر.

— بولدى، گەپ قىلما! — دېدى ئابىل تۆرە، — دۆمبۇ بىرلا سېنىڭ ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ ئەڭ يېقىن قېرىندىشىمىز ئىدى. ئىلاج قانچە؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، نەزىرسىگە تەييارلان. ئامان - ئېسەن مەرھۇمنى جايىغا قويايلى، قاتىلنى كېيىن ئىز-دەپ تاپىمىز.

تولتېمىر جىم بولدى.

بېكىنەزەر ئابىل تۆرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ، ئىشىككە چىققاندا، ئىككى - ئۈچ كىشى يۈگۈرۈپ ئالدىغا كەلدى. بېكىنەزەر ئۈنچىقماي، قىلىچ بىلەن ئارغامچىنى كېسىپ، گۆلكىشىنى بوشاتتى.

— چاپانغا ئورا، — دېدى ئۇ ئەشمىگە. گۆلكىشىنى چاپانغا ئوراشتى. بېكىنەزەر قارا قاشقا ئارغىماققا مىندى، گۆلكىشىنى ئۇنىڭغا ئۆڭكۈرۈپ بېرىشتى. ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭرايتتى. بېكىنەزەر ھېچكىم بىلەن خوشلاشماي، ئېتىنى قامچىلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئەشىم يول بويى گۆلكىشىنىڭ ئېتەكلىرىنى ئوراپ يار-دەملىشىپ ماڭدى. باشقىلار ئاغزىنى ئېچىپ قالدى.

— قېرىنداش بولساڭ، شۇنداق بول! ياشا، بېكىنەزەر، — دېدى كىمدۇر بىرى.

— بېكىنەزەر شۇنداق قىلمىسا، كېيىن باشقىلارغا قانداق سۆزىنى ئۆتكۈزىدۇ؟ مانا ئەمدى گۆلكىشىمۇ بېكىنەزەر باتۇرنىڭ سۆزىدىن چىقمايدۇ. قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقان دېگەن شۇنداق بولىدۇ - دە، — دېدى يەنە بىرى.

بېكىنەزەرلەر خېلى يىراقلاپ كېتىشتى…

# 7

كەچ كۈز...

نەسىردىنبەگ قىرىق قوغدىغۇچىسى بىلەن تۇيۇقسىزلا ئابىل تۆرىنىڭ قىشلىقىغا كېلىپ چۈشتى. كىم چاقىردى؟ ئابىل تۆرە ھەيران ئىدى. ئۇ تېزلىك بىلەن مەيدانغا ئۇنىغا يېقىن كىگىز ئۆي تىكتۈرۈپ، يىگىتلەرنى جايلاشتۇردى. نەسىردىنبەگنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئەزىز مېھمانلىرى قاتارىدا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتتى. لېكىن بۇ قېتىم شاھزادە نېمىشقىدۇر ھال ـ ئەھۋال سورىغۇچىلار بىلەن ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلەشمىدى.

قىسقىلا سالام ـ سائەتتىن كېيىن شاھزادە جىددىي سوردى:

— ئابىل تۆرە، مېنىڭ جانجان تاغام نەدە؟

ئولتۇرغانلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئابىل تۆرە بېشىنى تۆۋەن ئەگدى.

— خوش، تۆرە، مېنىڭ تاغام كۆرۈنمەيدىغۇ؟...

— شاھزادە، — دېدى ئابىل تۆرە تەمكىنلىك بىلەن، — سىزنىڭ تاغىڭىز بىزنىڭ ئەڭ يېقىن قېرىندىشىمىز، دۆمبۇ رەھمەتلىك بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ بىزنى تاشلاپ كەتتى.

ئولتۇرغانلار قىمىرلاپ قويۇشتى. بۇ دۆمبۇنىڭ ئۆلگىنىگە ئېچىنغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئابىل تۆرىنىڭ نەسىردىنبەگكە گەپ تېپىپ بەرگەنلىكىگە قايىل بولغانلىقىدىن ئىدى.

— شۇنداقمۇ؟ — نەسىردىنبەگ ئولتۇرغانلارغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بەستى ـ بويى ئالدىنقى يىللارغا قارىغاندا، تېخىمۇ تولغانىدى. قارا بۇرۇتى ئۇنى تېخىمۇ سۆلەتلىك قىلىپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ سول يېنىدا سېپىغا گۆھەر ئورنىتىلغان، غىلاپىنىڭ ئۇچىغا كۈمۈش پاينەك قاپلانغان ئەگرى قىلىچ بار ئىدى.

— ئابىل تۆرە، ئېيتقىنا، ئۇ، ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلدىمۇ؟

شاھزادىنىڭ بۇ قەدەر ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈشى ئابىل تۆرىنى بىر ئاز چۆچۈتۈپ قويدى.

— جىيەن، دۆمبۇ تاغىڭىز خۇدانىڭ ئەجىلى بىلەن قازا قىلدى. كېرەملىك خۇدا ئەجەلنى بىرىگە ئوقتىن، بىرىگە ئوتتىن، يەنە بىرىگە ياستۇقتىن بۇيرۇيدىكەن. ئەپسۇسكى، تاغىڭىز غايىب ئوقتىن ئۆلدى. خۇدانىڭ بۇيرۇقى شۇ ئىكەن، بۇنىڭغا نېمە ئىلاج؟

ئولتۇرغانلار كۆڭۈل ئېيتىشتى. نەسىردىنبەگ گەپ قىلالماقچى بولۇۋېدى، قېرى مەسلىھەتچى قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ توختىتىپ قويدى. ئابىل تۆرە كۆرمەسكە سېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سۆيۈملۈك كىشىمىزدىن ئايرىلىپ كۆپ يىغلىدۇق، قاقشىدۇق. ئەمما ئۆلگەننى تىرىلدۈرگىلى بولمايدىكەن. ئىلاجىمىز قانچە؟ جايى جەننەتتە بولسۇن!

خان ۋە ئۇنىڭ ئەركە پەرزەنتلىرىنىڭ خەلق بېشىغا قانچىلىك جەبىر - جاپا سېلىۋاتقىنىنى ئابىل تۆرە ياخشى بىلەتتى. شۇڭا، دۆمبۇنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى يوشۇردى ۋە شۇ يول بىلەن تەختتىكىلەردە باشقىچە پىكىر تۇغدۇرماسلىقتا ھەرىكەت قىلدى. «ھەي… ئاخىرەتلىكى يوق بەندىلەر، ناربوتا بەگ ئۆزبېك، قىرغىز، قىپچاقلارغا باشپاناھ بولسۇن، دەپ قۇرغان ئىمارەتنى بۇ تېگى پەس خوتۇنبازلار ۋەيران قىلىۋاتىدۇ.» ئابىل تۆرە زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى. راستىنى ئېيتقاندا، دۆمبۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئابىل تۆرە ئوردىغا چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە خەۋەر يوللىدى، ئەلنى توپلاپ مەرھۇمنىڭ مال - مۈلكىنى ئوردا خەزىنىسىگە ئۆتكۈزدى. خاننىڭ نامىغا داغ چۈشۈرمەسلىك ئۈچۈن، بارلىق چارە - تەدبىرلەرنى كۆردى.

بىرەر تۇغۇننىڭ يېشىلىش - يېشىلمەسلىكى قېرى مەسلىھەتچىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئابىل تۆرە ئەمدى ئېنىق ھېس

قىلدى. چۈنكى، بۇ مەككار ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى قىلىچ بىلەن باتۇرلۇق قىلىش ئەمەس، بەلكى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق، مۇلا-يىملىق ۋە شەرىئەت قائىدە - قانۇنلىرى بىلەن پۇقرالارنىڭ ئاڭ-غىنى چۈشەپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

— خاپا بولماڭ، ئابىل تۆرە، — دېدى مەسلىھەتچى، — ئېھتىمال جىيەنىڭىز جانىجان تاغىسىغا كۆيگەنلىكى ئۈچۈن قات-تىقراق گەپ قىلىپ قويغاندۇر، ياش - دە…… كەچۈرىسىز، قانداق قىلاتتۇق؟ ئۆلگەن ئۆلۈپ كەتتى، سىز بىلەن بىز تىرىك-لەرنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز لازىم.

ئابىل تۆرە ئېسىگە كەلدى:

— ئەلۋەتتە شۇنداق.

نەسىردىنبەگ ئابىل تۆرىنىڭ ئۆيىدە كۆپ ئولتۇرمىدى، يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «قاتىلنى قەيەردىن بولمىسۇن تې-پىڭلار!» دەپ بۇيرۇق بەردى.

قىشلاقتا گۇر - گۇر گەپ تارقالدى. خەلق ئابىل تۆرىگە بىرەر ئىش بولۇپ قالمىسىدى، دەپ قايغۇرۇشاتتى. يىراق - يېقىندىكى ئاۋۇللاردىن بايلار، ئاقساقاللار كېلىپ ئابىل تۆرىدىن ھال - ئەھۋال سوراشتى. ئەمما ئۇ، سىر بەرمەي ھەممىگە بىر خىل مۇئامىلىدە بولدى.

نەسىردىنبەگ كۈن ئارىلاپ كېلىپ، يىگىتلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇردى. مېھماندارچىلىق يەنە ئۆز يولى بىلەن بولىۋەردى. قۇربېشى ھەر كۈنى بەش - ئالتە يىگىت بىلەن قىشلاقنى ئايلىنىپ قاتىلنى ئىزدىدى. ئەگەر تېپىلماي قالسا، ئاۋۇلنى خانىۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئات ئوينىتىپ قايتىشاتتى.

بېكىنەزەر قوشنا قىشلاقتا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، ئەشىمنى ئابىل تۆرىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. ئابىل تۆرە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆلۈمسىرىدى. قېرى مەسلىھەتچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىمىز ئىچكەنلىكى ئۈچۈن پەي ياستۇققا يانپاشلاپ مۈگدەيتتى.
ئابىل تۆرە ئەشىمگە مۇنداق دېدى:

— بېكنەزەر باتۇرغا ئېيت، ئۇ بار ئىكەن مېنى قوشنۇ چوقۇيالمايدۇ. سىلەر مېنىڭ سۆيۈنگەن تاغىم.

ئەشىم يەنە نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ تۇرۇپ قېلىۋىدى، ئابىل تۆرە دەرھال ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ:

— ئېيتىۋەر، بۇ يەردە يات ئادەم يوق، — دېدى.

— نەسىردىنبەگنىڭ ھەممە يولى توسۇلدى. كېرەكلىك جايلارغا بۆكتۈرمە قويدۇق. بېكنەزەر پەقەت سىزنىڭلا ماقۇللۇقىڭىزنى سوراۋاتىدۇ.

ئابىل تۆرە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئەشىمنى ئۆزىگە يېقىنراق تارتىپ:

— ساراڭلىق قىلمىسۇن! توختاتسۇن، — دەپ ئاستا شىۋىرلىدى.

— ئابىل تۆرە توغرا ئېيتتى.

ئابىل تۆرە بىلەن ئەشىم چۆچۈپ كەتتى. مەككار مەسلىھەتچىنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى تۈگۈلۈپ ياتقان زەھەرلىك يىلاننىڭ كۆزلىرىدەك سوغۇق يالتىرايتتى.

— شۇنداق، ئابىل تۆرە توغرا ئېيتتى، — دەپ ئالدىرىماي ئورنىدىن قوزغالدى مەسلىھەتچى، — ياخشى يىگىت، باتۇرلارغا ئېيتىپ قوي، بۆرىنىڭ ئۇۋىسىغا تېگىپ قويۇپ، تاغلىقلار بالاغا قالمىسۇن، شۇنداق دېگىن، ياخشى يىگىت.

ئابىل تۆرە ئەشىمنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

— ھەي، ئېيتىپ قوي! تەڭرىبەردىگە ئېيت، تەنتەكنى باشقۇرسۇن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ باشقۇرسۇن!...

— ئاڭلىدىم.

شۇ كۈنى ئابىل تۆرە ئاقساقاللارنى ئالدىراش چاقىرتىپ، ئۇلارنى بېكنەزەرنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇردى، كىمدە -

كىم ئۇنىڭغا يان باسسا، قاتتىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى ئۇقـتۇردى. ئەتىسى نەمەنگان بېگىدىن قىرىقتەك يىگىت نەسىردىنـبەگكە ياردەمگە كەلدى. قوربېشى ئالدىراپ ـ تېنەپ، ئاۋۇل ـ قىشلاقلارنى تەكشۈرۈپ، يول توسۇپ، بۆكتۈرمە قويۇپ، خەلقـنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇشقا باشلىدى. ئەگەر قاتىل تېپىلمىـسا، شاھزادىنىڭ قىشلاقتىكى تامامىي يىگىتلەرنى تۇتقۇن قىلىـدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنداق خورلۇقتا، بۇنداق زورلۇقتا كىم چىدايدۇ؟

ئاقساقاللار قېرى مەسلىھەتچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نەسىرـدىنبەگنىڭ مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سورۇشتۇردى. مەكـكار بوۋاي شۇ نەرسىنى زارىقىپ كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— چۈشىنىمەن، چۈشىنىمەن، — دېدى ئۇ، — سىلەرگە ھەقىقەتەن ئېغىر، مەن شاھزادە بىلەن گەپلىشىپ كۆرەي. خۇنـنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، ئادەت شۇنداق. نەسىردىنبەگكە: بىچارە تاغلىرىڭنى قىيىن ـ قىستاققا ئالما، دەيمەن. خۇدا ئۇنىڭغا ئىنساپ بەرسە ئەجەب ئەمەس...

ئاقساقاللار جىمجىت ئولتۇرۇشتى، جىمجىتلىقنى ئابىل تۆـرە بۇزدى. ئۇ زېخنىمۇ، كاۋاپىنىمۇ كۆيدۈرمەسلىك نىيىتىدە:

— مەيلى، خۇن ئالماقچى بولسا رازىمىز، — دېدى، — دېمىسىمۇ، ئۆيۈڭگە يىلان كىرىپ قالسا، سۈت چېچىپ چىقىرىـدىغان گەپ، مەيلى ئالسۇن.

نەسىردىنبەگنىڭ يىگىتلىرى بارغانسېرى قۇتراپ، كۆرۈنـگەن يىگىتنى ئېتىپ، ئۇچرىغان مالنى سويۇپ، ئاۋۇلدىكى ئاھاـلىنىڭ ئارامىنى بۇزدى. بۇ ئىش ئات بېرىپ، كىمخاب چاپان كىيدۈرۈش بىلەن تىنچىسا مەيلىدىغۇ!... نەسىردىنبەگ خۇن ھەققىنى خالىغانچە سورىدى. خەقلەرنى بىر يەرگە توپلاپ، مىڭ ئات، مىڭ تىللا بېرىسىلەر، دېدى. ئېيتىشقا ئاسان، بۇنى قەيەرـدىن ئېلىشىدۇ، كىم بېرىدۇ؟ لېكىن بەرمەي كۆرۈڭچۇ؟ كىشىـ

لەر خۇددى بۆرە قوغلىغان مالدەك نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ئابىل تۆرە بېكنەزەرنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان ئادەملەرنى تارقىتىۋەتتى. ئەمدى كىم باش كۆتۈرىدۇ؟ كىم خەلقنى توپلايدۇ؟

ئابىل تۆرىنىڭ قىشلىقى ئون بەش كۈندىن بېرى ناھايىتىمۇ بىسەرەمجان ئىدى. قىشلاقنىڭ بايلىرى، ئاقساقاللىرى نەسىردىنبەگنىڭ مەسلىھەتچىسىنىڭ ئالدىغا بېرىۋېرىپ مادارى قالمىدى.

— ھەي مۇسۇلمانلار، شاھزادە مېنىڭ گېپىمگە كىرمەيۋاتىدۇ. ئۇ تاغىسىنىڭ مىراسخورى، نېمە قىلسا ئۆزى بىلىدۇ. مېنىڭچە بولسا، سىلەرنى ئاۋارە قىلمىسا ياخشى بولاتتى.

— ھاي، بازىر، خۇدايا توۋا دېسەڭچۇ، شاھزادە قانداقچە سىزگە مىراسخور بولىدىكەن؟ ئۇ شۇنداق قىلىش ئارقىلىق، ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى ئەمەسمۇ؟ دۆمبۇ ئۆزىمىزنىڭ ئاكىمىزغۇ!

— ھەي تەڭرىم، ئۆز تۇغقىنىنىڭ ئۇچۇن ئۆزۈڭ خۇن تۆلەۋاتساڭ ... — دېدى كىمدۇر بىرى.

— مۇسۇلمانلار! ھەي مۇسۇلمانلار، شاھزادە نەسىردىنبەگ بۇياققا مېڭىشتىن بۇرۇن، قۇرئان شەرىپىنى بىزدىنمۇ مۇكەممەل بىلىدىغان پاك ئۆلىمالاردىن يولىيورۇق سوراپ چىققان...

— شەرىئەت ئۆز قولۇڭدا تۇرۇپتۇ، بازىر، — دېدى بوۋايلاردىن بىرى، — بوپتۇ، بىلگەن ئىشىڭنى قىلىۋەر.

— بىلگەن ئىشنى قىلىش ئاسان، ئەمما مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش خېلى مۇشەققەت، مۇسۇلمانلار. بۇنىڭدىن نېمە پايدا، ئويلاپ كۆرۈڭلار، ئويلاپ كۆرۈڭلار.

ئاتنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. خەلق تارقالدى. يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ نەسىردىنبەگنىڭ قورىبېشىسى كەلدى، ئېتىنى ئويىنىتىپ سورىدى:

— قېنى، تاغىمىزنىڭ خۇنى پۈتتىمۇ، يوق؟

ئابىل تۆرە سىپايى جاۋاب بەردى:
— شاھزادە خاتىرجەم بولسۇنلەر، پۈتمىگەن ئىشنى پۈتتۈ-رىمىز.

قۇربېشى قېرى مەسلىھەتچىنىڭ ئىشارىسى بىلەن ئات ئۈس-تىدە تۇرۇپ تەزىم قىلدى ۋە يىگىتلىرى بىلەن ئارقىغا قايتتى.

— ئابىل تۆرە، — دېدى بېكنەزەر، — بۇلار بىزنى نېمە ئۈچۈن ئاياغ ئاستى قىلىدۇ؟ نېمىشقا بۇنچە قۇترايدۇ؟ بۇنداق خورلۇققا قاچانغىچە چىدايمىز؟ خۇشامەت قىلماقتىن باشقا ئىشىد-مىز يوقمۇ؟

ئىككى ئوتتۇرىدىكى سۆزلەردىن تەڭقىسلىقتا قېلىپ، نەپە-سى قۇرۇپ تۇرغان ئابىل تۆرە يەنە سۆزگە ئارىلاشتى:

— ھە، باتۇر. چۈشىنىمەن، ھۆكۈمدار بار يەردە زورلۇق بولىدۇ. زورلۇق بار يەردە خۇشامەتمۇ بولىدۇ. بەزىدە ئىلاجسىز قالغاندا خۇشامەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئايرىم ئىشلارنى ئۇ-نىڭسىز پۈتتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. سەۋر قىلايلۇق، باتۇر، سەۋرنىڭ تېگى سېرىق ئالتۇن...

— سەۋر. راستىنلا سەۋرنىڭ تېگى سېرىق ئالتۇنمۇ؟ تۆرە، ئۇزاق سەۋر قىلىشقا تاقەت قىلالايمىزمۇ؟ ئاخىر ئىنسان-نىڭ ئۆمرى قىسقا، — دېدى بېكنەزەر، — مانا، بىز سەۋر قىلىپ نېمە تاپتۇق؟ ئالتۇن تۇرماق، باشتىن - ئاياغ تەشۋىش تارتىۋاتىمىز...

ئادەملەر غەزەپلىنىپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئې-تەككە ئوت چۈشكەندەك گەپ، ئالدىنى ئالمىساڭ، ئۆزۈڭمۇ كۆيۈپ كېتىسەن. ئابىل تۆرە تەشۋىشلەندى. بۇنى سەزگەن ئاق-ساقاللار كېتىۋاتقانلارنىڭ يولىنى توسۇشتى.

— ھەي، بىرئاز سەۋر قىلىڭلار!

— بۇ ئىش بىرلا سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا چۈشمىدىغۇ، چې-چىلماڭلار!

— بۆلەنگەننى بۆرە يەيدۇ، ئاتتىن چۈشۈڭلار.

— خوتۇن تالاق، دۇنياغا بىر قېتىم كېلىسەن. قاچانغىچە كۈتىمىز؟

— قېنى چۈشۈڭلار، ئىلاجىمىزنىڭ بارىچە پۈتتۇرۇشكە ھەرىكەت قىلايلى، پۈتمىسە يەنە كۆرىمىز.

خېلىلا تارتىشىشتىن كېيىن، بېكنەزەر باتۇرنىڭ ئارقىسىدىن ماڭماقچى بولغانلار ئاتتىن چۈشتى. يەنە مۇنازىرە باشلاندى. لېكىن مەككار مەسلىھەتچى پەرۋا قىلمىدى، ئۇنىڭ خۇددى قوقاننىڭ چايخانىسىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندەك ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشى، بىغەم ۋە پەرۋايى پەلەكلىكى ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى.

يىغىن بۇ قېتىممۇ بىرەر كېلىشىمگە كېلەلمەي تارقالدى.

ئابىل تۆرە ئوتلاقتا يېقىلغان چوڭ گولخان يېنىدا ئولتۇراتتى، تاقەتسىزلىك، تىت ـ تىتلىقتىن ھېچكىمگىمۇ گەپ قىلماي ئوت يالقۇنىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. قېرى مەسلىھەتچى يانپاشلىغىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ، كىرپىكلىرى ئارىسىدىن ئۇنى كۆزىتەتتى. ئۇ خەلقىنىڭ بۈگۈنكى قەھر ـ غەزىپىنى كۆرۈپ، سەل سەگەكلىشىپ، نەپسىنى ئىچىگە يۇتتى.

— تۆرە، — دېدى ئۇ، — ئەل سىزنىڭكى، بۇ قاباھەت سىزنى خېلى تەشۋىشكە سالدى. ئۇلۇغ سەردار ئابدۇراخمان سىزنىڭ توغرىڭىزدا ناھايىتىمۇ ياخشى پىكىردە. ئۆزىڭىزنى دېدىل تۇتۇڭ. ئالتۇن تەخت ئۈچۈن كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان ھالال خىزمىتىڭىزنى ئوردىدىكىلەر يادىدىن چىقارمايدۇ. ئەگەر سىز بولمىسىڭىز بۇ باشباشتاق يۈگەنسىز خەلق نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىسشتا ئوردا پەقەت سىزگە ئىشىنىدۇ...

— ئەۋلىيا! بۇغدايدەك تاشنى ئەركىن تۇتقاندا ھېچنېمە بولمىغان بىلەن، سەل قىسقاندا مۇشۇ ئالىقانغا پاتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەلنى قانچە ئىسكەنجىگە ئالغانسېرى نارازىلىق شۇنچە

كۆچىيدۇ، — خىلىلا ئاچچىقى كەلگەن ئابىل تۆرە سۆزىنى داۋام قىلدى، — قەسەمخور دۆمبۆنىڭ ئۆلۈمى بېشىمىزغا بالا بولدى، شاھزادىڭىز خالايىق ئالدىدا ئابرۇيۇمنى چۈشۈرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسى ھاجى قاچان ھۆكۈمران بولغان؟ ئۇنىڭ ئۆمرى تاغدا سۈرگۈندە ئۆتمىدىمۇ؟ ئۇلارغا ناربوتا تۆرىنىڭ بالىلىرى قاتارىدىن ئورۇن تەگكەنمىدى؟ ھە؟ نەسرۇللاخان ئولجا ئېلىپ كەتكەن تاجىنى ئاتىسى شېرئەلىنىڭ بېشىغا بىز كىيدۈرگەن ئەمەسمىدۇق؟ بۇ يالغانمۇ؟

— راست، تۆرە، راست...

ئابىل تۆرە يەرنى مۇشتلىدى:

— خالايىق ئالدىدا ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۇندىمىسەم، ئۆزىنى بىلمەيۋاتىدۇ، ھېلىقى خوتۇنباز شۇمتەك! مەن ناربوتا قۇرغان ئۆيدە خاتىرجەملىك، بەخت، بەرىكەت يوقالمىسۇن، دەۋاتىمەن. بۇ تاغدىن ئوت چىقسا، مەن ئۆچۈرمىسەم كىم ئۆچۈرىدۇ؟ ھە؟ كىم؟

گەپلەر ئاشكارا، ئوچۇق - يورۇق بولغاچقا، مەككار مەسلىھەتچى كەمشۈك ئاغزىنى ئېچىپ خىر - خىر كۈلدى:

— جىيەنلىرىڭىز ھېچكىمنى يالجىتقىنى يوق، تۆرە، ھەممىمىز دۆلىتىمىزنى، سەلتەنىتىمىزنى ئويلاپ يۈرۈۋېتىمىز. ھە، ئابىل مىرزا... ھەزرىتىم، دەيمىز. ھەزرىتىڭىزنى سىز بىلەن بىز كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. مۇبادا، بىرەرىمىز قىيسايساق، تەخت ئاغدۇرۇلۇپ چۈشىدۇ.

گەپلەر بىر - بىرىگە قوپۇشۇپ، ئۇلار ئوبدانلا مۇڭداشتى.

...دۆمبۆنىڭ دەۋاگەرلىرى چىققاندىن بېرى مادىل خاتىرجەمسىزلەندى، ئۇيقۇسى قاچتى، يۈرگەن - تۇرغىنىنى بىلمەدى. شەيتان يولىدىن ئازدۇرۇپ، ئەلنى تەشۋىشكە قويغىنى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆزى كايىدى. مانا مەن قاتىل، دەپ توپتوغرا بارسا قانداق بولار؟ بىر كۈنى ئاخشىمى كۆڭلى تېخىمۇ بۇزۇ-

لۈپ، بىر يەردە تۇرغۇسى كەلمىدى، ئىختىيارسىز ئابىل تۆرى-
نىڭ قىشلىقى تەرەپكە يول ئالدى. دۇنيانىڭ بارلىق لەززىتىدىن كېچىپ، قىشلاقنىڭ چېتىدىكى قىرو باسقان مۇزدەك خەشەك ئۈستىگە ئولتۇردى.

سۈتتەك ئايدىڭ، چەكسىز ئىدىرلىق ئۇيقۇدا ئىدى. تاغلار بېشىدىكى ئاپئاق قارلار ئاي نۇرىدا يالتىرايتتى. قاياقتىندۇر ئايغىرلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلىناتتى. قىشلاقنا كىرىدىغان يەردىكى يالغۇز قارىياغاچتا قانداقتۇر بىر قۇش مۇڭلۇق سايرا-ۋاتاتتى...

شۇ چاغدا، ئابىل تۆرىمۇ قېرى مەسلىھەتچى بىلەن تاشقىرىدا ئىدى. ئۇلار نېرى - بېرى مېڭىپ، ئاسماننى تەك ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان سامانيولىغا قاراپ تۇرۇشاتتى. قىشلاق چېتىدىن تۇرلۇك ئاۋازلار ئاڭلاندى، ئىتلار هاۋشىپ ئالدىغا يۈگۈردى. ئاڭغىچە ئىككى سايە كۆرۈندى، ئابىل تۆرە بىرىنىڭ ئاۋازىدىن ئۆز يىگىتلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى، ئۇ كىمگىدۇر ۋارقىرا-ۋاتاتتى:

— كىمسەن؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟!

— ساربىاي ئوۋچىنىڭ ئوكىسىمەن.

ئابىل تۆرە ئالدىراپ:

— مادىلمۇ سەن؟ هە، قاياقتىن؟ — دەپ سورىدى.

جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۇ ئابىل تۆرىنىڭ ئايىغىغا باش قويدى.

— سادىغىڭىز كېتەي، تۆرە، — ئۇ يىغلىۋەتتى.

— بۇ كىم؟ — قېرى مەسلىھەتچى گۇمانلىنىپ سورىدى.

— ئۆزىمىزنىڭ پۇقراسى. ئەۋلىيا، سىز خاپا بولماي، ئۆيگە كىرىپ دەم ئېلىۋېرىڭ. مەن بۇ بىچارىنىڭ ئەرزىنى ئاڭلاپ باقاي.

مەككار مەسلىھەتچى پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇپ ئۆيگە كىرىپ

كەتتى. ئابىل تۆرە مادىلنى خېلى نېرىغا يېتەكلەپ باردى. ئۇ، يات ئادەملەرنىڭ ئالدىدا گەپلىشىشنى ياخشى كۆرمەيتتى. چۈنكى، تىل دېگەن سۆڭەكسىز نەرسە... ئۇ مادىلنى ئۆزىگە يېقىنراق تارتىپ سورىدى:

— ھە، يەنە نېمە بولدى؟ بىرەرىگە سىرىڭنى ئېيتىپ قويدۇڭمۇ؟

— سادىغىڭىز كېتەي، تۆرە...

— سادىغا بولماي يەرگە كىر! — ئابىر تۆرە ئاچچىقلىنىپ، مادىل تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن تۇتقان ئېتىكىنى سىلكىۋەتتى، — تۇر، ھارىمى كىمگە ئېيتتىڭ؟

— ياق...

— قەسەم ئۇرغۇر...

— سىزدىن باشقا كىمگە ئېيتاتتىم، كىمگە يېرىلاتتىم؟ ئادەملەرنىڭ قارغىشىغا قالماي، مېنى تۇتۇپ بېرىڭ. مەن ئۆلەي... تۇتۇپ بېرىڭ...

— ھۇ... گۆرۈڭدە توڭگۇز قوپقۇر، سېنىڭ قېنىڭغا ھېچكىم موھتاج ئەمەس. سېنى دەپ نۇيغۇت ئۇرۇقى قىرىلىپ كېتىدۇ. بالا - چاقىسى، مال - مۈلكى ئولجا بولىدۇ. شۇنى ئويلاپ كۆرسەڭ بولمامدۇ؟ — ئابىل تۆرە ئاچچىقىدىن سەل يېنىپ، كۈلۈپ قويدى، — خاننىڭ تاغىسىغا باشما - باش رازىمەن، دېگەنىمىشسەن؟ بولدى، ئەمدى جىم تۇر، بولار ئىش بولدى.

— بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام... ھە، خۇدايىم، ھەي يۈزۈم قارا بولدى...

— ئاۋازىڭنى چىقارما، — دېدى ئابىل تۆرە تېرىكىپ، — يەنە قىساس ئالماقچىمۇ سەن؟

— ياق، ياق، تۆرە! ئۇنداق قىلغاندىن كۆرە...

ئابىل تۆرە سەل ئويلىنىپ، مادىلغا تەسەللى بېرىشكە

باشلىدى:

— ئۆزۈڭنى تۇت، بۇنداق بولۇشىنى كىم ئويلىغان دەيسەن، ساربىباي ئاكاڭنى ھۆرمەتلەيمەن. ياخشى ئادەم ئىدى. ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ قىزى بار ئىمىش؟

مادىل يىغلامسىراپ:

— بىر قىزچىقى بار.

— يېشى نەچچىدە؟

— ئون بەشكە كىردى.

— ھىم، بالاغەتكە يېتىپ قاپتۇ، — ئابىل تۆرە باشقا گەپكە ئۆتۈشنى لايىق كۆرمىدى بولغاي، مادىلنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپ، — ئاچچىق ئەقىلنى كېسىدۇ. سەن نۇيغۇتلارنىڭ تەقدىرىنى ئويلا! — دېدى.

ئۇ كەتتى، مادىل خېلى بىر ۋاقىتقىچە ئورنىدىن تۇرالماي ئولتۇردى.

ئەتىسى ئابىل تۆرە يىغىنغا ئۇچۇق - يورۇق كىرىپ كەلدى.

— خالايىق! — دېدى ئۇ بەلەن ئاۋازدا، — قىرىق يىل قىرغىن بولسىمۇ، كۈنى پۈتكەن، ئەجىلى يەتكەن ئۆلىدۇ. دۆمبۇنىڭ ئۆلۈمى سەۋەبىدىن خانىمىزنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغانىكەنمىز، بۇ ئەلۋەتتە تەڭرىنىڭ خاھىشى. بۇنداق ۋاقىتتا جېنىمىزدىنمۇ كېچىشكە توغرا كېلىدۇ…

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئويلاپ بىر تەرەپ قىل، تۆرە! — دېدى ئولتۇرغانلار ئىلتىجا قىلىپ.

— توغرا، رىخمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمەسلىكى كېرەك. شاھزادىنى ھۆرمەت قىلىمىز، قەدىرلەيمىز، ئەركىلىتىمىز، ئەمما، راست گەپنى ئېيتىش لازىم. پۇچۇق يارماققا ئەرزىمەيدىغان نەرسىنى يوغان دەستەك قىلىپ بىر خۇن ئورنىغا مىڭ ئات، مىڭ تىللا تەلەپ قىلىش ئىنساپسىزلىق ئەمەسمۇ؟!

— راست، بۇ زورلۇق!

ئابىل تۆرە چىققان تەرەپكە بىر قارىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۆزۈڭلار بىر ئويلاپ كۆرۈڭلار. يېغىرىمىزنى ئېچىپ، بىكاردىن ـ بىكار گەپ سېتىپ، ئۆزىمىزنى ئەخمەق قىلىپ كۆرسىتىشىمىز ياخشى ئەمەس. قىزنىڭ سىرى ئانىسىغا مەلۇم، دېيىشىدۇ. خالايىقنىڭ ئەھۋالى ساڭا بەش قولدەك ئايان. بوپتۇ، شاھزادىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. مىڭ ئات ئېگەر ـ جابدۇقى بىلەن بولسۇن، مىڭ تىللاسىمۇ شۇ بويىچە بولسۇن.

ئادەملەر ئابىل تۆرىنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەت قىلغىنى ئۈچۈن، چىشىنى چىشلەپ ئولتۇرۇشتى. مەككار مەسلىھەتچى ئابىل تۆرىدىن خۇشال ئىدى. بۇ كېلىشىم تونۇگۇن كەچقۇرۇن گۈلخان ئەتراپىدا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەل قىلىنغانىدى. قېرى مەسلىھەتچى ھەرئىككى تەرەپكە خالىس تۇرۇپ، ئىشنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن پۈتتۈرۈۋاتقان ئابىل تۆرىدىن راستتىنلا مىننەتدارلىق بولدى. ئۇنىڭ ئالما قېقىدەك پۈرۈشۈپ كەتكەن يۈزلىرىدە باشقىچە ئىپادە سېزىلمەيتتى. ئۇ بېشىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ، ئۇن ـ تىنسىز تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى. ئابىل تۆرە كۆپچىلىكتىن كېلىشىمگە رازىلىق سورىغاندىلا، ئۇ ئۆزىنى ئوڭلاپ، كۆزىنى ئاچتى.

— مىڭ ئات، مىڭ تىللا، — دېدى رەڭگىگە قان يۈرگەن مەسلىھەتچى، ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك پۈتكەنلىكى بۇ قېرى تۈلكىنى خۇشال قىلغانىدى. ئۇ تەسۋىنى بويىنىغا ئېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلىدى.

كېلىشىم تۈگىدى، ھەممە ھەيران ئىدى.

زورلۇق ئۆزىنى كۆرسەتتى. چارۋىچى خەلق مىڭدەك ئاتنى توپلاشتا ئۈنچىلىك قىينالمىدى، ئەمما ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ ئۆمرىدە تىللانىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەن تاغلىقلار مىڭ تىللا

تېپىشتا خېلىلا قىينالدى. بازارمۇ بازار كېزىپ، مال ـ مۈلكىنى، بۆرە، ئېيىق، قاپلان تېرىلىرىنى، گىلەم، شىرداق، ئېگەر ۋە جابدۇقلارنى سېتىشقا مەجبۇر بولدى. شەھەر خەلقى تاغ قەبىلىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ ئېغىر سودىنى يېنىكلىتىشتە قولىدىن كېلىدىغان ياردەمنى ئايىمىدى. ئەڭ ياخشى نەرسىلەر تىللا باھاسىغا چېقىشتۇرۇلۇپ، باشمۇباش ئالماشتۇرۇلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككى ھەپتە ئىچىدە مىڭ تىللا توپلاندى. ئاتلارنىڭ تۇيىقىدىن چىققان چاڭلار تۇماندەك يېيىلىپ، قۇياش نۇرىنى توسۇدى. ئانىسىدىن ئايرىلغان تايچاقلار ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇپ پەرياد چېكەتتى. ئايغىرلار ھازىدارلاردەك، مۇڭلۇق كىشنىشەتتى. شاھزادىنىڭ قوتۇرىغان قوغدىغۇچىلىرى ئاتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، خۇددى دۈشمەنگە قارشى تەييارلانغاندەك يىلقىلارنى ھەيدەپ مېڭىشتى.

— خاراب قىلدى، ئىنساپسىزلار!...

كىمدۇر بىرى دۇم يىقىلدى. چارۋىچىلارنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن دەز كەتتى. ئاۋال ۋە قىشلاقتىكى ئاھالە بەئەينى قانتى قىرقىلغان قۇشقا ئوخشىشاتتى، كۆزلىرىدىن غەزەپ ۋە نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

تۆپىلىكتە ئابىل تۆرە بىلەن نەسىردىنبەگ، قېرى مەسلىھەتچى ۋە قىشلاقنىڭ بىرنەچچە مۆتىۋەرلىرى تۇراتتى. بېكنەزەر بەشتەك يىگىت بىلەن ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— مانا، نەسىردىنبەگ، تۆشۈكۈڭنى مۈشۈنىڭ بىلەن قاپلىۋال، — دېدى ئۇ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ۋە ئاغزى بوغۇلغان قاپنى شاھزادىنىڭ ئايىغى ئۈستىگە ئىرغىتتى. نەسىردىنبەگ بىلەن قېرى مەسلىھەتچىنىڭ كۆزى قاپقا تىكىلدى.

بېكنەزەر تۇپتىن بىپەرۋا چىقىپ كەتتى. ئۇ، تېخى ئاچا يولدا ئۇچرىشىمىز، دەپ غەزىپىنى زورىغا بېسىپ كېتىپ

بارانتى.

مەسىلە ھەل بولدى. ئادەملەر ئورنىدىن قوزغىلىپ ئابىل تۆرىگە ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئاللاھۇئەكبەر! سالاۋات، سالاۋات!

— خۇن ۋە دەۋا تۈگىدى! ... سالاۋات! خۇن ۋە دەۋا تۈگىدى! ...

ئادەتتە سالاۋات ئېيتىش — خۇن ۋە دەۋانىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شەرىئەت بويىچە سالاۋاتتىن كېيىن، يەنە خۇن دەۋاسى قىلغان كىشىنىڭ يېگەن تامىقى ھارام، خوتۇنى تالاق دەپ تەرىپ قىلىنىدۇ. كىشىلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بىچارە پوقرا گويا ئېغىر يۈكتىن، چۈشىدە بېسىۋالغان ئالۋاستىدىن قۇتۇلغاندەك يەڭگىل تارتىپ تارقالدى.

... مادىل غەمكىن ئولتۇراتتى. گەپ قىلغۇدەك ھالى يوق ئىدى. سۆيۈمخاننىڭ ئالدىدا قامچا تۇراتتى. ئۇ قامچىدىن ئۇنچە-لىك قورقۇپ كەتمىسىمۇ، لېكىن سۆيۈمخاننىڭ قەھرلىك كۆز-لىرىگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۆي-دىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى مادىلى ياقلىمايتتى. سارىباي جىم ئى-دى. ئۇنىڭغا ئۇكىسى ھەممە گەپنى ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە چۈشەن-دۈرگەن بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇ زۇۋان سۈرمەيتتى.

— بەرمەيمەن! — دېدى سۆيۈمخان ۋارقىراپ، ئۇ يۈزىنى قوللىرى بىلەن توسۇۋېلىپ بالىلاردەك ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

قاراڭ ئاۋۇ ئابىل تۆرىنى! دەللالنىڭ قولىغا باشقا نەرسە ئەمەس، دەل يوغان قامچا تۇتقۇزۇپتۇ. ئىش ئۇڭغا تارتمايدىغان بولسا، ئوتتۇرىغا جەزمەن قامچا ئارىلىشىدۇ. بۇ تەرىپى ئېنىق. يىلان بىلەن دوست بولغانىكەنمەن - دە! ... ئەنە شۇ خىياللار بىلەن مادىلنىڭ ئىچ - ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. بىچارە نويغۇتلار-نىڭ ئۇۋالىغا قالغۇچە، ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆردى.

ئابىل تۆرىنىڭ دەللالى مادىلنى ھەدەپ ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى:

«بىر قىزنى دەپ، قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن، ئويلاپ كۆرۈڭلار. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئابىل تۆرە بىلەن مادىل بىلىدۇ. ماڭا ئىشىنىڭلار. ئىشنى ئارقىغا سۈرەشكە بولمايدۇ. تېزرەك پۈتسۇن» دەپ ئابىل تۆرە ئۆزىنىڭ قامچىسىنى نىشان قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇنى باشقىلار تونۇماسلىقى مۇمكىن، لېكىن مادىل ياخشى بىلىدۇ.

— بەرمەيمەن! — دەپ ئۆكسىدى سۈيۈمخان.

— يىغلىما، ئانىسى، — دېدى دەللال بەزلىگەن بولۇپ، — ئابىل تۆرە قىزىڭنى بەيگىگە سېلىپ مۇكاپاتىنى ئالماقچى ئەمەس، ئۇنى ئەتىۋارلاپ، ئوردىغا گىلەم توقۇشقا ئەۋەتىدىغان ئوخشايدۇ. بۇنىڭ نېمىسىگە يىغلايسەن؟

— بەرمەيمەن، ئۇ تېخى كىچىك! — دەپ يىغلىدى سۈيۈمخان.

خان ھەرىمى ۋە ئەمەلدارلارغا گۈزەل قىزلارنى سوۋغا قىلىدىغان ۋاقىتلاردا، ۋىلايەتلەردىكى ۋەكىللەر بۇ ئىشنى بىر تۈتۈپ، «ئوردىغا گىلەم توقۇشقا بارىدۇ» دېگەن گەپ بىلەن بۇ قەبىھلىكنى يوشۇرۇشقانىدى. كۆزىنىڭ گۆھىرى، يالغۇز قىزىنىڭ ئوردىغا ئەۋەتىلىشىگە ئانا بولغۇچىنىڭ ئاجىز قەلبى قانداق چىدىسۇن؟! ئۇ تورغايدەك چۇرۇقلاپ، كۆرۈنگەن ئادەمگە يېلىنىۋاتتى، ئەمما ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، ھېچكىم ئۇنىڭ جېنىغا ئارام بولالمايتتى.

قۇندۇز سۇغا كەتكەنىدى. ئۇ ئەپكەشتە سايدىن ئىككى چېلەك سۇ ئەكەلدى. تاشقىرىدا تۇرغان خوتۇنلار قىز ئۆيگە يېقىنلاشقۇچە كۈتۈپ تۇرۇشتى. توغرا، قۇندۇز بالاغەتكە يېتىپ قالغانىدى، ئەر كىشىلەرگە تىكىلىپ قارىماي، ئۆزىنى ھەمىشە



www.uyghurkitap.com

هايالىق تۇتاتتى. ئۇ ئەركە ئۆسكەنلىكتىن، ئانچە ـ مۇنچە نەرسى-
لەرنى نەزەر كۆزىگە ئىلمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى، قاش ـ كۆزلى-
رى قاپقارا ئىدى. ئىككى قولىدىكى قوش بىلەزۈك داۋاملىق
جىرىڭلاپ تۇراتتى. قۇلىقىدىكى ئالتۇن زىرە سۇ يۈزىدە يالت ـ
يۇلت قىلىپ ئوينايتتى. قۇندۇز چېلەكنى يەرگە قويۇپ، ئىشى-
كى ئالدىغا توپلىشىپ تۇرغان خوتۇن ـ قىزلار بىلەن باللارغا
قارىدى.
— ھەي، بەختسىز ... — دەپ بىر خوتۇن يىغلىۋەتتى.
دەرد ـ ئەلەملىك يۈزلەر، نىجاتلىق ئىزدىگەن ياشلىق كۆز-
لەر قۇندۇزغا قارايتتى. ئىشىك يېنىدا ئانىسىمۇ داد ـ يەرياد
چېكىپ ئولتۇراتتى. نېمە بولغاندۇر؟ ئۆيدىكىلەر قۇندۇزغا خۇد-
دى ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھكاردەك ئىلتىجا بىلەن قارىشاتتى. بارى
ـ يوقى بەش ئائىلىدىن ئىبارەت بولغان نويغۇت قەبىلىسىنىڭ
يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى مۇشۇ يەردە ئىدى.
— ئانىجان! ئانا! — دەپ يىغلىغان قۇندۇز تېخى گەپنىڭ
نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيلا، ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئات-
تى. سۆيۈمخانمۇ خۇددى بىرى ئۇنى سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك،
قىزىنى باغرىغا بېسىپ، يەنە يىغلىدى.
— بەرمەيمەن! مېنى ئۆلتۈرسەڭلار ئۆلتۈرۈڭلار، تاش يۈ-
رەكلەر، مۇتتەھەملەر! تىرىك تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئايرىلمايمەن!
قولۇم ـ قوشنىلار ئۇنىڭغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىل-
مەي، قوشۇلۇپ يىغلىشاتتى. ھەممەيلەن قانداق قىلىشنى بىل-
مەي داڭ قېتىپ قېلىشقانىدى.
— ئىلاجىمىز يوق، خوتۇن، — دېدى ساربىاي زەئىپ
ئاۋازدا، — نويغۇت ئۇرۇقى ۋەيران بولغاندىن كۆرە، بىر قىزنى
بەرسەك بېرەيلى!
ساربىاي شۇنداق دېدى ـ دە، ھوشىدىن كەتتى.

دەللالنىڭ بۇلارغا رەھمى كەلدىمۇ، قانداق، تۈرلۈك بىرەر باھانە ـ سەۋەب كۆرسىتەرمەن، دېگەن خىيال بىلەن قايتماقچى بولدى. خوتۇنلار، قىزلار قىيا ـ چىيا قىلىپ، قۇندۇزنىڭ قالغىنىغا خۇرسەن بولۇپ، ئۇنىڭ بېشىدىن بىر ساپلىق سۇنى ئايلاندۇرۇپ چېچىشتى ۋە سۆيۈمخاننى تەبرىكلەشتى.

دەللال ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، تۆۋەن تەرەپتىن، ئېگەر ـ جابدۇقلىرى ياسىداق بىر بايتالنى يېتەكلىگەن خوتۇن كىشى بىلەن بەش يىگىتنى ئەگەشتۈرگەن ئابىل تۆرىنىڭ قارا چال باتۇرى چىقىپ كەلدى.

— دېمىدىممۇ، تۆرىنىڭ بۇيرۇقى قاتتىق دەپ. ئەمدى قوشۇپ بەرمەي ئامال يوق. بىر قىز ئۈچۈن بالاغا قالماڭلار. قېنى، تېزرەك بولۇڭلار، ۋاقىت قىس، — دېدى دەللال.

سۆيۈمخان قىزنى ئۆيگە كىرگۈزۈپ، ئىشىكنى تاقىۋالدى، ھېچكىمنى يېقىن كەلتۈرمەي، قول ئۇزاتقاننى چىشلەپ، يۇلۇپ، جان ئاچچىقىدا پىغان چېكەتتى. خوتۇنلار ئاھ ئۇراتتى، باللار ھەيران بولۇپ، بىردەم ئايالارغا، بىردەم ئەرلەرگە قاراپ، بىر ـ بىردىن تارقىلىپ كېتىشتى. مادىل ھويلا ئوتتۇرىسىدا قېتىپ قالغاندەك تىككىدە تۇراتتى.

— ھوي، قىزنى تېزرەك ئاتلاندۇرۇڭلار! — دېدى قارا چال، — پۈتمەي قالغان ئىش بارمۇ؟ نېمىشقا ئالدىرىمايسىلەر؟ قىزنىڭ ئۆلۈمگە كېتىۋاتمايدىغۇ؟!

ھېچكىم ئۈنچىقمىدى. بەستلىك كەلگەن قارا چال ئېتىدىن چۈشۈپ، قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ يىگىتلەرگە ۋارقىرىدى:

— قېنى، تېزرەك، قىزنى ئاچىقىڭلار!

ئاۋۋال يىگىتلەر ئىشىككە يېپىشتى. سۆيۈمخان چىرقىراپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى چىشلەپ، ئاللا ـ كاللا سالدى!

— بەرمەيمەن! بەرمەيمەن! بەر… مەي… مەن! — دەپ

گەۋدىسى بىلەن ئاشخانا ئىشىكىنى توسۇدى. رەھىمسىز يىگىت-لەردىن بىرى ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، ياخشى گەپ قىلغان بولۇپ، مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. سۆيۈمخان داد - پەرياد ئۇرۇپ، يىگىت-نىڭ قولىنى چىشلىدى، يۈز - كۆزلىرىگە چاڭ سالدى. يىگىت سۆيۈمخاننى ئىتتىرىۋەتتى. سۆيۈمخان ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئاش-خانا ئىشىكىنى توسۇدى.

— بەرمەيمەن! بەرمەيمەن! — سۆيۈمخاننىڭ چاچلىرى چۇ-ۋۇلۇپ، كۆڭلىكى يىرتىلىپ كەتكەنىدى. — بەرمەيمەن!...

قارا چالىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، سۆيۈمخانغا بىر كاچات سال-غانىدى، سۆيۈمخان يىقىلىپ چۈشتى.

— ئايلىناي ئانا! ئانىجان! — دەپ ئاشخانىدىن قۇندۇز يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە ئانىسىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئېتىپ يالۋۇر-دى، — ئۇرماڭلار، ئۇرماڭلار! ئانامنى ئۇرماڭلار، ئۆزۈم بارد-مەن...

قۇندۇزنى تاشقىرىغا ئاچىقىشتى. يورغا بايتالنى تۇتۇپ تۇر-غان يول باشلىغۇچى خوتۇن قۇندۇزنى قولتۇقىدىن تۇتۇپ بەزلە-گەن بولدى:

— قوي، جېنىم، يىغلىما! مانا مەن بارغۇ! خاننىڭ ئوردى-سىغا گىلەم توقۇشقا بارمايسەن، بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ئابىل تۆرىنىڭ ئاۋۇلىدا توي بولۇۋاتىدۇ. شۇنىڭغا بېرىپ قايتىسەن. قېنى، سادىغاڭ كېتەي، بايتالغا مىنگىنە... ئۇ يەرگە بېرىپ گىلەم توقۇشنى بىلمەيمەن دېسەڭ، سېنى قويۇ-ۋېتىدۇ. پەرىزىمچە، سېنى ئازراق گىلەم توقۇشنى بىلىدۇ، دەپ ئېيتقان بولۇشى كېرەك. سادىغاڭ كېتەي، قورقما، ئۆزۈم ئە-كېلىپ قويىمەن...

— ھەي، بىچارە... پېشانەڭگە پۈتۈلۈپتىكەن ... — دېدى بىر خوتۇن كۆز يېشى قىلىپ، — ئۆرگۈلۈپ كېتەي،

جىنىم...

ئىچكىرىدىن سۆيۈمخاننىڭ داد - پەريادى، ئەرلەرنىڭ بىر - بىرىنى سۆككەن، شاپىلاق ئۇرغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

— ئانىجانىم! ئانا! نائىنساپلار! ئۇرماڭلار، ئانامنى ئۇرماڭلار، دەۋاتىمەن. مەن رازىمەن، ئانامنى ئۇرماڭلار، بارىمەن... ئۆرگۈلۈپ كېتەي. ئانىجان!

قۇندۇز ئەتراپىدىكىلەرگە يالۋۇرۇپ قارىدى. ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلايتتى. ئىلاجى قانچە؟ ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق، خوتۇنلار ئۇنىڭغا تەسەللى ئېيتىپ، كۆز - ياشلىرىنى سۈرتۈشتى، چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈزەشتى، بېشىنى قىزىل ياغلىق بىلەن مەھكەم تېڭىپ، ئاتقا مىنىشىنى كۈتۈشتى. يول باشلىغۇچى خوتۇن ئىزگىننى تۇتتى. ئۇلار يولغا چىقىشتى...

سۆيۈمخان خىرقىرىغان ئاۋازدا ۋارقىراپ، ئىشىك ئالدىغا چىقتى ۋە يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلار ئارقىسىدىن يۈگۈردى ۋە ئۇزاققا بارماي سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدى، ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە داد - پەرياد ئۇردى:

— بەرمەيمەن! بەرمەيمەن! — دەپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى، — قۇندۇز! قۇن... دۇز! قاچ... قاشقىرىدىن قاچ!... — ئۆزىمۇ نېمىدىنىدۇر قورقۇپ، ئېدىر تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى، — قاچ، قاشقىر!...

سۆيۈمخاننىڭ ئۈستىدىكى كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىلا قالغانىدى. ئۇ قاياققىدۇر جىدەللەپ يۈگۈرەيتتى، ئۈستىدە كۆڭلىكىنىڭ يوقلۇقىنى سەزمەيتتى، ئەتراپىدا نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرمەيتتى، پەقەت ئۇنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى تاغۇتاشلارنى لەرزىگە سالاتتى.

ئەتىسى، نەسىردىنبەگە قايتماقچى بولدى. ئابىل تۆرە قۇن-

دۇزنى گۇلدەك ياساندۇرۇپ، بېشىغا قەشقەرنىڭ ئاق يىپەك ياغلىقىنى ئارتقۇزۇپ، ئۇنى شاھزادىگە سوۋغا قىلدى.

شۇ كۈنى كەچتە كىشىلەر قىپيالىڭاچ بىر ئايالنىڭ ئىدىردى- كى كونا قەبرىستانلىقتا «قاچ! ...» دەپ ۋارقىراپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# تۆتىنچى قىسىم

## 1

1873 ـ يىلىنىڭ باھارى ...

تاغ تەرەپ تىنىچسىز، دائىم قالايمىقانىدى، ئوردىدىكى قۇۋ، مەككار كىشىلەر قولاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، بىر ـ بىرىنى پايلىشاتتى. خۇددى قونچىغا پىت چۇشكەندەك بىئارام بولۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ پېيىنى قىرقىشقا ھەرىكەت قىلىشاتتى.

خۇدايارخان بولسا ئاچچىقى بىلەن:

— قىرىمەن! ئوت قويىمەن! — دەپ ۋارقىرايتتى، بىرئاز ئېسىگە كەلگەندە، يەنە لاتىدەك بوشىشىپ قالاتتى. ئۆزىدىن ئەقىل چىقمىغان، باشقىلارغا ئىشەنمىگەن خۇدايارخان نىجات ئىزدەپ ئەتراپىقا ئەلەڭلەپ قارايتتى، بىرەر ئەقىلدارنى ئىزدەيتتى. «مانا قاراڭ، بىرى ئوغرى، بىرى ساتقۇن، بىرى نان قېپى! ...» دەپ ئۇھسىناتتى. نېمە قىلىش كېرەك؟ ئىلاج قانچە؟ بىر چاغلاردىكى خانىنىڭ سايىسىگە تەزىم قىلىدىغان زۇۋاندارلاز مەسلەھەتچىلەرمۇ ئەمدىلىكتە غىڭ قىلماي، ھەممە جاۋابكارلىقنى خانغا ئارتىپ تاماشا كۆرۈشۈۋاتىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟

ھەركۈنى دېگۈدەك يېڭى خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى. تۆرە قورغانىدىكى سەرەنچى پەنساد بەش يۈز چەۋەندازنى ئەگەشتۈرۈپ، ئىسيانكار خەلققە قوشۇلۇپ كەتتى. چارتاق بېگى گادايباي بىلەن نەمەنگان بېگى شەمىلا ھەش ـ پەش دېگۈچە تارمار قىلىنىپ،

پۈتۈن نەمەنگان ۋىلايىتى ئىسيانكارلار قولىغا ئۆتتى.

خۇدايارخان كېچەش ئۆتكۈزدى. «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئىشنى ئاسانراق تۈگىتىشنى كۆزلەپ، گېنېرال گوبېرناتوردىن ياردەم سوراش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭغا باش ۋەزىر قۇلنەزەر تەرەپتىكىلەر قارشى چىقتى. گېنېرال فان كەيفمان بىلەن ئۆزئارا ياردەم توغرىسىدا تۈزۈلگەن شەرتنامىنىڭ تېگى - تەكتىدە چوڭ ئېھتىياج بار ئىدى. مۇنداق ئېھتىياجلار كۆپەيگەنسېرى بۇ يۇرتنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. لېكىن خۇدايارخانغا بۇ بەرىبىر ئىدى. ئۇنىڭغا ئاشۇ ھەيۋەتلىك قورغانلىرى بىلەن كۆرگەن ھەرەمخانىسى ئامان بولسا، ئاتىسىدىن قالغان سەلتەنەتلىك تەختى كۆز ئالدىدا تۇرسىلا بولاتتى. خەلقنىڭ ۋە بۇ يۇرتنىڭ قانداق ئەھۋالغا چۈشۈشى، كىمنىڭ قولىدا بولۇشى ئۇنى قىزىقتۇرمايتتى. گېنېرال گوبېرناتور بىلەن تۈزۈلگەن شەرتنامە — بويىنىغا سېلىنغان بويۇنتۇرۇقنى ۋاقتى كەلگەندە، بىر تەرەپكە تاشلاپ قويسا بولىۋېرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئورۇق، قارامتۇل كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ كەم ئەقىللىقىنى ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچى[1] ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا گېنېرال گوبېرناتوردىن ئەسكەر تەلەپ قىلىش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى سەزگەن ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچى:

— ئەمىرىم، — دېدى ئاستا ئىلتىپات بىلەن، — ئۆز شالتىقىمىزنى ئۆزىمىز تازىلىمايمىزمۇ؟

خۇدايارخان بوغۇلۇپ كەتتى:

— ئۆزىمىز! قانداق قىلىپ؟!

ئابدۇراخمان پەرۋاسىز ئىدى، خۇدايارخان ئاچچىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئۆزىمىز تازىلىمايمىزمۇ دەيدۇ؟! ئېلىنۋالدى! يالاڭ

① ئاپتۇۋچى — خان ئوردىسىدا مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەرگۈچى مۇلازىم.

www.uyghurkitap.com

ئاياغ پولات نەمەنگاننى ئېلىۋالدى! ... — خۇدايارخان ۋارقىرايتتى، تىترەپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى. ھەممەيلەن لام ـ جىم دېمەستىن باش ئېگىپ تۇردى. ئۇ ئەندىكىپ، تىترەپ تۇرغان قولىنى ئۇۋۇلاپ، بارماقلىرىدىن قاس چىقىراتتى. «ئۆزىمىز تازىلىمايمىزمۇ، دېگىنى نېمىسى؟! ... دادىسىنىڭ ئىنتىقامى توغرىسىدا بىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ قويدىمىكىن؟ ...» دەپ ياشلىقىدىن بىرگە ئۆسكەن تەختۇشى، سىردىشى ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچىغا گۇمان بىلەن قاراپ قويدى، لېكىن بىرەر نەرسە دېيىشكە پېتىنالماي، ئەلەم بىلەن پېشانىسىنى سىلىدى.

— مەيلى ... — دېدى ئۇ ئاخىر مىسكىن ئاھاڭدا، — نومان پەنسادنى چاقىر.

نومان پەنساد پايپاسلاپ كەلدى. ئۇ ھۆكۈمدار ھەزرەتلەرنىڭ خۇپىيانە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان، بىرىنىڭ دوپپىسىنى ئال دېسە، بېشىنى ئەكېلىدىغان، ناھايىتى ئىشەنچلىك لەشكەر باشلىقلىرىدىن بىرى ئىدى.

— لەببەي، پاناھىم ... — دەپ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەزىم قىلدى ئۇ.

— پەنساد، — دېدى خۇدايارخان، — قىلىچىنىڭ تىغىنى سىنايدىغان پۇرسىتىڭىز كەلدى!

نومان پەنساد ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارىدى، سۇرلۇك كەلگەن قارامتۇل چىرايى جىددىي تۇسكە كىردى. قاپقارا ساقىلى لىكىلداپ، جاغال كۆزلىرىگە قان تولدى.

— تەييارمەن، ھەزرىتىم! كىمگە قىلىچ ئۇراي؟

— ئالدىرىماڭ، نومان پەنساد. سىزگە قانچە ئەسكەر كېرەك بولسا ئېلىڭ، ئۇ دۇنيادا ئاللا ئالدىدا، بۇ دۇنيادا بىزنىڭ ئالدىمىزدا كەچۈرۈپ بولماس گۇناھقا پاتقان قارا بەرغىش، قەتەي، قۇتلۇق ـ سېيىت، نايمان، قۇرەمە ئۇرۇقلىرىنى قانغا بوياپ، ئۇلارنى باشقىدىن مۇبارەك تەختىمىز ئالدىغا توپلاپ كەلگەيسىز!

— سىزنىڭ خاھىشىڭىز خۇدانىڭ خاھىشى، ئالەم پاناھى!
كېچىدە ئولتۇرغانلار شاھنىڭ پىكرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى. نومان پەنسادقا بەش يۈزدەك تاللانغان لەشكەرلەرنى بېرىپ، تاغ تەرەپكە يولغا سالدى...
ئىككى تەرەپ خاناباد قىشلىقىدا ئۇچراشتى.
نومان خېلى پۇختا پەنسادلاردىن ئىدى. ئۇ دەسلەپتە ئىسيانكارلارنىڭ سانى، سەردارلىرى، قايسى ئۇرۇقلۇقى توغرىسىدا ۋە مۇبادا ئۇلارغا ياردەم كېرەك بولۇپ قالسا، قايسى تەرەپتىن كېلىشى، مۇبادا، چېكىنسە قايسى تەرەپكە قېچىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئېنىقلىۋالدى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۆزىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قىشلاقلارنى قاتتىق كۆزىتىپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەڭ قىلىشقا لايىق قۇلاي جاينى تاللىدى. يۈز لەشكەرنى ئالدىغا، يۈز لەشكەرنى كەينىگە قويدى، يۈز لەشكەرنى ئوڭ قاناتقا، يۈز لەشكەرنى سول قاناتقا ئەۋەتتى.
ئىسھاقمۇ مەيداننىڭ چېتىگە كەلدى. كۈمۈش ياللىق چەبدەس ئارغىماقنىڭ تىزگىنىنى ئازراق تارتىپ قويدى، قامچا تۇتقان قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ، ئوردىدىكى لەشكەرلەرنىڭ ھالىتىنى، ئالدى ـ ئارقىسىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇنىڭ ساقىلى سېرىق، بۇرۇتى قارا، يۈزىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس سەپكۈنى بار، كۆزلىرى قىيسىق ئىدى.
ئۇ ھەمىشە لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ يۈرەتتى. يېنىدا پەقەت ئىككى كىشى: ئوڭ قول قانات سەردارى مۆمىن، سول قول قانات سەردارى سارانچى بار ئىدى.
— ئۇرۇشتا تۇرۇش يوق...
سەردارلار تىنچسىزلاندى، ئىسھاق سول قولى بىلەن ئالغا مېڭىش ئىشارىتىنى قىلدى. شۇ زامان سارانچى ئات ئويىنىتىپ:
— يـا، يىگىت پىـرى شاھىمــەردان، ئۆزۈڭ قوللا!...
ئۇر!... ئۇر! ... — دەپ قىلىچ ئويىنىتىپ، يىگىتلەرنى ھۇجۇمغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باشلىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە مالىمانچىلىق باشلىنىپ، ئاتلارنىڭ تۇياق تاۋۇشلىرىدىن يەر تىترىدى.

ئىسيانچىلار:

— قىي… قۇۋ … — دەپ قىچقىرىشىپ، خاننىڭ پىيادە لەشكەرلىرىگە تاشلاندى، سارانچىنىڭ يىگىتلىرى قىلىچلىشىۋاتقاندا، يەنە بىر تەرەپتىن مۆمىنىنىڭ بەش يۈز لەشكىرى قىيانداك يوپۇرۇلۇپ، ئات سېلىپ كەلدى.

بۇ جەڭ مۇھىم سىناق ئىدى، ئىسھاقنىڭ چىرايى بىردەم ئاقىرىپ، بىردەم قىزىراتتى، زەردە بىلەن ئۆزەڭگىگە ئايىغىنى تىرەپ، قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ، ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇراتتى.

نومان ئالدىرىمىدى، دەسلەپكى توسۇقلارنى قىلىچ بىلەن يىمىردى، قالغانلىرىنى تېز ئاتار مىلتىقىنىڭ ئوقىغا تۇتتى. ئىسيانكارلار كۈچلۈك زەربە بېرىۋاتقان تەرەپتە بولسا، قىلىچ بىلەن يۈزمۇيۈز قاتتىق جەڭ قىلدى. خەلق قىساسكارلىرى تېخىمۇ ئۆچەكىشىپ، پىيادىلەرگە جان ـ جەھلى بىلەن تاشلاندى. نومان ئۆز لەشكەرلىرىگە زەربە يەتكۈزمەي، بەزىدە ئالدىغا مېڭىپ، بەزىدە ئارقىغا چېكىنىپ، ئىسيانكارلارنىڭ يولىنى كېسىپ، پارچىلاپ تۇرۇپ رەھىمسىزلىك بىلەن تىغ ئۇراتتى. پەنساد پىيادە ئەسكەرلىرىنىڭ سېپى بارغانسېرى كېمىيىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرمىدى. ئۆزى ئوتتۇرىدا تۇرۇۋېلىپ:

— ھەي، يىگىت پىرى شاھىمەردان، ئۆزۈڭ قوللا! — دەپ ئەلەم بىلەن قاھ ـ قاھ ئۇرۇپ لەشكەرلىرىنى روھلاندۇرۇپ تۇراتتى…

كەچكە يېقىن جەڭ توختىدى. بۇ جەڭدە ئىسھاق پەنساد ئۈچ يۈز يىگىتىدىن ئايرىلدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ داۋاملاشتۇرۇش كېرەكمۇ؟ ئەگەر داۋاملاشتۇرسا، نوماننىڭ لەشكەرلىرىنى

قىرىپ غەلىبىگە ئېرىشىشى مۇمكىن. خوش، بۇنىڭدىن نېمە پايدا؟ بۇنىڭ بىلەن ئوردىنىڭ لەشكەرلىرى تۈگەپ كېتەمدۇ؟… ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ ئاساسىي كۈچىدىن ئايرىلىدۇ. كېيىن بۇ جاراھەت ئاسانلىقچە ساقايمايدۇ!…

ئىسھاق قاش قارايغان چاغدا، تاغ تەرەپكە — ئالابۇقاغا قاراپ چېكىندى.

× ×

ئىسھاق ئالابۇقا قىشلىقىدا تۈنەپ، كېچەش ئۆتكۈزدى.

بالدۇرقىدەك ماختىنىش، ئالدىراقسانلىقلار قەيەردە دەيسىز؟ ھېچكىم بۇنداق قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئىسيانچىلار ئۆز خىياللىرى بىلەن بەند ئىدى. سەردارلارنىڭمۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئىسھاق ئۇلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتى. ئۆزىمۇ ئويغا چۆمۈپ ئولتۇراتتى. ئۇ چاينى ئوتلىغاچ:

— قېنى، باتۇرلار، — دەپ ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ سۆزگە كىرىشتى، — قېنى، گەپلىشىپ ئولتۇرايلى، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىمىز؟

سوئال تۇيۇقسىز بىر كىشىدىنلا سورالمىغىنى ئۈچۈن، ئولتۇرغانلار يەر ئاستىدىن بىر - بىرىگە قارىشىپ جىم ئولتۇرۇشاتتى.

ئارىدىكى جىملىقنى مۆمىن بۇزدى:

— بېگىم، — دېدى ئۇ سەل ئوڭايسىزلىنىپ، — بىز تېخى كۆرەشكە يارامسىز ئوخشايمىز…

ئىسھاق بېشىنى لىڭشىتتى:

— يامانلىقنى يوشۇرۇپ، ئۆزىگە تەمەننا قويغان ئالدىنار، يامانلىقنى بويىنىغا ئالغان خاتاسىنى تۈزۈشكە تەييار تۇرار.

ھەق گەپتىن خىجالەتتە قالغان كىشىلەر يەنە خېلىغىچە ئۈنچىقماي ئولتۇرۇشتى.

— توغرا، تۈنۈگۈنكى جەڭ بىزنىڭ تېخى خام ئىكەنلىكىمىزنى كۆرسەتتى. بىزنى ئۆلچەيدىغان مىزان بولدى. ئېغىر سىناقتىن ئۆتتۇق. ئەمدى بۇنىڭدىن تېگىشلىك خۇلاسە چىقىرىپ، سېپىمىزنى تولۇقلاپ، ھەقىقىي كۈرەشكە ئاتلىنىمىز، ئەزىمەتلەر! — دېدى ئىسھاق ئىشەنچ بىلەن.

قەمبەر سەردار غۇدۇڭشىدى:

— بېگىم، ھالىمىز شۇ بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن قولىمىزدىن نېمە كېلەركىن؟...

ئىسھاق ئۇنىڭغا قارىدى، ئاچچىقىنى زورمۇزور بېسىپ، سىپايىلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— بوپتۇ، قەمبەر، بوشاڭلىقىڭىزنى باشتىلا سەزگەنىدىم، زارىمىز بار، زورىمىز يوق، ھازىرلا يىگىتلىرىڭىزنى ئاتلاندۇرۇپ قىشلىقىڭىزغا قايتساڭمۇ مەيلى.

ھەممىسىنىڭ كۆزى قەمبەردە ئىدى. سەردار ئادەتتىكىدەك قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئىسھاقنىڭ لېۋى قىمىرلاپ، يۈزىدىكى سەپكۈنى غەلىتە تۇسكە كىردى، ئاۋازى ئۆزگەردى:

— تۇر، — دېدى ئۇ سىلكىنگەندەك قىلىپ، — ياخشى كۈندە، ياخشى ئىشتا دوست بولۇپ، يامان كۈندە تەتۈر قارىغان ھەمتاۋاقنىڭ بىزگە كېرىكى يوق!

قەمبەر بوشىشىپ ئورنىدىن تۇردى، قامچىسىنى سۆرەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئىسھاق ھەممىنى بىرمۇبىر كۆزدىن كەچۈرۈپ:

— قېنى، كېتىدىغانلارمۇ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئوتتۇرىغا يەنە جىمجىتلىق چۈشتى. بىرەر ئادەمدىنمۇ سادا چىقمىدى. قەمبەر بىلەن يانمۇيان ئولتۇرغان، ئەزەلدىن ئۇنىڭ بىلەن ئىناق ئۆتۈشكەن تۆت نەپەر يۈزبېشى ئورنىدىن قوزغالدى.

ئۇلارنىڭ يولىنى ھېچكىم توسۇمىدى. ئولتۇرغانلار يەنە شۇ پېتى جىم ئولتۇرۇۋەردى.

— كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئىسھاق، — ئوردا لەشكەرلىرى ئۇرۇشتا قابىلىيەتلىك، قوراللىرى ساز ئىكەن. بىزنىڭ پەرقىمىز سان جەھەتتە، ئۇلاردىن كۆپلۈكمىز، خالاس. لېكىن بىز ھەرقانچە كۆپ بولساقمۇ، جەڭدە تاۋلانمىغانمىز، ياخشى قورال - ياراغىمىز يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئارىمىزدىن قەمبەرگە ئوخشاش ئىختىلاپچىلار چىقىپ، ئاھالىلەر ئوتتۇرىسىغا نىزا سالسا، ئىشىمىز تەتۈر كېتىپ، تۇنۇگۇندىكىدەك ھەممىمىز قىرىلىپ كېتىمىز...

— باشلىقىمىزمۇ، كۆرەر كۆزىمىزمۇ ئۆزۈڭسەن، — دېدى مۆمىن، — گەپىڭنىڭ توغرىسىنى ئېيت، خوش، قانداق قىلىمىز؟

— بىزگە ئۇرۇشماقتىن باشقا چارە بارمۇ؟ جەڭگى - جېدەلنى ئەمدى باشلايمىز! — دېدى ئولتۇرغانلار.

ئىسھاق مەمنۇنىيەت بىلەن:

— ئەلگە ئاۋۋال ئۆزۈڭلەرگە ئىشىنىڭلار! — دېدى، — باتۇر جەڭدە سىنىلىدۇ. كەتمەكچى بولغانلارنىڭ يولىنى توسۇماڭلار، ئۆز ئېلىگە ساداقەتلىك يىگىتلەر تاللانغاندىلا سېپىمىز تۆمۈردەك مۇستەھكەملىنىدۇ. گەپ شۇنداق، چاتقالغا چېكىنىپ قورال - ياراغ، ئوق - دورا غەملەيمىز. ئالتۇن تېپىشىمىز كېرەك. چۆي ۋادىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، رۇسلاردىن ياردەم سورايمىز. شۇنىڭدىن كېيىن جاكارچى بىلەن ئەل ئارىلاپ، ئۇلۇغ جەڭگە سەپەرۋەرلىك ئېلان قىلىمىز...

خەلق خىزمىتىگە بەل باغلىغان يۈزبېشىلار بۇ تەكلىپنى بىر ئېغىزدىن قوللاشتى. بۇ بىردىنبىر توغرا يول ئىدى. شۇنىڭ بىلەن كېڭەش تۈگىدى.

ئىسھاق ئەلگە پاناھ بولسۇن، دەپ ئەشىم پالۋاننى ئالابۇقىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى چاتقال تەرەپكە كەتتى.

× ×

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەنگلىيە پۈتۈن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش نىيىتىدە، ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇپ، ئافغانىستان، ئىران ۋە تۈركىيىنى نازارەت قىلىش مەقسىتىگە ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن چەكلىنىپ قالماي، يەنە تۈركىستان ۋە يەتتەسۇغىمۇ كۆزىنى ئالايتتى. بۇ يەرلەر ئەنگلىيە ئۈچۈن ئەرزان باھادا خام ئەشيا ئېلىش ۋە ئۆز ماللىرىنى قىممەت باھادا سېتىش ئۈچۈنلا چوڭ بازار بولۇپ قالماي، بەلكى كېلەچەكتە روسىيىگە كۈنچىقىش تەرەپتىن زەربە بېرىش ئۈچۈنمۇ ناھايىتى مۇھىم را-يون بولۇپ قالاتتى. بۇ ئىشتا روسىيىنىڭمۇ ئۆز پىلانى بار ئىدى. ئۇ تۈركىستانغا قانداق بولمىسۇن، ئەنگلىيىدىن بۇرۇنراق كىرد-ۋېلىپ، بىرىنچىدىن، ئەرزان بايلىق، قىممەت باھا بازارغا ئىگە بولۇش، ئىككىنچىدىن، بۇ تەرەپتىن ئۆزىگە كېلىدىغان خەۋپ - خەتەرنىڭ يولىنى توسۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا، ئىنگلىز-لارنى ھىندىستاندىن قوغلاپ چىقىرىشنى ئويلايتتى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتلاردا يەرلىك بايلارنىڭ زۇلمىدىن ئېزىلگەن مېھنەتكەشلەر رۇسلاردىن پاناھ ئىزدەپ، ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاستا - ئاستا روسىيىنىڭ قول ئاستىغا ئۆتۈشكە باشلىغانىدى. ۋەھالەنكى، روسىيە ئىمپېراتورى ئالېكساندىر II 1871 - يىلد-دىلا بارلىق گېنېراللارغا: «قوقانلىقلارنىڭ روسىيىگە باش ئې-گىمىز دېگەن ئىلتىماسىغا — ئەگەر شۇنداق ئىلتىماس بولۇپ قالسا — دەرھال رەت قىلىش جاۋابىنى بېرىش كېرەك» دەپ يوليورۇق بېرىپ قويغانىدى. بۇنىڭ ئۈچ سەۋەبى بار ئىدى. بىرىنچىدىن، ۋىكتورىيە دىپلوماتلىرى «روسىيە ھىندىستانغا خەۋپ تۇغدۇرۇۋاتىدۇ» دەپ جاڭجال چىقاردى ھەم ياۋروپادىكى روسىيىنى قىزىقتۇرغان مەسىلىلەر توغرىسىدا باشقا مەملىكەتلەر-نىڭ ئەلچىلىرىنى بىر - بىرىگە غىڭ - غىڭ سېلىپ، ئىسكەنجىگە

ئېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي روسىيە ئىمپېراتورى
ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇئامىلىنى ياۋروپادىمۇ، شەرقتىمۇ بىر
قېلىپقا سېلىش نىيىتىدە، «ئەرزلەرنى قوبۇل قىلىش»نى ۋاق-
تىنچە توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئىككىنچىدىن، ئۆزئارا مۇنا-
سىۋەتنى يامانلاشقان ئۇششاق خانلىقلار روسىيە ئىمپېرىيىسىگە
تۇسالغۇ بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلارنى قوللاپ -
قۇۋۋەتلەپ تۇرغان بىر ۋاقىتتا، قايسىبىر ئۇرۇق ياكى ئاقساقال-
لارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش زۆرۈرىيىتى قالمىغانىدى.
ئۈچىنچىدىن، كەپەل قەلئەسى بىلەن ئارال پورتىنىڭ بۇ تەرىپىدە
ياشىرىپ ياتقان بىپايان يەرلەرنى مۇستەھكەملەش ھەمدە مۇستەھ-
لىكىگە دائىر ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم ئىدى.

پادىشاھ ھۆكۈمىتى خۇدايارخانغا «ھەزرىتى ئالىي» دېگەن
ئۇنۋان بېرىپ، ئۇنى گۆھەر يۇلتۇزلۇق بىرىنچى دەرىجىلىك
ئوردېن بىلەن تەقدىرلىدى. خۇدايارخاننى ئۇنۋان بىلەن ئوردېن
ئانچە قىزىقتۇرمىدى. ئۇنىڭغا ئۆز خەلقى ئوتتۇرىسىدا كۈنسېرى
ئەۋج ئېلىۋاتقان نارازىلىقلارنى، ئىسيانلارنى رەھىم - شەپقەت-
سىزلىك بىلەن بېسىپ تۇرىدىغان زور كۈچ — ئەسكەر زۆرۈر
ئىدى. بۇ ياردەمنىڭ گوبېرناتور تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلىقىنى
سەزگەن خۇدايارخان ئىسيانچىلارنى سۈرگۈن قىلىشقا باشلىدى.

× ×

ھۆكۈمدارنىڭ ئىلتىپات ۋە مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولغان نومان
پەنسادنىڭ تېخىمۇ ياۋۇزلۇقى تۇتتى، ئىسيانچىلارغا ئارقىمۇئارقا
زەربە بېرىپ، يول - يولدا قىشلاق - ئاۋۇللارنى بۇلاڭ - تالاڭ
قىلدى. مۇنداق خورلۇقلارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مېھنەتكەش
خەلق مال - مۈلكىنى تاشلاپ، بېشى قايغان تەرەپلەرگە كېتىش-
تى. نومان پەنساد، چارتاق، شۆركەن، پىشقۇرغان، ھەزرەتشا،

مەمەي، نەنەي قاتارلىق قىشلاقلارنى بۆلاپ، ئاخىرىدا تاغ ئېتەك-
لىرىنى بويلاپ ئالابۇقاغا يېتىپ كەلدى.

قىرىلغان جان زاتى كۆرۈنمەيتتى. قىشلاق ئەسكى قەب-
رىستانلىقىقا ئوخشىشاتتى. نومانىنىڭ بۇ يەرگە ئۇسۇپ كىرىشىگە
يۈرىكى پېتىنمىدى. يىگىرمە بەش لەشكەرنى پايلاقچىلىقىقا
ئەۋەتتى.

جىمجىت تاغ ھەيۋەت بىلەن چوقچىيىپ تۇراتتى. دەريا سۈيى
ئېگىلگەن سۇمبۇل نوتىلىرىنى ئويناپ ئاقاتتى. ھاۋا سالقىن
ئىدى. توپ - توپ ئاق بۇلۇتلار قاياقتىدۇر ئالدىرايتتى. ئاسماندا
بىر بۈركۈت لەرزان ئۇچۇپ يۈرەتتى.

لەشكەرلەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن كېتىۋاتاتتى. ئاتلار گاھىدا
شىلدىر قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ، ئېغىزدۇرۇقلىرىنى چاينىشات-
تى. ئۇنىڭدىن ئىرى بىرىشقا ئۆلارنىڭ يۈرىكى پېتىنمىدى. بۇ
يەرنىڭ ئاستى تەرىپى ئۇلۇغ سۇ، ئۈستى تەرىپى قىيا، ئىككى
تەرىپى ناھايىتى قويۇق توقايزار ئىدى.

ئادىشىپ قالغان بىر موزاي كوچىدا ئوتلاق يۈرەتتى. ئۇنى
تۇتۇپ سويدى. گۇلخان ياقتى. لەشكەرلەرنىڭ يوغان، بەستلىك
باشلىقى موزاينىڭ بۆرىكىنى ئالدۇرۇپ زىخقا تارتتى - دە، ئۆز
قولى بىلەن پىشۇردى. ئۇ كاۋاپنى شۆلگەيلىرى ئېقىپ تۇرغان
ئاغزىغا سېلىۋېتىپ:

— ۋاھ، ئىمىدېگەن مەززە! — دەپ ماختاندى.

شۇ پەيت قاتتىق مىلتىق ئاۋازى ياڭرىدى. گۆرەنلىك بىرى
گۇلخان ئۈستىگە يىقىلدى. پاڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن يەنە بىرى
ئوڭدىسىغا چۈشتى.

لەشكەرلەر بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، بىر يەرگە غۇژمەكلىشى-
ۋالدى. بىرى تۆپىلىككە سىنچىلاپ قاراپ قۇلاق سالدى. ھېچقان-
داق شەپە سېزىلمەيتتى. يالغۇز مەرگەن ئوخشايدۇ، ئەمدى قاچ-
قان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن خىيال كۆڭلىدىن ئۆتتى. لېكىن
شۇئان:

«قىمىرلىماڭلار، قورققاقلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. غاـ ژۇر ـ غۇژۇر بېسىلدى. يەنە بىر قېتىم «ۋاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن يەنە بىر لەشكەر دوم يىقىلدى.

«جېنىمىز سادىغا! جېنىمىز سادىغا!» دەپ ۋارقىراشتى لەشكەرلەر.

پاكار ئۆسكەن ئارچا دەرىخىنىڭ نېرى تەرىپىدىن قارا تەلـ پەكلىك بىر كىشى چىقىپ كەلدى. بۇ ئەشىم ئىدى. ئۇ ئىككى پېشىنى بېلىگە قىستۇرغان، ئايىغىدا چورۇق، بېلىدە ساداق، قولىدا قارا مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى تۇتقان هالدا تۇراتتى. ئۇ يېقىنلاشتى، شۇ چاغدا لەشكەرلەرنىڭ بىرى:

— هوي، يالغۇز ئىكەن، ئۇرۇڭلار! — دەپ ئالدىغا ئىنتىـ لىۋىدى، تالنىڭ كەينىدىن چىققان بىر ئوق بىلەن يىقىلدى. قالغانلىرى غال ـ غال تىترەشكە باشلىدى.

— جېنىم سادىغا! هوي مۇسۇلمان بالىسى، جېنىم سادىغا!

— جان كېرەكمۇ؟ قورالالارنى يەرگە تاشلاڭلار. تېز! تېز! مۇنداق تۇرۇڭلار...

مىلتىق، قىلىچلار يەرگە تاشلاندى. ئەشىم قارا ساقاللىق ئىككى كىشىنى مىلتىقنىڭ پايىنكى بىلەن تۇرتۇپ چەتكە چىقارـ دى. شۇ زامان تاللىقتىن ئىككى قېتىم گۇمبۇرلەپ ئوق ئېتىلدى ۋە هېلىقىلار يەر چىشلىدى.

بىر ۋاقىتلاردا مەهەللىدىكىلەرنىڭ يەرلىرىگە ئانچە ـ مۇنچە تېرىقچىلىق قىلىپ، تۇركچە ھەجىلەپ گەپلىشىپ يۈرىدىغان بەش ـ ئونچە پارسلار ئەمدىلىكتە دۈشمەنلەرگە يول كۆرسەتكۈچى بولۇپ يالانغانىدى. بايىقى يەر چىشلىگەن ئىككىسى ئەنە شۇ ساتقۇنلاردىن ئىدى. ئەمدى لەشكەرلەر تىنچىشىپ قالدى.

— بۇ يەرگە كەل! — دېدى ئەشىم بىرىنى چاقىرىپ. لەشكەر غال ـ غال تىترەپ:

— رەھىم قىل، ئاغىنە، رەھىم قىلغىن! ياش خوتۇنۇم بار! — دېدى.

ئەشىم كۈلۈۋەتتى.

— قورقۇنچاق سارت…

— ياق، مەن سارت ئەمەس، — دېدى لەشكەر، — مەن قونغىرات[①]توقسان ئۇرۇق ئۆزبېكنىڭ بىر ئۇرۇقى، — ئۇ ھېلى ئۆلتۈرۈلگەن ئىككى پارسىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرسەتتى، — مانا بۇلار سارت…

— بوپتۇ، — دېدى ئەشىم، — سىلەرگە رۇخسەت. ئاڭلاڭلار: ئارقاڭلارغا قارىماي مېڭىڭلار، بېرىپ نومانغا ئېيتىڭلار، قول كۆتۈرمىگەن خەلققە ئازار بەرمىسۇن. ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

لەشكەرلەر خۇشاللىقتىن چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— ئاڭلىدۇق، رەھمەت، ئاڭلىدۇق!

— قېنى، تېزرەك يولغا چىقىڭلار.

لەشكەرلەر ئاتلىرىغا مىنىشىپ چاپماقچى بولۇۋىدى، ئەشىم ۋارقىرىدى:

— ھەي، ئولجا قالدۇرمامسىلەر!

ئۇلار دەرھال توختىدى ۋە:

— ئال، باتۇر، ئال، — دەپ ئاتلىرىنى قالدۇرۇپ ماڭدى.

لەشكەرلەر چاپانلىرىنى يەلكىسىگە تاشلاپ، پۇتلىرىنى يەرگە تەگكۈزمەي دېگۈدەك تېزلىك بىلەن بىر - بىرىدىن ئۆتۈشۈپ كېتىشىۋاتاتتى. ئۇلارغا ئەتراپ ۋەھىمىلىك، ھەر تۈپ ئارچا خەۋپلىك بىلىنەتتى. بۈركۈت بۇلارنىڭ كۈلكىلىك ھالىتىنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك، كۆك باغرىدا لەرزان قانات قېقىپ ئايلىناتتى. تاغ تىنچ…

× ×

بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى تاغلىقلار خان تاغىسىنىڭ خۇن

① قونغىرات — ئوغۇز ئۇرۇقلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

تۆپەيلى جەبىر - جاپا تارتقان كەچ كۈزدە، ئەشىمنىڭمۇ ئۆز ئاۋۇلىدىن رىزقى ئۈزۈلگەنىدى.

ئاشۇ كۈنى يېشىل سايىنى كېسىپ ئۆتكەن دەريا ئادەتتىكىدەك شاۋقۇنلاپ ئېقىپ، كىشىنىڭ ئاللىقانداق نازۇك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئويغىتاتتى. ئەشىم مۇزدەك ئوت - چۆپ ئۈستىدە ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئايزادە ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئاي قارامتۇل بۇلۇتلار ئارىسىدا يوشۇرۇندى.

— بالىسەن! ھېچنېمە بىلەن كارىڭ يوق، خىيالىڭدا ئويۇنلا. كەچ كىرەمدۇ، تاڭ ئاتامدۇ، ساڭا بەرىبىر.

ئايزادىنىڭ ئەركىلىتىپ ئېيتقان مۇلايىم سۆزلىرى، يەلكىسىنى سىلاۋاتقان مامۇقتەك قوللىرى ئۇنى ئېرىتتى. ئېھتىمالىم، ئۇنىڭ كەمزۇلىنى ئېچىپ، كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى.

— قانداق قىلاي؟ — دېدى ئەشىم ئايزادىنىڭ تولغان كۆكرىكىنى پۇراپ، — قانداق قىلاي، ئاپئىقىم؟

ئايزادە پىسسىڭىدە كۈلدى.

— ۋىيىەي... ئاپئىقىممىش!؟

ئەشىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئايزادىگە قارىدى. ئايزادىنىڭ خۇمار كۆزلىرى پارقىراپ ياناتتى، ئۇ شايى رومال بىلەن چىرماپ ياغلانغان قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بۇنىڭغا قارىغىنا، ئەركەم! قاچانغىچە شۇنداق يۈرىمەن؟ بوۋاققا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— نىكاھ ئوقۇتىمەن! — دېدى ئەشىم.

ئايزادە خېلىغىچە گەپ قىلماي ئولتۇردى، كېيىن بىردىنلا يېرىلدى:

— شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتەمدۇ؟ ئۆرگۈلەي؟... ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولىدۇ؟ نىكاھتىن كېيىن ئۈچ ئاي بولمايلا بالا تۇغۇلسا، خەلق نېمە دەيدۇ؟ كىمنىڭ بالىسى، دەپ سورۇشتۇرمەمدۇ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ھە، مەندىن باشقىسى بىلەلمۇ ئۇچراشقانمىدىڭ؟ ئەشىمنىڭ بالىسى دېيىشمەمدۇ؟

ئايزادە كۈلدى:

— ۋاي، ئۆزگۈلەي؟ ئاي ـ كۈندىن بۇرۇن تۇغۇلغان بالىنى ھارام دېيىشىدۇ. ئىككىمىز كىمگە چۈشەندۈرەلەيمىز؟ كىمنىڭ ئاغزىنى توسۇيالايمىز؟ نىكاھتىن بۇرۇن قوشۇلۇپ شەرىئەتكە توغرا كەلمەيدۇ. بۇ ئەخلاقسىزلىق، گۇناھ!...

— ئۆزۈم بىلسەم بولدى. شەرىئەت بىلەن نېمە كارىم.

ئايزادە خىيالغا چۆمدى.

— مەيلى، بۇنى ئۆزىمىز بىلىمىز. مۇھەببىتىمىز تۈپەيلى تاپقانمىز. بىراق شەرىئەتكە خىلاپ ئىش قىلدۇق. بۇ ھارىمى كېيىن تەڭداشلىرى ئالدىدا روھى چۈشۈپ يۈرىدىغان بولدى.

ئەشىم دەرھال بىرنەرسە دېمىدى، خېلىدىن كېيىن سورىدى:

— خوش، ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

ئايزادە ئەشىمنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى.

— كېتەيلى، كۆزدىن، سۆزدىن يىراققا كېتەيلى.

— قاياققا؟

— تاغ ئىچىدىن بىزگە لايىق جاي تېپىلىپ قالار.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دېدى ئەشىم ئايزادىنىڭ قولىنى بويىنىدىن ئېلىپ تاشلاپ، — خەلقىمىزنى، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يېرىمنى تاشلاپ نەگە كېتىمەن؟

ئايزادە قىلغان سۆزىگە پۇشايمان قىلدى. ئەشىم ئۇنىڭغا خاۋاتىرلەنگەن ھالدا قارىدى. دەرھەقىقەت، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قىشلاقنى تاشلاپ كېتىشنى ئەشىم زادىلا خىيالغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئايزادە ئۆزىنى بېسىپ، ئەشىمگە يۈزلەندى:

— ئۆزگۈلۈپ كېتەي، ئۆز بىلگىنىڭنى قىل. بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىش ساڭا ئاسان ئەمەس. سەن ئەر كىشىسەن. خەل-

قىڭگە كېرەكسەن، — ئۇ يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ داۋام قىلدى، — مەن ئەمدى بۇ يەرگە سىغمايمەن، قانداق قىلاتتىم، ئەيىب ئۆزۈمدە، كۆزۈمنى چىڭ يۇمۇپ، بېشىم قايغان تەرەپكە كېتىمەن!

ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ، «خوش» دەپ شىۋىرلىدى. ئەشىم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالدى. ئايزادە قولىنى تارتىۋالمىغىنى بىلەن ئۇنىڭغا قارىمىدى. ئەشىم ئۇنى باغرىغا بېسىپ، سۆيۈشكە باشلىدى. ئايزادە ياشلىرىنى ئېرتماي، ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئەركىلەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي ئوت - چۆپلەر ئۇستىدە ئېغىناپ كېتىشتى…

دەريا ھامان شارقىراپ ئاقاتتى. تەبىئەت سېھىرلىك تۈن قوينىدا ئىدى. ئاقۇچ بۇلۇتلار خۇددى يىپەك پەردىدەك، ئاي يۈزىنى توسۇۋاتاتتى.

ئەشىم تاھارەت ئالدى. ئايزادە بۇلۇت ئىچىدىن ئۈزۈپ چىققان ئايغا قاراپ ھۇزۇرلىنىپ ياتاتتى.

— كېتەلمەيمەن! — دېدى ئەشىم يەرگە قاراپ.

— ئىختىيار ئۆزۈڭدە. سېنىڭ يولدىن توسۇمايمەن. شۇڭ-قارىم، — دېدى ئايزادە ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە پۇرلەشكەن كۆڭلەكىنى تۈزەپ، كەمزۇلىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىپ، رومىلىنى چىگىپ يولغا چىقتى.

ئەشىم ئورنىدىن تۇرماي، ئىككى تىزىنى قۇچاقلىغان پېتى قالدى.

… بىر ۋاقىتقىچە ئايزادىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقانغا ئوخشىشاتتى. ئۇ سادا كۆزنىڭ ساپ ھاۋاسىغا سىڭىپ باراتتى.

… ئايزادە يېشىل دەريانى بويلاپ ئۆز يولىنى داۋام قىلدى. ئۇ يالاڭ ئاياغ، رومىلى قولىدا، مونچاق - مونچاق قۇيۇلغان تەرلىرىنى ئېرتىپ باراتتى. كەڭ ۋادا، ئەتراپ سالقىن ئىدى…

قانداقتۇر بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئايزادىنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ تېزى پۈكلىشىپ توختىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ دۈك ـ دۈك ئۇرۇۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئاۋازىدىن باشقا شەپىنى ئاڭلىمىدى، ئەندىكىپ يەرگە ئولتۇرۇۋالدى. بەزى ـ بەزىدە ئۈستىدىن «شۇۋ ـ شۇۋ» قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتتى. ئايزادە ئىككى قولى بىلەن بېشىنى تۇتۇۋالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي هۇۋۇلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ئايزادە ئورنىدىن تۇردى، شامال ئىكەن، ئۇشتەك چېلىپ ئوت ـ چۆپلەرنى يەلپۈپ ئويناشقا باشلىدى. ئايزادە مېڭىشقا هازىرلاندى. ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم تاشلىشى بىلەن ئارقىسىدىن يەنە ئاۋاز چىقتى. قاراقچى! ئايزادىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سىيلىپ كەتتى.

— ئاي... زا... دە...

ئـايزادە خۇددى لاچىنـدىن قاچقان كەكـلىكتەك، يۈرىكى دۈپ ـ دۈپ سېلىپ سەگەكلىك بىلەن ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى.

چاقىرغان كىم؟ كىمنىڭ ئاۋازى؟

بىر ئاتلىق ئادەم يولدىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. «ئاي... زا... دە!» ئاۋاز بۇ قېتىم يىراقتىنراق كەلدى. ئايزادە ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ۋە توۋلىغان ئادەمنىڭ ئەشىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ، چاتقاللىقنى ئارىلاپ يۈگۈردى.

— ئەشى... ـ...م!

ئايزادە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، يىغا ئارىلاش چاقىراتتى.

— ئە... ش...ـ...م!

— ئاي... زا... دە!

بىپايان دالىدا ئەكس سادا ياڭرايتتى.

ئەشىم ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى.

— قەيەردىسەن؟ — دېدى ئۇ كەڭ قۇچاق ئېچىپ. ئايزادە ئەندىكىپ كېلىپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى، هېچ نەرسە دېيەلمەستىن ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايتتى.

— كېتىمىز، قۇياشىم! كۆزىمىز كۆرمەيدىغان، قولىقىمىز

ئاڭلىمايدىغان تەرەپلەرگە كېتىمىز! — دەپ ئەشىم ئايزادىنىڭ يېقىملىق لەۋلىرىگە سۆيدى.

— بەختىم، خوشاللىقىم! — دېدى ئايزادە ھاياجانلىنىپ، — ئارقامدىن كەلدىڭمۇ؟ بەختىم، دۆلىتىم!

ئۇلار شېرىن ئارزۇ - ھەۋەسلەر بىلەن ئۆز بەختىنى باشقا ئەلدىن، باشقا يۇرتتىن تېپىش ئۈچۈن كۆنۈپېتىشقا — كەشكەنت تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىشتى. كۈندۈزنى كۈندۈز، كېچىنى كېچە دېمەي يول مېڭىشتى. ئايزادە ئاتتا، ئەشىم ئېتىكىنى لەپەڭلىتىپ ئالدىدا پىيادە ماڭاتتى. داۋانغا يېقىنلاشقاندا ئايزادە بىئارام بولۇشقا باشلىدى. بەلكى يىراق يولدا ئاتتا ئولتۇرۇپ قېلىپ شۇنداق بولۇۋاتقاندۇر؟ ئۇلار سۇنىڭ بويىدا توختاپ دەم ئېلىشتى. ئايزادە بارغانسېرى ئېغىرلاشتى، «قورسىقىم» دەپ تولغىناتتى. ئەشىم نېمە قىلىشىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ئەشىم.

— ئادەملەر ياشايدىغان يەرگە بارساقمىكىن، — دېدى ئايزادە كۆزلىرى چانقىدىن چىقىپ.

— بىرەرى تونۇپ قالسىچۇ، — دېدى ئەشىم ۋە جاۋابىنى كۈتمەستىنلا ئاتنى يېتەكلىدى.

ئۇلار بىرئاز يۈرگەندىن كېيىن ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. يىراقتىن قورۇ كۆرۈندى. ئۇلار تاشقىرى قورۇغا يېتىپ كېلىش بىلەن ئىشىك ئالدىدا تۇرغان كىشى ئىتنى قوغلىۋەتتى، ئىت جىم بولۇپ قالدى.

ئەشىم ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەلەيكۇم ئەسسالام! — دەپ سالامنى ئىلىك ئالدى ئۆي ئىگىسى.

ئەشىم مېھرى ئىسسىق، ئۆچكە ساقال قېرى كىشىگە نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. بوۋاي ئات ئۈستىدىكى بىتاپ

www.uyghurkitap.com

ئايالغا قاراپ:

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار، — دېدى ۋە ئەشىمگە يۈزلىنىپ، — تارتىنما، باتۇر. كېلىنىنى ئاتتىن چۈشۈر. ھەي مېھمان كەلدى، — دەپ ئىچكىرىگە قارىدى.

ئەشىم ئايزادىنى ئاتتىن چۈشۈردى. ئۆيدىن ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئايال چىقتى. ئۇ مېھمانلارغا بىر-بىرلەپ قارىدى-دە، ئايزادىنى قولتۇقىدىن يۆلىدى.

— بىچارىنىڭ مىجەزى يوق ئىكەن ـ دە....

ئۆيگە كىرىشتى. ھېچكىم يوق. ئارچا ياغىچى چىرسىلداپ ياناتتى. قازاندا گۆش قايناۋاتاتتى. موماي ئايزادىنى تۆرگە، يۇمشاقراق يەرگە ئولتۇرغۇزدى، ئەشىم پەگاھدا ئولتۇردى. بوۋاي ئۇنچىقمىدى. ئەشىمنىڭ كۆڭلىدىن: تونۇپ قالمىسىدى. مەيلى تونۇۋالسا نېمە بولاتتى؟ دېگەن خىيال كەچتى. موماي بىلەن ئايزادە ئۆزئارا پىچىرلىشىپ، نېمە بىلەندۇر ئاۋارە ئىدى.

— قاياقتىن كېلىۋاتىسەن، باتۇر؟ كەچ كۈزدە داۋانغا يامىشىپ قاپسەنغۇ؟

ئەشىم بوۋايىنى ئالداپ:

— تالاستىن كېلىۋاتىمەن، — دېدى.

— تالاستىن كەلگەنلەر ئۇياقتىكى داۋاندىن چۈشىدۇ. سەن قىزبىليار تەرەپتىن كېلىۋاتىسەنغۇ، ئوغلۇم.

ئەشىم ئىزا تارتىپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

موماي ئايزادىنى تاشقىرىغا ئاچىقىپ، ئۆزى قايتىپ كىردى ۋە ئەشىمگە قاراپ:

— خوتۇنۇڭنىڭ بويىدا بار ئىكەن. ئاتتا ئۇرۇنۇپ قاپتۇ. ھېچ ۋەقەسى يوق. خۇدا خالىسا، ياخشى بولۇپ قالىدۇ، — دېدى.

موماي ئوچاقتىكى قومغاننى كۆتۈرۈپ يەنە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— ئولتۇر، ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي، — خۇدا ئۆزى ساقلايدۇ.

ئەشىم بىلەن ئايزادە ئەنە شۇ مېھمان كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە ئىككى كۈن تۇردى. بوۋاي بىلەن موماي قاچقۇنلاردىن ھېچ نەرسىنى ئاياشمىدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا بىر - بىرى بىلەن ئىناق بولۇپ كېتىشتى.

دىلى ياخشى ئادەمدىن سىر يوشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئەشىم بولغان ۋەقەنى ئۇلارغا تەلتۆكۈس ئېيتىپ بەردى.

— ھەي، ئاق ئەركەم، — دېدى بوۋاي كەمپىرىنى چاقىرىپ، — بۇ ياشلارنى خۇدا ئۆزى تېپىشتۇرغانىكەن. كەل، قاراپ ئولتۇرماي، ئۇلارنى تېزرەك نىكاھلاپ قويايلۇق، يېقىنراق ئولتۇرۇڭلار.

ئەشىم بىلەن ئايزادە بىر - بىرىگە قاراشتى. موماي چىن دىلىدىن خۇشاللىنىپ داستىخان سالدى. كىچىككىنە گۈللۈك چىنىدە سۇ، ئازغىنە پاكىز پاختا ئەكەلدى، كېيىن قوشنىلىرىنى چاقىرىش ئۈچۈن سىرتقا ماڭغاندا، بوۋاي كېرىكى يوق، دەپ ئۇنى توختاتتى.

— قىزغا سەن، يىگىتكە مەن گۇۋاھ بولىمىز... بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم... بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم! — دەپ بوۋاي نىكاھ ئايىتىنى ئەرەبچە ئوقۇدى ۋە ئەشىمگە قاراپ سورىدى، — ئەشىم خۇدابەردى ئوغلى ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا يامغىر قىزى ئايزادىنى ئۆز ئەمرىڭگە قوبۇل قىلىپ ئالدىڭمۇ؟

ئەشىم بوغۇلۇپ سەل كۈلدى ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ يەرگە قارىدى:

— قوبۇل قىلىپ ئالدىم...

بوۋاي يەنە شۇ ئاھاڭدا نىكاھ ئايىتىنى تەكرالاپ:

— ئايزادە يامغىر قىزى، — دەپ ئايزادىگە قارىدى، — خۇدابەردى ئوغلى ئەشىمنى ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا ئۆزۈڭگە قوبۇل

قىلىپ ئالدىڭمۇ؟

ئايزادە خىجالەت بولۇپ، ياغلىقى بىلەن يۈزىنى سەل توسۇۋېلىپ ئولتۇرغاچقا ئاۋازى ئانچە ئاڭلانمىدى.

— توۋا، قوبۇل قىلمىسا، ئاتا ـ ئانىسىدىن قېچىپ، بۇ يەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرەرمىدى. قوبۇل قىلدى، قوبۇل قىلدى، — دېدى موماي.

— ياق، — دېدى بوۋاي بېشىنى چايقاپ، — شەرىئەت بۇنىڭغا يول قويمايدۇ. جاۋابنى ئاڭلىشىمىز لازىم.

بوۋاي ئۈچ قېتىم سورىدى. ئايزادە ئۈچ قېتىم «قوبۇل قىلدىم» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنىڭدىن كېيىن بوۋاي:

— ئامىن، — دەپ دۇئاغا قولىنى كۆتۈردى، — ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا بەختلىك بولۇڭلار. يېگەن ئېشىڭلار، تاپقان بالاڭلار، سالغان داستىخىنىڭلار ھالال بولسۇن. بۇ دۇنيادا بەندىلەر ئالدىدا، ئۇ دۇنيادا خۇدا ئالدىدا بىز گۇۋاھ. ئاللاھۇئەكبەر!

ھەممىسى پاتىھە ئوقۇشتى. بوۋاي كۆك گۈللۈك چىنىنى ئەشىمگە ئۇزىتىپ:

— كەل، ئوغلۇم، مانا بۇ سۇزۇك سۇ ئۆمرۈڭنىڭ پاكلىقى، ئىچ! — دېدى.

ئەشىم بىر ئوتلاپ چىنىنى قايتۇردى.

— ئەمدى سەن بىر ئائىلىنىڭ ئىگىسى بولدۇڭ، ئۇنى خار قىلماي بېقىش زىممەڭگە يۈكلەندى! — دەپ چىنىنى ئايزادىگە ئۇزاتتى، — كەل، قىزىم، ئەمدى سەنمۇ بىر ئەرنىڭ ئايالى بولدۇڭ، سەن بۇ ھالال جۈپتىڭنى ئاياغ ئاستى قىلما.

ئايزادىنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولۇپ، سۇنى ئوتلىدى.

— ئەمدى بىزمۇ ئىچەيلى! — دېدى بوۋاي چىنىنى قايتۇرۇۋېلىپ، — ئاق ئەركەم، ئالدى بىلەن سەن ئىچ، بۇ سۇ تەۋەررۈك، چۈنكى ئىككى بەندىنىڭ تەقدىرى شۇنىڭ بىلەن باغلاندى.

مومای بىلەن بوۋاي سۇدىن ئىچتى، ئاخىردا، مومای چىنىنىڭ ئاستىدا قالغان سۇنى «پەرزەنتلىرى كۆپ بولسۇن»، «ئوچىقىدىن ئوت ئۆچمىسۇن» دەپ ئىرىم قىلىپ، ئوتنىڭ ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ سەپتى، «بەختلىك كېلىن بولسۇن» دەپ، پاختىنى ئېشىپ تاشلىدى.

— ھەي، ئوغلۇم، ئىشق دېگەن يامان بولىدۇ، بىزمۇ ياشلىقنى بېشىمىزدىن كەچۈرگەن، — دېدى بوۋاي، — ئاۋۇ ئاناڭنى بىر چاغلاردا قازاقتىن ئېلىپ قاچقانمەن. ئاتىسى مىڭ يىلقىسى بار باي ئىدى. سودا ئىشى بىلەن سىر دەريا ئەتراپىغا بېرىپ، ئاق ئەركەمنى كۆرۈپ قالدىم. لالىدەك ئېچىلغان ئون بەش ياشلىق نازىنىن ئەقىل - ھوشۇمنى ئالدى. سودا - سېتىقنى تاشلاپ، باينىڭ ئۆيىدە بىكارغا بىر يىل يىلقا باقتىم. ئۇ چاغلاردا ساڭا ئىش ھەققى ئەمەس، ئاق ئەركەمنىڭ ئايدا بىر قېتىم كۈلۈپ بېرىشى ناھايىتى چوڭ دۆلەت ئىدى.

— يەنە شۇ كونا گەپلەرنى قىلىۋاتامسىز، چال؟ — دېدى موماي كۈلۈپ، بوۋاي پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن ئوت يانىدىغان ياشلىقنى ئەسلەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— قازاقلار كۆكسى - قارنى كەڭ، بىر سۆزلۈك كېلىدۇ. ئەلچى قويۇشقا پېتىنالمىدىم. ئۇلار ماڭا بەرمەيتتى. ئاق ئەركەمنىڭ مۇھەببىتىگە ۋە ئۆز بەختىمگە ئىشەندىم. مەسلىھەتلىشىپ، يىلقىلار ئارىسىدىن ئىككى ئاتنى يوشۇرۇنچە ئالدۇق. ئاق ئەركەم ئەرچە ياسىنىپ چىقتى. «ئاھ، خۇدا ئۆزۈڭ شەرمەندە قىلما» دەپ قاچتۇق. تاشكەنت ئارقىلىق ئاۋۇلغا كەلدۇق. مېنى ئۆلدىگە چىقىرىپ، ھەتتا يىلىمنىمۇ ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۆز سۆيگىنىڭ بىلەن بولساڭ، ھەممە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىكەنسەن. قورسىقىمىز ئاچمىدى، ئۇستىمىز توزۇمىدى. ياراتقان خۇداغا مىڭ قەتلى شۈكرى، ئاللا بىزنى بىرلا پەرزەنتتىن قىستى، خالاس! ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاق ئەركە كۆز ياشلىرىنى كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرى بىلەن سۈرتتى.

ئەتىسى ئەشىم:

— ياخشىلىقىڭلار ئۈچۈن رەھمەت. سىلەرنىڭمۇ ئۆزۈڭلارغا لايىق تىرىكچىلىكىڭلار بار. بىز سىلەرنىڭ تامىقىڭلارغا شېرىك، ئۆزۈڭلارغا يۈك بولمايلى! — دېدى قېرىلارغا.

— بەندىنىڭ بېشى — ئاللانىڭ تېشى، دېيىشىدۇ، بالام. بەندە دېگەن قەيەردىلا بولمىسۇن بىر بۇردا ناننى تېپىپ يېيەلەيدۇ. ئەگەر لايىق كۆرسەڭ بىزنىڭكىدە قالغىن، ئۆز ئۆيۈڭدەك، سەن ئوغلۇم، خوتۇنۇڭ قىزىم بولسۇن. بىللە تۇرۇۋېرىمىز. ئەگەر ياق، بەختىمىزنى باشقا يەردىن ئىزدەيمىز، دېسەڭ، ئىختىيارىڭ. ئات بېرىمەن. تاغ ـ تاغ بىلەن ئۇچراشمايدۇ، ئەمما ئادەملەر بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، — دېدى بوۋاي.

ئەشىم خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىدى.

— ئاتىجان، بىز رازى.

بوۋاينىڭ چىرايى ئېچىلىپ، ئىشىككە قاراپ چاقىردى:

— ھەي، ئاق ئەركەم...

ئىشىكتىن موماي كىردى. بوۋاي خوتۇنىغا سىناق كۆزىدە قاراپ:

— قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا رەھىم قىلدى. كەمپىر... قارا، سەن بىلەن مەن قىرىق يىل زارىقىپ كۈتكەن پەرزەنتنى بۈگۈن ئۆزى يەتكۈزدى.

— نېمە بولدى، چال؟ — دەپ سورىدى ئاق ئەركە چۈشەنمەستىن.

— ئاق ئەركەم، — دېدى بوۋاي، — چۈشۈمدە چاڭغىراقىمىغا① يېپى ئۈزۈن، قوڭغۇراقلىق لاچىن كېلىپ قونغانىدى. مانا چۈشۈم ئوڭىغا كەلدى. بۇ يىگىتنى ئوغۇل قىلىۋالىدىغان بول-

① چاڭغىراق — كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدىكى تۈڭلۈك.

دۇق، كەمپىر.
— چال، — دېدى ئاق ئەركە يىغلامسىراپ، — سىز نېمە دېسىڭىز شۇ. قىرىق يىلدىن بېرى پەرزەنت ئۈتىدا كۆيۈۋاتىمىز. ئەپسۇسكى... راستىنى ئېيتىش كېرەك، خەلقتە: «توپىنى تونۇ-مايدىغان ئات، خەلقنى تونۇمىغان ئەر بولماس» دېگەن سۆز بار. كۆنلەرنىڭ بىرىدە قېرىنداشلىرىڭىزدىن بىرەرى بۇلارنى «ئاسراڭ-دى» دەپ يۈزىگە سېلىشسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز، چال؟
بوۋاي نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. بوسۇغىدا تۇرغان ئايزادە ھەرخىل ئوي - خىياللار بىلەن ئەشىمدىن كۆزىنى ئۈزمەستىن يىغلايتتى. ئەشىم بۇنىڭدىن نەچچە يىللار بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن ئاتىسىنى ئەسلىدى. يۈرىكى بىر قىسما بولۇپ، بوۋاينىڭ كۆك-سىگە بېشىنى قويدى. بوۋاي ئۇنى باغرىغا باستى. بوۋاينىڭ يەكتىكىدىن تەر پۇرىقى كېلەتتى. سۆزلەشكە ئىككىسىنىڭمۇ ما-دارى يەتمەيتتى.
— ئاتا...
ئەشىم بېشىنى كۆتۈردى. بوۋاينىڭ قورۇق قاپلىغان يۈزلى-رىدىن ياش دومىلاپ، ماش گۈرۈچ ساقىلىنى يۇياتتى.
— باقىمەن، بالام، باقىمەن! — دېدى ئېسەدەپ.
ئاق ئەركە ياقىسىنى تۇتتى. خۇداغا شۈكرى ئېيتىپ يىغ-لاپ، يۈرىكىنى بوشاتتى.
— تۇغمىغان بولساممۇ، بالا قىلىمەن، ئەمگۈزمىگەن بول-سامۇ، ئەمگۈزگەندىن ئارتۇق كۆرىمەن، بالام، بالا قىلدىم، بالا قىلدىم، — دەپ كۆڭلى ئېرىپ، كۆكسىنى ئەشىمگە تۇتتى...
ئاۋۇلنىڭ ئەنە شۇ ھۆرمەتلىك ئاقساقىلى سۇلتان مەھمۇت خۇدا يولىغا ئاتاپ نەزىر بەردى، ئوغۇل - قىزلىق بولغانلىقىنى خەلققە بىلدۈرۈپ، ئەشىمنى كىشىلەرگە تونۇشتۇردى.
— ھە، قۇرەمە ئۇرۇقى، كۆرۈپ قويۇڭلار، خۇدا ماڭا ئوغۇل بەردى. تۇغقاندىن باققان ئەۋزەل دېيىشىدۇ. سادىغاڭ

كېتەي، خالايىق، مېنىڭ پەرزەنتىم — سىلەرنىڭ پەرزەنتىڭلار، يەنە ئۇنى ئۆگەيلەپ يۈرمەڭلار، خاپا قىلماڭلار!

سۇلتان ماھمۇت باشقا سۆز قىلالمىدى. خۇدادىن شەپقەت، ئەلدىن پاتىھە سورىدى. بوۋاينىڭ كۆز ياشلىرى كۆكسىگە تاماتتى. يېنىدا تۇرغان ئاق ئەركىمۇ خۇشاللىق ياشلىرىنى توختىتالمىدى.

— مۇبارەك بولسۇن! ئوغۇلغا مۇبارەك، سۇلتان ماھمۇت! كېلىنگە قۇتلۇق بولسۇن، ئاق ئەركە! — دەپ ئاۋۇلدىكىلەر مۇبارەكلەشتى.

ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن بىر بوۋاي ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ:

— ھەي، جامائەت! سۇلتان ماھمۇت مۇرادىغا يەتسۇن، بېقىۋالغان ئوغۇل - قىزىنىڭ راھىتىنى كۆرسۇن! — دېدى.

ھەممىسى قولىنى كۆتۈردى:

— ئامىن! ئەشىم — سۇلتان ماھمۇتنىڭ ئوغلى، ئەشىم — قۇرەمە ئۇرۇقىنىڭ ئوغلى. ئامىن، يات كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزىگە تۇپراق تولسۇن، ئامىن!

ئاق ئەركە ئەشىمگە ئۆز قولى بىلەن تىككەن يېڭى سېرىق شالۋۇر، ئايىغىغا خۇرۇم ئۆتۈك، ئۇچىسىغا قىزىل كەمزۇل، بېشىغا قۇرەمە خەلقىگە خاس بولغان توپىسى كەڭ، قايرىمىسىغا قۇندۇز تېرىسى تىككەن تەلپەك كىيدۈردى. ئەشىم خۇددى يېڭى توي بولغان كۈيئوغۇلدەك سۆلەتلىك بولۇپ كەتتى.

ئادەم ئالىسى ئىچىدە، مالنىڭ ئالىسى تېشىدا، بىر چەتتە ئولتۇرغان ئىككى كىشى پىچىر - پىچىر قىلىشىۋاتاتتى. ئۇلار سۇلتان ماھمۇتنىڭ بۇ ئىشىغا ئىچى تارلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنى قويۇشقا جاي تاپالماي قېلىشتى.

— بۇ كەلگۈندىنى قايسى شامال ئۇچۇرغاندۇر؟

— خۇدايىم بىلىدۇ. بوۋاي بىكارغا ئاۋارە بولۇۋاتىدۇ.

— ھە، توغرا ئېيتىۋاتىسەن.

— بۇ ياخشى يىگىت ئەمەس. تۇرغان تۇرقىدىن قارىغاندىمۇ، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى كېتىپ قالىدۇ.

— توغرا، بىچارە سۇلتان ماھمۇت پەرزەنتكە زار بولۇپ ئۆتتى ـ دە! خوتۇنى ئەللىككە كەلگەن بولسىمۇ، تېخى قىزلاردىن قېلىشمايدۇ.

— بەلكى...

— ھا... ھا... ھا... بىر كۆرۈپ باقمامسەن؟

— ھى... ھى... ھى...

شۇنداق قىلىپ، ئەشىم سۇلتان ماھمۇتقا ئوغۇل بولۇپ، مەرد ئەشىم، دېگەن نام ئېلىپ، مۇشۇ ئاۋۇلدا قالغان، خانغا قارشى خەلق ئىسيانى كۆتۈرۈلگەندە، بىر چەتتە قاراپ تۇرماي، يىگىتلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ئىسياققا قوشۇلغاندى.

× ×

نومان پەنساد ئەشىم ئەۋەتكەن دۇئايىسالامدىن دەرغەزەپ بولۇپ كەتتى. ئۇ، يەنە تۇركلىشىپ كەتكەن پارسلاردىن بەش يول باشلىغۇچىنى قوشۇپ، «ساراڭ يۈزبېشى» دېگەن نام ئالغان بىر يۈزبېشىغا تاللانغان لەشكەردىن يۈزنى بېرىپ يولغا سالدى.

ساراڭ يۈزبېشى بەش يولباشلىغۇچى بىلەن تاغ ئارىسىدىن يۈرمەي، ئېدىر بويلاپ يۈردى. ئۇلار ئىككى يەردە ئاھالىسى كۆچۈپ كەتكەن ئاۋۇلغا دۈچ كېلىشتى. يالغۇز ئاياغ يول بىلەن قىيالار ئاستىدىن ئۆتۈۋېتىپ، ئىسيانچىلار بۇزۇپ كەتكەن تار كۈۋرۈككە كېلىپ توختاشتى. نائىلاج ئارقىسىغا قايتىپ، كەڭ ئوچۇقچىلىققا چۈشۈشتى. ئالدىدا كەلگەن لەشكەرلەر دەل شۇ يەردە قولغا چۈشكەنىدى. تۇپراق ۋە ئوت ـ چۆپلەر قان، ئۆلۈكلەر بىر چەتكە دەپنە قىلىنغانىدى. ئاتلىقلارنىڭ بەدىنى شۈركۈن-

دى. ئۇ يەردىن يۆتكىلىپ خېلى يەرگىچە ماڭدى. ھېچكىم يوق، تاغ جىمجىت ئىدى…

— ھەممىسى چاتقالغا كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى پارسلانىڭ بىرى، — شۇ يەردە قۇرت - قوڭغۇزدەك لۆمشىپ يۈرۈشىدۇ.

بۇنداق خىلۋەت يەردە ئادەمنىڭ ياشىشىغا كۆزى يەتمىگەن ساراڭ يۈزبېشى يەنە ئىچكىرى كىرىشتىن قورقۇپ، ئارقىسىغا ياندى.

ئۇلار خەۋپلىك دەپ قارىغان ھەممە يەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئەتراپ سۇ سېپىلگەندەك جىمجىت ئىدى. تۇيۇقسىز «پاڭ» قىلغان ئاۋازدىن ئالدىدا كېتىۋاتقان لەشكەر ئاتنىڭ بويىنىغا ئارتىلىپ قالدى. لەشكەرلەر ئالمان - تالمان ئاتتىن چۈشۈپ، ئۆزىنى دالدىغا ئاتتى. «پاڭ! پاڭ!…» ئۇدۇل تەرەپتىن توختاۋسىز ئوق ئېتىلىۋاتاتتى. ساراڭ يۈزبېشىنىڭ يىگىتلىرى بۇژغۇنلاپ ئېقىۋاتقان سۇ يېنىغا توپلىشىپ قالدى. ئاتلار ۋىڭىلداۋاتقان ئوق ئاۋازىدىن كىشنىشەتتى، كىمدۇر ئۆزەڭگىدە سۆرىلىپ باراتتى. «گۇمبۇر! گۇمبۇر!» قىلغان مىلتىقلارنىڭ ئاۋازى قىيالارغا ئۇرۇلۇپ، تاغدا ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى.

بىر لەشكەر ئوق چىققان تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى:

— ھوي، مۇسۇلمانلار، جېنىمىز ئامان قالسۇن! جېنىمىز ئامان قالسۇن!

مىلتىق تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئېتىلىشقا باشلىدى. لەشكەرلەر: «يائاللا، يائاللا» دەپ ئاتلىرىنىڭ يالىغا يېپىشىۋالدى. تۆۋەن تەرەپتىنمۇ پاراسلاپ ئوق ئېتىلىپ، ئەتراپنى لەرزىگە سالدى.

قورشاۋدىن پەقەت بىر - ئىككى ئىگىسىز ئات چىقىپ كەتتى.

ئوق ئاۋازلىرى توختىدى. مەرگەنلەر تۆزلەڭلىكتە ياتقان

مۈردىلارنى بىر چەتكە ئاچىقىشتى، قورال ـ ياراغلارنى، ئاتلارنى ئولجا ئېلىپ، ئىككى يىگىت ساراڭ يۈز بېشىنى مەرد ئەشمىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى.

— يارىدارمۇ؟

— ساق.

— ئاتتىن ئۆزۈڭنى ئېتىپسەن ـ ھە؟ جان تاتلىقمىكەن، يۈزبېشى؟!

ساراڭ يۈزبېشى ئۈنچىقمىدى.

— ئۇرۇشنىڭ قانداق بولۇشىنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەمدى كەتكىن، نومانغا ئېيت، ئۆزى كەلسۇن!

يۈزبېشىنىڭ تىلى سۆزگە كەلمىدى.

مەرگەنلەر كۆپ ئۆتمەي توقايزارلىققا كىرىپ، غايىب بولدى. پۇرۇخ ۋە تۈتۈن ھىدى تارقالدى. ئاسماندا قۇزغۇنلار ئايلىنىشقا باشلىدى. يەنە ھەممە تەرەپ جىمجىت بولۇپ قالدى ...

نومان يۈز لەشكەرنىڭ قىرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— چاقىر! — دېدى پەنساد، — ھېلىقى ئەبلەخنى بۇياققا چاقىر!

بىر يىگىت تېزلا قەمبەر سەركارنى باشلاپ كەلدى. سەركار ئۆڭى ئۆچۈپ سالام بەردى. نومان سالامنى ئىلىك ئالماي، زەردە بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ:

— سەن قەتەيمەن، دېمىگەنمىدىڭ؟! — دېدى.

— ھەئە، قەتەيمەن، بېگىم.

— سەن ئۆز ئۇرۇقۇڭنىڭ جېنىغا كۆيەمسەن؟

— ئۆز ئۇرۇقۇمنىڭ بەختىنى كۆزلەپ سىز بىلەن يۈرۈۋاتىمەن، بېگىم. ئىسيانچىلار بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق.

— بوپتۇ، قەمبەر، قەتەيلەرنى كەچۈرىمەن. سىلەرگە مەلۇم، مول ھوسۇللۇق يەرلىرىڭلارنى ئۆزىنى تۇرك دەپ يۈرگەن

پارسلار بېسىۋالماقچى، ئۆزۈڭ بىلىسەن، قىلىچنى بىر سىي-
رىسام، ئۇلار بىر كۈندىلا تەييار بولىدۇ، ئاڭلىدىڭمۇ؟
— ئاڭلىدىم. مېنىڭ ياشاڭ، پەنساد.
— ماڭا ئىككى مىڭ يىگىت كېرەك. ئاڭلىدىڭمۇ؟ شۇنىڭغا
ئەرزىمىدىم؟ — ئۇ ئاداۋىتىنى يوشۇرالماي، زەھىرىنى سەركارغا
چاچتى، — ئاڭلىغان بولساڭ، ماڭا ئەشىمنى تۇتۇپ بېرىسەن.
بۇ مېنىڭ قەتەي ئۇرۇقۇڭغا قىلغان ياخشىلىقىم بولىدۇ...
قەمبەر سەركارنىڭ ھاڭۋېقىپ قالغىنىنى كۆرگەن نومان
پوپوزا قىلدى:
— ئەتىلىككە ۋادىدىكى قەتەي ئۇرۇقلىرى قىلىچتىن ئۆتكۈ-
زۈلىدۇ. تۇخۇمىنى قۇرۇتۇۋېتىش ئۈچۈن ئېغىرئاياغ خوتۇنلار-
نىڭ قورسىقى يېرىپ تاشلىنىدۇ.
قەمبەر سەركار ئىلاجسىز قالدى. نومان پەنسادنىڭ رەڭگى
ئۆزگىرىپ، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەندى.
ئەتىسى قەمبەر سەركار قەتەي ئۇرۇقىنىڭ ھەممە يىگىتلىرى-
نى ئاتلاندۇرۇپ، ئەشىمگە بېرىپ قوشۇلدى. ئۈچ كۈنگىچە سىر
بەرمەي ئارىلىشىپ يۈردى، كېيىن قولاي شارائىت تېپىپ، ئون-
دەك يىگىت ئىسيانچىلار باشلىقىنى قولغا چۈشۈردى ۋە دەرھال
ئاتقا ئۆڭكۈرۈپ، ئالابۇقاغا ئەكەلدى. باش - ئايىغى يالاڭ ئەشىم-
نى نومان پەنساد ھۇزۇرىغا ئەكىردى.
— ھوي ئەشىم، كەلدىڭمۇ؟ — دېدى نومان پەنساد.
ئەشىم جاۋاب بەرمەي، لېۋىنى چىشلەپ، غەزەپ بىلەن نو-
مانغا تىكىلدى.
— يـاش ئىكەنسـەن، باتۇر! ياش ئىكەنسـەن، ئويلاپ
كۆر!؟
— نېمىنى ئويلايمەن؟
— ئويلاپ كۆر، — دېدى پەنساد، — ياش جېنىڭنى بىرنەر-
سە ساقلاپ قالالايدۇ، ئۇ بولسىمۇ: «نومان پەنساد سىلەرنى

كەچۈردى، ئۆرۈشنى توختىتىڭلار» دەپ تاغدىكى قالغان توپىلاڭ-
چىلارغا ئېيتىش!
ئەشىم غەزەپ بىلەن بېشىنى كۆتۈردى:
— بۇ گەپنى ئىمانسىزلارغا ئېيت! قەمبەرگە ئېيت!
قەمبەر بىر تولغىنىپ قويدى. نومان پەنساد ئۇنىڭغا بىر ئاز
تىكىلىپ تۇرۇپ:
— بوپتۇ، ئۆزىڭدىن كۆرسۇن. قوزۇققا ئولتۇرغۇزۇڭ-
لار! — دەپ بۇيرۇپ، ئۆزى كەينىگە قاراپ كېتىپ قالدى.

× ×

ئوردا ھەمىشە تاغلىقلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئىش ئېلىپ
باراتتى. سەۋەبى، تاغلىقلار بىلەن شەھەرلىكلەر، قىشلاقلىقلار
بىرلىشىۋالغۇدەك بولسا، قانلىق جاڭجاللار كۆتۈرۈلۈپ، خانلار
بەئەينى باشقا كېيىدىغان دوپپىدەك ئالمىشىشقا توغرا كېلەتتى.
ھالبۇكى، ھازىرقى ئەھۋال باشقىچە ئىدى. خۇدايارخاننىڭ ئار-
قىسىدا گېنېرال گوبېرناتور بار ئىدى. شۇڭا، خاننىڭ كونا
ئۆچ - ئاداۋىتى قايتىدىن قوزغىلىپ، ئىسيانچىلارنى شەپقەتسىز
جازالاش ئۈچۈن، ۋىلايەتلەردىكى پەنساد، مىڭبېشى، يۈزبېشىلار-
غا تولۇق ھوقۇق بەرگەنىدى. شۇنداقلا «قوزغىلاڭچىلارنىڭ مال
- مۈلكىنى ئۆزۈڭلار بۆلۈۋېلىڭلار» دەپ ئۇلارنى تېخىمۇ چوڭ
يۈرەك قىلىپ قويغانىدى.
خەلقنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى. نەمەنگان، قەدىمي ئاقسى
شەھىرى ئەتراپىدا، شەھەند ۋە كاسانساي شەھەرلىرىدە ئىستىقا-
مەت قىلغۇچى يەرلىك مېھنەتكەشلەر، قارابەغىش، قەتەي، قەتە-
غەن ئۇرۇقلىرى خاننىڭ ياۋۇزلۇقىدىن قورقۇپ تىنچ ھايات كە-
چۈرۈش ئۈچۈن، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە تارقىلىپ، كۆچۈپ
كەتتى. خۇدايارخان سىر دەريا بويىدىكى ھوسۇللۇق يەرلەرنى،

www.uyghurkitap.com

يازلىق ۋە قىشلىق يايلاقلارنى پارسلارغا، تاجىك، ئەرەب ۋە يەھۇدىيلارغا ئىجارىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشتۇردى.

ئەمما ئىسيانچىلار نىيىتىدىن يانمىدى. ئىسھاق يازلىق مۇجۇمغا جان ـ جەھلى بىلەن تەييارلىق كۆردى. ئىككىنچى تەرەپتىن، رۇس ئەمەلدارلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ئۇرۇندى. «ياردەم بېرىڭلار، دوست بولايلۇق» دەپ، كۆپ سوۋغا ـ سالام بىلەن توقماق رايونىغا ئەلچى ئەۋەتتى. رايون باشلىقى مايور ئەللىر ئەلچىنى ياخشى كۈتۈۋېلىپ، ياردەم بېرىشكە ۋەدە قىلدى. مەسلىھەتلىشىش مەقسىتىدە، ئۇ گېنېرال گوبېرناتور فان كەيفمانغا خەت يازدى. فان كەيفمان ياردەم تۇگۇل، ئىسيانچىلار بىلەن ھەتتا سۆھبەتلىشىشنىمۇ قەتئىي مەنئى قىلىپ، ئەلچىلەرنى توقماق شەھىرىدىن دەرھال چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇدى، ئەلچىلەر ھېرىپ ـ چارچاپ، كەچ كۈزدە تالاس ئارقىلىق يېتىپ كېلىشتى.

باشقا ئىلاجى قالمىغان ئىسيانچىلار پۈتۈن قىش داۋامىدا كەلگۈسى جەڭگە قاتتىق ھازىرلىق كۆرۈپ، ئوق ـ دورا، قورال ـ ياراغ تەييارلاشتى. باش باھاردا جارچىلار قۇيرۇقى قانغا بويالغان ئاتلاردا ئاۋۇل، قىشلاقلارغا چىقىپ كېتىشتى.

«ئاتلىنىڭلار! ئاتلىنىڭلار! — دەپ جار سالدى جارچىلار، — ئەي خالايىق، خان ئايىندى، ئۆز خەلقىنى، ئۆز شەھىرىنى قاراقچىدەك تالاۋاتماقتا. ئەھلى مۇسۇلمانلار، ئاتلىنىڭلار! خاننى ئىنساپقا كەلتۈرۈشكە بولمىدى، ئۆزىدىن كەتتى. تەقدىرىمىزنى قىلىچ بىلەن ھەل قىلىدىغان ۋاقىت كەلدى. ئاتلىنىڭلار! ئاتلىنىڭلار!»

يوكى ئېغىر بولسا، نار تۆگىمۇ بۆكۈرەيدۇ، خەلق باشقىدىن قوزغالدى. ئىسيانچىلار سىپىدە ھەر تۈرلۈك قەبىلە ۋە ئۇرۇقلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ئەلچىلەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، ئەلدىن ـ ئەلگە، يەردىن ـ يەرگە خەۋەر يەتكۈزۈشەتتى.

— ئاتلىنىڭلار، خالايىق، ئاتلىنىڭلار!

1874 ـ يىلىنىڭ باھارىدا، ئارغىماقلىرىنىڭ تۇيىقىدىن ئوت چاقنىغان، ئوبدان قورال‌لانغان ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق سەرخىل قوشۇن نەمەنگانغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. چوڭ يول بويىدىكى دۆڭلۈككە يېقىن كەلگەندە، ئىسھاق ئېتىدىن چۈشتى ـ دە، تىزگىنىنى يىگىتلەردىن بىرىگە تۇتقۇزۇپ، دۆڭگە چىقتى. يالغۇز قەبرە چوقچىيىپ تۇراتتى. ھۆپپىدە ئېچىلغان لەيلىقازاقلار خۇددى شېھىتلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغاندەك قىزىرىپ تۇراتتى. ئىسھاق قىبلە تەرەپكە قاراپ، قەبرىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

بۇ مەرد ئەشىمنىڭ قەبرىسى بولۇپ قانخور نومان پەنساد كەتكەندىن كېيىن، سەرسانلىقتا يۈرگەن خەلق قايتىپ كېلىپ باتۇرنىڭ جەسىتىنى قوزۇقتىن ئېلىپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىشقانىدى. قوشۇن ئاتتىن چۈشۈپ دۆڭلۈككە چىقتى. ئىسھاق بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خېلى ئۇزۇن سۈكۈتتە ئولتۇردى، كېيىن قىرائەت قىلىپ قۇرئان ئوقۇدى. خۇش نەپەس بىلەن ئوقۇلۇۋاتقان قۇرئان قەبرە ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارنى سېھىرلەپ قويغاندەك قىلاتتى.

— ئامىن! — دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى ئىسھاق. ئۇ شىۋىرلاپ ئۆز ئېلىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلغان باتۇر ئەرۋاھقا بېغىشلاپ دۇئا قىلدى.

ھەممىسى قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. ئىسھاق بېشىنى كۆتۈرمەي ئۇزاق ئولتۇردى. ھېچكىم ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقا پېتىنالمىدى.

مۆمىن سەردار ئاستا ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تارتتى.

— تەقسىر...

— ھە؟ — ئىسھاق قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك قوزغىلىپ، چوڭقۇر خورسىندى ۋە ئاستا، — بۇ يەر مازار بولسۇن، زىيارەتگاھ بولسۇن! — دېدى.

كۈمۈش يالىلىق ئارغىماقنى ئىسھاقنىڭ ئالدىغا يېتەكلەپ كەلدى. قوشۇن بىر - بىرلەپ ئاتقا مىندى.

ئالابۇقا، ئاقتام، كۆكيار، نەنەي، مەمەي، سەفىد بىلال قىشلاقلىرىنىڭ ئاھالىسى خەلق قوشۇنىنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. ئاددىي مېھنەتكەشلەر ئادىل زامان، ئاقىل ھۆكۈمدار ئۈچۈن ھېچنېمىسىنى ئايىمايدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشتى. ئىسيانچىلار ئۈچۈن ئات - قويلىرىنى سويۇشتى، چېدىر ئۆيلەر تىكىپ، مېھىر - مۇھەببەت كۆرسىتىشتى. ھەربىر قىشلاق پالۋان يىگىتلىرىنى قوشۇپ ئاتلاندۇرۇشتى.

## 2

ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئوردىدا زىددىيەت كۈچەيدى. ئاچا يولدا لالما ئىتمۇ گاڭگىرايدۇ، دېگەندەك، خۇدايارخان كىمنىڭ سۆزىگە كىرىشنى بىلمەي، بېشى ئايلىنىپ قالدى.

شۇ مەزگىللەردە، روسىيىنىڭ مەلۇم بىر گېزىت سەھىپىسىدە ئاشۇ ئىسيان توغرىسىدا: «خۇددى ئالدىنئالا كېلىشىۋالغاندەك، قوزغىلاڭ ھەممە خەلقنىڭ ئۆزىگە بىرلەشتۇردى. ئۆزبېك، قىپچاق، قىرغىز ۋە ھەتتا ئولتۇراقلاشقان پۇقرالارمۇ ئىسيانچىلار تەرەپكە ئۆتۈشكە باشلىدى. شۈبھىسىزكى، يېقىن ئارىدا خۇدايارخان بېشىنى يەيدۇ ياكى خانلىقنى تاپشۇرۇپ، رۇسلار تەرەپكە قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندىكى خەۋەرلەر بېسىلىپ تۇردى.

ئىسيان كۈنسېرى ئەۋج ئېلىپ، سىر دەريا، قارا دەريا ساھىللىرىگە، كېيىنچىرەك كۆگەرت، ئۆزگەن تەرەپلىرىگىچە كېڭەيدى.

خان ئوردىسىدا جىددىي كېڭەش ئۆتكۈزۈلدى.

— قېنى، ئاپتۇۋچى؟ خۇش، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

ئۆزىمىز تىنچىتىمىز، دەپ مۇشۇ كۈنگە قالدۇق؟ — دېدى خۇدايارخان ئاچچىقىنى تەستە بېسىپ، — ھېلىقى پولات دېگەن لالما كېلىپ، ئوردىنى بوشتىڭلار دېگۈچە قولىمىزنى قوشتۇرۇپ ئولتۇرىمىزمۇ؟

بۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق تەنە - تەئەددى ئىدى. خاننىڭ ئايغاقچىلىرى ئۇنىڭغا يولىيورۇق كۆرسەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. بىراق ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچى پەرۋا قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلەتتى. بۇنداق ئېغىر كۈنلەردە خاننىڭ ئۇنىڭدىن باشقا يۆلىنىدىغان ئادىمى يوق ئىدى. مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئوغلى بولسا، شەك - شۈبھىسىز قىپچاقلارنى قوللايتتى.

— يەنىلا ئۆزىمىز باستۇرىمىز، تەقسىر! — دېدى ئاپتۇۋچى خاتىرجەم ھالدا.

— سىز باستۇرۇپ كېلىڭ! — دېدى خۇدايارخان قەھرى بىلەن، — سىز ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىسىز، بوپتۇ. ئۆز قېرىنداشلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز تىنچىتىپ كېلىڭ!

— باش ئۈستىگە، شاھىم!

... ئەتىسى ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچى قوراللانغان مىڭدەك لەشكەرنى ئالدى - دە، نومان پەنسادنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىپ نەمەنگان ۋىلايىتىگە ماڭدى.

ئۇ ئىسيانچىلار باش كۆتۈرگەن يەرلەردىن يوشۇرۇنۇپ ئۆتتى. سىر دەريا بويلاپ قىزىلىيارغا يول ئالدى. ئالدىنئالا خەۋەر بېرىلگىنى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئابىل تۆرە يىگىرمە بەش مىڭ ئەسكەر بىلەن كۈتۈۋالدى. ئىككىسى ئاتتىن چۈشۈپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەل - يۇرت ئامانمۇ؟ ئۆزىڭىز سالامەتمۇسىز، تۆرە ئاكا؟ — دەپ ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچى ئابىل تۆرىدىن ھال - ئەھۋال سورىدى. ئابىل تۆرىمۇ:

— خۇداغا شۈكرى، ئاكا! — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇلار ئاتلىنىپ، يانمۇيان مېڭىشتى.

— ھۆكۈمدار ھەزرەتلىرى قانداقراق؟ ساق - سالامەت دەۋران سۈرۈپ يۈرۈۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئابىل تۆرە.

— ھەي، تۆرە ئاكا. بۇ ئادەم ناشۈكۈر ئىكەن، قاچانكى بېشىغا كۈن چۈشسە، ئۆزى قايمۇقۇپ قالسا، دوستلىرىنى ياردەمگە چاقىرىدىكەن ...

ئابىل تۆرىنىڭ بۇ گەپتىن كۆڭلى سۆيۈندى.

ئۇلار ئاشۇنداق پاراڭلار بىلەن خېلى ماڭدى، ئېدىرلاردىن ئۆتۈشى بىلەن بۆزبو تېغى كۆرۈندى. بۇ تاغنىڭ باشقا تاغلاردىن پەرقى شۇ ئىدىكى، ياز ئايلىرىدا قار تۇرمايتتى. بىر پارچە بۇلۇت ئۇنىڭ ئۈستىدىن قىشمۇ، يازمۇ كەتمەيتتى. ئەسلىدە، بۇ، خەلق ئېيتقاندەك، پەرغانە ۋادىسىنىڭ ئانا تېغى ئىدى. چوققىسىدا كىچىككىنە كۆلى بار ئىدى. ئۇنىڭ تۇلپار كۆلى دېيىشەتتى. ئابىل تۆرە مۇشۇ تۇلپار كۆلى بويىغا قىرىقتەك ئۆي تىكتۈرۈپ قويغانىدى. ھەربىر ئۆينى ئىككىدىن ساقچى قوغدايتتى. ئابىل تۆرە مېھمانلارنى مۇشۇ خالىي يەرگە جايلاشتۇردى.

ئارىدىن ئۈچ - تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن، شېر دادخاھ باشچىلىق قىلغان قۇتلۇق - سەيىد، نايمان، چىرىك، قەتەي، قارا بەغىش ۋە مۇندۇز ئۇرۇقلىرىنىڭ بەگلىرىدىن تەركىب تاپقان ئەللىككە يېقىن ۋەكىل، ئىككىنچى تەرەپتىن، ئارقىسىغا يەتتە لەشكىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچى تاغدىن چۈشۈپ كەلدى.

ئابىل تۆرە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش تۇتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئاداۋەتنى ئۇنتۇش ئۈچۈن، شېر دادخاھنى ئونچە بەگ بىللە بىلەن ئۆز ئوتاۋىغا مېھمانغا چاقىردى، داستىخاندا قوزا گۆشىدىن تارتىپ، راسا تاۋلانغان قىمىزغىچە تەييار ئىدى. مېھمانلار نازۇنېمەتلەرگە قول ئۇزاتتى. ئابىل تۆرە سۆھبەت تۈيۈقسىز تەتۈرىگە ئايلىنىپ كەتمىسۇن، دەپ گەپ باشلىدى:

— قېنى، ياخشىلار، بۇ شەيتاننىڭ بوينى ئۈزۈلگەنلىكىدىن بېشارەت بولسۇن، — دەپ زەرلىك چاپاننى قاراقاش ئايىمنىڭ قولىدىن ئېلىپ شېر دادخاھنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويدى، — قەدىرلىك دادخاھ، بۇ سوۋغىنى خۇدايارخان ھەزرەت ئالىيلىرى شەخسەن سىزگە ئەۋەتتى...

ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچى قوقاندىن چىققىنىدا ئىككى دانە قېچىرغا قىممەت باھا كىيىم ـ كېچەكلەرنى يۈكلەتكەنىدى. ھازىر ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، بەگلەرگە قولى بىلەن كىمخاب چاپان ياپتى.

شېر دادخاھ زەرلىك چاپاننى ئۈستىدىن سىيرىپ تاشلىدى.

— يالىڭاچ قالغىنىمىز يوق، قايسى خىزمەتلىرىمىزنىڭ بەدىلىگە تون كىيدۈرۈۋاتىسىلەر؟

ئۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ كىمخاب چاپانلىرىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇشتى.

— ئاغا، كەچۈرسىز! بۇنى مېنىڭ سوۋغام دەپ بىلىڭ. قولۇمنى قايتۇرماڭ، — دەپ ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچى ئۆزى باشقىدىن ياپتى، — سىز دادامنى كۆرگەن ئادەمسىز!

— ھەي، مۇسۇلمانقۇل! ئىسىت ئاغىمىز! — دەۋەتتى شېر دادخاھ، — خەيرىيەت ئاتاڭنى ئۇنتۇمايسەن، ئۇكا. بىلەمسەن، نائەھلىلىكىمىز سەۋەبىدىن ئۇنىڭدىن ئايرىلدۇق. ئۇنىڭ بېشىغا ئاشۇ خوتۇنباز چىقتى...

شېر دادخاھ ئابدۇراخماننىڭ يۈرىكىگە تۇز سەپتى، ئابىل تۆرە سۆھبەتنى بۆلدى.

— ھەي... دادخاھ، ئۆزىمىز تىكلىگەن ئوردىنى بۇزمايلى دەيمىز ـ دە! بولمىسا، بىلمەيدۇ دەمسىز؟

شېر دادخاھ غودۇڭشىدى:

— ھە، ئاشۇ... تىنچىمايدىغان بەختسىز مەملىكىتىڭنى... ئىسسىقى يوق چاپىنىڭنى...

ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچى قىزىرىپ كەتتى. قېرى دادخاھ يىغ-
لىغۇدەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ قېتىم چاپاننى سىيلىۋەتتى-
دى.

— ھە، ياخشىلار، — دېدى ئابىل تۆرە، — نېمىلا قىلمى-
سۇن ئۆزىمىزنىڭكى، خۇدايارخاننىڭ باش ئېگىپ، ئۆزرە سو-
راپ، بۇخارا ۋەزىرلىرىمۇ كىيەلمەيدىغان چاپانلارنى ئەۋەتىشى
چوڭ ئىش. راست گەپ، خۇدايارخان كۆپ خاتالىقلارغا يول
قويدى. بىز كەچۈردۇق. بوپتۇ، ئەمدى بۇ تەرىپىگە نېمە دەي-
مىز؟ ئويلاپ كۆرەيلى.

شېر دادخاھ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى:

— ئادەمنى زاڭلىق قىلغاندەك، ئاشۇ چاپان بىلەن بىزنىڭ
كۆزىمىزنى ياغلىماقچى بوپتۇ ـ دە؟!

— قەدىرلىك دادخاھ، — دېدى ئابىل تۆرە، — گەپ چاپاندا
ئەمەس، بۇنى ياخشى بىلىسىز. تېخى تۈنۈگۈنلا ئاتىسىنى خۇدا-
يارخان ئۆلتۈرگەن ئاشۇ ئابدۇراخمان بىلەن مەن خاننىڭ قانداق-
لىقىنى بىلمەيمىزمۇ؟ ئۇنى ياخشى بىلىمىز. بىزنى تەشۋىشكە
سالىدىغان نەرسە، قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك ـ ئىتتىپاق-
لىقنىڭ يوقلۇقى. تارتىشىپ يۈرۈپ، كۆپ نەرسىلەرنى يوقات-
تۇق. چوي، تالاس، تاشكەنت قېنى؟

شېر دادخاھ كېسىپلا دېدى:

— تىلىڭ شېرىن، ئابىل… خۇدايارخان بىزنى ئاياغ ئاستى
قىلدى. كىمگە ئىشىنىدۇ، بىلمەيمەن، يىلدىن ـ يىلغا ھەددىدىن
ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. سەن بىلەن مەن ئۈچۈن ھېچ نەرسە ئەمەس.
زاكات ئالسا، سېلىق ئالسا چىدايمىز. ئەمما باشقا بىچارىلەرگە
ئېغىر بولۇپ كەتتى. سەن قانداق قارايسەن، بۇنى بىلمەيمەن،
ئەمما، ماڭا بۇ زەرباپ چاپاننى خۇدايارخان ئۆز خەلقىمىنىڭ تېرى-
سىنى شىلىۋېلىپ ئۈستۈمگە يېپىپ قويغانغا ئوخشىشىدۇ.

گەپكە ئۇستا ئابىل تۆرە جاۋاب تاپالماي، دۈمبۈنىڭ تەقدىرى-



www.uyghurkitap.com

ـنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— ئۈنىڭدىن باشقا، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى شېر داد-خاھ، — ئازراق توپىلاڭ بولسا، ئوردىدىن لەشكەر چىقىرىپ، يىگىتلەرنى قوزۇققا ئولتۇرغۇزدى، ئىككىقات ئايالىلارنىڭ قور-سىقىنى يېرىپ، نارەسىدىلەرنى يەرگە ئۇردى. بۇنى نېمە دېيىش مۇمكىن؟ بۇ ئـۆز خەلقىگـە خانىنىڭ كۆرسەتكەن مەرھەمىتى-مۇ؟ — چال تىترەپ كەتتى، — قوزۇققا ئولتۇرغۇزدى، تاپقان ئىشىنى ئۇنىڭ...

ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچى چالنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇ-رۇپ، خەلق غەزىپىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، خەلقنىڭ سەۋر - تاقىتى تۈگىگەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلدى. «بۇنىڭغا كىم ئەيىبلىك؟ ئەلۋەتتە، تۇتۇرۇقى يوق، نومۇسسىز خۇدايارخاننىڭ ئۆزى!»

شېر دادخاھ ئەلەم بىلەن سورىدى:

— يېقىندا قىشلاقلارنى ۋەيران قىلىپ، قېرى - ياش دېمەي زار قاقشىتىپ كەتكەن نومان بۇگۈن يەنە ھېچ نەرسە كۆرمىگەن-دەك ئولتۇرۇپتۇ. خۇش، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟

ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچىنىڭ غەزىپى قايناپ، نومانىنى چاقىـ-رىشتى.

نومان پەنساد كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ھېچكىم ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالمىدى، ئابدۇراخمانغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ، باش ئېگىپ تەزىم قىلدى.

— قۇلىقىم سىزدە، لەشكەربېشى...

ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن ئابدۇراخماننى ئانچە مەنسىتمەيۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. خانئاتىتىكى غەلىبىدىن كېيىن خۇدايارخان ئۇنى ئۆزىگە يېقىن بىلىپ، خېلى ئىخلاس قىلغانىدى. بۇ ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويدى. نومانىنىڭ قوپاللىقىنى كۆرۈپ ئاب-

دۇراخماننىڭ جېنى چىقتى.
— تاپانچاڭنى ماڭا بەر! — دەپ ئابدۇراخمان قولىنى ئۇزات-
تى. نومان ئاپتۇۋۇچىغا گۇمانلىنىپ قاريدى ۋە نېمە دەۋاتقانلىقى-
نى چۈشەنمەي ھەيران بولدى. كېيىن بۇيرۇقتا بويسۇنماقتىن
باشقا ئىلاجى يوقلۇقىنى بىلگەن پەنساد رۇس تاپانچىسىنى يېشاند-
سى پۇرۇشكەن ھالدا خالار - خالىماس ئۇزاتتى، ئابدۇراخمان
يەنە نومانغا كۆزىنى تىكىپ:
— قىلىچىڭنى ئال! — دېدى. پەنساد قىلىچىنىڭ سېپىنى
تۇتۇپ، يەنە قانداقتۇر بىر كەيپسىزلىك بىلەن توختاپ قالدى.
ئابدۇراخمان تاپانچىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ:
— قېنى! — دېدى جىددىي ھالدا.
— نېمە بولدى، ئاپتۇۋۇچى؟ — نومان قىلىچىنى ئېلىپ
ئىرغىتتى، — چۈشىنەلمەي قالدىم؟...
— سەن ھامىلدار ئايالنىڭ قورسىقىنى مۇشۇ قىلىچ بىلەن
يارغانمىدىڭ؟!
— نېمە بوپتۇ؟ ھۆكۈمدارنىڭ بۇيرۇقى شۇنداق ئىدى.
— ھۆكۈمدار ئۇنداق بۇيرۇق بەرمىگەن، سەن ئۆزۈڭ قىلد-
چىڭنىڭ تىغىنى سىنىغانسەن! مانا، — ئۇ قىلىچنى بەگلەرنىڭ
ئالدىغا تاشلىدى، — ئەمدى بۇ قىلىچىنىڭ تىغىنى سېنىڭ ئەقىل-
سىز بېشىڭنى كېسىپ كۆرۈپ سىناشسۇن!
نومان پەنساد بىردەم ئاقىرىپ، بىردەم كۆكىرىپ:
— ئۆزۈڭنى تۇت، ئابدۇراخمان! مەنمۇ ساڭا ئوخشاش
ئادەممەن. ھۆكۈمدارنىڭ ئالدىدا جاۋاب بېرىپ يۈرمىگىن. پەرد-
زەنچە، سېنىمۇ ئەجەل تارتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.
ئابدۇراخمان ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى.
— خانىي خەلققە، خەلقنى خانغا يامان ئاتلىق قىلىپ يۈر-
گەنلەرنىڭ بىرى مانا مۇشۇ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشنى ئۆزۈڭلارغا
تاپشۇردۇم! — دېدى ئۇ بەگلەرگە قاراپ.

بەگلەر گاڭگىراپ قېلىشتى. شېر دادخاھمۇ لام ـ جىم دېمەي ئولتۇراتتى. ئابىل تۆررە ئىچىدە قايىل بولۇپ، ھەرقانداق شارائىتتىمۇ ئوردىنى ھىمايە قىلىۋاتقان ئابدۇراخمانغا تەن بەر-دى. «كاساپەت، تۇلكىنىڭ ئۆزىغۇ!» دەپ قويدى ئىچىدە ئۇنىڭ-دىن خۇرسەن بولۇپ.

يىگىتلەر نومـانىـي ئىشىككە سۆرەشتى. ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن:

— ناھايىتى ياخشى! تەقدىر بىر كۈنى سىنىڭ بېشىڭدىمۇ قىلىچىنىڭ تىغىنى سىناپ كۆرىدۇ، ئابدۇراخمان! ئالىدىرىما! ھا... ! ھا! — دېدى.

ئابدۇراخمان بىر چەتكە قارىدى:

— يۇرۇڭ قۇرۇسۇن!...

نومان پەنسادنىڭ ئۆلتۇرۇلۇشى ۋە يول قويۇلغان كەمچىلى-كىنى بويىنىغا ئېلىش — خەلقتىن ئەپۇ سوراش بىلەن تەڭ بول-دى، شۇنىڭدەك، بۇ ئىش بىلەن ئابدۇراخمان ھەرقانداق شارا-ئىتتا قېرىنداشلىرى ئۈچـۈن ياردەمگــە تــەييار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئابىل تۆرە ھازىر يۈز بەرگەن ۋەقەنى ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن شەرھلەپ، بۇنى ئېتىبارغا ئېلىش زۆرۈرلۈكىنى بىلدۈردى.

بۈگۈنكى يىغىن شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى.

ئەتىسى پېشىن نامىزىدىن كېيىن، ھەممەيلەن يەنە شېر دادخاھ قونغان ئوتاۋغا يىغىلىشتى. بىر پىيالە چاي ئۈستىدە سۆھبەت داۋاملاشتى. شېر دادخاھ كېچىدە ئويلىنىپ، يۇرتداش-لىرىنى خاتىرجەم قىلىشنىڭ ئوبدانراق چارىسىنى تاپالمىدى.

— سەن دېگەندەك، ھەممە نەرسە تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنسىمۇ ياخشى بولاتتى، ئابىل، لېكىن تېخى كۆرىسەن. قان تۆكۈشكە مەجبۇر بولىمىز! — دېدى شېر دادخاھ ئېچىنىش بىلەن.

www.uyghurkitap.com

— ئۇنداق بولماس، دادخاھ، يەنە ئۆزىمىز خاتاغا يول قو-يۇپ يۈرمەيلى! — دېدى ئابىل تۆرە.

— بوپتۇ، بىز ئۇرۇشنى توختىتايلى، خۇدايار قىساسكار-لىقنى توختاتسۇن. ئىجارىگە بېرىۋەتكەن سۇلۇق يەرلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەرسۇن. ئۇرۇشتا ئۆلگەن بالىلىرىمىز ئۈچۈن خۇن تۆلىسۇن. بەش يىلغىچە سېلىق ئالمىسۇن!

بەگلەر ئۇنى بىر ئېغىزدىن قۇۋۋەتلەشتى.

— گېپىمىز شۇ. بۇنىڭغا كۆنمىسە، قالغىنىنى ئۆزى بىل-سۇن، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قىلىمىز!

— بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، ئاغا، — دېدى ئابدۇراخمان، — ئەگەر سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام، مەنمۇ شۇنداق دېگەن بولاتتىم. بۇنىڭدا شەك يوق. مەيلى، ئەگەر سىلەر رازى بولساڭ-لار، خۇدايارخاننىڭ ئالدىغا بىللە بېرىپ، ھەممە ئەھۋالنى ئۇ-نىڭغا ئېيتايلى. ئەگەر ئۇنىڭغا ئۆلكە، خانلىق لازىم بولسا، چۈشىنىدۇ، — ئۇ خۇدايارغا بولغان غەزىپىنى يوشۇرالمى-دى، — كۆنمىسە، ئۆزىنىڭ شورى ئۆزىگە!

«كۆنمىسە، ئۆزىنىڭ شورى ئۆزىگە!» ئابىل تۆرە بۇ گەپ بىلەن خۇدايارخاننىڭ تەقدىرى ھەل قىلىنغانلىقىنى سەزدى - دە، ئىچىدە: «گەپ چېكىگە يەتتى!» دەپ قويدى.

— ھە - ھە، دادخاھ، — دېدى ئۇ ئوچۇقتىن - ئوچۇق، — ياش بالا ئەمەسمىز، خۇدايىمغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆز بولمايدۇ!

شېر دادخاھنىڭ ئېسىگە قورەمە ئابدۇمۆمىنبەگ بىلەن ئىس-يانچىلار باشلىقى ئىسھاق كەلدى. ئۇلار نېمە دەيدۇ؟ پىغانى تاشقان يۇرت نېمە دەيدۇ؟ ئوتتۇرىدا ئاياغ ئاستى قىلىنغان نو-مۇس، ئۈچمەنلىك بار ئەمەسمۇ؟!

— ئابدۇراخمان ئۇكا، شۇنچە جاپا چېكىپ كېلىپسەن، بۇ ئوتاۋدا پۈتتۇرىدىغان ئانچە ئوڭاي ئىش ئەمەس، ئامال بار

جەبىر ـ جاپا تارتقان خەلقىنىڭ ئۆزى بىلەن ھەل قىلايلى.
مەككار ئابىل تۆرە چالىنىڭ قولدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەملەپ:
— دادخاھ، خەلققە تىنچلىق، توقچىلىق، ھۆكۈمدارنىڭ ئادالىتى كېرەك. ئوردىنىڭ ئۆزى خەلقنىڭ ئاشۇ تەلەپلىرىگە كۆنگەنىكەن، خەلق نېمە دەيتتى. خاتىرجەم مېھنەت قىلىپ، تىرىكچىلىكىنى يەنە يولغا قويۇۋالىدۇ. خۇش، شۇنداق ئەمەسمۇ، ياخشىلار؟ — دېدى.
— بۇغۇ توغرا، بىراق ... — دەپ بەگلەر دۇدۇقلاپ قېلىشتى.
ئابىل تۆرە گەپنىڭ خۇددى شۇ يېرىگە باشقىچە مەنە بەردى:
— ھەببەللى! دېمەك، خان تىنچ بولسا، ئۇ خۇدايار بولامدۇ ياكى پولات بولامدۇ، خەلققە بەرىبىر. ھازىر ئىككى يول تۇرۇپتۇ. ئالايلى، خەلق ئىسيان كۆتۈرۈپ، قان تۆكۈپ، پولاتنى خانلىققا كۆتۈردى. خەلق مەقسىتىگە يەتتى، دەيلۇق ياكى خۇدايار خەلقنىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇسىنى ھېسابقا ئېلىپ، قان تۆكمەي خەلققە ئەركىنلىك بەردى، دەپ پەرەز قىلايلۇق. مۇشۇ ئىككى يولنىڭ قايسىسى ياخشى؟
— خۇدايارنىڭ بىز ئارزۇ قىلغان كەڭچىلىكنى بېرىشى ناتايىن. ئۇنىڭ ئىشىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچىلا! — دېدى بەگلەردىن بىرى.
ئابىل تۆرە ئالدىراپ ـ تېنەپ:
— ئۇنداق قىلسا، مەنمۇ قوزغىلاڭ قىلىمەن! — دېدى.
ئولتۇرغانلار ئابىل تۆرىنىڭ بۇ گېپىگە ئىشىنىپ، جىم بولۇپ قالدى. بۇ سۆھبەتمۇ شۇ يەردە ئاياغلاشتى.
ئەتىسى، يەنە ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچى قونغان ئوتاۋغا توپلىنىشتى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭلى يورۇغاندەك بولدى. ئۇيدان پىشقان قىمىزدىن ئىچىپ ئولتۇرۇپ، ئۇرۇشنى توختاتمىغان ھالدا، ھەربىر ئۇرۇقتىن بىردىن ۋەكىل ئېلىپ، شېردادى-

خاھ ئوردىغا بارىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن كېڭەش يەكۈنلەندى.

ھەي!... ئاتىسى ئۆگەي بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىشقا بولامتى؟! بەلكىم يەنە ئالداپ قويۇشار؟! ئەڭ يامىنى، بەگلەرنىڭ ئوردىدىن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، بىر پىكىرگە كېلىشى كۆتۈلمىگەن زەربە بولدى. ئىسيان دولقۇنى تېزلا بېسىلدى. شېر دادخاھنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشكەن ئۇرۇقلارنىڭ يىگىتلىرى قوشۇندىن ئايرىلىپ، قىشلاقلارغا تارقىلىشتى. بىرلىك، ئىتتىپاقلىقتا دەز كەتتى. ئىسھاق نېمىمۇ قىلالايتتى؟ روھى چۈشۈپ، نومانىنىڭ تەقدىرى ئەمدى ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

قەيەرگە كېتىۋاتىسەن، ھەي يىگىت،
گۈل ھاياتقا ۋە تەقدىرگە پايلىماي.
لالە كەبى ئېچىلغايمۇ ئۈمىدلەر،
يا چىقتىڭمۇ گۈزەل يارغا قارىماي،
دوستلىرىڭ كىم، ئات چاپتۇرغان سەن بىلەن،
بىلەمسەن، نەگە كەتتى، ئويلىماي؟

ئىسھاقنىڭ خىيالىغا ئەلمىساقتىن قالغان ئەنە شۇ مىسرالار كەلدى. ئۇ كۆز يەتكۈسىز تاغلار چوققىسىنى قاپلىۋالغان بۇلۇتلاردىن كۆز ئۈزمەي، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ باراتتى.

... قوقانىنىڭ بىرىنچى خانى ئالىمدىن ئۈچ ئوغۇل قالغاندى. ئۆمەرخان تەختكە ئولتۇرغان ۋاقتىدا، ئۇكىسى شاھرۇھنى ۋارىسلىق تالاشمىسۇن دەپ، ئۆز قولى بىلەن يوقاتقانىدى. شاھرۇھنىڭ ئىبراھىمبەگ ۋە مۇراتبەگ دېگەن پەرزەنتلىرى ئانىسى بىلەن قاراتېگىنلىك تاغلىرىنىڭكىگە باشپاناھ ئىزدەپ كېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئىبراھىمبەگدىن شاھئايىم دېگەن قىز بىلەن پولاتبەگ ئىسىملىك بىر ياشلىق ئوغۇل سەغىر قالغانىدى. قىزد-

نى سەمەرقەنتلىك ئەھرار خوجىغا تۇرمۇشقا چىقارغانىدى. ئەھرار خوجا ياش پولاتبەگنى ئۆز تەربىيىسىگە ئېلىپ، دىنىي ئەقىدىلەرنى ئۆگەتتى، زىكرىلەرگە قاتناشتۇرۇپ، زېرەك، ھوشيار قىلىپ ئۆستۈردى.

ئۆتكەن يىلى شېر دادخاھ ئۈچ كىشى ئەگەشتۈرۈپ، خۇدايارخاندىن ۋە تاشكەنتتىكى گېنېرال گوبېرناتور فان كەيفماندىن يوشۇرۇنچە سەمەرقەنتكە كەلگەنىدى. ئەھرار خوجىغا بىلدۈرمەي، پولاتبەگنى تېپىپ ئامىتى كېتىپ قالغان خۇدايارخانغا قارشى كۆرەش قىلغۇچى ئىسيانچىلارغا باشچىلىق قىلىشنى تەكلىپ قىلغانىدى. بۇ دۇنيانىڭ راھىتىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈگەن دىۋانە سۇپەت پولاتبەگنىڭ رەڭگىرويى ئۆچۈپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ:

— بارمايمەن! — دېدى بېشىنى چايقاپ.

شېر دادخاھ نېمىلا قىلىپ بولمىسۇن ئۇنى كۆندۈرۈشكە ئۇرۇندى.

— پۈتۈن نەمەنگان ۋىلايىتى، بارلىق قەبىلە - ئۇرۇقلار سېنى قوللايدۇ... ھازىر ئىش ئوڭدىن كېلىپ، خەلق شۇنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى شېر دادخاھ.

دىۋانىنىڭ قۇلىقىغا قەبىلە ئۇرۇقلىرىنىڭ ئىسىملىكى خۇددى قاراقچىلارنىڭ ئىسمىدەك يېقىمسىز ئاڭلاندى. بەزىسى ئەھرار خوجا ئۆزبېك، قىرغىز ۋە قىپچاقلارنى ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر بالايىقازا، دەپ سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى.

— بار - مايمەن!... ئادەمخورلار! — دېدى پولاتبەگ بۇلۇڭغا تىقىلىۋالغاندىن كېيىن، كۆزىنى يۇمۇپ، «يائاللا! يائاللا» دەپ، بېشىنى سىلكىپ، تۇكۇرۇكلىرىنى چېچىپ، زىكرى قىلىشقا باشلىدى.

شېر دادخاھ بېشىنى چايقاپ، ئالىمخاننىڭ ئەۋلادىنىڭ شۇنچىلىك چاكىنىلىشىپ كەتكەنلىكىگە ئىچ - ئىچىدىن ئېچىندى.

شۇ كۈنى كەچتە ۋەكىللەر سەمەرقەنتتىن چىقىپ كېتىشتى، بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ھېرىپ - ئېچىپ تاشكەنتكە كېلىشتى ۋە ئابدۇمۆمىنبەگنىڭ ئۆيىگە چۈشۈشتى.

ئۇ، تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەندى، شۇڭا، سالام - سەھەتتىن بۇرۇنلا:

— ھە، ئىشلىرىڭىز قانداق، دادخاھ؟ — دېدى كىنايە بىلەن.

— ھەي، ئىش قۇرۇسۇن! ... — دېدى رايى قايتقان شېر دادخاھ.

كەچقۇرۇن داستىخان ئۈستىدە سۆھبەت داۋاملاشتى. شېر دادخاھ پولاتبەگنى قانداق تېپىپ، قانداق يوسۇندا گەپلىشىپ، نېمە جاۋاب ئالغانلىقىنى بىر باشتىن ھېكايە قىلىپ، ئاخىردا:

— ھەي، پەرۋەردىگار، قۇدرىتىڭدىن ئۆرگۈلەي! ئالىمخاننىڭ ئەۋلادى دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ! — دەپ خورسىنىپ بېشىنى چايقىدى، — نەدىكى بىر چۈپرەندىنى ئاۋارە بولۇپ ئىزدەپ بېرىپتىمىز - ھە؟!

— خۇدا ئۇرۇپتۇ - دە! — دەپ ئابدۇمۆمىنبەگمۇ ھەيران بولۇپ قالدى.

— دادخاھ ئاتا، قېنى چايدىن ئېلىڭلار.

شېر دادخاھ خىيالغا پېتىپ كەتكەچكىمۇ چاي قۇيۇپ ئولتۇرغان يىگىتكە تىكىلدى ۋە كاللىسىغا: «سەمەرقەنتتىكى ئەسكى دېۋانىنىڭ ئۆزىغۇ!» دېگەن پىكىر كەلدى. «بۇنىڭ كۆزىدە ئوتى بار ئىكەنغۇ... نەدىن كېلىپ قالدى بۇ؟» دادخاھ چاينى يىگىتنىڭ قولىدىن ئالدى، «يا، خۇدايا توۋا!» دەپ يىگىتنى پەرق ئېتەلمەي چايدىن ئوتلىدى.

— ھە، بۇ بىزنىڭ خىزمەتكار، — دېدى ئابدۇمۆمىنبەگ، — خاتىرجەم بولۇڭ، دادىخاھ، ئۇلارغا تۆمۈرنى قىزدۇرۇپ، باسسىڭىزمۇ غىڭ قىلمايدۇ.

شىر دادخاھ ئۆزىنى ئوڭشاپ:
— ئەجەبا، شۇنداقمۇ ئوخشاش بولامدۇ؟ — دېدى.
سەمەرقەنتكە بېرىپ كەلگەن ۋەكىللەردىن بىرى:
— مېنىڭمۇ بۇ گەپنى قىلىشقا ئاغزىم بارمايۋاتقانىدى، — دېدى.
ئابدۇمۆمىنبەگ سۆزنى چۈشەنمەي، ئولتۇرغانلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى.
— بۇ يىگىت، — دېدى شىر دادخاھ، — بايىقى مەن دېگەن دىۋانىنىڭ دەل ئۆزىغۇ؟!
ئابدۇمۆمىنبەگ كۈلدى:
— بۇمۇ خۇدانىڭ قۇدرىتى، بەندە - مۆمىنلەر ئىچىدە ئوخشىشىدىغانلار كۆپ. سىرتى ئوخشىسىمۇ، تەقدىرى، پېشانىسى پۈتۈنلەي باشقىچە.
قامەتلىك جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، يۈزىدە ئازراق سەپكۈنى بار يىگىت دادخاھقا تىكىلدى.
— خىيالىڭغا بىرنەرسە كەلدىغۇ، دەيمەن، ئەزىمەت، — دېدى شىردادخاھ ئەركىلىتىپ، — قايسى ئۇرۇقتىن بولىسەن؟ كىمنىڭ ئوغلىسەن؟!
— بوستان ئۇرۇقىدىن بولىمەن، دادخاھ ئاتا، موللا ھەسەننىڭ ئوغلىمەن.
— ھە - ھە، مۇدەررىس موللا ھەسەننىڭ ئوغلى ئىكەنسەن - دە، ئېتىڭ نېمە؟
— ئىسھاق.
— ياخشى، ئامان بولغىن، ئوغلۇم...
شىر دادخاھ «ياخشىدىن ئات، ياماندىن دات قالىدۇ» دېگەن ماقالىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپ خىيالغا چۆمدى.
موللا ھەسەن قەبىلىنىڭ ئىچكىلىك دەپ ئاتىلىدىغان بوستان ئۇرۇقىدىن ئىدى. 1844 - يىلى موللا ھەسەن ئوغۇل پەرزەنت

كۆرۈپ، ئىسمىنى ئىسھاق قويدى، يالغۇز پەرزەنتىنى تەربىيە-لەپ، ساۋاتىنى چىقاردى. كېيىن ئۇنى قوقاندىكى تونۇقلۇق مەدرى-سىسىگە ئوقۇشقا بەردى، ئىسھاق ئەتىدىن - كەچكىچە يالغۇز ھۇجرىدا مۇتالىئە قىلىشتىن زېرىكىپ، 1867 - يىلى مەدرىسە-نى تاشلاپ، ئۆختە قىشلىقىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭكىگە كېتىپ قالدى. بۇ يەردە ئىسھاق تىرىكچىلىك يولىنى ئۆگىنىپ، دېھقانچى-لىقتىن تارتىپ، ئات چېپىشقىچە بولغان ھەممە ئىشلارنى كۆڭۈل قويۇپ قىلدى، ئەمگەكتە ۋە تۇرمۇشتا چېنىقتى. ئىسھاق ياخشى بىلەن يامان، ئوغرى بىلەن توغرى، ئەمگەكچى بىلەن تىرىكتاپ، زىيالىي بىلەن قارىنتۇرۇك ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ياخشى ئايرىي-دىغان ئەقىللىق كىشى بولۇپ ئۆستى، كېيىن ئۇ، قىشلاقنىڭ پاراسەتلىك، بىلىملىك كىشىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. ئىسھاق ئۇزۇن ئۆتمەي، جاھان كەزگىلى چىقىپ كەتتى. پەلەك-نىڭ گەردىشى بىلەن ئۇ تاشكەنتكە كېلىپ، ئابدۇمۆمىنبەگ بىلەن تونۇشۇپ قالدى...

ئەتىسى ئابدۇمۆمىنبەگ شېر دادخاھ بىلەن يالغۇز قالغاندا:

— دادخاھ، تۈنۈگۈنكى ھېلىقى كۆزىڭىز چۈشكەن يىگىت «مەن خان بولايمۇ؟» دەپتۇ، — دېدى.

— شۇنداق دېگەن بولسا - ھە؟ — دەۋەتتى شېر دادخاھ.

ئابدۇمۆمىنبەگ بېشىنى ئىرغىتتى:

— شۇنداق دېدى، ئۇ ئەزىمەت! راست گەپ.

شېر دادخاھ تىكىلىپ:

— ھەقىقىي ئەركەككە ئوخشىشىدۇ، — دېدى، — ھە، ئويلاپ كۆرسەك بولغۇدەك.

— بىر تەۋەككۈل قىلساقچۇ، دادخاھ؟

— مۇبادا، ئەتىلىككە سەمەرقەنتتىن ھېلىقى دىۋانە كېلىپ قالسا، شەرمەندە بولمايمىزمۇ؟

ئابدۇمۆمىنبەگ قولىنى شىلتىدى:

— ئۈچ كىشىنىڭ بېشى قوشۇلغان يەردە مۇنداق دەۋانىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئەل ئىچىدە داۋراڭ بولۇپ كەتكەچكە، دىۋانىڭىز بېشىنى تاشقا ئۇرسىمۇ ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ!

شۇنداق قىلىپ، ئىسھاق شېر دادخاھ باشچىلىق قىلغان ۋەكىللەرگە قوشۇلۇپ، پولاتخان دېگەن نام بىلەن بىر ھەپتىدىن كېيىن چاتقالغا يېتىپ كەلدى.

× ×

باش ۋەزىر خالنەزەر ئىسيانچى تاغلىقلارنىڭ داڭلىق باشلىقى شېر دادخاھنىڭ قىرىق ۋەكىل بىلەن كەلگەنلىكىنى خۇدايارخانغا مەلۇم قىلدى.

خۇدايارخان ئورنىدىن تۇرۇپ سورىدى:

— ئابدۇراخمان قېنى؟

— ئاشۇ يەردە قاپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ئىسيانچىلار بەزىبىر شەرتلەرنى قويۇپتۇ. شۇ شەرتكە كۆرە، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلگەن ۋەكىللەر ئۆز تەلىپىنى بىر تەرەپ قىلىپ بارغۇچە، ئاپتوۋچى جېنىنى گۆرۈگە قويۇپتۇ.

خۇدايارخان مەسخىرە قىلىپ كۈلدى ۋە دېرىزە تەرەپكە بۇرۇلۇپ:

— شەرت؟ — دېدى تەكرارلاپ، — قانداق شەرت؟

خالنەزەر بىر باشتىن چۈشەندۈرمەكچى بولۇۋىدى، خان قولىنى شىلتىدى.

— ھېچقانداق شەرتنى ئاڭلىمايمىز، ھېچقانداق شەرت قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاڭلىدىڭىزمۇ، باش ۋەزىر؟

خالنەزەر سۆزدىن توختىدى. خۇدايار تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى:

— ھەددىدىن ئاشقانلارغا بىز شەرت قويىمىز. بىز ھۆكۈمـ-
دارمىز، ئەگەر نايمان بىلەن قۇتلۇق سەيىد ئۇرۇقلىرى غوۋغانى
باسمىسا، پات يېقىندا ھېلىقى ساياق پولاتنى باغلاپ بۇ يەرگە
ئەكەلمىسە، ئاڭلاۋاتامسىز، خالنەزەر؟

خالنەزەر بېشىنى قىمىرلىتىپ، كۆزىنى چىمىلداتتى.

— ئەگەر ئاشۇ ئىسيانچى نايمان بىلەن قۇتلۇق ـ سەيىد ئۆز
جېدەللىرىنى ئۆزى باسمىسا، پولات سايىقنى بويىنىدىن باغلاپ
ھۇزۇرۇمغا ئەكەلمىسە، — دەپ ئەزمىلىك بىلەن تەكرارلىدى
خۇدايارخان، — كۆلىنى كۆككە سورۇيمىز، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟
قىپچاقلارنىڭ كۆنىنى ئۇلارنىڭ بېشىغا سالىمىز!

خالنەزەر لېۋىنى چىشلەپ تۇراتتى. بۇ قېتىم ئۇ باش لىڭـ-
شىتمىدى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزى قىپچاق ئىدى.

خۇدايارخان بىرئازدىن كېيىن سورىدى:

— ۋەكىللەر ھازىر قەيەردە؟

— مۇشۇ يەردە، ھۆكۈمدار.

خۇدايارخان ئالىقىنىنى ئالىقىنىغا تارس ـ تارس قىلىپ
ئۇردى. قاپقارا ئورۇق بىرى كىرىپ، خانغا تەزىم قىلدى. خۇداـ-
يارخان جەھلى بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدى ۋە بىردىنلا خالنەزەرـ-
گە بۇرۇلۇپ:

— قىرىق! قىرىق ئۇرۇقنىڭ بەگلىرى يوق قىلىنسا، قەبىـ-
لىلىرى قاياققىمۇ بارالايتتى! — دېدى.

خالنەزەرنىڭ رەڭگىرويى ئۆچتى.

— ھە، ھۆكۈمدار، — دەۋەتتى ئۇ، — ئۆچۈپ كېتىۋاتقان
ئوتنى باشقىدىن يالقۇنجاتساق بولارمۇ؟

خۇدايارخان زەردە بىلەن:

— ئوت؟! ئۆچۈپ كېتىۋاتقان ئوتقا سۇ سەپكەنلىك بىلەن
تەڭ بولىدۇ. بىلدىڭىزمۇ؟ ئاڭلاپ قويۇڭ، خالنەزەر؟ ئۆچىدۇ!
پۈتۈنلەي! — دېدى.

خالنەزەر بوشقىنا:
— خوپ بولىدۇ، شاھىم، — دېدى.
خۇدايارخان ھېلىقى ئادەمگە بۇيرۇق قىلدى:
— قىرىق ساتقۇننىڭ دەرھال كاللىسىنى ئېلىنسۇن! بىرە-رىمۇ قالمىسۇن، ئۆزۈم سانايمەن. ئەگەر بىرەرى كەم چىقسا بېشىڭنى ئالىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟!
— ئۇقتۇم، بولىدۇ. ھۆكۈمدار!
ئۇ چىقىپ كەتتى، خۇدايارخان بىلەن خالنەزەر خېلىغىچە بىر - بىرىگە گەپ قىلماي جىم ئولتۇرۇشتى. توغرا قىلدىمۇ، دەپ خان سورىيالمىدى ياكى سىزنىڭ ھەق بولدى، دەپ قۇۋۋەت-لىمىدى.
— گوبېرناتور بىلەن نېمىشقا دوست بولدۇق - ھە؟ — دەپ خۇدايارخان سۆز باشلىدى، — كۆرسىتىمەن! دەككىسىنى بېرىمەن! ھەممىسىنىڭ ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىمەن!...
سېنىڭمۇ ئاناڭنى ئۈچ قېتىم كۆزۈڭگە كۆرسەتكەندى! دەپ خالنەزەر ئىچىدە ئويلاپ قويدى.
ئاشۇ كۈنى كەچتە، ئوردا ئاستىدىكى خىلۋەت جايدا قىرىق ۋەكىلنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، بىر جايغا توپلاندى. ھەممىنىڭ ئۈستىگە شېر دادخاھنىڭ بېشىنى چىقىرىپ قويدى.
خۇدايارخان بىر توپ ئەھيالىرى بىلەن خىلۋەت جايغا چۈش-تى. شېر دادخاھنىڭ ئاپئاق ساقىلى قانغا بويىلىپ ئىككى كۆزى ئېچىلىپ قالغانىدى. خۇددى ئۆزى بىلەن ئۇچراشقاندەك، خۇدا-يارخاننىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.
— شېرغۇ بۇ؟ — دېدى ئۇ.
— ھەئە، شۇ بەتبەخت! — دېيىشتى خۇشامەتچىلەرنىڭ بىرى. خۇدايارخان باشقا گەپ قىلماستىن ئارقىسىغا ياندى. ئوردىنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى ئۇزۇن ئېتەكلىرىنى لەپەڭ-شىتىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تېز - تېز مېڭىشتى.

www.uyghurkitap.com

... ئابدۇراخمان بىرمۇنچە قەبىلە بەگلىرى بىلەن بەخىرامان قىمىز ئىچىپ ئولتۇراتتى. تاشقىرىدىن بىردىنلا ئاتنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە يۈزبېشى ئىتتىك كىردى. ئابدۇراخمان:

— ھە، نېمانچە ھولۇقىسەن؟ — دېدى بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ.

— بېگىم، — دېدى يۈزبېشى، — ۋەكىللەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ.

ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدا قېتىشىپ قالدى. ئابدۇراخماننىڭ قولىدىكى چىنە چۈشۈپ، قىمىز تۆكۈلۈپ كەتتى، ئىككى كۆزى چەكچىيىپ، قىپقىزىل تۇسكە كىردى.

— ھە! ئەقىلسىز، خوتۇن تالاق، ئىشنى رەسۋا قىپتۇ! — دەپ ئورنىدىن تۇردى، — ئاتلارنى تەييارلاڭلار!

يۈزبېشى يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي كاناي چېلىندى. دەم ئىلىۋاتقان لەشكەرلەر ئاياغقا تۇردى.

پۈتۈن قەبىلىدىكىلەرمۇ، ئىسھاقمۇ ئەس - ھوشىنى يىغىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئابدۇراخمان ئاتلاندى. ھېچقانداق يەردە توختىماستىن، ئۈچ كۈندە قوقانغا يېتىپ باردى.

ئۈچ قېتىم زەمبىرەك ئېتىلدى. بۇنداق ھۆرمەت ئادەتتە دۆشمەننى مەغلۇپ قىلغان باتۇرلار ئۈچۈنلا كۆرسىتىلەتتى، ئابدۇراخمان ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ:

— ھەي! — دەپ ۋارقىرىدى. زەمبىرەكچىلەرنىڭ باشلىقى يۇقىرىدىن ئېڭىشىپ ئابدۇراھماننى تونۇپ قالدى:

— لەببەي، ھەزرىتىم!

— ھاي، ئېسى يوق! نېمىشقا بىكارغا ئاتىسەن؟

— شاھىنشاھىنىڭ بۇيرۇقى، ھۆرمەتلىك جاھانگىر ئابدۇراھمان باتۇرنى تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋېلىڭلار، دېگەن!

«جاھانگىر!» دەپ ئۇ ئىچىدە ئۆزىنى مەسخىرە قىل-

دى. ئۇ شۇنچە ھەرىكەت قىلىپ، ئەمدى ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن ئىشنى رەسۋا قىلغان خۇدايارخاننى سۆكۈپ كېلىۋاتاتتى. ئەڭ يامىنى، ئۇ قەبىلە خەلقىگە يالغانچى بولۇپ قالدى. «بۇنى خۇدايارخان ئەتەي قىلدى. خەلق بىلەن ئالاقىسى مۇستەھكەملىنىپ كەتمىسۇن، ماڭا ھالال خىزمەت قىلمىسۇن، دېگەن نىيەتتە مۇشۇنداق قەبىھلىككە قول ئۇردى...»

بىر چاغدا ئابدۇراخمان دۆلەت ئەربابلىرى توپلىشىپ ئولتۇرغان قازىخانىغا كىردى.

قائىدە بويىچە، ئابدۇراخمان قورالىنى تاشقىرىدا قويۇپ كىرىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بېلىدە تاپانچا، يانپېشىدا قىلىچ ۋە قولىدا قامچىسى بىلەن كىرىپ كەلدى. بۇ ئەدەپسىزلىكنى بەزىلەر ئەركىلىككە ۋە بەزىلەر مەنسىتمەسلىككە بۇراشتى. ئابدۇراخمان تەختكە يېقىن كېلىپ تەزىم قىلدى. خۇدايارخان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مېنىڭ يولۋىسىم! — دەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بۇ ئىش باشقىلارغا قاتتىق تەسىر قىلدى، ئايرىم خۇشامەتچىلەر كۆز يېشى قىلىشتى.

ئىللىق سۆز ئىسسىتىدۇ. تەنتەنىلىك كۈتۈۋېلىش، قاتمۇ ـ قات ئىززەت ـ ئىكرام ئابدۇراخماننىڭ يۈرىكىدىكى كونا داغلارنى يۇيۇۋەتتى. شۇ كۈنى خۇدايارخان ئابدۇراخماننى قوقان قوشۇنلىرىغا لەشكەربېشى قىلىپ تەيىنلەپ، پەرمانىغا مۆھۈر باستى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇراھمان ئوردىدا ھۆكۈمداردىن كېيىنكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنغا ئېرىشتى.

ئىسيانكارلار كېيىن قايتىدىن بىرلىشەلمەي، كۆزگە يېقىن بىر يولىلا تىنچىدى.

گېنېرال گوبېرناتور شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدە خۇدايارخانغا خەت يېزىپ: «ئۆلكىڭىزدىكى مالىمانچىلىق پەرەزىمچە، بىر يولىلا تىنچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. بۇ مەن ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com

ئەلڭ ياخشى خوش خەۋەر. ئەمدى پەرۋەردىگار ساقلاپ، مۇنداق كۆڭۈلسىز ۋەقەلەرنىڭ يۈز بەرمەسلىكىنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلىمەن!» دەپ تەبرىكلىدى.

### 3

قىزىدىن ئايرىلغىنى يەتمىگەندەك، سۆيۈمخانىنىڭ سارالڭ بولۇپ، سارىبايىنى يالغۇز تاشلاپ كېتىشى دەرد ئۈستىگە دەرد بولدى. پەقەت مادىللا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. سارىباي قوبۇزنى ئەرمەك قىلىپ، دەردىنى يەڭگىللەشتۈرەتتى.

بۇرۇن تونۇش ـ بىلىش، قېرىنداشلىرى قوبۇز ئاڭلىغىلى كېلەتتى. ھازىر نېمىشقىدۇر ئاياغلىرى سېلىكىپ قالدى. بالىلىرىغا: «بارما، بالاسى تېگىدۇ» دەپ تاپىلاپ قويۇشقانمۇ، ئىشقىلىپ، تاماق ـ پاماق ئەكىرگەن ياش باللار گەپ قىلماستىن، سارىبايىنىڭ قولىغا قاچىنى بېرەتتى ـ دە، ئاستا چىقىپ كېتەتتى، كېيىنكى كۈنلەردە، سارىباي ئادەملەر بىلەن سۆزلىشىشكە شۇنچە تەلپۈنسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىن يولىمىدى. ئۇنىڭ نە تامىقىدا، نە ئۇيقۇسىدا ھۇزۇر ـ ھالاۋەت قالمىغانىدى، ئەمما تۈنۈگۈن قىزىق بىر چۈش كۆردى...

سارىباي خوتۇنى بىلەن ياپپېشىل توقايلىقتا يۈرگەنمىش. ئۇلار شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلارنى كېچىپ ئۆتەرئىمىش، بۇلبۇللار سايرىشىپ، يەڭگىل قانات قېقىپ ئۇچار ئىمىش، كىمدۇر تاغ چوققىسىدا ئولتۇرۇپ، خۇشال كۈيلەرگە قوبۇز چالار ئىمىش، قوبۇزنىڭ تىلىنى چۈشەنگەن سارىباي تېخىمۇ ئېچىلىپ: «مەن ئۆلۈپ، جەننەتكە كىرىپتىمەن ـ دە!... قاراڭ، خۇدا ئۇ دۇنيادىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ھېسابقا ئېلىپ، بۇ دۇنيادا جەننەتتىن ئورۇن بېرىپتۇ. ھە، بېھىش دېگىنى شۇ ئىكەن ـ دە!» دەرئىمىش ۋە تويماي ئەتراپقا زوق

بىلەن قارار ئىمىش...

شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئىت ھاۋشىپ، ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تىزىنى قۇچاقلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەرۋاھى ئۇچتى.

سارىباي بېشىنى كۆتۈرۈپ، دوپپىسىنى كىيدى، چاپىنىنى يەلكىسىگە تاشلىدى. تاشقىرىدىن بالىلارنىڭ ئاۋازى، قويلارنىڭ مەرىشى ئاڭلاندى. قورسىقى ئاچقانلىقى ئۈچۈنمۇ، تاڭ ئېتىپتۇ، دەپ ئويلىدى. قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ئەر كىشىنىڭ گەپلىرى قۇلىقىغا ئاڭلاندى. قىزىق، نېمە ئىش بولدىكىنە؟ بىلگۈسى كەلدى! ئەپسۇسكى... ئۇ يەنە قوبۇزنى ئېلىپ سازلىدى، يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان غەمكىن كۈيلەرنىڭ بىردىگە چالدى.

باھار كەلگىنى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ، سارىباينىڭ قېرىنداشلىرىدىن ئۈچ ئائىلىلىك كىشى سازساي يايلىقىغا كۆچمەكچى بولۇپ، خوشلاشقىلى كېلىشتى. سارىباي ئۇلارغا: «بوپتۇ، قېرىنداشلىرىم، قەيەردە بولساڭلار ئامان بولۇڭلار. يوقالماي، توزۇماي گۈللەپ كېتىڭلار. يادىڭلارغا يەتكىنىمدە، مېنىڭدىنمۇ ئانچە - مۇنچە خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭلار!» دەپ دۇئا قىلىپ ئاقيول تىلىدى.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋاتاتتى. بىر كۈنى مادىل ئاۋۇلدىن خۇش خەۋەر ئەكەلدى:

— ئۆتكەندە خۇدايارخان بىز تەرەپتىن بارغان قىرىق تۆردىنىڭ كاللىسىنى ئالغانىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، ئىسيانغا تەييارلىنىۋېتىپتۇمىش، بۇنى جارچىلاردىن ئاڭلىدىم. ئەتتەڭ، قېرىنداشلىرىمىز كۆچۈپ كەتمىگەن بولسا، مەنمۇ ئۇرۇشقا قاتنىشاتتىم.

— ئالدىرىما، ئۇرۇش سەن دېگەندەك ھېيتتا بوغۇرساق يېيىش ئەمەس، ئۇرۇش قىرغىنچىلىقىدا قانچىلىغان ئادەمنىڭ

www.uyghurkitap.com

بېشى كېتىدۇ، بىلەمسەن؟ — دېدى ساربباي، — قۇندۇزنىڭ ئۆچىنى ئالىمەن، دەپ سەندىنمۇ ئايرىلىپ قالماي!

— مەيلىتى، مەنمۇ بىر قىلىچ ئوينىتىپ كاززاپلارنىڭ ئەددىپىنى بەرگەن بولسام، ئارمىنىم قالمايتتى!

— ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرىڭ قانداقراق؟

— ئون سەككىزچە پىيالە، ئوتتۇزدەك كاسا تەييارلىدىم.

— بۇنچىلىكنى نېمە قىلىسەن؟

— تىرىكچىلىكتە كېرەك بولۇپ قالار.

— ياق، — دەپ خورسىندى ساربباي، — ھۈنەرۋەن قانچىلىك ئالدىرىماي ئىشلىسە، ياسىغان بۇيۇمى شۇنچىلىك بازار تېپىپ، قولدىن - قولغا ئۆتىدۇ، سەن سانىغا ئەمەس، سۈپىتىگە ئېتىبار بەرگىن.

— ھېلىمۇ يامان ئەمەس.

— سۇدا ئوبدان قايىنتىپ، بويىقىنى ياخشى بەردىڭمۇ؟ ئاتىمىز رەھمەتلىك زادىلا ئېرىنمەيدىغان ئۇستا ئىدى - دە!...

مادىل ئۆزى ياسىغان ياغاچ بۇيۇملىرىنى خۇرجۇنغا سېلىپ، ۋاقتى - ۋاقتىدا قىشلاقلارغا باراتتى، باھاسىغا چىققاندا سېتىپ قەدىر ئەھۋال تىرىكچىلىك قىلاتتى.

... مادىل خوتۇنىنى ئۆكۈزگە مىندۈرۈپ، قېيىنانىسىنىڭكىگە ماڭدۇرۇۋەتكەندى، ئىت ھاۋشىپ چوڭ يولدىن بىر ئاتلىق شۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. مادىل ئۆزىچە ئەنسىرەپ:

— خوتۇن، تېزرەك كەل. ئۆيدە بىرەرسىمىز قالمىساق بولمايدۇ. بۇ تەرىپىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن! — دېدى.

— يېتىۋالامدىم؟ ئىككى - ئۈچ كۈندە قايتىپ كېلىمەن. ئانام كېسەل بولۇپ قالغىنىغا بىر يىلدىن ئاشتى. تېخىچە بارغىنىم يوق...

خوتۇنى كەتتى. ئۇنىڭغىچە ئاتلىق يېتىپ كەلدى. تۆرىنىڭ يىگىتى ئىكەن. ئاتتىن چۈشمەي تۇرۇپ سالاملاشتى.

— مادىل، — دېدى ئۇ، — سېنى تۆرە چاقىرىۋاتىدۇ.

— قويغىنە، خوتۇنۇم ئانىسىنىڭكىگە كەتتى. ئۆيدە باشقا ئادەم يوق، ئاكامنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن.

— ئۇنى مەن بىلمەيمەن. ماڭا چاقىرىپ كەل دېدى، كەچكىچە قايتىپ كېلىسەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان سارىباي ئىچكىرىدىن تۇۋلاپ:

— تۆرە چاقىرغان بولسا، مەندىن ئەنسىرىمەي بېرىپ كەل، — دېدى.

مادىل خۇرجۇنىنىڭ ئىككى بېشىنى تولدۇرۇپ قاچا - قۇچا سالدى - دە، يەلكىسىگە تاشلاپ يولغا چىقتى.

ئابىل تۆرە ئۆيدە ئىدى. مادىل خۇرجۇننى بوسۇغا يېنىدا قويدى ۋە ئېگىلىپ تۆرىگە قول ئۇزاتتى. ئابىل ئۇنى ياخشى كۈتۈۋالدى.

— كەلدىڭمۇ؟ ... — دېدى ئابىل تۆرە تىنچلىق سورىشىپ.

مادىل تىز پۈكۈپ ئولتۇردى ۋە كۆپ ئۆتمەي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بۇ يىل ياسىغان ماللىرىمنىڭ ياخشىلىرىدىن ئەكېلىۋېدىم، — دېدى ۋە خۇرجۇندىكى پىيالە، كاسالارنى ئېلىپ قاراقاش ئايىمغا ئۇزاتتى.

— ئوھوي، ھۈنىرىڭ يامان ئەمەس، — دېدى قاراقاش ئايىم قاچا - قۇچىلارنى ھەۋەس بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ، — ياخشى! ناھايىتىمۇ چىرايلىق.

نېپىز يۇڭ چاپاننى يەلكىسىگە ئارتىپ ئولتۇرغان ئابىل تۆرە:

— خوتۇن، مادىل ساڭا سوۋغا ئەكەپتۇ - دە! — دېدى.

— ياق، تۆرە! يەڭگىمىزنىڭ بوسۇغىسىنى قۇرۇق قول ئاتلىماي، دېدىم.

— ھە، مادىلىم! سەن قۇرۇق ياغاچنى ئەمەس، ھۈنىرىڭنى سوۋغا قىلىۋاتىسەن، سوۋغا جاۋابسىز قالمايدۇ. بۇ قەدىمدىن

www.uyghurkitap.com

قالغان ئادەت.

قاراقاش ئايىم كاسالارنىڭ ھەممىسىنى چايقاپ، قىمىز قو-يۇپ ئېرىگە ئۇزاتتى.

— رىزقىمىزغا ھەمىشە شېرىك بولسۇن بۇ كاسا-لار! — دېدى تۆرە ۋە باش كۆتۈرمەي قىمىزنى سۇمۇردى، ئاندىن كاسىنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇياق - بۇيېقىغا قارىدى، — ئاتاڭ، بىزنىڭ ئاغىمىز قۇلان ئاكا مەشھۇر ئۇستىلاردىن ئىدى. بولۇپ-مۇ، ياغاچتىن ئىشلەنگەن بۇيۇملىرى خېرىدارلىق ئىدى. خەيرى-يەت، ئاتا كەسپىنى ئۆگىنىپتىكەنسەن. مادىلىم، قېنى، خو-تۇن، مادىلغىمۇ قىمىزدىن قۇيغىن.

مادىل خۇشاللىقىدىن ئۆزىنى قويۇشقا يەر تاپالماي، ئىشتىها بىلەن قىمىزنى ئىچتى.

— گەپ قىل، مادىل. ھال - ئەھۋالىڭلار قانداق؟ سارىباي ياخشىمۇ؟

— تۆرە ئاكا، خۇدا بېشىمىزغا سالغان كۈننى كۆرۈپ باق-تۇق!

— شۈكرى قىل، مادىلىم! ياخشىمۇ سارىباينىڭ بەختىگە سەن بار ئىكەنسەن. ياخشى كۈتكىن. ساۋابىنى ئالىسەن!

— ھەممىسىدىنمۇ كېيىنكىسى بىزگە تەسكە چۈشتى. بۇنى ئۆزىڭىز ياخشى بىلىسىز، تۆرە ئاغا...

— ۋاي، قويساڭچۇ، — دەپ بىلجىرلاپ سۆزگە ئارىلاشتى قاراقاش ئايىم، — قىزىڭلارغا يامان بولمىدى، ئوردىغا بېرىپ ھالاۋەت كۆردى.

مادىل كەينىگە بۇرۇلۇپ، «ھوي ئاشۇ ئورداڭنى... ئورداڭغا ئوت كەتسۇن!» دېدى ئىچىدە. قاراقاش ئايىم يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋىدى، ئابىل تۆرە باش ئىشارىتى بىلەن جىملەپ قويدى.

— توغرا، يامان بولدى، — دېدى ئابىل تۆرە، — بىراق ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆرگىن، بۇ خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئىش.

ئابىل تۆرىمۇ، مادىلمۇ خىلىغىچە خىيال سۈرۈپ جىم ئولتۇردى. مادىل بىر يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق ۋەقەلەرنى ئەسلەپ، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. ئابىل تۆرە بولسا، «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك، دۆمبۇنىڭ ئۆلۈمىنى بىرەرىگە ئېغىزدىن چىقىرىپ قويىدىمىكىن، دېگەن خىيال بىلەن ئولتۇراتتى. ئاخىر ئۇ يەنە ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

— تەگرىبەردى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرامسىلەر؟ سارىباي بىلەن بۇرۇندىن ئۇلپەتچىلىكى بار ئىدى.

— لازىم بولغاندا ئانچە ـ مۇنچە بۇغداي ـ قوناق ئېلىپ تۇرىمىز.

— توغرا، تەگرىبەردىدىن ئاشلىق، بىزدىن بولسا سويۇش ئۈچۈن مال ئېلىپ تۇر. قېرىنداش ئۇرۇق مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىر ـ بىرىنىڭ هالىغا يېتىپ تۇرۇشى كېرەك.

— خۇدا رەهمەت قىلسۇن، تۆرە!

ئۇلار باشقا گەپ قىلىشمىدى. ئابىل تۆرە مادىلنى گۆش بىلەن قىمىزغا راسا تويغۇزدى، كېتىشىدە بىر بايتالنى سوۋغا قىلدى.

— هال ـ ئەهۋالىڭلارنى بىلەي، دەپ چاقىرتقانىدىم. ئۆزۈڭ بىلىپ كەلمەيسەن. مانا بۇ بىرەر ئىشىڭغا ئەسقېتىپ قالار، مادىلىم. سارىبايغا سالام دېگىن.

مادىل قانداق قىلىپ رەهمەت ئېيتىشنى بىلمەي، بايتالنىڭ بىردەم ئۇ تەرىپىگە، بىردەم بۇ تەرىپىگە ئۆتتى. يالىدىن سىلىماقچى بولۇۋىدى. بايتال ئۈركۈپ كەتتى. مادىل خۇددى بىرى «مىنىپ كېتەلمىسەڭ تاشلاپ كەت» دەيدىغاندەك ، ئالدىراپ ـ سالدىراپ:

— يېتەكلەپ كېتەي! — دېدى.

ئابىل تۆرە يېنىدا تۇرغان قارا چالغا ئىشارەت قىلىپ:

— ئېگەر ـ جابدۇقلىرىنى راسلاپ، ئۈزىتىپ قوي!

— دېدى ۋە بايتالنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن تاينى كۆرۈپ داۋام قىلدى، — ئۇنىمۇ قويۇۋەت، تايچاق ئانىسىدىن ئايرىلمىسۇن. بۇ قاراقاش ئايىمغا ئەكەلگەن رەڭدار كاسالىتىنىڭ ئۈچۈن.

— كېرەك ئەمەس، تۆرەم، — دېدى مادىل خىجىل بولغاندەك.

— قۇرۇق سىپايىگەرچىلىكنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — ئابىل تۆرە كۈلۈپ قويدى.

... مادىل شۇ كۈنى ئۆيىگە قايتمىدى. سارىباي كۈتۈپ-كۈتۈپ ئاخىر قونۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، ئاشخانىدىن بىر سىقىم يارما تېپىپ قورسىقىنى بەزلىدى ۋە قايتىپ كېلىپ ئورنىغا ياتتى، خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى.

ئەتراپ جىمجىت ئىدى. يېقىن ئەتراپتىكى توقايلىقتا قوشۇلارنىڭ ئۈچى گويا شامالغا ئىنتىزاردەك ئاستا قىمىرلىشاتتى. سارىباينىڭ تېنى ئۈيۈشاتتى. ئىشىكتە مادىلنىڭ ئىتى هاۋشىدى. سارىباي بېشىنى كۆتۈردى. «مادىل كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ كۆڭلى ئەمىن تاپتى، لېكىن شەپە ئاڭلانمىدى، بىر ۋاقىتچە ئاقتۆش غىڭشىپ، سارىباي ياتقان ئۆينىڭ بوسۇغىسىنى تىرمىلىدى.

«هەي، ئاقتۆش، ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ قويدى سارىباي، ئىت تاقەتسىزلىك بىلەن يەنە غىڭشىدى. سارىباينىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى. كاللىسىغا «بۆرە» دېگەن ئوي كەلدى. ئىت جان-جەهلى بىلەن هاۋشىدى. مادىلنىڭ تاشقىرىدا باغلاقلىق تۇرغان يالغۇز كالىسى هۆركىرەپ پىشقىرىدى. سارىباي ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئىشىككە ئېتىلدى.

«هاي-هاي! ...» دەپ ۋارقىرىدى. ئۆزىچە قاتتىق-قاتتىق گەپ قىلدى. سارىباينى كۆرۈپ ئىتمۇ جىددىيلىشىپ، باشقىدىن هۈرۈشكە باشلىدى. سارىباي تاشقىرىدا خېلى ئولتۇر-

دى. ھەممە تەرەپ سۇ سەپكەندەك بولۇپ قالدى. مال خاتىرجەم كۆشەشكە باشلىدى.

كۆزنىڭ سوغۇقى سۆڭەكلىرىدىن ئۆتكەن ساربا‌ي ئۆيىگە كىر-دى ـ دە، تىمىسقىلاپ جايىنى تاپتى. ئايەت ئوقۇدى. مادىل نېمىشقا كېچىكتىكىنە؟ دەپ ئويلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى ...

«چېشىم، ۋاي چېشىم ـ مەي!» دەپ ساربا‌ي ئىڭرايتتى. ئوتتۇز ئىككى چىشىدىن پەقەت بىرلا ئېغىز چىشى قاپتۇ. ئۇمۇ سىرقىراپ ئاغرىيتتى. كۆز ئالدىدا چايقىلىپ تۇرغان كۆل پەيدا بولدى. سۈيى شور، كۆل قىرغىقىدىن تېشىپ، ساربا‌ينىڭ بېشىدىن ئېشىپ كېتىۋېتىپتۇ. ساربا‌ي قاچاي دەپ قاچالمايدۇ، دەرمان يوق ساربا‌ي «چېشىم، چېشىم!» دەپ يەنە ئىڭرىدى. «كەل، سۇغۇرۇپ تاشلاي!» دەپ ئۆزى قاپقارا، كۆزلىرى ئاپئاق بىرى پەيدا بولدى. «يالغۇز چېشىمنى سۇغۇرۇپ تاشلىساڭ، قانداق تىرىكچىلىك قىلىمەن؟» ھېلىقى كىشىنىڭ كۆزى چوغ-دەك قىزاردى. ساربا‌ينىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بىر تارتىپ چىشىنى سۇغۇرۇۋالدى. يالغۇز ئېغىز چىشى قانغا ئارىلىشىپ، ساربا‌ي-نىڭ ئالىقىنىغا چۈشتى...

ساربا‌ي چۆچۈپ ئويغاندى، چۈشى ئىكەن. «مادىل تېخىچە كەلمەپتۇ» دەپ پايپاسلاپ تاشقىرىغا چىقتى. شامال چىقىۋاتاتتى. ئورماندىن سېغىزغاننىڭ شاق ـ شاقى ئاڭلىناتتى. ساربا‌ينىڭ يۈرىكىنى قورقۇنچ باستى.

— مادىل! — دەپ چاقىردى، ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. نېمىدۇر شالدىرلايتتى. ھە، كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ. ئوت ـ چۆپ-لەر شىلدىر ـ شىلدىر قىلىۋاتاتتى. ئەنە، ئەنە كەلدى. ساربا‌ي ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— ھەلىمە! — دېدى بار ئاۋازى بىلەن. جاۋاب چىقمىدى. ھە، راست، مادىلنىڭ خوتۇنى تۈنۈگۈن كەتمىگەنمىدى؟ بۈگۈن كەلمىگەندۇر تېخى. ئۈچ ـ تۆت كۈن تۇرىمەن دەۋاتاتتىغۇ! دەپ ئويلىدى.

— بېرىراق كەل، سادىغاڭ كېتەي! — دېدى سارىباي پۈت-قولى لاكاسلاپ، — سەن كىمسەن؟ مادىل؟

ئۇ خېلىغىچە قېتىپ تۇرۇپ قالدى. مادىلنىڭ ئىتى سارىباينىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىنى يالىدى، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، نېمىدىندۇر ئۈمىدۋار بولدى، ئاياغلىرىغا سۈركەلدى. سارىباي ئولتۇردى. «قانداق كۈنلەرگە قالدىم، — ئويلىدى ئۇ، — ناھايەتكى يېنىمدا ئىتتىن باشقا جاندار بولمىسا؟» ئۇ خېلىدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ چاقىردى:

«ئاقتۆش! ئاقتۆش! نەگە كەتتىڭ؟ ئاقتۆش! ئىتمۇ كېتىپتۇ! — ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلدى، — ئاقتۆش! — ئۆز ئاۋازىنى ئۆزى تونۇماي چۆچۈپ كەتتى، ئالدىراپ ئۆيگە كىردى، — ئاقتۆش، سەنمۇ مېنى تاشلاپ كەتتىڭمۇ؟!»

ئاقتۆش ئېدىرلىقتا قوڭغۇز تېرىپ يەپ يۈرگەنىدى. سارىباينىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ كەلدى. سارىباينىڭ ئۇنى قېچىپ كەتمىسۇن، دەپ ئەركىلىتىپ، بېشىنى سىلىدى، كېيىن مۇڭلۇق خەلق ئاھاڭلىرىدىن بىرىنى غىڭشىپ ناخشا ئېيتتى. سەل يەڭگىللەشتى...

شۇ تەرىقىدە ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. سارىباي ئۈچۈن ئەنە شۇ ئۈچ كۈن ئۈچ يىلدەك تۇيۇلدى، ئۇكىسىنى كىرپىك قاقماي كۈتتى. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭدىن دېرەك يوق ئىدى. ئادەتتىكىدەك تاشقىرىغا چىقىپ مادىلنى، ئۇنىڭ خوتۇنى ھەلىمەنى چاقىردى. جاۋاب بولمىدى. ساق بولسا كېلەر ئىدى! ساق بولسا كېلەر ئىدى! يالغۇز ئىنىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قالسا-ھە؟! ئىچى تىت-تىت بولدى، گويا ئۈمىد چىراغلىرى ئاستا-ئاستا ئۆچۈۋاتقانغا ئوخشىشاتتى. باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىق-يامانلىقلىرىنى ئويلىدى. ئۇ بىرىگە يامانلىق ئەمەس، شۇ ياشقا كىرگۈچە بىرىگە تىكىلىپ قارىمىغانىدى. «نېمىشقا شۇنداق ئازاب-ئوقۇبەتكە قالدىم؟ ئەيىبىم نېمە؟ گۇناھىمچۇ؟ ياكى بىر ئۆمۈر

ئوۋچىلىق قىلىپ تاغدىكى جانىۋارلارنى ئۆلتۈرگىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ھەي، خۇدا، نېمە ئۈچۈن جانىۋارلارنى ياراتتىڭ؟ ئاخىر بۇ بەندەڭنى خار قىلىپ، يېرىم يولدا نېمىشقا تاشلاپ كەتتىڭ ئەي، تەڭرىم!»

«ئاقتۆش، ئاقتۆش!» دېدى سارىباي، ئىت سەكرەپ ئەر-كىلىدى. سارىباينىڭ قولىنى ئىسسىق تىلى بىلەن يالىدى.

«ئاقتۆش!... ئاقتۆش! خوش، ئەمدى نېمە قىلىمىز؟ ما-دىلنى ئىزدەمدۇق؟ بېشىمىز قايغان تەرەپكە كېتەيلىكمۇ؟ ھېچ گەپ ئەمەس، سېنىڭدە تىل بولمىغىنى بىلەن كۆز بار، مەندە تىل بار بولغىنى بىلەن كۆز يوق. مەيلى، يول تېپىپ، مادىلنى ئىزدەيمىز. قېنى، يول باشلىغىن!»

ئىت سارىباينىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي ئەتراپىدا ئايلاندى. كېيىن سارىباينىڭ ھاسىسىنىڭ ئۇچى بىلەن يەرنى ئۇرۇپ، چوڭ يولغا بۇرۇلغاندى، ئاقتۆش پەملەپ ئالدىغا چۈشتى.

— ما...دى...ل — سارىباي ئىت باشلىغان تەرەپكە كېتىۋەر-دى، — ما...دى...ل...!

سارىباي گويا بىر نەرسىنى كۆرۈۋاتقاندەك گاھىدا ئارقىسىغا قاراپ - قاراپ قوياتتى.

— ما...دى...ل...!

ئىت سارىبايدىن يىراققا كەتمەي يول باشلاپ باراتتى.

— ما...دى...ل...!

سارىباي يول بويى يىغلاپ كۆپ يۈردى، قۇلىقىغا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. ساي-نىڭ قىرغىقىغا بېرىپ، قولىنى يۇدى، مۇزدەك سۇدىن ئىككى ئوچۇم ئىچتى. سارىباي ھارغانلىقىنى ئەمدى بىلدى. ئۇ ھاسى-سىنى ئەتراپقا دوكۇلدىتىپ ئۇرۇپ كۆردى. ھاسا نېمىگىدۇر تەگدى. تاش ئىكەن، ئۇنى سىلاپ تېپىپ ئولتۇردى...

ئاقتۆش توساتتىن ھاۋشىدى. سارىباينىڭ يۈرىكى جىغغىدە

قىلدى. ئىت ئىگىسىنى ئايلىنىپ ھۇرەتتى،

ساربابايىنىڭ قۇلىقىغا: بۇ يەردە ئىت نېمە قىلىپ يۈرىدۇ؟ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ساربىباي ئەتراپقا ئەلەڭلەپ:

— مادىل! — دەپ ئالدىغا ئىنتىلدى، لېكىن ئورنىدىن تۇرالماي يىقىلدى.

بۇ تىرىكچىلىكنىڭ كويىدا يۈرگەن گۈلكىشى ئىدى. ئۇ تونۇپ قالدى:

— ساربابايمۇ سەن؟ — دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ قولتۇقىدىن يۆلىدى، — خوش - خوش! قاياقتىن؟

ساربىباي جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدى.

... ئەتىسى بىر سايدىن مادىلنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىشتى. مادىلنىڭ قېنى قېتىپ، قورسىقى كۆپۈپ كەتكەنىدى. ئۈركۈگەك بايتال قېچىپ بېرىپ، ئۆز توپىغا قوشۇلغانىكەن. ئابىل تۆرە ئۇنى تۇتقۇزۇپ، مادىلنىڭ ئۆلۈكىنى ئارتىپ ئەۋەتتى. پەرەز قىلىنىشلىرىچە، مادىل بايتالنى مىنىپ يولغا چۈشكەن. بايتال يولدا ئۈركۈپ مادىلنى ئېلىپ قاچقان. مادىل ئەپلىيەلمەستىن يىقىلغان، بىر ئايىغى ئۈزەڭگىگە ئىلىنىپ قالغاچقا، بايتال ئۇنى سۆرەپ ئۆلتۈرگەن...

ساربابايىنى تونۇيدىغان يىراق - يېقىندىكىلەر توپلاندى. يېشىلسايدىن تەڭرىبەردى، تېمىنسۇدىن ئابىل تۆرە، تولتېمىر ۋە باشقىلار كېلىپ بەل باغلاپ تۇردى، بىرى گۆر كولىدى، باشقىسى مال سويدى. ساربابايغا تەسەللى بېرىپ، مەرىكىنىڭ ھەممە كەم - كۇتىلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشتى.

ساربىباي مادىلنىڭ مۇردىسىغا يېقىنلاشتى، ئۇزۇن قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ قېنى قاچقان يۈزلىرىنى سىلىدى.

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال! شۈكرى قىل، ساربىباي! — دەپ تەڭرىبەردى ئۇنى تۇرغۇزۇپ بىر چەتكە ئەكەتتى.

مۇردا يۆيۈلۈپ، كېپەنگە ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، تا-
ۋۇتقا سېلىندى، ئۈستىگە چاپان يېپىلدى. تاۋۇتنى ئۆيدىن قېرى-
لار كۆتۈرۈپ چىقىشتى. قېرىنداش - ئۇرۇقلار يىغا - زار
قىلىشتى. مادىلىنىڭ خوتۇنى ھەلىمەمۇ چىچىنى يۇلۇپ ھازا ئاچ-
تى. بېكنەزەر تاۋۇتنى توختىتىپ:
— ھەي، خالايىق، — دېدى، — مادىلىنىڭ خوتۇنى ھەلىمە
يەڭگىمىزنىڭ بويىدا ئۈچ ئايلىق بالىسى بار ئىكەن. ھەممەيلەن
ئاڭلاپ قويۇڭلار!
— ياخشى! ناھايىتى ياخشى! بىچارە مادىلدىن ئەۋلاد قالغى-
نى ياخشى بوپتۇ! — دېيىشتى جامائەت.
تاۋۇت كۆتۈرگەنلەر خالىيراق جايغا چىققاندىن كېيىن، تا-
ۋۇتنى پاكىز يەرگە — قىبلىگە قارىتىپ قويۇشتى، تاھارىتى
بارلار جىنازا نامىزى ئوقۇدى. نامىزى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن
كېيىن تۆت يىگىت تاۋۇتنى يەلكىسىگە ئالدى. شۇ تەرىقىدە
ئادەملەر تېز - تېز ئالمىشىپ، تاۋۇتنى قولدىن - قولغا،
يەلكىدىن - يەلكىگە ئېلىپ مېڭىشتى. تەڭرىبەردى سارىبايىنى
ئاتقا مىندۈرۈپ يېتەكلەپ كېلەتتى. قەبرىستانغا كەلگەندە تاۋۇت-
نى يېڭى تۇپراق ئۈستىگە قويۇشتى. گۆركارلار بىر چەتكە ئۆ-
تۈشتى، تەڭرىبەردى گۆرگە چۈشۈپ، لەھەتنى كۆزدىن كە-
چۈردى:
— بوپتۇ! تىرىكىدە ئۆيى كەڭ ئىدى، ئۆلگىنىدە گۆرىمۇ
كەڭ بوپتۇ.
كېيىن مۇردىنى تاۋۇتتىن ئالدى، تەڭرىبەردى باش تەرىپى-
دىن ئاستا تۇتۇپ:
بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم... — دەپ گۆرگە ئېڭىش-
تى. ئىككى - ئۈچ كىشى مۇردىنى پەسكە چۈشۈرۈپ، بېشىنى
قىبلىگە قارىتىپ ياتقۇزۇشتى. گۆلكىشى چاپاننىڭ پېشىنى تۇ-
تۇپ، قەبرە بېشىغا كەلگەنلەرگە بىر ئوچۇمدىن تاشلىغان تۇپراق-

ـنى يىغىپ گۆر ئىچىگە تۆكتى. تەڭرىبەردى لەھەت ئاغزىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن چىم بېسىپ بېكىتتى ۋە قولىنى قېقىپ ئۈستىگە چىقتى:

— قېنى، توپا تاشلاڭلار!

ئادەملەر قوللىرىغا كەتمەن، گۈرجەك ئېلىپ، گۆرگە توپا تاشلىدى.

— ھە، خالايىق! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى بېكنەزەر، — مادىل قانداق ئادەم ئىدى؟

ئابىل تۆرە ئالدىراپ:

— ياخشى ئادەم ئىدى! — دەپ قويدى.

بېكنەزەر:

— ھەي، خالايىق! قەدىردانىمىز مادىل قانداق ئادەم ئىدى؟

— ياخشى ئادەم ئىدى، ياخشى ئادەم ئىدى!

ئۈچىنچى قېتىممۇ ئادەملەر بېكنەزەرنىڭ سۆزىگە ئەنە شۇنـداق جاۋاب قايتۇرۇشتى.

— ھە، خالايىق! مادىلدا كىمنىڭ ئالىدىغىنى بار؟ قەرز بىلەن كەتمىسۇن! ئېيتىڭلار، مۇبادا قەرزى بولۇپ قالسا، مانا بىز تۆلەيمىز، — بېكنەزەر بۇ سوئالىنىمۇ ئۈچ قېتىم تەكرارلىـدى.

— يوق، ھەققىمىز يوق! — دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

بېكنەزەر:

— ھەي، ياخشىلار مادىلغا بېرىدىغىنىڭلار بارمۇ؟ ئېيتىڭـلار، يەنە بويىنۇڭلاردا قىيامەت قەرزى بولۇپ قالمىسۇن!

— يوق! — دەپ جاۋاب قايتۇردى ئادەملەر.

ئابىل تۆرە:

— تولتېمىر! — دېدى غەمكىن ھالدا، ھەممىسى تولتېـمىرگە قارىدى، — مانا قەبرە ئۈستىدە تۇرۇپتىمىز. قان بار يەردە قازا بار! مادىلنى ھازىرلا دەپنە قىلدۇق، ھەممىمىزنىڭ

كېلىدىغان جايىمىز مۇشۇ يەر. ئارىمىزدا دۆمبۇمۇ، مادىلمۇ يوق. مادىلىنىڭ تورۇق قاشقا ئېتىنى ئاكاڭ دۆمبۇ ئاتىنىڭ ئۈستە-گە قىزىق ئارغامچا باغلاپ، ئالىچىپار قىلىۋالغانلىقى ئېسىڭدە بارمۇ؟ بۇنى بوينۇڭغا ئال!

تولتېمىر لالىدەك قىزىرىپ كەتتى:

— تۆرە... تۆرە... بۇ گەپنى نېمە ئۈچۈن دۆمبۇ تىرىك ۋاقتىدا ئۆزىگە ئېيتمىدىڭىز؟

ئولتۇرغانلار ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— باشقا گەپنى قوي، تولتېمىر، — دېدى ئابىل تۆرە، — دۆمبۇ ئېتىلغان كۈنى شۇ ئات چۇلۇۋۇرنى سۆرەپ مادىلىنىڭ ئىشىكىگە كەپتۇغۇ؟ بۇنى نېمە دەيسەن؟ ئىمانىڭ بولسا بوينۇڭغا ئال! بولمىسا، ئۆزۈڭ بىلىسەن. تورۇق قاشقىنىڭ قانداق قىلىپ ئالىچىپار بولۇپ قالغانلىقىنى سەن ياخشى بىلىسەن. ئۇنىڭ تۈسىنى ئۆزۈڭ ئۆزگەرتكەنسەن.

تولتېمىر خىجالەتچىلىكتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى - دە، چەتتە تۇرغان ئاتنى يېتەكلەپ كېلىپ، ئېگەر - توقۇمىنى ئېلىپ تاشلاپ، چۇلۇۋۇرنى سارىبايىنىڭ ئالدىغا تاشلى-دى:

— ئاكام گۆردە تىنىچ ياتسۇن... مېنىڭمۇ قولىقىم تىنچى-سۇن...

ھېچكىم بىلمەي قالدى. بىر بالا ئارقىدىن كېلىپ تولتې-مىرنىڭ بېشىغا قامچا بىلەن ئۇردى. ئادەملەر ھاي - ھايلىشىپ كەتتى. تولتېمىرنىڭ دوپپىسى ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ، قامچا تەڭلەپ كېلىۋاتقان مادىلىنىڭكىدەك كۆزى چاقناپ تۇرغان ئۈسمۈرنى كۆردى. ئاڭغىچە بىر كىشى:

— ھاي - ھاي! بۇياققا تۇر! — دەپ بالىنى تۇتۇۋالدى.

گۇلكىشىنىڭ يۈرىكى دۈك - دۈك سېلىپ، ئىچىدە خۇشال بولۇپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. بۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ

يىل بۇرۇن، بىر ئاغىنىسىنىڭ ئاشۇ ئۆسمۈر بىلەن چاقچاقلاشقان سۆھبىتى يادىغا چۈشتى. شۇ چاغدا ئاغىنىسى: «ھەي يىگىت، تولتېمىرنى قانداق قىلىسەن؟» «قايسى تولتېمىرنى؟!» «ئاتاڭ-نى ئۇرغان تولتېمىرنىچۇ؟» ئۇنىڭ قانداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى چال نەچچە قېتىم ئاڭلىغان بولسىمۇ، قايتا ـ قايتا سورىغانىدى. جاۋاب يەنىلا ئوخشاش بولدى: «ئۇنىمۇ؟ بارمىقىدىن تاسما بىلەن باغلاپ، دەرەخكە ئېسىپ قويۇپ راسا ئۇرىمەن!» خەيرىيەت يە-گىتچاقنىڭ ئېسىدە بار ئىكەن، يىگىت تولتېمىرنى قامچا بىلەن ئۇرغاندا، گۆلكىشى ئوغلىدىن ناھايىتى خۇشال بولدى:

— قوي، دەپ ئېيتمايسىلەرغۇ، بىئەدەپ بالا ئىكەن، — دېدى تولتېمىر ئاچچىقلىنىپ.

— ئەدەپسىز مىكەن، تولتېمىر؟ — دېدى گۆلكىشى، — ھازىر ساڭا بۇلارمۇ ئاز كېلىدۇ. كۆرۈپ قوي، ئۇ مېنىڭ بالام!

— ھەي، گۆلكىشى، قويساڭچۇ، ئۆتكەن ئىشنى تەگمە!

— نېمىشقا قويىدىكەنمەن، — دېدى گۆلكىشى، — قىرغىزنىڭ ئۆچى قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ تۈگمەيدۇ!

توپا تاشلىنىپ بولدى. تەڭرىبەردى قۇرئان ئوقۇدى، دۇئا قىلىنىشتى. كونا قائىدە بويىچە، يەتتە قەدەم مېڭىپ يەنە ئولتۇ-رۇشتى. بۇ قېتىم قۇرئاننى سارباي ئوقۇدى، ھەممىسى دۇئا قىلىپ ئورنىدىن قوزغىلىشتى. تارقىلىش ئالدىدا، سارباي ئات-نىڭ چۇلۋۇرىنى بېكىنەزەرگە تۇتقۇزۇپ مۇنداق دېدى:

— ئەمدى بىزگە ئاتنىڭ كېرىكى يوق. زامان چالغىۋاتىدۇ، كۆڭلۈڭگە ئالما، بۇ ئارغىماق ساڭا قانات بولسۇن!

شۇ كۈنى جىنازا نامىزىغا كەلگەنلەر مەرھۇمنىڭ ئېشىنى يېيىشىپ، تارقالدى. تەڭرىبەردى بىلەن گۆلكىشى سارباينىڭ يېنىدا قالدى. كېيىن جانلىق ئۈچۈن مال سويۇپ، مادىلىنىڭ يەتتىسىنى ئۆتكۈزۈشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، تەڭرىبەردى بىلەن گۆلكىشى سارباينى

ئۆز قىشلاقلىرىغا كۆچۈرۈپ كېلىشتى. لېكىن ساربىاي قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئۇ پەقەت گەپ قىلمايتتى، ئېغىر قايغۇ، ۋاقىتسىز ئايرىلىش قاتتىق تەسىر قىلغانىدى، تەڭرىبەردى ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمىدى، تازا بىر ئاي دېگەندە، ئۇ تۇزىلىپ ئاران ئورنىدىن تۇردى.

بىر كۈنى ساربىاي قوبۇزنى سوراپ قالدى. تەڭرىبەردىنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا يېڭى تار ئورنىتىپ قويغانىدى، دەرھال ئېلىپ بەردى. ئۇ، قوبۇزنى سازلىدى، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئىنسان ئۆمرىنىڭ ناھايىتى قىسقىلىقىنى، دۇنيانىڭ باھاسىز ۋە ۋاپاسىزلىقىنى ئويلاپ، «سەن دۇنيا» دې-گەن مەشھۇر قوشاقنى ئاھاڭغا سالدى:

سەن، سەن دۇنيا، سەن دۇنيا…
بىر يۈزىگە كۈن چۈشكەن،
بىر يۈزىگە تۈن چۈشكەن،
ئاۋۋال قىزىق، كېيىن ئۆكۈنۈش،
غەلىيانغا تولغان سەن دۇنيا…

بۆدۈننى قۇرغۇيغا
يەم قىلغانسەن سەن دۇنيا.
قوشكېزەكنىڭ بىرىنى
كەم قىلغانسەن سەن دۇنيا…

بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن، مادىل ئىككىسى ئارغىماققا مىنىپ، بىرمۇنچە پۇل بىلەن سودىگەرچىلىك قىلىشقا ئەنجانغا بېرىشقانىدى. شۇ چاغدا، ساربىاي بىر قەلەندەرنىڭ ئاشۇ قوشاق-نى ئېيتىپ، بازار ئايلىنىپ يۈرگىنىنى كۆرگەنىدى. ساربىاي ئۇنىڭغا بىر تەڭگە پۇلنى سادىغا قىلىۋىدى، قەلەندەرنىڭ پۇلغا

www.uyghurkitap.com

قاراپمۇ قويماي، خۇددى دۆلەتمەن ئادەملەرنىڭ نېرى كەتكەنلىكى دائىم ئېسىدە ئىدى. ئۇ چاغلاردا ساربىاي باي ئىدى، ئەمدى بولسا، بۇ دۇنيادىكى بارلىق زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك، شەپقەتسىزلىكنى، ئازاب - ئوقۇبەتنى ۋە خورلۇق - زورلۇقنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتىدۇ.

سەن، سەن دۇنيا، سەن دۇنيا،
كىملەر يەتكەن تېگىڭگە؟
يورۇق ئالەم دېگۈزگەن،
ئوغۇز سۈتىن ئېمىزگەن،
ئانام نەدە ھەي دۇنيا؟

ئالتۇن بۆشۈكنى تەۋرەتكەن
ھەق - ناھەقنى ئۆگەتكەن،
ئاتام نەدە، سەن دۇنيا؟
ھەر كۈن خۇشال ئويناتقان،
ۋاپا نەدە، سەن دۇنيا؟

قوبۇز بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ، غەم - غۇسسىلەرنى نالە قىلاتتى.

سەن، سەن دۇنيا، سەن دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭسەن.
شاھ، گادايىنى بىر قىلىپ،
نەيزەڭ بىلەن ئىلغانسەن.
رەڭگىرويىنى سولدۇرغان،
بار بىساتنى توزدۇرغان،
يالغۇز ئۆزۈڭ پالۋانسەن ...

## 4

«ئەي، خۇدا ئۇرغۇر، تېگى پەس، جاھاندا مۇنداقمۇ ئەخمەقچىلىق بولامدۇ؟! بىر قېتىمدىلا قىرىق ئۇرۇقنىڭ قىرىق بېگىنى يوقىتامدۇ؟! بەگلىرىدىن ئايرىلغان قەبىلىلەر قانداق قىلار، دەپ ئويلىمىدىمىكىن بۇ رەسۋايى جاھان!» خەلق خۇددى بوراندا دولقۇنلىنىپ، بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىزغا ئوخشاشتى. ئوردىغا بارغان قىرىق ئەلچىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ھەممىنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. ئەمدى جەڭ قىلىشتىن باشقا ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىغا ئادەملەرنىڭ كۆزى يەتكەنىدى.

— ھەي، بېكنەزەر! بىر قولىمىزنى كۆتەككە قويۇپ چاناۋاتسا ئىككىنچى قولىمىزنى قوينىمىزغا سېلىپ تۇرىمىزمۇ؟! — دەپ قىشلاقنىڭ ئاقساقاللىرى بېكنەزەرنىڭ ئالدىغا چۈشتى. ئابىل تۆرە غەزىپى ئۆرلىگەن ئالامىنى كۆرۈپ، قويۇڭلار، دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇشقا كۆزى يەتمىدى.

— ئاتلىنىمىز! — دېدى بېكنەزەر. باتۇرنىڭ بۇ سۆزى گويا بۇيرۇق بولۇپ، يىراق - يىراقلارغا تارقالدى. ھەش - پەش دېگۈچە مىڭغا يېقىن كىشى ئاتلاندى. بېكنەزەر ئۇلارنى ئۆزى باشلاپ سەفېدبىلالگە يول ئالدى.

ئىسيانچىلار: «بىرلىشەيلى، بىر ياقىدىن باش چىقارساق، بىزنى ھېچكىم يېڭەلمەيدۇ!» دەپ، دادىللىق بىلەن يولغا چىقتى. يول بويى كۆپىيىپ باردى. بەگلەر پەيغەمبەرنىڭ يېشىل تۇغى قادالغان سەفېدبىلال مازارىدا ئاق تۆگە سويۇپ، ئىس چىقىرىپ، كېچە - كۈندۈز تاۋاپ قىلىشتى. ئىسھاق بولسا، چاتقالدىن ئۆتۈپ، ئالابۇقادىكى مەرد ئەشىم قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن توختىغانىدى.

بېكنەزەر توپابەلگە كەلگەندە، تىزگىنىنى تارتتى. «مانا، ئالدىڭلاردا ئىككى يول، — دېدى ئۇ، — بىرى سولغا —

www.uyghurkitap.com

سەفىدبىلالغا، ئوڭ قولىدىكى يول ئالابۇقاغا ئاپىرىدۇ. پەيغەم-
بەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان يېشىل تۇغى ئاسماندا تۇرۇپ
تۇرسۇن! — دەپ بېكنەزەر تىزگىنىنى ئوڭغا بۇرىدى، — بىز
مەرد ئەشىمنىڭ ئەرۋاھىغا دۇئا قىلايلۇق. بۇ خەلق ئۈچۈن جان
بەرگەن!» قوشۇن باتۇرنىڭ كەينىدىن يولغا چۈشتى.

ئىسھاق «مازار بولسۇن، تەۋەررۈك قەدەم جاي بولسۇن»
دەپ مەرد ئەشىمنىڭ قەبرە ئەتراپىنى خىش بىلەن كۆتۈرگۈزۈپ،
گۈمبەز شەكلىگە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئەل غېمى ئۈچۈن سە-
پەرگە ئاتلانغانلار دائىم شۇ يەرگە كېلىپ، ئەسلەپ، سېغىنىپ
كېتىش ئادەت تۈسىگە كىرىپ قالغانىدى. بېكنەزەر ئۇدۇل مەرد
ئەشىمنىڭ قەبرىسىگە باردى. گۈمبەز يېنىدا بىر قېرى كىشى
يۈرەتتى. ئۇ گەپ قىلماي كېلىپ قۇرئان ئوقۇدى. ھەممىسى
دۇئا قىلدى. بېكنەزەر ئورنىدىن تۇرۇپ گۈمبەزنىڭ ئالدىغا كەل-
دى ۋە ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى ئوقۇدى.

ھېلىقى بوۋاي خېلىلا قېرىپ قالغانىدى. دومىلاق قىلىپ
ياساتقان ئاپئاق ساقىلى، تۆپىسى ئوزۇنچاق، قايرىمىسىغا ئىنچى-
كە قوندۇز تېرىسى يېپىشتۇرۇلغان تەلپىكى ئۆزىگە يارىشىپ
تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەگنىدە سۇرۇپ كۆڭلەك، ئۇستىدە بەقەسەم
چاپان بار ئىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاقساقال، — دېدى بېكنەزەر، —
قايسى ئەلدىن بولىسىز؟

بوۋاي سالامنى ئىلىك ئالغاچ، ئەندىكىپ جاۋاب بەردى:

— ئەي، يىگىت، قۇرەمە بولىمىز. مەرد ئەشىم ئارزۇلاپ
باققان يالغۇز ئوغلىمىز ئىدى.

بۇ ئىسىم بېكنەزەرنىڭ قەلبىنى ئۆرتىۋەتتى. ئۇ بېشىنى
قىسىرلىتىپ بوۋايغا تەسەللى بەردى:

— مەرد يىگىتنىڭ نامى ئۆچمەيدۇ. ئوغلىڭىز خەلققە جان
پىدا قىلغانلىقى ئۈچۈن باتۇر. قايغۇرماڭ. بوۋا، ئوغلىڭىز يوق

بولسىمۇ ئوغلىڭىز سۆيگەن ئەل ئامان!

— ئۇنىڭ غېمى مېنى قېرىتىۋەتتى. كەلگىنىمگە خېلى بولدى. بۇ يەرگە كەلگەنلەر سايىدىسۇن دەپ، چىنار، تېرەك، سېدە تىكتىم.

— ئاتا!

گۇمبەزنىڭ كەينىدىن بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا يۈگۈرۈپ كەلدى. بالا كەلگەن تەرەپتىن قارا كىيىنگەن بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئولتۇردى.

بالا بوۋاينىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ ئەركىلىدى. بوۋاي «ھە، ساقام، ياخشىدىن قالغان يادىكارىم!» دەپ ئۇنىڭ قولىنى يېنىك سىلكىپ قويدى. بالا بوۋاينىڭ قۇلىقىغا نېمىدۇر شىۋىرلىدى. بوۋاي ئاستاغىنا «ھازىر» دېدى.

— نەۋرەم، — دېدى بوۋاي، — يالغۇزۇمدىن قالغان يالغۇزۇم.

— مانا ئىزباسارى بار ئىكەن! — دەپ مەدەت بەردى بېكىنەزەر، — زادىلا قايغۇرماڭ!

— ياخشى نىيىتىڭ ئۈچۈن مىڭ رەھمەت. ئالدىرىمىغىن، باتۇر، — دەپ بوۋاي ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلدى، ئاندىن نەۋرىسىنى يېتەكلەپ گۇمبەزنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئىككى يىگىت بېكىنەزەرنىڭ ئېتىنى يېتەكلەپ كەلدى. ئۇ يول بويى مەرد ئەشىمنى، ئۇنىڭدىن قالغان يالغۇز پەرزەنتىنى، سوغا چۈشكەن ئالتۇن ئۈزۈكتەك ئۆز پەرزەنتىنى، ئات يېتەكلەپ كېتىۋاتقان سۇلتان مەھمۇتنى ئەسلىدى...

شۇ كۈنى بېكىنەزەر باتۇر مىڭدەك يىگىتى بىلەن ئىسھاقئا بېرىپ قوشۇلدى.

1875 ـ يىل باھاردىكى قوزغىلاڭ تاغ تەرەپتىن باشلىنىپ، نارىن، قارادەريا، كۆكەرت، ئۆزگەن ۋە ئالاي تەرەپلەرگىچە يېيىلدى. ئۇ ئىسيانغا ئۆزبېك، قىرغىز، قىپچاق ئۇرۇقلىرى

ئاكتىپ قاتناشتى. ئىسھاق ئۇرۇشسىزلا ئەنجاننى ئىگىلىدى...

... ساپ ھاۋالىق باغ. كىچىك كۆلچەكتىكى بىلىقلار سۇنى شىلدىرلىتىپ ئوينايتتى. ھەيۋەتلىك چىنارنىڭ ئاللىقەيىرىدە بۇلبۇل خەندە قىلاتتى. باغدىكى رەڭمۇرەڭ گۇللەر ئېچىلىپ، خىلمۇخىل مېۋىلەر پىشقانىدى.

مەخمەل دوپپا، ئۇزۇن يەكتەك، قىزىل بۆلغارى ئاياغ كىيگەن ئابدۇراخمان ئەنسىزلىك بىلەن ھويلىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى، خىيالى پەرىشان ئىدى. «يەنە خەلق قوزغىلىپ، باھاردىكى تاشقىنندەك بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. كىم ئەيىبلىك؟ خۇدايارخان. پۈتكەن ئىشنى ئۆزى بۇزدى، ئەمدى ئۆزىنىڭ شورى!» ئابدۇراخمان قولىنى كەينىگە قىلىپ باغقا قارىدى. ئۆزى ئەجىر قىلىپ، ئون ئىككى پەخشىلىك ئەنجان تام بىلەن قورۇق قىلدۇرغانىدى. ئالدىغا ئايۋان سارايلىق بەش ئېغىز ئۆي سالدۇرغانىدى. ئۇ بەزى - بەزىدە بۇ يەرگە كېلىپ دەم ئېلىپ كېتەتتى. «رەھمەتلىك ئاتام: تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق، ھەرئىشنى ئۆز ۋاقتىدا قىل» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن، — ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قەلبىنىڭ قەھرىدە ساقلىنىۋاتقان ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك ئاستا - ئاستا ئوت ئېلىشقا باشلىدى، — مانا كەلدى، مەن زارىقىپ كۈتكەن پۇرسەت ئەمدى كەلدى» دەپ ئابدۇراخمان ئۆزىگە ئۆزى شىۋىرلىدى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئابدۇراخمان ئىشەنچلىك كىشىلەر بىلەن ئەنجانغا يېقىن بوتا قىشلىقىغا كېلىپ، ئالدىن كېلىشىپ قويۇلغان قوغۇنچى بوۋاينىڭ قورغىنىغا چۈشتى.

— كېلىڭ!... كېلىڭ! — دەپ قىزغىن قارشى ئالدى ئۆي ئىگىسى.

ئابدۇراخمان سەل چۆچۈپ قەدەم تاشلىدى. چاتقال، بۆزبۇ تەرەپلەردىن كەلگەن لەشكەر باشلىقلىرىدىن ئابدۇمۆمىن، بېكنەزەر، ئۆزگەن، ئالاي قوشۇنلىرىنىڭ باشلامچىسى ئابدۇللابەگ

قاتارلىقلار چىلگە يەپ ئولتۇرۇشاتتى. ئابدۇراخمان ھەيۋىسى ئوردىنى تىترەتكەن ئادەمنى تەخمىنەن تونۇدى. ئۇ كۆڭۈل ئۇ-چۇن بولسىمۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ ھال - ئەھۋال سوراشمىغان ھېلىقى ئادەمدىن رەنجىدى. قىلمىشىدىن ئىش تەڭ بولغاچ، ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ ئېگىلىشى لازىم ئىدى!

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ سۇسقىنا سالام بەردى ئاب-دۇراخمان.

ئىسھاق خۇشياقمىغاندەك قاراپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرمايلا ئابدۇراخماننىڭ قولىنى ئالدى ۋە يېنىدا تۇرغان تاشنى كۆرسى-تىپ، — كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، ئۆز ئۆيىمىز، ئۆز بىساتىمىز ئەمەس، كەچۇرىسىز!

ئابدۇراخمان قولايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ھېچقاچان مۇنداق ھۆرمەتسىزلىكنى كۆرمىگەن ئاپتۇۋچى غىجىنىپ قوي-دى، بىراق چاندۇرمىدى. ئىسھاق ھەممە نەرسىلەرنى سېزىپ ئولتۇراتتى، ھېچنېمىنى بىلمىگەنگە سېلىپ، چىلگىدىن بىر تىلىم ئۇزاتتى.

— قېنى، تەمىنى تېتىپ كۆرۈڭ.

— بىسمىللا، — دەپ ئابدۇراخمان چىلگىنى ئالدى.

— قانداق؟ خاتىرجەم تۇرۇۋاتامسىلەر، بېگىم؟ — دەپ سورىدى ئىسھاق.

— خۇداغا شۈكرى، شاھزادە!

— خۇدا كۆڭلىگە سېلىپ، قايسى شامال ئوردىنىڭ تايانچى-سىنى بۇ يەرلەرگە ئۇچۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بىلسەكلا بولارمۇ؟

ئابدۇراخمان چىلگە شاپىقىنى يەرگە تاشلاپ، قولىنى ئېرت-تى، ئالدىرىماي بۇرۇتىنى سىلىدى، پولاتخان نامى بىلەن يۈر-گەن شەخسنىڭ چاكىنا ئادەم ئەمەسلىكىگە تەن بەردى.

— قايسى شامالنىڭ ئۇچۇرۇپ كەلگەنلىكى شاھزادىگە مە-

لۇم. خۇدا يولىمىزنى ئاچسا، قىلىچىمىزنىڭ تىغىنى بىرلىكتە سىناپ كۆرسەك، دىلىمنى بىلگەن ئاۋۋالى خۇدا، سىرىمنى بىلگەن بەندە گۇۋاھ، شاھزادە. شۇ ئەلنىڭ خۇنى، شۇ ئۆلكىنىڭ كۇنى، دەپ يۈرگەن كىشىمەن. ئۆز خەلقىگە، ئۆز يېرىگە ۋاپا قىلمىغان مەنسەپنىڭ بارىدىن يوقى ياخشى. ئوردىدىكى ساراڭ ھەممە يەرنى خانىۋەيران قىلدى.

ئىسھاق كۈلدى.

— ساراڭلىقىنى ئەمدى بىلدىڭىزمۇ؟

— ھە، شاھزادە، باش ئەگمەي ئىلاج قانچە؟

ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە ھېچكىم ئارىلاشمىدى.

— بوپتۇ، سىز دېگەندەك بولسۇن. سىزنى ئەلنىڭ خۇنى، ئۆلكىنىڭ كۇنى، دەپ يۈرگەن ئەزىمەت دەيلۇق، ئېيتىڭچۇ، ئۇ چاغدا مەن كىممەن؟

ئابدۇراخمان گاڭگىراپ قالدى.

ئىسھاق:

— مەن شاھزادىمۇ؟ ياق! — دېدى ئۇ ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ، — مۇشۇ خەلقنى ئەگەشتۇرۇپ «تەختىمنى، بەختىمنى ئېلىپ بەر» دەپ يۈرۈپتىمەنما؟ ياق، مەن ئاددىي ئادەمنىڭ ئوغلىمەن. سىز بۇنى ناھايىتى ياخشى بىلىسىز. بىلىپ تۇرىمەن، مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ تەزىم قىلىش بەگلىك بېشىڭىزنى يەرگە ئۇرۇش بىلەن باراۋەر!

ئابدۇراخماننىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

ئىسھاق سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ماڭا نېمە كېرەك؟ ئالتۇن تەختمۇ؟ ياق، — ئۇ بېشىنى چايقىدى، — دۆلەتمۇ؟ ياق، راستىنى ئېيتسام. مەن خەلقنى ئەمەس، خەلق مېنى ئالدىغا سېلىپ يۈرىدۇ. دېمەك، بېگىم، مەن خەلق قولىدىكى بايراقمەن. مەن خەلق تۇتقان ئۆتكۈر شەم-

شەرمەن. ماڭا باش ئېگىپ كەلگىنىڭىز — بۇ خەلققە باش ئەگكەنلىكىڭىز بولىدۇ!

ئابدۇراخمان ئىسھاقنىڭ ئوچۇق - يورۇق گېپىگە قايىل بولدى.

— جاسارىتىڭگە قايىل بولدۇم، باتۇر! — دەۋەتتى ئۇ تەسىرلىنىپ، — ئەتىكى كۈننى خۇداغا تاپشۇرۇپ، بۈگۈن بىزنى ئۆزۈڭگە قوشۇۋال، باتۇرۇم...

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئابدۇراخمان، ئېسا ئەۋلىيا ۋە خالنەزەر دادخاھلار ئۆزىنىڭ تاللانغان لەشكەرلىرى بىلەن ئەنجان يېنىدا ئىسيانچىلارغا قوشۇلدى.

× ×

«ئابدۇراخمان! ئابدۇراخمان! قىلغان ئىشىڭ مۇشۇ بولدى-مۇ؟ — دەپ رەڭگىرويى ئۆچكەن خۇدايارخان ھۇجرىدا ئۇياق-تىن - بۇياققا ماڭاتتى، — قوينۇمدا يىلاننىڭ بالىسىنى ساقلىغا-نىكەنمەن - ھە؟! ھوي، تۇزكور قىلغۇر!»

شۇ چاغدا، سۇلتانمۇراتبەگ ئالدىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇ-نىڭ تىلى سۆزگە كەلمەيتتى. خۇدايارخان يەنە باشقا بىر ئەھۋال-نىڭ بولغانلىقىنى سەزدى.

— شاھزادە نەسىردىن، — دەپ دۇدۇقلىدى سۇلتان مۇرات-بەگ.

— نېمە بولدى؟ ئېيتقىنا، شاھزادە سالامەتمۇ؟

— كېتىپ قاپتۇ، — دېدى تەسلىكتە. خۇدايارخاننىڭ كۆ-زى چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاز قالدى.

— تۆت مىڭ ئەسكەر بىلەن ئابدۇراخماننىڭ ئارقىسىدىن كېتىپتۇ.

خۇدايارخاننىڭ پۇت - قولى تىترەپ ئولتۇرۇپ قالدى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېقىنلىرى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەلەم بىلەن:
— بۇنىڭدىن كۆرە، ئۆلدى، دېگەن سۆزنى ئاڭلىسام بولمامسىدى؟ ... — دەپ پېشانىسىنى تۇتتى.
ئىسيانچىلار مەرغىلانغا كەلگەندە، شاھزادە نەسىردىنبەگ ئالدىدىن چىقىپ، ئابدۇراخمانغا قوشۇلدى. شاھزادىنىڭ ئېنىق بىر مەقسىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق ۋاقىتلاردا ئىككىلىنىپ ئولتۇرماي، كۆچلۈك تەرەپكە ئېغىپ كېتىشكە ئۆگىنىپ قالغانىدى.
خۇدايارخان دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بېشىنى چايقىدى:
— قانداق قىلاتتۇق، بەگ؟ ئۇنىمۇ كۆرۈپ قويدۇق. قوقان ئەتراپىدىكى لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ زەمبىرەكچىلەرچۇ؟
— خۇداغا شۈكرى، ھەممىسى جايىدا.
— يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىق، نىيىتى يامانلارنى كۆپچىلىك ئالدىدا ساتقۇن، دەپ دەرھال بېشىنى كەس، ئاياپ قويما!
— خوپ!
— تېزرەك ماڭ! بىر كۆزىمىز ئىككىنچىسىگە دۈشمەن بولۇپ تۇرۇپتۇ. مۇھەممەدەمىن نەدە؟ ئېيتىپ قوي، ئالدىمغا كىرسۇن.
خۇدايارخاننىڭ ئۆپكىسى ئۆرلەپ، ئۆزىنى تەسلىكتە باستى. دېرىزە يېنىغا بېرىپ، تۇنجى ئوغلى نەسىردىنبەگنىڭ قىلغان نامەردلىكىنى ئەسلەپ غەزىپى ئۆرلىدى. شۇ ئاندا ھۇزۇرىدا ئەدەپ بىلەن باش ئېگىپ تۇرغان ئىككىنچى ئوغلى مۇھەممەدەمىنبەگكە كۆزى چۈشتى.
— ئۆرگۈلەي، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ پەرزەنتىنىڭ ئىككى يەلكىسىدىن تۇتۇپ، — يۈندىخورلار تاشلاپ كېتىشتى. مىراسخور بولسا، تېخى كىچىك. سىلەر يىگىت بولۇپ قالغانىدىڭلار.

مەندىن كېيىن قالغاندا ئورمانبەگنى كۆتۈرۈپ، بىر چىنار ئاستىدا ئىناق ياشار، دەپ يۈرەتتىم، ئەپسۇسكى، ئاكاڭ نەسىردىن مېنى شەرمەندە ـ شەرمىسار قىلدى!

مۇھەممەدەمىنبەگ ئۇچۇن بۇ گەپلەر يېڭىلىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ خىيالى پۈتۈنلەي باشقا نەرسىدە ئىدى. نېمە ئۇچۇن ئاتىسى تۇنجى ئوغلى نەسىردىنبەگنى ياكى مۇھەممەدەمىننى مىراسخورۇم دېمەستىن، ئەركە ـ نايناق، ئويۇندىن باشقىنى بىلمەيدىغان ھارام نىيەت ئورمانبەگنى مىراسخورۇم دەيدۇ؟ مۇھەممەدەمىننىڭ خىيالىدا ئۇزاقتىن بېرى ئەنە شۇ سوئاللار كېزىپ يۈرەتتى.

— ئوغلۇم، يۆلەنچۈكۈم، — دېدى خۇدايار خان ئوغلىنى ئەركىلىتىپ، — ئورمانبەگ ياش، ئاكاڭ بولسا ئىپلاسلىق قىلدى. ئەمدى مېنىڭ مىراسخورۇم، ئىشەنگەن تېغىم سەن. بۇگۈندىن ئېتىبارەن مىراسخورۇمسەن. رۇسلار بىلەن ئالاقىمىزنى چىڭىتايلۇق. ئامال قىلىپ ئىسيانىنى بېسىقتۇرايلى! — خۇدايار خان ئوغلىغا سىناق نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — ئۆلكىنى، ئوردىنى ئۆزۈڭگە تاپشۇراي، مېنىڭ ئاخىرەتلىكىمنى ئويلاپ ئىش قىلىڭلار. مەن مەككە ـ مەدىنىگە ھەجگە كېتىمەن...

مۇھەممەدەمىنبەگ ئاتىسىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

— ھەيران بولما، ئوغلۇم، جېنىمدىن تويدۇم. ئەمدى يېتەر ... — ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش پارقىرىدى.

— دادا، مېنىڭچە ئەمدى ۋاقىت ئۆتتى. دۆلەتنىڭ تىزگىنى قولىمىزدىن چىقىپ كەتتى...

خۇدايارخاننىڭ غەزىپى ئۆرلىدى:

— نېمە؟! نېمە دېدىڭ؟ — دېدىيۇ، گېلىغا بىرنەرسە تۇرۇلۇپ قالغاندەك گەپ قىلالماي قالدى، كېيىن ئۆزىنى ئوڭشاپ، — قورقما، ئوغلۇم، قورقما. نېمىلەرنى كۆرمىدۇق.

فان كەيفمان ھەزرەت ئالىيلىرى بار ئىكەن، بىز ئاسانلىقچە جان بەرمەيمىز. بىرئاز سەۋر قىلايلۇق. ياكى تاشكەنتتىكى، ياكى خوجەندتىكى رۇس ئەسكەرلىرى ياردەمگە كېلىپ قالىدۇ. سەۋر قىلايلۇق...

دادىسىنىڭ تەسەللىلىرى مۇھەممەدەمىن بەگنى يوپۇتالمىدى. ئۇ پەرىشان ھالدا چىقىپ كەتتى.

دەرۋازىۋەن كىردى:

— خان ھەزرەتلىرى، گېنېرال ئالىيلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى.

خۇدايارخان خۇشاللىقىدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— دېمىگەنمىتىم! ھە، ئۇلار مېنى تاشلىمايدۇ. تېز چاقىر!...

گېنېرال ۋېيىنبېرگ بىر تاتار تەرجىمان بىلەن ئىشىكتىن كىرىشىگە، خۇدايارخان ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا ئۆزىنى ئاتتى:

— ئاھ، ئالىي ھەزرەتلىرى...

گېنېرال ۋېيىنبېرگ بوشلا سالاملاشتى. خۇدايارخان ئۆزىنى تۇتالماي دەرد ئېيتىشقا باشلىدى:

— بېشىمىزغا دەھشەتلىك كۈنلەر كەلمەكتە. ئالىي ھەزرىتىم، سىزنىڭ قانداق مەسلىھەتىڭىز بار؟ مەن قانداق قىلسام بولىدۇ. ئاھ، ھۆرمەتلىك زات!

تاتار تەرجىمان بىردەم خانغا، بىردەم گېنېرالغا قاراپ، گەپلەرنى تەرجىمە قىلاتتى. گېنېرال سۇكۇت ئىچىدە گەپكە قۇلاق سېلىپ ئولتۇراتتى. خاننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا يۈزلەندى.

— شۇنداق، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، تەقسىر، ئۆلكىڭىزدە سىياسىي ئەھۋال چاتاق!

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. خۇدايارخان گېنېرالنىڭ خاتىر-

جەملىكىنى كۆرۈپ، پىغانى ئۆرلىدى.

— كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ھەممىسىنى كۆرۈۋاتىسىز، مانا شۇنداق كۈنلەرگە قالدۇق! مەن سىزلەرگە ئىشەنگەن ھەم تايانغانىدىمغۇ؟!

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. گېنېرال ئويلىنىپ قالدى. نېمىشقىدۇر ئۇ خانغا ئۇزاق تىكىلدىيۇ، لېكىن گەپ قىلمىدى. خۇدايارخان تەشۋىشكە چۈشۈپ قالدى: «بۇ بىگانە نېمىنى ئويلاۋاتىدۇ؟ بۇلارمۇ مېنىڭ تەختتىن چۈشۈشۈمنى كۈتۈۋاتامدىغاندۇر؟ مەن ئۇلارغا نېمە قىلدىم؟ ياكى رۇسلارغا ئېغىپ كەتكىنىم ئۈچۈن، يانتاياقلىرىم مېنى تاشلاپ كېتىشىۋاتامدۇ؟!»

— قېنى، ئوچۇق ئېيتىقىن! قانداق قىلىشىم كېرەك؟!

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. گېنېرال پېتىنى بۇزمىدى. خۇدايارخان مىڭ تۈرلۈك ئوي - خىيالغا باردى.

— بىرلا چارىسى بار، تەقسىر، — دېدى گېنېرال ئاخىر، — ئۇ بولسىمۇ، رەسمىي خەت يېزىپ، گېنېرال گوبېرناتوردىن ئەسكەر سوراش. ئەگەر ئىلتىماسىڭىز ئىناۋەتكە ئېلىنسا، ئىش تامام، تەختىڭىز ئامان قالىدۇ.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. خۇدايارخان خىيالغا چۆمدى.

— ئەگەر خاتالاشمىسام، — دېدى ئۇ خىيالدىن سەگىپ، — گېنېرال گوبېرناتور بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا 1868 - يىلى تۈزگەن شەرتنامە بار، مۇشۇ شەرتنامىگە ئاساسەن، مۇبادا، ئۇرۇش چىقىپ قالغۇدەك بولسا، ئۆزئارا ياردەم بېرىش قەيت قىلىنغانىدى.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى، گېنېرال ۋېيىنبېرگ باش لىڭشىتتى:

— خەۋىرىم بار. لېكىن، تەقسىر، بۇ رۇس ئەسكەرلىرى ئۇدۇل كېلىۋەرسۇن، دېگەن مەنىنى بەرمەيدۇ. ئۇ، قورال - ياراغ ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن چەكلىنىدۇ. ئۆزىڭىزگە مەلۇم،

ئەگەر شۇنداق قىلىنىدىغان بولسا، باشقا چەت مەملىكەتلەر «رو-سسيە تاجاۋۇزچىلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ بوھتان چاپلىشىدۇ. سىزگە ئەنە شۇنداق ياردەم كېرەك ئىكەن، ئۇ ياكى بۇ دۆلەتكە رەسمىي خەت يېزىپ، مۆھۈر بېسىشىڭىز شەرت. شۇندىلا، ئىش سىلىق پۈتىدۇ.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. خۇدايارخان: يەنە سىيىرتماق سېلىشماقچىمۇ؟ ئاھ، خۇدا! ... دەپ ئويلىدى. گېنېرالنىڭ كۆپكۆك كۆزلىرىنى ئۆزىدىن ئۈزمەي قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ غۇدۇرىدى:

— قانداق قىلسام بولار؟ شۇنداق بولسا، ياخشى بولارمۇ؟ توغرا بولارمۇ؟

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. گېنېرال خۇدايارخاننىڭ چىرايىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتاتتى.

— ئەپسۇسكى، ياۋروپالىقلار سۆزدىن كۆرە، يالغان بولسىمۇ قەغەزگە بەكرەك ئىشىنىدۇ.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. خۇدايارخان بېشىنى لىڭشىتتى:

— بولىدۇ... بولىدۇ ... — دەپ ئالىقىنىنى بىر - بىرىگە ئۇردى. ئىشىكئاغىسى كۆرۈندى، — كاتىپنى چاقىر...

تەرجىمان چۈشەندۈردى. گېنېرال گەپكە ئارىلاشتى:

— تەقسىر، بۇ خەتنى پەقەت سىز بىلەن مەنلا بىلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلمىسام بولمايدۇ. ئوردىنىڭ سىرتىدىكى ئەھۋاللار ئۆزىمىزگە مەلۇم.

تەرجىماننىڭ سۆزىدىن خۇدايارخان ھەممىنى چۈشەندى، «بولىدۇ، بولىدۇ» دەپ كاتىپقا قولىنى سىلكىدى، كاتىپ تەزىم قىلىپ ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، گېنېرال ۋېيىنبېرگ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى ۋە تەرجىمانغا «يېزىڭ» دەپ بۇيرۇدى. تەرجىمان سومكىسىدىن

دەررۇ ئاق قەغەز ئېلىپ يېزىشقا باشلىدى: «تۈركىستان گېنېرال گوبېرناتورى فان كەيفمان ئالىي ھەزرەتلىرىگە...» دەپ دانە ـ دانە ئېيتىشقا باشلىدى. خۇدايارخان گېنېرالنىڭ سۆزلىرىگە چۈشىنەلمەي، ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى.

«بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشۈپ تۇرغان بىر پەيتتە، ئىشەنچلىك كىشىلىرىم موللائەيسا ئەۋلىيا، ئابدۇراخمان ئاپتۇۋېچى، خالنەزەر پەرمانچى ھەممە لەشكەرلىرى بىلەن دۈشمەنلىرىم تەرەپكە ئۆتۈپ، ماڭا قارشى ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ تۇرغان پەيتتە، مەن سىزنىڭ ياردەم بېرىشىڭىزنى سوراپ مۇراجىئەت قىلماقتىمەن. ئۆز ھاياتىمنى، قوقان مەملىكىتىنىڭ تەقدىرىنى سىزدەك ئۇلۇغ ئىمپېراتورنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن! ئىسيانچىلارنىڭ غەرەزلىك مەقسىتىنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى ئۈچۈن سىزدىن رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ زەمبىرەكلەر بىلەن قوقان شەھىرىگە تېزرەك ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بېرىشىڭىزنى ئىلتىماس قىلىمەن. ئالىي ھەزرەتلىرى، مېنىڭ بۇ ئىلتىماسىمغا قوشۇلىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل!»

خۇدايارخان: نېمىدەپ يازدۇرۇۋاتقاندۇر؟ دەپ ئويلىناتتى. گېنېرال ۋېيىنبېرگ تەرجىمان ئاخىرقى جۈملىنى يېزىپ بولۇشى بىلەن:

«... سىزگە چەكسىز ھۆرمەت بىلەن خۇدايار خان شىرمۇھەممەد ئەلى ئوغلى» دەپ گەپنى تۈگەتتى. تەرجىمان توچكا قويدى.

— تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ بېرىڭ، — دېدى گېنېرال تەرجىمانغا. ئۆزى ئاپئاق قولياغلىقىنى ئېلىپ بۇرنىنى قاتتىق قاقتى ـ دە، ئاستا دېرىزە تەرەپكە ماڭدى. خۇدايارخان تۇمشۇقىنى بۇراپ: «ئادەمنىڭ ئالدىدىمۇ بۇرنىنى قاقامدۇ؟» دەپ ئۆڭدىن يىرگەندى.

تەرجىمان ئەركىن تەرجىمە قىلىپ بەردى. خەت ئوقۇلۇپ

www.uyghurkitap.com

بولغاندىن كېيىن، خۇدايارخان ئىلتىماس قىلدى:

— ھېلىقى يېرىنى باشقىدىن ئوقۇڭ ... — خۇدايارخاننىڭ پېشانىسى تۈرۈلدى، — ھېلىقى ئۆز ھاياتىمنى، قوقان مەملىكىتىنىڭ تەقدىرىنى نېمە قىلىمىز دېدۇق؟ دەل ئاشۇ يېرىنى...

تەرجىمان تەكرار ئوقۇدى:

«ئۆز ھاياتىمنى، قوقان مەملىكىتىنىڭ تەقدىرىنى سىزدەك ئۇلۇغ ئىمپېراتورنىڭ قولىغا تاپشۇرىمەن...»

— ھىم... بۇنى قانداق چۈشىنىشكە بولىدۇ؟ تاپشۇرىمەن؟ قانداق يوسۇندا؟

تەرجىمان دەررۇلا خۇدايارخاننىڭ گۇمانسىرىشىنى گېنېرالغا چۈشەندۈردى. گېنېرال خەتنى خۇدايارخاننىڭ ئالدىغا سۈرۈپ:

— ئالەم پاناھ، بۇ سىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىڭىز؟ — دېدى.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. خۇدايارخاننىڭ ئاياغلىرىغىچە سىرقىراپ كەتتى. ئۇ كەيپى ئۇچقان ھالدا خەتنىڭ ئاخىرىغا مۆھۈر باستى.

× ×

قوقان شەھىرى تىنچسىز ئىدى. شەھەرلىكلەر قولىغا نېمە چىقسا، شۇنىڭ بىلەن قوراللاندى. قورال - ياراغ دۇكانلىرىدىن باشقا ھەممە دۇكانلار تاقالغانىدى. دەھشەتلىك بوران شەپىسى ئاستا - ئاستا يېقىنلىشىۋاتاتتى.

گېنېرال ۋېيىنبېرگ قوقاندىكى پولكوۋنىك سكابېلېق باشچىلىقىدىكى رۇس - كازاك ئەترىتىنىڭ يارىمىدە خۇدايارخاننى ھىمايە قىلىشقا باشلىدى. بىر كۈنى كېچىدە، شاھزادە مۇھەممەدەمىنبەگ تۆت مىڭ ئەسكەرنى باشلاپ چىقىپ ئىسيانچىلارغا قو-

شۇلۇپ كەتتى. بۇ ئوردىدىكى كۆچنىڭ يېرىمى ئىدى. ئەمدى خۇدايارخان بىلەن گېنېرال ۋېيىنبېرگكە شەھەردە تۇرۇش خەۋپ-لىك بولۇپ قالغانىدى.

ئەتىسى خۇدايارخان بارلىق ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، جىمى دۆل-يا دەپىنەسى بىلەن خەزىنىسىنى سەكسەن هارۋىغا بېسىپ، سىكا-بېلېق ئەسكەرلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ئوردىدىن چىقتى ۋە خوجەند دەرۋازىسى تەرەپكە يول ئالدى. ئۇلار بىلەن بىللە گېنېرال ۋېيىن-بېرگ ۋە ئۇنىڭ بىرنەچچە ئوفىتسېرلىرىمۇ بار ئىدى. شەھەر ئاھالىسى كوچىمۇ كوچا باش ئۇرۇپ قېچىپ كېتىۋاتقان خاننى زاڭلىق قىلىپ، ئېغىزغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن ھاقارەت قىلىش-تى.

— ھە! چاشقاننىڭ ئۇۋىسى مىڭ تەڭگە بوپتۇ - ھە!

خۇدايارخان گېنېرال ۋېيىنبېرگ بىلەن بىر ھارۋىدا ئىدى. گېنېرال ئەتراپتىكى ئالىتوپىلاڭچىلىقتا ئانچە ئېتىبار بەرمەيت-تى. خۇدايار خان تەرلەپ - پىشىپ، كەنجى مىراسخورى ئورماڭ-بەگنى باغرىغا يوشۇرۇۋالغانىدى. شۇ چاغدا مۇشتۇمدەك كېسەك ئۇچۇپ كېلىپ، ھارۋىنىڭ شوتىسىغا تەگدى - دە، پارچىلىنىپ كەتتى. خۇدايارخان ئوغلىنىڭ بېشىنى دالدىغا ئالدى.

— ھەي، لەنىتى! ھەي، قان قۇسقۇر! — دېدى بىرى يېقىن ئەتراپتىن، خۇدايارخان نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى، بېشى ئايلىنىپ، كۆزى قاراڭغۇلىشىپ، ئادەملەرنىڭ شۇ قەدەر يۈزسىز بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي يىغلىغۇسى كەلدى، ئەمما ياش چىقمىدى. ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ ئول-تۇرماي، ئادەم زاتىدىن قاتتىق رەنجىدى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن يول ھەددىدىن زىيادە قىستا - قىستاڭ ئىدى. كىشىلەر خاننى قوغداپ كېتىۋاتقان رۇس - كازاك ئەسكەرلىرىگە قاراپ ۋارقى-رايتتى.

— ئۆتۈڭلار! ئۆتۈڭلار! قېنىمىزنى شورىغان زۇلۇكنى

سىلەر ھىمايە قىلىۋاتىسىلەر؟ خۇدا بۇيرۇسا، خان ئۇياقتا تۇرسۇن، سىلەرنىڭمۇ جاجاڭلارنى بېرىمىز!

بۇ سۆزلەردىن جېنى چىققان ئەسكەرلەر كىشىلەرگە ھومىيىپ قارىشاتتى. بىر بوۋاي ئۆزىنى تۇتالمىدى:

— ھوي، يەنە قارىشىۋاتىدۇيا!؟

بىر ئەسكەر قىلىچنى سۇغۇرۇپ، بوۋايغا پوپوزا قىلدى. پولكوۋنىك سكابېلېفمۇ ۋارقىرىدى.

ئەتراپتىكىلە توپلىشىپ جېدەل چىقىشقا ئاز قالدى. شۇنداق قىلىپ، خان ئەتىسى ئورغۇن جاپا - مۇشەققەتلەر بىلەن رۇس - كازاك ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە روسىيىنىڭ قول ئاستىغا ئۆتۈپ كەتكەن خوجەند شەھىرىگە ئاران يېتىپ كەلدى.

× ×

ئوردىدا كاناي چېلىنىپ، يىغىلىقتىن دېرەك بەردى. ئىسيانكار خەلق غەلىبە قىلدى. ھەممە ئوردىغا ئالدىرىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاق تۆگىگە قىزىل گىلەم سېلىپ مىنگەن جارچىلار پەيدا بولدى.

«كىمنىڭ، كىمنىڭ زامانى؟ نەسىردىنخاننىڭ زامانى! كىمنىڭ، كىمنىڭ زامانى...»

جارچىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئادەملەر ھەيران بولۇپ سالپىيىپ قېلىشتى. «بەلكىم، خۇدانىڭ خاھىشى شۇنداقتۇر؟» «بىچارە خەلق شۇنىڭ ئۈچۈن قوزغالغانمىدى؟» «ئاق ئىت، قارا ئىت بەرىبىر ئىت!» دەپ ھەركىم ئۆزىگە مۇلاھىزە قىلىشاتتى.

شۇ چاغدا، قورالسىزلاندۇرۇلغان ئىسھاق ئىككى پۇتى ئاتنىڭ ئەيلىگە مەھكەم باغلانغان ھالدا، لەشكەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىۋاتاتتى. قازىخانا باشقىچە خۇشال - خۇراملىققا چۆمگەنىدى. ئابدۇراخمان نەسىردىنبەگكە خانلىق تاجى كىيدۇرۇپ، ئۆزى شەي-

خۇلئىسلامدىن دۇئا ئېلىپ، مىڭبېشىلىق دەرىجىسىگە ئىگە بولدى.

جارچىلارنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، كوچىدىن ـ كوچىغا، مەھەللىدىن ـ مەھەللىگە باراتتى:

«كىمنىڭ، كىمنىڭ زامانى؟ بەختىيار سەيىد نەسىردىن خاننىڭ زامانى!»

جاھان نېمە بولۇپ كەتتى؟! ئۈچ يىلدىن بېرى بېلىدىن بەلبېغىنى، پۇتىدىن چورۇقىنى يەشمەي يۈرگەن يىگىتلەر قېنى؟ لەشكەرلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ، كىشىلەر ئىچىدىمۇ نارازىلىق داۋام قىلاتتى.

«پولاتخان ئۆزى تەختتىن ۋاز كېچىپتۇ. مەككە ـ مۇكەررەمگە زىيارەتكە بارار ئىمىش» دېگەن سۆزلەر تارقالدى. ھەممەيلەن ھەيران ئىدى.

ئابدۇللابەگ ئوردىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. بېشىدا قۇندۇز تەلپەك، ئۇستىگە كىمخاب چاپان، بېلىدە غىلىپىغا پىل سۆڭىكىدە نەقىش قىلىپ ئىشلەنگەن شەمشەر، ئايىغىدا قىزىل جىيەكلىك كۆك ئۆتۈك، قولىدا دەستىسى كېيىك تۇيىقىدىن ياسالغان قامچا بار ئىدى.

ئوردا ئىشىكىدە تۇرغانلار ئابدۇللابەگنى تونۇپ، تەزىم قىلىپ يول باشلىدى. ئۇ ھېچكىمگە ئېتىبار قىلماستىن، ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

دەرۋازىۋەن ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئابدۇراخمان ئابدۇللا بەگنى كۆرۈپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى.

— ھە، كېلىڭ، كېلىڭ، بەگزادە!

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى ئابدۇراخمان ۋە ئابدۇللا بەگ بىلەن ئىللىق سالاملىشىپ، كۆڭلىدىن: بۇ ياخشىلىق بىلەن

www.uyghurkitap.com

كەلگەن ئەمەس، دېگەن خىيالنى ئۆتكۈزدى.

— خۇش كېلىپسىز؟ قۇلىقىم سىزدە، بەگزادە؟

— كېلىشىمىزنىڭ سەۋەبى ئۆزىڭىزگە ئايان. ئىسيانچىلارنىڭ بايراقدارى پولاتخان قايسى مەككىگە كەتتى؟ شۇ نەرسە ئەلگە قاراڭغۇ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ.

— سەرگەردان بولسىمۇ، ئىسھاقنىڭ ئازدۇر - كۆپتۇر ئەمگىكى بار ئىدى. بىراق، خۇدانىڭ خاھىشى شۇمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنى قانۇن - قائىدە، شەرىئەت كۆتۈرمىدى، مىراسخور باشقا ئىكەن...

— شۇنچە ئەمگەك قىلىپ، قان تۆككەن ئەلنىڭ تاپقان پايدىسى شۇ بولدىمۇ؟

— ھەي، بەگزادە! ئۆزىڭىز كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ يەنە سۆزلەۋاتىسىز - دە؟ ئاخىر گېنېرال گوبېرناتورغا ئالدانغان خۇدايارخاننىڭ تەقدىرى نېمە بولدى؟ ئۇشۇقچە تەشۋىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ھەدەپ تەخت تالىشىپ، جېدەل چىقىرىۋەرمەي، تەخت ئىگىسىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ، ئۆلكىمىزنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئويلىساق بولمامدۇ؟

— بۇ، توغرا گەپ! — دېدى ئابدۇللابەگ، — ئەمما خەلق خۇدايارخاننىڭ كۈچۈكى ئۈچۈن كۈرەشكىنى يوق. خەلق ئۇلارسىزمۇ ئۆلكىنى ھىمايە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتى قالمىدىغۇ؟ خەلق بىزگە ئىشەنگەندى. خەلقنىڭ بايراقدارى پولاتخاننى قەيەرگە تىقىۋەتتىڭىز؟ خەلق شۇنى سوراپ، نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتىدۇ.

— نېمە؟ خەلق؟! قايسى خەلق؟! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى مىڭبېشى، — ھە، سان تەگمەي قالدىمۇ؟ سەن ئۆزۈڭ نارازى بولساڭ كېرەك. ئەگەر ساڭا ئەمەل تەگكەن بولسا، خەلق دېگەننى كۆزۈڭگىمۇ ئىلمايتتىڭ!

خام سۈت ئەمگەك بەندە ئەمەسمۇ؟ دەرھەقىقەت، ئابدۇللا

بەگ مىڭبېشى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

— شۇنداق، سىزنىڭ ئەمەلىڭىز ماڭا ياراشمايدىكەن؟ سىز-
دىن مېنىڭ نەردىم كەم؟ سىز مۇسۇلمانقۇلنىڭ بالىسى بول-
سىڭىز، مەن ئالىمبەگنىڭ ئوغلىمەن! — دېدى ئابدۇللابەگ
مەسخىرە ئارىلاش، — هوشىڭىزنى تېپىڭ، يەنە قان تۆكۈلمەم-
سۇن؟! قولىڭىزغا تىزگىن تېگىشى بىلەن يەنە هەممە نەرسىنى
ئۇنتۇپ قاپسىز - هە؟!

ئابدۇراخمان مىڭبېشى گەپ تاپالماي، جاللاتنى چاقىرىشقا
ئاز قالدى. ئابدۇللابەگ ئورنىدىن تۇردى:

— خوپ، ئەمدى بىز قايتايلى! خالايىقنىڭ تەلىپى شۇكى،
پولاتخانغا زامىن بولماڭ! ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئوردا ئوت
ئىچىدە قالىدۇ. سىزگە بېرىدىغان مەسلىھەتىم: پولاتخاننى ئازاد
قىلغىنىڭىز ياخشى!

ئابدۇللا بەگ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى.
مىڭبېشى مۇزدەك تەرلەپ ئورنىدا قېتىپ تۇرۇپ قالدى.

بەگلەر، ماناپلار[1]بىرلەشكەندىن كېيىن، ئىسياننىڭ يۆنى-
لىشى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئابدۇراخمان ئىسيانچىلار باشلىقى ئىس-
هاق بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ، قوقانغا باستۇرۇپ كىردى ۋە قۇلاي
پۇرسەت تېپىپ، ئىسهاقنىڭ قول - ئايىغىنى باغلاتتى، جىيەنى
نەسىردىنبەگنى خان قىلىپ كۆتۈردى. ئۇ، پولاتخان نامى بىلەن
يۈرگەن ئىسهاقنى يوق قىلىپ، هاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالماق-
چى بولدى. ئەمما خەلق بۇنى بىلىپ قالدى، غوۋغا كۆتۈرۈلدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، خانغا ئوخشاش ئابرۇي - ئىناۋەتكە ئىگە بولغان
قۇربانجان دادخاهنىڭ ئوغلى ئوردىغا كېلىپ ئابدۇراخماننى ۋەس-
ۋەسىگە سېلىپ قويدى. مىڭبېشى نېمە قىلىشنى بىلمەي گاراڭ
بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ ئالدىدا بىرلا يول بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، دەرهال

[1] ماناپ — قىرغىزلاردا ئالىي فېئوداللىق تەبىقىسىگە مەنسۇپ كىشى.

www.uyghurkitap.com

غازات ئېلان قىلىپ، تۇغنى قولغا ئېلىش ھەمدە تاشكەنتتىن گېنېرال گوبېرناتورنى قوغلاپ چىقىرىپ، خەلقنىڭ ئۈستىدىن ھېلىقى ئىسھاق دېگەننى چىقىرىپ تاشلاش ئىدى.

مەھرەم قەلئەسى خوجەند شەھىرىدىن قىرىق بەش چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقانىدى. قەلئەنىڭ بىر تەرىپى سىر دەرياسى بىلەن تۇتاشقان. ئىككىنچى تەرىپى ئېگىز قوش تام بىلەن ئورالغانىدى. ئوق - دورا، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە زەمبىرەكلەر بىلەن تولۇق تەمىنلەنگەن يىگىرمە مىڭ ئەسكەر ئاشۇ يەردە ئىدى.

ئىسھاق بۇ يەرگە كەلتۈرۈلۈشى بىلەن مىرشەپ ئۇنى مۇنار ئاستىدىكى ئەڭ چوڭقۇر ۋە قاراڭغۇ زىندانغا تاشلىدى. بۇ يەردە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلار ياتاتتى. ئوردىدىن بۇيرۇق كەلمىگۈچە ھېچكىم بىلەن ئۇچراشماسلىق بۇيرۇلدى. ئۇنى قولدىن چىقارماي ساقلاش قەلئە بېگى ئىيسا ئەۋلىياغا تاپشۇرۇلغانىدى.

نېمىشقا مېنى ئۆلتۈرۈشمەيدۇ؟ دەپ ئىسھاق زىنداننىڭ زەي تېمىغا يۆلىنىپ ئويلىناتتى، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۈچ قەدەم مېڭىپ يەنە تامغا ئۇرۇلدى: «گۆر دېگەن شۇمىكىن؟ مېنى تىرىك كۆمۈشمەكچىمۇ؟» دەپ ئۆز - ئۆزىدىن سورايتتى.

ئۈستىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بۇ بەلكىم قاراۋۇل. كىم بولمىسۇن ئۇ تىرىكلىك نىشانىسى. شەپە جىمىدى، چارچىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۇ ئاستا تامغا يۆلەندى، كۆزىنى يۇمدى، كۆز ئالدىغا ئابدۇراھمان، ئابدۇللابەگ كەلدى، قاپقانغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئويلىدى. ئىسيانىدا باش بولغان ئابدۇمۆمىن، ۋەلىخان، بېكنەزەر، ئەشمەت قاتارلىق سەركەردىلەرنى ئەسلىدى. ماڭا ئابدۇراخماننىڭ قولچوماقلىرى ھۇجۇم قىلغاندا، يېنىمدا ئاتاقۇل بار ئىدى. ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ ئۆلگەنمىدۇ؟ ياكى ماڭا ئوخشاش زىنداندا ياتامدىغاندۇر؟ دېگەن خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئىسھاق ئۇستىگە قارىدى ۋە بىر خىل تەسىردىن يۈرىكى سىلىپ كەتتى. چۈنكى ئۇستىدە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىچىلىك يەردىن يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى.

ئۇ ئالىقىنىنى تۇتتى. كىچىككىنە تۆشۈك بار ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ نېمە كېرىكى؟ ھازىر ئۇ كىمنىڭ دوست، كىمنىڭ دۈش- مەنلىكىنى ئايرىيالمايتتى. قانىتى سۇنغان قۇشتەك نىجاتسىز ئىدى. «نەدە سىلەر قەدىردانلار، يار - بۇرادەرلەر، جاپاكەش ھەمراھلىرىم، قەيەرلەردە قالدىڭلار سەپەرداش دوستلىرىم؟» ئۇ ئەمدى كىمگىمۇ ھەسرەت قىلسۇن؟ ئىسھاق نائىلاج ئەھۋالدا قالغانلىقىنى ئېنىق سېزىپ، تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئۇنى ئۇيقۇ باستى.

كۆزىگە يەنە شۇ يىپقا ئوخشاش ئىنچىكە نۇر كۆرۈندى. ئەتراپ قاراڭغۇ ۋە جىمجىت. ئۇ ئەتەي بىرەر شەپە ئاڭلىغۇسى كەلگەندەك يۆتىلىپ: «قايسى چاغ بولغاندۇر؟» دەپ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىدى.

— مەن نەدىن بىلەي؟ سەن تۇرۇۋاتقان يەردە مەنمۇ تۇرۇۋا- تىمەن! — دەپ كىمدۇر بىرى زىندانىنى بېشىغا كىيىپ كۈلدى.

يوقالغان نۇر بىردىن پەيدا بولدى. ئۇ ئالىقىنىنى تۇتتى. يىپقا ئوخشاش ئىنچىكە يورۇقلۇق تۇگەپ كېتىۋاتقان ئۆمۈرگە ئوخشىشاتتى. ئۇ ئالىقىنىنى نۇرغا تۇتۇپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم يۈزىگە سۈركىدى. «يورۇقلۇق... ھەممە نېمە يورۇقلۇققا ئىنتىد- لىدۇ...»

ئۇستىدىن شەپە ئاڭلاندى. ئىسھاق بېشىنى كۆتۈرۈپ قارد- دى. تۆمۈر قاپقاق ئېچىلىپ، يورۇقلۇق چۈشتى، كۆزى قامد- شىپ كەتتى. ئىسھاق يۈزىنى توسۇۋالدى. يېنىغا نېمىدۇر چۈش- تى، نان ئىكەن. كېيىن ئۇ يىپقا ئېسىلغان مىس چۆگۈننى ئالدى. ئەتراپقا زەن سالدى. بۇرجەكتە چاچ - ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن بىر كىشى قاراپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى ئىسھاق. ھېلىقى ئادەم ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ قاچتى. تۆمۈر دەرۋازا شاراقلاپ يېپىلدى. يەنە ھەممە ئەتراپ قاپقاراڭغۇچىلىققا چۆمدى.

— ھەي! ھە - ھەي! — دەپ ۋارقىرىدى ئىسھاق. ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. «نېمە ئۈچۈن ئۇ بۈگۈنمۇ گەپلەشمىدى! ئۇنىڭغا مەن نېمە يامانلىق قىلغاندىمەن؟ بۇ كىمدۇر؟»

بىر پارچە نان بىلەن سۇدا ناشتا قىلدى. بىر ئاز ماغدۇرىغا كەلگەندەك بولدى. كۈنلەر كەينى - كەينىدىن ئۆتۈۋاتاتتى...

يىراق - يىراقلاردىن گۈمبۈرلىگەن ئەكس سادالار كېلىشكە باشلىدى. ئىسھاق قۇلىقىنى تۇتتى. يەنە بىرنەچچە ئاۋاز ياڭرىدى.

«زەمبىرەك! زەمبىرەك ئېتىلدى!» دېدى ئۇ ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يەنە گۈمبۈرلىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئابدۇمۇمىن، بېكنەزەر، ئەشمەتلەر ئىسيانچىلار بىلەن بىللە قەلئەگە باستۇرۇپ كېلىۋاتقانغا ئوخشاتتى.

— ھە! ھەي! — دەپ ئۈستىگە قاراپ ۋارقىرىدى ئىسھاق. شەپە ئاڭلاندى. زىنداننىڭ تۆمۈر قاپقىسى ئېچىلىپ، قاراڭغۇلۇق نۇر بىلەن ئالماشتى. يورۇقتىن ئىسھاقنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى. ساقاللىق قاراۋۇل ئېڭىشىپ قارىدى:

— نېمە؟ ئايەت ئوقۇپ قويايمۇ؟

— ياق، ئايەت ئۆز ئاغزىمدا، — دېدى ئىسھاق.

— ئۇنداق بولسا، ۋارقىرىماي، خۇدا دەپ ياتماسەن؟!

— ھەي بۇرادەر!

قاراۋۇل جىم بولۇپ قالدى.

— تاشقىرىدىكى نېمە گەپ؟ زەمبىرەك ئېتىلىۋاتامدۇ؟

— سېنىڭ نېمە كارىڭ بار؟ ئۆمرۈڭ تۈگەپ كېتىۋاتسا، يەنە سورايسەنغۇ؟ يورۇق دۇنيادا مالىمانچىلىق، غازات...

— كىم باشلاپتۇ؟

— كىم نارازى بولسا، شۇ باشلايدۇ ـ دە!

— ئۇردا باشلاپتۇ. ئابدۇراخمان خەلق بېشىغا يەنە تەشۋىش سالماقچى ئوخشايدۇ! — دېدى ئىسھاق غەزەپلىنىپ.

قاراۋۇل ھەيران بولۇپ: «ئۆزى مۇشۇنداق ئەھۋالدا تو-رۇپ، خەلقنى ئويلاۋاتقىنىنى قارىغىنا؟! ئەقلىدىن ئېزىپتۇ بى-چارە!» دەپ ئويلىدى.

— ھەي باتۇر، — دېدى ئىسھاق، — ئىيسا ئەۋلىيانى چاقىر، تېز كەلسۇن، ئۇنىڭغا ئېيتىدىغان سۆزۈم بار.

— قوي، ساراڭ بولما، سۆزلىشىش مۇمكىن ئەمەس. ھە-دەپ چىشىمغا تېگىۋەرسەڭ، قاپقىنى يېپىپ قويىمەن! — دېدى قاراۋۇل.

ئىسھاق جىم بولدى، بەش ـ ئالتە قەدەم ماڭدى. قاراۋۇل ئېڭىشىپ:

— ھەي، سەن كىمسەن؟ — دەپ سورىدى، ئىسھاق ساقال باسقان يۈزنى كۆردى، — ھەممە نەرسە ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇۋاتىدۇ. سەن تېخى گەپ سوراپ يۈرىسەن، ئاغىنە! ئابدۇ-راخمان سېنىڭ تېرەڭنى شىلىۋالىدۇ!

— شىلسا ـ شىلسۇن، ئىسيان نېمە بولدى؟ ئىسيان؟ — دېدى ئىسھاق ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

— قايسى ئىسيان؟ لەشكەربېشى ھەزرەتلىرى كۆتۈرگەن ئىسيانمۇ؟!

— ياق، خەلق قوزغىلىڭىچۇ؟

— ھە ـ ھە ... پولاتخان باشلىغانمۇ؟ پولاتخان ئۆزى مەككى-گە زىيارەتكە كېتىپتۇ. ھازىر قوشۇننىڭ يېرىمى ئابدۇراخمانغا قارشى چىقىۋاتقانمىش.

ئىسھاقنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى.

— تەقسىر، سىزگە ئۇلارنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟ — دەپ مەسخىرە قىلدى قاراۋۇل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئىسھاق ئورنىدىن تۇرۇپ:
— مەن ئاشۇ پولاتخانىمەن! — دېدى.
قاراۋۇل ئاغزىنى قىسايتىپ، قاقاقلاپ كۈلدى:
— ھى - ھى - ھى- ھى... ھەزرىتى ئابدۇراخمان ئەمەسمۇ سەن؟!
— نادان! — ۋارقىرىۋەتتى ئىسھاق، — ئىشەنمەيۋا - تامسەن؟
قاراۋۇل يەنە كۈلدى، ئۇ ئىشەنمىدى. ئىسھاق گەپ قىلغۇچە قاپقىنى ياپتى.
— ھەي! ھەي، توختا! — دېدى ئىسھاق. جاۋاب چىقمىدى. شەپە يىراقلىدى. يىراقتىن زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلاندى.
زىندان گۆرگە ئوخشىشىپ كەتتى. كۆز ئالدىدىن قەدىردان قىشلىقى، بېكىنەزەر، كۆپكۆك يايلاق، نۇرانە ئانىسى ئۆتتى... مۇشۇ تەرىقىدە كۈنلەر ۋە تۈنلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.
— ھەي، كىم بار؟ — دېگەن ئاۋاز زىنداندا ئەكس سادا بەردى.
— ھەي، بۇياققا چىق! — دەپ ياڭرىدى بىگانە كىشىنىڭ ئاۋازى.
ئىسھاق شوتىغا ياماشتى. ئاياغلىرى تىترەپ تۇرسىمۇ جان - جەھلى بىلەن ئۈستىگە ئىنتىلدى. كىمدۇر زىندان ئاغزىدا ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىدى.
ئىسھاق سەگىپ قالدى. ھاۋا بىغۇبار ئىدى. كۆزىگە دەسلەپ كۆرۈنگىنى ئىككى قاراۋۇل لەشكەر بىلەن سۇزۇك ئاسمان بولدى. لەشكەرلەر ھېچنېمە دېمەي، ئۇنى ئارىغا ئېلىپ بەگنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ ماڭدى.
بەگلىك تەختىدە ماش گۈرۈچ ساقاللىق، بېشىغا زەڭگەر مەخمەل دوپپا كىيگەن، قارا چاپانلىق ئىيسا ئەۋلىيانىڭ ئۆزى ئولتۇراتتى. ئۇ مەھبۇسقا تىكىلىپ قارىدى. مومدىن ياسىغان

شام خىرە نۇر چاچاتتى. ئىسھاق توپتوغرا ئىيسا ئەۋلىيانىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ توختىدى، سالام بەرمىدى. ئەۋلىيا قېشىنى ھىمىردى.

— كېلىڭ، شاھزادە! — دېدى ئۇ مۇلايىم. ئىسھاق يۈزىنى شارتتىدە ئۆرىدى. ئۇنىڭغا «شاھزادە» دېگەن سۆز ئېغىر كەلدى. ئەۋلىيا قارا چاپىنىنىڭ يېڭىنى تۈزىتىپ:

— ئوغلۇم، — دېدى ئاستا، — ئولتۇر، ئوچۇق - يورۇق گەپلىشەيلى.

ئورۇقلاپ كەتكەن ئىسھاق يېقىنىراق بېرىپ يۆلىنىپ ئولتۇردى.

— ھەي، بوپتۇ، ئوغلۇم، شاھزادە دېگەن سۆز قۇلىقىڭغا ياقمىغان بولسا، ئېيتمايلا قوياي، گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇكى، ئوغلۇم... تەخت ئۈچۈن ئۆزئارا قىرغىن قىلىشنىڭ، ئېلىشىشنىڭ ھازىر پايدىسى يوق ئىكەن، خۇسۇسەن، گېنېرال گوبېرناتور كۈندىن - كۈنگە پېشىمىزدىن تارتىپ، بوينىمىزغا سالغان سىرتماقنى ئاستا - ئاستا قىسماقتا، بىر ياقىدىن باش چىقارمىساق، دىنىمىزدىن، يېرىمىزدىن، بايلىقىمىزدىن ئايرىلىپ قالىدىغانغا ئوخشايمىز...

ئىسھاق ھامان تەلەتىنى بۇزماي ئولتۇراتتى.

ئەۋلىيا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— نەسىردىن ئۇممىدىمىزنى ئاقلىمىدى. سەندىن نېمىنى يوشۇراتتۇق؟ بۇ ئەقىلسىز تەلۋە ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، گوبېرناتورنى قوللاپ، مىڭبېشىنى مەنسىتمەيۋاتىدۇ.

ئىسھاق گەپكە ئارىلاشتى:

— بۇ قارغىش تەگكۈر ئوردىنى يوقاتمىغۇچە تىنچلىق بولمايدۇ، دېگەن ئەمەسمىدۇق؟ بۇ تۇخۇمى قۇرىغۇر ئاچ كۆز بولۇپ كەتتى. پەقەت ئۆزىنى ئويلىدى. ئۆلكە بىلەن مۇتلەق كارى يوق. ئۇلار يىلتىزىدىن قۇرۇتۇلمىغۇچە، ئوردىنىڭ جەمئىيەتكە زادى

ئىپى تەگمەيدۇ!

نېمىدەپ جاۋاب بېرىش كېرەك؟ ئېيسا ئەۋلىيا خىيال سۈ-رۈپ كەتتى...

ئابدۇراخمان ئوردىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ھەممە ۋىلا-يەتلەردىكى بەگلەرگە تۆۋەندىكى مەزمۇندا خەت ئەۋەتكەنىدى: «ئەي مۇسۇلمانلار! بوۋىلىرىمىزنىڭ قەبرىلىرى ئاياغ ئاستى قى-لىندى، مازارلىرىمىز چەيلەندى. ھەي، ئەھلى مۇسۇلمان، سو-دىگەر، چارۋىدارلار بىر - بىرىنىڭ جېنىغا زۇلۇم سالماقتا. تۇرلۇك ئۇرۇقلارنىڭ ئۇرۇشى مۇرەسسەنىڭ يوقلۇقىدۇر. بىر تەرەپتىن، گېنېرال گوبېرناتور يۇرتىمىزغا خەۋپ - خەتەر سېلى-ۋاتىدۇ. بىز ياتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇشىمىز لازىم. ئاتلىنىڭلار! ھەي، مۇسۇلمانلار، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېشىل تۇ-غىنى ئېگىز كۆتۈرەيلى!» يەنى، ئەلنى قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدىكى مۇنداق ئۇلۇغۋار سۆزلەر ھەممىنى ئاياغقا تۇرغۇزدى.

ئابدۇراخمان تېزلىك بىلەن ئىشقا كىرىشتى. ھەمەل ئېيى-نىڭ باشلىرىدا، چېگرا ھېسابلانغان ئەبلىك قىشلىقىغا ئىچكىرى-لەپ كىردى. ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن تاشكەنت - خوجەند ئالاقە يولىنى ئېگىلەپ، رۇس ئەسكەرلىرى تۇرغان رايونغا ھۇ-جۇم باشلىدى. خوجەندگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن قوشۇن بولسا، يول بويى بىر قانچە پونكىتلارنى قولغا كىرگۈزۈپ، شەھەرگە ئون ئىككى چاقىرىم يەردىكى دىگمەي قىشلىقىنى ئازاد قىلدى. كۆ-رەشكە ئاتلانغانلار سىر دەريا بويلاپ چىلمەھرەم، سەنگەر، ناۋ، پەركېنت قىشلاقلىرىنى بوشىتىشتى. تاشكەنتكە قىرىق چاقىرىم قالدى. شۇ كۈنى خوجەند تەرەپتىكىلەر خوجەند - ئۆرەتۆپە ئالاقە لىنىيىسىنى ئىشتىن چىقىرىپ، ماناپ يىسەيۇننىڭ ئەينەك زا-ۋۇتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن خوجەند شەھىرى قامالغا ئېلىندى.

توقۇنۇشقا باھانە تاپالماي تۇرغان گېنېرال گوبېرناتور فان

كەيفمان گېنېرال گالاۋاچايېف باشچىلىقىدا تېز ئاتار مىلتىق، زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان بىر مىڭ بەش يۈز كىشىدىن ئىبارەت قوشۇن ئەۋەتتى. خوجەند شەھىرىدىن پولكوۋنىك سكابېلېفنىڭ رۇس ئەسكەرلىرى ئازاد قىلغۇچىلارنىڭ يولىنى توسۇدى.

فان كەيفمان تاشكەنتتە تىنچ تۇرمىدى. ئۇ نەسىردىنخان بىلەن ئاستىرتىن ئالاقە باغلاپ، ئۇنى ئابدۇراخمانغا قارشى ئاتلاندۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى.

گېنېرال گالاۋاچايېف ئاھانگاران يېنىدا زۇلپىقار باشچىلىق قىلغان ئالتە مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن توقۇنۇشتى. زۇلپىقار يېرىم ئەسكىرىدىن ئايرىلدى. پولكوۋنىك سكابېلېف خوجەند ئەتراپىدا غەلىبىگە ئېرىشىپ، پەركېنت قىشلىقىنى باشقىدىن قولغا كىرگۈزدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئوردىدىكى نەسىردىنخان خان تەرەپدارلىرى ئېغىر ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ، قوقانغا رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ كىرىشىنى لايىق تېپىشتى. شۇ باھانىدە ئابدۇراخماندىن قۇتۇلۇشنى كۆزلىگەن خان تاشكەنتتىن ياردەم سوراپ، يوشۇرۇنچە خەت ئەۋەتتى. ئۆلكىنىڭ بىردىنبىر ئىگىسى نەسىردىنخاننىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، فان كەيفمان رۇس ئەسكەرلىرىنى چېگرا قىشلاقلىرى ئارقىلىق پەرغانىگە كىرگۈزگەنىدى...

ئەنە شۇنداق ئېغىر پەيتتە، ئىيسا ئەۋلىيا يېرىم كېچىدە ئىسهاقنى زىنداندىن ئاچىقتۇرۇپ، ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن سۆھبەتلەشتى ۋە ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلغان بولدى.

— شۇنداق ئوخشايدۇ، ئوغلۇم، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ بىرەر چارىسىنى تېپىش كېرەك. گەپ شۇنىڭدىكى، ئېلىمىز دېلىغۇللۇقتا، كۈچىمىز ئىككى تەرەپتە قالدى. غازاتقا چاقىرىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرمىسەك بولمايدۇ. مىڭبېشى ھەزرىتىنى قوللايلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىسا ئەۋلىيانىڭ تەبەسسۇم ئويناپ تۇرغان يۈزلىرى ئىسھاققا بوتاقاردىكى قوغۇنچى بوۋاينى ئەسلەتتى. «بۇ مۇنداق قىلىپ نېمە قىلماقچى؟ ئۆز دامىغا چۈشۈرمەكچىمۇ؟» دەپ ئويلىدى ئىسھاق.

— ئوغلۇم، ئەقىللىق يىگىتسەن، ئويلاپ كۆر. ئانا يۇرت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، دىن ئۈچۈن غازاتقا چىقىپ، مىڭبېشى ھەزرىتىنىڭ ئەمرىگە كۆنۈڭلار، مەن شۇنىڭغا رازىمەن، دەپ بېكىنەزەرگە خەت ياز، ئوغلۇم.

شۇ چاغدا خىزمەتكار كۈمۈش پەتنۇسقا پىيالە، شاراب تولدۇرۇلغان جام كۆتۈرۈپ كىردى.

— ئاۋۋال ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرايلى، — دەپ ئۇ پەتنۇسنى خىزمەتكارنىڭ قولىدىن ئالدى، ئارقىدىن، — ئۆزىمىز قويۇپ ئىچىمىز، — دېدى. بۇ خىزمەتكارغا «چىقىپ كەت» دېگەن بېشارەت ئىدى. خىزمەتكار ئىشىككە قاراپ ماڭدى، تەقۋادار ئەۋلىيانىڭ سۆزىگە قارىغاندا، شاراب گۇناھىئەزىم، مۇسەللەس بولسا، ئەينى مۇددىئا ئىمىش. ئالتۇن سۈيى يالىتىلغان پىيالىگە مۇسەللەس قويۇلدى. شاراب ئىكەن، پۇرىقى ئەتراپقا تارقىلىپ كەتتى. ئۇ گۈلگۈن قەدەھنى بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، دەپ غۇرت - غۇرت يۇتۇپ، خۇداغا شۈكۈر قىلدى.

— قېنى، مەرھەمەت، — دەپ نۆۋەتتىكى پىيالىنى ئىسھاققا ئۇزاتتى. ئۇسسۇزلۇقى قانمىغانلىقىنى سەزگەن ئەۋلىيا يەنە قويۇپ بەردى. ئىسھاق ئىككىگە بۆلۈپ ئىچتى.

— رەھمەت، خۇدا رەھمەت قىلسۇن، — دېدى ئىسھاق.

— رەھمەتنى خۇداغا ئېيتقىن، ئوغلۇم. ئەمدى ھېلىقى تەرەپلىرىنى بىر ئويلاپ كۆرگىن. شۇنداق قىلساڭ ئەل - يۇرتنىڭ جېنىغىمۇ، ئۆزۈڭنىڭ جېنىغىمۇ ئارا تۇرغان بولىسەن!

شارابتىن شىركەيىپ بولغان ئىسھاق بېشىنى كۆتۈردى.

— ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ساتقۇنلۇق قىل، دېمەكچىمۇسىز؟! —

دېدى كۈلۈپ، — ۋەزىيەت شۇنى تەقەززا قىلىۋاتقان بولسا، يول مېنىڭكى بولىدۇ، بەگ، ئۆزىڭىز بىلىسىز، مېنىڭ پەرمانىمغا كۆنۈپ، مېنىڭ تۇغۇم ئاستىغا توپلىنىڭلار!

ئېيسا ئەۋلىيانىڭ ئەزايى بەدىنى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئىسهاقنىڭ سۆزلىرىدىن تېخىچە پېتىدىن چۇشەمەيۋاتقانلىقىنى، ھېچقانداق بالادىن قورقمايدىغانلىقىنى بايقىدى. ئەۋلىيانىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالدى، ئاران دېگەندەك كۆزى يەردىن ئۈزۈپ:

— بەڭباشلىقىڭ بېشىڭغا چىقىدۇ، بالام! ··· —دېدى ۋە يەلكىسىگە تاشلانغان چاپىنىنى سۆرەپ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى پولكوۋنىك سكابېلېۋ قەلئەنى قامال قىلدى.

كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئىسهاق زىنداندا ئۇخلاۋاتاتتى. بىردىن يەر قاتتىق تىترىدى. ئۇ، كۆزىنى ئاچتى. ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئوق ئاۋازلىرىدىن ھوشيارلاندى. ئىسهاق قولاق سالدى. مىلتىق، توپ ئاۋازلىرىدىن يەر لەرزىگە كېلەتتى. «ھە، رۇسلار كەپتۇ ـ دە!» دېدى ئۇ ۋە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدى، كېيىن زىنداننىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— ھە ـ ھەي؟! كىم بار؟!

ئۇنىڭ ئاۋازىنى تاشقىرىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىپ كەتتى. شۇئاندا تاشقىرىدىكى تاملار ئاغدۇرۇلۇپ، قومۇشقا ئوت كېتىپ ھەممە يەرنى ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى. زەمبىرەك تىنىمسىز گۈمبۈرلەيتتى، ئات كىشنەيتتى. زىندان ئەتراپىدا كىمدۇر ۋاقىراپ گەپ قىلدى.

— ۋارقىرىما، ھەي، خوتۇن تالاق! — دەپ چالۋاقىدى بىرى، — ئوتنى ئۆچۈر. سۇ چېچىڭلار. كىگىز باس، ھەي خوتۇن تالاق!

ئىسهاق تونۇدى. بۇ ئابدۇراخمان ئىدى. «ئەھۋالىڭ شۇ ئىكەنغۇ، بەتبەخت!» دەپ قويدى ئۇ ۋە ئارقىغا بۇرۇلۇپ، زىنداننىڭ خىش تېمىغا يۆلەندى. يەر تەۋرىتىپ، بىر ـ ئىككى

تاش - خىش چۈشتى. زىندانىنىڭ ئىچىگە قويۇق چاڭ - توزان كىرىشكە باشلىدى. يېقىن يەردە كىمدۇر بىرى ئىڭرىدى. ئىسھاق يالت قىلىپ قارىدى ۋە قولىنى يۇقىرىغا سوزدى.

— كىمسەن؟ ھەي، بۇرادەر! — دەپ توۋلىدى. يەنە ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇ چاغدا نېمىدۇر بىر نەرسە تامچىلىدى. ئىسھاق قولىنى تۇتتى، قان ئىكەن. ئۇ ئىككى قولىنى سوزۇپ يەنە ۋارقىرىدى:

— ھەي، بۇرادەر، ماڭا قارا!

ئىڭرىغان ئاۋاز توختىدى. چاڭ - توزان ئۇنىڭ نەپىسىنى بوغدى. ئۇ ئالىقىنىدىكى قاننى كۆرۈپ، «بەلكىم بۇ دۈشمىنىمنىڭ قېنىدۇر؟ بەگنىڭ قېنىدۇر؟» دەپ قولىنى يالىغۇسى كەلدى. زەمبىرەكلەر يەنە گۈمبۈرلەشكە باشلىدى. ھەممە تەرەپنى چاڭ - توزان قاپلىدى. نېمىدۇر گۈمبۈرلەپ ئاغدۇرۇلدى. قەلئەنىڭ تېمى بولسا كېرەك. «ھەممىسى تام، ھەممىسى!» دېدى ئىسھاق. ئۇ زىندانىنىڭ بىر بۇرجىكىدە دۈم ياتاتتى.

ئېتىشىش توختىدى. زىندانىنىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلدى.

— ھەي - ھەي، بارمۇسەن؟ ئارقاننى تۇتە، چاپسان بول.

ئىسھاق ئارقاننى بېلىگە باغلىدى، ئايىغى يەردىن كۆتۈرۈلدى. ئۇ زىندان ئاغزىدا تۇرغان ئادەمنى تونۇمىدى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى ئىسھاق ھەيران بولۇپ.

— ئۈنۈڭنى چىقارما. خۇدا رەھمەت قىلغۇر، — دەپ شىۋىرلىدى ناتونۇش كىشى.

ئىككىسى بۇزۇلغان تاملارنى ئارىلاپ، قەلئە ئۈستىگە ئاپىرىدىغان پەلەمپەيىنىڭ تېگىگە بېرىپ توختاشتى. ئىسھاق ئەتراپقا قارىدى. قاپقاراڭغۇ، خېلى يىراقتا پەشتاق كۆزگە چېلىقتى. ئۇلار قەلئەنىڭ چېتىگە چىقىشتى. تۆۋەندە سۇنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۆلۈمگە ئالدىرىما، تەقسىر، مانا بۇنى تۇتە...

ئىسھاق ئارقاننى بېلىگە باغلىدى، ئېگىز تامدىن ئېسىلىپ چۈشتى، ئايىغى يەرگە تېگىشى بىلەن قاياقتىندۇر كۈچ پەيدا بولدى. ئۇ، ئايەت ئوقۇپ مۈزدەك سۇدا يۈزىنى يۇدى ۋە قېنىپ - قېنىپ ئىچتى. كېيىن ئېرىق بويلاپ يۈگۈردى. ئالدى-دىن كىمدۇر بىرى چىقتى. ئىسھاق ئەندىكىپ توختىدى.

— سەن كىم؟ يولۇمنى توسما! — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئىسھاق؟ ھە، ئەزىزىم، بارمۇسەن؟!

ئىسھاقنىڭ يۈرىكى قاتتىق سېلىشقا باشلىدى. بېكىنەزەر! ئىسھاق لاتىدەك بوشىشىپ كەتتى، ئاياغلىرى پۈكۈلدى. بېكىنە-زەر يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى باغرىغا باستى.

— ئىسھاق، ھە، قەدىردانىم، تىرىكمۇسەن؟

ئىسھاقنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي، بېشىنى بېكىنەزەرنىڭ كەڭ كۆكرىكىگە قويدى. شۇنىڭغىچە يىگىتلەر يېتىپ كېلىپ، بىر باشتىن ھال سوراشقا باشلىدى.

— قېنى تېزرەك! — دېدى بېكىنەزەر. يىگىتلەر دەرھال بوز ئارغىماقنى ئىسھاقنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈشتى. بېكىنەزەر ئۇنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈردى. ئىسھاق ئۆزىنى قۇشتەك يەڭگىل سې-زىپ، كېچىدە قارىيىپ تۇرغان مەھرەم قەلئەسىگە قايرىلىپ قارىدى.

— بېكىنەزەر ئاكا، مېنى قۇتۇلدۇرغان كىم ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— خاتىرجەم بول، ئىسھاق، ئۆزىمىزگە قاراشلىق ئا-دەم، — بېكىنەزەر ئىككى قولىنى يايدى، — قېنى! ئامىن، خۇدا ئاقيول بېرىپ، ئاتىمىزنىڭ روھى قوللاپ، قاراڭغۇدا شام چىراغ بولسۇن، ئاللاھۇئەكبەر! — دەپ پاتىھە ئوقۇپ، ئارغىماققا قامچا ئۇردى. يىگىتلەر بېكىنەزەر بىلەن ئىسھاقنىڭ يېنىدىن ئاتلىرىنى ئىلدام چاپتۇرۇپ، پەرغانە تەرەپكە يول ئېلىشتى.

ئۇلار كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، تاڭ ئېتىشىغا ئۇلۇغ تاغ بۆزبوغا يېتىپ كېلىشتى.

www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى قىسىم

## 1

ئون ئىككى مىڭ ئادەمدىن ئايرىلغان ئابدۇراخمان ئاپتۇۋ-چى قارشىلىقتا بەرداشلىق بېرەلمەي، بەش يۈزگە يېقىن يىگىتى بىلەن ئىيسا ئەۋلىيانى ئەگەشتۈرۈپ، قېچىشقا مەجبۇر بولدى. فان كەيفمان بولسا، نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن بىلەن قوقانغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. نەسىردىن خان دەرۋازىلىرىنى مەھكەم بېكىتىپ، ئابدۇراخماننىڭ قايتىپ كېلىشىگە يول قويمىدى. ئەكسىچە، ئوردىدىن پىيادە چىقىپ، فان كەيفماننى كۈتۈۋالدى.

نەسىردىن خان بىلەن ئۇچراشقان فان كەيفمان شاھزادىگە چوڭ ئىشەنچ بىلدۈرۈپ، كېلىشىم قىلىشقا رازىلىق بەردى. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ھەر ئىككى تەرەپ شەرتنامىگە ئىمزا قويدى. شەرتنامىگە ئاساسەن، ئۆلكىنىڭ شىمال تەرىپى — نارىن دەريا-سىنىڭ قىرغىقى، ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نەمەنگان شەھىرى روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ قارىمىقىغا ئۆتتى ۋە ۋىلايەت خەلقى زىممىسىگە ئالتۇن باھاسىدا ئالتە يۈز مىڭ سوم قىممىتىدە ئۇرۇش سېلىقى چۈشتى. خان دېگەن نامنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، نەسىردىن خان ھەممە نەرسىگە جان دەپ رازى بولدى.

فان كەيفمان تەرجىمان بىلەن بىللە كۈتۈپ ئولتۇردى.

مۇھاپىزەتچى دۇگدەيگەن بىر دىۋانىنى ئەكىردى. فان كەيف-

ـمان قىزىقسىنىپ قارىدى:
— شۇمۇ؟
— ھەزرىتى ئالىيلىرى، شۇ كىشى!
فان كەيفمان كۈلۈمسىرىدى.
— كىلىك، — دېدى دىۋانىگە، تەرجىمان تەرجىمە قىلدى.
دىۋانە ياتىسراپ: «ھەي ئاللا… كاپىرنىڭ يۈزىنى كۆرسەتكۈچى جىنىمنى ئال!» دەپ دۇرۇت ئوقۇدى. فان كەيفمان تەرجىمانغا قارىدى.
— ھەزرىتى ئالىيلىرى، ئۇ ئۆلۈم ئالدىدا خۇدانى ياد ئېتىپ دۇئا ئوقۇدى، — دېدى.
فان كەيفمان: «ھىم…» دەپ خورسىنىپ قويدى. تەرجىمان جىملىقنى بۇزدى:
— بىچارە، بۇ دۇنيانىڭ لەززىتىدىن ۋاز كەچكەن ئوخشايدۇ. ئەقلىدىن ئازغان ئوخشايدۇ…
فان كەيفمان ماقۇللىدى:
— ھە، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. نو، ئىسمىڭىز نېمە؟
تەرجىمان تەرجىمە قىلدى.
— مېنىڭمۇ؟ خۇداغا شۈكرى، ئىسمىم پولات. ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن، خۇدانىڭ بىر بەندىسىمەن. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىمەن، — دېدى ئۇزۇپ - ئۇزۇپ.
تەرجىمان ئارقىلىق دىۋانىنىڭ سۆزىگە چۈشەنگەن فان كەيفمان كۈلۈۋەتتى.
— بەللى، ئەگەر سىزدىن باشقا بىرى سوراپ قالسا، خۇددى مۇشۇنداق جاۋاب بېرەمسىز؟
تەرجىمان تەرجىمە قىلدى.
— سورىسۇن، مەيلى سوراۋەرسۇن…
تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. كەيفمان ئورنىدىن تۇرۇپ، دىۋانىنى مۇھاپىزەتچىگە تاپشۇرۇپ، ئۇنى پاكىز يۇيۇندۇرۇشنى،

شاھزادە كىيىمىنى كىيدۇرۇشنى بۇيرۇدى.

ئەتىسى سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا دىۋا-نىنى يەنە ئەكىلىشتى. ئۇ يەنە شۇ ھالىتىدە ئىدى. ئۇستىدە ئەسكى بۆز چاپان، بېشىدا كىر سەللە. كەيفماننىڭ ئاچچىقى كەلدى. چۈنكى، خەلققە ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرۈش ۋە شەر-مەندە قىلىش ئۈچۈن، ئەتىيلەپ سەمەرقەنتكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى ئالدۇرۇپ كەلگەنىدى...

— بەللى، شاھزادىمىز شۇمۇ؟

— ئالىي ھەزرەتلىرى، ئۇ كىيىنىشتىن، تاماق يېيىشتىن باش تارتتى.

فان كەيفمان ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن مەرغىلانغا كەلدى. بازار كۈنى ئىدى. جارچىلار بازار ئايلىنىپ، خالايىقنى توپلاپ، «شاھزادە پولاتنى كۆرۈۋېلىڭلار» دەپ جار سالدى. كىشىلەر: «تۇۋا، شاھزادە شۇ بولسا ـ ھە؟» «ياقەي، بۇ بىر قەلەن-دەرغۇ؟!» دېيىشىپ، ئۆزئارا تالىشاتتى. تەرجىمان كىشىلەر-نىڭ سۆزىنى تەرجىمە قىلدى. فان كەيفمان:

— قەدىرلىك ئاقساقاللار! ئۇنىڭ كىملىكىنى ئۆزىدىن سو-راپ كۆرۈڭلار! — دېدى.

تەرجىمان خالايىققا تەرجىمە قىلىپ بەردى. سەللە ئورىغان بىر بوۋاي ئوتتۇرىغا چىقتى ۋە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ دىۋانىگە سالام بەردى. دىۋانە ئۆزىنىڭ ئادىتى بويىچە، دىك قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت بىلەن ئىلىك ئالدى.

— ھەي، ئەھلى مۇسۇلمان! مېنى كاپىر بەند قىلىۋالدى، ئۇنىڭ قولىدىن مېنى بوشىتىۋېلىڭلار!

— ئۆزۈڭ كىمسەن؟ — سورىدى ھېلىقى بوۋاي.

— ئىسمىم پولات، تەقسىر، خۇدانىڭ قۇلى، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۈممىتىمەن.

— قايسى پولات؟
— ئىبراھىمبەگنىڭ ئوغلىمەن، تەقسىر.
— قايسى ئىبراھىمبەگ؟
دىۋانە بۆرىنىنى تارتىپ، پۇشۇلداپ جاۋاب بەدى:
— ئەمدى، تەقسىر… ئىبراھىمبەگ، خۇدا رەھمەت قىلغۇسۇن، بىزنىڭ ئاتىمىز ئىدى. خان ئەۋلادى، جاھان سورىغان ئالىمخاننىڭ ئوغلى بولغان، تەقسىر…
كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا شاۋقۇن كۆتۈرۈلدى. «يالغان ئېيتىدۇ»، «قىزى تالاق دىۋانە»، «ئۇنىڭغا بىرى ئۆگىتىپ قويغان!» دەپ ئادەملەر ھەر تەرەپتىن لوقما تاشلاشتى. تەرجىمان فان كەيفەنغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. فان كەيفەن يېنىدىكى ئوردا ۋەكىلىگە ئىشارە قىلدى، ئۇ قوينىدىن «قۇرئان»نى ئېلىپ، بوۋايغا ئۇزاتتى. بوۋاي ئۇنى سۆيۈپ پېشانىسىگە سۈرتكەندىن كېيىن:
— ھەي، ناتىۋان بەندە، سەن: «مەن ئالىمخاننىڭ ئوغلى پولاتبەگمەن» دەپ خۇدانى ياد قىلىپ بۇ دۇنيا ـ ئۇ دۇنيانى ئېسىڭگە ئېلىپ، مانا بۇ كالامىشەرىپنى كۆتۈرۈپ قەسەم ئىچىپ باققىنا! — دەپ رەڭگى ئۆڭۈپ «قۇرئان»نى دىۋانىگە ئۇزاتتى،
— ئويلاپ جاۋاب بەر، تەۋەررۇك كىتاب ئۇرۇپ كەتمىسۇن!
دىۋانە ھېچبىر ئويلاپ ئولتۇرماي «قۇرئان»نى ئېلىپ، ئۆز ئادىتى بويىچە تاۋاپ قىلدى.
— يالغان گەپ قىلسام، كالامىشەرىپ ئۇرسۇن!… مەھشەر كۈنى پەيغەمبەر جامالىدىن مەھرۇم بولاي… ئىبراھىمبەگنىڭ ئۆز ئوغلىمەن، — دەپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى، — ھەي مۇسۇلمان پەرزەنتلىرى، مېنى بوشىتىۋېلىڭلار، كاپىرلار بەند قىلدى، ۋالدى، نامىزىم قازا بولدى، ئەي، مۇسۇلمانلار…
توپلانغان خەلق جىم بولۇپ قالدى، ئادەملەر ئارىسىدىن: «توۋا ئۆزى ئىكەن»، «خۇدا يولىغا كىرىپ كەتكەنىكەن ـ دە،

بايقۇش!» «بۇنىڭ نېمە زىيىنى بار؟!» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. تەرجىمان دەررۇ تەرجىمە قىلدى. فان كەيفىمان يەنە نېمىدۇر بۇيرۇپ ئىشارە قىلدى. تەرجىمان يېنىدا تۇرغان سۇلتانمۇراتنى نوقىدى.

— شۇنداق، — دېدى سۇلتانمۇراتبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ھەي، ياخشىلار، كۆرۈپ تۇرغىنىڭلار خۇدا رەھمىتى شاھزادە ئىبراھىمبەگنى ئوغلى شاھزادە پولاتبەگ بولىدۇ. ھەممىڭلارغا مەلۇمكى. ئىسھاق ئىسمىلىك بىر ماكانسىز پولاتخان نامى بىلەن يوشۇرۇنۇپ، خانغا، ئوردىغا قارشى خەلقنى كۈشكۈرتۈپ سەۋەبسىز قان تۆكمەكتە. بۇنىڭدىن كېيىن يامان نىيەتتە بولغانلار ناتوغرا يولدىن قايتىپ، خاندىن ئۆزرە سورىسۇن! خان ھەزرەتلىرى ئۇلارنى كەچۈرىدۇ. خۇدا خالىسا، پات ئارىدا، يالغان شاھزادە ئىسھاق قولغا چۈشۈرۈلۈپ، جەھەننەمگە يولغا سېلىنىدۇ!

ھېچكىم ئۈن چىقارمىدى. بەزىلەر توپتىن چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. بەزىلەر ئوتتۇرىدا تۇرغان پولاتقا ئەجەبلىنىپ قارىشاتتى.

فان كەيفىماننىڭ ئىشارىتى بىلەن يان تەرەپتە تۇرغان بىر كىشى ئورنىدىن قوزغالدى، قامچىسىنى پۇكلەپ، ئادەملەرگە مەنسىتمەي قارىدى. خەلق تىنچسىزلاندى. «ھەي، بۇ ئاتا قول باتۇر بېشىغۇ؟» «ھە، ھە، ئىسھاقنى ساتقان شۇمىدۇر؟» دەپ توپلانغانلار ئوچۇق - ئاشكارا گەپ قىلىشتى. فان كەيفىمان ئادەملەرنىڭ كۆزىنى ئۇزمەيتتى.

— ھەي، خالايىق! — دېدى ئاتاقول، — ھەيران بولماڭلار، مېنى كۆپچىلىك تونۇيدۇ. مەن ئاتاقول باتۇر بېشى بولىمەن. مەن ئىككى يىل داۋامىدا يالغان شاھزادە ئارقىسىدىن يۈرۈپ، ئۆز ئېلىمگە قىلىچ كۆتۈردۈم. شەرىئەتكە، ئوردىغا قارشى چىقتىم. ئاخىر كۆزۈم ئېچىلدى. بۇنداق ئالدامچىدىن



www.uyghurkitap.com

تېزرەك قولۇڭلارنى يۇيۇڭلار. قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى!
فان كەيفمان ئاتاقۇل باتۇربېشىنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇردى. ئاتاقۇل سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، تەرجىمانغا بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۆز نۆۋىتىدە تەرجىمان سۇلتانمۇراتقا ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ سۆزىنى چۈشەندۈردى. سۇلتانمۇرات ئورنىدىن تۇرۇپ دېۋانە پولاتنى قولىدىن يېتىلەپ توپنى ئايلاندۇردى.
— مانا كۆرۈۋېلىڭلار، ھەقىقىي شاھزادە مانا مۇشۇ بولىدۇ. تونۇپ قويۇڭلار!
ئادەملەر ئاستا ـ ئاستا ئازىيىپ تەرەپ ـ تەرەپكە كېتىشكە باشلىدى.
— ھەي، خالايىق! مانا، شاھزادە پولاتبەگ ... — دەپ ۋارقىرىدى سۇلتانمۇرات، ئۇنىڭ ئاۋازى خىرىلداپ چىقاتتى. ئاتاقۇل باتۇربېشى تارقىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يولىنى توسۇپ پوپوزا قىلدى:
— ھەي مەككار چال، قاياققا؟ ھاي، ساڭا دەۋاتىمەن، قوتاندىن قاچقان قويغا ئوخشايسىنا!؟
ئۇنىڭ ئورۇنۇشى بىكار كەتتى. ئادەملەر ئۆزى بىلگەنچە كېتىۋەردى. دېۋانىنى يېتەكلىگەن سۇلتانمۇرات ھېرىپ ـ ئېچىپ فان كەيفماننىڭ ئالدىغا كەلدى. ھەزرىتى ئالىينىڭ قاپىقى سېلىندى. سۇلتانمۇرات خۇددى خوجايىنىدىن تاياق يېگەن ئىتتەك بوشاشتى. ئاتاقۇل باتۇربېشى ھامان يول توسۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى.
— ھەي ـ ھەي! قۇلىقىڭ بارمۇ! — دەيتتى ئۇ. دوپپا كىيگەن نوچى بىر ئادەم مۇلايىملىق بىلەن:
— ھە، ئاڭلىدۇق، ياخشى يىگىت! — دېدى.
— ئاڭلىغان بولساڭ نەگە كېتىۋاتىسەن؟!
— ئاۋۇيەرگە، ھازىر كېلىمەن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئاتاقۇل باتۇربېشى غۇدۇڭشىدى:

— كېلىسەن ـ ھە؟ كېلىسەن، ئەخمەق!

تەرجىمان بۇ سۆزلەرنى فان كەيفمانغا تېز ـ تېز تەرجىمە قىلىپ بەردى.

فان كەيفمان ئاتقا مىندى. ئېتى ئويناقلايتتى، ئۇ ئاچچىقى بىلەن:

— ھەي! — دەپ توۋلىدى. ھەممە جىم بولۇشتى.

— ھەي، ئۆزبېكلەر! — دېدى ئۇ قولىنى چىنەپ، — ئاخىرقى قېتىم ئېسىڭلارغا سېلىپ قويماقچىمەن. بۇزغۇنچىلارغا ئىشەنمەڭلار. كىمكى ئىسيانچىلارغا قوشۇلسا، مال ـ مۈلكىدىن، باغۋارانىدىن ئايرىلىدۇ. سىلەر كۆچمەنچىلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەڭلار!

تەرجىمان گېنېرال گوبېرناتورنىڭ سۆزلىرىنى تاتارچە تەلەپپۇزدا قىيىنىلىپ يۇرۇپ تەرجىمە قىلدى. ھېچكىم ئۈندىمىدى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ توۋلىدى فان كەيفمان. تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. ئەل يەنە ئۈن چىقارمىدى.

شۇ كۈنى فان كەيفمان ئاتاقۇل باتۇربېشىنى مەرغىلان شەھىرىگە بەگ قىلىپ تەيىنلىدى. «جىمى قىشلاق ۋە ئاۋۇللارنىڭ مەھەللە ـ ئاھالىسىدىن كىمكى ئىسيانغا قوشۇلسا، ئۆي ـ جايى مۇسادىرە قىلىنىدىغانلىقى، ئۆزى قاتتىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقى» توغرىسىدا پەرمان چىقىرىلدى.

بۇ پەرمان جارچىلار ئارقىلىق كوچىمۇ كوچا، قىشلاقمۇ قىشلاق يەتكۈزۈلدى.

تاغ سۈيى تاشقىنلاپ ئاققان ۋاقىتتا، ھەر قانداق توسۇقلارنى بۇزۇپ، ئۆز ئېقىنى بىلەن يول يېللاپ ئاققان دەريا قىنىنى ئۆزگەرتىپ تاشلايدۇ.

خەلق تاغ سۈيىدەك دولقۇنلىنىپ، ھەيۋەتلىك كەتكەن ئوردىغا، تۆتۈرۈقسىز خانغا قارشى ئاتلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار گېنې-

رال گوبېرناتورنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قالمىدى.

فان كەيفمان مۇداپىئە مىنىستىرىگە: «نەسىردىنخان ئۇ-رۇش ئۈچۈن ئەسكەرمۇ، مەبلەغمۇ توپلىيالمىدى. ئۇنىڭ ئەن-جان، شەھرىخان ۋە بالىقچىگە تەيىنلەنگەن بەگلىرى ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. قورال - ياراغ خەلق قوزغىلاڭچىلىرى قولىغا ئۆتتى. قوزغىلاڭچىلار باشلىقى ھېلىقى موللا ئىسھاق ھەسەن ئوغلىدۇر!» دپ ئالدىراش خەۋەر يوللىدى.

ئىسھاقنىڭ نامى يەنە بىرلىك، ئازادلىق بايرىقىغا ئايلاندى. خەلقنىڭ كۆپچىلىك قىسمى ۋە چوڭ - چوڭ شەھەرلەر نەسىردىن-خاننىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنۇشتىن باش تارتتى. خان ئازلا بىر تۈركۈم كىشىلىرى بىلەن قوقاندا ئارانلا ياشاپ تۇراتتى.

بۇ چاغدا، فان كەيفمان مۇداپىئە مىنىستىرىگە يەنە باشقىدىن دوكلات يوللىدى ۋە: «ئىشنى ئۆز قولىمىزغا ئېلىپ، ئۆلكىدە تەرتىپ ئورناتمىساق بولمايدۇ. ئۆزبېك، قىپچاق، قاراقىرغىز ئۇرۇقلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈۋاتقان يەرلەرنى تازىلاپ، يەرلىك ئاھالىنى ئۇلارغا قارشى قويۇش كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ قوراللىق كۈچىمىزدىن پايدىلىنىپ، ھەرقانداق ئۇرۇشلارغا زەربە بېرىشى-مىز كېرەك» دەپ بىۋاسىتە ئارىلىشىش ئۈچۈن ئىجازەت سو-رىدى.

خەلق بۇتاقارا قىشلىقىدا ئىسھاقنى كونا ئۇدۇم بويىچە، ئاق كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ خان قىلىپ تىكلىدى.

## 2

ئىسھاق بوز ئارغىمىقىنىڭ تىزگىنىنى سەل تارتىپ ئەنجان دەرۋازىسىنى خىيالچان كۆزدىن كەچۈردى: پۈتىدا كۆك بۇلغارى ئۆتۈك، بېلىدە كۆك پوتا، يانپىشىدا رۇس تاپانچىسى، بېشىدا پېتى بۇزۇلمىغان قالپاق، بىر تەرىپىدە بېكنەزەر، يەنە بىر

www.uyghurkitap.com

تەرپىدە ئابدۇللا بەگ، ئارقىسىدا سان ـ ساناقسىز قوشۇن.

ئىسهاقنىڭ دېۋىتىشى بىلەن ئاستىدىكى ئارغىماق يورغىلىدى. ئۇ دەرۋازىغا يېقىن كەلگەندە ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. يېنىدىكى سەركەردىلەر، بەگلەر بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئىسهاق ئېتىنى يېتىلەپ ئالدىغا ماڭدى. ئۇنى كۆرۈپ سەركەردىلەر بىلەن بەگلەرمۇ ئېتىدىن چۈشۈشۈپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى، ئادەملەر قوللىرىنى كۆكسىلىرىگە قويۇپ، تەزىم قىلاتتى.

ئىسهاق ھېچكىم بىلەن كارى بولماي، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم...» دەپ پىچىرلاپ، دەرۋازىدىن ئۆتتى ـ دە، يەرگە ئولتۇرۇپ تۇپراقنى سۆيۈپ تاۋاپ قىلدى ۋە ئاخىرىسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان خەلق بىلەن سالاملاشتى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم قەدىمىي شەھىرىم، قەدىمىي يۇرتۇم!

خالايىق گۈرۈلدەپ ئىلىك ئالدى ۋە:

— خۇش كېلىپسىز، ئەل ئاغىسى! — دەپ كۈتۈۋالدى.

ئىسهاق قېرىلار بىلەن قۇچاقلىشىپ، ھال ـ ئەھۋال سوراشتى.

— ئەي، تەڭرىم، يارىتىدىغانمۇ، ئەكېتىدىغانمۇ ئۆزۈڭسەن. بىچارە خەلق بېشىغا ئەمدى كۈلپەتنىڭ تېشى تاغمىسۇن. ئۆز پاناھىڭدا ساقلا! — دەپ كىمدۇر بىرى يىغلىۋەتتى.

دەرۋازا ئۈستىدە تۇرغان كانايچى ئىككى قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈپ كاناي چېلىشقا باشلىدى. ئات يېتىلەپ ئالدىدا كېتىۋاتقان جارچى:

«پولاتخان! پولاتخان!» دەپ جار سېلىپ ماڭاتتى.

تەنتەنە مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈچ قېتىم زەمبىرەك ئېتىلدى.

ئادەملەر كوچىغا سىغمايتتى.

«پولاتخان! پولاتخان!»

چوڭ دەرۋازىدىن بەگ سارىيىغىچە پاياندار سېلىنغانىدى. يېشىل تۇغ ئالدىدا يەلپۈنەتتى. بوز ئارغىماق پاياندار ئۈستىدە

ئويناقلاپ باراتتى. ئىسھاق سەل ئېگىششىپ، تىزگىنىنى بوشراق تارتىپ، ئەتراپىنى كۆزدىن كەچۈردى. بېكنەزەر باتۇر بىلەن ئابدۇللابەگ بىر ئاز ئارقىدىراق كېلىۋاتاتتى.

— ئەزىمەت! ئەزىمەت!

ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە، ئاقساقاللار قىزغىن قارشى ئېلىشتى:

— مەرھابا، ئاتا ئوغلى! ئامان بول!

ئۇ ئەل ـ يۇرتقا نېمە بېرىدۇ؟ قولىدىن قانداق ياخشىلىق كېلىدۇ؟ ئۇ ئۆزىنى بېشىغا ئېلىپ تۇرۇۋاتقان خەلق ئىشەنچىسىنى قانداق ئاقلىماقچى؟ «ھە، ئۇلارنى خان ئۇرۇقىنىڭ ئازابىدىن، زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرىمەن!»

بىرمۇنچە يىگىت ئىسھاقنىڭ ئارقىسىدىن چاپتى، ئۇلاردىن بىرى:

— تەقسىر، — دەپ بوز ئارغىماقنىڭ ئۈزەڭگىسىگە يېپىشتى. ئىسھاق يىگىتكە قول سوزدى، يىگىت ھاسىراپ، قاپقارا قېلىن قاشلىرىنى كېرىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، — بىزنىمۇ قوشۇنغا ئېلىڭ، تەقسىر! — دېدى ئىسھاقنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي.

— ئىسمىڭ نېمە، يىگىت؟

— ئەشمەت، تەقسىر…

— يۈز يىگىت توپلىساڭ، يۈزبېشىسەن، بەش يۈز يىگىت توپلىساڭ پەنسادسەن. ئاڭلىدىڭمۇ، ئەشمەت باتۇر؟

— ئاڭلىدىم، تەقسىر، — دېدى غولئۇق دىقماق كەلگەن يىگىت ۋە ئىسھاقنىڭ قولىنى قويۇپ چەتكە چىقتى. خەلقنىڭ قىيقاس ـ چۇقانى، كاناي ـ سۇنايلارنىڭ يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋاتقان ھەيۋەتلىك ساداسى يىگىتنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

ئىسھاق شەھەر بېگىنىڭ سارىيىغا كېلىپ چۈشتى.

www.uyghurkitap.com

× ×

مەھرەم قەلئەسىدە قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان ئابدۇراخمان ئۆز نۆكەرلىرى بىلەن قوقانغا كەلدى. بىراق نەسىردىنخان ئۇنى ئوردىغا كىرگۈزمىدى. ئابدۇراخمان نائىلاج تەقدىرگە تەن بې‍رىپ، ئىسھاق بىلەن باشقىدىن يارىشىش نىيىتىدە ئارىغا ئادەم قويىدى. بىراق ئىسھاقمۇ بۇ مەسىلىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلالمىدى. چۈنكى ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ مەقسىتى باشقا - باشقا ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئارىغا چۈشكەن ئادەملەرنىڭ ياراشتۇرۇشى بىلەن ئىسھاق سۆھبەت ئېلىپ بېرىشقا كۆندى ۋە ئابدۇللا بەگ بىلەن ئابدۇراخمان بەگنى ئېلىپ، بوتاقارا قىشلىقىدا قوغۇنچى بوۋاينىڭ ھېلىقى كونا هويلىسىدا ئابدۇراخمان بىلەن ئۇچراشماقچى بولدى.

ئىسھاقنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرى توپلانغانىدى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئابدۇللابەگ، سول تەرىپىدە بېكنەزەر، ئارقىسىدا داڭلىق كاتىپى ئابدۇمۆمىنبەگ ئولتۇراتتى. تامنىڭ يىقىلغان يەرلىرىگە شاخ - شۇمبا، قومۇش توسۇپ قويۇلغانىدى. قورغان ئوتتۇرىسىدىكى قېرى ئۆرۈك كۆتىكى غولى ئۈستىدە ئىسھاق كوچا تەرەپكە قاراپ ئولتۇراتتى.

ئابدۇللابەگ: ھەي، ئاپتۇۋچى شورلۇق مۇسۇلمانقۇلنىڭ ئوغلى! قوي تېرىسىگە ئورىنىپ كېلىپ، قورۇدىكى قوچقارنىڭ قورسىقىنى يېرىپ قاچقان بۇ قاشقىرنى قورۇ ئىگىسى قانداق قىلاركىن؟ دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى، ئابدۇمۆمىنبەگ بولسا ساقىلىنى سىلاپ، ئىسھاققا قاراپ قويۇپ، ئىچىدە: «ئاداشقاننىڭ ئەيىبى يوق، قايتىپ توپنى تاپسىلا...» دەپ قويدى. بېكنەزەرنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، «تۇت» دېگەن بۇيرۇقنىلا كۈتەتتى.

ھېچكىم ئىسھاقنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ ناھايىتى كۆپ كىشىلەردىن مەسلىھەت ئاڭلىغان بولسىمۇ، بىرەر ئادەمگە

كۆڭلىدىكى گەپنى ئېيتمىدى.

كونا قورغاننىڭ ئىشىكى «غاچ» قىلىپ ئېچىلدى. دەسلەپ مۇشتتەككىنە بولۇپ قالغان نۇرمۇھەممەت دادخاھ، كېيىن ھەيۋىسى قېچىپ، قاپىقى سېلىنغان ئابدۇراخمان كۆرۈندى. ھېچكىم ئۇن چىقارمىدى. ئەڭ ئاخىردا سۇغا چۈشكەن مۇشۈكتەك شۈمشىيىپ ئىيسا ئەۋلىيامۇ كىرىپ كەلدى.

ھاسا تايىنىۋالغان قېرى دادخاھ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، يۇرت نجاتچىسى!

ئابدۇراخمانمۇ قېرى دادخاھ يېنىدا تۇرۇپ، تەزىم بىلەن تۇرۇپ، تەزىم بىلەن ھال - ئەھۋال سورىدى. ئىسھاق بوۋاينىڭ ساقىلىنى ھۆرمەت قىلىپ، ئاچچىقىنى ئاران باستى ۋە:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دەپ ئىلىك ئالدى ھەم قولىنى بېرىپ كۆرۈشتى. مۇنداق رەھىم - شەپقەتنى كۈتمىگەن قېرى دادخاھنىڭ كۆزىدە ياش يالتىرىدى.

— رەھمەت، ئوغلۇم! بەختلىك بول، — دەپ دۇدۇقلاپ تەسلىكتە گەپ قىلدى.

ئىسھاق بوۋاينى قولتۇقىدىن ئېلىپ، ئۆرۈك كۆتىكىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئىلتىپات قىلدى.

ئۇچرىشىش نۆۋىتى ئابدۇراخمانغا كەلگەندە، ئىسھاقنىڭ ئەرۋاھى بۇزۇلدى. ئابدۇمۆمىنبەگنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ: مەردلىك قىلىپ قوي سويۇپ، ئىتلىك قىلىپ گۆش ئورنىغا سۆڭەك قويمىسا بولاتتى... دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

— كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئىسھاق زاڭلىق ئارىلاش.

— تەقدىرنىڭ يازمىشى شۇنداق ئىكەن، — دېدى ئابدۇراخمان خاتىرجەم ۋە تۆۋەندىكى شېئىرنى نەقىل قىلدى:

دۆلەت قونسا گەر چۈشنىڭ باشىغا،
سۈمۈرغ بېرىپ تەزىم قىلار قاشىغا!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قانداق قىلاتتۇق، كېلىپ قالدۇق.
ئىسھاق ئابدۇراخمانغا ئوبدان تىكىلىپ، باش لىڭشىتىپ شۇنداق دېدى:

كىچىككىنە شەپەرەڭ ماختىنىپ،
جىرلاردىن چاشقان ئالدىم دەر...
يامان دوستۇڭ ماختىنىپ،
ياخشىنى يولدىن چالدىم دەر ...

ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچى ھېچقاچان بۇنداق سۆزنى ئاڭلىمىغىنى ئۈچۈن، ھومىيىپ قارىدى. ئىسھاقنىڭ سەپكۈن باسقان يۈزى ئاقىرىپ، كۆزلىرى چاقنىدى.

— مەن كىم ئىدىم؟ توغرا دېدىڭىز، مەن كىم ئىدىم؟ ئەلنىڭ ئۆزى دۆلەت قوندۇرغان چىۋىنى، كۆپچىلىكنىڭ قولىدىكى نەيزە ئۈچى ئەمەسمىدىم؟ — دېدى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — مەن بىلىمەن، تەخت تالاشتىڭىز، ئۆزىڭىزنى يېقىن تۇتۇپ قوينۇمغا كىردىڭىز، يىلان بولۇپ بوينۇمغا ئورالدىڭىز، قاپقان بولۇپ ئايىغىمدىن چالدىڭىز! ئويلاپ كۆرۈڭ، سىز مېنى ئەمەس، ئەلنى ئاقساتتىڭىز. ئوتتەك لاۋۇلداپ، دەريادەك تاشقىنلاپ تۇرغان قوشۇنلار قېنى؟ دەرۋازىلىق شەھەرلەر قېنى؟!
ئابدۇراخمان غىڭ قىلالمىدى. نېمىمۇ دېيەلەيتتى؟!
نۇرمۇھەممەت بوۋاي ئوتتۇرىغا چۈشتى.

— ھە، ئوغلۇم، — دېدى ئۇ، — مۇسۇلمانقۇلنىڭ بۇ پىشمىغان پەرزەنتى شۇ خاتاسىنى تۈزىتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدى. ئەل - يۇرتنى بىرلەشتۈرەيلى، خاتالىرىمىزنى تۈزىتەيلى، دەپ بۇ يەرگە توپلاندۇق. ھەي، يار - بۇرادەرلەر! بىز ئانىدىن مانا مۇشۇ تۇرقىمىزدا تۇغۇلغان ئەمەسمىز. چېچىمىز بىر كۈندە ئاقارمىغان، بىزمۇ يۇرت بېشىدا تۇرغانمىز.

يولنى قالتىس يۇرگەن بىز،
دۈشمىنىم چۈشۈپ قالسۇن دەپ —
يولغا ئورەك قازغان بىز.
ئۆزىمىز قازغان ئورەككە —
چۈشۈپ ئۆلۈپ قېلىشقا ئاز قالغانمىز.

ئاڭلىغانسىلەر. خەۋىرىڭلار بار. بىز سوقۇشقان چاغدا، ھەممە قىپچاق ئۇرۇقى تۈگەپ كېتىشكە ئاز قالغان. ھەي ياخشىلار، — ئۇ ئەندىكىپ، خىر - خىر يۆتىلىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى:

ئات بېشىغا كۈن چۈشسە،
سۈلۈق بىلەن سۇ ئىچەر.
ئەر بېشىغا كۈن چۈشسە،
ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر.
ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە،
قىش كۈنى ئۆيدىن كېچەر.

ئەلنىڭ بېشىغا ئىش چۈشۈپ تۇرغان شۇ كۈنلەردە كونا گەپلەرنى تەگەش خەلقنىڭ غېمىدىنمۇ زۆرۈرمۇ؟ ئۇنىڭ ئورنىغا لېۋىڭلارنى چىشلەپ تۇرۇپ يارىشىڭلار!

گەپ ئىگىسىنى تاپتى. ئىسھاق پەسكويغا چۈشتى. ئابدۇراخماننىڭ قاپىقى ئېچىلدى. ئىككىسى قۇچاقلىشىپ، ياراشتى.

— بەگ، — دېدى ئىسھاق، — بوپتۇ، ئۆتكەن ئىشلارنى كەچۈرىمەن. ئەمما سىزدىن خاپا بولۇشقا ھەققىمىز بار ئىدى. سەۋەبىنى ئۆزىڭىز ياخشى بىلىسىز. بۇنىڭدىن كېيىن شەرت باشقىچە، ھوقۇق باشقىچە بولىدۇ.

ئابدۇراخمان گەپنىڭ مەزمۇنىغا يەتتى.

— ھە، ئەلۋەتتە، ئالەم پاناھ، — دېدى نائىلاج ئىككى

www.uyghurkitap.com

پۈكلىنىپ، — بىرلا خۇدانىڭ ئۆزى سۆيۈپ بەخت بەرگەن، ئەل - يۇرت سۆيۈپ تەخت بەرگەن ئادەمگە ھەر بەندە جېنى بىلەن خىزمەت قىلىپ، ئۇنى قېنى بىلەن ئاقلاشقا ئىمكانىمىز كامىل! — دەپ تاۋاپ قىلدى.

ئىش ياخشىلىق بىلەن پۈتكىنى ئۈچۈن، ھەممىسى خۇشال بولدى. قوغۇنچى بوۋاي ئۇلارنى كارۋاتقا چاقىرىپ تاتلىق كۆكچە قوغۇنلارنى پىچتى.

شۇ كۈنى كېچىسى، ئىسھاقنىڭ چۈشىگە ئەجدىھا كىردى.

× ×

ئىسھاق چۆچۈپ ئويغاندى. ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلار- نى مۆلچەرلەپ كۆردى.

مانا، ئەل - يۇرت ساڭا ئىشىنىپ خانلىققا كۆتۈردى، قو- لۇڭغا تىزگىننى تۇتقۇزدى. ئەمدى سەن ھۆكۈمدارسەن، خەلق غېمى زىممەڭگە چۈشتى. خوش، قانداق قىلىسەن؟ ئۇ قانداق قىلىشنى ئويلىدى. تاڭ ئاستا - ئاستا يورۇشقا باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي مەزىننىڭ بامدات نامازغا ئېيتقان ئەزىنى ئاڭلاندى.

بامدات نامازدىن كېيىن، ئىسھاق ئۆزىگە يېقىن نۆكەرلىرى- نى، نۆكەر باشلىقلىرىنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئىسھاق ئۇيقۇسىزلىقتىن ھارغان كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئوتتۇرىغا بىر سو- ئال قويدى:

— بىزنىڭ ئاساسىي دۈشمىنىمىز كىم؟

ئولتۇرغانلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى.

ئابدۇمۆمىنبەگ قوزغالدى:

— تەقسىر، شۇ كۈنگە قەدەر يۈز بەرگەن ۋەقەلەر شۇنى كۆرسەتتىكى. بىزنىڭ ئاساسىي دۈشمىنىمىز گېنېرال گوبېرنا- تور ئىكەن. ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلماي تۇرۇپ، خەلقنىڭ

ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايمىز. ھازىر قولىمىزدا ھەممە كۈچ ـ ئىمكانىيەت بار، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن، گېنېرال گوبېرناتورغا قارشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېشىل تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرسىگىز ياخشى بولاتتى.

نۆۋەت بېكنەزەرگە كەلدى:

— ئەل بېشىغا كۈلپەت سېلىۋاتقان كىم؟ شەھەرلەرنى ئۆز نامى ئۈچۈن ئۆتۈنۈۋەتكەن كىم؟ گوبېرناتورنىڭ ئەسكەرلىرىنى ئىچكىرىگە كىرگۈزگەن كىم؟ ياق، بىز دەسلەپ ئوردىنى تۈگە-تىشىمىز كېرەك!

ئىسهاق ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن تىڭشىدى، ئولتۇرغانلارغا يەر ئاستىدىن قاراپ، ھەربىر گەپنى ئەقىل تارازى-سىدا ئۆلچەپ كۆردى.

توغرا، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككىلا يول بار ئىدى. بىرىنچىسى، ئوردىنى ئېلىپ، گېنېرال گوبېرناتور بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشى-لاپ، ۋاقتىنچە ئۇلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ ھاكىمىيەتنى قولدا ساقلاپ قېلىش. خۇدايارخان شۇنداق قىلدى. خوش، نېمە تاپتى؟ نەسىردىنمۇ ئاتىسىنىڭ ئىزىدىن ماڭدى. خوش، نېمىگە ئىگە بولدى؟ ئىككىنچىسى، ئابدۇراخمان تۇتقان يول. گېنېرال گو-بېرناتورنى تاشكەنتتىن قوغلىماقچى بولغان ئابدۇراخماننىڭ يو-لى، خوش، ئۇمۇ نېمە بولدى؟! ئىسهاق ئۈچىنچى يولنى — ئۆزىنىڭ يولىنى ئىزدىدى.

— ئەھلى دانىشلەر، — دېدى ئىسهاق، — قوقانغا يۈرۈش قىلىمىز. مۇشۇ بۈگۈندىن باشلاپ رۇس بىلەن ئۇرۇشمايمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بىزگە قارشى ئۇرۇشىنى توختىتىش ئۈچۈن، ئوردىنى ئېلىپ خان ئەۋلادىنى ھۆكۈمدار سۈپىتىدە ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشىمىز كېرەك، شەرتنامىسىنى بىكار قىلىپ، گې-نېرال گوبېرناتورغا ئەلچى ئەۋەتىشىمىز زۆرۈر. ئەتىدىن ئېتىبا-رەن شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك!

ئابدۇمۆمىن تەرەپدارلىرى «ئىمتىياز ئۆزىگىزدە» دەپ رازى-

www.uyghurkitap.com

لىق بېرىشتى. بېكنەزەر باتۇر بىر تولغىنىپ قويدى. ئىسھاق ئاۋۋالقىدەكلا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىر كۈنى ئىككى يولۇچى كېلىۋېتىپ، بىرى ئىككىنچىسىدىن: «ھەي، نېرىقى قىرغا قانداق چىقىمىز؟» دەپ سوراپتۇ. شېرىكى ئۇنىڭغا: «ئاۋۋال ئالدىمىزدىكى قىردىن ئاشايلىچۇ. ئۇنىسىنى كۆرىمىز!» دېگەنىكەن. مېنىڭ جاۋابىممۇ شۇ. دەسلەپ ئوردىنى ئالايلى، ئىشىمىز رۇسقا چۈشكەندە، ئاندىن ئۇنى كۆرەرمىز، — دەپ كېڭەشكە يەكۈن چىقاردى.

ئىسھاق ئۆز قولى بىلەن فان كەيفىمانغا خەت يېزىپ ئۇنى ئەۋەتىش ئۈچۈن ئەلچى تەيىنلىدى.

ئىسھاق قول ئاستىدىكى قوشۇنىنىڭ ھېساب - كىتابىنى قىلدى. ئىككى يىلدىن بېرى سىناقتىن ئۆتكەن نۆكەرلەر سانى يىگىرمە مىڭ ئىكەن. ئابدۇراخمان يېتەكچىلىك قىلغىنى بولسا ئون مىڭ. ئەنجان، ئۆزگەن، ئوش، مەرغىلان ئەتراپىدىن قوزغىلاڭغا قوشۇلغانلار ھەممىسى بولۇپ يەتمىش مىڭدىن ئوشۇق ئىكەن.

ھۇجۇمدىن بۇرۇن ھەربىي كېڭەش بولدى.

شۇ پەيتلەردە قوقاننىڭ ئۆزىدىن چىقىدىغان «نەستەلھە» ماركىلىق سېرىق قەغەز گۈلدار تاختا ئۈستىگە يېيىلدى. ئىسھاق بىر ئاز ئويلىنىپ، كېيىن موي قەلەمدە قەغەزنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئۈچ دائىرە سىزىپ، ئايلانمىسىنى بوياپ، ئوتتۇرىسىغا بىردىن سىزىق چۈشۈردى. ئەتراپىدا توپلانغانلارنىڭ كۆزىگە قەغەزدىكى شەكىل ھەرخىل نەرسىنى ئەسلەتتى.

ئىسھاق قەغەزنىڭ باشقا بۇرجىكىگە يەنە بىر چوڭ دائىرە سىزىپ، ئىچىنى بوياپ قارايتتۇردى.

— كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھە، تەقسىر، كۆردۇق ... — دېيىشتى ئەتراپىدىكىلەر.

بىرلا ئابدۇمۆمىنبەگ: «يا خۇدا، ئۆزۈڭ ساقلا. قەغەزگە رەسىم

سىزىش گۇناھقۇ! كاللامىشىرىپتىن خەۋىرى بار مۇسۇلمان بۇتپەرەسلەرنىڭ ئىشىنى قىلسا قانداق بولاركىن؟» دەپ تەشۋىشلىنەتتى.

— مانا بۇ بۇركۇت! — دېدى ئىسھاق قەلەم ئۇچى بىلەن كۆرسىتىپ، ئابدۇمۆمىنبەگ «يا تووۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتتى. ئىسھاق بۇنى بايقاپ، كۆز قىرى بىلەن قاراپ قويدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئوخشامدۇ؟ بۇركۇت؟ بۇلار بولسا، — ئۇ ئۈچ دائىرىنى كۆرسەتتى، — بۇركۇتنىڭ ماكانى، ئېگىز قىيالار ئاۋۇ، — قەغەز چېتىدىكى چوڭ دائىرىنى كۆرسەتتى، — بۇ چوڭ ئۇۋا. ئۇنى قاغىلار ماكان قىلىشقان. ماۋۇسى، بۇركۇت بالىسى. ئۇ ئېتىلىپ، قاغىلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن پەرۋاز قىلدى.

ھەممىسى كۈلدى. ھۆكۈمدار چاقچاق قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاشقانىدى. بىراق ئىسھاق چىرايىنى بۇزمىدى. شۇھامان كۈلكە تىنچىدى.

— ئاشۇ بۇركۇت بىزنىڭ قوزغىلاڭ بولىدۇ، — دېدى ئىسھاق، — ئېگىزلىكتىكى ماكانلار — نەمەنگان، ئۆزگەن، ئوش، ئەنجان، چوڭ ماكان بولسا، ئۆلكىنىڭ ئوردىسى — قوقان.

— ئامان بولۇڭ، تەقسىر!

— بۇنى نېمىكەن دېسەك، بۇنىڭدا گەپ بار ئىكەن-دە!...

ئىسھاق خاتىرجەم ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىرىنچىدىن، بۇركۇتنىڭ ئۆز ماكانى مۇستەھكەم بولسۇن. نەمەنگانغا بەش مىڭ، ئۆزگەنگە ئۈچ مىڭ، ئوشقا بەش مىڭ قوشۇن ئاجرىتىلسۇن، — ئۇ شامىرزا دادخاھ بىلەن يارمەت دادخاھقا قارىدى، — سىلەر مۆھتەرەم زاتلار بىرىڭلار ئەلنىڭ بېگى، بىرىڭلار لەشكەربېشى، تاللانغان نۆكەرلەردىن بەش مىڭ،

ئىسيانچىلاردىن ئون بەش مىڭ ئادەمنى ئېلىپ، مەن سىز ئۈ-
چۈن تەۋەررۈك بولغان ئەنجان شەھىرىنى ھىمايە قىلىسىلەر!
دادخاھلار تەزىم قىلدى. ئىسھاق:
— بۈركۈتنىڭ ئوڭ قانىتى بەش مىڭ نۆكەر، ۋەلى، سىز
باشلىقىسىز. سول قانىتى بەش مىڭ، بېكنەزەر باتۇر، سىز
يېتەكچى! — دەپ قىسقىلا ئورۇنلاشتۇردى.
سەركەردىلەر تەزىم قىلىشتى. ئىسھاق يەنە:
— قۇش قانىتى بىلەن ئۇچىدۇ، قۇيرۇقى بىلەن قونى-
دۇ، — دېدى، — ياردەمچىلەر كۈچ - قۇۋۋەت بولىدۇ، ئابدۇ-
مۆمىنبەگ ئاغا، سىز ئۆز يىگىتلىرىڭىز بىلەن رەھبەرلىكنى
ئېلىپ بارىسىز. سىز ئابدۇراخمان بەگ ئاغا، شۇ قوشۇن بىلەن
بىرگە بارىسىز.
بەگلەر رازى بولۇشتى:
— پادشاھىمىزنىڭ ئەمرى ۋاجىپ!
ئىسھاق سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
— بۈركۈتنىڭ تۇمشۇقى — بەش مىڭ سەرخىل نۆكەر،
بەش مىڭ قوزغىلاڭچى، بۇلار سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا بولىدۇ،
ئابدۇللا بەگ، — دېدى.
ئابدۇللابەگ مەمنۇنىيەت بىلەن بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.
— ئەمدى بۈركۈتنىڭ چاڭگىلى قالدى، — دېدى ئىس-
ھاق، — بۇنىڭغا تاللانغان مىڭ نۆكەر، بىرىيۈزئەللىك زەمبى-
رەك، يەر تار دېمەك، ئابدۇللا بەگ، سىزدىن بىر ئاز كېيىنرەك،
چاڭگالغا بىز بارىمىز. قېنى، بۇنىڭغا رازىمۇ سىلەر؟
— رازى، ناھايىتى ياخشى، — دېيىشتى كېڭەش قاتناشچى-
لىرى. ئىسھاق يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— بۈركۈتنىڭ ئوڭ قانىتى دەريا بويلاپ بېلىقچى ئارقىلىق
مەرغىلاننىڭ ئاياغ تەرىپىدىن ئۆتۈپ، توغرا قوقانغا يول ئالىدۇ.
سول قانىتى قۇۋاساي ئارقىلىق مەرغىلان ئۈستىدىن ئۆتىدۇ -

ده، قوقانغا يېقىنلىشىدۇ. قوقانغا بارغاندا ھەر ئىككى قانات بىرلىشىپ، شەھەرنى ئىككى تەرەپتىن قامال قىلىدۇ. تومشۇق بولسا، توغرا مەرغىلانغا ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ئىككى قاناتنىڭ ياردىمىدە مەرغىلاننى ئېلىپ، توغرا قوقانغا يۈرۈش قىلىدۇ. خوش، قۇيرۇق نېمە قىلىدۇ؟ قۇيرۇق بولسا، ئارقىدا تۇرۇپ ۋەزىيەتنى كۆزىتىدۇ، زۆرۈر يەرگە ياردەملىشىدۇ، دۈشمەننىڭ بۆلۈنگەن قىسمىغا زەربە بېرىدۇ.

كۆپچىلىك:

— ھە، ناھايىتى ياخشى! ھەر تەرەپلىمە پۇختا ئويلانغانىكەن! — دەپ ماختاشتى.

ئىسھاق قايتا ـ قايتا جېكىدى:

— قانات، تۇمشۇق، قۇيرۇق ۋە چاڭگال ئوتتۇرىسىدا ئالاقە مۇستەھكەم بولسۇن. بۇيرۇقنى ئالاقىچى ئارقىلىق بېرىپ تۇردەن. بۇيرۇقنىڭ بېجىرىلىشى قەتئىي بولىدۇ!

باياتىن بېرى كۆزلىرى چەكچىيىپ ئولتۇرغان ئابدۇراخمان: «ئەجەبا، بۇنچىلىك ئەقىلنى نەدىن ئالدىكىن؟!» دەپ ئىسھاققا تەن بەردى.

— ئەمدى، دوستلىرىم، تۆپىمىزدە ئۇچۇپ يۈرگەن قاغىلارنى يوق قىلىش ئۈيافقا تۇرسۇن، ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالىدىغان باشقا قارا قۇشمۇ بار. بىز ئىلاجىنىڭ بارىچە، مۇشۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەك!

— گېنېرال گوبېرناتور! ـ دېدى كىمدۇر بىرى.

ئىسھاق سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن كۈرەش قىلىش، قاغىلارنى ئۆلاردىن ئاجراتقان ھالدا ئىش يۈرگۈزۈش كېرەك.

شۇ چاغ ئىشىكتىن ئىسھاقنىڭ ئالاقىچىسى يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— ھۆكۈمدار! - دېدى ئۇ ئەندىكىپ، — گېنېرال گوبېرناتور ئەلچىنى تۇتۇپ قالدى.

سەركەردىلەر، بەگلەر ئىسھاققا قاراشتى. ئۇ ئاۋۋالقىسىدەكلا سىر بەرمەستىن گېپىنى قىلىۋەردى:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، بىز بۇنىڭدىن تېگىشلىك خۇلاسە چىقىرىپ، پاراسەت بىلەن ھۇجۇمنى باشلىشىمىز كېرەك. چوڭ ماكاننى قاغىلاردىن تارتىۋالساق، قارا قۇش بىز بىلەن ئالاقىنى يولغا قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىز شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز لازىم!

ھېچكىم ئىسھاقنىڭ گېپىنى رەت قىلمىدى. پەقەت ئابدۇمۆمىنبەگ ئىچىدە خاۋاتىرلىنىپ قالدى، خالاس!

ئاخىردا، ھۇجۇمغا ئۆتۈش كۈنى بەلگىلىنىپ، كېڭەش ئۆز ئىشىنى تۈگەتتى.

× ×

كەڭ پەرغانە ۋادىسى خۇددى گىلەم يايغاندەك تاۋلىناتتى. ھەر تەرەپكە تىكىلگەن ئاپئاق كىگىز ئۆيلەر خۇددى دوپپىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ياپيېشىل دەرەخلەر ئارىسىدا چوڭ - كىچىك قىشلاقلارنىڭ ئىمارەتلىرى كۆزگە چېلىقاتتى...

ئارپا ئاللىقاچان ئورۇلۇپ بولغانىدى. بۇغدىيى ئورۇلۇپ، بىر چەتكە دۆۋىلەپ قويۇلغان ئېقىنلار ئاقىرىپ تۇراتتى. ھېلىغىچە ئورۇلمىغان بۇغدايزارلار بولسا، ئالتۇندەك تاۋلىنىپ، شامالدا ئاستا دولقۇنلىناتتى. شاللىقلاردىكى شالمۇ ئورۇمغا كېلىپ قالغان، ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە پاختا ئېچىلىشقا باشلىغانىدى. ھۇپپىدە گۈللىگەن بېدىلىك ئارىسىدا بۆدۈنىنىڭ سايرىشى ئاڭلىناتتى. پىلەكتە تۇرۇپ، تاتلىقلىقىدىن يېرىلىپ كەتكەن قوغۇنلارغا قاپاق ھەرىلەر ئولىشىپ بىرى ئۇچسا، بىرى قونۇپ يۆرە-

تى. يول بويلىرىدا ئەنجۈر، ئانار، شاپتۇللار ساڭگىلاپ كەتكەن، ئاستىغا تۆكۈلگەن ئۆرۈكلەرنى تېرىۋالىدىغان كىشى يوق ...

پەيزى ئابات قىشلىقىنىڭ هۇۋۇللاپ قالغان كوچىسىدا يالغۇز بىر ئىت تېنەپ يۈرەتتى. يېرىمى ئۆرۈلگەن تام ئۈستىدىكى مۈشۈككە بىر خىرىس قىلىپ قويۇپ، يەنە يولىغا قاراپ كېتەتتى. بىر تەرەپتىن ئوردا لەشكەرلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن قوزغىلاڭچىلار كەلگىنى ئۈچۈن، قىشلاق ئاهالىسى قاياققىدۇر غايىب بولغانىدى. تومۇز ئاپتىپى گويا تونۇردەك ئوت چاچاتتى.

ئوردا لەشكەرلىرىنى سۇلتانمۇراتبەگ باشلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئابدۇلئەزىز لەشكەر بېشى بىللە ئىدى. تۆگىلەر ئېغىر زەمبىرەكلەرنى كۆچىنىپ سۆرەيتتى. تۇغ يەلپۈنۈپ، لەشكەرلەرنىڭ قولىدىكى قورال - ياراغلار قۇياش نۇرىدا يالتىرايتتى. ئادەمسىز قىشلاق بىلەن ئۇلارنىڭ كارى يوق. ئابدۇلئەزىز لەشكەربېشى سۇلتانمۇراتقا يېقىنلىشىپ:

— بەگ، قوشۇن چۈشلۈك قىلىۋالسا بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەيلى، — دېدى بەگ ۋە ئات بېشىنى سايە - سالقىن تەرەپكە بۇرىدى.

چۈشلۈككە رۇخسەت ئالغان قوشۇن بىردەمدە قوغۇنلۇققا يېيىلىپ، ئىگىسىز ياتقان قوغۇن - تاۋۇزلارنى ئۈزۈپ، قومۇشزار ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. سۇلتانمۇراتبەگ بىلەن ئابدۇلئەزىزمۇ ئالدىلىرىغا داستىخان سېلىپ، بىر قوغۇننى ئەمدى پىچەۋاتاتتى، كىمدۇر بىرى چېپىپ كېلىپ، ئاتتىن ئىرغىپ چۈشۈپ تەزىم قىلدى.

سۇلتانمۇرات ئاغزىغا ئاپارغان بىر تىلىم قوغۇننى چىشلىمەي، سوئال نەزىرىدە هېلىقى لەشكەرگە قارىدى. ئابدۇلئەزىز گۆلەيدى:

— نېمە گەپ؟ تىلىڭ تامىقىڭغا چاپلىشىپ قالدىمۇ؟

www.uyghurkitap.com

— تەقسىر، دۈشمەن كەلمەكتە ...

سۇلتانمۇراتبەگنىڭ قولىدىن قوغۇن چۈشۈپ كەتتى. ئابدۇلئەزىز لەشكەربېشى ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ:

— كېلىۋاتامدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپ، كىيىنىشكە باشلىدى. كاناي چېلىندى، تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن قوشۇن ھەرە ئۇۋىسىدەك پىتىراپ، بىرى ئاتقا يۈگۈرەيتتى، بىرى مىلتىقىنى ئىزدەيتتى، يەنە بىرى ئالدىراپ - تېنەپ كىيىنەتتى. سۇلتانمۇراتبەگ ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قارايتتى. ئابدۇلئەزىز لەشكەربېشى زەمبىرەكچىلەر يۈزبېشىسىنى چاقىرىپ، زەمبىرەكلەرنى قەيەرلەرگە ئورنىتىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى:

— ئەگەر بۇيرۇقنى ئاڭلىماي، بۇرۇن ئوت ئېچىپ قويسىڭىز، بىلىپ قويۇڭ، جەھەننەمگە بارىسىز!

— خوپ، لەشكەربېشى، — دەپ تەزىم قىلدى يۈزبېشى.

— خوپ بولسا، مېڭىڭ ئەمدى.

سۇلتانمۇرات ھامان تەشۋىشلىنىپ، ئىككى كۆزىنى دۈشمەن كېلىۋاتقان تەرەپتىن ئۈزمەيتتى. نېمىشقىدۇر قوزغىلاڭچىلاردىن دېرەك يوق ئىدى. ئابدۇلئەزىز لەشكەربېشى چىرايلىق ياسىتىلغان قارا ساقىلىنى سىلاپ، سۇلتانمۇراتبەگكە قارىدى.

— بېگىم، قاچقانمۇ، قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدىكەن. ئەمدى ئىلاجىمىز قانچە، خۇداغا تېۋىنىپ جەڭگە كىرىمىز. سىزنىڭ يەنە قانداق مەسلىھەتىڭىز بار؟

— نېمە دەيمەن؟ سىزنىڭ بىلگىنىڭىز — مېنىڭ بىلگىنىم. سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىز — مېنىڭ بۇيرۇقۇم.

شۇ چاغدا، قىيقاس - چۇقان ئاڭلاندى. ئۇلار چۆچۈپ ئالدىغا قاراشتى. ئىككى ئاتلىق بىر - بىرىنى قوغلاپ، دۈشمەن كېلىش ئېھتىمالى بولغان تەرەپكە كەتتى. بايا قىيقاس - چۇقان كۆتۈرگەنلەر مۇشۇ لەشكەرلەر ئىكەن. ئابدۇلئەزىز لەشكەربېشى قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ، ئىككى ئاتلىق كۆزدىن يوقىلىپ

كەتكۈچە قاراپ تۇردى ـ دە:

— ھىم، يېقىنلىشىپ قاپتۇ، — دېدى.

ھەرئىككىسى ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق قاراپ، خېلىغىچە ئۈن. چىقماي قالدى. بىرئازدىن كېيىن، قۇلاققا ئاتنىڭ تىۋىشى ئاڭ. لاندى. قوشۇن ئاشۇ تەرەپكە يۈزلەندى. قويۇق توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. سۇلتانمۇراتبەگ پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇدى: «ئاھ خۇدا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن!...»

ھايال ئۆتمەي، قارشى تەرەپنىڭ قوشۇنى ئەتراپنى بىر ئال. دى، يىڭنە چۇشكۇدەك جاي يوقتەك كۆرۈنەتتى. دۆڭ ئۈستىگە يېشىل تۇغ ئورنىتىلدى. تاغ ئالدىدا ئېتى چاپچىپ تۇرغان ئادەم سۇلتانمۇراتنىڭ نەزەرىدە، يولۋاس مىنىپ تۇرغاندەك تۇيۇلدى. بېكنەزەر بەلبېغىنى تۈتۈپ، ئوتتۇرىدىكى مۇساپىنى چامىلاپ كۆردى، ئالدىدا سەپ تارتىپ تۇرغان ئوردا لەشكەرلىرىگە زەن سېلىپ: ياخشى جاي تاللىنىپتۇ، دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. بېكنەزەر باتۇر ۋە يېنىدا تۇرغان ئىككى خەۋەرچىدىن سورىدى:

— ئوردا لەشكەرلىرىنىڭ تەخمىنەن سانى قانچە؟

— بەش مىڭدىن ئوشۇقراق.

— ئۇنداق بولسا، بۇ تۇرغانلار بەش مىڭ چىقمايدۇ. بەلكىم باشقىلار قومۇشزارغا يوشۇرۇنغان ئوخشايدۇ. زەمبىرەكلىرى قا. ياقتىكىن؟!

ئۇ، ئويلىنىپ تۇرۇپ، ئوڭ تەرىپىگە قارىدى، ئوڭ تەرەپكە بارىدىغان خەۋەرچى يىگىت يۈگۈرۈپ كەلدى:

— لەببەي، باتۇر ئاغا ...

— ئۇرۇشتا تۇرۇش يوق، ھازىر بىز ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىشكە باشلايمىز. ۋەلى سەركەردىگە ئېيتقىن، يىراقتىن ئايلى. نىپ ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ يولىنى توسسۇن!

— خوپ، باتۇر ئاغا! — يىگىت ئاتنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

بېكنەزەر: «زەمبىرەك قاياقتىن ئېتىلسا، شۇ يەرگە ئوق

ئۈزۈڭلار!» دەپ يۈزدەك مەرگەنگە مەخسۇس بۇيرۇق بەردى.

ئابدۇلئەزىز لەشكەربېشىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە يۈزبېشىلەرگە زۇ-رۇر بۇيرۇقلارنى بېرىپ، «قوزغىلاڭچىلارنىڭ سانى قانچىكىن؟ قانداق قورالى بار ئىكەن؟ كۆپىنچىسىدە ياغاچ نەيزە، چوماق بولسا كېرەك» دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ گېنېرال گۇ-بېرناتور تەرىپىدىن بېرىلگەن يۈزدەك تېزئاتار مىلتىقىدىن ئۈمى-دى چوڭ ئىدى.

قۇياش تىك ئۆرلىگەندە، قوزغىلاڭچىلار ھۇجۇمنى بىرىنچى بولۇپ باشلاشتى. مىڭدىن ئوشۇق سەرخىل باتۇر ئون قەۋەت بولۇپ، كاناي سادالىرى ئاستىدا باستۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

سۇلتانمۇراتبەگ: «ياراتقان ئىگەم، ئۆزۈڭ ساقلا!» دەپ تېپىرلاپ قالدى. ئابدۇلئەزىز لەشكەربېشى ئۇنىڭ ئەپتىنى كۆ-رۈپ سىلكىپ تاشلىدى:

— بەگ، سىزنىڭ تەۋررۈك بېشىڭىز ئۈچۈن، ئۇ دۇنيادى-مۇ، بۇ دۇنيادىمۇ سوراقتا قالغۇم يوق. سىز بۆكتۈرمە تەرەپكە ئۆتۈپ، ئۇ يەردىكى لەشكەرلەرگە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇڭ. مەن خەۋەر قىلىشىم بىلەن ئۇلارنى ئېلىپ ياردەمگە ئۆتىسىز.

— بولىدۇ، — دەپ سۇلتانمۇراتبەگ ئاتنى بۇرىدى.

— بەگ! گالاۋاچىيىفقا ئادەم ئەۋەتىڭ! — دەپ ئارقىدىن ۋارقىرىدى لەشكەربېشى، سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن گېنې-رال گالاۋاچىيىف بىلەن گېنېرال تراتىسكىي ئۆز ئەسكەرلىرى بىلەن كېلىۋاتقانىدى. سۇلتانمۇراتبەگ لەشكەربېشىنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيلا: «بولىدۇ»، «خوپ» دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

ئىسيانچىلار ئۇر - يىقىتىسىزلا ئالغا ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتات-تى. ئەڭ ئالدىدا چىپار ئارغىماق قولاقلىرىنى شىڭتايتىپ، سى-لىق يورغىلاپ كېلىۋاتاتتى. ئابۇلئەزىز لەشكەربېشى تەقدىرگە تەن بېرىپ، بېشىنى كۆك سەللە بىلەن ئورىدى، ئۈستىگە دۇبۇل-

غا كىيدى. ئىككى تەرىپىدە ئورددىنىڭ خىللانغان لەشكەرلىرى جەڭگە تەييار تۇراتتى.

— كاناي چېلىنسۇن! — دېدى لەشكەربېشى.

كاناي - سۇناي ئاۋازى ھەممە ياقنى قاپلاپ كەتتى.

— ياللا! — دېدى ئابدۇلئەزىز لەشكەربېشى، چىپار ئارغىماق ئالدىنقى ئىككى پۇتىنى كۆتۈردى.

— يا ئاتا روھى! — دېدى بېكنەزەر.

ئىككى تەرەپ ھۇجۇمغا ئۆتتى. «ئۇر!» «چاپ!» «ئۆلتۈر!» دېگەن ئاۋازلار تىنىمسىز ياڭرايتتى. قىلىچلار ئاپتاپتا يالت - يۇلت قىلدى. كىمدۇر ئاتتىن يىقىلدى. بەزىسىنىڭ بۇرنى يوق، بەزىسىنىڭ ئايىغى ئۇزەڭگىدە سۆرىلەتتى. «ياللا!» «ئاتا روھى قوللىسۇن!» دەپ ئىككى تەرەپ يىگىتلىرى بىر - بىرىگە ھەيۋە قىلاتتى، ۋارقىرىشاتتى...

بىر مەھەل زەمبىرەكلەر گۈمبۈرلەپ، ئەتراپنى چاڭ - توزان باستى. بېكنەزەر باتۇرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، يۈزدەك مەرگەن زەمبىرەكچىلەرنى نىشانغا ئالدى ۋە «گۇم - گۇم»، «تارس - تارس»، «ئۇر!» «سال» دېگەن ئاۋازلار قۇلاقلارنى چاڭ كەلتۈرەتتى. «ئايلاندۇرۇپ ئۇر! ئايلاندۇرۇپ...» دېدى بېكنەزەر. لەشكەربېشى ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ قالدى - دە، دەرھال زەمبىرەكچىلەرگە يۈزدەك ئادەمنى ياردەمگە ئەۋەتتى، لېكىن ۋاقىت ئۆتكەنىدى. بېكنەزەرنىڭ يىگىتلىرى زەمبىرەك ئورنىتىلغان دۆڭنى ئىككى تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئېلىپ، يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەنىدى.

«تارس! تارس!» توساتتىن ئېتىلغان ئوق ھەر قېتىم بەشتىن باتۇرنى ئاتتىن يىقىتتى. «تارس! تارس!» بېكنەزەر بۆكتۈرمىنى كۆزەتتى. «چۈشىنىشلىك، رۇس مىلتىقى!» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە چاقماق تېزلىكىدە ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، قېلىن قومۇشزار ئارقىسىدىن ھۇجۇمنى كۈچەيتمەكچى بولدى.

www.uyghurkitap.com

— ئابدۇمۆمىن! ئابدۇمۆمىن!

— لەببەي، باتۇر ئاكا!

— قومۇشزارغا ئات سال، نىشانىڭ ئورۇس مىلتىقى!

ئابدۇمۆمىن سەركەردە ئېتىغا قامچا ئۇردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بەش يۈز نۆكەر ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ، چاڭ - توزان ئىچىدە يۈرۈپ كەتتى. ئابدۇمۆمىن سەركەردە قومۇشزارنى تۆت تەرەپتىن ئورىۋالدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە مەسىلە ھەل بولدى. قويۇندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى كۆرگەن مەرگەنلەر جىنىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئابدۇمۆمىن بىر مەرگەننى قوغلاپ كەتتى. مەرگەن قايرىلىپ، نىشانغا ئېلىشقا باشلىدى. ئابدۇمۆمىن يانپاشلاپ، ئۆزىنى ئاتنىڭ قورسىقىغا ئالدى. «تارس! تارس!» لېكىن ئوق تەگمىدى، ئابدۇمۆمىن ئۆزىنى ئوڭلىدى - دە، قوغلاپ بېرىپ، مەرگەننى قولتۇقىدىن كۆتۈردى ۋە تېقىمىغا باستى.

ئابدۇلئەزىز لەشكەربېشىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى، بۆكتۈرمىدىكى سۇلتانمۇراتقا چاپارمەن ئەۋەتتى، ئۆزى بولسا، جەڭنى بىر ئاماللاپ داۋاملاشتۇردى.

سۇلتانمۇراتبەگ يىراقتىن جەڭنى كۆزىتىپ تۇرغاندا، ئارقىدىن ۋەلى سەركەردە ئىسيانچىلار بىلەن بېسىپ كېلىپ قالدى. سۇلتانمۇراتبەگ قېچىشتىن باشقا چارە تاپالمىدى. لەشكەر بېشى سۇلتانمۇراتبەگنى كۈتۈپ، قالغان لەشكەرلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇ ئوتلۇق چەمبەر ئىچىدە قالدى. بۆكتۈرمىدىكىلەر كېلىشى كېرەك بولغان تەرەپتە ھەرخىل نەرسە بىلەن قوراللانغان قوزغىلاڭچىلار پەيدا بولغاچقا، ئوردا لەشكەرلىرى ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ، جانلىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش كويىدا بولۇشتى. گەرچە ئابدۇلئەزىز لەشكەربېشى: «يا ئاللا! بوشاشماڭلار، ئايىماڭلار» دەپ مەدەت بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق لەشكەرلەرنىڭ ئەھۋالى چاتاق ئىدى.

ئۇرۇش كەچكە قەدەر داۋاملاشتى. ئىسيانچىلار ئۇستۇنلۇك-كە ئېرىشتى. ئابدۇلئەزىز لەشكەربېشىنىڭ كاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىندى. ئامان قالغان لەشكەرلەر ئۆزلىرىنى ئىسيانچىلار-نىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى...

ئەتىسى خەۋەرچى ئىسهاقنىڭ يولىنى كېسىپ چىقىپ، غە-لىبە خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئۇ خۇشال بولۇپ، خەۋەرچىنى سۆي-دى. خەۋەرچى ئېگەرنىڭ تۇمشۇقىغا باغلىۋالغان تۇگۈنچەكنى ئىسهاقنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— نېمە بۇ؟ — دېدى ئۇ چۆچۈپ.

خەۋەرچى تۇگۈنچەكنى يېشىپ، بىر باشنى كۆرسەتتى.

— تەقسىر! باتۇرلار سىزگە سوۋغا قىلدى!

ئابدۇللابەگ ئېگىشىپ:

— ھە-ە، دۇرۇس، سوۋغا ئىكەن، — دېدى ئىسهاققا قاراپ، — ئابدۇلئەزىز لەشكەربېشىنىڭ كاللىسى ئىكەن. مانا، تامام! بۇ، ئوردىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەجرىبىلىك لەشكەربېشى ئىدى. تامام! ئەمدى ھېچكىم يولىمىزغا توسقۇن بولالمايدۇ!

× ×

ئىككى گېنېرالنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن نەسرىدىنخان پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ قالدى: «ئەمدى قانداق بولىدۇ؟ ئىسهاق دېگەن بۇ ماكانسىز شۇنچە بولۇپ كەتكەنمۇ؟!» ئۇ ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەيتتى، بىراق دەردىگە داۋا تاپالماي، ئەلىمىنى چىلىم، مۇسەللەستىن ئالاتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئىشىكئاغىسى:

— ھۆكۈمدار... ھەزرىتى سۇلتانمۇراتبەگ ... — دەپ خەۋەر قىلدى.

نەسرىدىنخاننىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ، پۇرقىرىتىپ چىلىم

www.uyghurkitap.com

تارتىۋالغانىدى. مەيلى، كىرسۇن، دەپ ئىشارەت قىلدى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ياداپ، سولىشىپ پەقەت سۈرىتى قالغان سۇلتانمۇراتبەگ ھۆكۈمدار ھۇزۇرىغا كىرىپ كەلدى. نەسىردىنخان ئۇنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى.

— ھە؟ ئەجەل قوغلىدىمۇ؟

بۇ سۆز بەگنىڭ قۇلىقىغا ھاقارەتتەك ئاڭلانسىمۇ، ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتتى ـ دە، باش ئېگىپ، تەزىم قىلدى.

— ھۆكۈمدار ... — دېدى بەگ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنۇپ، — خۇدانىڭ ئۆزى گۇۋاھ، ئىسھاقنىڭ قاراقچىلىرى بىلەن ئەزرائىل بىللە ئوخشايدۇ. خۇدا ئۇلارنىڭ يۈزىنى قارا قىلسۇن، خۇددى قۇترىغان قاشقىر. يا ئەلھەزەر! ھىم... كېيىن...

نەسىردىنخان يېڭۋەتكۈدەك تىكىلدى. «ھولۇقما، نان قېپى!» دېدى ئىچىدە. ئاخىر ئۇنى ئابدۇلئەزىز لەشكەربېشى بىلەن بىللە گېنېرال گالاۋاچىيېفقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئەمەسمىدى؟ ئاشۇ ئىسھاق دېگەن لالىمىنى تۇتۇپ كەل، دېمەپمىدى؟ مانا، ئىشەنگەن ئادەم...

سۇلتانمۇراتبەگ كىرپىكلىرىنى ئاران چىمىرلىتىپ ئولتۇراتتى. خاننى ئىچىملىك قىزىتىۋەتتىمۇ ياكى باشقا خىيالغا پاتتىمۇ ئالىقىنىنى بىر ـ بىرىگە ئۇردى. ئىشىكئاغىسى كىردى. نەسىردىنخان خان ئۇنىڭغا قارىماي:

— دۇتار، — دېدى ئاستا. ئىشىكئاغىسى ئارقىسى بىلەن يۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— ھەرقانداق ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، — دېدى بەگ، — ئىمكان بار، گېنېرال گوبېرناتور بىلەن بولغان ئالاقىنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك، ھۆكۈمدار.

خان ئۈنچىقمىدى. سۇلتانمۇراتبەگ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ياش بولسىڭىزمۇ باشسىز، تېزرەك بىرەر چارىسىنى تاپسىڭىز...

ئۇنىڭغىچە ئىشىكتىن ئوتتۇرا بويلۇق، ئاددىي كىيىنگەن قارىمۇتۇق بىر يىگىت دۇتارنى قولتۇقلاپ كىرىپ كەلدى ـ دە:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ھۆكۈمدار! — دېدى.

خاراموش ئولتۇرغان خان سالامغا جاۋابەن باش ئىرغىتىپ قويىدى. دۇتارچى ئولتۇردى.

— قېنى، چېلىڭ! ... — دېدى نەسىردىنخان.

دۇتارچى يىگىت تارىلارنى بىر ـ بىرلەپ سازلىدى، ھۆكۈمدارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ياقىدىغان كۈيلەردىن بىرنى چالدى. سۇلتانمۇراتبەگ: «قالتىس ھۆكۈمدارغا ئۇچرىغانىكەنمىزغۇ! چاشقاننىڭ ئۇۋىسى مىڭ تەڭگە بولۇپ تۇرۇۋاتسا، بۇنىڭ كۆڭلىگە دۇتارنىڭ سىغىۋاتقىنىنى! ...» دېدى ئىچىدە. دۇتار ئاۋازى ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلدى ۋە تېخىمۇ مۇڭلۇق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نازۇك ساداسى ھۆكۈمدارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكىپ، زامان تەشۋىشلىرىدىن خالىي قىلىۋاتقان بولسا، ئەكسىچە سۇلتانمۇراتبەگنىڭ قۇلىقىغا ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرىدەك ئاڭلىنىۋاتاتتى.

كۈي ئاخىرىغا يەتمەي تۇرۇپ، خان ئالىقىنىنى بىر ـ بىرىگە ئۇردى. دۇتارچى يىگىت ھەيران بولۇپ خانغا قارىدى. ئىشىكئاغىسى كىردى.

— تون كىيدۈرۈڭ، — دېدى نەسىردىنخان.

دۇتارچى ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلدى. ئىشىكئاغىسى دۇتارچىغا كىمخاب تون كىيدۈردى.

— رەھمەت، ھۆكۈمدار... مەرتىۋىڭىز زىيادە بولسۇن، — دەپ دۇتارچى ئىشىكئاغىسى بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى.

— تەنتەنىلىك كۈي! خوش نېمە ئۈچۈن؟! قايسى غەلىبىمىز ئۈچۈن؟! — خاننىڭ كۆزلىرىدە ياش پەيدا بولۇپ چوڭقۇر

www.uyghurkitap.com

خورسىندى، — نېمىمىزگە تەنتەنىلىك كۈي ئاڭلىدۇق ـ ھە؟

ئېچىدە غۇدۇراپ ئولتۇرغان سۇلتانمۇرات خانغا ئېچىندى. «ھەي، خانغىمۇ قىيىن!»

— مېنى ھۆكۈمدار دەيسىلەر، ۋاقتى كەلگەندە ھەممەڭ ئىشنى ماڭا تاشلاپ قويغىنىڭلار قىزىق؟ — دېدى نەسىردىن خان، — ھەممىسى بەربات بولدى. ھۆكۈمدارلىق رۇسلارغا، ئېلىمىز بىر لالمىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ئىلاجىمىز قانچە؟ سىزلەر — شاھزادىلەر، بەگلەر، تەقسىرلەر، نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ ... ئاتا مىراس مۈلۈك قېنى؟ خەلق قېنى؟ خەلق تاج كىيگەن كىشىگە كېرەك، ئەمدى تۈگىدىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن خۇدايارخان باش بولۇپ، بىر لالمىنى تىزگىنلىۋالمىدۇق!؟

خان يەنە دۇتارچىنى چاقىرتتى. ئىشىكئاغىسى: ھازىر كېلىپ كەتتىغۇ، دېگەندەك بوسۇغىدا تۇرۇپ قالدى.

— دۇتار! — دېدى ئاچچىقى بىلەن نەسىردىنخان. ئىشىكئاغىسى ئېتىلىپ تاشقىرىغا چىقتى، ھۆكۈمدار تامىقىغا تىقىلىپ كېلىۋاتقان يىغىسىنى تەسلىكتە باستى، — ماتا، سىز ئېسىلزادە لەشكەربېشى سۇلتانمۇراتبەگ! ئاشۇنداق بىر لالما ئىسھاقتىن قورقۇپ، قۇيرۇقىڭىزنى قىسىپ ئوردىغا قايتتىڭىز. مەن قانداق قىلاي؟ ھە؟ يەنە: «گېنېرال گوبېرناتور بىلەن مەسلىھەت قىلىش زۆرۈر» دەيسىز!...

سۇلتانمۇراتبەگنىڭ ئەزايى ـ بەدىنىدىن تەر چىقىپ كەتتى. ئىشىكئاغىسى دۇتارچىنى قايتىدىن ئەكەلدى. خاننىڭ چىرايى ئېچىلىپ، شارابتىن ئوتلىدى.

— كەل، بۇرادەر، بۇ ۋاپاسىز دۇنيا توغرىسىدا، ئارمان توغرىسىدا چال.

دۇتارچى تارلارنى سازلاشقا باشلىدى. سۇلتانمۇراتبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن ماڭاي، ماڭا قانداق بۇيرۇقلىرىڭىز بار، ئالىي

ھەزرەتلىرى؟ — دەپ سورىدى. خان ئېتىبار قىلمىدى. لەشكەر-بېشى ئاستا ماڭدى. خان ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

تاڭ ئاتقۇچە دۇتار ئاۋازى بېسىلمىدى. پەي ياستۇققا يانپاش-لىغان خان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. تاشقىرىدىن قىيا - چىيا ئاڭلاندى. كىمدۇر قاتتىق چالۋاقىدى. دۇتارچى خاننى ئويغاتماقچى بولدىيۇ، بىراق يۈرىكى پېتىنمىدى. شۇ ۋاقىتتا ئىشىك قاراسلاپ ئېچىلىپ، ئىشىكئاغىسى كىرىپ كەلدى.

— تەقسىر!...

دۇتارچى ئۆزىنى چەتكە ئالدى. نەسىردىنخان بىر ئاتارلىق رۇس تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى:

— ھە؟!

كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن خان ھېچ نەرسىگە چۈشەنمىدى. ئىشىكئاغىسى ھولۇقۇپ سۆزلىدى:

— تەقسىر... تەقسىر...

خان پالاقشىپ دېرىزە ئالدىغا باردى. ئوردىنى ئالامان ئورىۋاپتۇ. بەزىسى ئېشەكتە، بەزىسى ئاتتا. خەلق تىنىمسىز ۋارقى-رايتتى:

— بۇياققا چىق! بۆرىنىڭ بالىسى، چىق، لەنىتى!

نەسىردىنخان ھەممىنى چۈشەندى. ئىلاجى قانچە؟ قورققان-لىقىدىن دىر - دىر تىترەيتتى. ئوردا قوغدىغۇچىلار ئىشىكلەرنى مەھكەم تاقاپ، قارشىلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. قانداق قىلسۇن؟ كۆزىگە ياش كەلدى. ئىشىكئاغىسى بۇيرۇق كۈتۈپ، تەزىم قىلدى.

— رۇس ئەلچىخانىسىغا ئادەم ئەۋەتىڭ.

— ھېچكىمنى ئوردىدىن چىقىرىشمايۋاتىدۇ. رۇس ئەلچى-سىمۇ ئىشخانىسىدا قامىلىپ قالدى.

— ئۇلارنىڭ ئەسكىرى بار ئىدىغۇ؟!

— نېمىشقىدۇر ئېتىشمايۋاتىدۇ، تەقسىر!

ئەسىردىنخان كۆكسىگە ئوق تەگكەندەك ئىڭرىدى، كۆزىنى
يۇمدى، خورلۇقى كەلدى.
— ئوردىدىكىلەرنى توپلاڭ، خەزىنىنى يۇكلىتىڭ. خوجەنىد
دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭىمىز. تىرىكتاپلاردىن بىرىنى تاشقىرىغا
چىقىرىڭ. خەلققە ئېيتسۇن! خان ئۆز جېنىنى سىلەردىن سورد-
دى، هازىر كېتىدۇ، دېسۇن...
ئىشىكئاغىسى ئىشىككە ماڭدى، خان يەنە ئۇنى چاقىردى.
— قىرغىز ئايىم بۇياققا كىرسۇن ...
— خوپ، تەقسىر!
خاننىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتتى، قوللىرى تىترەپ، چىش-
لىرى غىچىرلايتتى، ئىشكتىن بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن، يۇزلە-
رى قىپقىزىل، ياشقىنا ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇستىدە ئاق
ھىلھىلە كۆڭلەك، ئۇنىڭ ئۇستىدىن كىمخاب كەمزۇل كىيگەن،
بېشىدا تاج، چېچىنى ئىككى ئۆرۈمە قىلىپ ئارقىسىغا تاشلىغان،
قولىدا بوۋاق.
— هارماڭ، شاھىم، — دېدى ئايال.
— قىرغىز ئايىم...
— قۇلىقىم سىزدە، شاھىم...
— سوۋغىغا كەلگەنىدىڭىز، ئۆز ئەقىل ـ ھوشىڭىز بىلەن
ئوردىنى ئەركىسى، قانۇنلۇق خوتۇنۇم بولدىڭىز. تاشقىرىدا نېمە
ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمىسىڭىز كېرەك. ئۆز ئۇرۇقىڭىز
بولغان قىپچاق، ئۆزبېك ۋە قىرغىزلار تەختۇ بەختىمدىن ئايرى-
دى. بىرلا مېنى ئەمەس... سىزگە ئىلتىماسىم: بالىنى ئېھتىيات
قىلىڭ، ئۇ خان ئەۋلادى...
— خاتىرجەم بولۇڭ، شاھىم، تەربىيىلەيمەن، شاھىم.
مېنى تالاق قىلىڭ، ئۆز كۆنۈمنى كۆرەي، ئەركىن بولاي.
— مەيلى، قىرغىز ئايىم. مەن رازىمەن. سىزدىن سورايدى-
غان ئاخىرقى ئىلتىماسىم شۇكى...

— رەھمەت، شاھىم. ئاتا - بوۋىلىرى خان بولۇپ نېمە تاپتى؟ كىمگە پايدىسى تەگدى؟ مەيلى، ئاتىسى باشقا، زاتى باشقا دەيمەن. ئىسمىنى باشقا قويىمەن. ئەل ئىچىدە ئۆز كۈنىنى كۆرەر…

خاننىڭ كۆزى ئالىيىپ، لېۋى تىترىدى، تىلى گەپكە كەلمىدى.

ئايال بالىنى ئىككى قوللاپ خانغا تۇتتى:

— شاھىم، ئەگەر باشقا ئويلىغىنىڭىز بولسا، ئۆزىڭىز بىلىسىز.

خان باشقا ئۈچ ئايالىدىن بولغان بالىلىرىنى ساقلىيالىسا چوڭ گەپ. نائىلاج قالغان نەسىردىنخان بالىنىڭ پېشانىسىنى سىلىدى:

— خەير!… نېسىپ بولسا كۆرۈشەرمىز.

ئايال ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، بالىنى باغرىغا بېسىپ، ئارقىسى بىلەن مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ خاننىڭ تۆتىنچى خوتۇنى، ساربايىنىڭ قىزى قۇندۇزئاي ئىدى.

— ئىشىكئاغىسى، هاي، ئىشىكئاغىسى! — دەپ ۋارقىرىدى خان. قورغان ئىچىدە مىلتىقلار ئېتىلىشقا باشلىدى. ۋارقىراش - جارقىراش كۈچەيدى. دېرىزىدىن ئوق - دورا ھىدى كىردى. خان دۈرۈت ئوقۇپ، بىر قولىدا قىلىچ، بىر قولىدا تاپانچا تۇتۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

— تەقسىر! قوزغىلاڭچىلار ئارقىغا چېكىنىدى. قان تۆكۈلمەكتە، — دەپ كىرىپ كەلدى قاراۋۇلبېشى.

— قىرىڭلار، بىرىمۇ قالمىسۇن! — دېدى نەسىردىنخان.

— خان ھەزرەتلىرى، قېنى شۇ كۈچ؟ — دەپ زەردە قىلدى قاراۋۇلبېشى.

خان شارتتىدە بۇرۇلدى. دېرىزىدىن غايىب ئوق كېلىپ

www.uyghurkitap.com

تامدىكى گىلەمگە تەگدى. «قارس!» «قارس!»...

قاراۋۇلبېشى تاشقىرىغا يۈگۈردى. ئىشىكئاغىسى خاننىڭ ھوزۇرىغا يۈگۈردى.

— خەزىنە يۆكلەندىمۇ؟

— يۆكلىنىشمەيۋاتىدۇ، تەقسىر!

يەنە قاراۋۇلبېشى ئالدىراپ كىردى.

— تەقسىر، خەلق شەھەر دەرۋازىسىنى ئېچىپ، پولات-خان ...

نەسىردىن ئاچچىقى بىلەن تاپانچىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

— ئاغزىڭنى يۇم، شۇمبۇيا! خان دېگىنىڭ نېمىسى؟ لالما دېمەمسەن؟ ئوغرى دېمەمسەن؟

— ئالدىرىماڭ، تەقسىر! كۈچ، ئامەت كىمدە بولسا، شۇ خان، — دېدى قاراۋۇلبېشى.

— ھىم! — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى خان، ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ، گاراڭ بولۇپ كەتتى، — خەزىنە قېنى؟ خەزى-نە؟

ئىشىكئاغىسى يىغلامسىراپ، خاننىڭ قولتۇقىدىن يۆلىدى - دە:

— ئاھ، ياراتقان ئىگەم! خەزىنە جانغا ئارا بولالامتى؟! — دېدى.

قاراۋۇلبېشى ئىشىكئاغىسى بىلەن خاننى يېتەكلەپ ئۆيدىن ئاچىقتى.

ئاشۇ 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، نەسىردىنخان بىر ئوچۇم ئادەملىرى بىلەن ئوردىدىن چىقتى، خالايىق ۋارقىراپ، يول بويى ئارقىسىدىن كېسەك، تاش ئېتىپ، ئۇرۇپ قوغلاندىن ھەيدىۋەت-تى. ئۇ ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ، خوجەند شەھىرىدىكى ئاتى-سىنىڭ ھوزۇرىغا باردى.

ئالامان ئىككىنچى دەرۋازىدىن ئىسيانچىلار يولىغا پاياندار سېلىپ:

— ئەزىمەت! قەھرىمان! — دەپ كاناي - سۇنايلار بىلەن ئىسھاقنى كۈتۈۋالدى.

## 3

ئىسھاق سەل دېمىنى ئېلىپ، ئەس - ھوشىنى يىغىپ، ئاندىن ئوردا كىشىلىرىنى توپلىدى، ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرىگە بىرمۇبىر ۋەزىپە تەيىنلىدى: ئابدۇمۆمىنبەگنى نايىب،① سۇلايماننى خەزىنە باشلىقى، ئۆمەربەگ داد خاھنى پەرۋانىچى، ئۆز ئۇرۇقى موللامۇسانى مەسلىھەتچى، ئابدۇمۆمىننى ئىشىكئاغىسى، ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى ئابدۇللانى قوقان شەھىرىنىڭ بېگى، ۋەلى بىلەن بېكنەزەر باتۇرنى قوشۇننىڭ ئىككى قانىتىغا لەشكەربېشى، ئەشمەتنى بولسا، ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ قاراۋۇلبېشى قىلىپ تەيىنلىدى.

قوقاندىكى ئىچكى زىددىيەتلەردىن پايدىلانغان قاراتېگىن ۋىلايىتى ئايرىلىپ چىقىپ، ئالاھىدە بولۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ بېگى رەھىمشاھ ئاكىسى مۇزەپپەر شاھتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى قوغلاندى قىلدى. مۇزەپپەر شاھ قوقانغا قېچىپ كەلدى، ئوردىدىكىلەر ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ بالاغەتكە يەتكەن گۈزەل قىزىنى ئىسھاققا نىكاھ قىلىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ قاچاق مۇزەپپەر شاھ ئوردىنىڭ ئەتىۋارلىق كىشىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

يېڭى ھۆكۈمدار «ئىسھاقخان» دەپ ئۆزىگە مۆھۈر ئويدۇردى. ئىسھاق بىرىنچى كۈندىن باشلاپ، ئوردىنىڭ كونا بەگ ۋە شاھزادىلىرىنى ئايىماي جازالىدى.

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە:

---

① نايىب — ئورۇنباسار، ياردەمچى.

www.uyghurkitap.com

— ھۆكۈمدار، شاھزادە ئاغىڭىز تۇتۇلدى! — دېيىشتى.

— كىم ئۇ؟

— سۇلتان مۇراتبەگ باھادىر! خىجىل بولۇپ، شاھزادىنىڭ ئاشخانىسىدا مۆكۈنۈپ ياتقانىكەن، مەھەللىنىڭ ئادەملىرى سۆرەپ چىقىشىپتۇ. ھۆكۈمدار، خاپا بولمامسىز، نېمە بولسىمۇ، يېقىن قېرىنداشىڭىز …

— ھە، ئاغام ئىكەن؟! خاپا بولمايمەن! قەيەردە؟

سۇلتانمۇراتبەگنى ئىسھاقنىڭ ئالدىغا ئەكېلىشتى. ئۇنىڭ ئەھۋالى يامان ئىدى، دىر - دىر تىترەپ، توختىماي ئايەت ئوقۇپ، بوسۇغىدىن ئاران ئاتلىدى.

— كېلىڭ، ئاغا، — دەپ قارشى ئالدى يۈزىدە بىر ئاز سەپكۈنى بار كىشى، — يۇقىرى ئۆتۈڭ.

ھال - ئەھۋال سوراشتى، بىر مۇلازىمنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن ئالغان بەگ ئىچىدە: «مۇشۇ بولسا كېرەك! …» دەپ قويدى. ئىككى كىشى ئۇنىڭغا تىكىلدى. «توۋا، خۇددى مايمۇننى تاماشا قىلغاندەك قارىشىدىيا!» دەپ ئاچچىقلاندى بەگ.

— قانداق، ساق - سالامەت يۈرۈۋاتامسىز؟

بەگ قىينىلىپ «شۈكۈر» دەپ قويدى. ئۇلار پەقەت كۆز ئۈزمەيتتى. بەگ بۇنى سېزىپ يەرگە قارىدى.

— بىمالال ئولتۇرۇڭ، ئۆز ئۆيىڭىز، ئۆز بىساتىڭىز ياكى … ئالىمخاننىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىمگە ھېلىمۇ شۈبھە قىلىۋاتامسىز؟

سۇلتانمۇراتبەگ قارا تەرگە چۆمۈپ، بۇرنىنى تارتىپ:

— ياق، — دېدى. يېنىدا ئولتۇرغان مۇلازىم يىگىت قوشۇمچە قىلدى:

— سەمەرقەنتلىك دىۋانە يىگىت قېنى؟

بۇ سۆز مولجالغا تەگكەنىدى. سوئال يەنە قايتۇرۇلدى:

— ئۆزىڭىز شاھزادىنىڭ قولىدىن يېتەكلەپ، خەقلەرگە

كۆرسەتكەنىدىڭىزغۇ؟

سۇلتانمۇراتبەگ ئۈنچىقمىدى، بېشى قوداڭشىپ، تىلى گەپ-كە كەلمەي قالدى.

— بوپتۇ، ئادەم بەزىدە زەھەرنى بىلمەستىن ئىچىپ قويىد-دۇ، ئاغا، قېنى ئېيتىڭا، قايسىمىز ئالىمخاننىڭ ئەۋلادى؟ — دېدى ئىسھاق قاپىقىنى تۈرۈپ، — سىز بىلىسىز، ئوچۇق ئېي-تىڭ، مانا بۇ ئابدۇللابەگ «سەن ئەمەسسەن» دەپ ماڭا ئىشەنمەي-ۋاتىدۇ.

ئۇلار بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. سۇلتانمۇرات-بەگ يۈزىدە سەپكۈنى بار كىشىنىڭ پېشىنى سۆيدى.

— مېنىڭدە نېمە گۇناھ؟ بۇيرۇقنى بېجىرگەنمەن؟ دېگە-نىنى دېگەنمەن! سىز ئالىمخاننىڭ ھەقىقىي ئەۋلادى ئىكەنسىز. سىز خەلقنىڭ ئىگىسى ئىكەنسىز. جېنىمىز سادىغا! ... خىزمىتىڭىزدە بولىمەن. ئوتىڭىزدا كۆيۈپ، كۆلىڭىزدە ئۈچە-مەن!

— يۇقىرىراق چىقىڭ، — دەپ ئىسھاق ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلدى، — سىزنىڭ جېنىڭىزغا كىممۇ قەست قىلالاتتى؟! يۇقى-رىراق ئولتۇرۇڭ.

داستىخان سېلىندى.

بەگ ئەمدى ئۆزىگە كېلىپ، يۈزىگە قان يۈگۈردى.

— خۇدايارنىڭ خەلققە قانچىلىك زۇلۇم سالغانلىقىنى مەن-دىن كۆرە، سىز ياخشىراق بىلىسىز، — دېدى ئىسھاق، — ئۇ نېمە قىلدى؟ خەلق ئوتتۇرىسىغا، ئۇرۇقلار ئارىسىغا نىزا سال-دى. ئاخىر ئاق پادىشاھقا سېتىلدى.

سۇلتانمۇراتبەگ خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن قۇۋۋەتلىدى. ئىس-ھاق قىزىشىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— خەلق ئۈچۈن تۆت يىل كۈرەشتۇق. مانا، ئوردا نەچچە قېتىم قولدىن - قولغا ئۆتتى. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ بىزنى

كۆتۈرۈۋاتقان خەلقنى قايسى تەرىقىدە رازى قىلىسىز؟ ئۇلارغا قانداق قىلىپ پاراغەتلىك تۇرمۇش يارىتىمىز؟ سىز بىلەن بىز شۇنى ئويلىشىمىز كېرەك...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بەگ: «ئەجەبا، راستتىنلا باھادىر ئالىمخاننىڭ ئەۋلادىمىدۇر؟ شەيتان كىشىلەر ئۇ ئەمەس دەپ قەستەن ئىغۋا تارقىتىشقانىكەن ـ دە...» دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. سۇلتانمۇراتبەگنىڭ كۆز ئالدىغا فان كەيفمان، ئاتاـقۇل باتۇربېشى كەلدى. ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ، ئاپتۇۋېچى يىگىت ئۇزاتقان چاينى قولىغا تۇتقۇزۇۋەتتى، يەنە خىيالى چېچىلدى. ئىسھاقنىڭ «مەسلىھەتى» يادىدىن كۆتۈرۈلدى. ئابـدۇللابەگ مىيىقىدا كۈلدى. ئىسھاقنىڭ چىرايى ئۆزگەردى. بەگ يۈزىدىكى مارجاندەك تەرلەرنى يېڭى بىلەن سۈرتتى.

— دەم ئالامسىز، ئاغا؟ — دېدى ئىسھاق، — ئاخىر، بۇ دۇنيانىڭ تەشۋىشلىرى قېرىتقان ئوخشايدۇ...

سۇلتانمۇراتبەگ نېمىدەپ خاۋاب بېرىشنى بىلمەي قالدى. مۆمىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا كىمخاب چاپان كىيدۈردى.

— سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن، بەگ ئاغا ... — دېدى ئىسھاق سوغۇق تىكىلىپ. بەگ بۇنى سەزمەي، مىننەتدارچىلىق بىلدۈردى.

— رەھمەت...

ئىسھاق بېشىنى چايقاپ: تۇۋا، ئۆزىنىڭ ھۆزۈر ـ ھالاۋىتىدىن باشقا نەرسىنى بىلمەيدۇ! ھۆكۈمدار بولۇش ئۆز پاراغىتىنى ئويلاشتىن ئىبارەت، دەپ چۈشىنىدۇ بۇلار! دەپ ئويلىدى ئىچىدە. سۇلتانمۇراتبەگ خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، قايتا ـ قايتا تەزىم قىلىپ، خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئىسھاق لېۋىنى ھىمىرىپ بېشىنى چايقاپ:

— ئۆزىتىپ قويۇڭلار! — دېدى.

بۇ ئۆلۈمگە بېرىلگەن بۇيرۇق ئىدى. ئابدۇللابەگ يەر ئاستىـ

ىدىن قاراپ قويدى. ئىسھاق:
— چىرىگەن ياغاچ مەلۇم بولىدۇ، نە ئوتۇنغا يارايدۇ! — دېدى مەنىلىك قىلىپ.
سۇلتانمۇراتبەگكە ئەتىكى تاڭنى كۆرۈش نېسىپ بولمىدى.

× ×

ئاتاقۇل باتۇربېشى قولغا چۈشتى.
ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاۋېرىپ، ئوردىدا تونۇشلىرىم بولسا كېرەك، ئاشۇلار جېنىمغا ئارا تۇرار، دەپ ئويلىدى. ئىسھاق ئۇنى يالغۇز كۈتۈپ ئولتۇراتتى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى ئاتاقۇل تەسلىكتە تىلى كالۋالىشىپ.
— ھە، مەرغىلاننىڭ بېگى! كەل ... — دېدى ئىسھاق زەھەرخەندىلىك بىلەن ۋە «ئولتۇر» دەپ ئىشارەت قىلدى. ئۇ لام - جىم دېمەي ئولتۇردى. ئۇنى ئەكىرگەن بېكنەزەر ئارقىدا قاراپ تۇراتتى. ئىسھاق سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك بولۇپ قالغان ئاتاقۇلغا سىنچىلاپ قارىدى.
— مېنى ئابدۇراخماننىڭ چاپارمەنلىرى تۇتۇۋالغاندا، سەن يېنىمدىمىتىڭ، ئاتاقۇل؟
ئۇ گەپ قىلمىدى. ئىسھاق يەنە سورىدى:
— نېرىراقتىمىدىڭ - يا؟ ئارقاڭدىن كۆرگەندەك قىلدىم.
ئاتاقۇل بوشىشىپ باش ئىرغىتتى. ئىسھاقنىڭ قېنى قايناپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— ئايغاقچى! ساڭا ئابدۇراخمان قانچىلىك ھەق بەردى؟ ساتقۇن! — ئىسھاق ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى، — خائىن، تۇزۇم كور قىلغۇر، سەن ساتقۇن بولماي نېمە!؟
ئاتاقۇل ئەزايى - بەدىنى تىترەپ، گۇناھىنى بوينىغا ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— شەيتان ئازدۇرۇپتۇ… خۇدا ئۇرۇپ…
ئىسهاق تېخىمۇ قىزىشتى.
— سەن ئەمەلپەرەس، ئاسانراق مەنسەپ ئىزدىگەنسەن-ھە؟! بېيىشنىڭ پېيىگە چۈشكەنسەن - دە؟!
ئاتاقۇل گەپ قىلمىدى. ئىسهاق بوغۇلۇپ جايىغا ئولتۇردى، بىر ئازدىن كېيىن ئۆزىنى بېسىپ:
— قېنى، ئەمدى ئۆز جازاڭنى ئۆزۈڭ ئېيت! — دېدى.
ئۇ نېمە دېيەلەيتتى؟!
— ھە، گەپ قىل!
ئاتاقۇل ئاستا بېشىنى كۆتۈردى - دە، يەنە يەرگە قاراپ دېدى:
— ئۆلۈم…
ئىسهاق ھەيران بولدى. بىكىنەزەر گەپ قىلمىدى. ئاتاقۇل بۇيرۇقنى كۈتەتتى.
— ھەي، ئەتتەڭ، كۆپ يولنى بىللە باسقاندۇق. كۆپ سۇنى بىللە كەچكەندۇق، تەڭتۇش ئىدۇق، سېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇش ئاسانمۇ؟ ئەمما سەن ساتقۇنسەن! ساڭا ئۆلۈم!
ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ئاتاقۇل ئەمدى بىپەرۋا ئولتۇراتتى.
— كەچۈرمەيمىز، ھالال خىزمىتىڭ بىلەن ئۆزۈڭنىڭ يۈزىگە چاپلانغان قارىنى ئۆزۈڭ يۇيىسەن. ئاتاقۇل، ئاڭلىدىڭمۇ؟
— ئىسهاق! ئوچۇق ئېيتقىن، قانداق خىزمەت بىلەن يۇيىمەن؟ — دېدى ئاتاقۇل.
— ئوچۇق ئېيتايمۇ؟
— ئېيت، ئوچۇقىنى ئېيت!
— گوبېرناتور سېنى مەرغىلانغا بەگ قىلىپ تەيىنلىگىنى راستمۇ؟
— راست.
— بوپتۇ، ئۆز ئورنۇڭدا قال، — دېدى ئىسهاق سىناق

تەرىقىسىدە، — مۇشۇ ئاغىنىدارچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇنا-
سىۋەتنى ياخشىلايسەن...

ئاتاقۇل يۇتقۇنۇپ قويدى.

— بىلىپ قوي، گېنېرال گوبېرناتور بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇ-
رىمىزدىكى ئالاقىنى تىكلەيسەن. شۇندىلا، ئۆز گۇناھىڭنى يۇيۇپلا
قالماي، ئۆز خەلقىڭگە ئۆچمەس خىزمەت قىلغان بولىسەن، ئاڭ-
لىدىڭمۇ؟

— ئاڭلىدىم، تەقسىر!

— قولدىن چىقىپ كەتتىم، دەپ يەنە...

— ئۇنداقتا قېنىم بىلەن، قېنىم بىلەن ... — دەۋەتتى
ئاتاقۇل.

— ھەر تەرەپلىمە ئويلاپ كۆر، يالغۇز ئۆزۈڭ بېرىپ، ئۆز
نامىڭدا سۆزلىشىسەن. بىز رۇس بىلەن ئۇرۇشمايمىز، بۇنى
بىلىسەن. مەقسىتىمىز ئوردىنى ئېلىش ئىدى، ئالدۇق. ئەمدى
گېنېرال گوبېرناتور بىز بىلەن سۆزلىشىۋەرسۇن. سېنىڭ ۋەزى-
پەڭ، خەلقىمىزنىڭ نىيىتىنىڭ پاك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈ-
رۈش.

— ماقۇل باراي، ئىسھاق، ماقۇل، مۇشكۇل ئىشقا بۇيرۇ-
ۋاتىسەن! ...

× ×

ئىككى نۆكەر بىر مەھبۇس ئوفىتسېرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ
كېلىۋاتاتتى. ئادەملەر تاماشا قىلىشاتتى. بىرى: «رۇسنىڭ يۇ-
زىنى كۆرمەي» دەپ تەتۈر قارىسا، يەنە بىرى: «توۋا، رۇسمۇ
ئادەمگە ئوخشىشىدىكەن!» دەپ ئاستا بۇيۇنداپ قارايتتى.

ئۇنى ئۇستىگە قىزىل كىمخاب تون كىيىپ، بېشىغا كۆك
سەللە ئورىغان ئاق ساقاللىق كىشىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىشتى.
پولاتخان شۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى ئوفىتسېر. ھېلىقى

كىشى ئەمەك ئۈچۈن چاي ئىچىپ ئولتۇردى. ساپسېرىق، بۇرنى ئۇزۇن رۇس گىلەمنىڭ بىر چېتىگە ئولتۇردى.

— ئىسمىڭ نېمە؟

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى.

«لەنىتى كىرىشتىن ... — دېدى ئىچىدە ئوفىتسېر، — پايدىسى بولسا شەيتانغىمۇ خىزمەت قىلىسەن! ...»

تەرجىمان سوئالنى قايتۇردى. ئوفىتسېر:

— دانىل، — دېدى. ئولتۇرغانلار ئۆزئارا پىچىرلاشتى.

يولدا هارۋا سۇنۇپ، دانىل ئۇنى تۈزىتىمەن، دەپ ئارقىدا قالغانىدى. بىردىنلا باستۇرۇپ كېلىشتى. ئۇ، ئوق چىقاردى، بىردىن يىقىلدى ... ئۇ پەقەت «گېنېرال گوبېرناتور» دېگەن گەپلەرنى چۈشەندى، خالاس. كېيىن ئۇنى باغلىشىپ، ئۆز هارۋىسىدا مەرغىلانغا ئەكېلىشتى. ئوق چىقارمىسام بولاتتىكەن، دەپ ئويلىدى دانىل. تەرجىمان سۆزگە كىرىشتى:

— بۇ كىشى پولاتخاننىڭ نايىبى بولىدۇ. خاندىن كېيىنكى ئىككىنچى ئورۇندا مانا شۇ كىشى ئابدۇمۇمىنبەگ تۇرىدۇ.

دانىل: «خاننىڭ ئۆزى ئەمەس ئىكەن ـ دە!» دەپ كۆڭلى يېرىم بولدى. تەرجىمان چۈشەندۈردى:

— ئەزىزىم دانىل، ئۇلۇغ نايىب سېنى مۇسۇلمان دىنىغا كىرسۇن، دەۋاتىدۇ.

دانىل ئۇنىڭغا قارىدى. تەرجىمان بېشىنى قىمىرلاتتى.

— مۇسۇلمان دىنىغا كىرسەڭ، جېنىڭ ئامان قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۆي، ئات بېرىدۇ. گۈزەل قىزلاردىن بىرىگە نىكاهلاپ، ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدۇ.

دانىل باش چايقىدى. نايىبنىڭ يۈزىدىكى تەبەسسۇم ئورنىنى غەزەپ ئىگىلىدى. كۆزىنى دانىلغا تىكتى.

— هوشۇڭنى تاپ، دانىل! — دېدى تەرجىمان، — بىهۇدە ئۆلۈپ كەتمە! ئويلاپ جاۋاب بەر، دانىل!

— نېمىنى ئويلايمەن؟ ئانام قايسى دىنغا چوقۇندۇرغان بول-
سا، شۇ دىنىمغا سادىق بولىمەن.
— ئۆز دىنىڭدە ئۆلۈپ كەتكەندىن، مۇسۇلمان بولۇپ ساق
قالغىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۆي، ئات، گۈزەل قىز...
دانىل تەرجىمانىنى سىلكىپ تاشلىدى:
— ئۇلارنى ساڭا بەردىم، ماڭا كېرەك ئەمەس.
تەرجىمان باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ نايىبقا شەرتكە كۆنمىگەن-
لىكىنى ئېيتتى. ئابدۇمۆمىنبەگ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، نۆ-
كەر يۈگۈرۈپ كەلدى. نېمىدۇر بىر نەرسە دېدى، نۆكەر يۈگۈ-
رۈپ چىقىپ كەتتى.
— بىكار قىلدىڭ، دانىل، — دېدى تەرجىمان، — دىنىڭ
نېمە كېرىكى بار، جېنىڭنىڭ راھىتىنى ئويلىمامسەن؟
— سەن جېنىڭنى ئېھتىيات قىل، ئاسمانغا تۈۋرۈك بولى-
سەن!
نايىبنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، دانىلنى ئىككى نۆكەر تامنىڭ
تۈۋىگە ھەيدەپ باردى. ئۇنىبېشىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن يىگىرمى-
دەك نۆكەر پىلتىلىق مىلتىقنى تۇتاشتۇردى. بىر ئازدىن كېيىن
ئابدۇمۆمىنبەگ ئىككى مۆتىۋەر ئادەم بىلەن كەلدى. ئۇ شېرىك-
لىرىگە بىرنەرسە دېگەن بولۇشى كېرەك، ئۇلار دانىلغا چەكچى-
يىپ قاراشتى. نايىب تەرجىمانغا پىچىرلىدى.
— دانىل، — دېدى تەرجىمان، — گەپكە كىر.
دانىل باش چايقىدى. تۇرغانلار خىجىل بولۇشتى.
— ئاخىرقى قېتىم سورىشىۋاتىدۇ، دانىل، ھازىر ئېتىلى-
سەن.
دانىل بېشىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:
— ئاڭلا، ئەبلەخلەر! ئانام مېنى قايسى دىنغا چوقۇندۇرغان
بولسا، شۇنىڭغا سادىق بولىمەن! ئاڭلىدىڭلارمۇ، لەنىتىلەر!
ئابدۇمۆمىنبەگ ئېتىشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇنىبېشىنىڭ ئىشا-

رىتى بىلەن يىگىرمە كىشى بىر يولىلا ئوق چىقاردى. ھەممە تەرەپنى تۈتۈن قاپلىدى. دانىل گۈپ قىلىپ يىقىلدى. ئابدۇمۇ-مىنبەگ يۈزىنى بۇراپ تېزلا كېتىپ قالدى. بۇ ۋەقە ئىسھاققا دەررۇ يېتىپ باردى.

ئالدىراش يىغىن چاقىرىلدى. قازىخانىغا توپلانغان بەگلەر، سەركەردىلەر گەپنىڭ نېمە ھەققىدىلىكىنى بىلىشمەيتتى. ئىشىك-تىن ئىسھاق كىرىشى بىلەن ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ تەزىم قىلىشتى. بېكنەزەر باتۇر قورالىق قوغدىغۇچىلارنى ئىشىك ئال-دىغا سەپكە تۇرغۇزۇپ، ئۆزىمۇ شۇ يەردىن سىلجىمىدى. نېمە گەپ؟ مەجلىسكە توپلانغانلار ئاللىقانداق بولۇپ تۇرۇشاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ياخشىلار، — دېدى ئىسھاق، ئۇ-نىڭ ئاۋازىدىن خېلى پەرىشانلىق بىلىنەتتى.

ھەممە ئىلىك ئالدى. تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئابدۇمۇمىن-بەگ، سول تەرىپىدە ئۆمەربەگ تۇراتتى. ئىسھاق تەختكە ئولتۇر-ماي، ھازىر بولغانلارغا بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئۇ غەزىپىنى باسالماي، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغان ئابدۇمۇمىنبەگكە يۈز-لەندى.

— بەگ!...

— لەببەي، ھۆكۈمدار، — دېدى ئابدۇمۇمىنبەگ.

— بۈگۈن ئۇ دۇنيا ئۈچۈن قانداق ساۋاب ئىشلارنى قىلدى-ڭىز؟

بەگ سوئالغا چۈشەنمەي، كىچىك، سېرىق كۆزلىرىنى چى-مىرلىتىپ مۇنداق دېدى:

— خۇدانىڭ بەندىسى بىز، بەش ۋاخ ناماز، خەير - سادىقا دېگەنلىرىدەك...

— بىر كاپىرنى مۇسۇلمان قىلىش قانچىلىك ساۋاب ئىكەن-لىكىنى مېنىڭدىن كۆرە، سىز ياخشى بىلىسىز. ئەپسۇسكى، قىز تالاق دانىل بۇنىڭغا كۆنمەي، ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈپتۇ.

ئەتتەڭ، دوزاخ ئوتىدا كۆيگەن يەتتە پۇشتىڭىزنى بېھىشكە ئاچىقىشىڭىزغا بىر غېرىچ قالغانىكەن، بەگ؟!

ئادەملەر گەپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەررۇ چۈشەندى. ئابدۇمۆمىنبەگنىڭ ساۋاب ئىش قىلغانلىقى ئىسھاققا پەقەت ياقمىغانىدى. بەگ خىجىل بولۇپ ئەتراپقا قارىدى.

— ئەمدى، ھۆكۈمدار، ھەممىمىز مۇسۇلمان پەرزەنتىمىز ... — دېدى ئابدۇمۆمىنبەگ شەرئىەتكە تايىنىپ.

— سىز مۇسۇلمان پەرزەنتى ئەمەسسىز! سىز شەيتانسىز!!! — دەپ ۋارقىرىدى ئىسھاق. بۇ سۆز ئابدۇمۆمىنبەگنىڭ جان-جىنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئىسھاق تەختكە ئولتۇردى، قولىنى شىلتىپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— سىز ئۆلكىمىز ئادەملىرىگە پەقەت ياراشمايدىغان ئىش قىلدىڭىز. بىلەمسىز، سىز شەيتاننىڭ ئىشىنى قىلدىڭىز. بىز تەرەپكە ئېقىۋاتقان دېڭىزنىڭ يولىنى توسۇدىڭىز. دۈشمەنلىرىمىزگە باھانە تېپىپ بەردىڭىز! شەيتان! ساتقۇن!!

تۇرغانلار زۇۋان سۇرمىدى. ئابدۇمۆمىنبەگ تەرلەپ كەتتى.

— بۇ سىزنىڭ شەيتان ئىكەنلىكىڭىزنىڭ ئىسپاتى ئەمەسمۇ؟

بەگ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولۇپ، ئېغىز ئاچماقچى بولۇۋىدى، ئىسھاق گەپ بەرمىدى:

— ئەمدى باھانە-سەۋەبنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆزىڭىزنى ئاقلىماڭ!

بەگ ئۆزىنى ئارقىغا تارتتى، ئۇنىڭ سەللىسى چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. ئىسھاق ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇۋالىدىغاندەك ئالدىغا ئىنتىلدى:

— شەيتان! ساتقۇن! ئايغاقچى!

سەللىسى چۈشۈپ، چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئابدۇمۆمىنبەگ بېكنەزەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالدى. بېكنەزەر ئۇنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ، ئىسھاققا ئۇدۇل قىلدى. بەگ تىترەپ تىزلىنىپ، ئىس-

ھاقىنىڭ ئېتىكىدىن سۆيمەكچى بولدى. ئىسھاق ئايىغىنى تارتتى.

— ئىپلاس! — ئۇ لېۋىنى چىشلەپ قانغا تولغان كۆزلىرىنى چەتكە ئالدى - دە، — تۇزىڭىزنى يېگەنىدىم، جېنىڭىز ئۆزىڭىزگە مۇكاپات! — دەپ ئىشىككە قاراپ ئىشارەت قىلدى، — چىقىپ كېتىڭ!

ئابدۇمۆمىنبەگ چىقىپ كەتتى.

ھېچكىم ئۈنچىقمىدى. ئىسھاق سەل ئاچچىقىدىن ياندى، يەردە تۇرغان سەللىنى دەسسەپ تۆرگە قاراپ ماڭدى ...

× ×

تاشكەنت شەھىرى ...

تۈركىستان گېنېرال گوبېرناتورى مەھكىمىسىنىڭ كۈتۈش زالىدا ئىككى كىشى ئولتۇراتتى. كەڭ زالنىڭ ئوڭ تەرەپ تېمىغا يۆلەپ قويۇلغان قىزىل بولغارى دىۋاندا ئولتۇرغان بۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى ئوتتۇرا ياشلاردىكى كەكە ساقال، سەللىلىك كىشى بولۇپ، سەللىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە خاننىڭ يارلىقى بار ئىدى. ئىككىنچى كىشىنىڭ ئۈستىدە قارا كىمخاب تون بولۇپ، ئىچىگە كىيگەن قىزغۇچ جىلىتكىسىنىڭ كۆكرىكىدە بىرىنچى دەرىجىلىك ستانىسلاۋ ئوردېنى پارقىرايتتى... ئۇ ياقىسىنى ئەتەي ئېچىپ ئولتۇرغانغا ئوخشىشاتتى.

گېنېرالنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، قوڭۇر چاچلىق بىر كاپىتان كىردى. كاپىتاننىڭ كۆپكۆك كۆزى تىنىق ئىدى. دىۋاندا ئولتۇرغانلار قايسىبىرىمىزنى قوبۇل قىلاركىن، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئىككىسى تەڭلا ئورنىدىن تۇردى.

— تەقسىرلەر، — دېدى كاپىتان، — ئالىي ھەزرەتلىرى بۈگۈن بوش ئىكەن.

ھېلىقىلار بىرنېمە دېمەكچى بولۇشۇۋىدى، كاپىتان سۆزىنى

بۆلۇۋەتتى.

— ئېيتتىم - ئېيتتىم، بىرىنچى دەرىجىلىك ستانىسلاۋ ئوردېنىنىڭ لائورىياتى، قوقاننىڭ سابىق خانى خۇدايار ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە خان نەسىردىن كۇتۇۋاتىدۇ، دېدىم، — كاپىتان ئۆز بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى.

شۇ چاغدا، ئىشىكتىن ئاتاقۇل باتۇربېشى كىردى. ئۇ زال-نىڭ گۈزەللىكىگە قىزىقتى. يۇقىرىدا تۇرغان ئالېكساندىر II نىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ «ئاق پادىشاھ شۇ ئىكەن - دە!» دەپ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى، كېيىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، دىۋاندا ئول-تۇرغانلارغا ئانچە ئېتىبارمۇ قىلماي، ئارانلا سالاملاشتى. خۇدايار سالاملىشىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، باتۇربېشى چۆ-چۈپ ئارقىغا داجىدى. خۇدايار ئاچچىقلىنىپ دېدى:

— ھە، باتۇر يىگىت، يىلان كۆردۈڭمۇ؟

ئاتاقۇلنىڭ كۆزى نەسىردىنگىمۇ چۈشتى ۋە ئۇ ئۆزىنى ئوڭ-شاپ كىنايە بىلەن:

— ۋاييەي ... چاقىدىغان يىلانمىكىن دېسەم، نەشتىرى سۇ-غۇرۇلغان يارىماس يىلانلار ئىكەنغۇ! ...

نەسىردىن ئۆزىنى تۇتالماي ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى.

— ئورنۇڭدا جىم ئولتۇر. كىمگە ھەيۋە قىلىۋاتىسەن؟!

ھېلىقى كاپىتان ئىچكىرى بۆلۈمىدىن چىقتى، غىژ - غىژ-لىشىپ تۇرغانلارنى كۆرۈپ، يېقىن كەلدى ۋە ئاتاقۇل باتۇربېشى-نىڭ بېشىدىن - ئايىغىغىچە قاراپ:

— كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

ئاتاقۇل ئالدىراپ قالدى:

— مـەن... ھۆرمەتلىك تـۆرە... بـاتۇر بېشى ئاتاقۇل بولىمەن...

— ھە، مەرغىلاننىڭ بېگىمەن، دەڭ... ئۆزگىرىپ كېتىپ-سىز.

ئاتاقول باشقا ھېچ نەرسە دېمىدى. كاپىتان ئۇنى دەرھال ئىچكىرىگە باشلىدى.

— يۇرۇڭ، ئالىي ھەزرەتلىرى سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ.

ئاتاقول باتۇربېشى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۈچ كۈندىن بۇيان نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىككى خانغا — خۇدايارخان بىلەن نەسىردىنگە «كۆرۈپ قوي» دېگەندەك، مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى.

گېنېرال گوبېرناتور فان كەيفمان مېھرى ئىسسىق ئادەم ئىدى. ئۇ چوڭ ئۈستەل ئارقىسىدىكى يۇمشاق دىۋاندا ئولتۇرۇپ، قەغەزلەرنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. تامغا پادىشاھ ئالېكساندر II نىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتى ئېسىلغانىدى. ئاتاقول مۇنداق چوڭ سۈرەتنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. فان كەيفماننىڭ پارقىراق بېشى، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

كاپىتان:

— مەرغىلان بېگى، ئاتاقول باتۇربېشى، — دەپ تونۇشتۇردى.

گوبېرناتور سىدام بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئالدىدىكى ئادەمگە بىر قۇر زەن سالغاندىن كېيىن، قەلەمنى ئۈستەلگە قويدى، چىرايىمۇ ئازراق ئېچىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئۇلۇغ تۆرە ... ھەزرىتى ئالىيلىرى ... — دېدى ئاتاقول ئاۋازى تىترەپ.

گوبېرناتور ئىلىك ئېلىش ئورنىغا:

— يېقىنىراق كېلىڭ، — دېدى.

تۈركىستان گېنېرال گوبېرناتورى باتۇربېشىنى قىزغىن قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ خىيالىدىن نەسىردىنمۇ، خۇدايارمۇ چىقىپ كەتتى.

— ئىشلار قانداق؟ ياخشىمۇ؟ ياخشى بولسۇن، يالغان خان قانداقراق؟ سىزگە قاتتىق تەگمىدىمۇ؟ تېگىپ كۆرسۇنچۇ! يې-

قىنىدا ئۇ ئاداۋەتچى يوق قىلىنىدۇ. سىزدەك باتۇرلارنىڭ ياردىمى كېرەك.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى.

— ھەزرەت ئالىيلىرى ... — دەپ دۇدۇقلىدى ئاتاقۇل.

فان كەيفمان پەملەپ، «مەيلى، بىمالال گەپ قىلىۋەرسۇن» دەپ تەرجىمانغا قارىدى. ئاتاقۇل ھەممە گەپنى ئېيتتى:

— يامان خىيال ئويلىماڭلار، ئەگەر رازى بولسىڭىز، ئىسھاق سىز بىلەن ئۇچراشماقچى. رۇس بىلەن ئاتا - بالا بولايلى، دەۋاتىدۇ. مەندە باشقا گەپ يوق. راستى شۇكى، ئۇ خۇدايارخانغا، ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ئۆچەكىشىپ شۇنداق قىلدى. ئىسھاق ئەلگە ياخشى خان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئۇنىڭغا ئەگىشىۋاتىدۇ. خۇدايارخاندىن كۆپ ياخشى...

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. فان كەيفمان ئويلىدى: ئۇ ئوغرى، ئوغرىلىقچە قالىدۇ! ئىسھاق ئاغزىدىن چۈشمەي قاپتىغۇ بۇنىڭ؟ دېمەك، بىر گەپ بار. خۇدايارخاندىن ياخشى خان بولارئىمىش! ھە، بىز سىلەرنى ياخشى خانغا ئىگە بولسۇن، دەپ كەلدۇقمۇ؟!

— مەرغىلاننىڭ بېگى، سىزنى يالغان خان قىسماققا ئالغان ئوخشىمامدۇ؟ قورقماڭ، ئۇنىڭ ساناقلىق كۈنى قالدى. بىزگە ئۇنىڭ كېرىكى يوق. زۆرۈر بولۇپ قالسا، خان ئۇرۇقىدىن بىرەرىنى تاپارمىز، بىزگە يالاڭ ئاياغلارنىڭ لازىمى يوق!

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. ئاتاقۇلنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، سوئال نەزەرى بىلەن قاراپ قالدى.

— سىز باتۇر ئادەمسىز، — دەپ ماختىدى گوبېرناتور، — سىزنىڭ خىزمەتلىرىڭىزنى ياخشى بىلىمىز. شۇ يوسۇندا ھالال ئىشلەۋەرسىڭىز ئاق پادىشاھنىڭ نەزەرىدىن چەتتە قالماسلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل. شۇ چاغدا سىز شەھەر بېگى ئەمەس، قوقاننىڭ نوپۇزلۇق، قەدىرلىك ئادەملىرىدىن بىرى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

قىلىشىڭىزدا شەك ـ شۈبھە يوق!

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. ئاتاقۇل تەمشىلىپ قويدى، كۆڭلىگە ھەرخىل شېرىن خىياللار كەلدى. ئۇھ، شۇنداق بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟! ئىسھاقنىڭ ئۆزىمۇ شان ـ شۆھرەت دەپ يۈرگەن بولسا كېرەك؟! ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتنىڭ نېمە لازىمى!

گوبېرناتور ئاتاقۇلنىڭ خىيالىنى سېزىپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئاچ قۇشقا لوق گۆشنى ئۆزىتىپ تەلپۈندۈرگەندەك، سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— خۇدا بۇيرۇسا، كەلگۈسى يىلنىڭ بېشىدا ئالىي ھەزرەتلىرى — ئاق پادىشاھنىڭ تۇغۇلغان كۈنى تەبرىكلىنىدۇ. ئەنە شۇ تەنتەنىگە روسسىيەدىن ۋە بىزگە قاراشلىق مەملىكەتلەردىن، چەت ئەللەردىن مېھمانلار چاقىرىلىپ چوڭ توي ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئىسھاقنىڭ بىسەرەمجانلىقىدىن تېزرەك قۇتۇلساق ئاشۇ كۈنى ئاق پادىشاھنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. ئاتاقۇلنىڭ كۆزلىرى تەمەدىن پارقىراپ كەتتى.

— قاملاشمىغان ئادەملەر ئۆزىنى خان قىلىپ كۆتۈرۈۋالدى. ئۇنى قانداق چۈشۈرۈش كېرەك؟ تەخت ئىگىسى — خاننىڭ سۆزى بالىسىغا ئۆتمەيدۇ، بالىسىنىڭ ئاتىسىغا ئۆتمەيدۇ. ئۇلار بەئەينى ئىت ـ مۈشۈك. قانداق قىلىش كېرەك؟ مۇنداق چاغدا مەن سىزگە ئوخشاش كىشىلەرگە ئىشىنىمەن. قەدىم شەرق دانالىرىنىڭ تەمسىلىگە ئايلىنىپ كەتكەن مۇنداق بىر سۆزى بار: «جىمىكى ئۆلكىگە، ھەممە ئەلگە ئوخشاش پايدا كەلتۈرىدىغان ئىش قايسى؟» دەپ سوراشقاندا، «ئەڭ يامان، ئەڭ تىنچىماس خاننىڭ كۆزىنى ئويۇش» دېگەنىكەن. بۇ ناھايىتىمۇ ئورۇنلۇق سۆز.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. ئاتاقۇل بۇ گەپلەرگە پۈتۈنلەي مەھلىيا بولۇپ قالدى. فان كەيفان بۆلۈمدە ئۇيياقتىن ـ بۇياققا

ماڭدى، ئاتاقۇلدىن كۆز ئۈزمەي تاماكا چەكتى، ئورنىغا ئولتۇ-رۇپ، باتۇربېشىغا قارىدى.

— سىزگە ئېغىر بىر ۋەزىپە تاپشۇرىمەن، — دېدى ئۇ يەنە داۋام قىلىپ، — بۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ. چۈنكى، سىز ھازىر خاننىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن بولۇپ قالدىڭىز. بۇ ئىشنى پەقەت ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم يوق، يالغۇز قالغان ۋاقىتتا قىلىسىز! — ئۇ تارتمىدىن بىر تاپانچىنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستى-گە تاشلىدى، — ئەلۋەتتە، بۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىش. ئىشنى ئومۇمەن ئۇنىڭغا قارشى كىشىلەرنى توپلاشتىن باشلاش كېرەك. بۇ ھەقتە بىزنى خەۋەردار قىلىپ تۇرىسىز. ئىلاجى بولماي قالسا، مانا بۇ نەرسىگە ئىشىنىڭ! — دەپ بارمىقى بىلەن تاپانچىنى كۆرسەتتى.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. بۇنى ئالدىن بايقاپ ئولتۇرغان ئاتاقۇل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

گېنېرال گوبېرناتور تاپانچىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى. ئاتاقۇل ئۆزىنى تارتتى. فان كەيفمان ئۆڭدى. ئاتاقۇل نائىلاج يەرگە قاراپ تۇرۇپ قول ئۇزاتتى.

— تاشكەنت بوسۇغىسىدا ئالىمقۇل ئاتىدارنىڭ قانداق ئې-تىلغانلىقىنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى گېنېرال گوبېرناتور.

— ھە، بىلىمەن.

— ناھايىتى ياخشى.

ئاتاقۇل فان كەيفماننىڭ ئالدىدىن سۇغا چۆشكەن نانىدەك بوشىشىپ چىقتى، ھېچ ياققا قارىماي، ئۇدۇل چوڭ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. خۇدايار ئوغلى بىلەن كۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاتاقۇلنىڭ كەينىدىن كېلىپ، ئاستاغىنە ئاغزىنى بۇزدى:

— ھە، ھەزىلەكتەك سولىشىپ چىقىپسەنغۇ!؟

— ھەزىلەك دېگەننى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىلىدۇ، — دېدى ئاتاقۇل نەسىردىنگە قاراپ، خۇدايار ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى.

شۇ كۈنى ئاتاقۇل ھېچ يەردە ھايال بولماي، تاشكەنتتىن مېڭىپ كەتتى، رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ قاراۋۇللۇق پۈتكۈتىرغا كەلدى. قاراۋۇللار فان كەيفمان ئۆزى قول قويۇپ تەستىقلىغان ھۆججەتنى كۆرۈپ، ئۇنى ھۆرمەت بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى.

ئۇ قوقان لەشكەرلىرى قوغداۋاتقان يەرگە كەلدى. قاراۋۇل- بېشى ئىسھاقنىڭ مۆھرى بېسىلغان قەغەزنى كۆرۈپ، تەزىم بىلەن قارشى ئالدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىدى، يۈرىكىگە قىلمۇ سىغمايتتى. ئۇ يولدا ئۇچراشقانلارغا سالام بەرمەي، سالام بەرگەنلەرگە قاراپمۇ قويماي، ئېزىلىپ كېتىۋاتاتتى.

«گوبېرناتور مەندىن نېمە تەلەپ قىلماقتا؟! مېنى كۆڭلى پاك ئادەم قاتارىدا، بەگلەر قاتارىدا كۆرسە، جەڭ مەيدانىدا باتۇر- لارچە جان بەر دېسە، باشقا گەپ ئىدى! لېكىن ئۇ مېنى ئادەم ئۆلتۈر، دەۋاتىدۇ. يوشۇرۇن ئات، دەۋاتىدۇ. مېنىڭ قىممە- تىم، باھايىم شۇمۇ؟!...» ئاتاقۇل ئىككى تەرەپتىن قىينىلات- تى. ئىشەنچ ۋە قاتىللىق. قايسى تەرەپكە ئېگىلسۇن؟! مانا، ئىسھاقنى يالغۇز قالدى، دېيلۇق: ئىككىسىنىڭ ئارىسى يېقىن. ئاتاقۇل تاپانچىنى ئالدى، ئەمما قولى تىترەپ ئاتالمىدى. شۇ ۋاقىتتا، ئىسھال يالت قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى ... «ياق، ياق، مۇنداق قىلسام، مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاشقا بالاممۇ ئۇيىلىدۇ. بەرىبىر قولغا چۈشىمەن...»

«نېمىدەپ بارىمەن، گېنېرال گوبېرناتورنى كۆندۈرمەكچى- دىم. ئىسھاق نېمە دەيدۇ؟ ئىشەنچ ۋە قاتىللىق. ئىككىسىنىڭ قايسى دۇرۇس؟! مېنىڭ باھايىم شۇنچىلىك ئەرزانمۇ؟ ساتقۇن- نىڭ بالىسى. گوبېرناتوردىن قانداق قۇتۇلىمەن؟ بىر باشقا بىر ئۆلۈم...»

يەرلەر ساپسېرىق، دەرەخلەر يالىڭاچ ئىدى. تاغلار سالقىن. ئىزغىرىن شامال سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. ئاتاقۇلنىڭ ئارقىسىدىن

كېلىۋاتقان يىگىت باتۇربېشىنىڭ كۆڭلىدىكى پەرىشانلىقنى بىلـ-
مەي ئاۋارە ئىدى.

«قاراس!» يىگىتلەر چۆچۈپ كەتتى. ئاتاقۇل باتۇربېشى ئېتىدىن يىقىلدى. نېمە بولدى؟ ئوق قەيەردىن چىقتى؟ ئىككى تەرەپكە قاراشتى، قوراللىرىنى ئوڭلاشتى. تىنچلىق. يىگىتلەر چېپىپ كەتتى. بىرى تىزگىنىنى تارتىپ، ئاتنى تۇتتى، قالغانلىرى باتۇربېشىنى يۆلەشتى. ئوق چېكىسىگە تەگكەنىدى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئاتارلىق رۇس تاپانچىسىنىڭ ئاغزىدىن ئىس چىقىپ تۇراتتى.

× ×

ئىسھاق خىيال سۈرۈپ پەي ياستۇقتا يانپاشلىدى. گۆشى ئۇستىخىنىغا چاپلاشقان ئۆچكە ساقاللىق، ئاق سەللە ئورىغان بىر بوۋاي خىجىل بولۇپ ئولتۇراتتى.

— بۇ نېمە گەپ؟! بىر كاپىرنى ئۆلتۈردۈڭ، دەپ ئەڭ يېقىن دوستۇڭنى شۇنداق مالامەتلەرگە قويامسەن؟!

ئىسھاق ئاستا قوزغالدى.

— بىز بۇ تەرەپتە گېنېرال گوبېرناتور بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ھەرىكەت قىلىپ تۇرغاندا، ئۇ ئىشنى رەسۋا قىلدى. ئەخمەق بولمىسا، شۇنداق قىلامتى؟

بوۋاينىڭ ئاڭلىغۇسى كەلمەي ئۆز گېپىنى قىلدى:

— نېمە بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ باشقىلارغىمۇ ياقمىدى. غەيرىي دىندىكىلەرنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن ئۇرۇنغانىكەن، ئۇنىڭغا باركاللا ئېيتىش كېرەك. ئەكسىچە، بەگنى يامان قىلدىڭ، دېيىش گۇناھ! دوست ئاغرىتىپ ئېيتىدۇ، دۈشمەن كۈلـ-
دۈرۈپ. مەن سېنىڭ دوستۇڭلا ئەمەس، ئاتاڭمەن...

— خۇدا نەچچە؟ — دەپ سورىدى ئىسھاق توساتتىن.

بوۋاي: «ھەي، بۇ ئەقىلدىن ئازغانمۇ نېمە؟ ئەستاغپۇرۇللا! خۇدا ئىككى دېگەن مۇسۇلمان ئەمەس، ئەگەر ئۇنى مۇسۇلمان دېسە شۇ زامان دىندىن چىقىدۇ. بۇ نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىدۇ؟» دەپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ئىسھاق:

— خۇدا بىر، ئەيسا كىم؟ پەيغەمبەر، مۇھەممەد كىم؟ پەيغەمبەر. رۇس ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتى، بىز مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئۇممىتىمىز. توغرا ئېيتتىممۇ؟

بوۋاي، يەنە دىندىن چىقىپ كەتمەي، دېگەن ئويغا كېلىپ ئۈندىمىدى. ئىسھاق سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بىر خۇدانىڭ، ئىككى پەيغەمبەرنىڭ يولىنى بىر - بىرىگە قارشى قويۇش، بىر - بىرىدىن يۈز ئۆرۈش، قان تۆكتۈرۈش توغرا ئەمەس. كىمكى شۇنداق قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ ئېنىق كاپىر! ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ يولىنى تۇتامدۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يولىنى تۇتامدۇ، نىيىتى خالىس، يۈرىكى پاك بولسا، ھېساب.

بوۋاي قورقۇپ كەتتى.

— توۋا قىل! توۋا قىل! ... — بوۋاي تەتۈر قاراپ ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى. ئىسھاق ئاقساقالنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ رەھمى كەلدى.

— دادا، — دېدى مۇلايىملىق بىلەن، — بۇنىڭدىن كېيىن ئولتۇرىغا چۈشۈپ، مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشماڭ. ئالدىمغا كەلمەڭ. ھېلىقى گەپ شۇ يەردە قالسۇن.

بوۋاي ھېچ نەرسە دېمەي پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى.

ئىسھاقنىڭ غەزىپى قايناپ، ئۆزىنى زورمۇزور باستى.

ئەنە شۇ بوۋاي ئىسھاقنىڭ ئۆز ئاتىسى موللا ھەسەن ئىدى. ئوغلى ئوردىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بەگلەر بوۋاينى ئەكېلىشكەنىدى. ئۇزاق يىللىق ئايرىلىشتىن كېيىن ئۇچرىشىش

ئىسھاقنى خۇشاللاندۇردى. بىراق ئاقساقال ئوغلىنىڭ خانلىقىغا ئىشىنىپمۇ، ئىشقىلىپ، ئۇدۇل كەلگەن ئىشقا ئارىلىشىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ ھال قارا نىيەتلىك ئادەملەر ئۈچۈن خوپ كېلىپ، ئاقساقالنى ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئىشقا سېلىشاتتى. بايىقى ئىش ئىسھاقنى ھەقىقەتەنمۇ خاپا قىلىپ قويدى. «قانداق قىلاي! بۇ خۇدا ئۇرغان ئۆز ئاتام...» دەپ خورسىندى ئۇ.

## 4

— يەنە بىر قەلەندەر رۇخسەت سوراۋاتىدۇ.
— قانداق قەلەندەر؟
— بىلمىدىم، بىر بوۋاي.
— مەيلى كىرسۇن، كىم ئىكەن...
مۆمىن قەلەندەرنى ئەكىردى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشى يېلىڭ، رەڭگى سولغۇن، بىراق قاراشلىرى دادىل ئىدى. ئىسھاق ئورنىدىن تۇردى:
— ھە - ھە، ھەزرىتى ھاپىزغۇ؟ — دەپ قۇچاق ئاچتى ئۇ، — بارمۇسىز؟ قەيەرلەردىن سورايمىز؟
قۇچاقلىشىپ ھال - ئەھۋال سوراشتى. ئىسھاق قەلەندەرنىڭ قولىنى تاۋاپ قىلدى.
— كېلىڭ، يۇقىرى ئۆتۈڭ، ھەزرىتىم، — ئۇ ھەيران بولۇپ تۇرغان ئابدۇمۆمىنگە ئىشارەت قىلدى، — ئابدۇمۆمىن ئاكا، ئوردىمىزغا نۇسرەت ياغدى، چاقىرىڭ، ھەممەيلەن كېلىپ ھەزرەتكە قول بەرسۇن!...
ئابدۇمۆمىن بۇيرۇقنى بېجىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.
— ھە، ئوغلۇم، ئوردىغا باش بولغىنىڭنى ئاڭلاپ، تاجۇ تەختىڭنى، بېشىڭغا قونغان بەختىڭنى مۇبارەكلىگىلى ئەتەي كەلدىم، — دەپ قەلەندەر قەيەرگە ئولتۇرۇشنى بىلمەي تۇرۇۋىدى،

ئىسھاق قولتۇقىدىن ئېلىپ تۆرگە ئولتۇرغۇزدى.

... بۇ كىشى بىلەن ئىسھاق بۇنىڭدىن كۆپ يىل ئىلگىرى ئۇچراشقانىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ تېنەپ يۈرۈپ، بىر كارۋانغا يولۇقۇپ قالدى.

— قاياققا بارىمەن دېدىڭ، يىگىت؟ — سورىدى كارۋان بېشى.

— تاشكەنتكە، تەقسىر.

— سالتاڭ تۆگە بار. مىنىۋال، مۇسۇلمان پەرەنتى ئىكەنسەن. ھە، راست، بۇنىڭ كىرا ھەققى قانداق بولىدۇ، ياخشى يىگىت.

— مەنزىلگە يەتكۈچە خىزمىتىڭىزنى قىلىمەن! — دېدى ئىسھاق.

— ھە، مەيلى، مەرغىلانغا بارغاندىن كېيىن، بۇ يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ، باشقىسىنى يۈكلەيمىز. كېيىن ئەنجاندا، ئۇنىڭدىن كېيىن نەمەنگاندا قونۇپ، تاشكەنتكە يول ئالىمىز. يۈكلەرنى چۈشۈرۈش، ئارتىشتا قارىشىسەن. بوپتۇ، بىللە ماڭ...

ئىسھاق قەلەندەر بىلەن ھال - ئەھۋال سورىشىپ ئولتۇرۇپ، كۆز ئالدىدىن شۇ ئۇزۇن سەپەرنى بىرمۇبىر ئۆتكۈزدى:

... كارۋان كەچتە ئۇچقان تۇرنىلاردەك سەپ تارتىپ سىر دەرياسىنى بويلاپ، شىمالغا كېتىۋاتاتتى. كارۋان بېشى ئالدىدىكى كۆك قېچىرنىڭ ئۇزۇن قۇلاقلىرىدىن كۆز ئۈزمەي، ئۇزەڭگىنى نىقتايتتى.

— ھەتتىڭگىنەي... خوتۇنۇم قالدى قەشقەردە ... — دېدى ئۇ ئاسمانغا قاراپ.

— ئۇنىڭ ناخشىسى بۇ، — دەپ كۈلۈپ قويدى كەينىدە كېلىۋاتقان مالاي ئىسھاققا قاراپ.

تىللاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان كارۋان بېشىدىن باشقىچە ناخشا كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ھەر دائىم ئاشۇ بىر

مىسرا قوشاقنى تېپىپ، ئـۇزاق قـەشقەردە قـالغان خوتۇننى ناگان ـ ناگاندا ئەسلەپ قوياتتى.

— قېنى، تېزرەك، — دېدى ئۇ كۆك قېچىرنى توختىتىپ ۋە ئارقىدا قالغانلارنى چاقىردى، — تېز! چېچىلماي، تېز ـ تېز مېڭىڭلار!

مالايلار «چۇھ ـ چۇھ» لاپ ئۇلاغلارنى تېزلەتتى. ئۇلار بىرمۇنچە ئايلانمىلاردىن ئۆتۈپ، سايغا كىردى. كارۋان بېشىنىڭ ئالدىرىتىشى ھەقلىق ئىدى. چۈنكى بۇ يەر قاراقچىلارنىڭ ماكانى بولۇپ، ناملىرىمۇ «ئەگرىسۇ»، «ئوغرىساي» ئىدى.

كارۋان «ئوغرىساي» دىن چىقىۋاتقاندا، يان تەرەپتىن شاۋ- قۇن كۆتۈرۈلدى. ئىسھاقنىڭ قۇلىقىغا ئاتنىڭ دۈپۈرلىشى ئاڭلاندى. كېيىن نېمىدۇر ئىڭرىغاندەك، غىڭشىغاندەك بولدى. كار- ۋان توختىدى. ئىككى سايە ئېلىشىۋاتقانغا ئوخشىشاتتى، بىرى «ئىڭراپ» يىقىلدى. يېنىدىكى سايە غادىيىپ تۇراتتى. «بۆرە ئىكەن» دېدى ئىسھاق. بۆرە سەل كەينىدە تىلىنى ساڭگىلىتىپ تۇراتتى، كۆزى يالپېشىل ياناتتى. ئىسھاق تۆگىنى چۆكتۈردى، ئارقاننى قەلەندەرگە تۇتقۇزۇپ، تىلسىز دۈشمەننى قورقۇتماقچى بولدى. بۆرە غەم يېمەي خىرىلداپ قويىدى. يەردە ياتقان شەپە «ۋاي» دەپ ئىڭرىدى. ئىسھاق ۋارقىرىدى:

— ھە، ئادەم ئىكەن!

ئىسھاق ئېڭىشىپ قارىدى، زەخىم يېگەن كىشىنىڭ ئۇچىيى چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۆزى ھەدەپ ئىڭرايتتى.

— ھەي، كىمسەن؟ — دېدى ئىسھاق.

ئۇ قورسىقىنى چاڭگاللاپ:

— ھە ـ ھە، تىرىكچىلىك ـ تىرىكچىلىك، — دېدى ئىڭراپ، — ئورمىچىلىق قىلىپ ئىشتىن يېنىپ.

ئىسھاق بىلەن مالاي ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈشتى. بۆرە دا- ۋاملىق تۇمشۇقىنى يالاپ تۇراتتى.

— پېشانە تەرىم بىلەن ئۇن چارەك بوغداي تۆپلىۋېدىم، ئورا كولاپ خامان بېشىغا...
قەلەندەرنىڭ رەھمى كېلىپ:
— ۋاي! ... بىچارە ... — دېدى.
— بۇ بالا ـ قازا ساڭا قاياقتىن يولۇقتى؟ — دېدى ئىسھاق.
— خېلىدىن بېرى... ئەگىشىپ يۈردى... قولۇمدا كالتەك بىلەن ئورغاق بار ئىدى. كالتەكنى مولجاللاپ ئاتسام تەگمەدى... ۋاي ـ يىەي، ۋا ـ يىەي ... كېيىن ئۇ كالتەكنى چىشلەپ يىراققا ئېتىۋەتتى. يەنە ئىزىمغا چۈشتى. ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلماقچى بولدۇم، ئورغىقىم قولۇمدىن چىقىپ كەتتى. ۋاي... ۋاييەي... كېيىن، كېيىن شۇ ئەھۋال...
— سەۋر قىل، ئۆزۈڭنى تۇت، ئەكېتىمىز، — دېدى ئىسھاق.
شۇ چاغدا كاراۋان بېشى ۋارقىراپ قالدى:
— ھە... ي! نېمە بولدى؟ تېزرەك، تېزرەك...
— قېنى، ئەمدى ماڭايلى، — دېدى مالاي.
يىرتقۇچنىڭ كۆزلىرى ياناتتى، ھەدەپ تۇمشۇقىنى يالاپ ئولتۇراتتى.
— تۆگىنى چۆكتۈر، — دېدى ئىسھاق مالايغا.
— ياق، مەن بەرىبىر ئۆلىمەن، — دېدى ھېلىقى كىشى.
كارۋان بېشى يەنە ۋارقىرىدى:
— بولدى، كېتىۋېرىڭلار. يولدا بىر ئۆي بار، كىرىپ بەش يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ ئۆتسەڭلار بولىدۇ!
— ھەي، بىز سېنى تاشلاپ كېتەلمەيمىز!
— خەير، مەن بەرىبىر ئۆلىمەن، — دېدى ئەجەل سىرتمىقى بوينىدىن قىسىۋاتقان ئادەم، — كېتىۋېرىڭلار. ئەگەر مالال كەلمىسە، بېشىمنى چاپىنىم بىلەن ئوراپ قويۇڭلار، يىرتقۇچنىڭ چىشى يۈزۈمگە تەگمىسۇن. ۋاي...ي...

ئىسھاق، قەلەندەر ۋە مالاي ئۇچى جان بېرىۋاتقان ئادەمنىڭ ئاخىرقى ئىلتىماسىنى بېجىرىش ئۈچۈن، يەردە يىرتىلىپ ياتقان چاپان بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى مەھكەم ئوراشتى. ئۇلار ئۇلاغقا مىنىشلىرى بىلەن بۆرە خىرىلداپ دېھقانغا تاشلاندى. ئۇنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى. ۋاي دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ـ دە، جىم بولۇپ قالدى. بۆرە چىشلەپ، تارتىپ، ئۈزۈپ يېيىشكە باشلىدى.

مال ئاچچىقى، جان ئاچچىقى. ماللارنى مەنزىلگە ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزۈۋېلىشتىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدىغان كارۋان بېشى ئالدىراپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىسھاق كېلىشى بىلەن ۋالاقلاپ، ئۇنى تىللاپ كەتتى:

— ھە، ئانىسى تالاق! نېمىشقا توختىدىڭ؟ داداڭنىڭ قېرىندىشىمۇ؟ ئانىسى تالاق!

— مۇسۇلمان پەرزەنتى ئىكەن، — دېدى ئىسھاق، — قاشقىر قورسىقىنى يېرىۋېتىپتۇ.

— ئۇنىڭ ماڭا نېمە ئالاقىسى بار؟ ئۇتچىلىك رەھىمدىل بولمىساڭمۇ بولىدۇ، ئەگەر مېنى قاراقچىلار تالاپ كەتسە قانداق قىلىسەن؟ — ئىسھاقنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋالغان قەلەندەرنى كۆرگەن كارۋان بېشىنىڭ تېخىمۇ غەزىپى ئۆرلەپ كەتتى، — ئاۋۇ ئارقاڭدىكى لومپىغا نېمە بار؟ گەپ قىلمىسام، بېشىمغا چىقىۋالىدىغان ئوخشايسەن؟!

— خوجايىن، قېرى كىشى ئىكەن...

— چۈش، ئىككىلەڭ چۈشۈش! بېشىمغا بالا بولدۇڭ! — دېدى كارۋان بېشى. قەلەندەر بىلەن ئىسھاق تۆگىدىن چۈشتى. كارۋان بېشىنىڭ قوپاللىقى ئىسھاقنىڭ غورۇرىغا تەگدى.

— ھەي، توختىغىنا، — دېدى ئۇ قېچىرنىڭ تىزگىنىگە يېپىشىپ، — مەن خىزمىتىڭنى قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ۋەدەڭ تاشكەنتكىچە ئەمەسمىدى؟!

كۆك قېچىر تىزگىنىنى تۇتقۇزمىدى، كارۋان بېشى قايچى-
سىنى پۇلاڭلىتىپ:
— خىزمەت ئىمىش؟ ئېھ، ئېسى يوق لالما، قاشقىرغا يەم
قىلىپ تاشلاپ كەتمىگىنىم ئۈچۈن خۇشال بول!
ئىسھاق پۇچۇلۇنۇپ كەتتى:
— كەل، ئۆلتۈرۈۋېتىپ كەت! — دەپ ئارقىسىدىن يۈگۈر-
دى. كۆك قېچىرمۇ يورغىلىغان پېتى تۆگىلەردىن ئۆتۈپ كەتتى.
— قوي، خاپا بولما، — دېدى قەلەندەر ئىسھاققا تەسەللى
بېرىپ، — مال - دۇنيانىڭ ئارقىدىن چاپقان سودىگەر ئىكەن.
خۇداغا قوي، خۇدا خالىس...
— سىزنى دەپ ... — ئىسھاق كېكەچلەپ قالدى، —
ئىلاجىمىز قانچە، بولدى، خۇداغا قويدۇم، قولۇمدىن كەلسە
بابلاپ، ھېساب ئالاتتىم!
— بۇ قارىغۇ بەندىنى كەچۈر، ئوغلۇم، — دېدى قەلەن-
دەر، — زادىلا يامان نىيەت ئويلىما، ھالال ۋە پاك دىللىققا نېمە
يېتىدۇ؟ كىمكى كەچۈرسە، دىلى روشەن بولىدۇ. بىرىگە ياردەم
بېرىش ئۇرنىغا پەقەت ئۆزىنى، ئۆز نەپسىنى كۆزلىگەنلەر ھەققى-
دە دانالار تۆۋەندىكى بېيىتنى توقۇشقان:

ئاھ، قارىغۇ بەندە، كور بەندە،
خىيالغا پاتتىم كۆرگەندە.
سەغىر بالا يەر تاپار،
تۆل خوتۇنمۇ ئەر تاپار.
چىۋىندەك جان چىرقىراپ،
ئاخىر نەدىن جاي تاپار؟!
ئېتىمكى يوق، يېگى يوق،
ئەنىلىك كۆڭلەك كىيەرسەن.

ئىشكى يوق، تۆرى يوق،
خالىي ئۆيگە كىرەرسەن...
ئاھ، قارىغۇ بەندە، كور بەندە،
نېمە قىلارسەن بۇ يەردە؟!

ئىككى يولۇچى يولنى داۋام قىلدى. قەلەندەر بوۋاي توختىماي سۆزلەيتتى:

— بۇ خۇدانىڭ بۇيرۇقى، مانا بۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا قۇرەمە ئۇرۇقى ياشايدۇ. بىرىپ تۇزىنى تېتىپ كېتەرمىز.

ئىسھاق رازى بولدى. ئالدىراپ نەگە باراتتىم؟ تاشكەنتتە سېغىنىپ كۈتۈۋاتقان بىرەر ئادىمىم بولمىسا، دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇلار قاراڭغۇدا بىر - بىرىنى يېتەكلەپ، ئۇرۇپ - سوقۇلۇپ كۆپ يول يۈرۈشتى. ئىسھاق چارچىدى. بوۋاي ئۇنىڭغا مەدەت بەردى:

— شۇنداق، ئوغلۇم، باشقا كەلگەندە ئادەم چۈشىنىدۇ. ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ بىلىپ ئىش قىل. تۇيۇقسىز كەلگەن ئادەمگە ئانچە خۇشال بولما. ناگاھان يامانلىققا دۇچ كېلىپ قالساڭ، گاڭگىرىما. بۇ دۇنيا شۇنداق. بەزىدە تۆگە مىنىسەن، بەزىدە ياياق يۈرىسەن...

ئەتىسى ئۇلار بىر قىشلاقتىن ئۆتۈشتى، ئىتلار تىنماي ھاۋشىيتتى. چەتتىكى بىر ئۆيدىن قىزىل كۆڭلەك كىيگەن ئايال چىقىپ «ھە، دىۋانىلەر ئىكەن» دەپ ئۆزىچە گەپ قىلىپ، بىر ئاز تاماشا كۆرگەن بولدى ۋە «كەت، كەت» دەپ ئىتلارنى ھەيدىۋەتتى. ئىشككە يېقىنلاشقاندا، قەلەندەر ئۆز ئادىتى بويىچە، يېقىملىق ئاۋازدا مۇناجات ئوقۇدى:

بۇ دۇنيادا نېمە بولماس؟
پىرى بولماس ئەل بولماس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

خۇيى ياخشى كەم بولماس،
قەلەمپۇر ئەسلا تۈز بولماس.
خوتۇن غىڭشىپ قىز بولماس،
يار غۇلىسا سۇ بولماس.
غېرىب ئۆلسە مۇبادا،
ئۇنچىۋالا غەم بولماس...
دۆلەت كەتسە قولۇڭدىن،
كەلمىكى قىيىن قايتىپ.
ئۆتەر - كېتەر ئۆمرۈڭ ھەم،
سامانغا ئوخشاش سارغىيىپ.
تالنىڭ شېخى سۇنسا گەر،
چىنار بولماس ئۇ قايتىپ.
ئۆتكەن ئۆمۈر — ئۇچقان قۇش،
قالىسەن ئەتتەڭ ئېيتىپ!

ياش ئايال قوشاقتىن تەسىرلەنگەنلىكىدىن كۆزىدە ياش پار-قىرىدى. ئۇ تېزلا ئۆيگە كىرىپ نان ئاچىقتى. ئىسھاق ناننى خالتىغا سالدى.

— خۇدا بەختىڭنى بەرسۇن، قىزىم، — دېدى قەلەندەر دۇئا قىلىپ.

سەل نېرىراقتىكى چوڭ قورغان ئىشىكىدە سۆلەتلىك بىر كىشى ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تۇراتتى.

— ھە، ھەزرىتىم... كېلىڭ... كېلىڭ، — دېدى ئۇ قەلەن-دەرگە.

ئىسھاق خۇرسەن بولدى. ئۆي ئىگىسى مېھمانلارنىڭ ھۆر-مىتىنى جايىدا قىلدى. بۇلار كونا تونۇش ئوخشايدۇ، ياخشى دەم ئېلىپ قورساقنىمۇ تويغۇزۇۋالدىغان بولدۇق، دەپ كۆڭلىدىن كەچۈردى ئىسھاق.

— سەن كىم ئىدىڭ، قەدىردانىم؟ — دەپ سورىدى قەلەندەر ئۆي ئىگىسىدىن.

— مېنىڭ ئىسمىم قولياراق، ھەزرىتىم. سىزنى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن نەمەنگان بازىرىدا كۆرگەنىدىم. مېنى تونۇمايسىز. شۇ چاغدا ئالتۇنغا بەرگۇسىز سۆزىڭىزنى ئاڭلىغانىدىم. مانا، بىز تەرەپكە كېلىپ قاپسىز، ئۆيىمىزنىڭ تۆرى سىزنىڭكى.

— ئىلتىپاتىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، — دېدى قەلەندەر.

ئىشىكتىن ئىككى ئۆسمۈر كىرىپ كەلدى ـ دە، سالام بېرىپ، پەگاھدا تۇرۇپ قالدى.

— قېنى، ئاتاڭ بىلەن كۆرۈشۈڭلارچۇ.

— ھە، ياخشى. بەرىكە تېپىڭلار، ئۆمرۈڭلار ئۇزۇن بولسۇن! — دېدى قەلەندەر.

— ماۋۇنىڭغا پاتىھە بېرىڭ، ئاتا، — دېدى بىر بالا قولىدىكى پاقلاننى ئىشارە قىلىپ.

پاقلاننى سويۇشقا رۇخسەت بېرىلدى، ئۆي ئىگىسى ئوغلىدىن خۇشال بولۇپ:

— تېزرەك بولۇڭلار، مېھمانلار كۈتۈپ قالمىسۇن، — دېدى.

شۇ كۈنى تاڭ ئاتقۇچە مېھماندوست ئۆيدىن چىراغ ئۆچمىدى. يېقىن ئارىدىكى ياش ـ قېرىلار، قىز ـ جۇۋانلار توپلاندى. قەلەندەر چارچىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ سەرگۈزەشتىلەرنى ھېكايە قىلدى. ئورنى كەلگەندە، تۆۋەندىكى مىسرالارنى ئوقۇدى:

كەڭ كۆڭلىمىزدە چاقماقلارنىڭ ئوتى بار،
كۆز يېشىمىزدا شورلۇق كۆلنىڭ سۇيى بار.
چېپىپ يۈرمەك تىمسال ئىرۇر شامالغا،
يۈرەكلەردە قىزىل يولبارس شۇدى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سورىشىدۇ ئىنسان ئۆزى نېمە، دەپ،
يارالغانمىز نامى ئۇلۇغ «ئادەم» دەپ.
ئاز ئىرۇر ئىچەر سۈيى، كۆرەر كۈنى،
تىرىكچىلىك دەيدۇلەر ئاخىر بۇنى...

— ئوھوي، ئادەم دېگىنى شۇ - دە! — دەپ ئولتۇرغانلار قەلەندەرگە بارىكاللا ئېيتىشتى.

بوۋاي سۆھبەتكە تېخىمۇ پەيز قوشۇپ، «يۇسۇپ-زىلەيخا»، «لەيلى - مەجنۇن» داستانلىرىنىمۇ ئوقۇدى. تەگدىشى يوق ئەر ماناس ھەققىدە ھېكايە ئېيتتى. قولۇم - قوشنىلار تاڭ ئاتقاندا تارقالدى. مېھمانلار بىرئاز كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ئاندىن يول تەييارلىقىغا چۈشتى.

— رەھمەت، سىلەر كېلىپ ئۆيۈمگە بەخت، بەرىكە ياغقاندەك بولدى، — دەپ ئۆي ئىگىسى ئىككىسىگە بىردىن تون كىيدۈردى.

— ھەي، قەدىردانىم، بىزگە تونۇڭ ئەمەس، خالىس نىيەتىڭ كېرەك! — دېدى قەلەندەر.

ئۇلار ئۆي ئىگىسى بىلەن خوشلىشىپ، تاشقىرىغا چىقتى. ئىشىكتە ئىككى ئۆسمۈر ئىككى ئاتنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئەمدى، ھەزرىتىم، — دېدى ئۆي ئىگىسى، — ئاز بولسىمۇ كۆپ ئورنىدا كۆرۈپ، مىنىپ كېتىڭلار.

ئىككىلا ئات مىنىشكە تەخ قىلىنغان، قامچىسى ئېگەرنىڭ تۇمشۇقىغا ئىلىنغانىدى. ئىسھاق: «ئاھ، ئازابتىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم» دەپ خۇشال بولدى. قەلەندەر ئۆي ئىگىسى بىلەن ئىككى ئۆسمۈرگە ئۇزۇندىن - ئۇزاق دۇئا قىلدى.

ئۇلار يولغا چۈشتى. قوشنا قىشلاقتا بۇرۇلىدىغان يەردىكى ئۆيدىن بىر خوتۇن يۈگۈرۈپ چىقتى. بوۋاي ئۇنىڭدىن ھال -

ئەھۋال سورىدى. خوتۇن ھەممە گەپنى ئېيتتى:

— ھە، ئايلىناي، بۇ بىر بىچارە كەمبەغەلنىڭ ئائىلىسى. چۈجىدەك باللىرى بار. ئېرى بۇغداي ئورۇغىلى كېتىپتۇ، ئىككى كۈندىن بېرى دېرىكى يوق... خوتۇنى تولغاق تۇتۇپ قىيىنىلىۋاتىدۇ...

ئىسھاقنىڭ يۈرىكى جىغ قىلدى. كۆز ئالدىغا كۆك يالىلىق بۆرە ۋە ئۇنىڭ بىلەن جان قايغۇسىدا ئېلىشىۋاتقان دېھقان كەلدى.

— مانا، — دېدى قەلەندەر، — مېنىڭ ھاسامنى تۇتقۇزۇپ، قولتۇقىدىن يۆلەپ، بىر ئاز ماڭدۇرۇڭ، بىچارىگە ياردەم بېرىڭ.

خوتۇن قەلەندەرنىڭ ھاسىسىنى ئېلىپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي «ئىڭە!» «ئىڭە!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. قەلەندەر پىچىرلاپ: «ئاللاھۇئەكبەر ئاللاھۇئەكبەر». دەپ دۇئا قىلدى. خېلىدىن كېيىن ھېلىقى خوتۇن يۈگۈرۈپ چىقتى:

— سۆيۈنچە، قىز...

— ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، — دېدى قەلەندەر ۋە يانچۇقىدىن بىر كۈمۈش تەڭگە چىقىرىپ ئۇزاتتى.

ئۇلار ئۆيگە كىردى.

— قېنى، ئەمدى بوۋاقنا ئات قويۇپ بېرىڭلار، — دېدى تۇغۇت ئانىسى، — ياكى كۈيىنىڭ ئىچىدە سالامەت يۈرسۇن دەپ، ئاداش قويايلىمۇ؟

قەلەندەر ئۈنىمىدى.

— بالىغا ياخشى نىيەت بىلەن ئىسىم قويۇش كېرەك. خىيالىغا كەلگەن نەرسىنى، كۆزگە كۆرۈنگەن بۇيۇمنى ئىسىم قىلىپ ئېيتىش ياخشى ئەمەس. مېنىڭچە، قىزىم، يېڭى مېھمانىنىڭ ئىسمى بەختىبۇۋى بولسۇن.

— ئاغزىڭىزغا ياغ، دادا، دېگىنىڭىز كەلسۇن، — دېدى تۇغۇتلۇق ئايال.

قەلەندەر بوۋاقنىڭ يۈزىنى سەل ئېچىپ، مېھرى بىلەن:

— بەختىبۇۋى، ھە، بەختىبۇۋى، بەختىبۇۋى، — دەپ رەسىم - قائىدە بويىچە ئۈچ قېتىم قۇلىقىغا ئەزان توۋلىدى.

ئۆيدە ئۇلاردىن باشقا بەش بالا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇراتتى. چوڭى ئون ئىككى ياشلارغا بېرىپ قالغان ئوغۇل ئىدى. قالغانلىرى بىر - بىرىدىن تاتلىق، مونچاقتا ئوخشاش قىزچاقلار ئىدى. ئىسھاق كۆزىنى ئوغۇل بالىدىن ئۈزمەي:

— ئىسمىڭ نېمە، يىگىت؟ — دەپ سورىدى.

— بايتوغان ... — دېدى بالا بۇرنىنى تارتىپ.

ئىسھاق بېشىنى لىڭشىتتى، خىيالىغا: «يولدا يېتىملەر ئۇچرىسا، بېشىنى سىلاپ قويۇڭلار» دېگەن سۆز كەلدى. تۇغۇت ئانىسى داستىخان سالدى. مېھمانلار ئېغىز تەگدى. پاتىھە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قەلەندەر ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ، قولىغا قامچە تۇتقۇزدى:

— ئال، ئەزىمەت يىگىت. ئىشىكتىكى ئات ئەمدى سېنىڭ بولدى، بۇ بەختىبۇۋىنىڭ سۆيۈنچىسى، مىنىپ يۈر.

— بوۋىسى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى تۇغۇتلۇق ئايال. بالىنىڭ قولىدىن قامچا چۈشۈپ كەتتى. بوۋاي خاپا بولدى.

— چاقچاق ئەمەس، ئېلىڭەر. بالىنى ئىزا تارتقۇزماڭلار. مەندىن سوۋغا، ئەسلەپ يۈرەر، نائۈمىد شەيتان.

خوتۇنلار: «خىزىر دېگەن شۇ ئەمەسمىكىن» دەپ ھەيران بولۇپ قېلىشتى. قەلەندەر يولغا ماڭدى. ئىسھاق ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇرغان بالىنى چاقىردى:

— ھەي، بايتوغان...

بالا چۆچۈپ كەلدى.

— مانا بۇ ئاتنىمۇ ئال، داداڭ ئامان - ئېسەن كەلسە، «قىيامەتلىك بىر دوستىڭىز سىزگە تاشلاپ كەتتى» دەپ ئېيتار.

سەن.

ئىسهاق ئاتنىڭ تىزگىنىنى بالىغا تۇتقۇزۇپ، قەلەندەرنىڭ ئارقىسىدىن كەتتى. ئۇ ھەمراھىغا يېتىشكەندە، قەلەندەر مۇنداق دېدى:

— ئېلىشنىڭ بەرمىكى بار، دەپ شۇنىڭغا ئېيتىمشىدۇ.

ئىسهاق قەلەندەرنىڭ خالتىسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن تۇرلۇك ھېكايىلەرنى قىزىقىپ ئاڭلاپ باراتتى. ھەمراھىڭ ياخشى بولسا، يىراق يولمۇ بىلىنمەيدۇ. ئۇ مۇشۇنداق بىر قەلەندەر بىلەن ھەمراھ بولغىنىغا ناھايىتى خۇرسەن ئىدى. ئۇ بوۋايدىن تەسۋىنىڭ ياقۇت دانىلىرىدەك قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولغان رۇبائىيلارنى، قوشاقلارنى، ماقال ۋە تەمسىللەرنى ئاڭلاپ، يول بويى يادلاپ باراتتى. ئىسهاق ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم جاھانغا مەشھۇر شەيخ سەئىدى، خوجا ھاپىز، مىرئەلىشىر، ئەھمەت يەسەۋىگە ئوخشاش شائىرلارنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ دۇردانىلىرىدىن بەھرىمەن بولدى.

ئىككى يولۇچى قەيەرگە كەلمىسۇن، ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى خۇددى كونا قەدىناسلاردەك «ھەزرىتى قەلەندەر ھاپىز» دەپ ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالاتتى. ئىسهاقنىڭ ئۇستىبېشى تۇزۇپ، چورۇقلىرى يىرتىلىپ، كەچ كۇزدە تاشكەنتكە كەلگەندى. گەرچە ئۇ يولدا ئازاب تارتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەقلى توشقان، ئۆزىنى بىلگەن، ھاياتنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىغان، ياخشى ـ يامانىنى كۆرگەن، چۈشەنگەنىدى...

مانا ھازىر ئاشۇ قەلەندەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سەرگەردان بىر ھەمراھىنى يوقلاپ كېلىشى ئىسهاقنىڭ ئەقلىگە سىغمايتتى. بايا دادىسى بىلەن بولغان كۆڭۈلسىز سۆھبەتتىن كېيىن، بۇ قەلەندەر بوۋاينىڭ تۇيۇقسىز قەدەم تەشرىپ قىلىشى خۇددى پەرىشان كۆڭۈلگە نۇر ياغدۇرغاندەك، تەخت ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

ئوردىنىڭ ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى توپلاندى. داستىخانمۇ ئىسھاقنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئەلۋەك، تۆكمە بولدى. سۆھبەت ئا-دەتتىن تاشقىرى قىزىدى. قەلەندەر بوۋاي ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەرنى، قىزىق - قىزىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى.

— بىر ۋاقىتلاردا، ھىندىستاندا، ۋەتەندىشىمىز، مەشھۇر شائىر مۇھەممەت زاھىرىددىن بابىرنىڭ نەۋرىسى ئەكبەر شاھ ئۆتكەن. ئۇ يەردە تىلى باشقا، دىنى باشقا، مەزھىپى باشقا ناھايىتى كۆپ خەلق ياشىغان، شۇ ۋاقىتتا، سۇلتانغا مەملىكەتنى بىر قېلىپتا باشقۇرۇشقا توغرا كەپتۇ. ئەكبەرشاھ دانىشمەنلىك بىلەن ئىش تۇتۇپ، ھەربىر دىندىن بىردىن ئۆلىما چاقىرىپ، خۇدانىڭ يېگانە ئىكەنلىكى، مۇسا، ئەيسا، مۇھەممەدكە ئوخشاش پەيغەمبەرلەرنىڭ بىر - بىرىگە دۈشمەن ئەمەسلىكىنى ئەتراپلىق سۆزلىگەن. ئۇ تۈرلۈك مىللەتتىن ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، ئاجىزە-لەرنى ئۆز ئەركىگە قويغان، مۇسۇلمان بول، دەپ مەجبۇر قىلمى-غان. ئۇ ئەنە شۇنداق يول بىلەن قەدىمىي ھىندىستاننى بىرلەش-تۈرگەن. خەلقلىرى تىنچ، ئىتتىپاق ياشىغان.

ئولتۇرغانلار ھەيران بولۇپ ياقا تۇتۇشتى.

— يائاللا!...

— ئەجەبمۇ ئەقىللىق ئىكەن!

— ئەقلى بولمىسا، ھىندىستانغا سۇلتان بولامتى؟!

بولۇپمۇ ئىسھاق ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ رۇسلار بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا ئۇرۇنغانلىقىنىڭ بىھۇدە بولمىغانلىقىدىن روھلاندى.

— بۇ شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى! — دېدى كىمدۇر يۇقىرى ئاۋازدا.

ئىسھاق ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى، بۇ ئاتىسى ھەسەن ئىدى. ھەممىسىنىڭ پىكرى بۆلۈندى. بەزىلەر يەر ئاستىدىن خانغا قارىدى. ئىسھاق خىجالەت بولغانلىقىدىن قىزىرىپ «تىلى-

ئىمزنى تارتىڭ» دەپ دادىسىغا دەككە بەرمەكچىمۇ بولدى. لېكىن قەلەندەر ئۇنى بېسىپ قويدى:
— مەيلى، زىيىنى يوق!
موللا ھەسەن تىترەپ، قاقشاپ يەنە گەپ قىلدى:
— شەرىئەتكە خىلاپ سۆزنى ئېيتىۋاتىدۇ، قەدىم زامانلاردا ئۆتكەن غەيرىي دىنلارنىڭ كەچۈرمىشىنى ھېكايە قىلىۋاتىدۇ. ھە، مۇسۇلمانلار، بۇتخانا بىلەن تەۋەررۇك مەسچىت يانمۇيان تۇرسا بولامدۇ؟! مۇسۇلمان پەرزەنتى غەيرىي دىنلىك خوتۇن بىلەن بىر ئورۇندا ياتسا بولامـدۇ؟! بـۇ شەرىئەتكە توغرا كەل- مەيدۇ!
قەلەندەر رەڭگىنى ئۆزگەرتمەي، خاتىرجەم ھالدا بىر مەسە- لىنى ئېيتتى:
— ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر زامانلاردا، ئورا تۈۋىدە ياتقان بىر چارپاقا بىلەن بۆركۈت دوست بوپتۇ. بۆركۈت بىر كۈنى كۆكتە پەرۋاز قىلىپ بولۇپ، ئورا قىرغىقىغا قونۇپتۇ. چارپاقا پـەستە تـۇتۇپ سوراپتۇ: «ھەي، دوستۇم، نەلەردە يۈرۈۋاتىـ- سەن؟» بۆركۈت جاۋاب بېرىپ: «بۇلۇتلار ئېشىپ، كەڭ ئالەم- نى كېزىپ، قۇياشقا يېقىنلاشتىم، ئاينى بىر ئايلىنىپ ئۆتتۇم» دەپتۇ. چارپاقا ئۇنى بىر سىناپ كۆرەيچۇ، دەپ سوئال سوراپتۇ: «قۇياش نەچچە؟ ئايچۇ؟ يۇلتۇزلارچۇ؟» بۆركۈت جاۋاب بېرىپـ- تۇ: «قۇياش بىر، ئايمۇ بىر، يۇلتۇزلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن، سانىيالمىدىم.» شۇ چاغدا، چارپاقا ئۇنى زاڭلىق قىلىپ تازا كۈلۈپتۇ: «يالغانچى، ئالدامچى، ۋا ھاھا...» بۆركۈت بولسا: «ياتقان يېرىڭ ئورا تۈۋى بولغاچقا، ساڭا بىر يۇلتۇزدىن باشقا نېمە كۆرۈنەتتى؟» دەپتۇ - دە، ئۇچۇپ كېتىپتۇ...
داستىخان ئەتراپىدىكىلەر گۇر قىلىپ كۈلۈشتى.
مولـلا ھەسەن ياقىسىنـى تۇتۇپ، بىرنېمىلەرنى غۇدۇڭشىـ- دى - دە، پېشىنى قېقىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

شېرىن سۆھبەت بۇزۇلمىدى. قەلەنەر ئىسھاققا بېغىشلاپ قەسىدە ئوقۇدى:

قۇلاق سالغىن، يۇرت ئىگىسى ھۆكۈمدار،
بىۋاپادۇر بۇ دەۋران، ئۇشبۇ بەختىڭ.
كۆرگەن كۈنۈڭ تىنىمسىز ئاققان دەريا،
دەريا ئۆزرە كۆپۈكتۇر تاجۇ تەختىڭ!

يېڭى ئوردىنىڭ ئەھلى دانىشمەنلىرى قىمىر قىلماي ئولتۇرۇشاتتى. ئىلگىرى بۇنداق ئىشلارنى كۆرمىگەن بىكنەزەرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. ئىسھاق خىيالغا چۆمۈپ كەتتى.

بىچارىلەرگە رىزقى بەر، مەرد - سېخىي بول،
شەپقەت نۇرىنى كۈندەك سەندىن ئالسۇن.
دۇنيا باقىي، ئەللەر ياشار، ئەر ياشار،
خەلق ئاغزىدا بىر ئۆمۈر نامىڭ قالسۇن!
يۇرت ئىگىسى، يىگىت ئەسلىي شۇنداق بولساڭ،
نامىڭ قالۇر ئەبەدىلئەبەد ئۆلمەسسەن.
كۆك قەرىدىكى يۇلتۇزغا ئوخشاش پارقىراپ،
نۇر چاچارسەن، مەڭگۈلۈككە سولماسسەن!

— بەللى! بەللى! — دەپ جامائەت بارىكاللا ئېيتتى.

ئىسھاق قەلەندەرنىڭ مەنىلىك قەسىدىسىگە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىكىنى تاۋاپ قىلدى.

— ھەزرەت، — دېدى ئۇ سۆھبەت ئاخىرىدا، — سارىيىمىزدا بىرگە كۆز - قۇلاق بولۇپ، پەند - نەسىھەتلىرىڭىزنى بىزدىن ئايىمىسىڭىز، ئىلتىماسىم: ئوردىدا قېلىڭ.

— ھۆكۈمدارنىڭ گېپى بۇيرۇقتۇر. مەيلى قالاي، بىراق،

بېشىڭىزغا يوك، ئىشىڭىزغا شېرىك بولىمەن. باشقا پايدام تەگ-مەيدۇ. مانا، نېمىنى بىلسەم ئېيتتىم، ئىلاجىم يوق…

ئۇ بىر سۆزلۈك ئادەم ئىدى. قەلەندەرنى نە خارەزم شاھ ۋە نە بۇخارا ئەمرى سارايدا ئېلىپ قالالمىغانىدى. بوۋاينىڭ ئىلھام مەنبەسى، خۇشاللىقى، تەشۋىشى ئاددىي خەلق بىلەن بىللە ئىدى. ئىسھاق باشقا گەپ قىلىشقا پېتىنالمىدى. بوۋاي مال ـ دۇنيادىن، ئات ـ ئۇلاغتىن، شاھانە كىيىم ـ كېچەكتىن كۆرە، پېقىرلىكنى، راستچىللىقنى، كەڭ قورساقلىقنى ھەمىشە ئۈس-تۈن قويىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ، ئەتىسى ئەتىگەن-دە خوشلاشتى.

ئىسھاق پەقەت:

— بىزنى ئۇنتۇماڭ. ھەزرىتىم! — دېيەلىدى، خالاس.

× ×

شۇ كۈنى مەرغىلاننىڭ بازار كۈنى ئىدى. قەلەندەر رەستى-لەرنى ئايلىنىپ، ئىسھاقنىڭ ئىسمى ئۇيۇلغان تىللالارنى يانچۇ-قىدىن ئېلىپ، غېرىب ـ غۇرۋالارغا ئۈلەشتۈردى.

بۇ دۇنيادا نېمە غېرىب؟
ئاپئاق دالا، بوز غېرىب.
ئېيتىلمىغان سۆز غېرىب،
ئۆز تەگدىشى بولمىسا،
يىگىت قالغاي تېز قېرىپ،
يەڭگىسى سىرداش بولمىغان
قىز غېرىبدۇر، قىز غېرىب.

— بەللى! ياشاڭ، ئاتا!

www.uyghurkitap.com

قەلەندەر بازاردىن چىقتى ـ دە، دەرۋازا يېنىدا ئولتۇرغان دىۋانىگە ئىسھاق سوۋغا قىلغان دوپپىنى كىيدۈرۈپ، چايخانىغا كىردى ۋە غىزالانغاندىن كېيىن يەنە يولغا چۈشتى.

بۇ دۇنيادا كىم ئارمانلىق؟  
تۆت نەرسە تولۇق بولمىغان.  
نەپسىز ياتقان كۆلدە ئارمان،  
ئاق قۇش كېلىپ قونمىغان.  
شاھ دانىشمەن بولمىسا،  
خەلق ئاۋارە، ئەلدە ئارمان.

قەلەندەر كەچتە، ئۆزۈن سەپەرگە چىققان قەشقەرلىك كارۋان بېشىغا ئاخىرقى تىللانى ھەدىيە قىلدى ـ دە، ئېشىكىگە مىنىپ، ئۆز يولىنى داۋام قىلدى.

## 5

ئۆلكىنىڭ ئىچكى سىياسىتى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولماي قالدى. نېمىشقىدۇر، بىر ياقتىن، خۇدا يار قۇرەمە قەبىلىسىدىن چىققان ئەسكەرلىرى بىلەن تېز ـ تېز ھۇجۇم قىلىپ، يېقىن ئارىدىكى قىشلاقلارغا خەۋپ ـ خەتەر سېلىپ تۇراتتى. بىر ياقتىن، گېنېرال گوبېرناتور نەمەنگان بىلەن خوجەندنى باشقىدىن بېسىۋالدى. ئىسھاق ئالدىراپ قالدى. ئۇ قىشلاقلارغا، شەھەرلەرگە ئەلچىلەر ئەۋەتتى. ئەلچىلەر شەھەرمۇ شەھەر، قىشلاقمۇ قىشلاق يۈرۈپ، خەلق بىلەن سۆزلەشتى، گېنېرال گوبېرناتور بىلەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى ئۇقتۇردى. ئەپسۇسكى، فان كەيفمان ئىسھاقنى خان سۈپىتىدە كۆرمىدى، ئەكسىچە، ئۇنى «سەرگەردان»، «ئوغرى» دەپ كەمسىتىپ، زىددىيەتنى كۆچەيتتۇردى.

فان كەيفمان سابىق خانلارنىڭ ھوقۇقىنى كۆتۈرۈپ، ئىسـ-
ھاققا قارشى رۇس ئەسكەرلىرىدىن پايدىلىنىشنى قارار قىلدى.
ئۇ ياش، قەيسەر گېنېرال مايور م. د. سكابېلېفنى يېتەكچى
قىلىپ فرونت ئاچتى. گېنېرال سكابېلېف دەسلەپ ۋەلى بىلەن
بەلىقچى قىشلىقىنىڭ يېنىدا توقۇنۇشتى ۋە ئۇنىڭ ئون مىڭ
كىشىدىن ئوشۇق قوشۇنىنى تارمار قىلىپ، بەلىقچىنى ئىگىلى-
دى. ۋەلى سەركەردىنىڭ تەسلىم بولۇشى ئىسھاقنى ئەندىشىگە
سالدى.

ئىسھاق مەرغىلانغا قايتتى. ئۆزى ئىشەنگەن كىشىلەرنى بىر
كۇندە توپلاپ كېڭەشتى. غازات ھەققىدە، رۇسلارنىڭ نېمە ئۇ-
چۇن خۇدايار بىلەن نەسىردىننى قوللاپ - قۇۋۋەتلەۋاتقانلىقى،
ئۇلارنىڭ مېھرىبانلىقىنىڭ خاتا ئىكەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ،
ئاخىردا، ئەمدى قانداق قىلىمىز، دەپ ئۆز يېقىنلىرىغا مۇراجى-
ئەت قىلدى.

مەسلىھەتچى موللا موسا، پەرۋانىچى ئۆمەر بەگ دادخاھ،
سۇلايمان، ئابدۇللا بەگ ۋە بېكنەزەر باتۇرلار ھۆكۈمدارغا قانداق
جاۋاب بېرىشلىرىنى بىلمەي قېلىشتى.

— توغرا، — دېدى بېكنەزەر، — سىرىق دەريا تەرەپتىن
كەلگەن دوستلىرىمىز رۇسلارنىڭ شەپقەتلىك ئىكەنلىكى توغرى-
سىدا ئېيتقانىدى. كىم بىلىدۇ، بۇ تاشكەنتتىكى گېنېرال گۇ-
بېرناتور رۇس ئەمەسمىكىن؟ ئاڭلىشىمچە، باغرى قاتتىقراق
مىللەتتىنمىش.

— قىزىق، نېمىشقا ئۇ بىزنى ئۆز ئەركىمىزگە قويمايدۇ؟
نېمە ھەققى بار؟ نېمىشقا ئارىلىشىدۇ؟ — دېدى ئابدۇللا بەگ
غەزىپى قايناپ.

كۆپنى كۆرگەن ئۆمەربەگ دادخاھ خورسىندى.

— نېمە ھەققى بار دەيمىز. چۈنكى ئۇ، كۈچلۈك! ئەزەلدىن
كۈچلۈك ئادەمنىڭ ئېيتقىنى ئېيتقان بولىدۇ. كۈچلۈكنى كۈچ
توختىتىدۇ.

توپىلانغانلار «قانداق قىلىمىز؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىشالمىدى. ئىسھاق سۆزلىدى:

— بىز ھەددىدىن ئاشتۇقمۇ؟ ناتوغرا يولدا يۈردۇقمۇ؟ — دەپ سوراپ، يەنە ئۆزى جاۋاب بەردى، — ياق. بىز ئىلاجىنىڭ بارىچە رۇس بىلەن ئالاقىنى مۇستەھكەملەشكە، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشماسلىققا ھەرىكەت قىلدۇق ياكى يالغانمۇ؟

— توغرا، لېكىن ئەمگىكىمىز بىكارغا كەتتى، — دېدى ئابدۇللا بەگ.

— ئەمدى قانداق قىلاتتۇق؟ — دېدى ئىسھاق، — گېنېرال گوبېرناتور مەقسىتىمىزنى، ئىشىمىزنى كۆرۈپ - بىلىپ تۇرۇپ، كۆنمىدى. ئەمدى بىزگە نېمە قالدى؟ بىزگە ئۆز يېرىمىز، ئۆز ئېلىمىز ئۈچۈن ئوت كېچىپ، سۇ كېچىپ جەڭ قىلىشىمىز قالدى. باشقا ئاسانراق يول بولسا ئېيتىڭلار، ئىشقىلىپ، بىز بىھۇدە ئازاب چېكىپ يۈرمەيلى…

— باشقا يول يوق، ئىسھاق! — دېدى ھەممىسى، — قېچىپ نەگە بارىمىز؟ يەنە يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ نېمە تاپىمىز؟

ئىسھاق كېڭەشتىن يەكۈن چىقىرىپ:

— باھادىرلار، — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ، — قايسىبىرىمىزنىڭ ئاتىمىز تەختتە تۇغۇلۇپ، تەختتە ئۆلگەن؟ بىزگە تەختتىن كۆرە، كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئانا يېرىمىز ئەۋزەل. شۇنداق ئىكەن، ئەھلى دانىش ئاغىلار، بەگلەر ۋە سەركەردىلەر، ئەسلىي مەقسىتىمىزنى ئاددىي خەلققە بېرىپ ئېيتىڭلار!

— باش ئۈستىگە، شاھىم!

— خوپ بولىدۇ، ھۆكۈمدار!

ئىسھاق قوللىغۇچىلارنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ھەم خۇشال بولدى، ھەم قايغۇردى. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشۋاتقان قوزغىلاڭچىلار بېشىدا تۇرغانلىقىدىن ئۆزىنى روھلۇق، كۈچ - قۇۋۋەتتى چەكسىز سېزەتتى.

× ×

ئەرزىم بار، دەپ بىر قارا ساقال كىشى ئىسھاقنىڭ ئالدىغا كىردى. بۇ ئەھۋال سورىشىپ ئولتۇردى. ئىسھاق قىزىقسىنىپ سورىدى:

— ھېچكىم يوق، ئېيتىڭىز. ئەنجاندىن قاچان چىقتىڭ؟ ئىشلار قانداق؟

مېھمان دېمىنى ئالدى.

— ئۆلۈۋاتقان بولسىمۇ، بىزنىڭ خەلق «ياخشىمەن» دەيدۇ.

ئىسھاقنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى:

— ئىشلار يامانمۇ؟ ئوچۇقىنى ئېيتقىن...

— سىنىڭ ئىشەنگەن بەگلىرىڭنى ئۆزۈڭ بەرگەن تۇزۇڭ ئۇرىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ سىنىڭ شان - شۆھرىتىڭگە شەك كەلتۈرۈپ، «نەدىكى بىر سەرگەردان، ساياق» دەپ، ئۆز يانلىرىغا شۇبھىلىك كىشىلەرنى توپلاۋاتىدۇ.

ئىسھاقنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى.

— پەرىزىمچە، ئىسكابىل پاشا بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە ئورناتماقچى...

ئىسھاقنىڭ ھەربىر شەھەر ۋە ۋىلايەتكە قويغان ئىشەنچلىك پايلاقچىلىرى بولۇپ، ئۇلار پەقەت ھۆكۈمدارنىڭ ئۆزىگىلا خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى. بۇنداق ئۇزۇنقۇلاقلار ئابدۇللا بەگنىڭ، بېكنەزەر باتۇرنىڭ، ھەتتا خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك ئىش پۇتكۈزىدىغان ئابدۇمۆمىن بەگنىڭ ئارقىسىدىمۇ بار ئىدى.

— توختا، توختا ... — غەزەپتىن ئىسھاقنىڭ ئاۋازى تىترىدى، — بۇ تەرىپىنى ماڭا قويۇپ بەر. مىنىگەن ئېتىڭ ياخشىمۇ؟ يامان بولسا، ياخشىسىغا ئالماشتۇرۇپ، ئەنجانغا تېز ماڭغىن.

ئىسھاق شۇنىڭدىن كېيىن قولى تىترەپ: «بۇ خەتنى ئېلىپ ماڭغان كىشىنىڭ ھەممە تەلىپى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇلسۇن!» دەپ ئاران يازدى - دە، ئاستىغا مۆھرىنى بېسىپ، قارا ساقاللىق كىشىگە بەردى. قارا ساقاللىق كىشى يارلىقنى قوينىغا سېلىپ ئارقىغا ياندى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن، ئىسھاق دۆلەت ئەربابلىرىنى چاقىرىپ، مەجلىس ئۆتكۈزدى.

— ھە، شامىرزا! ھە، يارمەت! — دەپ ئىسھاق ئىشەنگەن دوستلىرىدىن خاپا بولۇپ، پىغانى ئۆرلىدى، — ئۇلارنىڭ تېرىسىنى شىلىمەن. ساتقۇنلار! چېقىمچىلار!

ئوردا ئەھلى ھاڭ - تاڭ قالدى. نېمە گەپ؟

— مانا! — دېدى ئىسھاق قاتلانغان قەغەزنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ، ئۆزى دېرىزە ئالدىغا كەتتى.

خەت - ساۋاتى بار كىشىلەردىن بىرى قەغەزنى يېيىپ، دۇدۇقلاپ ئوقۇشقا باشلىدى: «ھۆرمەتلىك بەگ، بۇ ئىسسىق دۇئايىسالامنى بۇرادەرلىرىڭىز يارمەت ۋە شامىرزا دادخاھلاردىن دەپ بىلگەيسىز. ھەزرىتىم، سىزنىڭ مۇبارەك نامىڭىز بىزگە يېتىپ كەلدى. كۆپ خۇرسەن بولدۇق. يالغۇز ئاللا مەددەت بەرسۇن. سىزنىڭ ئۆيىڭىز — بىزنىڭ ئۆيىمىز. سىزنىڭ يولىڭىز — بىزنىڭ يولىمىز. تېزرەك خەۋەردار قىلىڭ. ئىسكابىل پاشا يېقىنلىشىپ قالدى، قانداق مەسلىھەت بېرىسىز؟...»

ئولتۇرغانلار بىر - بىرىگە قاراپ قالدى. ئىسھاق دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتى.

— ھە، بۇ نېمىدېگەن گەپ؟ — دېدى بىرى.

ئولتۇرغانلار باش چايقىشىپ، ئۆزئارا كۇسۇرلاشتى. ئىسھاق يېقىن كەلدى - دە:

— ئاڭلىدىڭلارمۇ، تۈنۈگۈن ماڭا بىر ئادەم: «بەگلىرىڭنى سېنى سەرگەردان، ساياق دەۋاتىدۇ» دەپ ئېيتقانىدى. مەن كۆپ

ئويلاندىم. ئەمما بۇ گەپكە ئىشەنمىگەنىدىم. بۈگۈن بولسا، بەگ-لەرنىڭ خېتى قولىغا چۈشتى. بۇ ئابدۇراخماننىڭ نامىغا يېزىلغان خەت. مۆھرىنى قاراڭلار.

قەغەز قولدىن - قولغا ئۆتتى. دەل ئۆزى، يارمەت دېگەن ئىسىم تۇراتتى. غەزەپتىن بېكنەزەرنىڭ كۆزى قانغا تولدى، تىلى تۇتۇلۇپ قالدى.

ئىسھاق بوستان ئۇرۇقىدىن بولغان ئامەل دېگەن ئىشىكئاغى-سىنى ئەل بېگى قىلىپ، بېكنەزەر باتۇرنى لەشكەر باشلىقى قىلىپ، ئاشۇ كۈنى تاللانغان تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئەنجانغا يولغا سالدى.

— باتۇر، سالامەت بول. ئەنجان بىزنىڭ بۆشۈكىمىز، — دېدى ئىسھاق خوشلىشىۋېتىپ، — قولدىن چىقىپ كەتمىسۇن، ئۇ تەرىپىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن!

... ئىسھاق كېچىدە ئەمدى ياتماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، تاش-قىرىدىكى ئۆيدىن شىۋىر - شىۋىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئىسھاق بىر ئاتارلىق تاپانچىسىنى قولىغا ئالدى. تونۇش ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئابدۇمۆمىن كىردى.

— تەقسىر، ئاتىڭىز ...

ئىسھاق رۇخسەت بەردى. ئىشىكتىن موللا ھەسەن كىردى. ئىسھاق قاپىقىنى تۈردى. ئاتىسىمۇ خاپا ئىدى.

— كېلىنىڭ، بۇ چاغدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟

موللا ھەسەن ئاچچىقى بىلەن تېز - تېز سۆزلىدى:

— سەن ھەممە دانا كىشىلەرنى قىرىپ، يالاڭ ئاياغلار بىلەن قالماقچىمۇ؟ ! قارا خەلقنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ يە پۇلى، يا مېلى بارمۇ؟

— خۇددى ئاشۇ سىز كۆككە كۆتۈرۈۋاتقانلار ساتقۇنلۇق قىلىپ دۆلىتىمىزگە زىيان سېلىۋاتىدۇ.

— بەس، بولدى قىل! بەس، بولدى قىل. بالام! شامىرزا

دادخاھ ياخشى ئادەم. يارمەت دادخاھ دىنىي ئىسلام ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈۋاتىدۇ. ئاڭلىدىم، كىمدۇر بىرى يامانلاپ كەپتۇ. جال-لاتلىرىڭنى يولدىن قايتۇر. ئۆزۈڭگە يامان بولىدۇ.

— ماڭا يامان بولىدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟ كىم ئېيت-تى؟ ياق، سۆزۈمدىن يانمايمەن. ئىككىسىمۇ ساتقۇن. تۇزۇم كور قىلسۇن. ئۇلارغا بىرلا جازا...

موللا ھەسەننىڭ رەڭگى ئۆزگەردى، زەردىسى قايناپ غۇدۇ-رىدى:

— پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېشىل تۇغىنى كۆتۈرۈپ، كاپىرلارغا قارشى تۇرىدۇ، دەپ سەندىن خۇشال بولغانىدىم. ئابدۇراخمان ئاپتۇۋچى بىلەن ئابدۇمۆمىن بەگنىڭ ئابرۇيىنى تۆككىنىڭدىن كېيىن، ئىخلاسىم قايتقانىدى. ئەمدى ئەلدىنىمۇ، دىندىنىمۇ چىق-قانلىقىڭغا ئېنىق ئىشەندىم.

— يېتەر! — دەپ ۋارقىرىدى ئىسھاق. ئۇ ئۆز ئاتىسىدىن مۇنداق گەپنى كۈتمىگەنىدى، ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىماي جىم بولۇپ قالدى، ئاتا بالىدىن، بالا ئاتىدىن نارازى ئىدى.

ئىسھاق ئالىقىنىنى ئالىقىنىغا ئۇردى، شۇ زامات ئىشىكئا-غىسى كىرىپ تەزىم قىلدى.

— توختاڭ، ئاتا، يۈزبېشى كەلسۇن، قانداق قىلاي، مې-نىڭ مەقسىتىمگە چۈشەنمىدىڭىز، كەچ بولۇپ قالدى، سىزنى ئۇزىتىپ قويۇشسۇن.

موللاھەسەن كونا ئادىتى بويىچە، ئۈنچىقماي، ئىسھاقنى رەنجىتىپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتا - بالا يۈز كۆرۈشمىدى...

بېكنەزەر تۆت مىڭ كىشىلىك نۆكەر بىلەن ئەنجانغا يېقىن بىر قىشلاقتا قونۇپ، ھىيلە ئىشلەتتى. ئىككىلا دادخاھقا: «ھۆرمەتلىك شامىرزا دادخاھ ئاتا، قەدىرلىك يارمەت دادخاھ ئاكا، ئۇشبۇ خۇش خەۋەرنى سىزلەرگە خىزمەت قىلغۇچى بېكنە-

زەر ئۆكۈنگىنىزدىن دەپ بىلگەيسىزلەر، تەقسىر ئاللا يار باھادىر ئىسھاقجان مېنى ۋە مەن بىلەن تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سىزلەرنىڭ قارىمىقىڭىزلارغا ئەۋەتتى. شەھەردىكى ئەسكەرلەرنى تاشقىرىغا ئاچىقىپ، بىرلىكتە تاماشا قىلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىشنى تەۋەررۇك يارلىقى بىنائەن لازىم، دەپ تاپتۇق» دەپ مەكتۇپ يازدۇردى، مەكتۇپكە مۆھۈرىنى بېسىپ، چاپارمەن ئارقىلىق ئەنجانغا ماڭدۇردى. ئەيش - ئىشرەت ئۈستىدە ئولتۇرغان ھەر ئىككى دادخاھقا بۇ تەكلىپ ياقتى. «تۆت مىڭ كىشىلىك ئەسكەر ئاز ئەمەس» دېگەن مەنىدە ئۇلار كۆز بېقىشىۋالدى. ئەنجاننىڭ چېتىدە ئىككى قوشۇن ئۇچراشتى.

بېكنەزەر شامىرزا بىلەن يارمەتنى تۇتقۇن قىلىپ، «چېقىمچى»، «ساتقۇن» ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدۇردى. خەلقنىڭ باشقىچە گۇماندا بولماسلىقى ئۈچۈن، مەخپىي خەتنى كۆرسىتىپ، ھۆكۈمدارنىڭ پەرمانىنى ئوقۇدى. قوشۇن ئۇلارنى بىر ئاۋازدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

ئىسھاققا خەۋەر يەتكۈزگەن قارا ساقال كىشى ئوتتۇرىغا ئېتىلىپ چىقىپ، ئىككى ساتقۇننى ئوبدان كالتەكلىگەندىن كېيىن، يىگىتلەرگە تەپكۈزدى.

بېكنەزەر باتۇر ئىككى قوشۇننى بىرلەشتۈرۈپ ئەنجانغا كىردى.

1876 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدە، گېنېرال سكابېلېف ئەنجاننى قامال قىلدى.

شەھەرنىڭ بىر تەرىپىدىن گېنېرال تراتىسكىي، ئىككىنچى تەرىپىدىن گېنېرال كوراپاتكىن، ئۈچىنچى تەرىپىدىن گىراب ۋىتگېنشتېيىن ھۇجۇم باشلىدى. كۈنچىقىش تەرەپتىكى دۆڭلۈك تەرەپكە گېنېرال گالاۋاچايېفنىڭ ئون ئالتە زەمبىرەكلىك ئارتېلىرىيىسى ئىككى قانات قىلىپ تىزىلدى.

www.uyghurkitap.com

1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئەتىگەندە، ئەنجانغا دەسلەپكى ئوق ئېتىلدى. ئېتىشىش كەچكىچە توختىمىدى.

شەھەر داد ـ پەرياد، چاڭ ـ توزان ئىچىدە قالدى. نۆكەرلەر جۇڭگوچە زەمبىرەكلەر بىلەن يەرنى توقماقلىغاندەك «گۈرس!» ، «گۈرس!» قىلىپ جاۋاب بېرىشەتتى، ئوق مولجالغا بېرىپ يەتمەيتتى. گېنېرال سكابېلېف شەھەرنى ئاياغقا تۈرغۈزغىنىدىن خۇشال بولۇپ، دۇربۇن بىلەن ئاقچاقماق دۆڭلۈكىدىن كۆزىتىپ تۇراتتى.

كۈتۈلمىگەندە، ئارقىدىن ئاتلىق ئىسيانچىلار ھۇجۇم قىلىپ قالدى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى بىر تەرەپكە پولكوۋنىك ماشىن باشچىلىقىدا ئۈچ راكېتا، ئۈچ زەمبىرەكلەر بىرلەشمىسى ئاجرىتىلغانىدى. تىنىمسىز ئوق يامغۇر ئاتلىقلارنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى.

ئىسھاق ئۆزى باش بولۇپ، ئارقىغا جايلاشقان قوشۇننى تەكشۈرۈپ، بۆكتۈرمە بىلەن تونۇشۇپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا، زەمبىرەك گۈمبۈرلىدى. كۆۋرۈكمۇ، ئاتلىق ئىسھاقمۇ ئۆرۈپ سۇغا چۈشتى. قوشئۆستەڭنىڭ سۈيى فونتاندەك ئېتىلدى. خېلىدىن كېيىن، ئاق ئات ۋە ئىسھاقنىڭ چاپىنى كۆزگە كۆرۈندى.

ئۇنى سۇزۇپ چىقىشتى، جېنى بار ئىدى. شارقىرىتىپ سۇ قۇستى. زەمبىرەك توختاۋسىز ئېتىلىپ، يەر ـ زېمىننى لەرزىگە سالاتتى.

— ئات، ئاتنى تارت، — دەيتتى ئىسھاق.

ئۇ، ئورنىدىن تۇرالمىدى، بىر پۇتى سۇنغانىدى، ئاغرىق ئازابىدىن كۆزى چەكچىيىپ، پارقىراپ كەتكەنىدى. نۆكەرلەر ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشىپ، ئۆتۈكىنى قونچىدىن تىلدى، بىرنەرسىلەر قىلىپ، سۇنغان پۇتنى تاڭدى. ئىسھاق يەنە تۇرماقچى بولدى:

— ئاتنى ئەكېلىڭلار...

باشقا بىر ئاتنى ئەكېلىپ مىندۈرۈشتى، پېشانىسىدىن تەر قۇيۇلاتتى. كوزا كۈندە ئەمەس، كۈنىدە سۇنىدۇ دېگەنلىرى شۇ ئىكەن - دە! دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئىگرىماسلىقتا ھەرىكەت قىلدى. ئۇ ئاقچاقماق دۆڭلۈكىگە قاراپ ئەلەم بىلەن دېدى:

— ئەتتەڭ!... شۇ يەردىن يوپۇرۇلۇپ چۈشكەن بولساق - ھە! ھەممەڭ! ھەممەڭ! دۆڭگە!

قوراللانغان ئاتلىقلار ئۈچ قېتىم دۆڭلۈككە ھۇجۇم قىلدى، لېكىن ئۇجىمدەك تۆكۈلۈپ كەتتى. خەلق قىساسكارلىرىنىڭ كەيپىنى زەمبىرەكلەردىن ئېتىلغان ئوقلارلا ئۇچۇراتتى. ئىسھاقنىڭ پۇتى ئىششىپ كەتتى، ئات ماڭغانسېرى سىرقىراپ ئاغرىيتتى.

ئۇ كەچقۇرۇن، ئاساكەگە كەلدى. ئاقچاقماقتىكى ئارتىللېرىيە ئاشۇ كۈنى تاڭ ئاتقۇچە توختىمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، شەھەرگە ھۇجۇم باشلىنىپ، گېنېرال سكابېلېفنىڭ ئەسكەرلىرى ئەنجان دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىردى. كوچا - كويلاردا، مەھەللىلەردە كۈرەش كەسكىن تۈس ئالدى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئاخىر ئابدۇراخمان تۇرغان دەرۋازىنى يېرىپ ئۆتتى. ئابدۇراخماننىڭ قوشۇنى بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇ تۆت يۈز نۆكەر بىلەن كۈتۈلمىگەن يەردىن چىقىپ كەتتى. شەھەر ئاھالىسى، سەركەردىلەر، نۆكەرلەر قوللىرىغا نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ، دۈشمەنگە توختىماي قارشىلىق كۆرسىتىشتى.

قاش قارايغاندا، بېكنەزەر جەڭنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ، يىگىرمە مىڭ ئەسكەردىن ئايرىلىپ، قان بىلەن ئىس - تۈتەككە قاپلانغان ئەنجاننى تاشلاپ ئاساكەگە چېكىندى.

گېنېرال سكابېلېف ئەنجان شەھرىنى ئىگىلىدى. شەھەرگە يۈز مىڭ تىللا مىقداردا ئۇرۇش سېلىقى سالدى. بۇنىڭدىن

تاشقىرى، ئەسكەرلىرى ئۈچۈن شەھەر ئاھالىسىدىن نۇرغۇن نەرسە - كېرەك يىغىۋالدى.

ئومۇمىي روسىيە ئىمپېراتورى ئالېكساندىر II ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ئەنجاننى قولغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، فان كەيفماننىڭ ئىختىيارىغا يېڭىلگەنلەر ھېسابىدىن سەككىز مىڭ ئالتە يۈز ئون بىر سوم ئاجراتتى ۋە: «پەرۋەردىگار رەھىم قىلىپ، ئېكسپېدىتسىيىنىڭ ئىشى بۇنىڭدىن كېيىن بۇنچىلىك كۆپ قان تۆكمەستىن ھەل قىلىنسا ياخشى بولاتتى» دەپ تەبرىكلىدى.

## 6

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەنجاندىن سەككىز چاقىرىم يىراقتىكى ئىندى قىشلىقىدا ئابدۇراخمان گېنېرال سكابېلېف بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆز ئىختىيارى بىلەن تەسلىم بولدى.

ناھايىتى ئېغىر شارائىتتا ئابدۇراخماننىڭ تەسلىم بولۇشى ئىسھاققا ئەلەم قىلدى. يالغۇز ئۆزى كەتسە مەيلى ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يىگىرمە بەگ، ئۇلارغا ئەگىشىپ سان - ساناقسىز پۇقرا كەتتى. قىساسكار خەلقنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى.

ئىسھاق ئەمدى نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. ئۆزىدىن باشقا كىمگە تايىنىدۇ؟ نۇرغۇن مالامەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن خەلقنىڭ يۈرىكى زېدە بولۇپ قالدى. ئۇ قەدىمكى بىر مەسەلنى ئەسلىدى: «كۇنلەرنىڭ بىرىدە، ئورماندا پالتا دېگەن بىر دۈشمەن پەيدا بوپتۇ. پالتا كۆزىگە نېمە كۆرۈنسە، بىر چەتتىن چاپىدىكەن، يارىدىكەن. ئەھۋال ناھايىتىمۇ كەسكىن تۈس ئاپتۇ. قىيما - چىيما بولۇۋاتقان دەل - دەرەخلەر قېچىشقا باشلاپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان بىر قېرى ئارچا دەرەخلەردىن سوراپتۇ: ‹ئاشۇ پالتىنىڭ سېپى نېمىدىن ياسالغانىكەن؟›، ‹ياغاچتىن› دەپتۇ قارىغاي. ‹ئەنە، كۆردۈڭلارمۇ، ئۆزىمىزدىن چىق-

قان دۈشمەن ئۇنىڭ ئىچىدە بولمىسا، سىرىمىزنى بىلمىگەن يالـ
غۇز پالتا نېمىمۇ قىلالايتتى!»، دەپتۇ كۆپنى كۆرگەن ئارچا!»
دەر ھەقىقەت، ساتقۇن ئۆز ئىچىمىزدىن چىقمىسا، دۈشمەن ھېچ نەرسە قىلالمايتتى!
ئىسھاق خەلق مەسەلىنى خىيالىدا ئەنە شۇنداق شەرھلىدى.
ئىسھاق ئالدىراش مەرغىلانغا ئاتلاندى. شەھەر خەلقى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. بىراق ئىسھاقنىڭ كۆڭلىگە قىل سىغمايتتى، چىراغ ياقسا ئىچى يورۇمايتتى.
ئۇزۇن ئۆتمەي گېنېرال سكابېلېۋ مەرغىلانغا يۈرۈش قىلدى. ئىسھاق شەھەردىن كۆرە، ئانا يۇرتىنىڭ كەڭ مەيدانى — دالىدا جەڭ قىلىشنى ئەۋزەل كۆردى. ئۇ قىرىقتىن كۆپرەك جۇڭگوچە زەمبىرەكلەرنى سۆرىتىپ، بەش مىڭ نۆكىرى بىلەن مەرغىلاندىن سىرتقا چىقتى. خوجامەغىز مازىرىدا توختاپ كېچەش ئۆتكۈزدى. كېچەشتە ھەرخىل پىكىرلەر چۇشتى.
ئابدۇللابەگ مۇنداق دېدى:
— تەقسىر، ھەممىمىزگە مەلۇمكىن، شەھەر دەپ، ئوردا دەپ ئۇرۇشىدىغان بولساق، كېيىنكى قوشۇنلاردىنمۇ ئايرىلىـ مىز. مېنىڭچە، مۇشۇ تەرەپكە چىقىپ، تاغ ئارىلاپ كېتىشىمىز كېرەك. خوش، بۇ قانداق نەتىجە بېرىدۇ؟ پىتىرىغان ـ چارچىغان قوشۇنلىرىمىز دەم ئالىدۇ. ئۆزىمىزنى بىرئاز بېسىۋېلىپ، سىپـ پىمىزنى تولۇقلاپ، ئاندىن يېڭى غازات باشلىمامدۇق؟!
ئىسھاقنىڭ قېيناتىسى مۇزەپپەر شاھ:
— ئىنشائاللا، بەگنىڭ گېپىنىڭ جېنى بار، — دېدى ئۇنى قۇۋۋەتلەپ، — بىراق، ئۆشبۇۋا ھەم ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئالاي، ئۆزگەن، كۆگەرت تاغلىرى بەك يېقىن، مېنىڭچە، قاراـ تېگىن ۋىلايىتى تېخىمۇ ياخشىراق. چۈنكى، بىر چاغلاردا ئۇ يەر قوقان خانلىقىغا قارىغان، گەرچە ۋىجدانسىز ئۇكام رېھىم بىمەنە ئىش قىلغان بولسىمۇ، بۇ يەنە ھېچ گەپ ئەمەس. بەش مىڭباھا-

www.uyghurkitap.com

دىر بىلەن قارا! تېگىننى ئېلىپ، قىشنى شۇ يەردە چىقارساق، سېپىمىزنى ئۇلغايتىپ، كېيىنرەك يىگىرمە بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن فەرغانىگە باستۇرۇپ كىرەلەيمىز. شۇنداق قىلغىنىمىز توغرا ئەمەسمىكىن؟

مەدەمىن ئىناق سۆزگە ئارىلاشتى:

— توغرا، ئۆشبۇۋۋا ھەم ئۇنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ ئارقىلىق كېتەيلى. لېكىن كەچۈرىسىز، قوقاننى تاشلاپ، قاراتېگىنگە كېتىش ئىنساپتىن ئەمەس. ئوردا قوقاندا ئىكەن، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ دۈشمەنگە زەربە بېرىش لازىم. خۇددى مۇشۇ يەردە قانخور نەسردىنگە، گېنېرال گوبېرناتورغا قارشى كۆرىشىمىز.

ئىسھال بۇ مەسلىھەتلەردىن قايسىبىرىنىڭ توغرىلىقىنى مۇلاھىزە قىلاتتى. «ئۇلاردىن قايسىبىرى ساتقۇن؟ قايسىسى؟ ئابدۇللا بەگمۇ؟ ياق، قۇربانجان دادخاھنىڭ ئوغلىدىن گۇمان قىلسام، ئۇ چاغدا ئۆزۈم قانداق ئادەم بولۇپ قالىمەن؟» ئۇنىڭ نەزەرى مۇزەپپەر شاھقا چۈشتى: «ئۇ مەن بىلەن تىرىك!» مۆمىن سەركەردە بىلەن بېكنەزەرگە قارىدى: «ياق، ياق! ئىككىسى ئىككى كۆزۈم!» مەدەمىن ئىناقنى ئويلىدى: نېمىشقا ھولۇقۇپ سۆزلىدى؟ بىر جەھەتتىن قارىغاندا ئۇ ھەق. سەۋەبى، خەلق تەقدىرى قولىدا تۇرغاندا ئوردىنى تاشلاپ قېچىش ئىنساپتىنمۇ؟» ئىسھاق شەيتىنىغا هاي بەردى. لېكىن «قايسىسى ساتقۇندۇر؟» دېگەن پىكىر ھامان مېڭىسىگە ئورنىشىپ قالدى.

ئىسھاق كېڭەش ئاخىردا شۇنداق دېدى:

— ئىناق، توغرا ئېيتتىڭىز، خەلقنىڭ تەقدىرىگە بىپەرۋا قاراپ، تاشلاپ كېتىش ياخشى ئەمەس. ئاھ، كېرەملىك خۇدا، قانداق قىلاتتۇق، باشقا ئامال يوق، ئۆچەكەشسەك، بەگزادە ئېيتقاندەك قوشۇندىن ئايرىلىمىز!

مەدەمىن ئىناق لالىدەك قىزىرىپ كەتتى. كىمدۇر سۆھبەتنى بۆلدى:

— قىرىق يىل قىرغىن بولسىمۇ، كۆنى پۈتكەن، ئەجىلى يەتكەن ئۆلىدۇ، دېيىشىدۇ، ھەممىسى خۇدادىن…

— مەيلى، ئۇنداق بولسا قاراتېگىنگە كېتەيلى، ياخشىلار، — دېدى ئىسھاق.

مۇزەپپەر شاھ ھازىرلا قاراتېگىن قولىغا تەگكەندەك ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ ئولتۇراتتى. ھېچكىم ئۈنچىقمىدى. ئىسھاقنىڭ خىيالىدىن «قايسىسى ئىكىن - ھە؟» دېگەن ئوي يەنە ئۆتتى.

ئىسھاق ئابدۇللا بەگنى باش قىلىپ ئۆزىگە قاراشلىق قوشۇن بىلەن ئوش تەرەپكە بېرىشنى بۇيرۇدى. مەقسەت غۇلجىغا بېرىپ، پۈتۈن قىش بويى دەم ئېلىپ، ھازىرلىق كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. مەدەمىن ئىناق يېتەكچىلىك قىلغان قوقانلىقلار بويىنىدىن باغلىغاندەك، ئىلاجىسىز ئىسھاق بىلەن بىللە ماڭماقچى بولدى.

— خۇدا يار بولسۇن، ئىسھاق! بىزدىن غەم قىلما، باھاردا خەۋەرلىشىمىز، — دېدى ئابدۇللا بەگ ۋە ئىسھاق بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

ئىسھاق ئىككى مىڭ كىشىگە يېقىن قوشۇن بىلەن ئۈچ يۈز نار تۆگىگە لاقا - لۇقا ۋە زەمبىرەكلەر يۈكلىتىپ، قاراتېگىنگە يول ئالدى.

ئىسھاقنى يول بويى ئوي - خىيال باستى. قاراتېگىنگە مېڭىپ توغرا قىلدىممۇ؟ توغرا بولۇشى كېرەك. قارا تېگىنلىكلەرنىڭ يۈرىكى پۈتۈن، ئۇرۇش كۆرمىگەن. ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئوشقا ئابدۇللا بەگ بىلەن بىللە كەتمىدىم؟ ياق! ئابدۇللا بەگنىڭ ئۆزى يېتىدۇ. قوقانغا بېرىپ، تەختكە ئولتۇرۇۋالسىچۇ؟ مۇمكىن ئەمەس! سەۋەبى خۇدايار بىلەن نەسىردىن شەھەر ئەتراپىدا ئاچ قاشقىردەك تىمىسقىلاپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سكابېلېفنىڭ زەمبىرەكلىرىگە ئوردىنىڭ تېمى بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟ — ئىسھاقنىڭ يۈرىكى جىغىلدىدى، ئاتنىڭ تىزگىنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تارتتى، — توختا، مەدەمىن نېمىنى تەكلىپ قىلىۋىدى؟

ئۇ يولدىن چەتكە چىقىپ، مەدەمىننى كۈتتى. قورالىلانغان سەركەردىلەر ئاتتىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئىسھاق گەپ قىلمىدى. باشقىلارمۇ نېمە گەپ، دەپ قىزىقمىدى. مەدەمىن ئىناق خاتىرجەم كېلىۋاتاتتى. ئىسھاق ئۇنىڭغا قاراپ:

— هەي، سەن تېزرەك بۇياققا كەل! — دەپ ۋارقىرىدى. مەدەمىن ئىناق توختاپ قالدى. نېمە دېيىشنى بىلمەي تىلى كالۋالاشتى. ئىسھاق ئىشارە قىلدى.

— قېنى، ئەشمەت!

ئىسھاق مەدەمىن ئىناقنىڭ ئۇچىنچى مەسلىھەتنى ساتقۇزلۇق، دەپ ھېسابلىغانىدى. مەدەمىننى يىگىرمە يىگىتى بىلەن ئىسھاقنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ، يېشىندۇردى ۋە يېلىڭ ئىشتان قارىغا ياتقۇزدى.

— ئىناق، — دېدى ئىسھاق ئاتنىڭ يالىغا يانپاشلاپ، — ساڭا، قوقانغا ئېلىپ بار، دەپ كىم مەسلىھەت بېرىۋىدى؟ جېنىڭدىن ئۈمىدىڭ بولسا، توغرىسىنى ئېيت.

مەدەمىن ئىناق سوغۇقتىن تىترەپ قاقشىسىمۇ، ئۆلۈمنى ئەۋزەل كۆرۈپ، ئۈندىمىدى. ئەشمەت قارىغا دومىلىتىپ ئۇردى. مەدەمىن ئىناق ئىڭرىدىيۇ، بىراق غىڭ قىلىپ ئېغىز ئاچمىدى.

— بۇ نېمە؟ ! — ئىسھاق ئاختۇرۇش ۋاقتىدا كىمنىڭدۇر يانچۇقىدىن تېپىلغان، ئابدۇراخماننىڭ مۆھرى بېسىلغان قەغەزنى كۆرسەتتى، — ئوقۇ! كىمنىڭ مۆھرى؟

مەدەمىن ئىناق قان تۈكۈرۈپ، تەتۈر قارىۋالدى. ئۇ ئۆلۈمنى بويىنىغا ئالغانىدى.

— مانا، ئېيتقاندىمغۇ! — دېدى ئىسھاق ئۆز ئىشىدىن قانائەتلىنىپ.

يىگىرمە كىشىنىڭ بېشىنى دەرھال تېنىدىن جۇدا قىلىندى. ئاپئاق قار قىزىل رەڭدە بويالدى.

قوشۇن خاتىرجەم يولغا چۈشتى. قار لەپىلدەپ يېغىشقا باشلىدى. ئىسهاق «ئۈنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەن ماقالىنىڭ مېغىزىنى چېقىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن كاج پەلەكنىڭ ئىشلىرىنى ئەسلەپ، مۈڭلىنىپ باراتتى... يولدا ئۇلارنى ئۇچقۇرغان خەلقى كۈتۈۋالدى. ئىسهاق ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان بەگنىڭ ئىسسىق ئۆيىگە چۈشتى. ئۇ هازىرغىچە رەسمىي تۈزۈلىپ كەتمىگەن پۈتىنى ئاۋايلاپ، قولتۇق تاياق ياردىمىدە بوسۇغىدىن ئۆتۈپ، كىيىمىدىكى قارلارنى قېقىپ، ئۆيگە كىردى. بەگنىڭ ئۆيىدە باشقا ئادەم يوق ئىدى. ئۆي ئىگىسى پايپېتەك بولۇپ خىزمەت قىلدى. كېيىنرەك سەركەردىلەر كېلىشىپ، سەندەل ئەتراپىدىن جاي ئېلىشتى. ئىسسىق چاي ئارقىسىدىن تاماق كەلدى. هەممىسى تاماقلاندى. ئاستا - ئاستا كۆپچىلىكنىڭ ئۇيقۇسى كەلدى. ئەمما دەم ئېلىش توغرىسىدا هېچكىم ئىسهاققا دېيىشكە پېتىنالمىدى.

— تەقسىر، ئەمدى دەم ئالسۇن، — دەپ مۆمىن ئولتۇرغانلارنى ئېغىر ۋەزىيەتتىن قۇتۇلدۇردى.

— شۇنداق - شۇنداق، — دېيىشتى سەركەردىلەر بىر ئېغىزدىن.

— نازارەتلى كۈچەيتىڭلار! قوشۇن دەم ئالسۇن، سەهەر يولغا چىقىمىز! — دېدى ئىسهاق.

— خوپ، تەقسىر.

— خوپ، هۆكۈمدار.

— خوپ بولىدۇ.

نۆكەرلەر، سەركەردىلەر خەيرلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

— بېكنەزەر ئاكا، — دېدى ئىسهاق بىر چاغدا، — ئەمدى كىمگە ئىشىنىمىز؟ بىر كۆزىمىز ئىككىنچىسىگە دۈشمەن بولۇپ، قانداق كۈنلەرگە قالدۇق؟

— خاتىرجەم بول، ئىسهاق! خاتىرجەم بول، — دېدى

بېكنەزەر باتۇر، — مەن ھازىر يىگىتلەردىن بىر خەۋەر ئېلىپ كېلەي.

بېكنەزەر قوشۇنىنىڭ تۆت تەرىپىگە قاراۋۇل قويۇپ، نازارەتكە قوشۇمچە كىشىلەرنى چىقىرىپ، قايتىشىدا سەركەردىلەر توپلانغان ئۆيگە كىردى. سېمىز پاقلاپ سويۇلۇپ، ئەمدى قازانغا سېلىنغانىكەن. سەركەردىلەر گۇر قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— كېلىڭ، باتۇر ئاكا، — دېيىشتى.

بېكنەزەر يۇقىرىدىن ئورۇن ئالدى، ئولتۇرغانلارغا بىر-بىرلەپ قارىدى. سەيىد مەۋلانبەك يوق. «توغرا، قىشلاق چېتىدىكى كۆزىتىش بېكىتىگە ئۆز ئىلتىماسى بويىچە قاراۋۇلبېشى بولۇپ كەتمىگەنىدى، كېچىكىپراق كېلىپ قالار...» دەپ يەنە ئۆزىنى تىنچلاندۇردى.

كېچىدە مەۋلانبەگ ساقچىلىق قىلدى. بېكنەزەر ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ، ئۇنى ئۆز ئورنىدىن تاپتى.

— سالامەت بول، سەيىد، — دېدى بېكنەزەر ئاخىرقى قېتىم.

— خاتىرجەم بولۇڭ، باتۇر، — دەپ جاۋاب قايتۇردى سەيىد مەۋلانبەگ.

نېمىشقىدۇر، مەۋلانبەگ چەتتىكى كۆزىتىش بېكەتلىرىنى باشقىدىن كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىدى. تاڭ يورۇپ باراتتى. بىر ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈندى. سەيىد مەۋلانبەگ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ:

— كىمسەن؟ — دەپ سورىدى. ھېلىقى ئاتلىق توختاپ:

— سەيىد مەۋلانبەگمەن ... — دەپ جاۋاب قايتۇردى.

سەيىد مەۋلانبەگ ئۆز نامىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، نېمىنىدۇر پىچىرلاپ سۆزلىدى ۋە ئىتتىك ئارقىغا ياندى.

سەيىد مەۋلانبەگ ئالدىراپ كۆزىتىش بېكەتلىرىنى تەكشۈردى، ئۇخلاپ ياتقان قاراۋۇللارنى ئەتەي ئويغاتمىدى، ئويغاقلىرى-



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

نى «بىر ئاز ئىسسىنىۋال، مەن قاراپ تۇرىمەن، خۇداغا شۈك-
رى، ھەممە تەرەپ تىنچ» دەپ بىر مۇ بىر ماڭدۇرۇۋەتتى. بېكنە-
زەرنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەي، يەنە بىر قېتىم ئەتراپنى تەكشۈرۈپ
كېلىۋاتاتتى، نېمىدۇر شىلدىرلىدى. ئېتى پۇشقۇرۇپ، قۇلىقى-
نى شىڭتايتتى. بېكنەزەرنىڭ يۈرىكى جىغىلدىدى. ئاتلارنىڭ
دۈپۈرلەشلىرى ئاڭلىنىپ، ئىتلار ئۈرۈشكە باشلىدى. مىلتىقلار
ئىشقا چۈشتى.

— يائاللا!

ھەممە ئىش كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يۈز بەردى.

قوشۇن ئاياغقا تۇردى. بېكنەزەر ئات يالىغا يېپىشىپ، ئىس-
ھاق ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە قاراپ چاپتى. ئىسھاق بىرىنچى ئوق
ئاۋازىدىن ئويغىنىپ، بېشىغا قويۇپ ياتقان تاپانچىسىنى ئېلىپ
ئورنىدىن قوزغالدى.

— ھەي تۇرۇڭلار! تۇرۇڭلار! — دەپ يېنىدىكىلەرنى چا-
قىرىپ، سۇنغان پۇتىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، تاپانچىسىدىن
ئوق چىقارغىنىچە تاشقىرىغا ئېتىلدى. لېكىن بىرنەچچە قەدەم
ماڭمايلا پۇكلىنىشىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. ئىشىك تىقما - تىقما
ئىدى. ئىككى تەرەپتىن تەڭ ئېتىشاتتى.

— پاناھلىنىڭلار! پاناھلىنىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى بېكنە-
زەر، — چېكىن! تاغ تەرەپكە! تاغقا!...

بېكنەزەر ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلدى - دە، ئىسھاقنى يەردىن
دەس كۆتۈرۈپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئالدى. چىپار ئارغىماق قامچا
تەگمەستىنلا ئالغا تاشلاندى. ئاتلار چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ قۇيۇن-
دەك باراتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئىسھاق قاراتېگىنگە ماڭغان بولسا،
ئىشى ئوڭدىن كېلەتتى. ئۇ قاراتېگىننى قولغا كىرگۈزەتتى،
ئۆزىگە كېلىپ، دېمىنى ئالاتتى، ئادەم توپلايتتى، قوراللىناتتى،
باھارغا كەلگەندە، تاغ قىيانىدەك يوپۇرۇلۇپ ھۇجۇم قىلاتتى،

ئەمدىچۇ؟! ئىلاجى قانچە؟ ئابدۇراخمان قوقانلىق مەدەمىن ئى-
ناق، مەرغىلانلىق سەيىد مەۋلانبەك ئارقىلىق ئىسھاقنىڭ
يۇرۇش - تۇرۇشى توغرىسىدا مەلۇمات ئېلىپ تۇردى. بۇ قېتىم-
مۇ ئابدۇراخمان سكابىلېفقا ئالدىراش خەۋەر يەتكۈزگەندى. ئۇ
دەررۇ زاكامېلېسكىي باشچىلىقىدىكى ئاتلىق كازاك پولكىنى ئە-
ۋەتتى. بۇ پولك نەسىردىن بىلەن ئابدۇراخماننىڭ ئەسكەرلىرىنى
باشلاپ ماڭغۇچى ياردەمچى كۈچ سۈپىتىدە بىللە ماڭدى. پولكوۋ-
نىك زاكامېلېسكىي ئەنجاندىن چىقىپ، ھېچ يەردە توختىماي،
كۈن - تۈن يول يۈرۈپ، تاڭ يورۇغاندا ئىسھاقنىڭ قوشۇنىنى
قورشىۋېلىپ ھۇجۇم قىلدى. ئاقىۋەتتە، ئىسھاقنىڭ قوشۇنى
بىلەن ئۇن ئىككى تۆگىگە ئارتىلغان زەمبىرەك ۋە يۈك - تاقلىرى
دۈشمەنگە ئولجا بولدى.

ئىسھاقنىڭ يىگىتلىرى چاشگاھ ۋاقتى بىلەن ئىسپەيدەم دا-
راسىدا تۇپلىنىشتى، بارى - يوقى ئوتتۇزدەك يىگىت ئىدى.
ئىسھاق ئېچىنىش ۋە ئەلەمدىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي
قالدى.

— ئەبلەخ، سەيىد مەۋلانبەگنىڭ ئىشى، — دېدى بىكنە-
زەر، — كۆزىتىش بېكەتلىرىگە ئۆز ئادەملىرىنى قويۇپ، بىزنى
غەپلەتتە قالدۇردى، بۇ ئىپلاس!

ئىسھاق ئۇلۇغ - كىچىك تىندى:

— ھە، باتۇر ئاغا، نېمىسىنى ئېيتىسىز؟ مەن ئەمدى كىم
نېمە دېسە ئىشىنىمەن. سىزنى ساتقۇن دېسىمۇ ئىشىنىمەن
... چۈنكى، دانىشمەنلەر بىكاردىن:

قارىمۇقنىڭ دېنى بولغۇچە،
ئاق بۇغدايىنىڭ سامىنى بول!
يامان ئەلنىڭ ياخشىسى بولغۇچە،
ياخشى ئەلنىڭ يامىنى بول! ...

دېيىشمىگەن. بۇ قوشاق بىز توغرۇلۇق توقۇلغان ئوخشايدۇ. بېكنەزەر باتۇر.

ئۇزۇن توختاپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئارقىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلار يېتىپ كېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئۇلار ئىسپەيدەم سۇيىنى ياقىلاپ كېتىشتى، ھېچ يەردە توختاشمىدى، قىش ھامان قەھرىدىن چۈشمەيتتى. مۇزەپپەر شاھنىڭ يول ئازابىنى كۆرمىگەن ئەركە قىزى ئاتتا يۈرەلمەستىن قىينىلاتتى. باشتا ئۇ تۆگە ئۈستىگە ئورنىتىلغان ئايۋانلىق كۆشەكتە كېلىۋاتقانىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا مۇنداق شارائىت نەدە؟ بۇرنى كۆكىرىپ سوغۇقتىن دىرىلدەپ:

— ئىسھاق ئاكا ... — دەپ ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلايتتى، — مېنى ئۆلتۈرۈپ كېتىڭ، جان ئاكا...

مۇزەپپەر شاھ بوغۇلۇپ، قىزىغا تاجىكچىلاپ بىر نەرسىلەرنى دېدى، تىللىغان بولۇشى مۇمكىن. قىز تېخىمۇ بەتتەر يىغلىدى.

ئىسھاق ئۈن چىقارمىدى. «بۇ تەنتەك ئويۇن ـ كۈلكىدىن باشقىغا يارىمايدۇ» دەپ ئىچىدە خاپا بولۇپ باراتتى.

ئۇلار جۇۋاي غارىغا كېلىپ توختاشتى. ئەمدى ئاتتىن چۈشۈۋاتقاندا، ئىسھاق ئارقىغا قاراپ، بىرىنى زەمبىلدە كۆتۈرۈپ كېلىشىۋاتقىنىنى كۆردى ـ دە: بىرى نابۇت بوپتۇ، دېگەن قايغۇلۇق خىيال كۆڭلىدىن ئۆتتى.

— مەلىكەم ... — دېدى بېكنەزەر. ئىسھاق بېشىنى چايقاپ:

— ھەي سارتنىڭ قىزىيەي، — دەپ قويدى. بېكنەزەر ئىسھاقنى ئاتتىن كۆتۈرۈپ چۈشۈردى.

شۇ كۈنى ئۇلار ئاتنىڭ بىرىنى سويۇپ، تاماق قىلىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە يولغا چۈشۈشتى. چىلىلىدا داۋان ئېشىپ، دەرەئوت قورغانىغا كېلىشتى. ئۇلار بۇ يەردە دەم ئېلىپ،

ئاز ـ تولا كۆچ توپلىغاندىن كېيىن، ئۈچ يۈزدىن ئوشۇق كىشى ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىنى قاراتېگىنگە بۇراشتى.

ئاكىسى مۇزەپپەر شاھنىڭ كۈيئوغلى ئىسھاق بىلەن بىللە كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلىغان رەھىم شاھ ئۇلارنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن كەلمەيۋاتقانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قوراللانغان لەشكىرى بىلەن بۆكتۈرمىدە كۈتتى. ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن قاچاقلارنى رەھىم شاھ قىلىچ بىلەن كۈتۈۋالدى. يىراقتىن قىلىچ ئوينىتىپ، ئوق ياغدۇرۇپ چىققان كىشىلەرنى كۆرگەن ئىسھاق قاراتېگىندىن باشپاناھ تېپىلىشىغا كۆزى يەتمەي، ئارقىغا قايتىشقا بۇيرۇق بەردى.

ئىسھاق يەنە دەرەئوت قورغىنىغا يېتىپ كەلدى. قىساسكارلارنىڭ مادارى قۇرۇپ، شىر يۈرەك، تالماس بىلەك يىگىتلەرنىڭ ھەردېگىلى ھالى قالمىغانىدى. ھېچكىمنىڭ خىيالىغا ئەمدى قانداق قىلىمىز، دېگەن پىكىرلەر كەلمەيتتى.

بىر كۈنى دەرەئوت قورغىنىغا يېرىم ـ يارتا خەۋەر كەلدى. ئابدۇللا بەگ گېنېرال گوبېرناتورنىڭ ئەسكەرلىرىنى غۇلجىغا كىرگۈزمەيۋاتقانمىش، پەرغانە ئەتراپىدا قالغان ـ قاتقان نۆكەرلەر خەلق بىلەن بىرلىكتە ئازدۇر ـ كۆپتۇر توقۇنۇشۇپ تۇرغانمىش! ئىسھاقنىڭ ئۈمىدى ئوت ئالدى، قېنى قايناپ ئورنىدىن تۇردى:

— قېنى، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ خەلق كۆرەشنى داۋام قىلىۋاتقانمىشقۇ؟!

— بارىمىز! — دېيىشتى ئۇلار بىر ئېغىزدىن، — قاچانغىچە قېچىپ يۈرىمىز؟

— سىز، بېكنەزەر ئاكا، — دېدى ئىسھاق، — سوپىقورغان ئارقىلىق غۇلجىغا بېرىڭ. دادخاھ ئايىم ئانىمىزغا يولۇقۇپ، ھەممە گەپنى يوشۇرماي ئېيتىڭ. دادخاھ ئەھۋالىمىزغا يارىشا يول كۆرسىتەر. بىز بۇ تەرەپتىن پەرغانە بىلەن ئالاقە باغلاشقا

ھەرىكەت قىلىمىز، كېيىنرەك ئۆزىڭىز خەۋەر قىلىڭ.

بېكنەزەر گەپ قىلماي رازى بولدى. خوشلىشىش ۋاقتىدا ئىسھاق ئورنىدىن قوزغالماقچى بولۇۋىدى، ئۇنى مۆمىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۇ بېكنەزەرگە قاراپ:

— قېنى، — دەپ قوچاق ئاچتى.

— خەير، قەدىردان ئىنىم، تايانچىم!...

— خەير، ئاتا يۇرتنىڭ بۆركۈتى، — دېدى ئۇنى ئىسھاق باغرىغا بېسىپ، — بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالدىماسلىقىمىز لازىم. ئامان - ئېسەن ئۇچراشساق، خۇشاللىقىمىز چەكسىز، ئۇچراشماي قالساق، ئىمانىمىز سالامەت بولسۇن، مەن سىزدىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا رازىمەن. بىلىپ - بىلمەي، بەزىدە بىۋاپا دۆلەت سايىسىدە مەغرۇرلىنىپ، قاتتىق - يىرىك گەپ قىلىپ قالغان بولسام كەچۈرۈڭ...

— ھەي، قەدىرلىك ئىنىم، — دېدى بېكنەزەر، — كەچۈرگۈدەك نېمەم بار؟ سەندەك پالۋان يىگىت بىلەن بىللە ئۆتكەن ئۆمرۈمگە مەڭگۈ ئۆكۈنمەيمەن! بېشىمدا دۇبۇلغا، قو- لۇمدا قىلىچ، مەنمۇ بىلىپ - بىلمەي بۇيرۇقۇڭنى ئورۇندىيالمى- غان يەرلىرىم بولسا، سەنمۇ كەچۈر...

ئىسھاق باشقا سۆز قىلالماي، قولتۇق تاياقتا تايىنىپ قال- دى. بېكنەزەر روھى سۇنۇق، قانىتى قايرىلغان ئىسھاقتا كۆزى چۈشۈشى بىلەن ئۆزىنى پەقەت تۇتالمىدى، ئىتتىك بۇرۇلۇپ ئاتقا مىندى، ئارقىسىدىن چىققان مۆمىنگە قارىماي تۇرۇپ:

— ئېھتىيات قىلىڭلار، ئېھتىيات ... — دەپ كۆز يېشىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئارغىماقنى يورغىلىتىپ كەتتى.

# 7

ئىسيانچىلارنىڭ يىلتىزىنى بىر يولىلا قىرىپ تاشلاش مەق-

www.uyghurkitap.com

ستىدە، گېنېرال سكابېلېفنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، «زېمنيايا ئېكسپېدىتسىيە» دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە قىسمىنىڭ ئىچىدە جازالىغۇچىلار ئەترىتى قۇرۇلدى. بۇ، سانى جەھەتتە ئەترەت ئەمەس، بەلكى مۇشۇ زامان قوراللىرى بىلەن تولۇق تەمىنلەنگەن پۈتۈن بىر قىسىم ئىدى. ئۇنىڭغا بىر توپ يىگىتلىرى بىلەن نەسىردىنمۇ ياردەمچى بولۇپ كىردى.

قار ئىككى كۈن توختىماي يېغىپ، ئەمدىلا تىنغانىدى. گۈزەل پەرغانە ۋادىسى ئاق شايى كۆڭلەك كىيگەن كېلىنچەككە ئوخشىشاتتى. ھاۋا سوغۇق، ئەترەت ئاپئاق قاردا قارا يىلاندەك سوزۇلۇپ كېلەتتى. ئۇلارنى نايمان قىشلىقىنىڭ ئاھالىسى قول-لىرىنى كۆكسىگە قويۇپ كۈتۈۋالدى. خالىس نىيەت بەلگىسى سۈپىتىدە، ھەممىسى ئاق بەلباغ باغلىۋالغانىدى.

گېنېرال سكابېلېف نەسىردىن بىلەن يانمۇيان تۇرۇپ، تىزى-لانغان ئاھالىنى كۆزدىن كەچۈردى. زەردىگۈش بولۇپ كەتكەن نەسىردىن «قىر» دېگەن بۇيرۇقنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن بىر ئاقساقال قارغا تىز چۆكۈپ، تەزىم قىلىپ:

— رەھىم قىلىڭلار، ئادەمزاتنىڭ پەرزەنتلىرى، — دېدى. تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. گېنېرال مازاق قىلىپ كۈلدى. ئاق-ساقال قارغا تىز چۆككەن ھالەتتە جاۋاب كۈتەتتى.

— قانداق، ئۇرۇشۇپ بولدۇڭلارمۇ؟ — دېدى سكابېلېف.

— قۇرۇق يەردىن ئوت چىقمايدۇ. قانداق قىلاتتۇق، ھايات تەقەززاسى ئىكەن. مانا، تىز پۈكۈپ كەچۈرۈم سوراۋاتىمىز، قىشلاقتا بوۋاي - موماي ۋە ياش بالىلاردىن باشقا ئادەم قالمىدى، ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەيدۇ، — دېدى ئاقساقال.

— نېمە؟ — دەپ ۋارقىرىدى نەسىردىن، ئۇ سكابېلېفنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، پەسكويغا چۈشتى. تەرجى-مان بوۋاينىڭ سۆزىنى گېنېرالغا ئاستا چۈشەندۈردى.

— بۆرۆقلارنى كەچۈرۈش يوق، قىرىپ تاشلاڭلار! — دەپ بۇيرۇدى گېنېرال سكابېلېۋ.

بىر ياقتىن سولداتلار، بىرياقتىن نەسىردىننىڭ يىگىتلىرى خالايىقنى ئوتتۇرىغا ئالدى. ئادەملەر ئۆزلىرىنى ھەرتەرەپكە ئۇ-رۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ھېلىقى ئاقساقال ھەمقىشلاقلىرىنى ئىنساپقا چاقىردى:

— پايدىسى يوق، جان تالاشماڭلار!

ھەممەيلەن جىم بولدى.

نەسىردىن بىرىنچى بولۇپ قىلىچنى سۇغۇردى. ھەش - پەش دېگۈچە ئايئاق قار قانغا بويالدى … نۆۋەت ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن ئاقساقالغا كەلدى.

— ئۇنىڭغا تەگمە! — دېدى گېنېرال سكابېلېۋ، — مەن ئۇنى بۇ يەردە تىرىك قالدۇرىمەن. ئەڭ ياخشى جازا شۇ…

قىشلاق تۆت تەرەپتىن قورشىلىپ، ئاياللارنىڭ نالە - پەريا-دى، باللارنىڭ يىغا - زارى جاھاننى قاپلىدى. زوراۋانلار قوللى-رىغا نېمە چىقسا شۇنى ئالدى. قاش قارايغاندا، ئۆيلەر ھۇۋۇللاپ قالدى. ئىتلار قاۋاپ، غىڭشىپ، ئۆيمۇ ئۆي كېزىشكە باشلىدى.

ئەڭ ئاخىردا، گېنېرال سكابېلېۋ قىشلاقتا بىرمۇ تىرىك جان قالدۇرماسلىقنى، ئۆيلەرگە، مال قوتانلىرىغا ئوت قويۇشنى بۇيرۇدى. قىشلاقتا نە ئىت قالدى، نە ئوتتىن قېچىپ، دەرەخكە چىقىۋالغان مۈشۈك قالدى!

جازا ئەترىتى ئۆلجىنى يۈكلەپ، مالنى ھەيدەپ يولغا چۈش-تى، قىشلاقتا بۇخسۇغان كۆيۈك ھىدى بىلەن قان ھىدى ۋە بىر چەتتىن ئايئاق ساقىلىدىن قان ئارىلاش ياش ئېقىۋاتقان ھېلىقى بوۋاي قالدى.

نايمان قىشلىقىدا يۈز بەرگەن ۋەقەدىن باشقا قىشلاقتىكىلەر خەۋەر تاپقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قىشنىڭ قىرولۇق كۈنلىرىگە قارىماي، ئۆي - جاي، مال - مۈلكىنى تاشلاپ، قارلىق تاغلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېشىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەنىدى. جازا ئەترىتى ئادەمسىز قىشـ
لاقلارنى ئايلىناتتى.

ئەترەت بۇگۈن ماسىي قىشلىقىغا كىرىپ كەلدى.

بىر ئۆيدىن ئۈچ بالا چىقىپ، ئۇلارنى كۆردى ـ دە، دەرھال
ئېدىر تەرەپكە قاچتى. ئۆيدە بىرلا ئايال بار ئىدى، ئۇمۇ سىرتقا
چىقىپ:

— كەتتى! كەتتى! — دەپ بالىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈر-
دى. جازالىغۇچىلاردىن بىرى بالىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئات قوي-
دى. ئايال يالۋۇرۇپ، ئاتنى چۇلۇۋۇرىغا ئېسىلدى. نەسىردىنىنىڭ
بىر يىگىتى ئايالغا قىلىچ ئۇردى، ئايال يەرگە دۈم يىقىلدى. ئات
ئۇنىڭغا پۇتلىشىپ ئۆتتى.

— ئات! ئات! — دېدى نەسىردىن.

جازالىغۇچى بالىلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ باراتتى. ئىككى
ئۆسمۈر چەبدەسلىك بىلەن دۆڭدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ
ئارقىسىدىن ۋارقىراپ كېلىۋاتقان بىرى بەزىدە يىقىلىپ قارغا
پېتىپ قالاتتى ۋە يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا ئىنتىلەتتى،
ئاخىر بولالماي قالدى، نەپسى قۇرۇپ مادارىدىن كەتتى. بۇ
قېتىم قارغا يىقىلغان پېتى تۇرالماي قالدى. ئارقىدىن يېتىپ
كەلگەن ئاتلىق يەرگە چۈشۈپ:

— تۇر، مۇسۇلمانىنىڭ ئۇرۇقى! — دەپ ئاسلاننى قاماللد-
غاندەك، يەلكىسىدىن يۇلۇۋالدى. بالا گويا سۇغا چۆكۈپ كېتىـ-
ۋاتقاندەك:

— ئانا! ئانا! — دەپ ئەندىكەتتى.

جازالىغۇچى قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقاندا، بالا ئۇنىڭ قولىنى چىش-
لىۋالدى.

— ۋاي! ... — دېدى ئۇ قاقشاپ.

— ھەي! كىرىۋاناسوف! ھەي ... — دەپ ئارقىسىدىن
كىمدۇر بىرى چاقىرىپ، يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. كىرىۋاناسوف

ئۆزىنى چاقىرغان كىشىنىڭ شەرقشۇناس ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى باستى.

قانخور نەسىردىن: «بار! بېشىنى تاۋۇزدەك يېرىپ تاشلا!» دەپ دوق قىلاتتى. شەرقشۇناس يېتىپ كېلىپ:

— ھەي، بۇ نېمىدېگەن ئەخمەقلىق، كىرىۋاناسوف؟ كىچىك باللارنى قوغلاپ...

نېمىلا بولمىسۇن، شەرقشۇناس ئۇقۇمۇشلۇق، ھۆرمەتلىك ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، جازالىغۇچى بالىنى قويۇۋەتتى.

— ھۆرمەتلىك... ئاخىر يوق قىلىشىمىز كېرەك؟!

— قايت! — دېدى شەرقشۇناس قەتئىي بۇيرۇق بېرىپ، — يوق قىلىش كېرەكمىش! باتۇرلۇقىنى قاراڭ؟!

— ھە، بولىدۇ! — دېدى كىرىۋاناسوف ۋە ئېسىل بىر ئولجىنى قولدىن چىقىرىپ قويغاندەك، بالىغا بىر قاراپ قويۇپ ئېتىغا مىندى.

نەسىردىن شەرقشۇناس بىلەن غىجىلىشىپ قالغان كىرىۋانا-سوفنى كۆرۈپ: «بۇ كالدۇر - كۇلدۇرلارغا نېمە بولدى؟» دەپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى.

ماسىي قىشلىقىمۇ ئارقىدا قالدى.

ئەترەت تاغ ئېتىكىدىكى بەش ئائىلىدىن ئىبارەت بولغان بوزئوتاۋ، تاشقىرا ۋە باستراما قىشلاقلىرىغا كەلدى. بۇ يەردىكى-لەر ئاڭلىمىغانمۇ ياكى قاچالماي قالغانمۇ، ياكى باشقا بىرەر سەۋەب بىلەنمۇ، ئىشقىلىپ، قىشلاقتىكىلەر ئۆز جايىدا ئىدى. بىر يىگىتنىڭ بېلىدە ئېسىلىپ تۇرغان پىچاقنى كۆرگەن ئونتىر ئوفىتسېر:

— نوۋ! بۇياققا سۆرەپ كېلىڭلار! — دېدى.

يىگىتنىڭ قولىنى دەررۇ ئارقىسىغا باغلاشتى. بىر دەمدىلا قىشلاقنى داد - پەرياد قاپلىدى. يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئالا- كاللا سېلىپ يىغلاشتى.

www.uyghurkitap.com

گېنېرال سكابېلېق قاشقىر تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا كىي-
يىۋالغان بولسىمۇ، ئات ئۈستىدە يەنە مۇزلىدى. تەرجىمانىنىڭ
ئىلتىماسى بويىچە، بىر ئۆيگە كىرىپ، دەم ئالماقچى بولدى.
گېنېرال كىگىز سېلىنغان، ئوتتۇرىدىكى ئۈچ پۇتلۇق تۆمۈر
چەمبىرەك ئاستىدا تېزەك تۇتەپ تۇرغان كىگىز ئۆيگە كىردى.
ئۇ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئوتنىڭ ئالدىدا بۇرنى ئېقىپ قالغان
بىر بالا ئولتۇراتتى. گېنېرال بالىدىن يىرگىنىپ تەتۈر قارىۋال-
دى. تەرجىماننىڭ گېپى بىلەن كىمدۇر كىرىپ، بالىنى سۆرەپ
سىرتقا تاشلىۋەتتى. ئوچاققا ئوتۇن تاشلىنىپ ئوت ئۇلغايتىلدى.
سكابېلېق ئازادە ئولتۇرۇپ، قولىنى ئوتقا قاقلىدى.
ئىشىكتىن ئونتىر ئوفىتسېر، ئۇنىڭ كەينىدىن ئاغزى قۇ-
لىقىغا يەتكەن نەسىردىن كىرىپ كەلدى. ئونتىر ئوفىتسېر:
— ھەزرىتى ئالىيلىرى، قورالى بار قارا قىرغىز قولغا
چۈشتى ... — دېدى. گېنېرال ئۇلارغا قارىماي:
— جاجىسىنى بېرىڭلار! — دېدى.
شەرقشۇناس قورالغا قىزىقىپ، ئۇنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ
قارىدى: ئاددىي پىچاق.
— مىخايىل دېمىترىيېۋىچ، — دېدى شەرقشۇناس، — بۇ
تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى پىچاق، ئۇنى
قورال دېيىش كۈلكىلىكقۇ!؟
گېنېرال ئۆز سۆزىنى قايتۇرۇۋېلىشتىن نومۇس قىلدىمۇ،
ئەيتاۋۇر:
— بەرىبىر كېسىدىغان نەرسىغۇ؟ — دەپ قويدى. شەرقشۇ-
ناس نەسىردىنگە يەپ قويغۇدەك تىكىلىپ، چالۋاقىدى:
— ئۇيالماسەن؟ خۇددى زەمبىرەك تېپىۋالغاندەك ھولۇ-
قۇپ كېتىپسىنا؟!
نەسىردىن ئىزا تارتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە:
— ياق، ھەزرەتلىرى، بۇنىڭدا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بولى-

دۇ! — دېدى. شەرقشۇناسنىڭ ئۇنىڭغا قادالغان كۆزلىرى يىرگىنچ بىلەن سوغۇق پارقىراپ كەتتى. ئوتتىر ئوفىتسېر بىلەن نەسىردىن يىگىتنى جازالاش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. شەرقشۇناس چىدىيالماستىن، ئىسسىنىپ ئولتۇرغان گېنېرالغا مۇنداق دېدى:

— مىخايىل دېمىترىيېۋىچ، قورالسىز ئادەملەرنى قىرىش، كىچىك بالىلارنى قوغلاپ يۈرۈش ئېتىش تەربىيە كۆرگەن مەدەنىيەتلىك ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەسقۇ؟!

— رەھىمدىل ئادەمسىز، ئىۋان ۋاسىلىيېۋىچ، بۇ ماڭا چۈشىنىشلىك، — دېدى گېنېرال قايىللىق بىلەن، — مېھىر-مۇھەببەتلىك بولۇش ياخشى پەزىلەت. بىراق، ئۇرۇش — ئۇرۇش-دە!

— بارلىق مەدەنىيەتلىك، تەرەققىي قىلغان خەلق ئالدىدا شەرمەندە بولىمىز. كىچىك بالىنى توشقاندەك قوغلاپ ئېتىش نېمىدېگەن گەپ؟ ياق، كازاك كىرىۋاناسوف جاۋابكارلىققا تارتىلسۇن!

— شۇنداق قىلمىساق، مىخايىل دېمىترىيېۋىچ ...

— زادى نېمە دېمەكچىسىز، ئىۋان ۋاسىلىيېۋىچ؟ روسىيىگە باش ئېگىشنى خالىمىغان بىر ياۋايى ئاسىيالىقنىڭ جازاسىنى بەرگىنى ئۈچۈن كازاكنى جاۋابكارلىققا تارتامدۇق؟ كازاك كىرېست تاقاشقا ئەرزىيدۇ، ئىۋان ۋاسىلىيېۋىچ، سىز بۇنىڭغا رازى ئەمەسمۇ؟

— رازى ئەمەسمەن. ئۇنداق قىلساق، يەرلىك خەلق نېمە دەيدۇ؟ بىزنى ئەتىدىن-كەچكىچە كۆزىتىپ يۈرۈۋاتقان ياۋروپا نېمە دەيدۇ؟

گېنېرالنىڭ كۆك مونچاقتەك يالتىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۇچقۇن چاقنىدى.

— كىمنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن بىزنىڭ كارىمىز يوق،

www.uyghurkitap.com

ئىۋان ۋاسىلىۋىچ. روسىيە تاتار ـ موڭغۇللارنىڭ ئىستىبلاسىدىن ئاز دەرد تارتتىمۇ؟ ئەمدىلىكتە، ئاشۇ مەجرۇھ روسىيە چوڭ مەملىكەتلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. سىز بىلىملىك ئادەمسىز: ھازىر ياۋروپادا روسىيە بىلەن تەڭلىشەلىدىغان پەقەت قىرى ۋىكتورىيە ئىمپېرىيىسىلا قالدى. دېمەك، روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كېلەچىكى پارلاق. سىز بىلەن بىز، مۆھتەرەم ئىۋان ۋاسىلىۋىچ، تۈركىستاننى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئافغانىستاننى ئەنگلىيىدىن بۇرۇنراق ئىشغال قىلىپ، پامىرغا چىقىۋالساق، بۈيۈك مەملىكىتىمىزنىڭ تەسىر كۈچى پۈتۈن دۇنيادا بىرنەچچە يۈز يىل داۋام قىلىدۇ. روسىيە ئالدىدا ئىككىمىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەنە شۇنداق يۈكسەك! — گېنېرال سكابېلېف راھەتلىنىپ كۈلدى، — ئەپسۇسكى، سىز بولسىڭىز، ئەرزىمىگەن ئىشلار بىلەن ئاۋارە!

شەرقشۇناسنىڭ قاپىقى ئېچىلمىدى:

— تۈركىستان ئاسىيادىكى مەدەنىيەتتە يۈكسەلگەن خەلقلەرنىڭ بۆشۈكى. ھازىر بولسا، دىنىي ۋە تارىخىي شەرت ـ شارائىتلارنىڭ سەلبىي تەسىرى ئاستىدا، بۇ ئۆلكىدە ئادەملەرنىڭ دۇنيا قارىشى بىر ئاز ئارقىدا قالدى. چىڭگىزخاندىن كېيىن ھېچكىم ئىچكىرىگە ئات سېلىپ كىرمىدى، تۆمۈرلەڭدىن كېيىن ھېچكىم سىرتقا ئات سۈرۈپ چىقمىدى. ئاقىۋەتتە مەملىكەت ئۆز ئىچىدە بېكىنىپ قالدى. ئەمدىلىكتە ئەنە شۇ خەلق باشقا خەلق بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشى زۆرۈر. باشقىچە تەرەققىيات يولىنى تۇتۇش، باشقىچە تەرتىپ ئورنىتىش، ھاياتقا باشقىچە مۇئامىلىدە بولۇش، باشقىچە كۆرەش قىلىش — بۇ خەلقنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ. ئۆزىگە قوشۇلغان باشقا خەلقلەرنىڭ ياخشى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرسە، پايدىسى تېگىدۇ. شۇ چاغدىلا، ئەل ـ يۇرت يېڭىلىنىدۇ، ياشاش ئۇسۇلى ئۆزگىرىدۇ. ئەنە شۇ يول بىلەن روسىيە، سىز ئېيتقاندەك، ھېلىقى كېلەچىكىنى شۇ خەلق بىلەن بىرلىكتە مۇستەھكەملەيدۇ! مانا، مىخايىل دېمىترىيېۋىچ، مەن

بىلگەن روسىيىنىڭ تارىخىي بۇرچى شۇ...

گېنېرالنىڭ بۇرۇتى دىردىيىپ، جىم بولۇپ قالدى. شەرقشۇناس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— دۇرۇس، قان تۆكمەي ئۇرۇش بولمايدۇ، ئەمما بىگۇناھ ئاياللار بىلەن كىچىك بالىلارنى قىرىش ئەقىلگە سىغمايدۇ. بۇ ۋەھشىيلىك! بىز ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، ئەقلى تولغان رۇس سۈپىتىدە ياخشى مۇئامىلە بىلەن ئىش پۈتتۈرۈشىمىز كېرەك! ئەلۋەتتە، ھەرگىزمۇ كىرىۋاناسوفقا ئوخشاش يىرتقۇچلۇق بىلەن ئەمەس!

گېنېرال سكابېلېۋ دۇدۇقلىنىپ قول شىلتىدى:

— بۇ گەپلىرىڭىزنى، قەدىرلىك ئالىم، پېتربۇرگ قەھۋەخانىلىرىدىكى ئايىنىغان ئادەملەرگە سۆزلەڭ. شۇ يەردە ئاغزىنى كۆپۈك كەلگۈچە تالىشىپ - تارتىشىدىغانلار، ياقلىغۇچىلار تېپىلىدۇ ياكى روسىيىنىڭ تاشقى دۈشمەنلىرىگە ...

— مەن كېتىمەن! — دېدى شەرقشۇناس، — ۋەھشىيلىككە شېرىك بولغۇم كەلمەيدۇ. بىز بىر - بىرىمىزنى چۈشەنمەيدىكەنمىز!

— خالىغان ئىشنى قىلىش، كۆڭۈل تارتقان جايغا كېتىش ئىككىمىزگە ياراشمايدۇ. بىز ئومۇمىي روسىيە ئىمپېراتورىنىڭ ئالدىنقى فرونتىدىكى ئەسكەر ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇماڭ!... ھە، ئېيتقاندەك، سىز شتاب كاپىتانى، بۈگۈنكى جەڭ قەھرىمانى كازاك كىرىۋاناسوفقا بارلىق ئەترەت ئالدىدا مېنىڭ تەشەككۈرۈمنى ئېيتىپ، ئىمپېراتور نامىدىن كرېست تاقاپ قويىسىز! ئاڭلىدىڭىزمۇ؟...

بۇ، يۈرىكى پاك، ھەقىقىي دېموكرات شەرقشۇناسقا نىسبەتەن جازا ئىدى.

تاشقىرىدا سولداتلار، نەسىردىننىڭ يىگىتلىرى ھېلىقى يىگىتنى ئۆرۈمە قامچا بىلەن ئۆرۈۋاتاتتى. ئاپئاق چاچلىرى چۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

ۋۇلغان موماي يىگىتنىڭ ئەتراپىدا ۋارقىراپ، داد - پەرياد سېلىپ پەرۋانە بولاتتى.

— ئايلىناي قۇلۇنۇم، كۆزۈمنىڭ قارىچۇقى...

— ئانا، ئانىجان! ماڭا قارىماڭ، ئانامنى ئەكېتىڭلار! — دېدى يىگىت تەسلىكتە ئىڭراپ. ئاپئاق ساقىلىغا تاراملاپ ياش تۆكۈلۈۋاتقان بوۋاي «قوي!» دېگەندەك مومايغا ئىشارەت قىلدى. يىگىت ھوشىدىن كەتتى. سولداتلار ئۇنى سۆرەپ بېرىپ، دەرەخنىڭ ئاچىمىقىغا ئاستى. يىگىت ئاخىرقى قېتىم تولغىنىپ جان بەردى. ئونتىر ئوفىتسېر كۈلۈپ، ئېسسىقلىق يىگىتنىڭ ئىشتىنىنى قىلىچ بىلەن سىيرىپ، ئايىغىغا چۈشۈرۈپ قويدى... سولداتلار، ئوفىتسېرلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى. بۆرە ئارىسىغا كىرىپ قالغان قوزىدەك تىترەپ تۇرغان قىشلاق ئاھالىسى يۈزلىرىنى تۇتۇۋېلىشتى.

— كۆرۈپ قويۇڭلار! بىزگە، ئۇلۇغ ئاق پادىشاھقا كىم قول كۆتۈرسە، مۇشۇنداق بولىدۇ. كۆرۈپ قويۇڭلار... — دەپ ۋارقىرايتتى نەسىردىن.

سولداتلار توپلانغانلارنى دوق - پوپوزا بىلەن تارقاتتى.

گېنېرال سكابېلېف بىرئاز ئىسسىنىپ، ئازراق ھاراق ئىچىپ، غىزالانغاندىن كېيىن تاشقىرىغا چىقتى. ھويلا ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەنى كۆرۈپ، باشقا تەرەپكە شارتتىدە بۇرۇلۇپ كەتتى. نەزەرىدە، شەرقشۇناسنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ باشقا قەبىھلىككە ئۆتمىدى. شەرقشۇناسنىڭ سۆزى تەسىر قىلدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ ئادەمگەرچىلىكىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدىمۇ، ھەرھالدا قىشلاقنى ئۆز ھالىغا قويۇپ مېڭىپ كەتتى.

يول بويى ئۇنى شەرقشۇناس ئالىم بىلەن بولغان مۇنازىرە خىيالىغا چۆمدۈردى. كازاك كىرىۋاتاسوفنىڭ شەنىگە ئېيتىلغان سۆزلەر ئۇنىڭ ئۆزىگە تەگكەندى. كەچقۇرۇنلۇق دەم ئېلىش

ۋاقتىدا، ئۇ پايتەختتىكى سىرداش دوستى «پېتربۇرگ ۋېداماس-
نى» گېزىتىنىڭ رىداكتورى مەرۋىنگە خەت يازدى: «... دوستۇم
مەرۋىڭ! بۇ تەرەپتىكى ئىشلار ئەنە شۇنداق. بىراق، بۇنى سەن
گېزىتىڭدە چىقارمىغىن! مەن ئىنسانىيەتنىڭ كۆزىگە ياۋايى
يىرتقۇچ بولۇپ كۆرۈنۈپ قالماي! مېنىڭ پرىنسىپىم شۇ: ئاسى-
يادىكى توپىلاڭنى باستۇرۇش. باستۇرۇش — بۇ يەردىكى خەلق-
نىڭ قىرىلىشىغا باغلىق. زەربە قانچىلىك كۈچلۈك بولسا، دۈش-
مەن شۇنچىلىك تېز بېسىلىدۇ!» گېنېرال ئۆزىنى ئۆزى ئاقلى-
ماقچى بولۇپ، پىكرىنى ئەنە شۇنداق ئېنىق ۋە ئاشكارا يازدى.

## 8

ئۇلارنىڭ چەيۋەيگە قايتىپ كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولۇپ
قالدى. كەلگەن كۈنىلا مۆمىن ئېكىنزار تەرەپكە چۈشۈپ كەتكە-
نىدى. شۇنىڭدىن بېرى، خۇددى سۇغا چۆكۈپ كەتكەندەك ھېچ-
قانداق دېرەك يوق.

ئىسھاق غارنىڭ ئىچىدە ئاستىغا قومۇش سېلىپ، ئىسسىق
چاپىنىنى يېپىنىپ، پەستە يىلتىزىدىن چۈشكەن چوغدا ئىسسى-
نىپ ئولتۇراتتى. يىگىتلىرى ئوۋلاپ كەلگەن ئولجىلىرىنى ئوتتا
كاۋاپ قىلىشاتتى. مۆمىن نېمە ئۈچۈن ئىز - دېرەكسىز يوقال-
دى؟ بېكىنەزەرچۇ؟ ئۇلار نېمە بولدى؟ ئىسھاق كۆزىنى ئاچماي،
مۈگدەۋاتقاندەك ئولتۇرۇپ ئەنە شۇلارنىڭ ئويلايتتى.

مىرزاقۇل يۆزبېشى كىردى. گۇلخان ئەتراپىدا ئولتۇرغان
يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— قانداق؟ بىرەر خەۋەر بارمۇ؟ — سورىدى ئىسھاق بېشى-
نى كۆتۈرۈپ، مىرزاقۇلنىڭ كەيپىياتىدىن زېرىككەنلىكى ئېنىق
كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— ياق ... — دەپ توڭلىغان قولىنى ئۇۋۇلاپ ئوتقا تۇتتى.

www.uyghurkitap.com

— مېنى قاراۋۇلتۆپىگە ئاپىرىڭلار...

— شۇنداق سوغۇقتا، — دېدى مىرزاقۇل، — قاراۋۇلتۆپىدە نېمە بار؟

ئىسھاق گەپ قىلماي يەرگە تايىنىپ، ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى. يىگىتلەر يۆلەشتى. ئۇنى زەمبىلدە كۆتۈرۈپ، ئاستا ئېلىپ مېڭىشتى.

قاراۋۇلتۆپە نامىغا يارىشا قالتىس يەر ئىدى. ھەممە تەرەپنى ئالىقاندا تۇرغاندەك كۆرگىلى بولاتتى ھەم بۇ يەر شۇنداق چىرايلىق بولۇپ، بۇ تەرىپىدىن پەرغانە ۋادىسى، ئۇ تەرىپىدىن ئوش ۋادىسى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئالدى تەرىپىدە قارغا پۈركەنگەن چاتقال تىزما تاغلىرى قەد كۆتۈرۈپ بولۇپ، تاغنىڭ ئېتىكىدە تاشكەنت چىرايلىق سوزۇلۇپ ياتاتتى. باش تەرىپىدە سۆسەمىر، ئوڭ تەرەپتە توغۇزتۇرا، ئۆزگەن بار ئىدى. ئالايقۇۋ بىلەن ئالاي تاغىرى بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنىدى. سول تەرەپتە بولسا، ئۇلۇغ تاغ قىرغىز ئاتا بىلەن ئالتۇن بۆشۈككە ئۇلىنىپ، تۇتىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بىر ئۇچى سىرىق تاغلىرىغا تاقىلىپ ، يەنە بىر ئۇچى خوجەندنى قورشاپ ياتاتتى. ھەر ئىككى تىزما تاغلارنىڭ ئاخىرلاشقان جايى گۈزەل پەرغانىنىڭ تاش دەرۋازىسىغا ئوخشىشىپ كېتەتتى...

ئاسمان غۇبارسىز، ھاۋا سوغۇق. يىگىتلەر سوغۇقنىڭ كۈچىدىن نېرى - بېرى مېڭىشاتتى. ئاخىر ئۇلاردىن بىرى:

— تەقسىر، سوغۇق ئۆتۈپ قالمىسۇن، — دەپ ئۆزلىرىنىڭ چىدىيالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئىسھاق گەپ قىلمىدى. يىگىت گۇپ - گۇپ قىلىپ يەرنى تېپىپ جاۋاب كۈتۈپ تۇردى.

— باتۇر، سىلەر غارغا بېرىۋېرىڭلار، مەن بىر ئاز ئولتۇراي ...

— مېنىڭ پۇتىڭىزغا زەرەر يەتمەسمۇ؟

— ھەي ... ئېچىنغۇدەك نېمە قالدى؟ ئۆزۈڭلارنى ئېھتىيات قىلىڭلار، بىر ئازدىن كېيىن ئەكىتەرسىلەر ...

يىگىتلەر غارغا چۇشۇپ كەتتى. ئىسھاق زوق بىلەن ۋادىغا تىكىلدى. گۈزەل پەرغانە! سىر دەريا بىلەن قارا دەريا تەڭدىشى يوق بۇ ۋاقىتنىڭ قان تومۇرلىرى. تۇپرىقى ئالتۇن، سۈيى كۆمۈش بۇ دىيارنىڭ قەيېرىگە نېمە تىكسەڭ كۆكىرىدۇ. گۈزەل باغلىرى جەننەتكە بەرگۈسىز، مىڭ خىل مېۋە پىشىدۇ. ئاتا باغرىدەك كەڭ، ئانىدەك مېھرىبان سېخىي ئۆلكە! ...

ئۇلۇغتاغ باغرىدىن بۇركۇت ئايلىنىپ چىقتى. ئىسھاق قىزىقىپ قارىدى. يولۋاسقا چاڭ سالغان قۇش تاش ئۇستىدە ئولتۇرغان يالغۇز ئادەمنى كۆردىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر - ئىككى ئايلىنىپ، ئىسھاقنىڭ يېنىدىكى قىياغا قوندى، ئاندا - مۇندا تىكىلىپ، تەلپۈنۈپ تۇمشۇقىنى شاقىلداتتى. قەھرىمانلىقنىڭ سىمۋولى بولغان بۇركۇتنىڭ تۇمشۇقىنى شاقىلدىتىشى گويا ئۇنىڭغا: «كەل، پالۋان، مەن بىلەن يىراقلارغا — قەبىھلىك، ئىپلاسلىقلاردىن خالىي بولغان يەرلەرگە ئۇچ!» دېگەندەك بولدى. يەنە بىر قېتىم «شاق» قىلىپ، قانات راسلىشى بولسا، خوشلاشقاندەك تۇيۇلدى. ئىسھاقنىڭ چېھرىسىدە پەيدا بولغان تەبەسسۇم ئورنىنى غەمكىنلىك ئىگىلەپ، قىرو باسقان كىرپىكلىرىنى مىدىرلاتماي خىيالغا چۆمدى ...

تۆت يىگىت قايتىپ كەلدى. ئىسھاق ئۇلاردىن:

— بىرەر خەۋەر بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بار، تەقسىر.

— بارايلى...

يىگىتلەر ئىسھاقنى زەمبىلگە سېلىپ ئەكېلىشتى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن ئەھۋالنىڭ ياخشىئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئادەملەر غار ئالدىغا يىغىلىشقانىدى. ئاتلار ئېگەرلىنىپ، قامچىلار ئېگەرنىڭ تۇمشۇقىغا ئېسىلغانىدى. نېرىقى تەرەپتە كىمدۇر غۇ-

دۈرىغاندەك قىلدى. ئىسهاق ئۇنىڭ ئاۋازىدىن مۆمىن ئىكەنلىكى-
نى تونۇدى. ئۇنى كۆرگەنلەر ئۆز ئورنىدا قېتىپ قېلىشتى.
بىر بۇرجەكتە مىرزاقۇل يۇزبېشى قولىدا بىر ئاتارلىق تاپاڭ-
چا بىلەن، ئىككىنچى بۇرجەكتە بولسا، يالىڭاچ قىلىچ تۇتقان
مۆمىن سەركەردە تۇراتتى. غەزەپتىن ھەر ئىككىسىنىڭمۇ چېكە
تومۇرلىرى بۆرتۈپ، كۆكىرىپ كەتكەنىدى، كۆزلىرى چانىقىدىن
چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. ئىسهاق ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە
ھۇرپىيىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى.
مۆمىن:
— ساتقۇن! ئات! نېمىشقا قاراپ تۇرىسەن؟ — دېدى،
ئۇنىڭ سارغۇچ كۆزلىرى ئېتىلىشقا تەييارلانغان يولۋاسنىڭكىدەك
ياناتتى. مىرزاقۇلمۇ تاپانچا تەپكىسىنى بېسىشقا تەييار ئىدى.
ئۇلار ئىسهاقنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئەلپازىنى ئۆزگەرتمىدى.
يىگىتلەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى يېرىپ ئۆتۈپ، زەمبىلنى تۆرگە
قويۇشتى.
— سىلەرگە نېمە بولدى؟ — دېدى ئىسهاق مەيۈسلۈك
بىلەن.
— بۇ ئىتنى قارىمامسەن؟ — دېدى مۆمىن، — ئۆزىگە
ياقمىغان يىگىتلەرنى باغلىتىپ تاشلاپتۇ. ئىشىكتىن كىرىشىم
بىلەن بۇ ساتقۇن ماڭا ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. سېنى باش قىلىپ،
ھەممىمىزنى باغلىتىپ، ئاتقا ئارتىپ بېرىپ، ئىسكابىل پاشادىن
مۇكاپات ئالارئىمىش...
ئىسهاق نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى. يىگىتلەرنىڭ قاپاق-
لىرى سېلىنغانىدى. مىرزاقۇلنىڭ يۈزى قارا، نىيىتى ئالا بول-
غىنى ئۇچۇن باشقىلارغا قاراشقا پېتىنالمايتتى.
— قاچان كەلدىڭ، مۆمىن؟
— كەلگىنىم قۇرۇسۇن! ... — دېدى مۆمىن، —
نېمىسىنى ئېيتاي، ئەھۋال يامان. ۋابا تەگكەندەك قەدەم باسساڭلا

ئۆلۈككە يۆتلىشىسەن. ھەممە يەرگە ئوت قويۇلغان. ئىسكابىل پاشا بىلەن نەسىردىنخان بىزنى ئىزدىشىۋاتقانمىش.

ئىسھاق سوغۇق تەگكەندەك تىترەپ كەتتى.

— شۇنداقمۇ؟ ئىزدىگىنى بىز بولساق، بىزنىڭ تىرىك يۈرگىنىمىز ئەل بېشىغا جاپا ئىكەن ـ دە؟!...

بۇ گەپنىڭ توغرىلىقىنى ھەممىسى بويىنىغا ئالغاندەك، ھېچ-كىم لام ـ جىم دېمىدى.

— قانغا بويالغان كۆڭلىكىمىزنى كۆرمىگۈچە خەلق بىزدىن ئۈمىدنى ئۈزمەيدۇ. دۈشمەنىنىڭمۇ ئۆچى تۈگىمەيدۇ، كۆڭلى جايىغا چۈشمەيدۇ! — دېدى ئىسھاق، — تاشلا قىلىچىڭنى، مۆمىن باتۇر! ئۆزۈڭ مېنىڭ قولۇمنى باغلا!

ئاھ، ئەر يىگىت، ھېچ ئويلانماي ئاتتىن چۈش،
ئۆز ئىلىڭگە يۈك بولغان چېغىڭدا.
يېنىڭدىكى قىلىچىنمۇ يېشىپ بەر،
سېتىۋالغىن، ئۆلۈمنى ساتماقچى بولغاندا!...

يادىڭدا بارمۇ، مۆمىنجان ھېلىقى قەلەندەر بىزگە شۇنداق دېگەنىدى؟!

مۆمىن، مىرزاقۇل ۋە باشقىلارمۇ ئويلىنىپ قالدى.

— مەن قولغا چۈشمەيمەن! — دېدى مۆمىن، — ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، ئىسھاق ئاكا! ئۆزۈمنى ئوردىنىڭ ئىتلىرىغا تالىتىپ قويمايمەن! بېشىم قايغان تەرەپكە كېتىمەن، ئىسھاق ئاكا.

— بار، مۆمىنجان، كېتىۋەر، — دېدى ئىسھاق ئاۋازاي تىترەپ، خىرىلداپ، — مەن سېنىڭ جېنىڭغا زامىن بولماي، دوستۇم. بوپتۇ، كېتىۋەر، قىيامەتتە كۆرۈشەرمىز...

مۆمىن ئىسھاققا بىر قاراپ قويدى ـ دە، قىلىچىنى يالىڭاچ

تۇتقىنىچە غاردىن چىقىپ كەتتى. ھېچكىم گەپ قىلمىدى. مىر-
زاقۇلمۇ ئۇنىڭ يولىنى توسۇمىدى. ئىسھاق خۇددى بۈركۈتى
تۇيۇقسىز قولىدىن ئۇچۇپ كەتكەن ئوۋچىدەك بوشىشىپ تۇرۇپ
قالدى.

... مەرغىلان.

قارلار كېتىپ، يەردىن ھور كۆتۈرۈلەتتى، ھاۋا ئىسسىپ قالغانىدى. مۇشۇ 1876 ـ يىلىنىڭ 3 ـ ئېيىدا، مەرغىلان ئوردىسىنىڭ كەڭ مەيدانىغا ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئادەم توپلانغانىدى. ئوتتۇرىدا دار، تۆت تەرەپكە زەمبىرەكلەر تىزىلىپ، ئېتىشقا تەييارلىنىپ تۇراتتى. گراف زاكامېلېسكىينىڭ باتالىيونى بىلەن لەشكەرلەر ئوردىنى ئىچىدىنمۇ، تېشىدىنمۇ زىچ ئورىۋالغانىدى.

— ئەنە! ئەنە! — دېدى دەرەخكە چىقىۋالغان بىر كىشى.

— گېنېرال گوبېرناتورغۇ! — دەۋەتتى شېرىكى. ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا شىۋىر ـ شىۋىر باشلاندى. ھەممە كىشى ئوردا تەرەپكە تىكىلدى.

ئوردا تەرەپتە بىرتوپ ئادەم كۆرۈندى. ئوتتۇرىدا تۇرغان سۆلەتلىك بىرىنى گېنېرال گوبېرناتور دېسە ئەرزىيدۇ. ئومۇمىي روسىيە ھۆكۈمدارى تەرىپىدىن چەكسىز ھوقۇق بېرىلگەن. «كەيفمان I» دەپ نام قازانغان شەخس! ئۇنىڭ يېنىدا گېنېرال سكابېلېف، گراف زاكامېلىسكىي ۋە باشقىلار بار ئىدى. ئارقىدىراق خۇدايار، نەسىردىن، ئابدۇراخمان، سەيىد مەۋلانبەگلەر كېلەتتى. ئەڭ ئاخىردا ئىتتەك ئەگىشىپ كېلىۋاتقان مىرزاقۇل كۆرۈندى.

فان كەيفمان باشچىلىقىدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىلەر مەخسۇس ياسالغان ئورۇندىن جاي ئېلىشتى. گېنېرال گوبېرناتور خالايىققا قاراپ سۆز قىلدى:

— كۆپ يىللاردىن بېرى سىلەرنىڭ خاتىرجەملىكىڭلارنى

بۇزۇپ، تىرىكچىلىكتىن قالدۇرغان يۇرت بۇزۇقى، ئوغرى ئىسھاق قولغا چۈشتى!

تاتار تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. خۇدايار سىر بەرمەي، نەسىردىن ئۆزىنى تۇتالماي ئولتۇراتتى.

مىڭ - مىڭ بولۇپ كەتكەن خەلق ئىچىدە چاچ - ساقىلى ئۆسۈپ، ئوي - خىيالىدىن كۆزلىرى قىزارغان بىر دىۋانە ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ مۆمىن ئىدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرمەيدى. مۆمىننىڭ مۇددىئاسى ئۆزى ئۈچۈن قەدىرلىك بولغان ئادەمنى ئاخىرقى مەرتىۋە كۆرۈۋېلىش ئىدى…

دومبىرىلار چېلىندى. خەلق زىندان تەرەپتىن كېلىۋاتقان تۆت ئاتلىققا يۈزلەندى. ئاتلىقلارنىڭ ئىككىسى كازاك، ئىككىسى يەرلىك لەشكەر ئىدى. دومبىرا ۋە كانايلار توختىماي چېلىنىپ ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ئېزەتتى. ئەنە، تەقى - تۇرقىدىن تونۇپ بولماس دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىسھاق ئاقساقلىنىپ كەلمەكتە. ئايىغىنى كۆچ بىلەن سۆرىگەنسېرى كىشەنلەر تېخىمۇ جالدىرلايتتى. «پوش!» «پوش!» دەپ يول ئېچىپ كېلەتتى. ئىسھاق پىسەنتىگىمۇ ئالماي، ئۆلۈمگە تىك قاراپ، خۇددى قەپەسكە چۈشكەن بۈركۈتتەك ئەتراپقا ئاندا - ساندا پەرۋاسىز قاراپ قوياتتى.

دار ئاستىغا بارغاندا، ئاتلىقلار ئىسھاقنى سولداتلارغا تاپشۇرۇپ قايتىشتى. جازانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋەزىپىسى پولكوۋنىك گراف كامېلېسكىيگە تاپشۇرۇلغانىدى. گرافنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، دار ئاستىدا سولداتلار ئىسھاقنىڭ قول - پۇتىنى يەشتى. خۇدايار ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈدى. ئابدۇراخماننىڭ نېمىشقىدۇر روھى سۇنۇق، پەقەت نەسىردىنلا كۈلۈپ، پات - پات فان كەيفمانغا قاراپ قويۇپ، ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— ھەي، ئوغرى ئىسھاق، تېگى پەس لالما! ئەمدى ھالىڭ قانداق؟! ئەمدى بارىدىغان جايىڭ تەييار!

ئىسھاق ئاقساقلاپ كېتىۋېتىپ، ئارقىغا قايرىلىپ:

— ھە، يۇندىخور، ھاۋشىۋاتقان سەنمىدىڭ. سەن تېخى بۇ دۇنياغا ئىگە بولماقچىمۇ؟ قاراپ تۇر، ئىتتەك سۆرىلىپ ئارقامدىن بارىسەن! ... — دېدى.

خالايىق كۈلۈۋەتتى.

— تېز! — دېدى پولكوۋنىك زاكامېلىېسكىي. سولدات مىلتىق قونداقى بىلەن ئىسھاقنى ئىتتەردى. ئىسھاق ئارقىغا بۇرۇلۇپ:

— نېمىگە ئالدىراپسەن! ؟ ئۆلگۈرىسەن تېخى! — دەپ دار تەرەپكە قەدەم قويدى، گەرچە مېيىپ پۇتى ئازابلاۋاتقان بولسىمۇ، چاندۇرمىدى.

مۆمىن ياش پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئىسھاقتىن ئۈزمەيتتى، يىغا بوغۇزىغا تىقىلاتتى، تۇغقاندىن چارە بولۇپ كەتكەن ئىسھاققا يۈرىكى تۈزدەك ئېچىشىپ، ئەندىكىپ تۇراتتى. ئۇ غايىبانە خەيرلىشىۋاتقانىدى.

فان كەيفمان ئىسھاقنى «تۈركىستان خەلقىنىڭ دۈشمىنى»، «يۇرت بۇزۇقى»، «ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى» سۈپىتىدە ئەيىبلەپ، ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش ھەققىدىكى ھۆكۈمنى ئوقۇدى.

ئىسھاق ئەتراپتىكى ئادەملەرگە قاراۋېتىپ، خىيالىدىن شۇنداق پىكىر يالت قىلىپ ئۆتتى: «خۇشاللانغانلار بولۇشى مۇمكىن. ئەجەبا، يىغلىغانلارمۇ بولسا - ھە؟! — ئۇ سۈزۈك ئاسمانغا، تاغلارغا باش قويغان توپ - توپ بۇلۇتلارغا قاراۋېتىپ ئىچىدە، — «خەيرخوش، خەيرخوش، ئانا يۇرتۇم... خەيرخوش، خەلقىم... يامانلىقلىرىمنى كەچۈرگىن، ياخشىلىقلىرىمنى سۆزلەپ يۈرگىن ...» دېدى.

دومبىرا تىنىمسىز جاراڭلايتتى. ئىسھاق پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇپ كۆزىنى يۇمدى. مۇزدەك سىيرتماق قارا يىلاندەك تولغى-

نىپ بويىنىغا ئورالدى. لەشكەر ئۇنىڭ ئاياغ ئاستىدىكى كۆتەكنى تېپىۋەتتى. ئىسھاق شىلتىق ئېتىپ ئېسىلىپ قالدى. ھەممە جىم! دومبىرا ئەۋجىدە!… ئۇ ئاخىرقى قېتىم بىر تولغىنىپ جان تەسلىم قىلدى. دومبىرا ئاۋازى ئاستا تىندى.

— ئاھ! باتۇردىن ئايرىلىپ قېلىپ، نېمە ياخشىلىق كۆرەتتىم!… نېمە تاپاتتىم!؟ … — دېگەن ئاۋاز جىمىلىقنى بۇزدى. بۇ نېمە؟ بۇ كىم؟ خالايىق ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قارىدى.

— ئاھ، باتۇردىن ئايرىلىپ قېلىپ نېمە تاپاتتىم! — دەپ يىغان چېكىپ كېلەتتى مۆمىن.

ئۇستىدە ئولتۇرغان فان كەيفمان، خۇدايار، ئابدۇراخمانلار ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. مۆمىن ۋارقىراپ تۇرۇپ ئىسھاقنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىدى. ئادەملەر ھەرىكەتكە كەلدى. بىراق مىلتىق ئاۋازلىرى ئەلنى باستى. پەقەت مۆمىننىڭ نالىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— تۇت! تۇتۇڭلار قاراقچىنى! — دەپ ۋارقىرىدى نەسىردىن. ئىككى لەشكەر، ئىككى كازاك مۆمىننى تۇتۇپ قولىنى قايرىدى. ئۇ قارشىلىق كۆرسەتمەي:

— ئېسىڭلار! مېنىمۇ قوشۇپ ئېسىڭلار! — دېدى ئەلەم بىلەن، — باتۇردىن كېيىن قېلىپ ياشىغاندىن ئۆلگىنىم ئەۋزەل!

پولكوۋنىڭ گىراف زاكامېلېسكىي توپلانغان خەقلەرگە قاراپ:

— ئادالەتلىك جازا بېجىرىلسۇن! — دېدى گىدىيىپ.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. كىشىلەر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قالدى …

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئالتىنچى قىسىم

## 1

ئابدۇللا بەگ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ۋېتگېنىشتېيىننى ئاداشتۇرۇپ، ئوتتۇز يىگىتى بىلەن سارىكۆل تاغلىرىنى ئېشىپ ئافغانىستانغا ئۆتۈپ كەتتى. ئەتراپ بوغدايلىق دالا ئىدى. يۇلغۇنلار شامالدا يەلپۈنەتتى. ساي ۋە جىلغا بويىدىكى ياۋا ئوت - چۆپلەر سارغىيىشقا باشلىغانىدى. چېكەتكىلەر شۇلارنىمۇ قويماي، ئۇدۇل كەلگەن يەردىن يەپ تۈگىتىۋاتقانىدى.

ئابدۇللابەگ ياقا يۇرتتىكى بۇ ھالنى كۆرۈپ، جەننەتتەك پەرغانىنىڭ ئاش - نېنىنى، شېرىنىسى تىلنى يارىدىغان قوغۇنلىرىنى، شېرىن - شېكەر مېۋىلىرىنى ئەسلەپ ئۆكۈندى. ئۇنىڭ ھەسرە - نادامەت قاچىسى تولۇپ تاشتى.

ئۇلار دەريا بويىدىكى تاقىر يەرگە ئىككى چېدىر تىكىپ، ئارام ئېلىشتى. ئابدۇللا بەگ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئاتتىن چۈشمەي ھارغان بولسىمۇ، كۆزى نېمىشقىدۇر ئىلىنمىدى، ئۇيقۇسى قېچىپ، چەكمەن چاپىنىنى يەلكىسىگە ئارتىپ، سىرتقا چىقىپ خېلى ئايلىنىپ يۈردى. كۆزەتتە تۇرغان يىگىتلەر مۈگدەشكە باشلىغانىدى. ھەممە ياق جىمجىت تاڭ يورۇپ كەلمەكتە. ئۇ چېدىرغا قايتىپ كىردى - دە، پانپاشلاپ يېتىپ كۆزى ئىلىندى. تاشقىرىدىن گۈدۈك - گۈدۈك ئاۋاز ئاڭلاندى. ئابدۇللابەگ ئويغىنىپ كەتتى. قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى بىر بۇرجەكتىن چې-

دىرغا تىك چۈشۈپ تۇراتتى.

— يول بولسۇن؟ — دېدى كىمدۇر بىرى تۇركچىلەپ.

— قوقان تەرەپتىن، — دېدى ئابدۇللابەگنىڭ يىگىتى ئاقپالۋان، — ئافغان پاشاسىغا كېلىۋاتىمىز.

ناتونۇش كىشىلەر ئۆزئارا پارس تىلىدا سۆزلىشىپ قالدى: «ئەجەبا، ئەمىرنىڭكىگە مېھمانغا كېلىۋاتىمىز، دەيدىغۇ! ؟ يېگانە ئادەملەر ئىكەن، يالغان! بۇ قاراقچىلارغا ئەمىرنىڭ كۆزى چۈشەمدۇ؟! بۇ بىر باھانە، ئەتىلىككە بىرەر پېشكەللىككە قالمىساق بولاتتى؟!…» ئىككىنچىسى پارس تىلىنى ياخشى بىلىدىغان ئابدۇللابەگ: «يا خۇدا، ئەمدى بۇ كۆرگۈلۈك، بۇ تەشۋىشلەر بار ئىكەن ـ دە! ؟» مەيۈس كۈلۈمسىرىدى.

ئوتتۇرا ياشلارغا بېرىپ قالغان ئادەم بولسا كېرەك، مۇنداق دېدى:

— بوپتۇ، مۇسۇلمانلار، بۇ يەر قۇرۇق، بۈگۈنچە ھاردۇق ئېلىپ، ئەتىلىككە خۇدا بۇيرۇغان يەرگە كېتەرسىلەر!

ئاقپالۋاننىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى، بېشىنى لىڭشىتقان بولۇشى مۇمكىن. «چۇھ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئارقىدىن ئىككى ئاتنىڭ دۈپۈرلىشى بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. ئاقپالۋان چېدىرغا كىردى.

— سۇلايماننى چاقىرغىن، — دېدى ئابدۇللابەگ.

كۆپ ئۆتمەي ئاقپالۋان بىلەن بۇلغار ئاياغ كىيگەن، بېشى يالاڭ، كىمخاب چاپىنىنى يەلكىسىگە تاشلىغان سۇلايمان كىرىپ كەلدى.

سۇلايمان ئۇچقۇرغاندىكى مالىمانچىلىقتا جازا ئەترىتىگە تۇتۇق بەرمەي، سارىكۆل تاغلىرى ئارقىلىق قېچىپ كېتىۋاتقىنىدا، يولدا تويۇقسىز ئابدۇللابەگكە ئۇچراپ قالغانىدى. ئۇ قاپقانغا چۈشۈپ، پۇتى ئۈزۈلۈپ چىققان قاشقىردەك زەردىگۆش ئىدى.

— كېلىڭ، سۇلايمان، — دېدى ئابدۇللا بەگ. سۇلايمان

كىچىككىنە سېرىق كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، «كەلدىم» دېگەن-
دەك بېشىنى قىمىرلىتىپ پەگاھدا ئولتۇردى.

— بۇياققا ئۆتۈڭ، — دېدى ئابدۇللا بەگ. سۇلايمان ئۆزىنى
ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، پېشانىسىنى پۇرۇشتۇردى.

— سۇلايمان ئاكا، تەقدىرىمىز شۇنداق ئىكەن، ياقا يۇرتقا
كېلىپ قالدۇق.

— ھە، قانداق قىلاي؟ — دېدى سۇلايمان تامدىن تارىشا
چۈشكەندەك.

— سىز خەزىنىچى ئىدىڭىز، ھېلىقى ئىسمى قۇرىغۇر پارقى-
راقتىن ئانچە - مۇنچە بارمۇ، سۇلايمان ئاكا؟

— خوش، نېمە قىلىسەن؟

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئافغان ئەمىرىنىڭ ئالدىغا قۇرۇق
بارمايلى. ئىككىمىزمۇ بىر ۋاقىتلاردا چوڭ ئەلنىڭ نوپۇزلۇق
ئادەملىرى ئىدۇق. يات ئادەملەر ئالدىدا، ئۆزىڭىز بىلىسىز...

— سەندە ئەمدى قايسى ئەمەل، قانداق سۆلەت قالدى؟ ھېچ
نەرسە يوق، بولسىمۇ بەرمەيمەن!

— بولسا نېمىشقا بەرمەيسىز؟ ئوردا ھەممىمىزگە ئوخشاش
ئەمەسمىدى؟ ئەتىكى تەقدىرىمىزمۇ ئوخشاشقۇ؟ ئويلاپ كۆرۈڭ،
مەن ئۇنى ئۆزۈم ئۈچۈن سوراۋاتمايمەن!

— سەن مەندىن سوراۋەرمە! مېنى ئۇنداق سوراققا تارتما!
ئانىسى بايتال ...

ئابدۇللا بەگ ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالدى. سۇلايمان
بولسا، ھەدەپ ئاغزىغا كەلگەن گەپنى قىلىۋاتاتتى:

— سەن ماڭا بۇنداق قارىما، ئانىسى بايتال. سېنىڭ ئاناڭغا
ئوخشىغانلار سېتىپ، ئەزىمەت كىشىلەر دارغا ئېسىلدى. يەنە
ئەتىكى كۈنىنىڭ غېمىنى يەر ئىمىش، تېخى! ئۇيات ساڭا، ساڭا
ئوخشىغانلارنى يوقىتىپ، ئىشنى باشقىدىن باشلىساق بولاتتى!
مەن ئويلاپ كۆردۈم! ...

ئابدۇللابەگ كۆكىرەپ كەتتى:
— ھوشۇڭنى تاپ، سۇلايمان!...
سۇلايمان پىشنى قىقىپ تۇرۇپ:
— بولدى! ئەمدى سىنىڭ ھۆكۈمۈڭ ماڭا ئۆتمەيدۇ! — دېدى، — تەقدىرىمنى ئويلارئىمىش تېخى؟!
— توختا! — دېدى ئابدۇللا بەگ. سۇلايمان قايرىلىپ، بېلىدىكى بىر ئاتارلىق رۇس تاپانچىسىنى ئېلىپ قارىغا ئېلىۋات-قاندا، ئاقپالۋان قولىغا بىر ئۇردى. «پاڭ» قىلغان ئوق ئابدۇللا بەگنىڭ بېشىدىن ئېشىپ، يىپەك چېدىرنى تېشىپ ئۆتتى. يە-گىتلەر سۇلايماننىڭ قولىنى قايرىشتى.
— قويۇۋېتىڭلار! — دېدى ئابدۇللا بەگ، — ئۇنى قايتىشتا ئەل مۇشۇ يەردىن قوقانغا ئۇلاغ قىلىپ مىنىپ چۇشىمەن!
— شۇ چاغدا كۆرىمىز، — دېدى سۇلايمان ۋە غۇدۇڭشىپ چىقىپ كەتتى...
ئابدۇللابەگ ئاتا مىراسىدىن مەھرۇم قالغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى زادىلا كەچۈرەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، غۇلجىدا ئەسكەر توپلاپ، بولغۇسى جەڭگە پۇختا تەييارلىق كۆردى. باھاردا، گېنېرال سكابېلېف «ئالەيسكىي پاخاد» دەپ ئاتالغان يۈرۈشنى باشلاپ، نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن قىستاپ كەلدى. ئابدۇللابەگ جانغىرىق دېگەن تار، يالغۇز جىلغىنى توسۇدى. ئەپسۇسكى، شۇ يەردىمۇ ساتقۇنلۇق يۈز بەردى. ئىمانقۇل دېگەن بىرى غۇلجىغا ئۆتىدىغان يوشۇرۇن بىر يولنى كۆرسىتىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى ئۇلار-نىڭ ئۇستىدىن ئەچۈشتى. ئابدۇللابەگ جان تىكىپ ئۇرۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىردا قوشۇندىن ئايرىلىپ، تەقدىرنىڭ تە-قەززاسى بىلەن سارىكۆل تاغلىرىنى ئېشىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالغانىدى...
ئافغان ئەمرى كابول شەھىرىنىڭ چېتىدىكى ياسىداق سارايدا ئابدۇللابەگنى قاچقۇن شاھزادە سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋال-

دى. ئۆز نۆۋىتىدە، ئابدۇللابەگمۇ ئافغان خەلقىگە، ئۇنىڭ ھۆر-
مەتلىك ئەمرىگە مىننەتدارچىلىق بىلدۈرۈپ، تەزىم بەجا كەلتۈر-
دى. ئەمىر ئورنىدىن تۇرۇپ، ئابدۇللا بەگ بىلەن ئەھۋال سورا-
شىپ، كۆڭلىنى كۆتۈرگەن بولدى ۋە مەخسۇس قوبۇلخانىغا
باشلىدى. ئوردا ئەمەلدارلىرى ئەمىرنىڭ قاچقۇنغا قىلغان مۇنداق
مېھىر - شەپقىتىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى.

شەرق مەملىكەتلىرىدىكى ئوردا ئادىتىگە ئەمەل قىلغان ئە-
مىر تۈرك تىلىدا نەزم بىلەن سوئال قويدى:

قايسى باغنىڭ گۈلىسەن؟
قايسى بەگنىڭ ئوغلىسەن؟
يول يۈرۈپسەن كېچە - كۈندۈز،
شاھانە تون، تەلپەك قۇندۇز.

ئۆزبېكمۇ سەن، سارتمۇ سەن؟
ئەلنى سۆيگەن مەردمۇ سەن؟
قاياقلاردىن كېلۇرسەن؟
نېمىدەپ جاۋاب بېرۇرسەن؟

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇللابەگ تۆۋەندىكى جاۋابنى ئېيتتى:

سىر دەريانىڭ نەھرىدىن،
مەشھۇر قوقان شەھىرىدىن.
مىنگىنى دۇلدۇل بولۇپ،
تىللىرى بۇلبۇل بولۇپ.

بەگنىڭ ئوغلى، بەگ ئابدۇللا،
قولىدا قىلىچ، باشتا سەللا،

شاھىم ئايان ئۆزىڭىزگە،
پاناھ ئىزدەپ، كەلدۇق سىزگە…

— شاھ ئالىيلىرى، — دېدى ئابدۇللا بەگ ئۆرە تۇرۇپ، — باھادىر ئافغان خەلقىنىڭ سىزدەك دانىشمەن ساھىبىگە ئەرزىمىگەن سوۋغا قىلىپ، ئۆز ئارغىمىقىمنى ئەكەلدىم.

— پاھ! … — دەۋېتىشتى تۇرغانلار.

ئەمىر كىچىك سارغۇچ كۆزلىرىنى سۈزۈپ:

— رەھمەت، ئوغلۇم… رەھمەت، — دەپ سەل بېشىنى ئېگىپ باشقىدىن تەختكە ئولتۇردى، — ھىم، ئولتۇر، ئوغلۇم. مۆھتەرەم دادخاھ ئايىم سالامەتمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، تەقسىر…

— ئەل - يۇرت تىنچمۇ؟ — ئەمىر نېمە دەيدىكىن، دەپ ئۆزىڭغا قارىدى، سەۋەبى، پەرغانە ۋادىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئۆزىڭغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئابدۇللا بەگ بۇنى چۈشىنىپ:

— تىنچلىق بولسا، مۇشۇنداق تەمتىرەپ يۈرەتتۇقمۇ، ھەزرىتى ئالىيلىرى؟!

— ھىم، خەۋىرىمىز بار.

كۆپ ئۆتمەي ھىندى قۇللار ئاستا مېڭىپ داستىخان راسلاشتى. پەتنۇسلاردا نازۇنېمەتلەر، كوزىلاردا شارابلار كەلتۈرۈشتى. بىرنەچچە سازەندە سۈپىدىن ئورۇن ئېلىپ، ساز چېلىشتى. ناخشا ئاھاڭىغا ماسلىشىپ، بەش گۈزەل قىز توزدەك ناز - كەرەشمە بىلەن ئىرغىپ مېڭىپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئەمىر مېھمانلار خۇشال بولسۇن، دەپ شارابتىن قويدۇرۇپ، ۋەزىرلەر بىلەن كۈلكە - چاقچاق قىلىپ ئولتۇردى. ئابدۇللا بەگنىڭ كۆڭلىنى نە ئىلتىپات، نە ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ قاش ئېتىشلىرى ۋە نە شاراب كۆتۈرەلمىدى.

زىياپەت ئاخىرىدا، ئابدۇللابەگ ئەسلىي مەقسىتىگە كۆچۈپ، تەقىپ قىلىنغان تۈرك ئۇرۇقلىرىنى سوراپ سۈرۈشتۈردى. بۇ

ئافغانىستاندىكى تەقىب قىلىنغان تۈرك ئۇرۇقلىرىدىن ئەسكەر تۈزۈش، يەنى ياردەم سوراشنىڭ بىر تۈرى ھېسابلىناتتى. ئەمىر گەپنى دەرھال چۈشەندى. ۋەزىر ۋە سەركەردىلەر لېۋىنى چىشلەپ قېلىشتى. ئەمىر بىر ئىشارەت بىلەن سازچى ۋە ئۇسسۇلچىلارنى چىقىرىۋەتتى.

— تەس... سىزلەرگە تەس بولدى، ئوغلۇم! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە دېرىزە تەرەپكە ماڭدى. قەدىمىي كابول شەھىرىنىڭ بىر قىسمى كۆزنگە تاشلاندى. ئۇ ئابدۇللابەگنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەلدى. ئابدۇللا بەگ ھۆرمەت قىلىپ ئورنىدىن قوزغالدى.

— ئوغلۇم، — دېدى ئەمىر مۇلايىملىق بىلەن، — ناھايىتىمۇ ھېرىپ كېتىپسەن، ئازراق دەم ئېلىپ، مەككە ـ مەدىنىگە بېرىپ، كەئبىنى زىيارەت قىلىپ كەلمەمسەن؟ بۇ بىۋاپا دۇنيانىڭ تەشۋىشى نەگىمۇ قاچاتتى؟ قايتىپ كەلگىنىڭدىن كېيىن سۆزلەشمەيمىزمۇ، ئوغلۇم؟

ھېلىنگەر سەركەردىلەر ئەمىرنىڭ شۇنداق دېيىشىنى ئالدىنئالا سېزىپ ئولتۇرۇشاتتى. سەۋەبى، بېشىدىن بەخت قۇشى ئۇچۇپ كەتكەن خانلار، ئەمىرلەر تەركىدۇنيا بولۇپ، مەككىگە ھەجگە كېتىشى ئادەت تۈسىگە كىرىپ قالغانىدى. ئابدۇللا بەگمۇ بۇنى چۈشىنىپ، رەڭگى بوزدەك ئاقىرىپ، نەقىشدار جۇپ راۋاقتىن كۆز ئۈزەلمەي قالدى.

ئەمىرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چارىسى يوق ئىدى. چۈنكى، ئەنگلىيە ھىندىستاننى بېسىۋېلىپ، شىمالغا قاراپ ھۇجۇمنى كۈچەيتتۈرگەنىدى. ئافغانىستاننىڭ چېگرىغا يېقىن شەھەرلىرىنىڭ بەگلىرىنى ئۆزىگە قارىتىپ، ئەمىرگە قارشى سەپ تۈزۈۋاتاتتى. شۇ كۈنلەرە، روسىيە گېئوگرافىيە جەمئىيىتىنىڭ بىر ئېكسپېدىتسىيىسى ئافغانىستان يەرلىرىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ يۈرۈشەتتى. ئەمىر مەملىكەتنى ئەنگلىيەدىن مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، رۇس شەرقشۇناسلىرىنى دۆلەت ئىچىگە ئەركىن قويۇۋەتتى

ۋە روسىيە بىلەن قانداقتۇر بىر شەرتنامە تۈزۈپ، ئۇنىڭغا تايان-
ماقچى بولۇپ يۈرەتتى.

— ئوغلۇم، مېنىڭچە شۇ يول قۇلايلىقراق، — دېدى ئەمىر سىر بەرمەي. سەركەردىلەر ئۇنى دەرھال قۇۋۋەتلىدى.

— ئوھو! بۇنىڭدىن ياخشى مەسلىھەت بارمۇ؟ يولۇڭ ئېچى-
لىدۇ، باتۇر يىگىت...

— شۇنداق، تەقسىر... ياخشى مەسلىھەت ... تەقسىر، — دېيىشتىن نېرىغا ئۆتەلمىدى ئابدۇللابەگ.

قوبۇل قىلىش مۇراسىمى تۈگىدى. ئەمىر كېتىش ئالدىدا ئارغىماقنى ئابدۇللابەگنىڭ ئالدىغا ئەكەلدۈرۈپ:

— ئۆزۈڭ تەستە مېڭىۋاتقاندا، ئېتىڭنى مەن ئېلىپ قال-
سام، كۆكتە ئۇچقان شۇڭقارنىڭ قانىتىنى كەسكەن بولىمەن.
ئۆزۈڭگە مۇكاپات. مېنىڭ ساڭا مىندۈرگىنىم شۇ بولسۇن! — دېدى.

ئابدۇللابەگنىڭ نە خۇشاللانغانلىقىنى، نە خاپا بولغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ناھايىتى سىپايىلىك بىلەن خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ بەربات بولدى، دەريا قىرغىقىدى-
كى چېدىرغا كېلىپ يەتتە كۈن ياتتى. سەككىزىنچى كۈنى ئورنى-
دىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېنىغا ئىشەنچلىك دوستلىرىدىن ئىككى-
سىنى ئالدى، بەگلىك كىيىمىنى مۇساپىر چاپىنى بىلەن ئالماش-
تۇرۇپ، ئەرەبىستانغا ماڭدى.

ئاقپالۋان ۋە قېرىنىدىشى باتۇربەگ باش بولغان يىگىتلىرى ئۈچ كۈنگىچە بىللە مېڭىپ ئۇزاتتى. ئۈچ كۈنگە قەدەر ئابدۇللا-
بەگ بىرەر ئېغىز سۆزلىمىدى. شۇنداق قىلىپ، يول ئايرىلىشىدى-
كى باراقسان بىر تۈپ دەرەخ ئاستىدا توختاشتى. سېمىز رەك
ئاتتىن بىرنى سويۇپ، غىزالىنىشتى. ئابدۇللابەگ تاماق يېمى-
دى، بىردەمدىن كېيىن كۆزىنى ئېچىپ:

— ھەي، ئاقپالۋان، نەدىسەن؟ — دەپ چاقىردى.

www.uyghurkitap.com

ئاقپالۋان كېلىپ قارىسا، بەگ خۇددى كۆزدىكى يوپۇرماق-تەك سارغىيىپ، ئىككى كۆزى چانىقىغا سىغماي، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەنىدى.

— ئۆز ۋەتىنىمدىن ئايرىلىپ، باشقىلارنىڭ مەككە - مەدىنىسىدە نېمە قىلاتتىم؟ — دېدى ئابدۇللا بەگ. يىگىتلىرى:

— كېتەيلىمۇ؟ — دەپ سۆيۈنۈپ كېتىشتى. ئۇ تىترەپ تۇرۇپ باش چايقىدى:

— سىلەر قايتىڭلار ...

يىگىتلەر جىم بولۇپ قېلىشتى. ئاقپالۋان مېھرىبانلىق بىلەن:

— سىزچۇ، بەگ؟ قايتساق ھەممىمىز قايتايلى ... — دېدى.

— مەن ئۆلىمەن، — دېدى ئابدۇللابەگ پىچىرلاپ.

— ئۆلۈمنىڭ يۈزى قۇرۇسۇن. ئۇنى ئېغىزغا ئالماڭ، — دېدى كىمدۇر بىرى.

ئابدۇللا بەگ ئىككى مۇشتۇمنى بېشىغا تىرەپ:

— ياق ... ياق، مېنىڭ ئۆلگىنىم ئەۋزەل. قايتىپ بارالمايمەن! ... — دېدى.

— ھەي ئاكىجان، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟!

ئابدۇللابەگ ھېچنېمە بولمىغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— باتۇرجان، — دېدى ئەركىلىتىپ، — ئەجەبلىنىدىغان يېرى يوق، بۇ تەقدىرنىڭ ھۆكۈمى. پېشانەمگە يېزىلغىنى شۇ!

باشقىلارنىڭ ھېچنېمىگە ئەقلى يەتمەي، باشلىرى قېتىپ قېلىشتى.

«ياكى مىجەزى يوقمىكىن؟» ئاقپالۋان بىرەر چارە ئىزدەپ نېرى - بېرى يۆرەتتى. ئاخىر ئۇ يېقىن ئارىدىكى قىشلاققا بېرىپ، بېشى بىلەن بىلىگە ئاق ماتا ئورىۋالغان بىر ھىندى تېۋىپنى تېپىپ كەلدى.

ئاقپالۋان ئاتتىن چۈشتى، تېۋىپنى بەگنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. يىغىلىشقا باشلىغان يىگىتلەرنى قولىنى شىلتىپ تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئابدۇللابەگكە ئېگىلىپ:

— بەگ … — دېدى.

ئابدۇللابەگ بېشىنى كۆتۈردى. يېنىدىكى ناتونۇش ئادەمنى كۆرۈپ ئۆزىنى رۇسلىدى. ھىندى ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلەشتۈرۈپ:

— سالام، بەگزادە، — دەپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى مونچاقتەك پارقىرايتتى.

— بۇ تېۋىپ ئىكەن… ، كۆرۈپ باقسۇنچۇ، — دېدى ئاقپالۋان.

ئابدۇللابەگ كۈلدى:

— ھا ـ ھا ـ ھا! تېۋىپ دېگىن. بوپتۇ، كېسىلىمنى تېپىپ باقسۇن، — دەپ قولىنى ئۇزاتتى، — تومۇر تۇتامسەن ياكى پال ئاچامسەن؟

ھىندى ئابدۇللابەگنىڭ ئالىقىنىنى تۇتتى، تومۇرىنى تۇتماي كۆلۈمسىرىدى ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە بىر پەس تىكىلىپ قاراپ، ئاندىن قولىنىڭ ئۈستىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— بەگنىڭ كىرپىكى قېتىپ قاپتۇ. خىيالكەشلىك كېسىلىگە مۇپتىلا بوپتۇ، — دېدى ئاپئاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ.

ئابدۇللابەگ كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ، بېشىنى چايقىدى. تېۋىپ يەنە بىر قېتىم تىكىلىپ:

— ۋايتوۋا! ئوي ـ خىيالنىڭ ئادەمنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى بەگ بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

ئابدۇللابەگ قاھ ـ قاھ ئۇرۇپ بىر كۈلدى ـ دە، چوڭقۇر خورسىندى، سول قولىدىكى گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكنى تېۋىپكە ئۇزاتتى:

— بىلىدىكەنسەن، تېۋىپ! رازى بول!

تېۋىپ ئۆزۈكنى ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدى، راستىنلا كۆ-
ھەر ئىككەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى:

— رەھمەت! رەھمەت! — دەپ ئورنىدىن تۇردى. بىر ئاي- ماڭغاندىن كېيىن، ئارقىسىغا قايرىلىپ، — بەگ خىيال سۈرۈش-تى تاشلىسۇن، كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان نەرسە بولمىسا، ئۆزىنى باشقا نەرسە بىلەن بەزلىسۇن! — دەپ ئىتتىك مېڭىپ كەتتى.

— كۆڭۈل قانداق كۆتۈرۈلسۇن؟ ئىلاج يوققۇ؟ — دېدى ئابدۇللابەگ مۆلدۈرلەپ، — جان قەيەردە چىقسا، تەن شۇ يەردە قالىدۇ. بىر ئىلتىماسىم شۇكى، قېرىنداشلىرىم، قان كېچىش-كەن دوستلىرىم...

ئاقپالۋان ھەيران بولۇپ قالدى. يىگىتلەرنىڭ نەپەسلىرى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

ئابدۇللا بەگ:

— جان ئۆزگىنىمدىن كېيىن، كۆكرىكىمنى خەنجەر بىلەن يېرىپ، يۈرىكىمنى ئېلىڭلار... تېنىمنى مۇشۇ ئەتراپقا كۆمۈپ، يۈرىكىمنى ئاق كىگىزگە ئوراپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى بۇراڭلار. نېسىپ قىلسا، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۆمرى ئۆتكەن يەرگە بارساڭلار... گۈل بىلەن قاپلانغان دۆڭلۈككە دەپنە قىلىڭلار. يۈرىكىم چەت ئەلدە ئەمەس. كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن ئۆزۈمنىڭ مەككە - مەدىنىسىدە ياتسۇن...

باتۇربەگ ھۆكرەپ يىغلىدى، ئابدۇللابەگ ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمىدى.

تۆتىنچى كۈنى، تاڭ ئېتىشقا يېقىن ئابدۇللابەگ بېشىنى ئىككى مۇشتۇمىنىڭ ئارىسىغا ئالغىنىچە دۈم يېتىپ قازا قىلدى. ئاقپالۋان ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئىسسىقى كېتىۋاتقان جەسەتنى ئا-ۋايلاپ، قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، ئوڭدىسىغا ياتقۇزدى، قولىنى رۇسلاپ، ئۈستىگە چەكمەن چاپىنىنى يېپىپ قويدى ۋە ئۆزىنى تۇتالماي:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئاھ، ئىسسىت بەگ… ئاھ! جىگەرىم … — دەپ ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى، — ئاھ، ئەزىمەتتىن ئايرىلدۇق. ئاھ! …

يىگىتلەر ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ھۆركىرەپ يىغلاشتى. باتۇربەگ ئۆكسۈپ - ئۆسۈپ يىغلايتتى. ئاقپالۋان ئەندىكىپ:

— توختاڭلار! … — دېدى ئاۋازى تىترەپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، ئۆزىنى توختىتىپ، — ياقا يۇرتتا ۋارقىراپ ئولتۇرمايلۇق…

ئەتىسى، ئاقپالۋان باشچىلىقىدىكى يىگىتلەر يۇرتنى كۆزلەپ، «ئۆز ۋەتىنىم، ئۆز ئېلىم، نەدە سەن؟» دەپ يولغا چىقىشتى. يىراق يول ئارغىماقنىڭ تۇيىقىنى ئۇپراتتى، يىگىتلەر بارغانسېرى ئاز قالدى. بىرىنىڭ ئېتى ھېرىپ قالسا، يەنە بىرى يول ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي چۈشۈپ قالاتتى. چۆلدە قاراقچىلار ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىلدى. ئوندەك يىگىت قۇربان بولدى. نىھايەت، ئاقپالۋان، باتۇربەگ ۋە يەنە بىر يىگىت ئامۇ دەرياسىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۆرگەنچكە ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلدى.

بىر ئاي دېگەندە، پەرغانە ۋادىسىغا يېتىشتى. تاغ تەرەپكە ئاتنى بۇراپ، خىلۋەت، كۆپكۆك بىر توپ ئارچا تېگىگە ئابدۇللا بەگنىڭ يۈرىكىنى دەپنە قىلىشتى. بىر ئاتنى مەرھۇمنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ سويۇپ، بېشىنى قايناتتى، گۆشىنى شىلىپ تاشلاپ، قۇرۇق كاللىنى ئارچىنىڭ ئاچىمىقىغا قىستۇرۇپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىنلا، ھېرىپ - ئاچقان يىگىتلەر ئۆزلىرىنى يەڭگىل ھېس قىلىپ، ئۆز مەنزىلىگە يول ئېلىشتى …

— ئاتلىنىڭلار! ئاتلىنىڭلار! بېشىمىزنى بىرلەشتۈرگەن ئوردا بۇزۇلدى. ئاتلىنىڭلار!

## 2

كۆتۈلمىگەندە، ئابىل تۆرە قىشلاقمۇ قىشلاق جاكارچى ئەۋە-

تىپ، ئاتلارنىڭ قۇيرۇقىنى قانغا بويىتىپ، خەلقنى ئاياغقا تۇر-
غۇزدى:

— يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقا قەدەر كىشىلەر ئاتلىنىپ، قىزلار چاچلىرىنى تۈرمەكلەپ، يىگىتلەر بىلەن بىللە قولىغا قورال ئالسۇن! خالايىق ئاتلىنىڭلار!

ئابىل تۆرىنىڭ شۇ تەرىقىدە، ئوردىدىن كېلىۋاتقان خەۋەرنى كۆپتۈرۈپ، ئاۋۇل ۋە قىشلاقلارنىڭ ئاھالىسىنى ياكى ئاتلاندۇرماي، ياكى تىنچ قويماي پات - پات قالايمىقان قىلىشى ھەممە كىشىنىڭ جېنىغا تەگدى. خەلق بايلىق دېسە ئۆزىنى تامدىن تاشلايدىغان ئابىل تۆرە توغرىسىدا تۈرلۈك مۇلاھىزىلەرنى قىلاتتى. بەلكى تۆرە ھەقلىقتۇر؟ ياكى شۇ يول بىلەن بىرەر نەپ ئالماقچىدۇر؟

ئىسھاقنىڭ دارغا ئېسىلىشى بېكنەزەرگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ بارلىق ئىشەنچ ۋە ئۈمىدى بىكارغا كەتتى، ئۆزى يالغۇز نېمە قىلىش مۇمكىن؟ قېرىنداش - ئۇرۇق، دەپ نېمە ئابرۇي تاپتى؟ جەڭگى - جېدەل ئەلنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدىمۇ؟ ياق! بېكنەزەر تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئارغىماق بىلەن قىلىچتىن ۋاز كەچتى، بەش ۋاخلىق نامىزىنى ئوقۇپ، تەڭرىبەردى بىلەن گۆلكېشىگە ئوخشاش، ئەستايىدىل تىرىكچىلىك غېمىگە چۈشتى.

— ھەي، خەلقنىڭ تەقدىرى قىل تارازىغا چۈشتى. باش ئايلىنىپ، كۆز تىنىدىغان داۋانغا كەلدى. ئەمدى بۇنىڭغا كىم چارە تاپىدۇ؟ — دېدى بىر كۈنى تەڭرىبەردى.

بېكنەزەر پېتىۋاتقان قۇياشقا، لالە رەڭ ئۇپۇققا ئويچان قاراپ، قەدىمكى بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەردى:

— بۇرۇنقى زاماندا ئەجا دېگەن قەھرلىك بىر ئۇرۇق باشلىقى بولغانىكەن. ئۇ: «قۇياش چىققان يەردىن تاكى پاتقان يەرگىچە يۈرۈش قىلىمىز. يولدا بېشىمىزغا بالا بولماسلىقى ئۈچۈن،

ئاتمىشتىن ئاشقان قېرىلار قالمىسۇن!» دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. بۇيرۇق تولۇق ئىجرا قىلىنىپتۇ. شۇ چاغدا، بىر يىگىت دادىسىنىڭ يەكتىكىگە ئوغلاقنىڭ قېنىنى سۈركەپ ئەجاغا كۆرسىتىپ قۇتۇلۇپتۇ. سەپەر تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن، كاناي ـ سۇنايلار بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ۋاقىتتىكى يۈرۈشكە ئائىلە ئەزالىرى قاتنىشىدىكەن. بايىقى دادىسىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان يىگىت بوۋايىنى ساندۇققا سېلىپ، تۆگىگە ئارتىپ، كۆپچىلىك قاتارىدا مېڭىپتۇ.

قوشۇن يول يۈرسىمۇ، مول يۈرۈپ، بىر كۈنى چوڭ چۆلگە دۇچ كېلىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن قىرىلىشقا باشلاپتۇ. ئەجا سۇ تېپىڭلار، دەپ بۇيرۇق بېرىپتۇ. ئادەملەر ئۇ يەرنى كولاپ، بۇ يەرنى كولاپ، بىر تېمىممۇ سۇ تاپالماپتۇ. شۇ چاغدا، كىمدۇر بىرى: «ھەي، ئەتتەڭ، ئارىمىزدا بىرەرى قېرى كىشى بولغان بولسا، بىزگە سۇ تېپىش يولىنى ئېيتاتتى» دەپتۇ. يىگىتنىڭ يادىغا دادىسى چۈشۈپ، كېچىدە ساندۇقنى ئېچىپ، بولغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىپتۇ، دادىسى: «ئاپلا، لەنتىيەي. سىيىر بارمۇ؟ سىيىر بولسا، ئۇنى نېرى ـ بېرى قوغلاپ راسا ئۇسسات، كېيىن بىر پەس ئۆز ھالىغا قويۇپ، قاراپ تۇر. چاڭقىغان سىيىر سۇ ئىزدەپ كېتىدۇ. سىيىر قەيەرگە بېرىپ، بېشىنى ئېگىپ، يەرنى تېپچەكلىسە، ئوغلۇم، ئاشۇ يەرنى كولا، سۇ چىقىدۇ...» دەپتۇ. يىگىت دادىسىنىڭ ئېيتقىنى قىلىپ، ئادەملەرنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ.

قوشۇن ئۇسسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇپ، ئۇزاق يول يۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار ئىككى دەريانىڭ قوشۇلغان يېرىدە دەم ئېلىشىپتۇ. جەڭچىلەردىن بىرى چۆمۈلگىلى بېرىپ، دەريا تۇتاشقان يەردە، سۇ ئاستىدا گۆھەر كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ خەۋەر ئاچ كۆز ئەجانىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇ ئەسكەرلىرىنى گۆھەرنى ئاچىقىش ئۈچۈن چۈشۈرۈپتۇ. لېكىن بىرىنى سۇ ئاققۇزۇپ كەت-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سە، بىرى گۆھەرنى تاپالماي، ئاران قايتىپ چىقىپتۇ. ئەجا كۆرۈنۈپ تۇرغان گۆھەرنى تاپالمامسەن، دەپ قايتىپ چىققانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋېرىپتۇ. يەنە ھېلىقى يىگىت كېچىدە، ساندۇقنى ئېچىپ، بولغان ۋەقەنى دادىسىغا ئېيتىپتۇ. «ئاپلا، لەنتىيەي، — دەپتۇ دادىسى، — ئاشۇ سۇ بويىدا بىرەر تال دەرەخ بولۇشى كېرەك. سەن، ئوغلۇم، دەرەخنىڭ بېشىغا قارا، گۆھەر سۇ ئاستىدا ئەمەس، ئاشۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە بولۇشى كېرەك!» ئەتىسى، يىگىت سۇ بويىغا بارسا، يوغان چىنار بار ئىكەن. سۇغا قارىسا، گۆھەر يىراقلار ئىمىش. ئۈستىگە قارىسا، چىنار شېخىدا قۇشنىڭ كونا ئۇۋىسى بار ئىمىش، دەرھال چىنارغا چىقىپ، ئۇنىڭدىن گۆھەرنى ئاپتۇ. ئاشۇ گۆھەرنىڭ ئەكسى سۇغا چۈشۈپ تۇرغانىكەن. يىگىت گۆھەرنى ئەجاغا بېرىپ، نۇرغۇن جەڭچىلەرنى ئۇنىڭ غەزىپىدىن ساقلاپ قاپتۇ.

ئەجا ئەتىسى جەڭچىنى چاقىرتىپ سوراپتۇ: «ئىككى قېتىمقى مۇشكۇلنى سەن ئاسان قىلدىڭ، شۇنچە ئەقىلنى سەن نەدىن ئالغانسەن؟» دەپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت: «بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز ئېيتىپ بېرىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەجا رازى بوپتۇ. يىگىت: «ئەقىلنى ساندۇقتا يوشۇرغانمەن» دېگەنىكەن، نۆكەرلىرى بېرىپ ئېچىپ كۆرۈشسە، ساندۇقتا ئاپئاق ساقاللىق نۇرانە بوۋاي ئولتۇرغانمىش. ئەجانىڭ ئالدىغا يېتەكلەپ كېلىشىپتۇ. ئەجا ئاتا ـ بالىنىڭ قېنىدىن كېچىپتۇ ۋە بوۋايغا: «ئىككى ئەقىللىق گەپ ئېيتتىڭ، ئەمدى ئۈچىنچى ئەقىللىق گەپنىمۇ ئېيتىسەن» دەپتۇ. بوۋاي: «ئۇلۇغ ئەجا، قۇلاق سال، ئۆزۈڭدە ئەقىل بولمىسا ياكى يېنىڭدا بىرەر ئەقىللىق، كۆپنى كۆرگەن ئادەم بولمىسا، سەپەرگە چىقما. ئىشىڭ ئوڭدىن كەلمەي، ئادەملىرىڭ قىرىلىپ، ئاخىردا ئۆزۈڭگە قىيىن بولىدۇ» دېگەنىكەن. ئەجا كۆپ ئويلىنىپ ئاقساقالغا باش ئېگىپ: «قېرى بىلگەننى، پەرى بىلمەس» دەپ قوشۇننى باشلاپ، ئۆز يۇرتىغا

قايتقانىكەن.

— ھە، ئۇ بۇرۇن ئۆتكەن قېرىلار ـ دە! — دەپ قويدى گۈلكىشى، — ھازىرقى قېرىلارغا يول بولسۇن!...

يېشىل دەريا تەرەپتە بىر ئاتلىق كۆرۈندى. ئۇ تېز كېلىۋاتاتتى. بۇ ئابىلنىڭ جارچىسى، دەپ ئويلاشتى ئۇلار. ئاتلىق بېكنەزەر تەرەپكە ماڭدى ۋە ئۇدۇل كەلدى ـ دە، ئېتىدىنمۇ چۈشمەي:

— بېكنەزەر ئاكا، تۇمەنسۇدا ئادەملەر توپلىنىۋېتىپتۇ. سىزنى كەلسۇن، دەيدۇ، — دېدى.

— قانداق يىغىن؟ توپنىڭ باشلىقى كىم؟ — دە سورىدى تەگرىبەردى.

— باشلىقى ئابىل تۆرە، بىراق مەسىلە ھەل بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا، خالايىق سىزنى كۈتۈۋاتىدۇ.

بېكنەزەر ئارىسالدى بولۇپ قالدى. بېرىپ نېمە دەيدۇ؟ خوش، قانداق قىلسۇن؟ چاپارمەن ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ يۇرۇپ كەتتى. بېكنەزەر جازا ئەترىتىدىن تارتىپ، تاكى ئابىل تۆرە خەلقىنى ئاۋارە، سەرسان قىلىۋاتقان كۈنگىچە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، يۈرىكى جىغىلداپ ئورنىدىن تۇردى:

— ياق، ياخشى كۈندە باتۇر بولۇپ، يامان كۈندە يېتىۋېلىش ئىنساپتىن ئەمەس؟! باراي...

تۇمەنسۇ ئادەملەر بىلەن لىق تولغانىدى. بىرى ئاتتا، بىرى ئۆكۈزدە، يەنە بىرى ئېشەكتە كېلىپ، جاي ئالماقتا. دېھقان زىرائەت تېرىغان دالىسىنى، چارۋىدار چارۋىسىنى، ئوۋچى قاپقان بىلەن بۆركۈتىنى تاشلاپ، بۇ يەرگە ئالدىرىماقتا. گۈلكىشىنى باشلاپ بېكنەزەرمۇ توپقا يېقىنلاشتى. ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇرغان ئابىل تۆرە ئېتىنى يورغىلىتىپ كېلىپ، گەپ ـ سۆز قىلمايلا بېكنەزەر مىنگەن ئاتنىڭ تىزگىنىگە ئېسىلدى:

www.uyghurkitap.com

— مانا، مانا! ئۆزى كەلدى، بېكنەزەر باتۇر! — دېدى ئۇ خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن.

بېكنەزەر ياكى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشنى، ياكى تىزگىنى-نى تارتىۋېلىشنى بىلمەي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئادەملەر: «ھەي! باتۇر كەلدى!» دەپ قىيا - چىيا كۆتۈرۈپ مېڭىشقا باشلىدى.

بېكنەزەرنىڭ كۆزى بىردىنلا زەمبىل كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان تۆت كىشىگە چۈشتى. «زەمبىلدىكى كىم ئىكەن؟» دې ئۇزاق تىكىلدى. تۆت تەرەپتىن «بېكنەزەر! بېكنەزەر!» دېگەن ئاۋازلار ياڭراپ تۇراتتى. بېكنەزەر تىزگىننى ئابىل تۆرىنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، زەمبىل ئالدىغا باردى. قارى-سا، ئالمەمبېت! چاچ - ساقىلى قاردەك ئاقارغان مويسىپىت بوۋاي ئادەملەرگە نۇرسىز كۆزلىرىنى تىكىپ، قېرىغان ئارسلان-دەك ئولتۇرۇپتۇ. بېكنەزەر ئاتتىن چۈشۈپ، زەمبىل يېنىغا كېلىپ:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دەپ سالام بەردى. زەمبىلنى كۆتۈرگەن ئالمەمبېتنىڭ نەۋرىلىرى ئىدى. ئۇلار بېكنەزەرنى تونۇپ، زەمبىلنى يەرگە قويدى. بېكنەزەر بوۋاينىڭ قولىدىن تۇتتى.

— كىم بولىسەن؟

— بېكنەزەر ئاكام، — دېدى نەۋرىلىرىدىن بىرى بوۋاينىڭ قۇلىقىغا قاتتىق ئاۋاز بىلەن. ئالمەمبېت:

— ھە، ياخشى! ... بېكنەزەرمۇ سەن؟ ئېتىڭنى ئاڭلاپ يۈرىمەن. ئۇكام، ياخشى كۈن كۆر! — دەپ دۇئا قىلدى. زەمبىل يەنە يەردىن كۆتۈرۈلۈپ، ئەلنى ئارىلاپ كەتتى.

تۇمەنسۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوپپىدەك دۆڭلۈكتىن ئەھلى دانىش ۋە مەسلىھەتچىلەر ئورۇن ئالدى. ئابىل تۆرە كۆپچىلىكنى ئارىلاپ كېلىپ، ئوتتۇرىغا ئولتۇردى. جامائەت جەم ئىدى.

بەزىلەر: «تۆرىنىڭ ھالى خاراب ئوخشايدۇ. ھەتتا بىر پۇتى تۆردە، بىر پۇتى گۆردە تۇرغان ئالمەمبەتنىمۇ ئالدۇرۇپ كەپتۇ» دېيىشەتتى. ھالبۇكى، ئابىل دېگەن بۇ ئادەم تۆرىلىك نامىنى ئالغاندىن كېيىن، ئالمەمبەت ئۇنىڭغا يول بېرىپ، ئۆزى كورپۇلدەكسايدا تىنچ ھايات كەچۈرۈۋاتاتتى. بۈگۈن توساتتىن بۇ يىغىلىشنى ئاڭلاپ، ئەتەي نەۋرىلىرىگە زەمبىلنى كۆتۈرگۈزۈپ كەلگەنىدى. ئابىل تۆرە بولسا، ئەكسىچە ئۇنىڭغا قاراپ قويغىنىمۇ يوق.

— ئاھ، قەدىرلىك يۇرتداشلىرىم، — دەپ سۆز باشلىدى ئابىل تۆرە، ھەممە جىم بولدى، — يۇرتىمىز بېشىغا ئېغىر قايغۇ چۈشتى. بالا ئاتىسىز ياشىمىغاندەك، بىزنىڭمۇ ئوردىسىز تىرىكچىلىك قىلىشىمىز تەس. ئاشۇ بىزنىڭ يۆلەنگەن تېغىمىز، ئىشەنگەن بېغىمىز ئوردا خەۋپ - خەتەر ئىچىدە قالدى، — ئۇ ئىچى تىت - تىت بولۇپ ئولتۇرغان بېكنەزەرگە قاراپ قويدى، — توغرا، ئەمرىمىز نامەردلىك قىلىپ، خەلقنى كۆپ تەشۋىشكە سالدى. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن. بۇنى ئۇنتۇپ، تەقدىرىمىز قىل ئۈستىدە تۇرغان مۇشۇ كۈنلەردە، سىز، قاراكۆز، شېرىن سۆز ھەمقىشلاق، ئاۋۇلداش ئاكا - ئۇكىلار، ياردەم بېرىشىڭلار لازىم!

— ياردەمگە نەدىكى كۈچ؟ — دېدى كىمدۇر بىرى.

— كۈچ دەمسەن؟ كۈچ مەن بىلەن سەن. قالغىنى مانا مۇشۇ ئولتۇرغان خالايىق. ھەممىمىز بىر ياقىدىن باش چىقارساق بولغىنى!

كىمدۇر بىرى تۆرىنىڭ سۆزىگە لوقما سالدى:

— خۇدا ئۇرۇپ، خان ئەۋلادىنىڭ سېپىغان پېشىنى يەنە سۆيىمىزمۇ؟ ئوردا دەپ يۈرۈپ…

— كۆرىمىز، — دەپ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ئابىل تۆرە، — خان ئەۋلادى ئىمىش، خان ئەۋلادى يەرگە كىرسۇن! ئوردا باشقى-

دىن تىكلەنسە، قالغىنىنى ئۆزىمىز بىلىمىز!

— تۆرە، — دېدى بېكنەزەر، — چىرىگەن ئوردىنى يەنە تىكلىمەكچىمۇسىز؟ ئاۋارە بولماڭ، خۇدا ساقلىسۇن! گېپىڭىز يەنە شۇ كونا گەپ. «بىرلىك»، «ھەمكارلىق» دەپ خەلقنى سۇدىن ئېلىپ، ئوتقا سېلىپ، كۆپ ئاۋارە قىلدۇق، ئوردىڭىز خەلقلەرگە نېمە بەردى؟ خەلقنىڭ كىيىمىنى قانغا بوياپ، نەچچە قېتىم قولىغا تۇتقۇزدى!...

ئابىل تۆرە ۋارقىرىۋەتتى:

— ھاي، ماقۇل، سېنىڭ ئېيتقان سۆزۈڭنى توغرىمۇ دەيلۇق، ئەمما بىر تەرەپتىن، جازا ئەترىتى قىسىپ كېلىۋاتىدۇ. قانداق قىل دەيسەن؟ گېلىمىزنى قويدەك پىچاققا تۇتۇپ بېرىمىزمۇ؟

دەل شۇ مەسىلىدە ھەر ئىككىسىنىڭمۇ توغرا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئابىل تۆرىنىمۇ، بېكنەزەرنىمۇ توپلانغانلار قوۋۋەتلەپ تۇردى. تۆرە جاۋاب كۈتتى. بېكنەزەر نېمە دېيىشىنى بىلمىدى.

— مانا شۇنداق، قاراكۆز يۇرتداشلىرىم، سىلەرگە بىرلا توغرا يولنى كۆرسىتىۋاتىمەن، خالاس. ئەل ئاغىسى بولغان ياخشىلار، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، چارۋىدار، دېھقان، سودىگەر — ھەممىسى بىرلىشىپ، قولىمىزغا قۇرئان تۇتۇپ، قەسەمياد قىلىپ، بىر تۇغ ئاستىغا ئۇيۇشىمىز. بۇ مەسلىھەت ئالىلىقاچان پىشىپ يېتىلگەن. بىز بىرىنچى بولۇپ ئاتلىنىمىز. ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ پات ئارىدا نەمەنگاندىكى رۇس ئەسكەرلىرى بىلەن تۇتۇشىمىز!

ئولتۇرغانلار بېشىنى ئۇيان - بۇيانغا چايقىشىپ، «قانداق كۈنلەرگە قالدۇق؟ رۇسنىڭ زەمبىرىكىگە قامچا تەڭ كېلەلەمتى؟ نەس باستىغۇ؟» دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قادى. باشقا ئىلاجىنىڭ يوقلۇقى ئۇلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى. ھېچكىم قارشى سۆز ئېيتالمىدى. ئابىل تۆرىنىڭ بۇيرۇقى ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتى-

دىغاندەك قىلاتتى.

— كۆرىشىمىز، قىرىلىمىز، خۇدا يار بىزگە! ئۆز ئوردىمىزنى، ئۆز ئابرۇيىمىزنى كۆتۈرىمىز! ئامىن...

ئالمەمبېت ئاڭلىماي قالغان گەپلەرنى نەۋرىسىدىن ئۇقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ گەپ قىلماقچى بولۇپ، ئۆزىنى راسلىدى، ئالمەمبېتنى كۆرۈپ ئابىل تۆرە توختىدى.

يۈز ياشتىن ھالقىغان بوۋاي نارتۆگىدەك بوينىنى سوزۇپ، يۇتقۇندى:

— ھە، ئەھۋالىڭلارنى ئاڭلىدىم، ھەي ... بېشىمىزغا يامان كۈنلەر چۈشۈپ قاپتىغۇ؟ ھەي بېكنەزەر. نەدىسەن؟

بېكنەزەر: «مەن نېمىگە كېرەك بولۇپ قالغاندىمەن؟» دەپ ئالمەمبېت تەرەپكە قاراپ قويىدى.

— ئالمەمبېت ئاكا، بېكنەزەر ماۋۇ يەردە تۇرىدۇ ... — دېدى كىمدۇر بىرى.

— ھىم، مېنىڭ ئىسمىم ئالمەمبېت، قۇزغۇنىڭ يېشىنى ياشىدىم ... — دېدى خورسىنىپ، — بېكنەزەر، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سال.

— قۇلىقىم سىزدە، ئاتاخان.

ھەممەيلەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى.

— بۇ قىزىق ئىكەنغۇ؟ شۇنچە ياشقا كىرىپ، دۇنيادا توقسان ئۇرۇق ئۆزبېكتىن باشقا ئەلنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەنىكەنمەن. سەن ئۇياق - بۇياقتا كۆپ بولغانسەن، ھېلىقى باستۇرۇپ كېلىۋاتقان رۇس دېگەننى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەنمىسەن، بالام؟

بېكنەزەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى، «ئاقساقال بۇنى سوراپ نېمە قىلىدىكىن؟» دېگەن خىيالغا كەلدى. بوۋاي كۆز قىرىنى بېكنەزەردىن پەقەت ئۈزمىدى. ئۇ جاۋاب بەردى:

— كۆرگەنمەن...

www.uyghurkitap.com

— قانداق بولىدۇ؟ — قىزىقتى بوۋاي.

ئابىل تۆرە ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ: «ھەي خۇدا، بەندەڭنى مۇنچىلىك ئالجىتمىغىن!» دەپ مىيىقىدا كۈلدى. بېكنەزەر جاۋاب بەردى:

— بېشى دومىلاق، ئايىغى ئاچا.

— ھە، ھە. گەپلىشەمدۇ؟

— گەپلىشىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا.

— قاپقىنى تورەمدۇ؟

— تورىدۇ...

— كۈلەمدۇ؟

— كۈلىدۇ، ئاتىجان. ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

خالايىق بۇ ئاجايىپ سوئال - جاۋابنى ئاڭلاپ، قىتىپ - قىتىپ كۈلۈشەتتى. كۆپچىلىك بوۋاينىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالماي ئالدىغا ئىنتىلىشتى.

ئالمەببېت:

— بېكنەزەر، ئالجىغان بوۋاڭنىڭ سورىغان سوئالىغا ئېرىنمەي جاۋاب بەرگىن، رۇس تاماق يەمدىكەن؟

بېكنەزەر كۈلۈمسىرەپ:

— نېمىشقا يېمەيدۇ؟ — دېدى.

ئالمەببېت تەرلەپ كەتتى. نەۋرىسى ياغلىق بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىنى ئېرتاتتى.

— ئەنە خالاس، — دەپ ئۆزىچە ھەيران بولدى ئالمەببېت، — بۇ رۇسنىڭ دومىلاق بېشى بولسا، گەپ قىلسا، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم ئىكەن - دە! قاپقىنى تورسە — قەھرلىك، كۈلسە — رەھىمدىل ئىكەن. تىرىكچىلىك قىلسا، ئۇمۇ ئالدايدىكەن، ئالدىنىدىكەن. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى. ئۆزىمىزدەك بىر بەندە مۆمىن ئىكەن؟!

ئولتۇرغانلار ئارىسىدا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئاڭلىماي

قالغانلار ئەتراپتىكىلىرىدىن سوراپ بىلىپ زوقلىنىشاتتى. بىر ئەسىر ئۆمۈر كۆرگەن ئاقساقالنىڭ سۆزىدىن ھېكمەت ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلغان خالايىق يەنە جىم بولدى.

— ھە، شورۇڭ قۇرۇغۇر، قارا كۆز خەلقىم، — دېدى ئالمەمبېت، — قىرىلىشنىڭ كىمگە پايدىسى بار؟! ئوردا دەيسىلەر، ئوردا كىمنىڭ بېشىنى سىلىدى؟ رۇسلار بىزدەك ئادەم ئىكەن، ئادەمزاتنى ياخشى گەپ ئاتتىن چۈشۈرىدۇ. «ياخشى سۆز بىلەن يىلان ئىنىدىن، يامان سۆز بىلەن پىچاق قىنىدىن چىقىدۇ» دەپ بىكار ئېيتىشمىغان. دوستلۇق چاپىنىنى كىيىپ، ئاشۇ رۇسلارنى ھۆرمەت بىلەن يولدا كۈتۈۋالسا، قانداق بولىدۇ؟...

ئادەملەر بوۋاينىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىغان بولسىمۇ، بىراق ھېچكىم بىرنېمە دېمىدى. بۇ بىرەر كىشىنىڭ چۈشىگىمۇ كىرمىگەن خىيال ئىدى.

— ئادەمزات، — دېدى ئالمەمبېت سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىر - بىرى بىلەن سىرداشقاندىن كېيىن دوستلىشىدۇ. رىزىق ئاقار، ئەقىل يوقار، دېگەن گەپ بار، قەدىردانلىرىم، قولۇڭلاردىن كەلسە رۇس بىلەن يېقىنلىشىپ بىرلىشىپ، يارۇ بۇرادەر بولۇپ كېتىمىز.

ھۆرمەتلىك كىشىلەردىن بىرى:

— ھەي خۇدا! مانا بۇ «ئۆزى ئۆزىگە خان» ئەجەب گەپنى ئېيتتى - دە! — دەپ قالدى.

ئابىل تۆرىنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى:

— خەلقىنىڭ تۆرىسى مەن! ھەي ئۆزى ئۆزىگە خان، ساڭا نېمە يېتىشمەيۋاتىدۇ؟ — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

ئولتۇرغانلار ئەمدى ئۇنىڭ سۆزىگە ئېتىبار قىلماي قويدى.

— بۇ باشقا گەپ، بۇنى ئەقىللىق مەسلىھەت دېسە بولىدۇ.

— نېمىشقا كۈتۈۋالمايدىكەنمىز؟ رۇسمۇ بىزگە ئوخشىغان خەلق ئىكەن!

— ھە، ئاشۇ ئورداڭ بېشىڭدىن ئايلانسۇن، قىل تالاق! ئورددىن نېمە ھۇزۇر - ھالاۋەت كۆردۇق! رۇسقا قوشۇلىمىز، دوست بولىمىز!...

ئابىل تۆرە:

— ئالدىراشما! ھەي قۇترىغان خەلق! — دەپ تۇۋلىدى، — ھەي، قۇترىغان خەلق!

ھېچكىمنىڭ ئاڭلىغۇسى كەلمىدى.

تۆرە ناقۇلاي ئەھۋالغا چۈشۈپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئەتراپىغا قارىدى. ئۇنى قوللايدىغان ئادەم يوق. ھازىرلا ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ئادەملەر بىردىن چاپىنىنى تەتۈر كىيىۋالغاچقا، خورلۇقى كېلىپ، قەھرى تۇتۇپ، قىلىچ بىلەن ئۇلارنى بىرچەتتىن قىرىۋەتكۇسى كەلسىمۇ، لېكىن ئاچچىقى يامان، زەبەردەس بېكنەزەرنى كۆرۈپ، زەھرىنى ئىچىگە يۇتتى، ئەزايى - بەدىنىنى تەر باستى.

ئالمەمبېت:

— بېكنەزەر! — دەپ تۇۋلىدى.

— لەببەي، قۇلىقىم سىزدە! — دەپ جاۋاب بەردى باتۇر.

— سەندىن باشقا ئىشەنچلىك ئادەم يوق. قەددىڭنى كۆتۈر، رۇسنى سەن كۇتۇۋالىسەن!

بېكنەزەر بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ، قولىنى سۆيۈپ كۆزىگە سۈرتتى:

— ئاتىجان! باشقا بىرى سايلانسۇن... مەن بۇنداق ئىشلاردىن قول ئۈزگەندىم.

— شۇنداق قىل، بالام، — دېدى بوۋاي ۋە باتۇرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي قالدىمۇ ياكى ئاڭلىغان بولسىمۇ، گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇشنى ئەپ كۆرمىدىمۇ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — رۇس ئوق ئاتسا، بىرىنچى بولۇپ يىقىل. گەپكە كۆنسە، چارىسىنى ئۆزۈڭ قىل. خەلقنىڭ ئىبغىر كۆڭلىدە مەلھەم بول.



www.uyghurkitap.com

ساڭا باشقا يول يوق، چۈنكى، سېنى بىكارغا باتۇر دېيىشمەيدۇ!
قانداق قىلىش كېرەك؟ بېكنەزەر ھەيران بولۇپ قالدى. ئۇ خانىۋەيران بولغان، مادارى كېتىپ، ئازغىنە جېنى قالغان خەلقىنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ يەرگە تىكىلىپ تۇراتتى.
— بوشاشما، باتۇر!
— بۇ ئىشقا سەن يارىمىساڭ، كىم يارايدۇ؟!
— ھە، شۇنداق بولسۇن، بېكنەزەر ئاكا ...
خالايىق بىر ئېغىزدىن قوشۇلۇشتى. توپتىن يىراقتا تۇرغان ئاتلىق يىگىتلەر «بېكنەزەر!» «بېكنەزەر!» دەپ چاقىرىشقا باشلىدى. بۇلار ئابىل تۆرە توپلاۋاتقان قوشۇننىڭ بىر قىسمى ئىدى. بېكنەزەرنىڭ بۇرۇنقى غەيرىتى ئۆرغۇپ، ئالقىش سادالىرى ئۇنىڭغا كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى. ئۇ روھلىنىپ ئورنىدىن قوزغالدى:
— ئاھ، قارا كۆز يۇرتداشلىرىم! — دېدى ئۇ، — بوپتۇ، بار دېسەڭلار بېرىپ، رۇسلارنى كۇتۇۋالاي ... ئەمدى مېنىڭ ئىلتىماسىم شۇكى، توپلانغان يىگىتلەر ئۆز قىشلاقلىرىغا تارقىلىپ، دېھقانمۇ، چارۋىچىمۇ ئۆز ئىشىنى، ئۆز تىرىكچىلىكىنى قىلسۇن...
— بولدى! ... دېگىنىڭ ھېساب، بېكنەزەر باتۇر! — دېدى گۇررىدە خالايىق.
شۇنداق قىلىپ، يۈز ياشلىق ئالمەمبېتنىڭ سۆزى كۆپچىلىككە تازا ياقتى.
ئالمەمبېتنى نەۋرىلىرى زەمبىلگە ئولتۇرغۇزۇپ، يەلكىسىگە ئېلىشتى. ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن گۈلكېشى چىپار ئارغىماقنى بېكنەزەرنىڭ ئالدىغا يېتەكلەپ كەلدى. تۇمەنسۇغا توپلانغان ئادەملەر باھارنىڭ تاشقىن سۈيىدەك كۆۋەجەپ، خۇشال بولۇپ ئۆي - ئۆيلىرىگە تارقىلىشقا باشلىدى.
ئابىل تۆرە ئولتۇرغان جايىدىن تۇرالمىدى، بىرەرىمۇ ئۇنى

بىلله كېتىشكە ئۇندىمىدى. ئۇ تۆپىلىكتە قوزغۇندەك شۇمشىيىپ يالغۇز قالدى ...

## 3

ئىسهاق دارغا ئېسىلغاندىن كېيىن، خۇدايار بىلەن نەسرىدىن ھەرقايىسىسى ئۆزىچە: گېنېرال گوبېرناتور ئەمدى مېنى خان قىلىدۇ، دەپ ئويلىشاتتى، بىر - بىرىدىن قىزغىنىشاتتى. خانلىققا كۆتۈرگەندە كېرەك بولىدىغان ئاق كىگىزنى تۆگىگە ئارتىپ، گېنېرال گوبېرناتورنىڭ ئەتراپىدا خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن ئەگىپ يۈرۈشەتتى. «ۋەدىگە بىنائەن قوقاننىڭ دانىشمەنى مەن بولۇشۇم كېرەك!» دەپ ئابدۇراخمان بىر ياقتىن كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرەتتى. گېنېرال گوبېرناتور بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئانچە بەك ئوچۇق چىراي ئاچماي قويدى. چۈنكى، بۇ چىرىگەن ئوردا يوق قىلىنمىغۇچە، خەلقنىڭ قوزغىلىشى بېسىلمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئېنىق ئىدى. خانلارغا يان بېسىلسا، جەزمەن روسىيىنىڭ يەرلىك خەلق ئالدىدىكى ئىززەت - ئابرۇيى كېتىپ قالاتتى. تەدبىرلىك فان كەيفماننىڭ بۇنىڭغا كۆزى يەتكەنىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، ئەتراپتىكى ئاھالىگە سۆزى ئۆتىدىغان قۇرمانجان دادخاھ ئايىم ئوشقا كېلىپ، گېنېرال سكابېلېۋ بىلەن ئۇچراشتى. ئۆلكىدىكى باشقا شەھەرلەرنىڭمۇ ئاچقۇچى تاپشۇرۇلدى، دېگەن مەنىدە (قىرغىزلارنىڭ يېشى چوڭراق ئاياللىرى قائىدە - يوسۇن بويىچە چاچلىرىنى كۈمۈشتىن، مىستىن زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ئېسىپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە تال ئاچقۇچىنىمۇ قوشۇۋالىدۇ) رۇس گېنېرالىنىڭ ئالدىغا بىر تىزىق ئاچقۇچنى تاشلىدى. ئۇرۇش توختىغانلىقىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە، بېلىدىكى ئالتۇن ساپلىق خەنجەرنى يېشىپ بەردى. مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن



www.uyghurkitap.com

تەدبىرلىك ئايال ئانىلىق خىزمىتىنى ئۆتەپ، ئوردىنىڭ يوقىلى-
شىغا رازىلىق بىلدۈردى. يۇرتنىڭ روسىيە ئىختىيارىيغا ئۆتۈشى-
نى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. خەلقنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تىنچ،
ئىتتىپاق ئۆتۈشىگە كېپىل بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، فان كەيفمان قۇرمانجان دادخاھنىڭ «ئا-
لاي مەلىكىسى» دېگەن قۇرۇق شۆھرىتىنىڭ يېنىغا پولكوۋنىك
دېگەن نامنى قوشۇپ قويدى. نەسىردىننى ئاقسۆڭەكلەر قاتارىغا
ئۆتكۈزدى. ئابدۇراخمانغا بولسا، پولكوۋنىك ئۇنۋانىنى بېرىپ،
ئۇلارنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان بولدى.

شۇنداقتىمۇ «ئانىدىن خان بولۇپ، بەگ بولۇپ تۇغۇلغان-
مەن!» دەيدىغان كىشىلەر يەنىلا تىنچىمىدى. نەسىردىن «ئاق-
سۆڭەك» دېگەنگە رازى بولمىدى. قولىدا بىرەرمۇ ئەسكىرى يوق
ئابدۇراخمان پولكوۋنىكلىق كىيىمىنى كىيىپ يۈرۈشنى ئەپ
كۆرمىدى. ئۇلارغا يەنە خۇدايار باش بولدى، يوشۇرۇنچە ئوردىنى
قايتا تىكلەش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللاندى.

ئەمما، ئۇلارنىڭ ۋىلايەتلەردىكى ئابىل تۆرىگە ئوخشاش ئى-
شەنچلىك كىشىلىرى ھېچ يەردە ئىش چىقىرالمىدى. خەلق ئۆزى
تاللاپ، ئۇرۇش يولىدىن تىنچ ھايات يولىغا ئۆتتى. سىر پاش
بولۇپ قالغاچقا، خۇدايار «جاناب ئالىيلىرى»، نەسىردىن «ئاق-
سۆڭەك»، ئابدۇراخمان «پولكوۋنىك» دېگەن ئۇنۋانلىرىدىن قال-
دۇرۇلۇپ، ئورېنبورگ قەلئەسىگە سۈرگۈن قىلىندى. ئارزۇسى
خەلقنىڭ ئارزۇسىغا تۈپتىن زىت بولغان، ئامىنىڭ قوللاپ -
قۇۋۋەتلىشىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالغان كونا ئوردا غۇلاپ،
ئۇنىڭ قانلىق قىلمىشى سۇندى...

## 4

— رەھمەت، باتۇر، نېمىلا بولمىسۇن تۇغقىنىم ئىكەنسەن.

چاقىرسام گېپىمنى يەردە قويماي كېلىپ، تۇزۇمنى تېتىپ ئۆلتۈرۈپسەن، — دېدى ئابىل تۆرە ئەلەمزادىلىك بىلەن، — ئۆز ۋاقتىدا قاتتىق گەپ قىلىپ، كۆڭلۈڭلارنى چىگىپ قويغان بولسام، ھەممىسىنى ئوردىنىڭ نامىدىن سۆزلەپ، ئوردىنىڭ قامچىسى بىلەن قامچىلىغانمەن! بۇنىڭ بىلەن ماڭا ئەلنىڭ نارازىلىقى، ئاداۋىتى ئاشتى، خالاس! پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ، مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى؟! ئېيتقىنى ئېيتقان، دېگىنى دېگەن! بۇگۈن ساڭا ئىلتىماسىم شۇكى: خەلق ساڭا ئىشىنىپ قالدى، ئامەت سېنىڭكى. مېنىڭ بېشىمدىن بەخت، قولۇمدىن كۈچ كەتتى، كەچۈرۈشنى لايىق كۆرسەڭ، مېنى كەچۈر...

ھېلىقى كۈنى دۆڭدە، ئەل - جامائەتتىن ئايرىلىپ، يېتىم قېلىش ئابىل تۆرىنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەچكىمۇ، ئۆزىنى خېلىلا ئالدۇرۇپ قويغانىدى. قاراقاش ئايىم گويا ھېچ نەرسە بىلمىگەندەك، مېھمانغا: «كېلىڭ، باتۇر يىگىت، قىمىزدىن ئىچىپ ئولتۇرۇڭ...» دەپ نازۇكەرەشمە بىلەن ئىلتىپات كۆرسىتەتتى.

مېھمان ئىككى كىشى ئىدى.

بېكنەزەرنىڭ يول بويىغا كىگىز ئۆي قوندۇرۇپ، ياش - قېرىلارنى توپلاپ، رۇس ئەترىتىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئابىل تۆرە ئۆزىدىن ۋە مىراسىدىن ئەندىشە قىلىپ، يارىشىپ قالساق تېخى ياخشى، يارىشالماي قالساق، خەقنىڭ كۆزىچە باتۇرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ قوياي، دېگەن نىيەتتە، بېكنەزەرنى خوتۇنى ئارقىلىق مېھمانغا چاقىرغانىدى. باتۇرمۇ «كۆپنى كۆرگەن ئادەم بىرەر مەسلىھەتى بولسا كېرەك» دېگەن خىيال بىلەن گۈلكىشىنى ئەكەلگەنىدى.

— مەن ئەمدى سېنىڭ يولۇڭغا توسالغۇ بولمايمەن. بېكنەزەر، ئەمدى خەلقنى ئۆزۈڭ باشقۇر، ھەركىم ئۆز يولى بىلەن ماڭغىنى ياخشى. كېيىنكى ئەۋلاد ياكى مېنىڭكىنى، ياكى سې-

نىڭكىنى توغرا دەر...
— ئابىل ئاغا، بەگ بولۇش مەقسىتىم يوق. گەپ بۇنىڭدا ئەمەسقۇ؟ رۇس كاتتا خەلق ئىكەن، ئاتقان ئوقى يىراققا يېتىدىكەن. مورەسسە - مادارا كېرەك! ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىدۇق، ئەدىلنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى قازاقلارنى، سەرى - ئۆزگەن - چۈي ئەتراپىدىكى قىرغىزلارنى ئۇلار يۇتۇپ كەتكىنى يوققۇ؟ ئەكسىچە، ئۇلار ئىناق - ئېجىل ياشاۋېتىپتۇ. ئۇلارنى قايسىمىز كۇتۇۋالمايلى ئوخشاش.
شۇ پەيت، قاراقاش ئايىم باشقىلارغا سەزدۈرمەي، ئېرىگە يەر ئاستىدىن قاراپ قويدى. ئابىل تۆرىنىڭ خىيالى پەرۋاز قىلاتتى. «بۇ يىگىت بالا ئىكەنغۇ، بۇنچىلىك ئەقىل - پاراسەتنى نەدىن ئالدىكىن؟» دەپ تەن بېرىپ، «بوپتۇ، ئىككىلىمىز كۈتۈۋالايلى» ياكى «بوپتۇ، مەن كۈتۈۋالاي، يېشىم چوڭ» دەۋېتىشكە ئاز قالدى. ياق، مۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. «بۇ كۆنسىمۇ، خەلق كۆنمەيدۇ» دەپ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.
— قوي، بېكنەزەر، — دېدى قېرى تۈلكە، — خالايىق يولنى ساڭا بەرگەنىكەن، ئۆزۈڭ كۈتۈۋال، باتۇر! مېنىڭ ئالدىمدىن ئۆتۈپ قويغىنىڭ ئۇچۇن بېشىم ئاسمانغا يەتتى ...
بېكنەزەر شۇ كۆڭلەردە قىلىۋاتقان ئىشلىرى، تەييارلىقى ھەققىدە سۆزلىدى. ئابىل تۆرە ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى. نىيىتى قارا ئابىل تۆرە خۇددى ئۆمۈچۈكتەك پىتنە - پاساتتىن تور توقۇپ، كۆڭلىدە نېمىنىدۇر كۈتەتتى. «بۇ كۆنسىمۇ، خەلق كۆنمەيدۇ. بېكنەزەر ھايات ئىكەن، ھېچكىم مېنى نەزەر كۆزىگە ئىلمايدۇ» دەپ ئىچى ئاداۋاتاتتى.
تايىنىڭ گۆشى، ھەسەلدەك قىمىز داستىخانغا گۈل بولدى، قاراقاش ئايىم مېھمانلارنى ناھايىتى ياخشى كۈتتى.
گۈلكىشى ئىچ - ئىچىدىن خۇرسەن ئىدى:
— ئەمدى، ئابىل ئاكا، ئۇ تەرىپىنى كۆرەرمىز، — دەپ

ئاغزىنى تولدۇرۇپ سۆزلەپ، ئابىلغا تەقلىد قىلىپ، راھەتلىنىپ ئولتۇراتتى. قاراقاش ئايىم تاماق ھەزىم بولسۇن، دەپ كۆكچاي-دىن بېسىپ - بېسىپ قۇياتتى.

— تۆرە، بىزگە رۇخسەت قىلىڭ، — دېدى بېكنەزەر زىيا-پەت ئۇچۇن قاراقاش ئايىمغا رەھمەت ئېيتىپ. ئۆي ئىگىسىمۇ مېھمانلارغا مىننەتدارچىلىق بىلدۇرۇپ:

— ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلارنى كۆڭلۈڭگە ئالماي كېلىپ، ئاكاڭنىڭ ئۆيىدىن تۇز تەم تېتىغانلىرىڭ ئۇچۇن رەھمەت، ئى-نىم! بۇنى كۆرۈپ دوستلارنىڭ كۆڭلى سۆيۈندى، دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكى كۆيدى. خۇشال بولدۇق! — دەپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىلغۇچتىكى ئاق يۇڭ كەمزۇلنى ئېلىپ، بېكنەزەرنىڭ يەلكى-سىگە ئارتىپ قويدى.

— قۇتلۇق ئۆيدىن قۇرۇق چىقمايدۇ، — دېدى ئابىل تۆرە.

كەمزۇل ئىخلاس بىلەن تىكىلگەنىدى. ئاق بوتىلاق يۇڭىدىن توقۇلغان، ئەستىرى كۆركەم، چاكلىرى سىلىق ئاق كەمزۇل گۈلكىشىنىڭ كۆزىنى ئوينىتىۋەتتى.

— ئاكاڭنىڭ توپلىغان دۇنياسىدىن ئەمەس، بۇنى ئۆزۈم ئېرىنمەي تىككەنمەن، يامان بولسىمۇ ئەسلەپ قويارسەن، ئۇكام، — دېدى قارا قاش ئايىم.

ئادەت شۇنداق بولغاچقا، بېكنەزەر ياق دېيەلمىدى، ناھايىتى كۆپ رەھمەت ئېيتتى. گۈلكىشى كەمزۇلنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ:

— ھا - ھا - ھا! «يامان بولسىمۇ» دەيسىزا!؟ قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن، يەڭگە! — دەپ قويدى.

ئېيتىشقىدۇ، ئابىل تۆرىنىڭ چىرايى ئۆڭدى، ئويغا چۆمدى، يىگىتلەر مېھمانلارنىڭ ئاتلىرىنى تەييارلىسۇن، دەپ قاراقاش ئايىمغا بۇيرۇدى، قاراقاش ئايىم سىرتقا چىقىشى بىلەن، دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مېھمانلار، ئەمدى، — دەپ يېنىدىكى ئۆيدىن كىچىك

تېرە تۇلۇمنى ئاچىقتى، — يادىمدىن چىقىپ قاپتۇ. يامان ئادىتىم بار، مەن قىمىزنى ئالاھىدە ئېچىتتۇرۇپ ئىچىمەن. بەزىدە قىيا-مىدىن سەل ئۆتۈپرەك كەتسىمۇ، ئىچسەم ئۇسسۇزلۇقۇمنى باسى-دۇ.

ئۇ، تولۇمنى شىلىقلىتىپ بىر - ئىككى چايقاپ، زەر رەڭ چىنىگە تولدۇرۇپ قويدى - دە، بېكنەزەرگە ئۇزاتتى، ئۇ دەررۇ ئالدى. ئابىل تۆرە قىمىزدىن گۇلكىشىگىمۇ قويدى.

— ئىچىڭلار، مېھمانلار...

بېكنەزەر قىمىزدىن بىر سۇمۇردىيۇ، نېمىنىدۇر تامشىدى، شۇ زاماتلا بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئابىلغا غەزەپ بىلەن قارىدى. ئابىلنىڭ كۆزى ئالىيىپ، رەڭگى ئاقىرىپ كەتتى. گۇلكىشى چىنىنى ئەمدى ئاغزىغا ئاپىرىۋىدى، بېكنەزەر ئۇنىڭ قولىنى قېقىۋەتتى، قىمىز يەرگە تۆكۈلدى. گۇلكىشى نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. «ئاتلار تەييار» دەپ ئىشىكتىن كىرگەن بىر يىگىت ئىچكىرىدىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئابىل تۆرىگە تەئەججۇپ بىلەن قارىدى.

بېكنەزەر قولىدىكى چىنىنى ئابىلنىڭ يۈزىگە ئېتىپ، گەپ قىلماستىن، ئىشىككە قاراپ ماڭدى. گۇلكىشى ئارقىسىدىن يۈ-گۈرۈپ چىقتى. بېشىدىن قىمىز ئېقىۋاتقان ئابىل قىمىر قىلماي تۇراتتى. ھېلىقى يىگىت مېھمانلار ئارقىسىدىن چىقماقچى بولۇ-ۋىدى:

— چىقما! — دەپ دوق قىلدى ئابىل، تاشقىرىدىن ئالدىراپ قاراقاش ئايىم كىردى.

— نېمە بولدى؟

ئابىل گەپ قىلمىدى.

بېكنەزەر ئاتقا مىنىدى - دە، چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى. گۇلكىشى نېمە بولغىنىنى چۈشەنمەي، ئەيىبنى بېكنەزەرگە قو-يۇپ، ئارقىدىن ئىزمۇ ئىز كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار داۋانغا يەتكەندە، يىراقتىن سالقىن سايلىق، سۈيى كۆپ، يېشىل دەريا كۆزگە تاشلاندى. بېكنەزەر تىزگىنىنى تارتتى. ئۇ ئات ئۈستىدە قەددىنى تىكلىيەلمەي پۈكلىشىپ قالدى. گۈلكىشى دەرھال كېلىپ يۆلىۋالدى. بېكنەزەرنىڭ چىرايى كۆكىرىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. بۇ، ئازاب بەلگىسى ئىدى.

— ھوي، سادىغالڭ كېتەي، بۇ نېمە گەپ؟ — دېدى گۈلكىشى ئەندىشە قىلىپ. بېكنەزەر بېشىنى چايقىدى، ئۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى ئىدى. بوۋاينىڭ كۆڭلىنى ۋەھىمە باستى.

— ئىسسىت! ھەي، ئىسسىت، ئابىل بېشىڭغا چىقىپتۇ، بالام.

بېكنەزەر ئىككى قېتىم ھۆ قىلىپ قان قۇستى. گۈلكىشىنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ كەتتى، بېلىدىكى بەلباغنى يېشىپ، باتۇرنىڭ كۆكرىكىنى، ئاغزىنى ئېرتتى. بېكنەزەر يەنە ھۆ قىلدى، بەدىنى ئۈيۈشتى. بىر چاغلاردا ياغاچنى سىقىپ سۈيىنى چىقارغان پالۋان ئەمدى ئىككى پۈكلىنىپ، ئېگەرگە يېپىشىۋالغانىدى.

— گۈل ئاكا، — دېدى ئۇ ئاران.

— ھە، سادىغالڭ كېتەي، گۈل ئاكالڭ سەندىن ئۆرگۈلسۇن!

— گۈل ئاكا، ئىلتىماسىم شۇ… ئەڭ ئاخىرقى ئىلتىماسىم…

— خوش، سادىغالڭ كېتەي، گۈل ئاكالڭ سەندىن ئايلانسۇن!

— كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بولار ئىش بولدى. كىچىك بالا ئەمەسمىز. زەھەر ئىچتىم… ئىلتىماسىم شۇكى، بۇنى ھېچكىمگە ئېيتماڭ. گۈل ئاكا… چايقىلىپ يۇرۇپ تۆكۈلدۇق، چېچىشىپ يۇرۇپ تۈگىدۇق! مېنىڭدىن بۇرۇنمۇ، مەندىن كېيىنمۇ ئادەم ئۆلىدۇ. يۈرىكىمدە بىرلا ئارمىنىم قالدى. خەلقىنىڭ ئاخىرقى تاپشۇرۇقى ئىدى، رۇسلارنى كۆتەلمەي كېتىدىغان بول

دۇم... ئۆزۈڭلار چىقىپ كۈتۈۋېلىڭلار...
گۈلكىشى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ھۆڭرەپ يىغلايتتى.
بېكىنەزەر تولغىنىپ، كۆزلىرى سوزۇلۇپ ئات ئۈستىدە جان
بەردى...
«نېمە بولدىكىن؟ ئۆلگەندىمۇ، ساق قالغاندىمۇ ...؟!»
ئابىل تاڭ ئاتقۇچە ئاشۇ خىيال بىلەن كۆز يۇممىدى، تاشقى-
رىدىن شىپىرلىغان ئاۋاز كەلسە ياكى ئىت ھاۋشىسا، ئالاقزادە
بولۇپ ئىشىككە قارايتتى، ھېچكىم گەپلەشمەيتتى. قارا قاش
ئايىم گاراڭ ئىدى. ئابىلنىڭ بارغانسېرى قاش - قاپىقىدىن قار
يېغىپ، قۇرۇتۇلغان بېلىقتەك پۈرۈشۈپ ئولتۇراتتى. خوتۇنى
گەپنى نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي، ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇ-
رۇپ:
— دادخاھ، تېۋىپ چاقىرايلىمۇ؟ — دېدى.
ئابىل ياكى ياق، ياكى ماقۇل دېمىدى، ئۇنىڭ مېڭىسىدە
ئاشۇ بىرلا خىيال ئايلىناتتى.
تاشقىرىدا كىمدۇ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ توختىدى. ئابىل
كىمخاب چاپىنىنى يەلكىسىگە تاشلاپ ئورنىدىن تۇردى. قارا قاش
ئايىم ئىشىككە چىقتى. يولغا قويۇلغان قاراۋۇل ئىدى. رەڭگى-
رويى ئۆچكەن ئابىل ئۇنىڭدىن گەپ كۈتۈپ تۇراتتى.
— تۆرە، باتۇر قازا قىپتۇ، — دېدى قاراۋۇل ھولۇقۇپ.
قارا قاش ئايىم داد - پەرياد ئۇرۇپ كەتتى. ئابىل گاھ ئاقىرىپ،
گاھ قىزىرىپ، نېپىز لەۋلىرى تىترەپ قاراۋۇلغا قارىدى:
— نېمىدەپ ئۆلۈپتۇ؟ ھە، بىرەر كەچۈرۈم سوراپتىمۇ؟
— بىلمىدىم، تۆرە، كۆلمازارغا گۆر كولىغىلى كەلگەن
ئادەملەرنى كۆردۈم...
تۆرە ئۆزىگە كەلدى، پېشانىسىدىن تەر چىقتى. ئۇ ئۈنلۈك
ئاۋازدە: «خۇدا رەھمەت قىلسۇن!» دېدى - دە، ئالىقانلىرىنى
يۈزىگە سۈردى. «ھە؟ گۆر كولىغىلى كېلىشكەن بولسا، ماڭا

ئەتـەي خەۋەر قىلىشمىغانىكەن ـ دە؟ مەندىن گۇمانلانغانمى-
كىن؟» دەپ ۋەسۋەسىگە چۈشتى.

— ئەتتەك، باتۇر! شۇنداق پاك، يولۋاستەك پالۋان، يۈز ياشقا كىرگەن بوۋايلاردەك دانىشمەن ئىدى، — دېدى ئابىل قاراۋۇلنىڭ كۆز ئالدىدا ۋە خوتۇنىنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرۇپ خۇشال-لانغانلىقىدىنمۇ ياكى ئېچىنغانلىقىدىنمۇ كۆز يېشى قىلدى، — خۇدا رەھمەت قىلسۇن! جان بار يەردە قازا بار. ھەممىمىز بىر كۈنى ئاشۇ يەرگە بارىمىز!

قارا قاش ئايىم چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ كۆز يېشى قىل-دى.

## 5

پولكوۋنىك ماشىن نەمەنگان شەھىرىدىن چىقىپ، سەفېد بىلال قىشلىقى ئارقىلىق كېلىۋاتاتتى. قۇترىغان ئۈچ يۈز كازاك رۇس ئەترىتى سەفېد بىلالدىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ، بۆزبۇ تېغىنىڭ ئاستى بىلەن نارىن دەرياسى بويىغا چىقتى.

ئۇلار تاغ ئارىلاپ، دۇربۇن بىلەن پات ـ پات ئەتراپنى كۆزىتىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن كېلىشەتتى. ئەترەت بەزەن زى-رائەت تېرىلماي قېپقالغان مەيدانلارغا، تاشلىنىپ قالغان قىشلاق-لارغا دۇچ كېلەتتى.

«قارا قىرغىزلار كۆچمەنچى خەلق، — دەپ تەرجىمان چۈ-شەندۈرۈشكە باشلىدى پولكوۋنىك ماشىنغا، — كۆرمەمسىز، ئۇلار شۇنداق جايلارغا تېرىلغۇ تېرىش، باغ بىنا قىلىش ئورنىغا، يايلاق كۆچۈپ، مال بېقىش بىلەن ئاۋارە بولىدۇ. كۈزدە كۆچۈپ كېلىشىدۇ. شۇ چاغدا، بۇ يەرلەرگە كىگىز ئۆيلەر سىغماي-دۇ.» ماشىن گەپ قىلماستىن، جىلغىلارغا گۇمانسىراپ قارايت-تى. «بەلكىم قېچىپ كېتىشكەندۇر. بۆكتۈرمىدە ياتقان بولسى-

چۇ؟ ! » دەپ ئېتىنى تېز يۈگۈرەتتى.

ئىككى دەريا قوشۇلغان يەرگە كېلىشتى. پولكوۋنىك ماشىن تورۇق قاشقىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ توختىدى. سۇنىڭ بىرى، كۆپكۆك، يەنە بىرى ئاپئاق ئىدى. قىرغاقتا مەجنۇنتال نوتىلىرى بەئەينى قىزچاقلارنىڭ چېچىدەك ئېسىلىپ تۇراتتى. دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى لەرزان شۇۋىرلايتتى. ئەتراپتىن ھەسەلنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ياۋا ئۆرۈكلەر پىشقانىدى، ھېچكىم يوق. ھاۋادا بوز تورغاي ۋىچىرلايتتى. «بېھىش» دېدى ئۆزىچە ماشىن. يۈزبېشى ئۇنىڭ شېرىن خىيالىنى بۆلدى.

— ھەزرەت! مەھەللە كىشىلىرى...

پولكوۋنىك قاپىقىنى تۈردى ۋە قويۇق ياڭاقلىقتىن بىر ئاز ئالدىغا چىقىپ تۇرغان ئوندەك ئادەمنى كۆرۈپ:

— تەييارلىنىڭلار! — دېدى.

ئەترەت بىردەمدىلا سەپكە تىزىلىپ ياڭاقلىقنى ئورىۋېلىش ئۈچۈن ھازىرلاندى. ماشىن تەرجىمان بىلەن بىرگە باردى. ئەتراپ جىمجىت. ئۇرۇشقۇدەك ھالەت سېزىلمىدى.

قورقۇپراق تۇرغان ئون كىشىنىڭ ئىچىدىن سەللە ئورىغان كىمخاب چاپانلىق بىر كىشى ئاتلىقلارنى قارشى ئېلىشقا چىقتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالغانلار ئەگەشتى. بەللىرىگە ئاق بەلباغ باغلىغان ياش يىگىتلەرنىڭ قوللىرى كۆكسىدە ئىدى. كىمخاب چاپانلىق ئادەم پۈكۈلۈپ تەزىم قىلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئادەم ئاتىنىڭ بەختلىك پەرزەنتلىرى!

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. پولكوۋنىك بۇرۇتىنى تولغاپ، كۈلۈپ قويۇپ، باش ئىرغىتتى. ئەپتىدىن قارىغاندا، ئوردىنىڭ قولغا چۈشكەن دانىشمەنلىرىگە ئوخشىغان ھېلىقى ئادەم مۇلايىم ئاۋازدا كۆپ گەپلەرنى قىلدى.

— نېمىگە قاراپ تۇرىمىز؟ بۇلار بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

غىچە، ئۆرۈكنىڭ شېخىغا ئېلىپ قويۇپ كەتمەيسىزمۇ؟! — دېدى يۇزبېشى تاقەتسىزلىنىپ.

— ئۇنىڭغىمۇ ئۇلگۇرىمىز! — دېدى ماشىن.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى:

— مۇشۇ ئەتراپتىكى قارا قىرغىزلارنىڭ بىر تۆرىسى رۇسلار تەرەپدارىمەن، نىيىتىم خالىس ئادەممەن، دەۋاتىدۇ. قەدىرلىك مېھمانلارنىڭ كېلىشىنى ئاڭلاپ، سوۋغا - سالام بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمىز، تۈزىمىزنى ئىتىپ كېتىڭلار، دەپ تەكلىپ قىلدى. بۇنىڭ ئىسمى ئىبن قەرەش ئابىل تۆرە ئىكەن...

— ھە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى پولكوۋنىك.

ئابىلنىڭ كۆزى تەرجىمانغا چۈشتى. تەرجىماننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تونۇشتەك تۇيۇلدى. بۇلار بىلەن مۇناسىۋىتىمنى ئوبدانراق يولغا قويايمىكىن، دەپ ئويلىدى. ئۇنى ئۆزىدىن باشقا كىشىلەرنىڭ تەقدىرى زادىلا قىزىقتۇرمايتتى.

— كېلىڭلار... يۇقىرى ئۆتۈڭلار، — دېدى تۆرە ۋە ئىگىشىپ كېلىپ، ماشىننىڭ ئۆزەڭگىسىنى تاۋاپ قىلدى، — كېلىڭلار! ...

پولكوۋنىك «بۇ نېمىسى» دەپ تەرجىمانغا قارىدى. تەرجىمان «بويسۇنغانلىق بەلگىسى...» دېدى.

— ئۇلۇغلار، ئادەم ئاتىنىڭ ئىقباللىق پەرزەنتلىرى، يولۇڭلاردا خىزىر يولۇققان بەندىلەر. مېنىڭ ئېلىمدە ھەزرىتى ئاق پاشانىڭ ھۆرمىتى ئۇچۇن، گېنېرال گوبېرناتورنىڭ مۆھتەرەم تۆرىسىگە ھېچقانداق يامان نىيىتىمىز يوق. كېلىڭلار ئىززەتلىك مېھمانىمىز بولۇڭلار! ...

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. پولكوۋنىك ئېتىنى نىقتاپ:

— بولىدۇ، گەپلىشىمىز، مېھمان بولىمىز... بۇ قىزىق، — دېدى.

ئابىل ئالدىدا كېتىپ باراتتى. يولدا تۇرغان يىگىتلەرگە:

«بولۇڭلار، داستىخان راسلاڭلار» دەپ تاپشۇردى. ياڭاقلىق ئاستىغا كەلگەندە ئابىل باش ئېگىپ تەزىم قىلدى.

— كېلىڭلار، ئەزىز مېھمانلار. يول ئازابى يامان، ھېرىپ، چاڭقىغانسىلەر، مانا داستىخان، مانا سايە ـ سالقىن جاي، — دەپ خۇشامەت قىلدى.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. ماشىن ئاتتىن چۈشتى. ئابىل مۇھاپىزەتچىدىن بۇرۇنراق بېرىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئالدى.

— ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم ئىكەن، — دېدى پولكوۋنىك.

بۇنى مەككار ئـابىل دەرھـال سەزدى: «ھە، بۇمۇ بەندە ئىكەن. ئىـززەت ـ ھـۆرمـەت خـۇدانىڭ قايسى بـەندىسىگە ياقمايدۇ!؟» دەپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

يىگىتلەر پايپېتەك بولۇپ، داستىخان راسلىدى. گۆشلەرنى لېگەنلەرگە سېلىپ، سالقىندا قويغان تۇلۇملارنى ئەكەلدى. سول-داتلار سەگىدەش ئۇچۇن، سۇغا چۈمۈلۈشۈۋاتاتتى.

پولكوۋنىك ماشىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى بى-لىپ، بىر ئاز ئايلاندى ۋە مۇزدەك سۇدا يۇيۇنۇپ كەلدى. نازۇنې-مەتلەر بىلەن تۆكمە بولۇپ كەتكەن داستىخان ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى.

— قېنى، مېھمانلار... قېنى، داستىخانغا، — دېدى ئابىل سۇلكەت قىلىپ.

پولكوۋنىك نېمىشقىدۇر داستىخانغا ئولتۇرماي، ئابىلغا گۇ-مانسىراپ قارىدى. ئابىل بۇنى تۇيۇپ، داستىخاندىكى گۆش بىلەن قىمىزنى ئاۋۋال ئۆزى يەپ، ئىچىپ بەردى. بۇنى كۆرگەن ئەس-كەرلەر قاقاقلاپ كۈلۈشتى. پولكوۋنىك ماشىن ئابىلنىڭ يەلكى-سىگە قېقىپ:

— ئىسمىڭىزنى نېمە دېدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

ئابىلنىڭ كۆزلىرى ئويناپ، تەرجىمانغا قارىدى:

—ھە، ئۆزىمىزدىن ئىكەنسىزغۇ؟! تۇرقۇڭ رۇس، تىلىڭ

قازاق چېلىش نوغايغا ئوخشىشىدىكەن، قېرىندىشىم!

— ئۆزۈڭنىڭ ئىسمىنى ئېيت! — دېدى تەرجىمان قاپىقىنى سېلىپ، — مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئۆزۈڭ جاۋاب بەر!

ئابىل ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغانلىقىدىن خىجالەت بولۇپ پولكوۋنىكقا قارىدى.

— مېنىڭ ئىسمىم ئابىل... ئابىل تۆرە، — دېدى.

ھەممەيلەن داستىخانغا ئولتۇردى. ماشىن تۆرگە، يۈزبېشى بىلەن تەرجىمان ئوتتۇرىغا ئولتۇردى. ئۇلارغا ئابىلنىڭ ئۆزى ساھىبخانىلىق قىلدى.

ئۇلار پېشىنغىچە ئولتۇردى. ھەرخىل گەپ - سۆزلەر بولدى. ئىككى تەرەپ خېلى ئەپلىشىپ قالدى. پولكوۋنىك سومكىدىن ھاراق ئالدۇرۇپ، يۈز گرامدىن قۇيدى.

— نو، قەدىرلىك تۆرە، — دېدى ماشىن ھاراقنى ئۆزىتىپ، — ئەمدى سىز بىز بىلەن ئىچىسىز.

تەرجىمان كۈلۈپ تۇرۇپ تەرجىمە قىلدى. ئابىل سۈپسۈزۈك سۈيۈقلۇقنى كۆرۈپ تەرجىمانغا قارىدى. تەرجىمان:

— سىلەر بۇنى ھاراق دەيسىلەر، — دېدى.

ئابىل ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ: «ھەي خۇدا، ئەمدى قانداق قىلىمەن؟» دەپ گاڭگىراپ قالدى.

— ئۇلۇغ ھەزرەت، — دېدى ئۇ تەمتىرەپ، — بىزنىڭ خۇدا ھاراق ئىچىشكە رۇخسەت بەرمەيدۇ، گۇناھ بولىدۇ. كەچۈرىسىز...

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. پولكوۋنىك بۇرۇتىنىڭ بىر تەرىپىنى ئۇچۇرۇپ، كۆك كۆزلىرىنى تىكىپ:

— بىزنىڭ خۇدامۇ سىلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشقا رۇخسەت بەرگەن ئەمەس. لېكىن مانا بىز ئولتۇردۇققۇ؟! — دېدى.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. ئابىلنىڭ قولتۇقىدىن تاۋۇزى

چۈشۈپ: «ھەي خۇدا، ئۆزۈڭ كەچۈرگىن. پادىشاھىڭ كاپىر بولسىمۇ ئەمرىنى تۇت، دەپ ئۆلىمالار بىكار ئېيتمىغان!» دەپ پىيالىنى قولىغا ئالدى ـ دە، بىر تامشىتىپ، غۇرت قىلىپ ئىچىۋەتتى. ئولتۇرغانلار زوقلىنىپ كۈلۈشتى.

— ھە، ياخشى بولدى! — دېدى پولكوۋنىك ۋە ھاراقنى سەسكەنمەي، مەززە قىلىپ ئىچتى.

سولداتلار بولسا، قىمىزنى ھۇزۇر قىلىپ ئىچىشىۋاتاتتى. ئابىل بۇنىڭغا راستتىنلا ھەيران قالدى.

— ھەي، مۇسۇلمان نوغاي، — دېدى ئابىل، — بۇلارمۇ قىمىزنى بىلىدىكەن ـ دە!

— كۆنۈپ قالدى، پۈتۈن قازاق دالىسىنى ئارىلاپ يۈرۈپ كۆنمەمدۇ؟ — دەپ چۈشەندۈردى ھاراقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن تەرجىمان، — تۇرمۇش ھەممىگە كۆندۈرىدۇ!

ئېرىراقتا، سولداتلار قىرغىز يىگىتلەر بىلەن ئۆزلىرىچە تىل تېپىپ، گۇدۇڭلىشىۋاتاتتى.

پولكوۋنىك ھاراقتىن كەيپى سەل كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارلىقىنى، رۇس ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۇنداق ـ مۇنداق گەپلەرگە قۇلاق سالماي، ئۆز گېپىنى يورغىلاتقىلى تۇردى.

شۇ پەيتتە، ئۇدۇلدىكى ئېدىردىن قۇلمازار تەرەپكە قاراپ بىر توپ ئادەملەر يوپۇرۇلۇپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ماشىن ئۇلارغا يۈزلەندى. تەرجىمانمۇ قولىنى سايىۋەن قىلىپ شۇ تەرەپكە قاردى.

— ھېچ گەپ يوق، — دېدى ئابىل رەڭگە تاتىرىپ، — بۇ ئادەملەر قەبرىستانلىققا مېيىت قويغىلى كېتىۋاتىدۇ. ئۇلۇغ ھەزرەت ئامەتلىك ئىكەن، بىر ياۋۇز دۈشمىنىڭلار بار ئىدى. بۈگۈن كېچە قان قۇسۇپ ئۆلۈپتۇ. شۇنى كۆمگىلى كېتىۋاتىدۇ. ئەنسىرىمەڭلار، ھازىر بۇ خەلقنىڭ تەقدىرى سىلەرنىڭ قولۇڭلاردا...

www.uyghurkitap.com

تەرجىمان چۈشەندۈردى، پولكوۋنىك كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ، دۈربۈن بىلەن ئۇلارنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى.

ئەڭ ئالدىدا تۆت پالۋان يىگىت تاۋۇت كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. مەرھۇمنىڭ ئېتى بېشىدىن تۇيىقىغىچە يوپۇق بىلەن ئورالغانىدى. جامائەت تاۋۇتنى تالىشىپ، قولمۇقول كۆتۈرۈپ، قەبرىستانلىققا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى.

ئۇلار قەبرە بېشىغا يېتىپ كەلگەندە، گۆركارلار تاۋۇتنى يىگىتلەرنىڭ يەلكىسىدىن ئېلىپ يەرگە قويدى...

پولكوۋنىك ماشىن بۇ ئىشلارغا يەنە بىر قېتىم قاردى ـ دە، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— نو، رەھمەت، تۆرە! — دېدى.

مېھماننىڭ كەتمەكچى بولغانلىقىنى تەرجىمانسىزلا چۈشەنگەن ئابىل تۆرە:

— ھەي، قارا چال، — دەپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

قارا چالمۇ خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، كۈمۈش لېگەندىكى پىشۇرۇلغان غازنى ئەكەلدى. ماشىن غازدىن كۆرە، بەستىلىك، پالۋان قامەت قارا چالغا قىزىقىپ قاراپ قويدى.

— غازنى يەپ يولغا چىقىڭلار، بۇلارنىڭ قۇش گۆشىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، جاناب، بىز غاز باقمايمىز، بۇنى ئالاھىدە شەھەردىن ئەكەلدۇق، — دېدى ئابىل.

تەرجىمان تەرجىمە قىلدى. پولكوۋنىك ماشىن:

— ھەي، بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، دوستلىرىم! — دېدى ۋە بۇنى قەيىرىمىزگە يەيمىز، دېگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

ئابىل بولسا:

— ياق··· ئېلىڭ، ھەزرەت، ئېلىڭ، — دەپ پولكوۋنىكنىڭ كۆڭلى تارتمايۋاتقانلىقىغا قارىماي قىستاشقا باشلىدى، — ئاغىنە، سەن ئېيتقىنا، ھېچبولمىسا بىرئاز تېتىپ كۆرسۇن:

تەرجىمان چۈشەندۈردى.

پولكوۋنىك ساھىبخانىنىڭ ئىخلاسىدىن خۇشال بولۇپ، كۇمۇش لېگەننى ئالدىغا تارتتى، لېكىن غازنىڭ قورسىقىنىڭ يىپ بىلەن تىكىپ قويۇلغانلىقى كۆرۈپ، سەسكەنگەندەك بېشىنى چايقىدى. شۇنداقتىمۇ، نائىلاج غازنىڭ بىر پۇتىدىن ئاستا تارتىۋىدى، ھىل - ھىل پىشقان گۆش تىتىلىپ غازنىڭ قورسىقىدىن مايغا ئارىلاشقان تىللالار دومىلاپ چۇشۇشكە باشلىدى.

پولكوۋنىك ھەيران بولۇپ، ئابىلغا قارىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى. ئابىل بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ قويدى. تەرجىمان ئۆزىنى كۆرمىگەنگە سالدى. پولكوۋنىك ياكى قولىنى سۇرتۇپ ئورنىدىن تۇرۇشنى، ياكى ئىچىگە ئالتۇن تولدۇرۇلغان غازنى نېرى ئىتتىرىۋېتىشنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.

— ياكىشى كىرگىز[①]، — دېدى ئۇ ئاخىر رەھمەت ئېيتقان بولۇپ.

ئابىل تۆرە تەزىم بىلەن:

— بوغۇزلۇق ئات ھارمايدۇ ... — دېدى ۋە غازنى كۇمۇش لېگەن بىلەنلا داستىخانغا ئوراپ، پولكوۋنىكنىڭ خۇرۇم سومكىسىغا سالدى ۋە ئۆزى قولى بىلەن تورۇق قاشقىنىڭ ئېگىرىگە باشلاپ قويدى.

پولكوۋنىك ماشىن ئابىلغا قاراپ:

— ياكىشى كىرگىز، — دېدى ئاران ئۆگىنىۋالغان ھېلىقى گېپىنى قايتا تەكرارلاپ.

ئۇلار يۈرۈپ كەتتى. پولكوۋنىك ئابىل بىلەن چاقچاقلىشىپ، قول سىقىشىپ خەيرلەشتى. ئابىل ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي:

— ھەي ئاغىنە، — دېدى تەرجىمانغا، — ئۆزۈڭ ھەزرەتكە چۈشەندۈرۈپ ئېيتقىن، ماڭا بىرەر نەرسە دەپ گۇۋاھنامە يېزىپ بەرسۇن. ئۆزۈڭ بىلىسەن. بىزنىڭ خەلق جاھىلراق، ھەرخىل

---

① «ياخشى قىرغىز» دېمەكچى.

گەپ چىقىشى مۇمكىن. مەن ئۇلارغا دەلىل سۈپىتىدە بىر نەرسە كۆرسىتەلمىسەم بولمايدۇ. سىلەردىن كېيىن باشقا ھەزرىتىلەرمۇ كېلىپ قالار، ئۇنىڭ قانداق كېلىپ، قانداق كېتىشىنى بىلىپ بولمايدۇ. شۇ چاغدا، ئاشۇ گۇۋاھنامە ماڭا ئەسقېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس...

تەرجىمان يىلاننىڭ يېغىنى يېگەن ھىيلىگەر تۆرىگە قايىل بولۇپ، ئىلتىماسىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. پولكوۋنىك ماشىن يانچۇقىدىن قەغەز ئېلىپ، ئات ئۈستىدىلا يېزىشقا باشلىدى: «بىز تاغ ئارىلاپ كېلىۋېتىپ، قارا قىرغىزلار بىلەن ئۇچراش-تۇق. تۆرە ئىبن قەرەش ئابىل بىزنى ياخشى كۈتۈۋېلىپ، ناھايى-تى دوستانە مۇئامىلىدە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەلنىڭ، ئۇنىڭ تۆرىسىنىڭ رۇس ھۆكۈمىتىگە يامان پىكىردە ئەمەسلىكىگە گۇۋاھ بولۇش بىلەن بىرگە، بىزدىن كېيىن كېلىدىغان ئېكسپې-دىتسىيە ئەزالىرىنىڭ بۇلارغا ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇش زۆرۈر-لۈكىنى ئەسلىتىمىز!» دەپ ئىمزا قويۇپ، خەتنى ئابىلغا ئۇزات-تى. ئابىل ئېگىلىپ تۇرۇپ، خەتنى قوش قوللاپ ئالدى.

ھەربىي قىسىم يۈرۈپ كەتتى. ئابىل رۇس مەمۇرلىرى كەلگەنگە قەدەر، بۇ خەتتىن خۇددى پادىشاھتىن ئالغان يارلىققا ئوخشاش پايدىلاندى. قارا خەلقنى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا ھوقۇق بەرگەن ئاشۇ «تەۋەررۇك» قەغەزنى ئۇزۇنغىچە كۆزىگە سۈرتۈپ، تاۋاپ قىلىپ يۈردى...

**图书在版编目(CIP)数据**

砍断的剑:维吾尔文/(吉尔)卡斯木别克夫著;多力坤,
买合普热提译,一乌鲁木齐:新疆青少年出版社,
(2008.4 重印)
ISBN978-7-5371-0677-1

Ⅰ.砍… Ⅱ.①卡… ②多…Ⅲ.长篇小说一吉尔吉斯斯
坦一现代一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I362.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 005600 号

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

责任编辑：阿布里克木·艾山
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
封面设计：阿力甫·夏

**砍断的剑**（维吾尔文）
卡斯木别克夫 著
多力坤，买合普热提 译

---

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路 29 号 邮编：830012）
E-mail：xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 17.625 印张
2008 年 4 月第 2 版 2016 年 3 月第 4 次印刷

---

ISBN 978-7-5371-0677-1 定价：32.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换